ئه به يدۇللا ئىبراھىم

# تۈندىكى چاقماق




تۈندىكى چاقماق

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى




ISBN7-5371-0288
I.136 باھاسى 3.10 يۈەن

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# تۈندىكى چاقماق

تەھرىرى: قاھار جېلىل
مەسئۇل تەھرىرى: غوجاخۇن خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئالتە ـ يەتتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر قىشلىقى بىر كېچىدىلا تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا قار ياغدى. قار ــ ئۇ قىشتىن بۇ قىشقىچە كەمدىن كەم قار چۈشىدىغان يۇرتىمىزنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ئاز ئۇچرايدىغان كۆڭۈللۈك بىر نەمەك ھېسابلىناتتى. خېلى بۇرۇن تەييارلاپ قويغان قىسماقنى قارلىرى ئۇدۇللۇق ئېرىپ تۇرىدىغان كۆللۈكلەرگە كۆمۈپ قويۇپ، تامنىڭ ياكى قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا مارىلاپ ئولتۇرۇش، ئۈچۈپ كەلگەن ۋە كەتكەن، كۆللۈككە چۈشكەن ۋە يەمچۈككە يېقىنلاشقان ئاق قۇشقاچلارنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ كۆزىتىش نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە؟

مېنىڭ قىسمىقىم يوق ئىدى. باشلانغۇچ كوپىراتسىيىنىڭ داغدۇغىلىرى بىلەن بېشىنى ئالالمايۋاتقان دادامنىڭ ماڭا قىسماق ياساپ بەرگىلى چولىسى تەگمەيتتى. بىلەتتىمكى، ئاداشلىرىمنىڭ قىسماقلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاقساقال بوۋىلىرى ئېيدىتلاپ تەييارلاپ بېرەتتى. ھەتتا قىسماقنى قانداق نىقابلاش، يەمچۈكنى قانچىلىك چىقىرىش، سەگەك ئاق قۇشقاچنى قانداق ئالداش ھۈنەرلىرىدە نەۋرىلىرىگە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلاتتى. مەن ئەقىللىق، مېھرىبان بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ،

تۇتۇۋالغان قۇشقاچلىرىنى يېڭىدىن سولاپ شوخلۇق قىلىدىغان ئاداشلىرىمنى تولىمۇ بەختلىك دەپ ھېسابلايتتىم، ئۇلارغا كۆزلىرىمنى مۆلدۈرلىتىپ ھەۋەس قىلىشتىن ئۆزگە ھېچبىر ئاما-لىم يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئۆيگە سالپايغان ھالدا قايتىپ كىرىپ، كۆلۈڭگا پۇتۇمنى تىقىپ ئوت سىنىغاچ، دادام ئىبراھىمئاخۇندىن سورىدىم:

— دادا، مېنىڭ نېمىشقا بوۋام يوق؟

دادام بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەردى:

— بوۋاڭ قازا قىلىپ كەتكەن ئوغلۇم، شۇڭا سېنىڭ بو-ۋاڭ يوق.

— ئۇ قاچان قازا قىلغان، دادا؟

— قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن.

— نېمە بولۇپ قازا قىلغان؟

— ئابلىزقارىنىڭ كۆلى بېشىدىكى جەڭدە قازا قىلغان، ئۇ چاغدا مەن 14 ياشتا ئىدىم...

دادام غېرىبسىنىپ قالغىنىمنى تۇيغان چېغى، شۇ ئاخشىمىلا باشماللتاق تومۇقىدىكى بىر تال ئانار شېخىنى قوقاسقا پۇچىلاپ ئېگىپ، قوشنىمىزدىن ئېككى غېرىچ زەي تىلەپ قىسماق ياساپ بەردى. مېنى قىزىقتۇرغان قار ئەتىسىلا ئېرىپ كەتكەن بولسى-مۇ، لېكىن، بوۋام بولمىسىمۇ، قىسمىقىم بارلىقىنى يەتكۈچە كۆز-كۆز قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈردۈم.

دادام ۋەقەخۇمار، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆيىمىز تۇرۇشلۇق سېرىدىق مەھەللىسى بىلەن بىر چوڭ زاراتگاھلىق ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان توغرىقبېغىل مەھەل-لىسىدىكى كۆل بېشىدا قاچانلاردۇ بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ھەق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىدە خېلى بىرنېمىلەرنى ئېيتىپ بەردى. بىراق، يېقىشىم كىت-
چىك، ئەقلىم كالتە بولغانلىقتىنمۇ، بۇ ۋەقەلەرنى بىر رىۋايەتكە
قىياس قىلىپ، ئاڭلاپلا قويغان بولدۇم.

مەكتەپكە كىردىم، ساۋاتىم چىقىپ، ئەقلىمگە ئانچە-
مۇنچە ئەقىل قوشۇلدى. قىشنىڭ ئۇزۇن ئاخشاملىرى دادام قۇر-
داشلىرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، سۆھ-
بەت قۇرغاندا قۇلاق موللىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنى
تىڭشىدىم، دەرسلىكلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە ئائىلىۋى مۇھىتنىڭ
تەسىرىدە قولۇمغا چۈشكەنلىكى كىتابنى ئوقۇيدىغان بولدۇم، دا-
دامنىڭ سۆھبىتى ۋە ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەن مەھەللە موي-
سىپىتلىرىنىڭ گەپلىرىدىن «ئابلىزقارىنىڭ كۆلى بېشىدىكى
جەڭ» توغرىسىدا يەنە بەزى يېڭى پاراڭلارنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن
«بۇ جەڭ زادى قانداق جەڭدۇ، كىملەر بىلەن كىملەر جەڭ
قىلغاندۇ» دېگەن سوئاللار بىئىختىيار كاللامغا كىرىپ
كەلدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا قايتقاندىن
كېيىن ماڭا دېھقانلار بىلەن ۋاسىتىسىز ۋە كەڭ ئۇچرىشىش
ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئەمگەك ئارىلىقلىرىدا، دەم ئېلىش كۈن-
لىرىدە دەپتەر-قەلىمىنى كۆتۈرۈۋېلىپ شۇ چاغلاردا ھايات
ياشاۋاتقان «تىرىك تارىخ»لاردىن ھېلىقى «جەڭ» ھەققىدە
سۈرۈشتۈرۈشكە كىرىشتىم، ھېلىمۇ سىيدە ۋە بېھى دەرەخلىرى
بىلەن قورشىلىپ تۇرغان «ئابلىزقارىنىڭ كۆلى» بېشىغا بېرىپ،
خارابە ئىزلىرىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلدىم، تارىخنىڭ يوقال-
غان سەھىپىلىرىنى ئاقتۇردۇم.

بىراق، ئۇ چاغلاردا «ئابلىزقارىنىڭ كۆلى» بېشى ئۆز
قىياپىتىنى تامامەن ئۆزگەرتكەن، كۆل بېشىدا يېڭى ھۆكۈمەت

ئىشخانىلىرى پەيدا بولغان، پەقەت ئۆتمۈشتىن دېرەك بەرگۈچى يوغان كۆللا ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى.

بىلگەن ۋە ئىگىلىگەن تەپسىلاتلىرىم شۇنى چۈشەندۈرەتتىكى، ئۇ يەردە بولغان جەڭ — ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تۇپرىقىنى، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان جەسۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كۈرەش مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىمۇ، مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقىمۇ شان-شۆھرەتلەر ئاتا قىلغان بىر شانلىق سەھىپە ئىدى.

1977-يىلى يازدا، خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان ئۈرۈمچىدىن يۇرتۇم چىرىيىگە كاماندىروپكىغا باردىم ۋە مەرھۇم دادام بىلەن بىللە يۈرۈپ، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەي دېگەن تارىخنى يېڭىباشتىن يادلاپ، خاتىرەمگە ئۇلتۇرغۇزدۇم، قىسقىغىنا بىر ئاي ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ داشۆدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆگەنگەن، توپلىغان، رەتلىگەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا ئىسپاتلاش خاراكتېرلىك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. چىرىيىنىڭ شۇ تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى مەمۇرىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان ماشىتابلىق رەڭلىك خەرىتىدىن ئۈچىنى ئىشلەپ چىقتىم، شۇ يىلىلا تۇنجى ئەمگىكىم — كىنو سىنارىيىسى «يىپەك ۋادىسىدا كارۋان» يېزىلىپ چىقتى. بۇ سىنارىيە تارىخقا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنىڭ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يولسىز تەلەپلىرى ۋە مېنىڭ بۇ تەلەپنى رەت قىلىشىم ئارقىسىدا ئېكرانغا چىقىرىلىشتىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىنارىيىنىڭ يېزىلىشى ماڭا ئەڭ مۇھىم بەدىئىي مەشىق بولۇپ قالدى. ۋەقە ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن، ۋەقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىشتىن ئەسلا توخـ
تاپ قالمىدىم.

«چىرىيە ۋەقەسى» دېيىلگەن بۇ ۋەقە يېرىم ئەسىردىن
بۇيان دەرۋەقە، نۇرغۇن رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي تارىخىي
ئەسەرلەردە تولا قەيت قىلىندى. چەت ئەل تارىخچىلىرىمۇ بىلـ
گەنلىرىنى يازدى، مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرىمۇ بۇ ۋەتەنپەرۋەر-
لىك كۆرىشىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.

لېكىن، كۆپىنچە تارىخچىلارنىڭ، شۇنداقلا بەزى نوپۇز -
لۇق كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ «باش قەھرىمانى» توغرىسـ
دىكى مەلۇماتلىرى مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. بەزىلەر
ھەتتا ئاغدۇرمىچى كۈچلەر بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ
بارغان سۇپۇرگەئاخۇننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. تىز
پۈكمەس يەرلىك خەلقنىڭ تارىخىي رولىنى زۆرۈرىي ئەھمىيىتىـ
دىن مەھرۇم قىلدى، ۋەتەننىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىنىڭ پۈ-
تۈنلۈكىنى قوغداش تۆھپىسىنى (باشقا بەزى تارىخىي ۋەقەلەر-
نىڭ تۆھپىسىنى قوشۇن تارتىپ كەلگەن ئىككى - ئۈچ ھەربىي
سەركەردىگە ۋە باشقىلارغا مەنسۇپ قىلىۋەتكەندەك) چىڭ سۇ-
لالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ خوتەندىكى قالدۇق قىسىملىرىغا تېڭىشـ
لىك نىسبەتسىدىن نەچچە باراۋەر ئارتۇق مۇبالىغە بىلەن قو -
شۇپ تەقدىم قىلىۋەتتى.

بىراق، يېزىدۋاتقىنىم بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن،
بۇ ئەسەردە «چىرىيە ۋەقەسى»نى ئۆز رېتى، ئۆز ئەينى بىلەن
بايان قىلىپ، تارىخنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان ھېلىقىدەك
كىشىلەر بىلەن زاكۇنلاشماقچى ئەمەسمەن. مۇددىئانى پەقەت
تارىخىي رېئاللىق سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان ياخشى - يامان
قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىختىيارىغا ۋە ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىزنىڭ
تەپەككۇرىغا تاپشۇرىمەن. مۇبادا تارىخىي چىنلىققا ئارتۇقچە

ئەھمىيەت بىرىپ، ئەسەر بەدىئىيلىكىگە سەل قارىغان ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان مەقسەتتىن تاشقىرى نۇقسانلىرىم سىزىلسە، كىتابخانلىرىم تۈزىتىش كۆزى بىلەن قاراپ، ئەيۋ خىسلەتلىرى بىلەن پېقىرنى رازى قىلار دىگەن ئۈمىدتىمەن.

— ئاپتوردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم نىقابلىق مېھمان

1. سىرلىق «تاۋاپچى» ........ 3
2. «تاۋاپچى» كەلگەن يول بىلەن ........ 14
3. ئاچلار ۋە توقلار ئارىسىدا ........ 24
4. ساھىبخانىنىڭ ھوزۇرىدا ........ 40
5. باش ئاغرىقى ........ 47
6. ھاجىمنىڭ سېخىيلىقى ........ 56
7. تۇسما بېشىدىكى جېدەل ........ 67
8. خاسىيەتلىك يامغۇر ........ 81
9. يۇرت قازىسى ھۆكۈم قىلىدۇ ........ 90
10. بازار بېگى — نادىرخان ........ 107
11. تېرەكلىك ھويلا ........ 124
12. خالىس زاراخەتمە ........ 140
13. «كويئوغول» بىلەن سۆھبەتلەر ........ 158
14. كۆز كەلدى ........ 167

## ئىككىنچى بۆلۈم يوشۇرۇن قىلتاق

15. قورقۇنچلۇق چاغلار ........ 187
16. «چېبرىك كەلدى» ........ 201
17. غەلىتە باشپاناھلىق ........ 217

18. ساداققا چۆشكەن ئوق ........ 236
19. سۆرۆك مەزگىلىدىكى سورۇقچىلىق ........ 243
20. تور يېيىلماقتا ........ 257
21. «دۆلەت قۇشمۇ ياكى قۇزغۇنمۇ» ........ 273
22. «قارچىغا» ھەققىدە پاراڭ ........ 288
23. «چەككە چىكىلدىماڭ» ........ 305
24. كېيىنكى ۋەقەلەر ........ 330
25. كارۋان قايتىپ كەلدى ........ 357


## ئۈچىنچى بۆلۈم غەزەپ تاشقىنى


26. قانلىق پەيشەنبە ........ 387
27. تۆلكە يولۋاسنىڭ پېيىدا ........ 408
28. چۆلدىكى تۇغراق ........ 421
29. ۋەھىمىلىك بىر پاي ئوق ........ 441
30. سەكرات پەيتىدىكى پەم ........ 461
31. قەسەمخور يەنە قەسەم قىلماقتا ........ 481
32. قان ياشلىق شىكايەت ........ 497
33. قەپەستىكى مەھبۇس ........ 514
34. «يۇرت بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ» ........ 532
35. ئەلچىگە «ئۆلۈم» ........ 547
36. غەزەپ يالقۇنى ........ 564
37. «ئاھ خۇدا، بىزنى نېمىدەپ...» ........ 585

خاتىمە ........ 608

# نىقابلىق مېھمان

ئۇ ھىيلە-مىكىر تەدبىرگە قەدەم قويۇپ،
مەككارلىق تورزاقلىرىنى يېيىپ، يالغانچىلىق
ئورۇق دانلىرىنى چېچىپ... مۇراد-مەقسەت
گۈلىنىڭ تەسەۋۋۇر چېھرىسىنى كۆردى، شۇئان
بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، نۇسرەت قىياپەتلىك
قوشۇنلىرىغا نەزەر سالدى-دە: «راست-
لىنىپ تەييار بولۇڭلار، مازارى شەرى-
رىپ زىيارەتگە بارىمىز!» دەپ
ئالىي پەرمان قىلدى...

مولla مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 1. سىرلىق «تاۋاپچى»

مىلادى 1911 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ باشلىرى، تەكلىماكان دەشتىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكى ئارىسىغا يېيىلغان چىرىيە بوستانلىقى ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر، مۇسىبەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى جىمى نەرسىنى «لاپ» قىلىپ ئوت ئالدۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قىزدۇرۇپ تۇرغان قۇياشنىڭ رەھىمسىز تەپتى تىنىمسىز غۇرقىراپ تۇرىدىغان شامالغا قوشۇلۇپ، تاغ تەرەپكە كېچە - كۈندۈز ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، يىگىرمە نەچچە مىڭ چاكىقاق ئادەم تۆت كۆزى بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان دەريادا كۆز يېشىچىلىكمۇ سۇ كۆرۈنمەيتتى. يىراقتا، ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا بېشىغا قېتىق تۆكۈۋېتىلگەندەك ئاقىرىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەنى تاماشا قىلىۋاتقان تاش يۈرەك، مۇز تەلەت ئادەمدەك، مەمەدانە قىياپەتتە گىدىيىگەنىدى. ئاخىرقى نەپەسلىرىنى تۇپلاپ، نالە-پەرياد ئىچىدە دۇئا - تەلەپ قىلىۋاتقان تەشنالارنىڭ يىلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىمۇ ياكى تەڭرىگە، ياكى تەبىئەتكە زىنھار تەسىر قىلالمايتتى. مەشھۇر يادىچىلارنىڭ يادا تاشلىرىنى① كۆز يېشى

① يادىچىلار ۋە يادا تېشى — كارامەت كۆرسىتىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىك تېشى ئەل ئىچىدە «يادىچى» ۋە «يادا تېشى» دېيىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ قەدىمىي كارامىتى خوتەن تاغلىقلىرى ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:
«... ياپەسىنىڭ ئەۋلادى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئەمما سۇ بار يەردە ئوت

بىلەن نەھلەپ تۇرۇپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى، كارامەتچىلەرنىڭ كارامەتلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى.

سۇ... سۇ... سۇ...

باش ئەتىيازدا بىر ئاش پىشىم پۇرسەتتە تاسادىپىي يېغىپ ئۆتكەن قارا يامغۇرنىڭ شەپقەتى بىلەن كۆكلىۋالغان زىرا-ئەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يەر بېتىگە باغرىنى يېيىقىپ، چوغ ئۈستىگە تاشلانغاندەك تولغىناتتى. زىمىستان قىشنىڭ سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، باش باھاردىلا بىخ يېرىپ چىققان، ئەمدىلىكتە بولسا ئوتقاش بىلەن كۆيدۈرگەندەك قۇرۇۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى سەكراتقا چۈشكەن چالدەك شىۋىرلايتتى. ياز كىرگەندىن بېرى سۇ دىدارىنى كۆرمىگەن ئېرىق ئىچى قۇلاقتا ئاڭلانغۇدەك شىتىرلاپ يېرىلاتتى. تەكلىماكان بويلاپ قۇتراپ تۇرىدىغان سېرىق بورانغا قوشۇلۇپ كۆك قەھرىگە ئۆرلىگەن قۇم دانىچىلىرى يۇرت ئاسمىنىغا كېلىپلا توختاپ قالاتتى-دە، خالىغان چېغىدا يەر يۈزىگە تاشلىنىپ، يېشىل

---

يوق، ئوت بار يەردە سۇ يوق، تەڭلىكتە قالدى. بۇ ئەھۋالنى ئاتىلىرى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئەرز قىلدى. نوھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. ئىلتىجاسى ئىجابەت بولۇپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن ئىسمى ئەزەم (ئۇلۇغ ئىسىملار) نى ئەۋەتتى. بۇ ئىسمى ئەزەمنى تاشقا ئويۇپ ياپەسكە بەردى. قاچان خالىسا شۇ چاغدا يامغۇر ياغاتتى. بۇ تاشنى ئەرەب تىلىدا ‹مەجرۇل مەتەر› دەيدۇ. تۈرك تىلىدا ‹يادا تېشى› نامى بىلەن مەشھۇر، بۇ تاش ياپەسكە تەۋە زېمىندا كارغا كېلىدۇ. سامغا تەۋە بولغان ئەرەبىستان زېمىندا كارغا كەلمەيدۇ.»

ئەرەب سایاھەتچىسى تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ IX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە قىلغان سەپىرىدە يازغان خاتىرىسىنىڭ 14 - بۆلىكىدە، «بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلىتىدىكى بىر غەلىتە ئىش شۇكى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە يادا تاشلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇ تاشلىرى بىلەن ئۆزلىرى خالىغان چاغدا قار - يامغۇر ياغدۇرار ئىكەنمىش، ھاۋانى سوۋۇتار ئىكەنمىش، بۇنداق تاش توغرىسىدىكى رىۋايەت ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنى ھەممە ئادەم بىلەرئىكەنمىش، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۇنى ھېچكىمۇ ئىنكار قىلماس ئىكەنمىش، بۇ تاشلار پەقەت توققۇز ئوغۇزلار خانىغىلا مەنسۇپ بولۇپ، باشقا خانلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق ئىكەنمىش» دېيىلگەن.

ھاياتلىق جىسمىدىن ئاداققى نەمنى سۈمۈرۈۋېلىشاتتى. كەينت ياقىسىدا ئۇ يەر-بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان دۇبۇلغىلارغا ياكى قۇملۇققا چۆككەن تۆگىلەرنىڭ لوكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بارخانلار خۇددى غايىب قول بىلەن پىشاڭ سېلىپ كۆتۈرگەندەك قوزغىلىپ، سىلجىپ تۇراتتى. تەھدىت بىلەن قىستاپ كېلىۋاتقان بۇ سېرىق ئەجدىھا ئېتىزلىقلارنى، دەل-دەرەخلەرنى دەم تارتىپ، ئېكىنزارلىق ئورنىدا يېڭى-يېڭى باياۋاننى پەيدا قىلاتتى.

سۇ... سۇ... سۇ...

زاۋالىغا كۆزى يەتكەن، ئۇششۇك ھەرىسىدەك غالجىرلاشقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى ۋە بەگلەرنىڭ قاقشاتقۇچ ئالۋان-ياساقلىرى ھەممىنى ھالىدىن كەتكۈزگەن، گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىغا ئوخشاپ قالغان يېتىملارنىڭ چىرايىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولغان ئاغرىق-سىلاقنىڭ① ئالاق-

① ئاغرىق-سىلاق — مىلادى 1910-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1911-يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئىلچى، لوپ، كېرىيە ناھىيىلىرىدە تارقالغان دەھشەتلىك چوما كېسىلى. بۇ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئاسارىتى ئايرىم جايلاردا ھەتتا 1912 — 1913-يىلغىچە داۋام قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىدىكى مىڭدىن ئارتۇق چەت ئەل سودىگەرلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ھىندى، ئاۋغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر 510، روسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روسىيە سودىگەرلىرى 704 ئەتراپىدا) بۇ كېسەلنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق قەشقەر دوتەيىدىن جىددىي تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئاخىردا بۇ تەلەپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىنغان، ئۆلكە تەرەپنىڭ ھۆكۈمەتكە يوللىغان مەلۇماتىدا: «ئىلچى ئامبىلى شى ۋېنگاۋ، كېرىيە ئامبىلى پىڭ سىجىن، لوپ ئامبىلى گۇي فېنلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاشۇ ناھىيىلەردىكى پۇقرالاردىن ۋابادا ئۆلگەنلىرى كۆپ بولغاندا بىرنەچچە ئون مىڭ، ئاز بولغاندىمۇ نەچچە مىڭغا يەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى...» دېيىلگەن، تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ھەرىكەتلىنىشكە مەجبۇر بولغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېسەل بىلەن ئۆلمىگەنلەر ئۆلۈپ بولغاندا ئاندىن گاۋجۇنسۇڭ قاتارلىق ئۈچ

زادىچىلىكى تېخى ئۆچمىگەن، قېيىدىن چىقىپ كەتكەن يۈرەكلەر ئىزىغا چۈشمىگەن، جانجىگەر قېرىنداشلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ جۇدالىق دەردىدە دەرمانىدىن كەتكەنلەر ئەمدى تەقدىرنىڭ ئىككىنچى پەشۋاسى ئاستىدا مىجىلىپ، ھايات ـ مامات سىزىقى ئۈستىدە جان تالاشماقتا ئىدى.

يۇرتنىڭ تۇپرىقى ۋە ئاسمىنى تەشنالىقتىن چاك ـ چاك يېرىلغان لەۋلەرگە ئايلىنىپ «سۇ ... سۇ» دەپ مىدىرلايتتى. پۈتكۈل تەبىئەت نامايەندىلىرى قۇرۇپ كەتكەن تىلدەك ساڭگىلىغانىدى.

سۇ نەدە؟ ھاياتلىقنىڭ شەربىتى، ئۆلۈۋاتقان دۇنيانىڭ شىپاسى بولمىش سۇ نەدە؟

«چىرىيلىك بول، چىرىيىدە تۇرما» دېگەن ئاتا ۋەسىيەتلىرىنى قايتىلاپ يادىغا ئېلىشقان بەزى كىشىلەر يالغۇز جېنىنى ئېلىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە پىتىراپ كېتىشتى. ئاتا ـ بوۋىلىرى قەدىمدىن تارتىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، قان ـ تەرلىرى بىلەن بىنا قىلغان بۇ ئەزىز يۇرت مۇستەھكەم رىشتىگە ئايلىنىپ، يەنە نۇرغۇن يۈرەكلەرنى ئۆزىگە باغلاپ قېلىۋەردى. ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرگۈسى كەلمىگەنلەر، قېرىنداشلىرىنىڭ غېرىبانە قەبرىسىنى ئەگىپ يۈرگەنـ

---

تېۋىپنى تۆت ھارۋا كۆمىلاچ دورا بىلەن خوتەنگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ تېۋىپلار ۋە دورىلار ئۈرۈمچىدىن خوتەنگىچە بولغان 60 ئۆتەڭنى بېسىپ، ئۈچ ئايدا ئاران خوتەنگە يېتىپ كەلگەندە كېسەللىك يەرلىك تېۋىپلارنىڭ داۋالىشى ۋە تەبىئىي سەۋەب بىلەن تىزگىنلىنىپ بولغان. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئادەمگەرچىلىكى»نى ئەكەلگەن بۇ ئۈچ تېۋىپ ھەر ئايلىقىغا 80 سەردىن قەشقەر تىزىسى ئېلىپ ئالتە ئاي لاغايلاپ يۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ تىزگىنلەنگەنلىكىنى تۆھپە دەپتىرىگە يېزىپ كېتىپ قېلىشقان.

www.uyghurkitap.com

لەر نېمىدىندۇر ئۈمىدلىنەتتى، گويا ئىمامى جەئفەر تەيرانغا① شاخ يېرىپ تۇرۇپ قىلغان ئەرزلىرى قوبۇل كۆرۈلۈپ، ۋاپاسىز تەبىئەت ۋە توخسۇنى توشقان مۇشتۇمزورلار جازالىنىدىغاندەك ياكى بولمىسا ئىمامى مەھدى ئاخىر زامان② تىرىلىپ قوپۇپ، ئوتلۇق دېمى بىلەن تىكىلىك تاغلىرىنى③ ئېرىتىپ، تەشنالىق ئىسكەنجىسىدە قالغان بۇ زېمىنغا سۇ باشلاپ كېلىدىغاندەك تاتلىق تەمەدە يۈرەتتى...

تۈنۈگۈن گۈگۈم بىلەن تەڭ ھۇۋلاشقا باشلىغان بوران كۈن ئۆرلىشى بىلەن تەكلا پەسكويىغا چۈشۈشكە باشلىدى. بامداتقا ئۈلگۈرگەن ئىككى مېيىتنىڭ نامىزىنى ئۈزىتىپ بولۇپ، مەسچىتتىن كېيىنرەك قايتىشقان جامائەت تاختا كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە، نېرىقى كوچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان سۈپۈرگە ئاخۇن مىراب بېگى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— جامائەت، — دېدى مىراب بېگى نېرىقى مەھەللىدىكى

---

① ئىمامى جەئفەر تەيران — «تەيران» — ئەرەبچىدە «ئۇچقان» دېگەن سۆز بولۇپ، «ئىمامى جەئفەر تەزكىرىسى»دە ئىمامى جەئفەرنى «ئۇچۇپ كەلگەن ئادەم» دەپ كۆرسەتكەن. «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەسەبنامىسى» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە، ئىمامى جەئفەر ھىجرىيىدىن 33 يىل بۇرۇن سۈرىيىنىڭ غەسسا دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شامنىڭ قۇددۇس شەھرىدە ۋاپات بولغان. بەزىلەر ئۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېلىپ، چىرىيىنى ماكان تۇتقان، دەپ، بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىشىدۇ. بۇ مازار چىرىيە ناھىيىسىنىڭ مازار كەنتىدە.

② ئىمامى مەھدى ئاخىر زامان — ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد بىننى ھەسەن ئەسكەرى. مىلادى 875 ـ يىلى باغدادتا دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 892 ـ يىلى ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغان. ئۇ ئاخىرزامان قۇتقۇزغۇچىسى سۈپىتىدە ئەل ئاغزىدا (بولۇپمۇ شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئاغزىدا) مەشھۇردۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ قەبرىسى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسىدا دەپ قارايدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چىرىيە دەرياسىنىڭ بويىدىكى مازارنى نىشان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

③ تىكىلىك تاغلىرى — كۇئېنلۇن تېغىنىڭ چىرىيىگە يېقىن يېرىدىكى بىر ئاساسىي چوققا. دېڭىز يۈزىدىن 5466 مېتىر ئېگىز.

ئۈمىدسىزلىكنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن سۆزىنى يۆتكەپ، — مازار غوجام ئاھمىزغا يەتكەن ئوخشايدۇ، تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈشۈمدە مۇنداق بىر ئىش ئايان بولدى، بىر ئاقساقال كىشى پېقىرغا: «قالماقدۆڭ يېنىدىكى بۇلاقنى قاز، دۆستەك ئال!» دەپلا غايىب بولدى. يەنە بۇلاقتىن سۈزۈك سۇنىڭ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان ئۈنىنىمۇ ئاڭلىدىم!

بۇ خەۋەر جامائەتنى خۇددى قاينامدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت قىرغاققا چىقىپ قالغاندەك ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

— بۇ، ياخشىلىقتىن بېشارەت.

— مازار غوجام ئەھلى مۇسۇلمانلارغا قىلىدىغان ئىلتىپاتىنى ئاۋۋال چۈشىدە ئايان قىلارئىمىش، مىراب بېگىم، ئاللا تائالامۇ «يارىتىشتا مەن ياراتتىم، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن. ئەزرائىلنى كۈتۈپ تۇرماي، قۇربىتىمىزنىڭ يېتىشىچە سەۋەب قىلىپ باقىلى. مازار غوجامنىڭ بېشارىتى بەرھەق!

سەككىز غۇلاچ چوڭقۇرلۇققا قېزىلغان مۇزخانىدىكى مۇزلارمۇ ئېرىپ كېتىۋاتقان ئىسسىقتا تېخىچە قىشلىق چاپان، كونا چورۇق، تېرە تەلپەك كىيىپ يۈرگەن كىشىلەرگە بىردىنلا جان كىرىپ قالغاندەك، توپا باسقان چىرايلىرىدا ئۈمىد نۇرى جىلۋىلەندى.

جامائەتنىڭ مازار غوجامنىڭ «بېشارىتى»نى ھېچ ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئەجەبلەنگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، تۈزلۈق سايغا تۈز كولىغىلى بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان ھەربىر كىشى قالماقدۆڭ يېنىدىكى كىگىز ئورنىچىلىك يەرنىڭ يىل بويى ياشلانغان كۆزدەك نەملىشىپ، لۆمشىپ تۇرىدىغانلىقىنى تالاي قېتىملاپ كۆرۈشكەنىدى.

بۇلاق ۋە دۆستەك ھەققىدىكى ئۈمىدلىك خىيال مىراب بېگىمنىڭ چۈشىدە ئايان بولغان بېشارەتمۇ ياكى ئۇ ئۆز ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيلاپ تاپقان چارىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتكۈل كەنتنى ئارىلاپ چىققان بۇ خەۋەر نۇرغۇن پىدائىيلارنى جەلىپ قىلىپ، چۈشكۈنلۈك تۇمانى بىلەن قاپلانغان كۆڭۈللەردە ئۈمىد شامىنى ياندۇردى. چۈشكە يېقىن ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر توپى سۈپۈرگەئاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا قالماقدۆڭ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

دەريا قىنىنىڭ شەرقىي يامزىلىغا يانداشقان قالماقدۆڭ مەھەللىگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. دەريا بويىغا تاشلاپ قويغان تەلپەكقىلىپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ دۆڭدە تۇرۇپ قارىغاندا، كەنت دەرەخزارلىقلىرىنى خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. دەريا قىنىغا ساڭگىلاپ تۇرغان قىسمى قاتتىق سىيغىز تاشتىن تۈزۈلگەن بۇ «تەلپەك قىلىپى» نىڭ چوققىسىدا گۈللەپ تۇرغان چوڭ بىر توپ يۇلغۇن خۇددى دۇبۇلغىنىڭ پۆپۈكىگە ئوخشايتتى. قايسى زاماندا كولانغانلىقى نامەلۇم بولغان قىزىل توپىلىق ئۇچاقلار، سىرىق توپىسى كەتمىگەن گۈلخان ئىزلىرى دۆڭ باغرىدا ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئىسىلىشىپ كەتكەن مورا ئىزناسى قانداقتۇر بىر رىۋايەتنى ھەققەتكە ئايلاندۇرماقچى بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئادەمدەك تىك تۇراتتى.

چولاق كەتمەنلەرنى، ئۆپراپ بۇقىنىڭ ماڭلىيىدەك بولۇپ قالغان جوتۇلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر ھايال ئۆتمەي بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى. ئۇلار ئەتراپقا تارىلىپ يەر شەكلىنى پىششىق كۆزەتكەندىن كېيىن ئىككى توپقا بۆلۈندى-دە، بىر توپى بۇلاق كۆزىنى ئېچىشقا قالدى. يەنە بىر توپى سۈپۈرگەئاخۇنغا ئەگىشىپ، دەريا قىنىنى بويلاپ سايغا چىقىشتى. ئۇلار ئۆز تەجرىبىسى بويىچە بۇلاق كۆزىدىن ھېچ بولمىغاندا بىر تۈگمەنلىك سۇ چىقىرالىشىغا ئىشەنگەن، بۇلاق ئورنىدىن

كۆلنىغان كىچىككىنە ئۇرەككە يىغىلغان سۈزۈك سۇ بۇ ئىشەنچى
نى ئىسپاتلىغانىدى. بۇلاق سۈيى تاغدىن ساقىپ كېلىپ دۆڭ
يېنىدا بوران ھەيدەپ كەلگەن قۇملارغا سىڭىپ كېتىۋاتقان
سۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ دەرياغا باشلانغان تەقدىردىمۇ،
چاڭقاق ئېتىزلارغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەريا
قىنىغا تولۇپ تۇرغان كۆچمە قۇملار، قىزىپ ئوت بولۇپ
كەتكەن قورام تاشلار، تۇزلۇق چۆكمىلەر تۆت تۈگمەنلىك سۇ
بولسىمۇ سۈمۈرۈپ ئۆلگۈرەتتى. سۇدىن نەپ ئالماق ئۇچۇن،
دەريا قېشىغا يانداپ ئۆستەڭ ئالماي بولمايتتى.
دېھقانلار يۈرەكلىرىدە خۇددى سۇغا قانغان مايسىدەك
كۆكلەۋاتقان ئۈمىدىنى ئۆمرىنىڭ تەگىدىن تولىسنى سۇ بىلەن
ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن، ئەمدىلىكتە 49-50 ياشلارغا تاقاپ قالغان
مىراب بېگىگە باغلاشقانىدى. مىراب بېگى دېھقانلارنى
ئەگەشتۈرۈپ، دەريا قاسنىقىنى بويلاپ كەڭ كەتكەن سايغا
چىقىپ كەلدى - دە، بوي جەھەتتىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان
كىشىلەردىن بەش - ئالتىنى تاللاپ، ھەر 100 قەدەمدە بىردىن
تۇرغۇزدى. تەلپىكىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارنى بىر تۈز سىزىق ئۇس-
تىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سايدا ئوڭدىسىغا يېتىپ جۇپلەنگەن
پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ سول كۆزىنى قىستى. قاتار تۇرغانلارنى
نىرى - بېرى قىلىپ يۈرۈپ ئۆستەڭ ئىزىنى بېكىتتى. ئوڭ
كۆزىنىڭ كۆرۈش سىزىقى بىلەن پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى بىر-
لەشتۈرۈپ، قەيەرنىڭ قانچىلىك كولىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.
كۈن ئېگىلىشى بىلەن تەڭ، غەرب تەرەپتىن ئاسمان -
پەلەك توپا توزىتىپ كەلگەن قويۇن ئۇلارنىڭ ئىشىغا كاشىلا
تۇغدۇردى. بىر ئۇچى سارغىيىپ تۇرغان كۆك قەھرىگە، بىر ئۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىزىپ كەتكەن يەر بېتىگە تۇتاشقان بۇ قۇيۇن غۇررەكتەك① تېز پىرقىرايتتى. يىلتىزى ئۈزۈلگەن قامغاقلار قۇيۇننى دەۋر قىلىپ دومىلايتتى. قۇيۇن مەركىزىگە كىرىپ قالغانلىرى بولسا خۇددى قانات چىقارغاندەك تېزلىك بىلەن ئاسمانغا ئۆرلەيتتى-دە، يۇقىرى بېسىملىق هاۋا ئېقىمىنىڭ زەربىسى بىلەن كۆككۆم-تالقان بولۇپ، يەرگە قار ئۇچقۇنلىرىدەك تاشلىناتتى.

قۇيۇن ئۆتۈپ كەتتى. قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەتكەن تەلپەكنى ئېكىلىۋاتقان ئابدۇللا قولى بىلەن ئىلچى② يولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم چىقىپ كېلىۋاتىدۇ-يا؟ — دېدى.

سوپۇرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى.

دېگەندەك، خېلىدىن بېرى رەۋەندىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن، قۇم كۆمۈپ كېتەي دەپ قالغان كارۋان يولىدا كېلىۋاتقان ئېشەكلىك ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى.

يولۇچى ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ سالپاڭ قۇلاق ئېشىكىنى ھېچ كۈچىمەيلا توختاتتى. بىنەمىلەردە ئۆسكەن چاتقاللاردەك گىجەكلىشىپ كەتكەن چاچ-ساقاللىرى ئارىسىدىن چاڭ باسقان قىزىللىكوس يۈزى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئادەم كەم دېگەندە 54—55 ياشلاردا ئىدى. بېشىدىكى ئۇچلۇق كۇلاھى، ئۇچىسىدىكى قۇراق جەندىسى، ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇرغان كەشى ئۇنى خېلى سېھىرلىك قىلىپ كۆر-

---

① غۇررەك — ياغاچ بىلەن ياسىلىدىغان باللار ئويۇنچۇقى. بىر ياغاچ ئۇستىگە جايلاشتۇرۇلغان، ئوق بىلەن بەنت قىلىنغان يەنە بىر ياغاچ ئۆز ئېنېرتسىيىسى بىلەن تېز پىرقىرايدۇ.

② ئىلچى — خوتەن شەھىرىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى.

سىتەتتى. يوغان بېشى ۋە توكلۇك قېشى بىلەن ئىسبەتلەشتۈرگەندە، چوڭ قاپاقلا ئويۇپ قويغان كىچىككىنە تۆشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرى خۇددى چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈككىياپىلاقىنىڭ كۆزىدەك توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇسۇلمانلار، — يولۇچى ئېشەكتىن چۈشمەيلا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى، — ئىمامى جەئفەر تەيران غوجامنىڭ مازارى مۇشۇ يۇرتتىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئابدۇللا ئالدى بىلەن سالام ياندۇرۇپ، — مازار غوجام مۇشۇ يۇرتتا.

يولۇچىنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس ھاياجان ئەكس ئەتتى. كۆزلىرى بارغانسېرى كىچىكلەپ، نەزەرى بىر نۇقتىغا جەملەندى:

— خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرى، پېقىرنى ئاخىر مازار غوجامنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزىدىغان بولدى. بالىلىرىم، سۈيۈكلار بولسا، بىر ئوتلام ئىچۋالسام، خۇدا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن.


يولۇچىنىڭ كۆزى بېلىگە ئېسىلغان قاپاقلا تىككىلگەنلىكىنى كۆرگەن ئابدۇللا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى شۇ زامانلا بەجا كەلتۈردى.

چاپاق باسقان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان چامبۇل ئېشەككە ۋە قاپاقتىن بۇلدۇقلىتىپ سۇ ئىچىۋاتقان يولۇچىغا ئېچىنغۇسى كەلگەن سۇپۇرگەئاخۇن سورىدى:

— مېھمان، بەك يىراقتىن كەلگەن ئوخشايدىلا، ھېلىمۇ ئۇچالىقنىڭ، تىنالىقنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتىدىغان بۇ دەشتتىن سالامەت ئۆتۈۋاپتىلا.

— بۇ، ئاللانىڭ ئىرادىسى، — دېدى يولۇچى گۆشلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇسۇلمانلار، — يولۇچى ئىشىكىدىن چوشمەي تۇرۇپلا سالام بېرىپ دېدى، — نامى ئۇلۇغ ئىمامى جەفىر تەيران غوجامنىڭ مازارى مۇشۇ يۇرتتىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى ئېرتتۈۋېتىپ، — پېقىر بىر جاھانكەزدى ئادەم، ئاللا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىشقىدا مۇشەققەت داۋىنىدىن ئاتلاپ، رىيازەت دەشتىسىنى كېزىپ يۈرۈۋېتىمەن. مانا ئەمدى ئىمامى جەئفەر تەييران غوجام، ئىمامى جەئفەر سادىق پاشاھىم① بىلەن دىدارلىشىش ئىشقىدا مۇشۇ يۇرت تەرەپكە يول ئالغىنىمدىن بېرى، تۆت كۈن تېنەپ يۈرۈۋېتىمەن. ئاللا ئۆز بەندىسىنى كۆلپەت دەشتىدە مانا مۇشۇنداق سىنايدىكەن، ئاخىر ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ روھى مەدەت قىلىپ قارارگاھىمغا يېقىنلاشتىم.

ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش قاپاقتا چاپلىشىۋالغان پاقىدەك كەڭ ۋە قىسقا بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ بۇرۇتى ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. بېشىغا كەلگەن مالامەت دەستىدىن دىلى ئاللاغا يېقىنلىشىپ، كۆزى يىغىغا ئۆگىنىپ قالغان دەردمەنلەر ئېسىلىۋاتقان ئۆپكىسىنى ئاران تەسلىكتە بېسىپ ساغرىسىغا ئېسىلغان ساپايىنى شىرتىلات-قىنىچە يىراقلىشىۋاتقان ئېشەكنىڭ قارىسىغا قاراپ قېلىشتى.

بۇ ئاداشقان «تاۋاپچى» كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە 10 مىڭ قەدەم، ئوغرىقارىنىشتىن مازار كەنتىگىچە 15 مىڭ قەدەم كېلىدىغان بۇ يۇرتىنىڭ كوچا - كويىلىرى بىلەن بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئۇ، دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە ھېچ تېڭىرقىمايلا كېرەكلىك يولغا بۇرۇلاتتى. ئادەم ئانچە ئاياغ باسمايدىغان بوشلۇقلارغا تاشلانغان تاپلار ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قاغا - قۇزغۇنلارغا، كۈنچىقىش تەرىپى

① ئىمامى جەئفەر سادىق — ئىمام مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى، مىلادى 702 - يىلى مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان، مىلادى 765 - يىلى يەنە مەدىنە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. لېكىن بەزىلەر ئۇنى شىنجاڭدا ۋاپات ئەتكەن دەپ ھېسابلاپ، ھازىرقى نىيە ناھىيىسىدىكى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۇلۇغلايدۇ.

ساپسېرىق قۇملار بىلەن تا ئۆگزىلىرىگىچە تىرىلىپ تۇرغان ۋەيرانە ئۆيلەرگە، چىغرىقى غىچىرلاپ ئايلىنىۋاتقان قۇدۇق بېشىغا ئۇيۇلنىۋېلىپ، مىننەتخور تەقسىماتچى بولۇپ بېرىۋاتقان سۇنى سوغىلىرىغا، قاپاقلىرىغا بىر توگاي ـ بىر توگايدىن قاچىلاۋاتقان ئالامانغا قىزىقىش نەزەرىدە قاراپ قويياتتى.

ئۇ توغرىقېغىل مەھەللىسى بىلەن سېرىق مەھەللىسىگە ئايرىلىدىغان يول ئاغزىغا كەلگەندە، كۆكۈيۈن بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقان ئېشەكنىڭ بېشىنى ئىككىلەنمەيلا توغرىقېغىل يولىغا بۇرىدى. بىر چۆگۈن قايىنىغان پۇرسەتتە ماڭغاندىن كېيىن، بېھى دەرەخلىرى ۋە سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن قور-شالغان ھەشەمەتلىك قەسىرنىڭ ئۆگزىسىدە بىراۋنى تەستەكلە-ۋاتقاندەك شەپە چىقىرىپ لەپىلدەۋاتقان ئاق ئەلەمنى① كۆرگەندە، تۇنجى قېتىم مەسچىدى ھەرەمنىڭ قۇببىسىنى كۆرگەن تاۋاپچىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى. قاڭالتىر بىلەن چەمبەرلەنگەن قارا دەرۋازىنىڭ ئېغىر قاناتلىرى ھاۋا گۈلدۈر-لىگەندەك شەپە چىقىرىپ ئېچىلدى. ئۆزىگە جەننەتتى مەئۋا-نىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەك ھېس قىلغان يولۇچى ئېشىكىنى باغلاشنىمۇ ئۇنتۇدى ـ دە، دەرۋازا ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى.

## 2. «تاۋاپچى» كەلگەن يول بىلەن

«قالماقدۆڭدىكى بۇلاقتىن سۇ چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر خۇددى چاقماق سۈرئىتىدە ئۇچىدىغان قاناتلىق قۇشتەك ئوخ-شاش، پۈتۈن كەنت ئاسمىنىنى كېزىپ چىقتى. دەسلەپتە

① ئاق ئەلەم — ئۆز ۋاقتىدا 100 يامبۇ بايلىققا ئىگە بولغان بايلار بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىش مەقسىتىدە تىكلىگەن ئاق ئەلەم چىقىراتتى.

www.uyghurkitap.com

بىر تۇغمەنلىك دېيىلگەن بۇ ئەمدى كىشىلەر ئاغزىدا تۆت تۇغمەنلىككە، ھەتتا ئالتە تۇغمەنلىككە يەتتى. قىيامەت ۋەھىمىسىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان پۇقرالار ئاشۇ بۇلاق سۈيىدىن قېنىپ ئىچىپ، تەشنا يۈرىكىنى سەگىتكەندەك جانلىنىپ قالدى. ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قالسىلا، مۇشۇ خۇش خەۋەر ئۈستىدە سۆزلىشەتتى، ھەتتا تىلسىزلارمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشاتتى. ئاخىرەتلىكىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويغان قېرىلارمۇ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك جايىنامازدىن چۈشمەي، ساقاللىرى نەملەشكۈچە يىغلاپ، سېخىي ئاللانىڭ بۇ ھىممىتىگە ھەشقاللا ئېيتاتتى. شەربەت تېمىپ تۇرىدىغان شېرىن مېۋىلەرنى بېرىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئەمدى نابۇت بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دېھقانلار قالماقدۆڭ ئۈستىنىڭ پاتراق پۈتۈشىنى زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى.

قالماقدۆڭدىكى بۇلاقتىن سۇ چىقىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى ۋە مىراب بېگى باشلىق بىر توپ پۇقرانىڭ قالماقدۆڭگە ئاتلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يۇرت بېگى① ئابلىزقارىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ،

---

① بەگ — چيەنلۇڭ خانىنىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويغان. لېكىن ئۇيغۇر بەگلەر ۋەكىللىكىدىكى يەرلىك كۈچلەرنىڭ بارغانچە زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن چىڭ ئەمەلدارلىرى — لى سىجىڭ، نايەنچىڭ بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش توغرىسىدا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ھەدەپ مەلۇمات يوللىغان. گۇاڭشۈينىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1880 - يىلى) زو زۇڭتاڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەمۇرىي ئاپپارات تەسىس قىلىشنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن، گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1884 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاكىم بەگلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، مەھكىمە، ناھىيە قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى بەگلەرنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاپ، جەرىمە

ئاخىر بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە قىل چاغلىق زىيان كەلتۈرمەيت
دىغانلىقىنى بىلدى. «قازاندا بولسا، چۆمۈچكە چىقىپتۇ»
دېگەندەك، سۇ تېپىلىپ قالسا، دېھقانلاردىن ئالىدىغان ئالۋان-
ياساقمۇ كەم قالدۇرۇلماي يىغىۋېلىناتتى. تىلخەت ۋە ئېقى
قەغەز، قارىسى سىياھ بىلەن توشۇپ تۇرغان قازناقمۇ نەق
بايلىق بىلەن تولدۇرۇلاتتى. زامان - زامانلاردىن بېرى ئۆز
جەمەتىنىڭ ئىلكىگە توپلانغان يەرلەرمۇ ئاق تاشلىنىپ قالمايت-
تى. توسۇن ئاتتەك، پات - پات مۆكۈپ تۇرىدىغان پۇقرانى
سۇدىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئارغامچا بىلەن ھاكىمدارلىق
قوزۇقىغا باغلاپ تۇرغىلى بولاتتى.

ئۇ بىر - ئىككى مۇلازىمنى قالماقدۆڭگە ئەۋەتىپ
خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان كۈنىلا جىددىي كېڭەش
ئۆتكۈزۈپ، بۇلاق كۆزىنى كولاش ۋە ئۆستەڭ چېپىش ئىشىنى
ئۆز قولىغا ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ، ھۇزۇرىدا ئىككى
كۈن مېھمان بولۇپ كەتكەن قەدىناس بۇرادىرى — «تاۋاپچى»
نىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

بۇ جاكار جۇمە نامىزىدىن كېيىن غوجىدار جاپپار
موللا ئارقىلىق كەنتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە
بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇلدى. قىيامەت نەغمىسىنى چې-
لىپ ئۇۋىسىدىن چىققان جەددالدەك پىتىراشقان يۈزبېشى،
ئونبېشىلار ئۆرە تۇرالايدىغان چوڭلارنىڭ، كەتمەن تۇتا-
لايدىغان كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاشارغا ھەيدەشكە باشلىدى.
ياشاش ئۈمىدىنى قالماقدۆڭگە باغلىغان پۇقرالار ئۆزلىرى
كۆنۈپ كەتكەن تىل - ئاھانەتلەرنى كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەت-

---

قالپاقلىرىنى ۋە تەمىناتىنى قىسمەن ساقلاپ قالغان. بىراق «ھەرقايسى كەنتلەر
ۋە چەت - ياقا، يىراق رايونلاردا بولسا، ئىلگىرىكى بار بەگلەر ۋاقىتىنچە قىسقار-
تىلمىغان، كەم بولسا تولۇقلانمىغان.

مەي ھاشارچىلار قاتارىغا قوشۇلۇشتى.

بىراق، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمىغاندەك، ئاغرىق-سىلاق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن دەرمانىدىن كېتىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان ھاشارچىلار پاتلا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. ئوتتەك قىزىتىۋاتقان قۇياش جەزىرىدە خۇددى چۆمۈلىدەك مىدىرلاۋاتقان يالىڭاچ كىشىلەرنى ئۆز تەپتى بىلەن قىينايتتى. تىلىم-تىلىم بولۇپ كەتكەن تاپانلار زىختەك قىزىق ئۇچلۇق تاشلار ئۈستىدە چېكىم-چېكىم قان داغلىرىنى قالدۇراتتى. مۇستەھكەم ئۇيۇل تاش ئۈستىدىن قاڭقىغان جوتۇ، پەيلىرى بۆرتۈپ چىققان بۇلجۇڭ گۆشلەرنى سىقىرىتىپ، ئۆگىلەرنى ئاجرىتاتتى. كەنتتىن سوغا بىلەن كۈنىگە ئۈچ قېتىم كەلتۈرۈلىدىغان قۇدۇق سۈيى ئادەم بېشىغا بىر جامدىنلا تارقىتىلاتتى. نامازخانلار پەقەت تويا تەرەت بىلەنلا پەرھىزنى ئادا قىلىشاتتى. داش قازاندىن تېگىدىغان بىر چۆمۈچ ئۇماچ موزايلىق كالىغا بېرىلىدىغان ئاداپتەك سۇيۇق ئىدى. تەلەتىدىن تەرسالىق يېغىپ تۇرىدىغان خاتىپ بەگزادە ۋە ئۇنىڭ ئىككى-ئۈچ يىگىتى قوپۇرۇلۇۋاتقان قاشتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئۈچ تەرىپى توسۇلغان سايىۋەن كەپىدە راھەتلىنىپ راخاپ ئىچكەچ، ھاشارچىلار ئۈستىدىن نازارەت قىلاتتى. خاتىپنىڭ كۆز ئىشارىسىنى قەغەزگە پۈتكەن پەرماندەك چۈشىنىدىغان يىگىتلەر پات-پاتلا كەپىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى-دە، «ئىش بېشىدا سۇسلۇق قىلدىڭ» دەپ كىملەرنىدۇ تىللاپ كېتەتتى.

ھەي، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ — دەپ ئويلايتتى پېژغىرىم ئاپئاپتا ھاشارچىلار بىلەن جوتۇ چېپىۋاتقان مىراب بېگى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — گەپنى مەن چىقارمىغان بولسام، بۇ بىچارىلەر مۇشۇنداق كۈنگە قالار-

مىدى ـ ھە!

بىراق، ھېچكىم بۇ ئاقىۋەتلەر توپەيلى ئۆزىدىن ئاغرىنىمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىدى. دەسلەپىدە ئۇ، بۇ ئىشقا پەقەت ئەل ـ يۇرت غېمى بىلەنلا تەۋەككۇل قىلدى. ھەممە مەئىشەتلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ئابلىزقارىنىڭ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان يۇقىرىلارنىڭ ئاھۇ زارى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. بۇ ئىشقا بەل باغلىغاندا، باغدا شاپتۇل پىشقاندا ئوغرىنىڭ تاغدىن چۈشىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟

سوپۇرگەئاخۇن بولجۇق گۈشلىرى بۇقىنىڭ گەدىنىدەك تۈرۈلگەن قوللىرى بىلەن جوتۇنى شۇنچىلىك غەزەپ بىلەن چاپماقتا ئىدىكى، قولىقىغىچە پاتقان جوتۇ ئالتە كەتمەن كەلگۈدەك شېغىلنى بىر يولىلا قومۇرۇپ چىقاتتى. دىلى سۇنۇق بولغاچقىمۇ ياكى لەۋلىرىنى مىدىرلاتقۇدەك ھالى قالمىغانلىقتىنمۇ ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى، بۇ ھال سوپۇرگەئاخۇنغا خىيال كەپتىرىنى كەچۈرمىشلەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرۇشقا ئىمكان بېرەتتى.

بوي ـ بەستى جەھەتتە تۆگىنى، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بۇقىنى ئەسلىتىدىغان قارامتۇل يۈزلۈك، قويۇق ساقاللىق، قوي كۆزلۈك بۇ كىشى تەكلىماكان دەشتى بىلەن تۇتىشىدىغان توپا مەھەللىسىدە ھال ـ كۈنى يامان ئەمەس ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. بىنا بولغاندىن باشلاپلا قۇم ـ بوران بىلەن ئېلىشىپ كەلگەن بۇ مەھەللە ۋە ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭغا كەسكىن مىجەز ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىقنى بەخش ئەتتى. دادىسى نەزەرغوجا ئىگىلىككە پىششىق ۋە تىرىشچان ئادەم ئىدى. ئىلگىرىكى تېرىلغۇ يەرلىرىمۇ ئاچ يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن گۆش تارتىۋالغاندەك جاسارەت بىلەن قۇملۇق ئارىسىدىن

دۈزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر ئىدى. سۇپۇرگەئاخۇن مەدرىستە ئوقۇۋاتقىنىدا دادىسى قۇدۇق گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن سەۋەب بىلەن قازا تاپتى. ئارقىدىنلا ئانىسىمۇ كېتىپ قالدى. تىنگەندەك قالغان بۇ يالغۇز ئوغۇل ئوقۇشىنى توختىتىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك ئادەم بولۇش ئارزۇسىنى ئاخىر ئىگىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بېسىپ چۈشتى. ئەگەر ئۇ ئۆز دائىرىسىنى داۋاملىق كۆكەرتىپ، دەل-دەرەخ تىكمىسە، بوران ئېغىزىدىكى مەۋجۇت ئىھاتە ۋەيران بولۇپ كېتىپ، پۈتۈن يۇرت بېشىغا كېلىدىغان خەۋپنىڭ ھەسسىلەپ كۈچىيىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

بىراق، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي سۇنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئالىمىدىكى تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشەندى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى كېلىدىغان تاغ سۈيىگە قاراشلىق بولغان بۇنداق يۇرتتا، سۇنىڭ قىممىتى قان بىلەن باراۋەر توختايتتى. سۇپۇرگەئاخۇن ئورتاقچىلار بىلەن بىللە ئىككى قىش ئېتىشىپ، سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك كۆچۈپ تۇرىدىغان بارخانلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان كاڭكال ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ، توپا كەنتكە تېخىمۇ كۆپ سۇ ئەكەلدى، بۇ سۇ بىلەن بوستانلىق تەرەپكە كۆچۈپ تۇرىدىغان قۇم يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەسىرلەر داۋامىدا قاغجىراپ ياتقان چۆلدە يۇلغۇن، يانتاق، توغراق، قامغاق دېگەندەك گىياھلار ئۈنۈپ چىقىپ، كۆچمە قۇملار ئارىسىغا مۇستەھكەم يىلتىز تارتتى. سۇپۇرگەئاخۇننىڭ نامىمۇ يۇرت ئەھلىگە تونۇش بولۇپ كەتتى...

مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يۇرتنىڭ مىراب بېگى بولۇپ قالغىنىغا تۆت يىل تولاي دېدى. يېشىمۇ ئۇلغىيىپ قاپلاننىڭكىدەك يوغان بېشىدىكى قويۇق چاچلىرى ئارىسىدا ئاندا-ساندا

ئاق كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ، ھاياتلىق تەقدىرى سۇ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئەل - يۇرت ئۈچۈنلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئىگىلىكنى رەپىقىسى چىنارئايىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بۇ مۇشەققەتلىك ئەمەلنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى.

ئارامخۇدا تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، جەبىر - جاپانى ئىزدەپ تېپىۋالغىنى ئۈچۈن تەقدىر ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ قالدىمۇ - نېمە، سۆيۈرگەئاخۇننىڭ كۆرگەن ئەزىيەتلىرىمۇ ئاز بولمىدى، ئاغرىق - سىلاقتا بىرەھىم قىسمەت ئىككى ئوغلىنى ئۇ ئالەمگە ئەكەتتى. ئۇ يامغۇردەك ياش تۆكتى، نېمە گۇناھ قىلغىنىغا ئۆزىنى مۇنچە دەھشەتلىك جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا تەقدىرگە سوئال قويۇپمۇ باقتى. ئاخىرىدا، ئۆي - ئۆيلەپ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ، يەنە تەقدىرگە تەن بەردى - دە، ساق قالغانلارنىڭ تەقدىرى يولىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

بۇ يىل ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا ئۆرۈكلەر تولۇق چېچەكلىدىيۇ، ئالا قۇرت ۋە بوران ئاپىتى بىلەن چېچەكلەر توزۇپ، غورىلارنىڭ تېگى دېگۈدەك تۆكۈلۈپ كەتتى، نەچچە ئون يىل مابەينىدە يېتىشتۈرۈلگەن ئۈجمە، ياڭاق دەرەخلىرىمۇ يېرىم قاقشال بولۇپ قالدى. بىر ئامال بىلەن تېرىۋېلىنغان زىرائەتلەرگە ھەتتا يېپىق سۇيىمۇ بېرىلمىدى. ئەل ئۆمرىدە كۆرمىگەن قۇرغاقچىلىق پۇقرالارنىڭ ئىلىكىنى قۇرۇتىدىغان دەرىجىگە يېتىپ باردى، يۇرت پۇقرالىرى خۇدادىن ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغان سۆيۈرگەئاخۇن راستىنلا قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب بولۇپ قالدى...

قايسىبىر كۈنى ئۇ يېقىن سىردىشى سەپەر بوۋاينىڭكىگە باردى. ئۇ مىراب بولغان يىلى كۈزدىلا تاسادىپىي سەۋەب تۈپەيلى، ئاۋۋال بۇ بوۋاي بىلەن، كېيىن ئۇنىڭ

ئوغلى ئابدۇللا بىلەن دوستلىشىپ قالغانىدى. بىرەر نەرسىدىن ئىچى پۇشسىمۇ ياكى خۇشال بولسىمۇ، كۆڭلى بوۋايىنى تارتىپ قالاتتى-دە ئاياغلىرى ئىختىيارسىز مۇشۇ ياققا سۆرەيتتى. مىجەزى چۇس بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، بەزى كىشىلەر بۇ بوۋاينىڭ ئەسلىدىكى «چاققان» دېگەن لەقىمىنى قايرىپ قويۇپ «سەپەر سەپرا» دېيىشكە ئۆگىنىپ كەتكەن، لېكىن ئۇ كاج، تەرسا بولغىنى بىلەن، بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، تەدبىرلىك، مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى.

قالماقدۆڭدىكى بۇلاق توغرىسىدىكى گەپمۇ ئۆتكەن قېتىمقى بىر پاراڭ ئارىسىدا چىقىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ گەپ قالماقلار زامانىسىغا چېتىشلىق ئىكەن. زامانىسىدا، ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ، ئادىشىپ قالغان بىر توپ قالماق لەشكەرلىرى ھازىرقى قالماق دۆڭگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار ناتونۇش بولغان يۇرتنى بېسىۋېلىشقا پېتىنالماپتىيۇ پۇقرالارغا خېلى ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇپتۇ. بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداشتىن باش تارتقان خالايىق ئاخىر بىر يولباشچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، قالماقلارنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ تەييارلىنىپتۇ. قالماقلار پۇقرالارنىڭ بۇ نىيىتىنى تۇيۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئاخىر قېچىش ئالدىدا نەچچە ئون تۆگىدە يۈك توشۇپ كەپتۇ-دە، يۇرت ئەھلىدىن ئەبەدىيلىك ئۆچ ئالماقچى بولۇپ دۆڭ يېنىدىكى بۇلاق كۆزىنى يۈك بىلەن ئېتىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، چىرىيە كەنتىدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ بىر قىسمى ئۈزۈلگەنىكەن.

بۇ رىۋايەت شۇ كېچىسىلا، يۇرتىنى ۋە يۇرداشلىرىنى ئاپەت بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە كېچە-كۈندۈز باش قاتۇرۇۋاتقان مىراب بېگىنىڭ چۈشىدە ئايان بولغانىدى...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هاشارچىلارغا خۇدانىڭ رەھمىسى كەلدى بولغاي، كەچ كىرىشى بىلەنلا هاۋا خېلى سالقىنداپ قالدى. كۈنپېتىشتىن چىققان شامال سايدىكى قامغاقلارنى دومىلىتىشقا، قاشقا دۆۋىلەنگەن شېغىل ئارىسىدىكى توپىلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. كۈنچىقاندىن بىرى كاۋاپ بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆۋۈلىرىدا ياتقان پاتمىچۇقلارمۇ بېشىنى چىقىرىپ، ئاپئاق پوكانلىرىنى تىترىتىشىپ، تېز-تېز نەپەس ئالدى.

سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ئۇلتىماسى بىلەن بىر پەس ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان هاشارچىلارنىڭ بەزىسى قورام تاشلارغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇڭدىسىغا ياتاتتى. بەزىلىرى قاش يانتۇلۇقىدا سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى.

كولدۇڭ ... كولدۇڭ ... كولدۇڭ...

ئۇتلۇق شامال ئەكەلگەن كولدۇرما ئاۋازى ئانچە جاراڭلىق بولمىسىمۇ، لېكىن هاشارچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى. ئۆستەڭ ئىچىدە ياتقانلار قاش ئۈستىگە چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. قاشنىڭ كەينىدە ئارام ئېلىۋاتقانلار قاشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشتى.

— هوي، بۇ رەۋەندىلەر قەيەردىن كەلگەندۇ؟

— قۇلاق سالسىلىيا، رەۋەندىنىڭ كولدۇرمىسى بۇنداق بوم چىقامدۇ؟

— تولا تالاشماڭلار، بۇ تۆگە كارۋىنىنىڭ كولدۇرمىسى!

ئاۋاز ئېگىزرەك بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقاچقا، هەركىم هەرنېمىدەپ قىياس قىلىشىۋاتاتتى. تالاش-تارتىش تۈگىمەيلا، دۆڭنىڭ كەينىدىن ئېشەكلىك مەتە①نىڭ، ئاندىن كېيىن بىرىنچى تۆگىنىڭ، ئىككىنچىسىنىڭ... بېشى كۆرۈندى.

---

① مەتە — تۆگە يېتىلەش (قىسمەن تۆگە بېقىش) بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغانلار مەتە دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كارۋان ئۆستەڭ قېشىغا 30 قەدەم كېلىدىغان يەردىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

— بىر ... ئىككى...

ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى ئون تۆگىلىك كارۋان ئىدى. يۈك ئارتىلمىغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۆگىلەردە قاسقانىدەك يوغان سەللە ئورىغان، كىمخاب گۈللۈك سېغىـزرەڭ پەرىجە كىيگەن سالاپەتلىك كىشىلەر ئولتۇراتتى. تۆگىلەرگە ئارتىلغىنى يوغان ساندۇقلار ۋە تايلانغان ئالىنىپىملەر ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. هاشارچىلار ئارىسىدا يەنە غۇلغۇلا باشلاندى:

— بۇ گالۋاڭ سودىگەرلەر نېمىدەپ كېلىدىكىنە بۇ يۇرتقا، يا پۇقرانىڭ يانچۇقىدا پۇل - پىچەكنىڭ تايىنى بولمىسا؟

— كەلسە كەلمەمدۇ، بىزنىڭ نېمە چاتىقىمىز!

— بەلكى كىرىيە تەرەپكە ياكى چەرچەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە كېرەك. ئۇ يەرلەردە خەقلەر خېلى باي دەيدۇ.

......

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار، نامازشامدىن بۇرۇن بۆلۈپ بەرگەن چامنى تۈگەتمىسەڭلار بولمايدۇ!

هاشارچىلار نازارەتچىلەرنىڭ هەيۋىسى بىلەن كولدۇرمىلىرىنى كولدۇرلىتىپ، ئۆزاپ كېتىۋاتقان كارۋاندىن كۆزىنى ئۈزمەي كەينىچە - يېنىچە مېڭىپ ئىش ئورۇنلىرىغا باردى - دە، سايمانلىرىنى ئېلىشتى.

قاش ئۈستىدە قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى قاراپ تۇرغان مىراب بېگى كارۋاننىڭ كىرىيە يولىغا ئەمەس، بەلكى ئاق ئەلەملىك قەسىر تەرەپكە قايرىلغانلىقىنى ئېنىق كۆردى - دە، ئابلىزقارىنىڭ نەچچە كۈنلەردىن بېرى كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزىدىغانىدەك هازىرلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

## 3. ئاچلار ۋە توقلار ئارىسىدا

كەچ. ئابلىزقارىنىڭ توغرىقىغىل كۆلى بويىغا جايلاشقان ھەشەمەتلىك قەسىرىسى ھېيت تەنتەنىسىگە چۈمۈلگەن. ئېگىز سېپىلنىڭ ئىچى ساپال چىراغ ۋە رۇس شاملىرى بىلەن يورۇپ تۇراتتى. يىلىغا ئاران ئىككى - ئۈچ قېتىملا ئېچىلىدىغان ياسىداق مېھمانخانا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك دەرىجىدە بېزەلگەن، تۇخۇم ئېقى ۋە توزغاقتا يۇغۇرۇلغان لاي بىلەن سۇۋالغان گەج نەقىشلىك تاملار، گۈللۈك دىرەۋزۇنلەر تورۇسقا ئېسىلغان پانارنىڭ يورۇقىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە ماھۇق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مېھمانلار، ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەرنى يېيىشكەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

نېپىز لەۋلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئۆز تەرەپ مېھمانلارنى كۆز ئىشارىسى بىلەن دىققەتكە چاقىرغان ئابلىزقارى تۆردە ئولتۇرغان مېھمانغا قارىتىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— بۈگۈن سېيىت ھاجىم ۋە قەدىناسىمىز ھاپىز مەخسۇم ئۇلۇغ ئاقپاششانىڭ① بىزدەك ئاجىز پۇقرالارغا ئەۋەتكەن

---

① ئاقپاششا — نىكولاي II، يەنى ئالىكساندىر III نىڭ چوڭ ئوغلى، چاررۇسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پادىشاھى. ئۇ 1894 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان، پېتەربۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ 1905 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى نامايىشىنى قانلىق باستۇرغان، 1906 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت دۇماسىنى تارقىتىۋېتىپ، دۇما تەركىبىدىكى سوتسىيال دېموكرات ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالغان، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان، فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئېتىپ تاشلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۇنى «ئاقپاششا» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سالامنى ئېلىپ مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ يىراق قوملۇقتىكى يۇرتىمىزنىڭ ئەرزىمەس تۇپرىقىغا باستى، بۇ قىممەتلىك قەدەمنىڭ قەدرى بىلەن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان پېقىر ئەزىز مېھمانلىرىمغا بۇرادەرلىك ھۆرمىتىمنى بايان قىلىمەن!

سورۇنغا تەكلىپ قىلىنغان مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلەر ئابلىزقارىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، يادىغا يەتكەن، تىلىغا كەلگەن ياخشى سۆزلەرنى قىلىشتى، يارىتىلىشتا ئىنساندا بولىدىغان كۆرۈمسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز جىسمىغا جەملىۋالغان چاپپار موللا سىم ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بارىكاللا قىچقاردى.

— ئاللانىڭ بۈگۈنكى قۇتلۇق كۈنىدە، — دەپ سۆز باشلىدى سېيىت ھاجى قاتار كەتكەن ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، — ئاللانىڭ قۇدرىتى ۋە ئاقپاششانىڭ دۆلىتىدە، پايىۋ - قەدىمىمىز يىپەك، قاشتېشى، ئېسىل گىلەملىرى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ يۇرتنىڭ بېگى ئابلىزقارىنىڭ بوسۇغىسىغا يەتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، خاقانى چىندىن نۇسرەت قېچىۋاتىدۇ. بۇ يۇرتمۇ ھۆكۈمەتسىزلىك قىسمىتىگە گىرىپتار بولغۇسى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلۇغ ئاقپاششايىم ئىگە - چاقىسىز قالمىش پۇقرالارغا ئۆز بىساتىدىن كارۋان ئەۋەتتى. بىزمۇ رايىش بۇرادىرىمىز ئابلىزقارىنىڭ قەسىرىسىدىن پاناھ تاپتۇق، شۇڭا، ئاقپاششا ئېلىنىڭ ئەرزىمەس ماللىرىدىن راسلانغان ئاددىي سوۋغىمىزغا بۇرادىرىمىزنىڭ ئىلتىپات قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

يېنىك يۆتەل ئاۋازى بىلەن تەڭ، ھاپىز مەخسۇم سوۋغات بىلەن تولۇپ تۇرغان ئالتە چوڭ پەتنۇسنى ئارقىمۇ ئارقىدىن داستىخان ئۈستىگە قويدى.

نەپىس ئىشلەنگەن چىنە - چەينەك، رەڭمۇرەڭ تاۋار - دۇردۇن، زەر باسقان قوش - قوش كىمخاب تون، كالۋاتون

قوشۇپ توقۇلغان ياغلىق قاتارلىقلار سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ھەشقاللا ئېيتتى-دە، پەتنۇسلارنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاشقا تەلپۈنگەن ئاچتەك تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئوغلى خاتىپقا تۇتقۇزدى.

قويۇق دامان ساقىلىنى توختىماي سىيلاۋاتقان سېيىت ھاجى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆلۈمسىرىگىنىچە كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدىن مەسخىرە ياكى رازىمەنلىكنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئالامەت ئەكس ئېتەتتى، پەرىجىسىنىڭ ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناۋاتقان زەر ياقىسى بىلەن ھەدەپ ئۆزىنى يەلپۈيتتى. كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ قۇلاقلىرى بىرەر شەپىنى سەزگەن سەزگۈر ئاتنىڭ قۇلىقىدەك دىڭ تۇراتتى. پېشانىسىدىكى سۇس ئۈچ تال قورۇق گاھ تارىيىپ، گاھ كېڭىيەتتى. ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنچىكە، ئۇزۇن قاشلىرى توختىماي لىكىلدايتتى. ئوڭ يېنىدا قوللىرىنى يوتىسىغا تاشلاپ يۈكۈنگەن پېتى ئولتۇرغان ھاپىز مەخسۇمغا نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىغانلىرىدا بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىزغۇچ لەۋلىرى كىشىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— قېنى، ئەزىز مېھمانلار، ئاشقا بېقىشسىلا، پاقلان گۆشى دېگەننىڭ ھېچقانداق مۇزەررىتى يوق،— دېدى ئابلىزقارى ئۇزۇن، ئىنچىكە قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ.

— ئالدى بىلەن مۆھتەرەم ھاجىم قول سېلىپ بەرسۇن،— دادىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى خاتىپ بەگزادە.

سېيىت ھاجى ھېچبىر تۈزۈت قىلمايلا جۈپلەنگەن بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقلىرى بىلەن پاقلان گۆشىنى ئالدىغا چۈشۈردى ـ دە، پولۇنى قوزا بېشى قىلىپ ئاغزىغا ئاتتى.

— قارىم ... قارىم ...

مۇلازىم قىيا ئېچىلغان ئىشىككە سەللىلىك بېشىنى تەس-لىكتە پاتۇرۇپ تۇرۇپ بىرقانچە قېتىم چاقىرىپ باققان بول-سىمۇ، سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن پولۇغا بېرىلگەن ئابلىزقارىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ:

— سۇپۇرگە مىراب بېگىم كەپتىكەن، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان زۆرۈر ئىش بار ئىدى، دەيدۇ، — دېدى.

— زۆرۈر ئىش؟ — ئابلىزقارى گۆش چايناشتىن توخ-تىدى ـ دە، مۇشتۇمدەك كۆپۈپ تۇرغان ئاغزى بىلەن مۇلازىم-غا ئىشارەت قىلىپ — ھە، چۈشەندىم، چۈشەندىم، زۆرۈر ئىش بار دېگىنى يالغان. بۇرنىغا پولۇنىڭ ھىدى پۇرىغان گەپ! كىرسۇن، كىرسۇن، مېھمانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كۆزىنى ئاچسۇن، قارنىنى تويغۇزۇۋالسىمۇ ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

مۇلازىم «خوش ـ خوش» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قايتىپ كىرىپ ئابلىزقارىغا مەلۇم قىلدى:

— كىرگىلى ئۇنىمىدى، سىلىنى چىقسا دەيدۇ.

— بۇ گەپچە مىراب بېگىنى تەكلىپ قىلىغىلى ئۆزۈم چىق-سام بولىدۇكەن — دە!

خوجايىنىنىڭ چاچراپ چىققۇدەك چەكچەيگەن كۆزلىرى-دىن قورقۇپ كەتكەن مۇلازىم «يوقسۇ، يوقسۇ» دېگەچ كەينىگە داجىۋىدى، ئابلىزقارى ئۇنى بىر ئىشارەت بىلەنلا توختىتىۋې-لىپ دېدى:

— مىراب بېگىگە ئېيتىپ قوي، كىرسە تولا ئۆزۈت قىل-

ماي كىرسۇن، بولمىسا ئەتە كەلسۇن.

— خوش ... خوش...

مۇلازىم چىقىپ كەتتى، ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ پاراڭ ۋە ئاش بىلەن بولۇپ كېتىپ مۇلازىم بىلەن قىلىشقان گەپلىرىگە دىققەت قىلمىغانلىقىغا ئىشەنىدى - دە، كۆڭلىنى تىنى-دۇرۇپ لېگەنگە قول ئۇزاتتى.

مېھمانلار ھەددىدىن تاشقىرى ئېچىرقاپ كەتكەنمۇ ياكى پولۇ بەك تېتىپ كەتكەنمۇ، داستىخان ئەھلى ئۆز ئىشتىھاسى بىلەنلا ئاۋارە ئىدى. قول ئىشارىسى بىلەن ئارىلاپ خوش ئېيتىش-كەندىن ئۆزگە، ھېچكىم بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەيتتى، پەقەت تومۇز ئىسسىقتا قوش سۆرەۋاتقان كالىدەك پۇشۇلدىغان ئاۋازلا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. كىمدۇر بىرى بارماقلىرىغا چاپلىشىپ قالغان گۈرۈچنى شورىغاندا، ئۈشتەك چالغاندەك شەپە چىقى-راتتى. لېگەنلىرىنى بۇرۇنراق قۇرۇقداپ بولغانلار تازا سوزۇپ كېكىرىۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ نېمەتكە ئېرىشتۈرگەن ئاللاغا شۈكرىلەر ھەدىيە قىلاتتى.

— ئەسسالامۇلەيكۇم!

ئابلىزقارى لېگەندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆرە تۇرغان مىراب بېگكە قارىدى، ئارقىدىنلا، بوسۇغا تېشىدا تۇرغان ئابدۇل-لاغا كۆزى چۈشۈپ، خۇپسەنلىك بىلەن:

— ھوي، رەھمەت، ئىشكنى يېپىۋەت، ئۆيگە چىۋىن كى-رىپ قالمىسۇن! — دېدى.

ئىشىك مۇشۇك مىياڭلىغاندەك غىچىرلاپ يېپىلدى، مىراب بېگنىڭ ئابلىزقارىنىڭ ئابدۇللا چاققانغا قىلغان بۇ مۇئامىلى-سىگە ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىقى كەلدى ۋە ھەدەپ ئۆز يېنىدىن پەر كۆرسىتىۋاتقان ئابلىزقارىغا پەس ئاۋازدا:

— قارىم، سىرتقا چىقامدىكىن دېسەم چىقمىدىلا، مەسلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەتلىشىدىغان زۆرۈر ئىش بار ئىدى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاب بېرىۋەتسىڭلار مەنمۇ قالماقدۆڭگە قايتىپ كېتەتتىم، — دېدى.

— نېمە ئىش؟

مىراب بېگنىڭ ۋاقىتسىز كېلىپ ئاۋارە قىلغىنىغا نارازىلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئابلىزقارى ئۇنى دەرپەردىنىڭ كەينىگە تارتىپ سورىدى.

— پۇقرالارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئىزداھام...

— ۋاي، شۇنچىلىك گەپمىدى، — دېدى ئابلىزقارى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — بۇنىڭغا ئەتە بىر نېمە دېسەكمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، ھاشارچىلار ئاچ قالغانغا ئۆلۈپ كېتىدىغان شۇنچە نازۇك ئادەملەرمىدى؟! ئاچلىقتا ئۆلىدىغان ئىش بولسا، ھېلىغىچە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلەر ئىدى!

— بۇ، نېمە دېگەنلىرى؟ — دېدى ھەيران قالغان مىراب بېگى ئۇنىڭ بىلىكىنى قاماللاپ ئۆلگۈرگەن قولىنى بوشىتىۋېتىپ.

— يۇرسىلە، تولا تۈزۈت قىلماي، بۇنداق ئەزىز مېھمانلار بىلەن ھەمداستىخان بولىدىغان پۇرسەت كۈندە تېپىلىۋەرمەيدۇ...

سۇپۇرگەئاخۇن ئاللىقاچان دەرپەردە ئارقىسىدىن چىقىپ مېھمانلارغا يۈزلىنىپ قالغانىدى. ئۇ قوللىرىنى يالىغاچ، ئۆزىگە تىكىلگەن مېھمانلارنىڭ سالاسى بىلەن ئابلىزقارىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مىراب بېگنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە ئىشارەت قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئابلىزقارى ناتونۇش مېھمانغا قىزىقسىنىپ قاراپ ئولتۇرغان سېيىت ھاجىنى تونۇشتۇردى:

— بەزمىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ مۆھتەرەم، بۈيۈك ئاقپاشا ئېلىنىڭ سودا ئاقساقىلى سېيىت ھاجىم جانابلىرى بولىدۇ، مانا بۇ مۆھتەرەم، قەدىناس بۇرادىرىمىز ھاپىز

مەخسۇم...

ئۇ چوكىدەك ئۇزۇن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى مىراب بېگىگە چىنەپ تۇرۇپ تونۇشتۇرۇشىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ھۆرمەتلىك مېھمان — يۇرتىمىزنىڭ تەدبىرلىك مىراب بېگى سۇپۇرگەئاخۇن، پېقىرنىڭ باغ - ۋارانلىرى، ئېتىز - قىرلىرى بېگىمنىڭ ھىممىتى بىلەن كۆكلەيدۇ.

ئۈچ كىشى كۈلۈمسىرىگەن پېتى باشلىرىنى سەل ئېگىپ سالام بېرىشتى، مىراب بېگى بىلەن ھاپىز مەخسۇمنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا بولسا، غەلىتە ھال سادىر بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ نەزەرى خۇددى بىر - بىرىنى قوبۇۋەتكۈسى كەلمىگەن چېلىش - چىلاردەك بىر پەس گىرەلەشتى، چوڭ - چوڭ ئېچىلغان، ھەيرانلىق تېشىپ تۇرغان كۆزلەر پەقەت ھاپىز مەخسۇمنىڭ يول بېرىشى بىلەنلا تىكىلگەن نۇقتىلىرىدىن ئايرىلدى...

دەرۋازا پەشتىقىدا تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇللا چىقىپ كېلىۋاتقان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— قانداق بولدى بېگىم، قارىم باش لىڭشىتتىمۇ؟

— ......

سۇپۇرگەئاخۇن قولىنى ھەمراھىنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدىيۇ، بىر ئېغىزمۇ ئۈن چىقىرىمىدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك پۇشۇلدىشىدىن، كۆزلىرىنىڭ پارقىرىشىدىن ئابدۇللا ھەممىنى چۈشەنگەندى. ئۇ ئالدىراپ سورىدى:

— ھەي، بىچارە ھاشارچىلارغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز بېگىم؟

— قانداق قىلاتتۇق، ئەتە كۈن بىلەن تەڭ يەنە كېلىمىز، ئابلىزقارى ھاشارچىلارغا ۋەدە قىلغان تېرىقنىڭ تېخى يېرىمىنىمۇ بەرگىنى يوق، ئەگەر ئۇ لەۋزىدە تۇرمىسا...

— ئەۋزىدە تۇرمىسا ئىش قىلغىلى ئۇنىمايلى، ئۈستەڭنى ئانىسىغا چاپتۇرسۇن بۇ كاپىر!

مىراب بېگى ئاي قاراڭغۇسىدا سوغۇق كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— قارا سېنىڭ كىچىك بالىدەك گەپ قىلغىنىڭنى، پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولامدۇ، ئاشلىقنىمۇ ئالىمىز، ئۈستەڭنىمۇ چاپىمىز!

ئۇلار قاپقاراڭغۇ كوچىدا يانمۇيان كېتىپ باراتتى. ئاسماندا غۇۋا پارقىراۋاتقان ئاندا-ساندا يۇلتۇزدىن ئۆزگە ھېچقانداق يورۇق كۆرۈنمەيتتى. مولچىلىق يىللىرىدا بولىدىغان كەچلىك قايناق ھايات قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغان، نە بالىلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى، نە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. لەھەتتەك جىمجىتلىقتا چۆمگەن قاراڭغۇ ئاخشام كۆڭۈللەرگە قورقۇنچ سالاتتى.

ھۇق... ھۇق... ھۇق...

يېقىنلا بىر يەردە بىر ھۇقۇش ھۇۋلىۋىدى، يول بويىدىكى قېرى سۆگەتتىن، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك قارىيىپ تۇرغان تېرەك كامىرىدىن، مەسچىت يېنىدىكى قاقشال سېپىلدىن شۇنىڭغا ئوخشىغان ئاۋازلار تەڭلا كۆتۈرۈلدى. قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىۋاتقان بۇ سەت ئاۋازغا چىداپ تۇرالمىغان مىراب بېگى ئېرىق بويىنى سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر تال داڭگال تېپىۋالدى-دە، قېرى سۆگەتكە قارىتىپ كۈچ بىلەن ئاتتى.

— بىلىۋاتامسەن ئابدۇللا، — دېدى ئۇ قولىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن، — كەنتىمىزدە ھۇقۇشلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا بېگىم؟

— ھۇقۇش قەيەرگە ئۇۋا سالسا، شۇ يەر چۆل قالىدۇ. داداڭدىن

ئاڭلىمىغانمۇ، ھۇقۇش دېگەن شۇملۇقنىڭ ئەلچىسى، ئۇ ھەر قېتىم «ھۇق» دېگەندە ئاغزىدىن بىر تامچە قان ئېتىلىپ چىققارمىش. يەنە بىر قېتىم «ھۇق» دېگەندە قان يەنە ئاغزىغا كىرىپ كېتەرمىش، ئالىمادىس قاننى يۇتۇۋالالمىسا...

— ئۇلۇغ خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ئۆيىگە بارىدىغان كوچا ئاغزىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى.

— بېگىم، توپا يولىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇق، ئەمدى كەينىلىرىگە يېنىپ يۈرمىسىلە، بۈگۈن ھاشارچىلار قېشىغا قايتمايدىغان بولغاندىكىن، بىزنىڭ ئۆيدىلا قونۇپ قالساق قانداق؟— دېدى ئابدۇللا ئۆتۈنۈش ئاھاڭى بىلەن.

سۈپۈرگەئاخۇن يەنە بەس - بەس بىلەن ھۇۋلاشقا باشلىغان ھۇقۇشلارنى تىللاپ قويغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىق بەردى.

ئۇلار تالادىن توقۇلغان ھويلا ئىشىكىنى شەپىسىزلا ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئابدۇللانىڭ ئىككى بالىسى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە بۆزچىلىك دۇكىنىدا ماتا توقۇۋاتقان بوۋىسىنىڭ يېنىدا شۈمشەرىشىپ ئولتۇراتتى.

ئاللە - يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان قوشكېزەك ئاكائۇكىلار ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك يىغا - زار قىلىشىپ، دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئابدۇللا سەبىي تۇرۇپلا تۇرمۇش ئازابىنىڭ قايىنمىغا چۈشۈپ جۈدەپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— قارچىغىلىرىم، ھېلىغىچە ئۇخلىماپسىلەرغۇ؟

— بوۋام مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ ھېكايىسىنى دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بەردى!

ھەسەن بىلەن ھۈسەن تالىشىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشتى.

— ھېكايىدىگە مەلىكە قىلىپ تۇرمىسام، قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى دەپ غەلۋە قىلغىنىنى قىلغان بىچارىلەر، — دېدى سەپەر بوۋاي بوز توقۇۋېتىپ.

دۇكاننىڭ قېشىدىلا تاشلاپ قويۇلغان تېرىدىن ئورۇن ئېلىشقان ئابدۇللا بىلەن سوپۇرگەئاخۇن بەللىرىدىكى تۆگۈكلۈك زاغرىنى ئېلىپ بالىلارغا بۆلۈپ بەردى. دادىسىغا تەلمۈرۈپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىغان بالىلار خۇددى ئانىسى ئەكەلگەن كىچىككىنە يەمگە ئېرىشكەن قۇش بالىلىرىدەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتى - دە، قېتىپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن زاغرىنى ناۋات چاينىغاندەك كاراسلىتىپ يېگىلى تۇردى.

ئاغرىق - سىلاقتا ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان بالىلار تەقدىر تۈگمىنىنىڭ بالايى گەردان تاشلىرى ئارىسىدا چوڭلار بىلەن ئوخشاشلا يانجىلغانىدى. بىر يىلدىن بېرى بىر قېتىممۇ تويغۇدەك تاماق يېمىگەن بۇ يېتىملار كونا لاتا بىلەن ئوراپ قويۇلغان قاقشالغىنىلا ئوخشاپ قالغان، تۈزۈك چاچ چىقمايۋاتقان باشلىرى ئورۇقلاپ چۈكىدەك بولۇپ قالغان پاچاقلىرىغا ماس كەلمىگەن ھالدا يوغان ئىدى. بوۋىسىنىڭ جېنىدىن ئارتۇق كۆرۈپ پەرۋىش قىلىشلىرىمۇ، ئابدۇللانىڭ ئاچ قالغىنىغا قارىماي يېگۈزۈشلىرىمۇ تەنلىرىگە ئەت قوندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى، چىرايىدا كۈلكە كۆرۈنگەن چاغلاردا بولسا، پېچاقنىڭ بىسىدەك چىقىپ قالغان قاڭشىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئۆچۈۋاتقان چوغدەك پارقىراپ تۇرغان گۈنسىز كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا يىپ سۆرىگەندەك ئۇشاق قورۇقلار پەيدا بولاتتى. قاتتىق زاغرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن غاجىلاۋاتقان بالىلارغا قارىغىنىدا، مىراب بېگىنىڭ يۈرىكى يەنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى، ئاغزىدىن ئۇغۇز سۈتىنىڭ

پۈرۈنقى كەتمىگەن بۇ سەبىي يىتىملارغا كەلگەن كەلگۈلۈكتىن كۆزىگە ياش قاپلاشتى. بۇ سەبىي جانلارغا ئىچى ئاغرىمىغان رەھ- ھىمسىز، تاش يۈرەك تەقدىرنى ئىچىدە يۈزمىڭنى تىللىدى.

دېمىسىمۇ، ئاشۇ تاش يۈرەك تەقدىر بۇ مۆمىن دېھقان ئائىلىسىگە ئەزەلدىن ئوڭ كۆزىدە قارىمىغان، نەسەبىنى سۈرۈش- تۈرگەندە، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇ يۇرتتا تەر تۆكۈپ كەلگەن بۇ ئائىلىنى تا ھېلىغىچە كۆپ نامرات ھالىتىدە تۇتۇپ كەلگە- نىدى. سەپەر بوۋاينىڭ چەپ قولى ئۇ يىگىت ۋاقتىدا خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللاخان غوجىغا① قىلىنغان سۈيىقەستكە قارشى ئىلچىگە ئاتلانغانلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقىنىدا ئازراق زەخىم يېگەن، قىرىق نەچچە مىڭ شېھىتنىڭ ئارىسىدىن ئۆمى- لەپ قوپۇپ يۇرتىغا قايتقان يىلى ئۆيلىنىۋالغان. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئوغلى ئابدۇللا جاھانغا كۆز ئاچقانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ يېشىنىڭ ئۇلغىيىپ قالغىنىغا قارىماي، مەھەللىدىكى ئىسمايىل چەكمەنگە شاگىرت- لىققا كىرىپ، شايىچىلىقنى، بۆزچىلىكنى ئۆگىنىۋالدى. دۇكان ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، توقۇغان رەختلىرى خېلىلا بازار تاپتى. بار-يوقى ئىككى ئېتىز يېرىگە تېرىغان كېۋەز ھوسۇل بەرگەندە، كاسىنە ھۈنەر قىلدى. بولمىسا بۇيرۇتما ئىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ماتا شۇنچىلىك پىش- شىق ئىدىكى ئۇستىدە سۇ توختايتتى، توقۇغان تاللىرىنى ئۆزى ئۆشتە قىلىپ ئاندىن بازارغا سالاتتى. پۇقرالار: سەپەر

---

① ھەبىبۇللاخان غوجا — مىلادى 1864- يىلى كۇچا شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن راشىدىنخان خوجا باشلىق مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە خوتەندە ئىسلام ئېچىپ، پادىشاھ بولغان موللا ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى. خوتەن مۇسۇلمانلىرى ئۇنى «ھاجى ئاتام»، «ھاجى پادىشاھىم» دەپمۇ ئاتىغان. 1866- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەدۆلەت تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن قەتل قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

سەپرا توقۇغان تۆت تەپكىلىك چەكمەندە تىكىلگەن چاپان 20 يىل چىدايدۇ، دېيىشەتتى.

ھۈنىرىدىكى ئۇستىلىق، دىلىدىكى پاكلىق ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئۈستۈن قىلدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ قايسىبىرى مەسلىھەتكە موھتاج بولسا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولاتتى، قايسىبىر پېقىرنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ كېپەنلىككە قۇربى يەتمىسە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى - دە، كېلەر جۈمەدىكى بازارغا ئاتالغان ماتاغا ئېرىشىپ، بوۋاينىڭ شەپقىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قايتاتتى.

ئون يىل ئالدىدا يۈز بەرگەن بىر كېلىشمەسلىك سەپەر بوۋاينى بۇ ھۈنىرىدىن قول ئۈزۈشكە قەسەم قىلدۇردى. ئۇ ئابلىزقارىنىڭ ھاپىز بۆزچى دەيدىغان بىر ئادەم بىلەن شېرىكلىشىپ ئەندىجان تەرەپلەرگە ماتا چىقىرىپ، پۇل تېپىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئابلىزقارى يېزىدىكى پۈتۈن بۆزچىلەرگە ئىش تارقىتىپ بېرەتتى، بىر كۈنى غوجىدار جاپپار موللا سەپەر بوۋاينىڭكىگە توقۇلغان ماتالارنى ئەكەتكىلى كەلدى. ئۇ 45 قەرى① ماتانى كۆرۈپلا: «ساڭا بېرىلگەن ئۆرۈش يىپ 50 قەرى ئىدى، بەش قەرى ماتانى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. بوۋاي ئۆرۈشنىڭ پاتلاش ۋە توقۇلۇش داۋامىدا قىسقىرايدىغانلىقىنى، 50 قەرى ئۆرۈشتىن 45 قەرى ماتا چىقىدىغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرەلمىدى. ئاخىرىدا ئۇ يازلىق كىيىم - كېچەككە ئاتاپ ساقلاپ قويغان ماتاسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى - دە، «مۈكىنى ئىككىنچى قولۇمغا ئالىدىغان بولسام، 30 پارە قۇرئان جېنىمنى ئۇنسۇن» دەپلا قەسەم قىلىۋەتتى...

---

① قەرى — خوتەندە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ئۆز ۋاقتىدا مەشۇت توقۇلمىلىرىنى گەز بىلەن، پاختا توقۇلمىلىرىنى قەرى بىلەن ئۆلچەيتتى.

دادىسىنىڭ يەنە ماتا توقۇغىلى تۇرغىنىنى كۆرگەن ئابدۇللا ھەيرانلىقىنى زادىلا باسالمىدى. ئۇ ئەسلىدە دادىسىنىڭ قەسىمىنى يادىغا سېلىپ، كونا يارىسىنى قوزغىماقچى ئەمەس ئىدى. بىراق ئاغزىدىن گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى:

— دادا، ئۆلۈشكۈن تېخى ھېچ گەپ يوق ئىدىغۇ، كىمنىڭ ئىشى بۇ؟

سەپەر بوۋاي ئۆت-بەش مۇكا ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، دېدى، — يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك پەس ئاۋاز بىلەن:

— كىمنىڭ بولاتتى، ئابلىزقارىنىڭ! — دېدى.

— بۇ ... بۇ ...، — ئابدۇللا ئاچچىقلانغانلىقىدىن ئۆرە تۇرۇپ كەتتى-دە، ئىككى قەدەم كەڭلىكتىكى ئاراشتا ئۇيان-بۇيان ماڭغاندىن كېيىن، —

30 پارە قۇرئاننى تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغان قەسىمىڭىزنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ دادا، بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ھەي... دېدى.

بوۋاي تەپكە بېسىشتىن توختاپ، ئېتىۋاتقان مۇكىسىنى دەپتىنە ئالدىغا تاشلىدى-دە، گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئەگدى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمىگەن مىراب بېگى قوپاللىق قىلغىنىنى ئەيىبلىگەندەك، ئابدۇللاغا ئالىيىپ قويدى.

بىراق، ئابدۇللا ئاسانلىق بىلەن ئاچچىقىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ لەۋلىرىنى يالىشىپ، بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىككە **ئېتىراز** بىلدۈرگەندەك، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان بالىلىرىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى-دە، دۇكاننىڭ يېنىغا كېلىپ، پەركاغا قولىنى قويغىنىچە يەنە ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— خۇدادىن قورقساق بولمامدۇ، قۇرئاندىن قورقساق

بولامدۇ، يەنە كېلىپ ئاشۇ ئۆلگۈر ئابلىزقارىنىڭ ئىشى...
سەپەر بوۋاي تۈرگىگە تايىنىپ، ھالسىرىغان ئاياغلىرىنى تەپكە ئۇرىسىدىن تەسلىكتە چىقاردى ـ دە، دەلدۈگىنىپ ئۆرە بولدى. ئۇنىڭ قارىيىپ تۇرغان يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ تىترەشكە باشلىغىنى بىلىنىپ تۇراتتى. قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ئىككى تامچە ياش ئاقىرىپ كەتكەن بۇرۇتى ئۈستىدە توختاپ قالدى.

— گۇناھ بولىدۇ دېدىڭمۇ؟ مەن تۇغۇلۇشتىنلا گۇناھكار، — ئۇ ئوغلى تەرەپكە دېۋەيلەپ كېلىۋېتىپ دېدى، — كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراپ باق، ماۋۇ نارەسىدە باللار نېمە گۇناھ قىلغان؟ ئۇلار نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ؟ مەن قەسەمنى بۇزدۇم، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ قىلدىم. ئاللانىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىمەن، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغان ۋاقتىم ئاز قالدى، مۇشۇ يېتىملەر بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىغىنى كۆرسۇن دېدىم!

بوۋاي سۆزلىگەنسېرى بەزگەكتەك تىترەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى ياش پەردىسى بىلەن تامامەن توسۇلغان بولسا كېرەك، سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئوغلىنى تېپىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— قەسەمنى بۇزۇش بىر مۆمىن بەندىگە شۇنچە ئاسانمۇ؟ پەقەت بىگۇناھ نەۋرىلىرىمنى دەپلا ھەممىگە چىدىدىم، بىلەمسەن؟!...

قوشنىلىرىدىن: ئابلىزقارى ماتا توقۇتۇشقا يىپ تارقىتىۋېتىپتۇ، ئون قەرى ماتاغا بىر جىڭ تېرىق بېرىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان دادىسىنىڭ بىرمۇنچە باش قاتۇرۇشتىن كېيىن ئاخىر قەسەمنى بۇزۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، قەسىرگە بېرىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ 30 قەرىلىك ماتاغا

يېقىپ ئالغانلىقىنى، نەۋرىلىرىمنى بۇرۇنراق تونۇغۇزىمەن دەپ كۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي كېچىلەپ دۇكاندا ئولتۇرغانلىقىنى بىلگەن ئابدۇللا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈگەن باللارمۇ خۇددى سادىسىن ئۈركۈگەن چۈجىلەردەك، قىقىراشقىنىچە بوۋىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئارىسىغا قىسىلدى.

ئۇلارنى بەزلەشكە تۇتۇنغان سۆپۈرگەئاخۇنمۇ يۈرىكىدىنىڭ مۇجۇلۇپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. خېلىدىن بېرى ياشلىنىشقا باشلىغان كۆزى تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۈچ ئەۋلادنىڭ يىغا-زارىغا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر-زېمىننىڭ كۇكۇم-تالقان بولمىغىنىغا ئۇ ھەيران ئىدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆزلەرنىڭ يېشى قۇرۇشقا، يۈرەكلەرنىڭ رىتىمى ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. سۆپۈرگەئاخۇن بىلەن ئابدۇللا بىردىن بالىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بوۋاي ئولتۇرغان كىگىزگە يۆكۈنۈشتى.

— كەمبەغەلنىڭ سۆيى چىشقا داۋا، دەپتىكەن مىراب بېگىم، ئۆز بولغاندىكىن بىر قاچا سوغۇق سۇ بولسىمۇ قۇياي، — دېدى سەپەر بوۋاي سۆپۈرگەئاخۇنغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ.

سۆپۈرگەئاخۇن ئادىتى بويىچە نوگاينى ئىككى قوللاپ ئالدى-دە، سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ:

— ئىنىم ئابدۇللا، قايسى كۈنى قالماقدۆڭدە ئۇچرىغان تاۋاپچىنى يادىڭىزدىمۇ؟ — دېدى.

ئابدۇللا دەرھال جاۋاب بەردى:

— يادىمدا، قانداق، بۇنى سوراپ قالدىلىغۇ بېگىم؟

سۆپۈرگەئاخۇن ئېڭىكىنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋالدى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بايا ئابلىزقارىنىڭ مېھمانلىرى ئارىسىدا ئۇنى كۆر-گەندەك قىلدىم، — دېدى.

— توۋا دېسىلە بېگىم، ئۇنداق جولدۇر كىيىپەن ئادەمنى ئابلىزقارى مېھمانخانىسىغا يولاتماق تۇگۇل، بوسۇغىسىدىنمۇ ئاتلاتمايدۇ.

— ئۇ تېبىخى تۆردە، سىيىت ھاجى دېگەننىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپتۇ، ئىسمىنى ھاپىز مەخسۇم دېدىمۇ نېمە خۇدايىم، سالاپىتىنى دېمەمسەن تېخى، سۆلىتىنى ئۈچ ئات قوشقان مەپىمۇ تارتالمايدۇ.

نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئولتۇرغان سەپەر بوۋاي سەگەكلەشتى ۋە سورىدى:

— بېگىم، ھاپىز مەخسۇم دەمدىلا؟ ھاپىز دېسىلە بىر ئىش يادىمغا يېتىۋاتىدۇيا! مەسىلەن، چىرايى قانداقراق ئىكەن، بۇرنىنىڭ يېنىدا بىر تاتۇق بارمۇ؟

— ھەي دادا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز، خۇدا-نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تاتۇقى بار ئادەملەر ئازمىدى، مانا مېنىڭ...

سۈپۈرگەئاخۇن ئابدۇللانىڭ سۆزىنى قول ئىشارىسى بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى، بوۋاينىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— دۇرۇس... دۇرۇس... ئۇنىڭ سول يۈزىدە يارماقچىلىق تاتۇق بار. ئۇ بۇرۇتىنى شۇ تەرەپكە تالاپلا ئولتۇرىدىكەن دېدى، —

— بۇرنى ئۆتۈكچىنىڭ كۈۋىسىغا ئوخشامدۇ؟

— دۇرۇس... دۇرۇس...

— بويى بىزنىڭ ئابدۇللانىڭ بويىچىلىك بارمۇ؟

— دۇرۇس... دۇرۇس...

ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىككىيە-

لەنىڭ سۆھبىتىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان ئابدۇللا جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزدى:

— ئۇ ھېلىقى چاغدا نېمىشقا راست گەپ قىلمىغاندۇ ئەمىسە، بىر كۈن تاۋاپچى مەن دەپ يۈرسە، بىر كۈن ھۆرمەتلىك مېھمان بولۇپ تۆردە ئولتۇرسا... ھەي... مەن ھېچنېمىنى ئۇقمىدىم.

— ئاكا، سىلى ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ قانداق ئادەم ئۇ؟

— بىلگەم، بۇنى بىر دېمىسىلە، ئۇ ئادەم بىر مەرەز، نائەھلى، ئاقپاششانىڭ قېشىدىن كەلدىم دەمدۇ، كۆك پاششانىڭ قېشىدىن كەلدىم دەمدۇ، ئىشقىلىپ زولۇكتەك بىر نېمە.

— ھەي... — دېدى سوپۇرگەئاخۇن مۇشتۇمى بىلەن ئالقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — تېپىشماقتەك ئىش بولۇۋاتىدۇغۇ بۇ جاھاندا، ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇيا، بۇ كارۋانغا...

## 4. ساھىبخانىنىڭ ھوزۇرىدا

يۇرت جامائىتى ئارىسىدا ئابلىزقارىغا قاراشلىق بولغان بۇ قەسىرنىڭ قايسى زاماندا ۋە كىم تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. بەزىلەر ئۇزۇن ساقىلىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ: «ئەقلىمگە كەلگەندىمۇ مۇشۇ پېتى ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «يەر يېرىلغان يىلى تاغ تەرەپكە 05 قەدەم كېڭەيتىلگەن» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «خاتىپ بەگزادىنىڭ تويىنى قىلغان يىلى قەسىر سېپىلى بىر ئادەم بويى ئېگىزلىتىلگەن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى راست بولغاندىمۇ، كېيىنكى گەپلەر. جەددى - جەمەتىنىڭ قىساسنامىسى ياكى ئائىلە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەسەبنامىسى ھەققىدە يازما يادىكارلىق قالدۇرۇشقا ئادەتلەنمە-
گەن قوۋمىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئابلىزقارىمۇ بۇ ھەقتە
ھېچنېمە بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سەككىز ياشقا كىرگەندە خەتنىسى-
نى بەك ئېچكىرى قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن بىر ئاي ئاغرىق تارتىپ
ئىشتانسىز يۈرگەندىن باشلاپ ئەقلىنى بىلگەنلىكىنى ئۆزى
ھېكايە قىلىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا، قەسىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ
شۇ چاغدىن باشلاپلا ھېس قىلغان بولۇشى تۇرغانلا گەپ.
بىراق، قەسىرنىڭ قەدرى ئۇنىڭغا پەقەت مەرھۇم دادىسى ئىل-
ياس بەگ جەھەننەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىنلا ئۆتۈلگەن.
مىراسقا تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سەۋداسى يۈرىكىگە ئورناش-
قاندىن باشلاپ، قەسىردىكى ھۇجرا سانىنى، مال-مۈلۈك،
بىساتلارنى دەپتەرگە ئولتۇرغۇزغان، تۆت قېتىم ئەرگە تەگكەن
ئاچىسىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش مەقسىتىدە ئاتىسىنىڭ ئۇنى
تۆت قېتىم ئەرگە بېرىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلىنىڭ ئۇنىڭغا
تېگىشلىك تەيىن قىلىنغان مىراسقا تەڭ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا
كىرىيە ئامبىلىغىچە① دەۋا قىلغانىدى.
بۇ كاتتا قەسىرنى ئەتراپلىق كۆزەتكەن كىشى قەسىرنى
پىلانلىغان ئۇستىنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالىدۇ. جايلاشقان ئورنى،
جەھەتتىن، ئۇ يۇرتنىڭ دەل كىندىكىگە توغرا كېلىدۇ، كۆلى-

① كىرىيە ئامبىلى — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈپ 33 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى چيەنلۇڭ خاننىڭ 57 - يىلى (مىلادى 1792-
يىلى) 3 - ئايدا چىڭ ئەمەلدارى لى سىجىڭ شىنجاڭدا ھاكىم بەگلىك تۈزۈمىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە
تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە مەركىزى ھۆكۈمەتكە يوللىغان مەلۇماتنامى-
سىدە: «كىرىيە شەھىرىنىڭ 4 - جەرىكىلىك ھاكىم بېگى مۇھەممەت نەزەر ئۆز مەن-
پەئەتىنى كۆزلەپ، قول ئاستىدىكى مىكبېشىلارغا يول كۆرسىتىپ، ئامېتلىغا ئاھالە كۆچۈر-
مەكچى بولغان. يەنە بەگ ئالىم غوجا پۇقرالاردىن ھەر خىل باھانە بىلەن
2000 تويتىن ئارتۇق ماتا يىغىۋالغان» دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن گۇاڭشۈي خان-
نىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1984 - يىلى) ھاكىم بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇ-

ـمى ئون مودىن ئاشىدىغان مېۋىلىك باغ قەسىرنىڭ ئەتىگەنـ
دىن كەچكىچە كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان جەنۇب تەرىپىگە
بىنا قىلىنغان. باغ بىلەن قەسىر ئوتتۇرىسىدىن توغرىقبېغىنىڭ
ئۆستىڭى كېسىپ ئۆتىدۇ. كۈن چۈشمەيدىغان تەرەپكە بولسا،
ئىككى مو كەلگۈدەك كۆل قېزىلىپ، ئەتراپىغا قويۇق بېھى
دەرىخى قويۇلغان. ئىككى قۇببىلىق دەرۋازا ئالدىدىن بازارغا
ئۇدۇل بارغىلى بولىدىغان چوڭ يول ئۆتىدۇ. يولنىڭ قەسىر
دەرۋازىسىغا روبىرو تۇرىدىغان ئۇ تەرىپىدە تۆپتۈز كەتكەن
مۇنبەت ئېتىزلار بار. ئابلىز قارىغا ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس
قالغان بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپىگە جامائىتى ئەڭ كۆپ بولغان
ئاق مەسچىت جايلاشقان.

بايا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىككى ئادەم ئېگىزلىكىگە باراـ
ۋەر كېلىدىغان سېپىل بىلەن قورشالغان قەسىر ئىچىمۇ ئۆزـ
گىچە بىر دۇنيا. پەقەت تەبىئىي ئىگىلىكنىڭلا مەدىتى بىلەن
ئۆرە تۇرىدىغان تىپىك ئۇيغۇر پومېشچىكلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولـ
غان بۇ دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر بىناكارلىقىنىڭ چوڭ مۇزېيىغا
ئوخشاپ كېتىدۇ. يەر يۈزىدىن ئىككى قەدەم كۆتۈرۈلۈپ تۇرـ
دىغان بەش باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن كىرگەن كىشى قويۇق
ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن يۆركەنگەن ئۇزۇن كارىدورغا دۇچ

---

لۇپ ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا كىرىيىدەمۇ پۈتۈن شىنجاڭدا بىرىنچى تۈركۈمدە
تەسىس قىلىنغان توققۇز ناھىيىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. سۇلـ
تان سەئىدخان زامانىسىدىن باشلاپ، تاكى لوپ (1902 ـ يىلى ناھىيە بولغان)، چىرىـ
يە (1929 ـ يىلى ناھىيە بولغان)، نىيە (1951 ـ يىلى ناھىيە بولغان)، چەرچەن
(1914 ـ يىلى ناھىيە بولغان) ناھىيىلىرى رەسمىي ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغىچە
بولغان ئارىلىقتا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن تاكى چەرچەنگىچە بولـ
غان كەڭ زېمىن كىرىيىنىڭ مەمۇرىي تېررىتورىيىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھازىرقى
چىرىيە ناھىيىسىمۇ 1929 ـ يىلغىچە كىرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر مۇھىم بازار،
چوڭ كەنت ئىدى. دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىمۇ كىرىيىدە قارىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ. سول قول تەرەپكە تامغا يۆلەپ سېلىنغان قازناق تام تېشىدىغان ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۇلغۇن بىلەن ۋەدەك قىلىپ ياسالغان. قازناق ئالدىدا قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان مەدەك تاغارلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاتخانا ۋە سامانلىق بار. ئاتخانا ئۈستىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ دۆۋىلەنگەن بىدە پېچىنى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان، خوجايىن بەلگىلەپ بەرگەن نورمىسىدىن ئاشقىرى ھېچنېمىگە ئېرىشەل ـ مەيدىغان ئاتلارمۇ بۇ قالدۇق بىدىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايـ دىغان بولۇپ قالغان.

نەچچە ئەۋلاد قوشقاچىنى ئۆز پاناھىدا يېتىشتۈرگەن قاپقارا كامارلار بىلەن ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن مالايلار ئۆيى ئاتخانىغا تۇتاش سېلىنغان. بارىڭ كارىدورىنىڭ بىر بېشىدا قەسىر جەمەتىنىڭ ئۆيى بار، ئادەتتىكى مېھمانلار ئۈچۈن مېھمانخانا ۋە ياتىدىغانلار ئۈچۈن ياتاق ئورنىدا خىزمەت قى ـ لىدىغان بۇ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى جەنۇب تەرەپكە قارايدۇ، بۇ يۇرتتا كەمدىن كەم تېپىلىدىغان پىششىق خىشتا سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى توخۇلار دانلاپ يۈرىدىغان بىر سەينادىن ئىبارەت. تۇغمىغان كۈنلىرى خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تېگىشلىك داندىن مەھرۇم قىلىنىدىغان توخۇلار دائىم بۇ سەينىغا كېلىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتلاپ، ئۇ يەرنى خۇددى ئاختامىلىققا ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئابلىزقارى بۇ ھالنى كۆرۈپ قالغان كۈنلىرى، ئائىلە ئەزالىرى توخۇ گۆشى يېيىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

تال بارىگىنىڭ ئوڭ تەرىپى يەنە باشقا بىر دۇنيا. ئۇ يەردە بۆك ـ باراقسان ئۆسكەن بېھى، ئالما، ئەينۇلا دەرەخ ـ لىرى ئارىسىدا ئىككى مېھمانخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەسىر ئۆز قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن سېلىنغان بۇ مېھمانخانىلارغا

ئابىلىزقارىنىڭ يۈرەك قېنى ئاز سىڭمىگەن. بولۇپمۇ چوڭ مېھمانخانىغا كەلگەندە ئۇ بىراقلا قولى ئۇچۇق كىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئېيتىپ كەلسەك قىزىق، توققۇز - ئون يىللار ئالدىدا ھاپىز مەخسۇم بىلەن ھەمكارلىشىپ يۈرگۈزۈشتۈرگەن ماتا سودىسى تازا پايدا بەرگەن يىللاردا ئاتىسى زامانىدىكى تۆگەخانىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان بۇ مېھمانخانا، ھازىر يەنە سېيىت ھاجى بىلەن ھاپىز مەخسۇمنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ قالغانىدى. قەسىر خوجايىنىنىڭ نەزەرىدە تېپىلغۇسىز ئادەملەردىن ھېسابلىنىدىغان بۇ مېھمانلار، بۇ يەردە شاھانە نېمەتلەر بىلەن كۆتۈلۈۋاتقىلى 20 كۈن بولۇپ قالدى. كەلگەن كۈنىلا قايتىپ كەتكەن كارۋاندىن چۈشۈرۈۋېلىنغان ساندۇقلار مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە زادى نېمىلەرنىڭ بارلىقى ھەر كۈنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەچچە قېتىم قاراپ ئۆتىدىغان ئابلىزقارى ئۈچۈنمۇ بىر تېپىشماق ئىدى. سېيىت ھاجىمۇ بۇ ساندۇقلارغا بولغان نازارىتىنى بوشاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق قىلغاندەك، ئەتىگەندىن كەچكىچە مېھمانخانىدىن چىقمايتتى. كۈن بويى جايناما زدىن چۈشمەي ئولتۇرۇشى ھەرقانداق بىر خۇداكۆي مۇسۇلماننى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتى. پەقەت ھاپىز مەخسۇملا ھەر كۈنى دېگۈدەك تاشقىرىدا يۈرەتتى. بامدات نامىزىدا ئاق مەستچىتە بولسا، پېشىن نامىزىدا ئۇغرىئېرىق مەسچىتىدە پەيدا بولاتتى. جۈمە نامىزىدىن يانغان كىملەردۇر بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن پاراڭلىشاتتى. يۇرت بازىرىغا بارغاندا بولسا، ئۆزىگە ھېچكىمنى ھەمراھ قىلمايتتى. بىرەر مۇلازىمنى ياكى ئوغلىنى قوشۇپ قويماقچى بولغان ئابلىزقارىغا مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرىمىسىلە بۇرادىرىم، كۆزۈم تېگىپ قويۇلغان تەقدىرىدىمۇ قەسىرلىرىدىن ئەندىجانغىچە ئارىلاپ چىقالايمەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

دېمىسىمۇ، ئۇ شۇنداق قىلالايتتى. بۇ قېتىم تاۋاپ قىلغۇچىلاردەك قىياپەت بىلەن كونا بۇرادىرىنى چېكىپ كۆرگىلى كەلگەندە ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرگەن، بۇ يۇرتقا كىرىپ كەلگەن كۈنىلا بۇ يەردە ئۆزى ئايرىلغان يىللاردىن بېرى، خارابىلىشىشتىن ئۆزگە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغىنىغا ئىشەنگەنىدى.

ئون يىل مۇقەددەم، ئۇ تاسادىپىي سەۋەب بىلەن ئىلچى شەھىرىدە ئابلىزقارىغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە بۇ يۇرتقا كەلگىنىدە ئىككى تاغ كەنتىنى ۋە ئۈچ يېزىنى قويماي ئارىلاپ چىققان. ئۆمرىدە بازار يۈزى كۆرمىگەن نادان، گول چارۋىچىلارنىڭ يۇڭ - تېرىسىنى ئەرزىمەس قايچا، پىچاقلارغا تېگىشىپ، يىراق - يىراقلارغىچە توشۇغان. گۈلاخما يېزىسىنىڭ پاختىسى بىلەن چىرىيە يېزىسىنىڭ پىلىسىدىن تاكى ئورۇنبورگلارغىچە كارۋان ماڭدۇرغان. ماتا سودىسى بىلەن تاشكەنت بازىرىدا يۈز تاپقانىدى. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سودىدىن ئالىدىغان بېجىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى ۋە پۇقرالارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قېلىشى تۈپەيلى ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان بۇ يۇرت شۇنچە يىللاردىن بېرى يادىدىن زادى چىقىپ كەتمىگەنىدى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ سودا ئاقساقىلى سىيىت ھاجىغا ھەمراھ بولۇپ بۇ يۇرتقا كېلىشىدىكى مەقسەت ئاللادىن ئۆزگە، پەقەت ئىككىلا ئادەمگە ئايان ئىدى. بۇ ئىككى ئادەم بولسا ئاخشاملىرى ئەل ئايىغى بېسىققاندىلا مەقسەتلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشاتتى.

تومۇز بولۇشىغا قارىماي مەھكەم يېپىلغان مېھمانخانا ئىشىكى ئاستا چېكىلدى. تەسۋى سىيرىگەچ پاراڭلىشىۋاتقان ئىك-

كى مېھمان ئىجازەت بەرگەندىن كېيىنلا بوسۇغىدا بىر ئەركەك-
شى پەيدا بولدى. ئىككى ئىززەتلىك مېھمىنىنىڭ دىۋانە سۈ-
پەت دەۋرىش بىلەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلى-
كىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان ئابلىزقارى دەرۋىشنى دەرۋازا
تۈۋىدىن ئىككى قېتىم ھەيدىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، لې-
ۋىنى چىشلىگەن پېتى قېتىپ قالدى.

— قارىم، ئىلتىپات قىلىپ، غىزا كەلتۈرۈلسە.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئابلىزقارىنىڭ يۈكلىنىپ تەزىم قى-
لىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭلا باشلاندى. ئۈچ باش بىر
پەلەكنىڭ خەمەكلىرىدەك بىر يەرگە كەلدى.

— يېقىن تولىمۇ ئەنسىرەپ قالدىم، يولدا بىرەر ئىش
كۆرۈلمىگەندۇ؟

— يوقسۇ، ھەممە قورۇلدىن تىسالغۇسىز ئۆتتۇم، خۇداغا
شۈكرى.

— كونسۇلدىن تاپشۇرۇق بارمۇ؟

— بار... بار...

39 — 40 ياشلاردىكى پاكار، قارامۇتۇق كەلگەن دەرۋىش
دوپپىسىغا يۆگەلگەن كىرلاش ماتىسا ئارىسىدىن تۆت ئىلىك
قىلىپ قاتلانغان بىر خەتنى چىقىرىپ سېپىت ھاجىغا ئىككى
قوللاپ ئۇزاتتى. روجەكنى ھەم يايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن،
خەتنى ئوقۇشقا باشلىغان سېپىت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى تې-
يىمىز قورۇقلار كېڭىيىشكە، كۆزلىرى كىچىكلەشكە باشلىدى. ئۇ-
نىڭ پادىشاھ زىياپىتىگە باغاق تاپشۇرۇۋالغاندەك ھاياجانلىنى-
ۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— قانداق، يەنە يېڭى گەپلەر بارمۇ؟— سورىدى سېپىت
ھاجى دەۋرىشكە يەنىمۇ يېقىنلىشىپ.

— كونسۇل ئەپەندىم ھەممە گەپنى خەتكە يازدىم دېدى،—

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش.

— كونسۇل يەنە نېمىلەرنى بۇيرۇپتۇ؟

ھاپىز مەخسۇمنىڭ سوئالىغا سېيىت ھاجى قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— «ئۆزۈمنى يە، سېپىنى سورىما» دەپتىكەن، ئىشقىلىپ سودا ئاقسا قىلى دېگەن گۇۋاھنامە قولىمىزدا، قالدى گەپ كېيىن...

ئۇلار شۇ ئولتۇرۇشىدا ناماز شامنىمۇ قازا قىلىشتى، ئابلىزقارىنىڭ قاشاڭ توخۇلىرى چىللاشقا باشلىغاندىلا دەرۋىشنى يولغا سېلىپ بولۇپ، ماڭۇق ياستۇققا باش قويۇشتى.

## 5. باش ئاغرىقى

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئابلىزقارى قانداقتۇر زۆرۈرىيەت بىلەن كىرىپ قالغان بىر بەگنىڭ سارائ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان كۈنىلا بۇ قەسىردە قىيامەت قايىم بولغانىدى. ھەنىپە خېنىم ئېرى شىپى كەلتۈرگەن ھەرقانداق سەۋەبنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ، نىكاھ ئوقۇلۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىرىپ ھېلىقى بەگ بىلەن ئابلىزقارىنىڭ جەددى - جەمەتىگىچە چىشلەپ تارتىپ شۇنچىلىك تىللىدىكى، قىز يەڭگىسى بىلەن ئاخۇنۇمنىمۇ قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. كىچىك خوتۇن ئابلىزقارىنىڭ ئەمرىدە بىرەر يىل تۇرا تۇرۇپلا سەۋەبسىز قازا قىلدى. بىراق، زىيان ئابلىزقارىغا بولدى. ھەنىپە خېنىم ئۇنىڭ گەجگىسىگە شۇنداق مىنىدىكى، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ، قولىدىكى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. خوتۇنىنىڭ سىزغان سىزىقى ئۇنىڭغا بەش ۋاخ نامازدىنمۇ بەكرەك پەرز ئىدى.

ئابلىزقارى ھەنىپە خېنىمنى نىكاھىغا ئالغىلى 25 يىل بولدى. ئۇ تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇرۇنقى ياۋاش، مۇلايىم خوتۇنى مەسئۇدەخاننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ پىنھان كۆز يېشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بولغۇلۇقنىڭ بولغانلىقىنى ]پاتلا ھېس قىلغانىدى. ھەنىپە خېنىم ئۇنداق - مۇنداق ئادەمنىڭ قىزى ئەمەس ئىدى. خالىغان ۋاقىتتا تالاق قىلىۋېتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. تۇنجى خوتۇنىدىن بولغان قىزى بۇۋىمەريەمخاننىڭ 26 ياشقا كىرگەندىمۇ ئولتۇرۇپ قېلىشىنى مۇشۇ خوتۇنىنىڭ ھازازۇللۇقىدىن كۆرەتتى. ئۆگەينىڭ ئۆگەي ئانىدىن خورلىنىشى ئادەتتىكى ئىش، ئۇنىڭغا ئابلىزقارىمۇ ھېچقانچە ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيتتى. بىراق، ئۇنى ئادەتتىكى پۇقراغا بېرىشكە ئۇنىڭ ئابرويى يول قويمايتتى. يېقىنقى كۈنلەردە ھەنىپە خېنىمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى نادىرخان بازار بېگى قۇدا چۈشكەن بولسىمۇ، ئابلىزقارى قۇربىنىڭ يېتىشىچە كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى بۇ ئەقىلنىڭ ئۇنىڭغا خوتۇنى تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەنلىكى، كۈيئوغۇلغا بېرىلىدىغان بىساتنىڭ ئاز بولمايدىغانلىقى، ئۆزىگە ئالىمادىس قازاۋۇ قەدەر يېتىپ قالسا، پۈتۈن ئىگىلىكىنىڭ ئاچا - ئىنى ئىككىسىنىڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقى روشەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆتكەن ئايدا جاپپارموللىغا: «بۇۋىمەريەم خېنىمغا بېلى باغلاقلىق سۈپۈرگە بولسىمۇ مەيلىدى»، ...— دەپ زارلىنىپ بەردى.

بۇگۈنكى دەتالاش يەنە مۇشۇ ئىش ئۈستىدىن باشلاندى.

سېيىت ھاجىنىڭ ئۆزى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان قانداقتۇر شەھەرلەر، مال - دۇنياسىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق بايلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى خۇددى چۆچەك ئاڭلاۋاتقان بالىدەك ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابلىزقارى خوتۇنىنىڭ خاس دېدىكىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە ھەنىپە خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ سوردى:

— قىچقىرتىپتىكەنسىلە، بىرەر زۆرۈر ئىش بارمىدى؟

قوتاز قۇيرۇقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچتىن كەلگەن سالقىن شامالدىن ھۇزۇرلىنىپ، قاتمۇقات كۆرپىلەر ئۈستىدە سۇناي-لىنىپ ياتقان ھەنىپە خېنىم ئاراشتا ئۆزىگە تەلمۈرگىنىچە ئۆ-رە تۇرغان ئىبرىگە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىن-مەس چېچەك ئىزى بىلەن قاپلانغان، قاش - كىرپىكىنىڭ تايى-نى يوق، ئادەمنىڭ ئىزىغىلا ئوخشايدىغان چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. تام تۆشۈكىدەك يۇمىلاق كۆزلىرى قەيەرلەرگىدۇ تىكىل-گەن. دورداي كالپۇكلىرى سۇيدۇك پۇرىغان ئىشەكنىڭ كالپۇك-لىرىدەك غەلىتە بىر تۇستە پۇرۇلگەنىدى. قوناق سوقىدىغان غولدىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دىقماق قوللىرى كۆكسىدە گىرە-لەشكەن، سامان تىقىلغان 20 چارەكلىك تاغارنى ئەس-لىتىدىغان تېنى دوخاۋا تاشلىق كۆرپىلەر ئۈستىدە خۇددى دورەمدىن زىيادە يۈك بېسىلغانلىقتىن چۆكۈپ كېتىۋاتقان قېيىققا ئوخشايتتى.

25 يىللىق خوتۇنىنىڭ مىجەزىنى ئۆزىنى بىلگەنىدەك بىلىدىغان ئابلەزقارى قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ، دېدەكتىن يەلپۈگۈچنى تارتىۋېلىپ خوتۇنىنى يەل-پۈپ تۇرۇپ يەنە سوردى:

— تاۋىڭلار يوقمۇ - نېمە؟ تېۋىپ چاقىرتقۇزايمۇ، ئەۋرى-شىم شەربىتى خېلى مەنپەئەت قىلغاندەك قىلىۋىدى.

ھەنىپە خېنىم ئىشەك يۇمىلىغاندەك يۇمىلاپ، زەدىۋاللىق تامغا يۆلەندى ۋە:

— سىلىدىن بىر گەپنى سورايمەن، تولا ئىنجىقلىماي راستىنى دەڭلا، — دېدى تۇيۇقسىز بويىنى يوق قاپاقتەك بې-

شىنى بۇراپ.

— ھەي خوتۇن، مەن سىلىگە قاچان يالغان ئېيتقان...

— ھىس ئۆزۈڭلە ئۆمرۈڭلىدە يالغان ئېيتمىغانمۇ، — ھەنىپە خېنىم قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك پىخىلداپ كۈلدى، — ھېلىقى مېڭىسىنى قاغا چوقۇلىۋالغان ساراڭنى ئالغاندا يالغان ئېيتقانلىقىڭلىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلىمۇ، ئاغزىغا توپا سۇۋۇغىنىنى، ماۋۇ داپ يۈزنىڭ!

ئابلىزقارىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئاغزىدىن ھى... ھى... دېيىشتىن ئۆزگە زۇۋان چىقمىدى.

— ماڭا قاراڭلا، ياردىن ئۆچتى، قانىتى سۇندى، دەپ تولا ئەزمىلىك قىلماي توغرىسىنى دەڭلا، سېيىت ھاجىم ھېلىقى ئەر ياراتمىغان قىزىڭلىنى نېمە قىلماقچىكەن؟

ئابلىزقارى سەگەكلەشتى. يەلپۈگۈچنى يېنىغا تاشلاپ قويدى-دە، خوتۇنى تەرەپكە سۈرۈلدى:

— نېمە قىلماقچىكەن دېدىڭلىمۇ؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭلا، سېيىت ھاجىم بۇۋىمەريەمنى باغدا چۆگىلىتىپ يۈرگەندە كۆزۈڭلىگە بىر نېمە كىرىپ كەتمىگەن بولغىيدى!

— توۋا دەڭلا، ئۇنداق ئىش بولمىغاندۇ خوتۇن، بۇ دېدەكلەرنىڭ ياكى مالايلارنىڭ تاپقان يالغان-ياۋىداق گېپىدۇ...

ھەنىپە خېنىم دىمىقىدا پىنىنە سورۇپ قويدى-دە، ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— يالغان-ياۋىداق دەيدۇ تېخى ماۋۇ ئاۋلاق، مانا مۇشۇ كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مانا مۇشۇ كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆزىگە كىرىپ كەتكۈدەك چىناپ تۇرۇپ.

خوتۇنىنىڭ بۇ سوئال-سورىقىدىن بەك چېكىۋالغاندەكلا گاڭگىراپ قالغان ئابلىزقارى تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— سىلىدىن بىر گەپنى سورايمەن، تولا ئىنجىقلىماي راستىنى دەڭلار، — دېدى ئۇ ئېرىگە، بوينى يوق قاپاقتەك يوغان بېشىنى بۇراپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھۆمىيىپ.

غا كەلتۈردى. قايسى كۈنى ئۇ مالايلارنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئېپسىل مېھمانلار ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر لېگەن پولۇ ۋە بىر ئاياق قېتىقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قىزى ئارقىلىقلا كىرگۈزگەنىدى. ئۇ، نېمە ئىش بىلەندۇ قىزىنىڭ ئارقىسىدىنلا مېھمانخانىغا كىرىپ قالدى ۋە سېيىت ھاجى بىلەن قىزىنىڭ بىر ئۇبدان پاراڭ سېلىشىۋاتقىنىغا كۆزى چۈشۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— قانداق، دېمىگىلار ئىچىگىلىكە چۈشۈپلا كەتتىمۇ، — دېدى خىيالغا پاتقان ئېرىنىڭ پېشانىسىدىن نوقۇپ قويۇپ ھەنىپە خېنىم،— راست دەپتىمەنمۇ؟

— راست... راست...

ئابلىزقارى كۆزىنى بىر نۇقتىدىن يۆتكىمەي تۇرۇپلا جاۋاب بەردى. ھەنىپە خېنىم تۈيۈقسىز چالۋاقاپ كەتتى:

— بوينىڭلىنىڭ تۆپىسىدىكى قاپاقمۇ ياكى كاللىمۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىڭلىمۇ، — يوقمۇ؟ سېيىت ھاجىم ئورا تۆۋى قىزىڭلىنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراپ قالسا، نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

— مانا... مانا...، دېمىدىممۇ، كاللاڭلا ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدۇ سىلىنىڭ، شۇنداق بولمايچۇ؟!

ئېرىنىڭ تۈيۈقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشى خوتۇنىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئابلىزقارى ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى تۇتقىنىچە ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، ھاياجىنىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، ئىشىمىزنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى خوتۇن، ھاجىم ئېغىز ئاچقان ھامان ئىككى يېنىمىزغا قارىمايلا ماقۇل دەيمىز-دە! — دېدى.

ئىبرىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن قىلغان بۇ سۆزى كالىنىڭ قېرىنىدەك لىغىرلاپ تۇرغان يوغان كۆكسىنى ئاران كۆتۈرۈۋاتقان ھەنسپە خېنىمنى ناھايىتى تېزلا ئاياغقا تۇرغۇزدى. ئۇ ئاچچىقىدا يەرگە ئىككىنى تەپتى، ئىبرىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ ياقىسىدىن «كاپ» قىلىپ ئالدى:

— ھىم، نىيىتىڭ شۇمىدى سەن پوق ساقالنىڭ!؟ قىدزىڭغا ئەر چىقماي، ئەر جانىپىدىن كۆزى تۆت بولغاندا، ۋاي نادىرخانغا ئۇنى دەيلى، بۇنى دەيلى، دەپ قۇلاق ئۇردۇڭ. مەن مەيلى، ئەرسىزنى ئەرلىك قىلىپ ئاز - تولا ساۋاب تاپسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئۇنى باشلاپ كەلسەم بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ بولغۇچە ئۇنداق كويىئوغلۇم، بۇنداق كويىئوغلۇم دەپ ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يەتتى. مېھرى ھەققىگە ھېسابلاپ بەرگەن بەش تۆگە بىلەن بىر مالايىنىمۇ مۇك سالدىڭ، توي كۈنىگە ئاز قالغاندا، ئەمدى ئاغزىڭغا توپا سۇۋامسەن ۋاپاسىز!؟...

خوتۇنى ئۇنىڭ ياقىسىدا گۆلەڭگۈچ ئۇچماقتا ئىدى. چىدرايى توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئابلىزقارى نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلايتتى.

— تۆگىلەرنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولدۇڭ، ئەمدى قۇسە تۆگىلەرنى! بىلەمسەن، ئۇكام نادىرخان دېگەن دادامنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى جۇمۇ!

خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ئۇ خوتۇنى مۇشۇنچە بىشەملىك قىلغاندا باش - كۆزىنى لەختە - لەختە قان قىلىۋېتىشى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمىسە، ئۆزىگە سادىق مالاي رەھمەتنى ياردەمگە چاقىرغانمۇ بولاتتى. بىراق، خوتۇنى مەيدىسىگە ئۇرغاندەك ئۇنىڭ دادىسى كىرىيىدىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ بىرى، تەسىرى جەھەتتىن ئالغاندا، ئابلىزقارى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەر-

زىمەيتتى. ئەگەر بۇ جېدەلنى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان چارە بىلەن بېسىقتۇرمىسا، خوتۇنىغا بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدىغان نادىرخان بازار بېگى ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

— ھوي خوتۇن، خاپا بولماڭلار، مېھمانلار ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ، ئۇلار تېخى سىلىگە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپتۇ، ئۇلارنى رەنجىتمىگىنىمىز دۇرۇسمىكىن...

ئابلىمىزقارى خوتۇنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ «ئۇستىرا كاپىقا ئۇلتۇرىدۇ، خوتۇن لاپقا» دېگەن تەمسىلنى ئوبدان بىلگەچكە، خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا يەنە لاتا - پۇتا بىلەن ئۇردى - دە، يار كەتكەن ئۆستەڭنى پاخال بېسىپ توختاتقاندەك، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە ئۆز مەقسىتىگە داۋاملىق يول ئېچىش ئىشەنچى تۇغۇلدى.

— ماڭا قاراڭلا خوتۇن، كونىلاردا «ئىشەكنىڭ ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى قاقلا» دېگەن بىر گەپ بار. ئەتە - ئۆگۈن جاھان نېمە بولىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سېيىت ھاجىم ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭلار لىڭشىپ قالدى، دەۋاتىدۇ. ئالىمادىس بېشىمىزغا كۈن چۈشسە، مۇرەببە بولىدىغانغىمۇ ئادەم لازىم. سېيىت ھاجىم ئۇنداق - مۇنداق ئادەم ئەمەس، نىكنەيىنىڭ (نىكولاينىڭ دېمەكچى) سودا ئاقساقىلى، قولئىلكىدىمۇ بار، بۇ ھۆرمەتلىكنىڭ نەزەرى قىزىمىزغا چۈشۈپ قالدى دېگەن گەپ، بېشىمىزغا دۆلەت قۇشى قوندى دېگەن گەپ.ئۇ چاغدا سىلى سېيىت ھاجىمنىڭ قېيىن ئانىسى بولىسىلە ئەمەسمۇ؟

ئېرىنىڭ ياقىسىدىن قولىنى بوشىتىپ پەسكويىغا چۈشكەن ھەنىپە خېنىم ئەمدى ئېرىنىڭ گەپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— بىر تېخى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېۋاتىمىز خوتۇن، سېيىت ھاجىم قىزىمىزنى يارىتامدۇ - ياراتمامدۇ، بۇ تېخى بىر گەپ.

— ھوي ئادەم، بۇ نېمە دېگىنىڭلا؟ — ھەنىپە خېنىمنىڭ غەلۋىرىنىڭ شىرىسىدەك چوقۇر يۈزىدە دانە - دانە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى، — مەن تېخى سىلىگە مېھمانلاردىن بىرەر بېشارەت بولدىمىكىن دەپتىمەن، ھاجىم قىزىمىزنى ياراتمايمۇ قالارمۇ؟

— كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ خوتۇن، سىلى مۇشۇنداق سوقۇشۇۋەرسەڭلە، مېھمانلار ئاڭلاپ قالسا، بۇلار بەك نادان ئىكەن، دەپ قىزىمىزنى ياراتماي قېلىشى ئېھتىمال.

ھەنىپە خېنىم ئۆزىنىڭ بىشەمىلىكىنى يۈزىگە سېلىپ ئۆستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكچى بولغان ئېرىگە يەنە دومسايدى - دە:

— بوپتۇ ياراتمىسا، توشۇكى بار مونچاق يەردە قالماپتۇ دەپتىكەن. نادىرخانغا تويىنى قىلىپ قويايلى ئەمىسە! — دېدى.

— يوقسۇ... يوقسۇ... يوقسۇ، — ئابلىزقارى ئىككى ئالقىنىنى ئالدىغا سوزۇپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىشقا ئالدىرىدى، — قىزىمىزنى يارىتىدىغانلىقىدا گەپ يوق، سەمىڭلىگە سېلىپ قويايى، مېھمانلار ئالدىڭلىغا سوۋغاتنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە قىزىمىز يېنىڭلىدا بىللە بولسۇن، ئۇقتۇڭلىمۇ؟...

ھەنىپە خېنىم بارمىقى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ تۇرۇپ تازا بىر ئويلىنىۋالدى ۋە دانە - دانە قىلىپ:

— سېيىت ھاجىم «ئېشىكىم ئۈستەڭدىن ئۆتكۈچە» دېگەندەك، قىزىمىزنى ئەمرىگە ئېلىپ بولۇپلا بىزنى تاشلىۋەتسىچۇ؟ — دېدى.

— ھەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭلە، — ئابلىزقارى كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى چىۋىن ئۈركۈتكەندەك پۇلاڭلاتتى، — تاشلىۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋاپا قىلغاندىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ، ھېلى ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، بىزنى تېخى ئاقپاششاغا پۇقرا قىلىپ قويمىدىغاندەك.

— نېمە دېدىڭلار؟ — ھەنىپە خېنىم ئېرىنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — يەنە بىر دەڭلا؟

— بىزنى نىكسىنەي پاششاغا پۇقرا قىلىپ قويغۇدەك.

— نىكسىنەي دېگىنىڭلار كىم ئۇ، ئۇنىڭغا پۇقرا بولسا نېمە بولغۇدەك؟

— ھەي، تولىمۇ كوچىلاپ كەتتىڭلا، بىر يىللى تېرە سېتىۋالغىلى كەلگەن سېرىق چاچ، كۆزى ئوسىمدەك كۆك بىر كىشىنى كۆرگەنمىدىڭلا؟

— كۆرگەن ... كۆرگەن، نىكسىنەي دېگىنىڭلار شۇمىدى، ۋاي قوۋۇرغامەي، ئۇنداق كىشىگە پۇقرا بولۇپ نېمە كەپتۇ؟

— ئۇنىڭغا ئەمەس، ئاشۇنداق تائىپىنىڭ بىر پادىشاھى بار، شۇنىڭغا پۇقرا بولىدىكەنمىز. ئۇنىڭغا پۇقرا بولۇپ قالساق، كۆنىمىز تۇغدى دېگەن گەپ، خەقنىڭ ئالدىدا بېشىمىز ئېگىز بولىدۇ، گېپىمىزنىڭ تورى بولىدۇ، خاقانى چىنغا باجمۇ تۆلىمەيمىز، ئەندىجان، ناماڭگان دېگەن يەرلەرگە كارۋان-كارۋان مال ماڭغۇزۇپ تۇرىمىز. ھەي ئۇ چاغدا ...

— ھە، ئۇ چاغدا نېمە؟ — ھەنىپە خېنىمنىڭ چىرايى يەنە جىددىي تۈس ئالدى، قوشۇمىلىرىدىكى قورۇقلار كۆپەيدى، — گېپىڭلىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىڭلىغۇ، ئۇ چاغدا مېنى قويۇپ بېرىپ، ئۇ يەردىن خوتۇن ئالاي دەمسىلە؟

— يوقسۇ ... يوقسۇ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىلەر خوتۇن. بىز 25 يىل ئۆي تۇتقان تۇرساق، يەنە نېمىدەپ ...

ھەنىپە خېنىم چوڭ تىنىپ قويدى. يۈرىكى جايىغا

چۈشتى بولغاي:

— ئۇ چاغدا قەيەرگە بارساڭلار مېنى بىللە ئېلىپ بارسىلەر جۇمۇ، مېنىڭ ئۈستۈمگە ھېلىقى ساراڭنى ئالغان ئادەمنى ھەر نېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى نازلانغان ھالدا.

— كۆڭلۈڭلەرنى توق تۇتۇڭلار، تاۋار - دۇردۇنلارغا كۆمۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

ھەنىپە خېنىمنىڭ كۆزىگە ئېرى بىراقلا بەش قول ئېگىز - لەپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئىچ - ئىچىگە پاتماي كەتكەن خۇشاللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەستەن يۆتىلىپ قويدى ۋە:

— سىلىگە شۇنىمۇ دەۋالاي، بايام مېھمانلار ماڭا سوۋغا تەييارلاپتۇ دېدىڭلىغۇ، بىر - ئىككى كۈنگىچە بىر گەپ بولمىسا ئۇلارنىڭمۇ، سىلىنىڭمۇ گېپىڭلىگە ئىشەنمەيمەن جۇمۇ، ئۇ چاغدا ئۇكام نادىرخاندىن قانداق قۇتۇلغىنىڭلىنى بىر كۆرەي، — دېدى.

— ھەي، ئۇلار بەرمىسە ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن، قانچە پۇل كەتسىمۇ، مەيلى.

— گېپىڭلىدە تۇرۇڭلار جۇمۇ!

## 6. ھاجىمنىڭ سېخىيلىقى

ئۈستى قۇملۇق، ئاستى تاشلىق چۆلدىن ئۆستەڭ ئېلىش ئىشى كىچىككىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ قويغان ياكى ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلار ئۈچۈن جازا تەرىقىسىدە يارىتىلغان مېھنەت بولسا كېرەك. بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرىدە مۇنداق مېھنەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ئۆلمەي تۇرۇپلا دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. بىر كەتمەن قۇمنى تەسلىكتە تارتىۋالساڭ، ئۇنىڭ ئورنىنى سۇدەك ئېقىپ چۈشكەن ئالتە كەتمەن

www.uyghurkitap.com

قۇم تولدۇرۇپ ئۆلگۈرىدۇ. شىغىل، تاشلار ئوچاقتىن ئەمدىلا ئېچىۋالغان تۇخۇمدەك قىزىپ كېتىدۇ. پېشانىگىدىن تۆكۈلگەن تەرلەرنى «پاژ» قىلىپلا ھورغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان قورام تاشلارنى خۇددى مەشنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ قاشقا ئالسەن. مۇشۇنداق چاغدا كۆتۈرۈلگەن شامال ئوچاقتىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇندەك يۈز-كۆزلىرىڭنى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ. كۆزلىرىڭگە قۇم تىقىپ، ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ. چىشلىرىڭ تىرىق چايىنىغاندەك غۇچۇرلايدۇ...

قالماقدۆك ئۆستىڭىدە جان تالىشىۋاتقانلار كەنت تەرەپكە كۈنسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇن نەچچە كۈن كولانغان بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تۈگمەنلىك سۇ يېڭى ئېلىنغان ئۆستەڭگە سىڭىپ كېتىپ، بىر تۈگمەنلىككىلا قالغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ ھاشارچىلار ئارقىسىدىن خۇددى كۈچۈكتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەھەللىدىن كەلتۈرۈلگەن، خاتىپ بەگزادىنىڭ تەقسىماتىغا قاراشلىق بولغان ئازغىنە سۇ بىلەن يۈرىكىنى نەملەپ تۇرغان ھاشارچىلار ئەمدى تەشنالىقتىن قىينالمايدىغان بولدى. ئەمما، ئېغىر ئەمگەكتە خوراۋاتقان دەرمانلىرىنى تولدۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيۋاتقان ئاچلىق ئۇلارنىڭ بېشىدا خۇددى جان ئالغۇچى ئەزرائىلدەك ھەر ۋاقىت ئەگىپ يۈرەتتى. مىراب بېگى بىلەن ئابدۇللا چاققاننىڭ ئابلىزقارىنىڭ چاڭگىلىدىن يۇلۇۋالغان ئاشلىقى ھەر بىر ھاشارچىنىڭ بىر ۋاخلىقىغا ئاران يېتەتتى. ئەتىگەندە مىتە چۈشۈپ كەتكەن گۈلە ياكى قاغا جىگدىسى سېلىپ ئېتىپ بېرىدىغان داشقازان ئۇمىچىدىن ئۆزگە، پەقەت كەچ كىرگەندىلا بىر ئادەمگە بىر ئوچۇمدىن كېپەك ئارىلاشتۇرۇلغان قوناق ئۇنى بۆلۈپ بېرىلەتتى. ھەركىم ئۆز ئاياقلىرىدا خېمىر يۇغۇراتتى-دە، تەمەچ تېرىپ كېلىپ ئوت يېقىپ، كۆمەچ كۆمۈش

گە باشلايتتى. غولدۇرلاۋاتقان قورساق ۋە خوراۋاتقان دەرمان
كۆمەچنىڭ ۋايىغا يېتىپ پىششىغا يول قويمايتتى. ھاشارچىلار
كۆل ئارىسىدا ئەمدىلا قېتىشىشقا باشلىغان قاپقارا خېمىرنى ئۈچ-
تۆت يالماپلا يۇتۇۋېتىشەتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ، چۆچۈلگە ئوخ-
شاپ قالغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلەۋېتىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ
قالىدىغانلارمۇ بولاتتى.

— خالايىق، يەنە ئىككى كۈن چىداشلىق بېرىڭلار! ئۆس-
تەڭ مەھەللە ئېرىقىغا تۇتاشقان كۈنى ھەممىڭلارغا ھېيت
بولىدۇ،— دەيتتى قاشتىكى سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان خاتىپ
سىرلىق كۈلۈمسىرەپ.

خاتىپ بەگزادىنىڭ مۇتتەھەملىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر-
دىن ئۇنىڭدىن قورقمايدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ ئادەتتە مەيلى
ئاتلىق سەپەرگە چىقسۇن، ياكى پىيادە بولسۇن چوڭ بارماق
تومۇقىدىكى قامچىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى.
«خاتىپ بەگزادە ئۇخلىغاندىمۇ قامچىسىنى تەكىيە ئاستىغا قويۇپ
ئۇخلارئىمىش» دېگەن گەپلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىمۇ بىكار
بولمىسا كېرەك، غىزا يېگەندىمۇ ئوڭ قولىغا قوشۇق ئالسا،
سول قولى قامچا تۇتۇش ئىشىنى بېجىرەتتى. قارامتۇل، دىق-
ماق، بۇرۇتىنى قولىقىغىچە يەتكۈزۈپ قويۇۋەتكەن بەگزادىنى
كۆرگەن باللار خۇددى ئۈركۈگەن قۇشقاچلاردەك پىنھان
جايلارغا مۆكۈشەتتى. ئېگىز قاسقانلىق قارا بوز يازلىق تەلپەكنى قې-
شىنى باستۇرۇپ كىيىپ، سەل كالتىراق تىكىلگەن بەقەسەم يەكتىكى
ئۈستىدىن يېنىچە باغلانغان كەشتىلىك ياغلىققا ئىككى غېرىچ
كېلىدىغان خەنجەر غىلىپىنى ئېسىپ يۈرگىنى ئۈچۈنمىكىن، كىشى-
لەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «ھەزلەك بايۋەچچە» دەپمۇ تىللىشاتتى.

مەئىشىتى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان ئائىلىدە چوڭ بولغان
خاتىپ بەگزادە كىچىكىدىمۇ ئۇششۇق، مۇتتەھەم ئىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

يوقسۇللارنىڭ باللىرىنى تۇتۇۋېلىپ ھەرە ئۇۋىسى ئالدىغا باشلاپ باراتتى-دە، قولىغا بىر تاياقنى تۇتقۇزۇپ، ھەرە كۆزىنىكىنى كوچىلاپ بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنىڭغا ئۇنىمىغان باللارغا ئېسىلىۋېلىپ زادى قويۇپ بەرمەيتتى. باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ئىلاجسىز قالغان باللار ئاخىر ماتا كۆڭلەكنىڭ پېشى بىلەن يۈز-كۆزىنى يېپىپ، ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا ياغاچ تىقاتتى. تىنچ تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇپ تاشلانغىنىغا غەزەپلەنگەن ھەرىلەر جان-جەھلى بىلەن ئۇچۇشۇپ چىقاتتى-دە، باللارنىڭ كەلگەنلا يېرىگە زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىيتتى. قاش-كۆزى ياكاقتەك-ياكاقتەك ئىششىپ چىققان باللار جان ئاچچىقىدا چىرقىرايتتى، يۇمىلايتتى. دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان خاتىپ بولسا، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ مەززە قىلاتتى...

بىر كۈنى يېشى خاتىپتىن چوڭراق بولغان ئىككى بالا ئۆچ ئالماقچى بولۇپ، قەسىرنىڭ كەينىدە ئۇخلاپ قالغان خاتىپنى ئاستا كۆتۈرۈپ بىر كونا تاملىقتىكى ھەرە ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنى سىرىق ھەرە ئەمەس، بەلكى قارا ھەرە چېقىۋاپتۇ-دە، ئۇنىڭ يۈزىنى مۇشتتەك ئىششىتىۋېتىپتۇ. تېۋىپلار تۈز لېيى سۈركەپ، سىركە ئىچكۈزۈپ ئامال قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئىششىق زادى يانغىلى ئۇنىماپتۇ. نامرات باللارنىڭ ئۆچى بولغان ئاشۇ ھۆررەك ھازىرمۇ ئۇنىڭ يۈزىدە چاپلىشىپ قالغان ئىشەك تېزىكىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

خاتىپ بەگزادە ھەنىپە خېنىمىنىڭ بىردىنبىر يالغۇز ئوغلى بولغاچقىمۇ، پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئۇ، 17 يېشىدا بىر قېتىم ئۆيلەندى. خوتۇنى تۇغۇتتا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ يەنە ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى گەپلىرىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ تۈزغا

كۆنگەن ئىتتەك، بىچارە پۇقرالارنىڭ قىزلىرىنى بوزەك قىلىپلا يۈرەتتى. بىرەر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدىمۇ، كانىدەك چاپلىشاتتى- دە، ئاياغ ئاستى قىلماي قويمايتتى. بەزىدە يۇرت ئارىلاپ قەيەرلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى، بىر چاغلاردا قاپىقى كۆكەرگەن ياكى پۇت-قولى سۇنغان هالدا قايتىپ كېلەتتى. ئاپارغان پۇل-مېلىنى تاۋكادا ئۇتتۇرۇۋېتىپ سولىشىپ يېنىپ كەلگەن چېغىدىلا، قۇلىقى ئانچە-مۇنچە يۇمشاپ قالاتتى. بۇ قېتىم دادىسى ئۇنى ئۆستەڭگە نازارەتچىلىككە ئەۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭغا تۇرغۇن پۇل ۋەدە قىلغانىدى.

كۈن غەربكە ئېگىلگەن چاغ. ئوچۇق ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق. تۇخۇم كۆمسە پىشقۇدەك قىزىپ تۇرغان سايدا شەيتان سۈيدۈكىدىن ئۆزگە هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۆستەڭنى كەنت ئېرىقىغا ئۇلاشقا 20 غۇلاچچە قالغان، تۆمۈرچى قادىرئاخۇن قاقراغا قۇرۇۋالغان ئوچىقىدا ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئۇچى قايرىلغان جوتۇلارنى، چولاق كەتمەنلەرنى بولقىسىنىڭ زەربى بىلەن تۈزلىمەكتە. تۆمۈر تۆمۈرگە سوقۇلغاندا چىقىدىغان يېقىمسىز ئاۋاز چۆل قوينىدا جاراڭلىماقتا ئىدى. سۈپۈرگەئاخۇن مىستەك پارقىراپ كەتكەن قولىدىكى ئېغىر بازغان ئارقىلىق، ئۆستەڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان قارا تاشنى جاهىللىق بىلەن كۆچەپ پارچىلىماقتا ئىدى. بازغان زەربىسىدە يالت-يۇلت ئۇچقۇن چىقىرىپ كۆيگەن تاشنىڭ پۇرىقى بۇرۇننى ئېچىشتۇراتتى. قارىيىپ، كۆيۈپ كەتكەن دۈمبىسىدىن خۇددى ماتا خالتىغا ئېلىنغان قېتىقنىڭ سۈزمە سۈيىدەك تەپچىپ چىققان تەرلەر ئومۇرتقىسىنى بويلاپ سىرغىيتتى-دە، تاپىنى ئاستىدىكى شېغىلنى هۆل قىلاتتى.

مەھەللە تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئاسمان-پەلەك بوخوناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا تامدەك مەزمۇت قاشقا ئاتقا مىنگەن غوجىدار كۆرۈندى. ئۇ تۇياقلىرى يەرگە تەگمەي چېپىۋاتقان ئاتقا ھەدەپ قامچە ئۇرغان پېتى كەپە يېنىغا كەلدى-دە، ئېتىنى يىگىتلەرنىڭ بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خاتىپقا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغىلى تۇردى. قارىماققا ئۇ مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ خاتىپ قېشىدا كۆپ ھايال بولمىدى. چاپچىپ تۇرغان قاشقىغا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، قانداق كەلگەن بولسا، شۇنداق قايتىپ كەتتى.

ھاشارچىلار ئۇقتەك كېلىپ، ئوقتەك قايتقان چاپپار مول-لىغا ۋە ئۇلارنىڭ بىر نېمە دېيىشىشلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ كۆتۈدىغىنى كۈن ئولتۇرۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغاندا ئاندىن يېتىپ كېلىدىغان ئىش-نى يىغىش ۋاقتى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەردىن باش كۆتۈرسىلا قارايدىغىنى ئاسمان گۈمبىزىدە ھارغىنلىق يەتكەن تۆگىدەك ئاستا سىلجىۋاتقان قۇياش ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇياشنىڭ بويىغا سالما تاشلاپ، ئۇپۇق تەرەپكە سۆرەپ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەڭ چوڭ قۇم دۆڭىگە چاپلىۋەتكۈسى كېلەتتى. بار مالامەت قۇياشتىن كېلىۋاتقاندەك، ھەممىسى قاراپ قويىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

جاپپار موللىنىڭ قارىسى يوقار-يوقماي خاتىپ ۋە ئۇنىڭ خاس يىگىتلىرى كەپىدىن پىتىراپ چىقىشتى ۋە ھا-شارچىلارنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى.

خاتىپ ئۆكۈزنىڭ گەدەن تېرىسىنىڭ تاسمىسىدىن ئۆرۈل-گەن، ئۇپىراپ پارقىراپ كەتكەن قامچىسىنى كىملەرنىڭدۇ قولاق تۈۋىدە قارسىلدىتىپ تۇرۇپ:

— كۆزلىرىڭ ئېچىلىپ قالىدىغان بولدى سەن نادانلارنىڭ، ئاقپاششا ئېلىدىن كەلگەن سېيىت ھاجىمنىڭ دىدارىنى كۆ-رۈشكە نېسىپ بولۇشقان بولدۇق، ئوبدان ئىشلەش جۇمۇ! —

دەپ ۋارقىرىدى.
مەھەللە تەرەپتىن كۆرۈنگەن ئالىمان بىر پەستىلا ئۆسـ-
تەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇلار سىپىت ھاجى، ھاپىز مەخسۇم
ئابلىـزقارى، جاپپار موللا قاتارلىقلار ئىدى. رەھمەت سىپىت
ھاجىنىڭ بېشىغا سايىۋەن تۇتقانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇقرالار!

ئاتتىن چۈشۈپ قاش ئۈستىگە كەلگەن سىپىت ھاجى كۆ-
لۈمسىرەپ تۇرۇپ ھاشارچىلارغا سالام بەردى. ئاغزىنى مىدىر-
لاتقۇچىلىك دەرمانى قالمىغان ئىشلەمچىـلەر سىپىت ھاجىـنىڭ
سالامىغا جاۋاب بېرەلمىدىمۇ ياكى بۇ سالامنى ئىلىك ئالغۇسى
كەلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇتۇنغان ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەر-
دى. پەقەت خاتىپلا قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئىك-
كى قولىنى سوزغانچە سىپىت ھاجىـنىڭ ئالدىغا دوگـغاسلاپ
باردى. مىراب بېگى ئەدەب يۈزىسىدىنلا سالامغا سالام قايتۇر-
دىيۇ، قول بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆزى سىپىت ھاجىنىڭ ئارقىسـ
دا ئىبسىل باھالىق كىمخـاب تون كىيگەن ھالـدا گىدىيىپ
تۇرغان ھاپىزدىن ئۈزۈلمەيتتى. نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ، ئەتراـ
پىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئانچە زەن قويمايتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامائەت! — ئابلـىزقارى يۈمۈلۈپ
گازىردەك قالغان پىت كۆزلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئاپتاپنىڭ چىپ-
قىشىدىن توسۇپ تۇرۇپ، ھاشارچىلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا
دېدى، — بۈگۈن ھۆرمەتلىك تۆرەم سىپىت ھاجىم بىلەن ھاپىز
مەخسۇم ئىسسىقنى ئىسسىق، چۆلنى چـۆل دېمەي قېشىڭلارغا
كېلىپ، ھەرقايىسىڭلارغا مۇبارەك نەزەرىنى سالدى. قېنى، ئوبـ
دان ئىشلەڭلار، ھاجىم يۇقرالىرىمىزنىڭ كارامىتىدىن سۆيۈنسۇن!

ئۇ ئارقىدىنلا سىپىت ھاجى تەرەپكە بۇرۇلدى - دە:

— مانا بۇ پېقىرنىڭ يۇرت ئەھلىگە باشچىلىق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يۈرگۈزگەن ئىشىم، — دېدى.

سېيىت ھاجى ئۈستەك قېشى بىلەن ھاشارچىلار قاتارىنى كۆزىدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۈنلۈك قىلىپ:

— ئوبدان، ئوبدان، تولىمۇ بەلەن ئىش بوپتۇ قارىم، ھەممەئىلىك يۇرت بېشى ھەر زامان پۇقرالىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ، بۇ بۇرۇن ئۆتكەن ئادىل پادىشاھلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم! — دېدى.

«ۋايجان! ...»

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تەنسىز ئاۋاز سېيىت ھاجىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ تۆت قەدەم نېرىسىدا ئىككى تاش ئارىسىدا قالغان قولىنى چوغ تۇتۇۋالغاندەك سىلكىۋاتقان ھەمىت قاشقا ئىگىرىماقتا ئىدى. قاپقارا قان ئۇيۇپ قالغان بارمىقىنى دەم ئاغزىغا سېلىپ شورايتتى، دەم دۇتار چېلىۋاتقاندەك سىلكىيتتى. 45 ياشتىن ھالقىپ قالغان بۇ كىشىنىڭ ھالى يامان ئىدى. تولا ئىشلەتكەن تۇلۇمدەك كىرلىشىپ، پارقىراپ كەتكەن تېرىسىنى پۇرچاقتەك - پۇرچاقتەك تەر قاپلىغانىدى. قارىمۇتۇق چىرايى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتى تىنىمسىز تىترەيتتى.

— ھاي ... ھاي، بەگزادەم!

سېيىت ھاجىنىڭ ھېلىلا كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى. ئالدىغا ئىككى قەدەم چامدىدى - دە، ھېمىت قاشقىنى نوقۇش ئۈچۈن قامچا كۆتۈرگەن خاتىپنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، سىلكىۋەتتى.

— بۇ ... بۇ، — ئۆمرىدە قىلمىغان دېگەن ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلالماي قالغان بەگزادە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆزىنى ئاقلىدى، — بۇ بەك ھېيلىگەر ئادەم ...

سېيىت ھاجى «توۋا، توۋا» دېگىنىچە توختىماي ياقى-

سىنى چىشلەيتتى. ئۇ، ئوغلىنىڭ گۇناھىنى دادىسىنىڭ يۈزىگە سالماقچى بولغاندەك، ئابلىزقارىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ:

— ئالLا ئۆز بەندىسى ئۈچۈن غەرەز ئۇقتۇرسۇن دەپ تىل ئاتا قىلغاندۇر، مۇسۇلمان بەندىنىڭ جىسمىنى بۇنداق قامچا بىلەن ئازابلاش ھاكىملار ئۈچۈن چوڭ گۇناھ، ھەدىستە قۇللارنى ئازابلىماسلىق ۋەجىدىن ئۇلۇغلىرىمىز نېمە دېگەن؟ — دېدى.

ئابلىزقارى جاۋابىتا تۇتۇلدى - دە، «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، ئاچچىقىنى ئوغلىدىن چىقاردى:

— يەنە نېمىگە قامچاڭنى كۆتۈرۈپ تۇرىسەن، ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلا!

خاتىپ دادىسىغا يېۋەتكۈدەك ئالىيىپ قويدى - دە، قېيىدىغان پېتى بىرىپ بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر ھومىيىشىدىن ئابلىزقارى ئەندىشە ئىچىدە تىترەيتتى. ئوغلىنىڭ جامائەت ئالدىدا ئۆزىگە يېنىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— داد تەقسىرىم! داد!

ئاغرىق ئازابى ۋە خاتىپ بايۋەچچىنىڭ ئاھانىتى تۈپەيلى تاشاي دەپ يەنە سىڭىپ كەتكەن ياش ھىمىت قاشقىنىڭ كۆزىنى قايتا تولدۇردى - دە، تېشىپ چىقتى. ئۇ بېشىغا توپا چاچقان پېتى سېيىت ھاجىنىڭ مەسىلىك ئايىغىغا يىقىلدى. بۇ بىچارە ھاشارچىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى تەسىر قىلدىمۇ - نېمە، سېيىت ھاجى كۆزىگە ياش ئالدى ۋە دەرھال ئېگىشىپ، داد ئېيتقۇچىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى:

— ئالLاغا شۈكرىكى، ئۇ بىزگە پاختىدەك يۇمشاق كۆڭۈل، ھەرنە دەردكە دەرمان بولغۇدەك تاقەت بەخش ئەتكەن، ھەرقانداق دەردىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئادالەت تارازىسى ھەق بىلەن ناھەق ئالدىدا سەزگۈردۇر.

www.uyghurkitap.com

ئابلىزقارى، خاتىپ بەگزادە ۋە جاپپار موللىلار «ئەمـ
دى قانداق قىلغۇلۇق» دېگەندەك، كۆز بېقىشىۋالدى. ھېلىغىچە
بولقىسىنى تاشلىماي تۇرغان قادىر تۆمۈرچىمۇ سوپۇرگە مىراب
بېگىنىڭ ئىشارىسى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقان ھاشارچىلار توپى
ئارىسىغا كەلدى.

— ھۆرمەتلىك تۆرەم، — دېدى ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ھىمىت قاشـ
قا، — مۇسۇلمان بەندىگە ئىچ ئاغرىتىدىغان رەھىمدىل تۆرىنى
ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، تەۋەككۈل
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز دەردىمنى ئېيتىشقا
رۇخسەت بولارمىكىن؟

ھىمىت قاشقا پۈتۈن جاسارىتىنى توپلاپ سۆزلىمەكتە
ئىدى. ئىختىيارسىزدىن تاشقىرى قورقۇپ قېلىپ، پۇرسەتنى
قولدىن بېرىپ قويىماي دېگەندەك، ئۆكسۈلى قاچقان ئابلىز-
قارىغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ سېيىت ھاجىنىڭ رۇخستى
بىلەن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئەرزىنى بايان قىلدى:

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا تۆرەم، بىز بۇ چۆلدە ئۆستەڭ
چېپىۋاتقىلى بىر ئايغا يېقىنلىشىپ قالدى، پۇقرانىڭ ئىلكىدە
يېگۈدەك ھېچنېمە يوق. قازناقلىرىدا ئاشلىق-دان سېسىپ
ياتسىمۇ، قارىمىنىڭ بىزگە رەھمى كەلمىدى. مىراب بېگىم
بار-يوق بىساتى بىلەن دەردىمىزگە ئاز-تولا دەرمان بولدى.
ئۆزلىرىنى ئادالەتنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ساۋابلىق
ئىش قىلىپ، دەردىمىزنى ئاز-تولا يەڭگىللىتەرمىكىن دېگەن
ئۈمىدتىمەن. بىز ئۇنتۇپ قالساق، خۇدا ئۇنتۇماس.

خۇددى تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ قالغاندەك تىترەۋاتقان
خاتىپقا كۆزى چۈشكەن ئابلىزقارى ئوغلىغا قاراپ، قاپىقىـ
نى تۈرۈپ قويدى.

پۇقرالارنىڭ يۈرىكىنىڭ تامامەن ئېزىلىپ تۈگىمىگەنلىـ

كېگە ئىشەنگەن مىراب بېگى ئادەتتە ئايىغىدا چۈمۈلە ئۆلمەيدىغان ھىممەت قاشقىنىڭ جاسارىتىگە ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولماقتا ئىدى.

سېيىت ھاجى پەرىجىسىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ قويۇپ:

— مۇسۇلمان ھاكىمدارنىڭ مۇسۇلمان بەندىگە كۆيۈنۈشى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئايەت نازىل بولغان. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاللا دىلىمغا خەيىر-ساخاۋەت نىيىتىنى سالدى، شۇل ۋەجىدىن، ئۇلۇغ ئاقپاششا ھۇزۇرىدىن ئەۋەتىلمىش كارۋىنىمنىڭ كىرىمىدىن كىشى بېشىغا ئۈچ تەڭگىدىن زاكات بېرىمەن ۋەھەممەدە پۇقرا دەردىنى ئۆز ۋاقتىدا بايان ئەتكەن بۇ مويسىپىتقا بەش تەڭگە ئىنئام قىلىمەن، بۇ تەڭگە بۈگۈنچە زىممەمدە قەرز.

ئابلىزقارىنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، كۈلكە ئۆچكىنىگە خېلى زامانلار بولغان چىرايلاردا كۆتۈرۈلگەن كۈلكىلەرنى كۆرگۈسى كەلمىگەندەك، پۇقرادىن نەزەرىنى يۇلۇۋالدى-دە، سېيىت ھاجىنىڭ سايۋىنى ئاستىغا ئۆزىنى ئېلىپ قول كۆتۈردى:

— ساخاۋەتلىك تۆرەم سېيىت ھاجىمغا ئاللا رەھمەتلەر قىلسۇن، ئامىن ...

ھاياجانلىنىشقا باشلىغان ھاشارچىلار دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھاپىز مەخسۇمنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر سىرلىق تارىخ كىتابىنى ئوقۇۋاتقاندەك كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان سۈپۈرگە مىراب بېگىمۇ قول كۆتۈردى. كۆز يېشىنى ھېلىغىچە تۇختىتالمايۋاتقان ھىممەت قاشقا قولىنى ئەڭ كېيىن چۈشۈردى.

www.uyghurkitap.com

# 7. تۇسما بېشىدىكى جېدەل

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر...»

چولاق مۇئەززىننىڭ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان پېچ ئۇرخۇنىدەك قىزىپ كەتكەن ئەزانخانىدا تۇرۇپ تۇۋلىغان ئاۋازى شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە مۇڭلۇق ئىدىكى، ئۇ ئاۋاز تىترەپ تۇرغان ھاۋا ئېقىمى بىلەن قوشۇلۇپ، دولقۇنلىنىپ يىراق-يىراقلارغا تارىلاتتى-دە، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاللاغا بولغان ئېتىقادلا چىدىرىيە پۇقرالىرىنىڭ بىردىنبىر مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇ يۈرەكلەر قېتىغا بارغانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتاتتى، يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش مىنۇتلىرىنىڭ قورقۇنچى بىلەن تىترەۋاتقان جانلارغا تەسەللى ئىدى، دەرد-ئەلەم دەشتىدە تېنەپ يۈرگەنلەرگە بولسا، تۈندە يانغان چىراغتەك ئۈمىد ئىشارىسى قىلاتتى. تەبىئەت ئاتا قىلغان خالىس نېمەتتىن ياكى ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قالغاندا، بەندىلەرنىڭ ئېتىقاد تارازىسىدىكى ئاللا ۋە ئاللا بۇيرۇغان پەرزنىڭ سالمىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشسە كېرەك، ئۆمرىدە پېشانىسى توپا، تېنى تەرەت كۆرمىگەن بىنامازلارمۇ بۈگۈنكى كۈندە تۇۋا ئىستىغپارىنى قولدىن بەرمەيدىغان ئەڭ مۆمىن مۇخلىسلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

مەسچىتنىڭ ئىككى سەيناسى ئىككىنچى ئەزان چىقماي تۇرۇپلا شام تىكلىگەندەك زىچ تۇرغان نامازخانلار بىلەن تولۇپ كەتتى. قىبلەتامنى ئويۇپ ياسالغان نەقىشلىك مېھراب كۈچلۈك ماگنىت تاشقا ئوخشاش، جامائەتنىڭ مەنىۋى رىشتى-

سىنى ئۆزىگە مەھكەم باغلاپ تۇراتتى. كىملەردۇر مېھرابقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن كىشىلەر توپىنى يېرىپ، ئالدىنقى سەپ ئارىسىغا شىنادەك قىسىلاتتى، كىملەردۇر دۇرۇت ئوقۇغاچ، مېھراب تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

پېشىن نامىزىغا مۇنچىلىك كۆپ جامائەتنىڭ يىغىلىشى خېلىدىن بېرى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. بىر ئايدىن بۇيان سايدا يۇرۇپ توپا تەرەت بىلەنلا ناماز ئۆتىگەنلەرنىڭ ئېتىقادى مەسچىت ۋە جامائەت سېغىنغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى بۈگۈنكى نامازدا بىرەر خىسلەت بارمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ هاشاردىن ئازاد قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەپتە ئىدى.

«لائىلاھە ئىللاللاھۇ، لائىلاھە ئىللاللاھۇ ...»

بەكمۇ قائىدىلىك ۋە جاراڭلىق تەكبىر پۈتۈن ئىخلاسىنى ئىمامغا ئاتىۋەتكەن نامازخانلارنىڭ قەلبىدە ھاياجان قوزغىدى. بۇ مەسچىتتە تۇنجى قېتىم ياڭرىغان بۇ جەزبىلىك تەكبىر ئېيتقۇچى ئىمامنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش ئارزۇسى، ئالدىن باشقا ھېچكىمنى يادىغا كەلتۈرمەسلىك قەيت قىلىنغان ناماز قائىدىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر قىلدى. پۈتۈن بار - يوقىنى دىنىي ئىسلامغا بەخشەندە قىلغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ، باش ئېگىپ تۇرغانلارنىڭ بەزىسى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مېھراب تەرەپكە قاراشتى، بەزىلەر يېنىدا تۇرغانلارنى «بۇ نېمە كارامەت» دېگەندەك ئاستا جەينەكلەپ قويۇشتى. رەسۇل ئىمامنىڭ چىلگىدەك پوقىقىنى تىترىتىپ تۇرۇپ قىلغان قىرائىتىگە كۆنۈپ كەتكەن جامائەتنىڭ ھەرقانداقى بۈگۈنكى خۇش ئاۋاز ئىمامنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كېلەتتى.

قالماقدۆڭ ئۆستىڭىدىن كەلگەن هاشارچىلار تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن: «سېيىت هاجىم» دېيىشتى. سېيىت هاجىنى تونۇمايدىغانلار بولسا، ئۇنى تونۇيدىغانلارغا ھەۋەس قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com

دېمىسىمۇ، سېيىت ھاجىنىڭ قىرائىتى ۋە تەلەپپۇزى ھەرقانداق سادىق مۇسۇلماننىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگكۈدەك جەلپكار ئىدى. ئۇنىڭ مېھرابتىكى سالاپىتى رىۋايەتلەردىكى تەقۋادار ئەۋلىيانى ئەسلەتتى. بېشىدىكى يەتتە ئورام قىلىپ يۆگەلگەن سۈس ھاۋارەڭ سەللىسى سۆلىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى. ئىنچىكە كۆكۈچ يوللۇق، ئاق تەگلىك پەرىجىسى ئىسكالاچ مەسسىنىڭ تۇمشۇقىنى يېپىپ تۇراتتى. چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان مۆمىنلىك ۋە ئىخلاسمەنلىك ئالامەتلىرى ئوقۇۋاتقان سۈرە ئاھاڭىغا شۇنچىلىك ماسلىشاتتىكى، كىشىگە خۇددى ئاللانىڭ بەندىلەرگە بولغان مېھىر-شەپقىتى ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاغا بولغان رەھمىتى ئىمامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر-بىرىگە يەتكۈزۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىمام ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن داۋام قىلغان دۇئادىن كېيىن، ئاللادىن بەندىلەرگە شاپائەت تىلەپ، قول كۆتۈردى. ئۇنىڭ جۈپلەنگەن ئالقانلىرىنىڭ بارماقلىرى كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە تىكىلگەن كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادالغان ۋە نەملەنگەنىدى.

ناماز تەنتەنىسىدىن خالاس بولۇپ، ئاللا بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇ خالىس زاتنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت تاپىقانلار مۇنبەر ئالدىدا ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان ئابلىزقارىنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بېشى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان سەللىسى بىر مۆمىن نامازخاننى ئەسلەتسە، زەرجىيەكلىك پەرىجىسى ئۇنى بايۋەچچە سودىگەرلەرگە ئوخشىتىپ قويغان. پەرىجىسىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرى بارماقلىرىنى تاكى تىرناقلىرىغىچە يېپىپ تۇراتتى. ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا بىلىدىغان قېرىلارنىڭ: «ئابلىزقارى مانجۇلار بىلەن ئۆلپەت بولۇشۇپ يۈرۈپ، چىرايى بارغانسېرى مانجۇغا تارتىپ كېتىۋاتىدۇ» دېيىشلىرىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سانىۋالغۇدەك بىرقانچە تال تۈكتىن ئىبارەت سىم

بۇرۇتى ۋە ياپما قاپىقى شۇ تاپتا ئۇنى راستتىنلا مۇسۇلمانچە كىيىنىۋالغان مانجۇدەك كۆرسەتتى.

ئۇ گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى ـ دە، يېڭى ئىمامنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ سەپنى بۇزۇشىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن جامائەتنى تىنچلاندۇردى.

— ئى جامائەت، ئى ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، — دېدى ئۇ، ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن كېيىن سېيىت ھاجىنىڭ كۆزىگە بىر قېتىم قاراپ، — بۈگۈن يەر ـ جاھاننى تىترەتكۈچى ئاقپاششا مەملىكىتىنىڭ ئەتىۋارلىق مۆتىۋىرى سېيىت ھاجىم ئۇلۇغ پېشىن نامىزىنى بىز بىلەن بىللە ئوقۇدى. تۆرەمنىڭ مېھرابىمىزغا باسقان قۇتلۇق قەدىمىگە دۇئا قىلايلى، ئامىن!

— ۋاھ، ئۇ تەرەپلەردىمۇ مۇشۇنداق كامىل موللا چىقىدىكەن ـ ھە؟

— ئاقپاششا دېگەن قانداق تائىپەدۇ؟

— قانداق تائىپە بولاتتى، بىر چاغلاردا تېرىپۇرۇشلۇق قىلىپ يۈرگەن ئادەملەرچۇ!

ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە ھېلىقىچە ئۈندىمەي تۇرغان ھاپىز جامائەتنى دىققەتكە چاقىردى. ئابلىزقارى سۆزىنى ئۇلىدى:

— ئەمدى، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ماقۇل كۆرۈلگەن بىر ئىشتىن جامائەتنى خەۋەردار قىلماقچىمەن، يەنى دىنىي ئىسلامنىڭ مەربىيەت ئوچىقى بولغان بۇخارائى شەرىپتە تەلىم ئالغان، تەكتى ـ زاتى سەئىد ئەۋلادى ① بولمىش سېيىت ھاجى تۆرەمنى مەسچىتىمىزنىڭ ئىماملىقىغا تەكلىپ قىلدۇق، كەمىنە، مەسچىت قوۋمىنىڭ بۇ زاتقا ئىقتىدا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ھايات يىلتىزىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى سۇنىڭ كەينى بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلۇغ ئەۋلىيا‐

---

① نەسەب جەھەتتە مۇھەممەت مۇستاپاغا تۇتىشىدىغانلار «سەئىد» دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەنبىيالارنىڭ شەپقىتى بىلەن ئاشكارا بولغان كارامەت دەپ خۇشال بولۇشقان پۇقرالار بۇ خۇش خەۋەرنىمۇ ھاياجان ئىچىدە تۇرۇپ ئاڭلاشتى. رازىمەنلىك كۆز ئىشارىسى بىلەن بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. ئۇلار بۇنداق ئۇلۇغ ئىمامنىڭ مەسچىتتە پەيدا بولۇشى بىلەن بارلىق گۇناھى كىبىرلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ئاللا ئاشۇ گۇناھى كىبىرلەر تۈپەيلى بەندىلەرگە ئەۋەتكەن ئازاب - ئوقۇبەت ئەمدى ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ھېسابلاشتى.

— كۆرۈۋاتامسىلەر جامائەت، — دېيىشتى ھىممەت قاشقا خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يېنىدىكىلەرنى نوقۇپ تۇرۇپ، — يۇرتىمىز ئۇلۇغ بىر زاتقا ئېرىشتى، ئۇ راستىنلا ئەھلى ئىلمى، ئاق كۆڭۈل، پۇقراپەرۋەر ئادەم ئىكەن دېمىدىممۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇشكۈنكى سېخىيلىقى تېخى يادىڭلاردا باردۇر...

جامائەت ئارىسىدا بۇ ئومۇمىي ھاياجاننىڭ تېشىدا تۇرغۇچى بىر كىشى — پەقەت رەسۇل ئىمام ئىدى. 54-55 ياشلاردىكى بۇ كىشى جامائەتنىڭ سۆزىگىمۇ قوشۇلمايتتى. ئۆزى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئەسىرالىشىپ كېلىۋاتقان، ئەمدىلىكتە باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ قالغان مېھرابتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۆچكە ساقاللىق، يۇمىلاق يۈزلۈك، پوكىنىدا يارىشىقى بار، پاكارغىنا كەلگەن بۇ ئادەم بىرلا دەتتىكام بىلەن جىمى بىساتىدىن ئايرىلىپ قالغان تەۋەككۈلچىدەك مەيۈس ۋە غەمكىن ئىدى.

ئۇ ئۆزىگە ناسادىپىي ئۇرۇلغان تەستەكتەك تەسىر قىلغان ھۆكۈمگە قارشى چىقسۇنمۇ؟ ياكى ئەل - جامائەت ئالدىدىكى ئىززەت - ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قىلغان يېڭى ئىمامغا ئېتىراز بىلدۈرسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭدا مۇنداق جۈرئەت، مۇنداق قۇدرەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىغا ئابلىزقارى ئۆز ۋاقتىدا ئاز كۈچ چىقارمىغان. دىنىي ئەھكاملارغا ئۆزىدىن پىششىق بولغان بىرقانچە رەقىبلىرىنىڭ زەربىسىدىن پە-

قەت ئابلىزقارىنىڭ باشپاناھلىقى بىلەنلا غالىب كەلگەن. ئىمام بولغۇچى كىشى دىنىي ئىسلامغا چىن دىل بىلەن ئىخلاس قىلىپ، مال - دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم ئىدىيۇ، لېكىن ئۇ بازاردا ئاچقان دۇكىنى ئارقىلىق ئانچە - مۇنچە ئوقەتمۇ قىلاتتى. تاپقان پايدىسىنىڭ بىر بۆلىكى ئابلىزقارىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتسىمۇ، ئۆزىگە تەۋە نېسىۋىدىن، مەئىشىتىدىن رازى ئىدى. يۇرتتىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىملاردا تۆر ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇرىدىغان سەدىقە، ناماز ھەققىدە ئۇنىڭ چوڭ ھەسسىسى بولاتتى. ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن ھەممىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭ بەدىنى يېنىك تىترەشكە باشلىدى. جامائەتكە كەلسەك، ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئابلا مىتە ۋە روزىئاق باشلاردىن ئۆزگە ھېچكىم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «قورسىقىدا ئۇمىچى يوق بۇ پوقاق نېمىسىگە ئۆزىنى ئىمام دەپ يۈرىدىغاندۇ» دېگەنلىكىنى ئۇ يەنە بىر قېتىم يادىغا ئالدى. دېمىسىمۇ، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىلىم بارىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ چالا موللا بىرقانچە قېتىم قۇرئانغا خاتا مەنا ئېيتىپ كۈلكىگە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكە چىقىدىغان ئاۋازى جامائەتنى شۇنچىلىك بىزار قىلاتتىكى، ئۇلار ناماز تۈگىمەستىنلا مەسچىتتىن قېچىپ كەتكۈدەك بولاتتى. ئۇ، مۇشۇ تاپتا سېيىت ھاجىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولغان جامائەتكە ۋە يېڭى ئىمامغا تەلمۈرۈپ، ئاغزىنى ھاڭ ئېچىپ تۇرۇشقان ئابلا مىتە بىلەن روزى ئاق باشقا كۆزى چۈشكەندە، ئىچىدە بىر خۇدانىڭ ئوتى كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. سېيىت ھاجى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا ئۇ ئاجىز ئىدى. ئۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېنى، كېيىن قاراپ باقارمىز، دەپ ئويلىدى-دە، «ئىلاجكامنىڭ ئۆيى يىراق» دېگەندەك، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— دەۋا-دەستۇرلەرنى سوراش خىزمىتى ئەسلىدىنلا ئادىل، لاللا بىر مۆتىۋەرگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك ئىدى، قۇتلۇق سائەتكىم، بۇ بوشلۇق ھەم مۆھتەرەم ھاجىم بىلەن تولدۇرۇلغۇسى...

ئابلىزقارىنىڭ ۋەزى تۈگىشىگىلا جامائەت ئارىسىدا يەنە ھاياجانلىق پىچىرلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مانجۇلارنىڭ ۋە مانجۇلارنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان ئابلىزقارىنىڭ شەرىئەت قائىدىسىنى خالىغىنىچە ئاياغ ئاستى قىلىپ يۈرگۈزگەن ئادالەتسىزلىكىدىن جاق تويغان پۇقرا ئۆز دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىغا ئەمدى چىنپىششىق ئىشەنگەنىدى. قاچاندۇ بىر چاغلاردا ناتوغرا ھۆكۈمنىڭ قۇربانى بولغانلار، ناھەق ئۆلگەنلەر ئەمدى تىرىلىپ قوپىدىغاندەك، ئادالەت قۇياشى پارلاپ، پۈتكۈل ناھەقچىلىكنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى، بەزىلەر ھەتتا مۇشۇنداق ئادىل كىشىنى يۇرتقا باشلاپ كېلىپ، ئەدلى-ئادالەت ئورنىتىۋاتقان ئابلىزقارىنىڭ ھەممە ئەسكىلىكىنى بىراقلا كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭ نۇسرەت تىلەشكە رازى ئىدى.

شۇ ئەسنادا مېھراب ئالدىدا تۇرغان سېپىت ھاجى تەنتەنىلىك قىياپەتتە سەللىسىنى رۇسلاپ، پەرىجىسىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، ئابلىزقارىغا، ئاندىن جامائەتكە چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قورۇنغاندەك قىياپەتتە:

— رەببىمنىڭ مەرھەمىتىگە مىڭ شۈكرىكىم، پېقىر بۈگۈن يۇرت كاتتىسى ئابلىزقارىمنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاق

مەسچىتنىڭ ئىمامىلىقىنى زىممەمگە ئالدىم. بۇ دەۋەتكە ئۆزرە قويۇشقا دىنىي ئىسلام ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىم يول قويمى-دى. بىراۋنىڭ ياخشى تەكلىپىگە رازىلىق بىلدۈرۈش، سا-ۋابلىق ئىشتىن باش تارتماسلىق بىزگە ئۇلۇغلىرىمىزدىن قالغان مىراس، شۇ ۋەجىدىن، دىنىي قېرىنداشلىرىمنىڭ خىز-مىتىگە ھازىر بولدۇم، — دېدى.

سېيىت ھاجى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، جامائەتكە قايتا تەزىم قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەپسۇسكى، كاپىرلارنىڭ ھاكىملىقى ۋە قاراسىپەچە-لەر①نىڭ مالىمانى يۇقرانى ئەندىشىگە سېلىپ تۇرۇپتۇ. پېقىر يۇرت يۇقرالىرىنى ئەمىنلىك، ئىناقلىقتا باشلاش يولىدا باش قاتۇرماقتىمەن. بۇ يەردىمۇ ئاقپاشىشا يېرىدىكىگە ئوخ-شاش تەرتىپ-قائىدە ئورنىتىشقا، ئاۋاتلىق، مەمۇرچىلىق بەرپا قىلىشقا...

پاساھەتلىك جۈملىلىرى بىلەن ئاۋام رايىنى ئۆزىگە قاراتقان سېيىت ھاجى كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، بار ئىشتىياقى بىلەن سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، مەسچىت تېمىنىڭ سىرتىدا دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازىنى سەزمەي قالمىدى. دەرۋازا ئال-دىدا شۇم خەۋەر ئەكەلگەن ئەلچىدەك جىددىي تۇس ئالغان جاپپار موللا ۋە ھېلىلا سۇدىن چىققاندەك تەرلەپ

---

① قاراسىپەچەلەر — بۇ پارسچە «سىرپوشە» (ياغلىق، ياپقۇچ رەخت) «سىرپىچ» (ئىسلام دىنىدىكى ئەرلەرنىڭ بېشىغا ئورايدىغان ياغلىقى) دېگەن سۆزلەردىن ئۆز-گەرگەن بولۇپ، «قارا ياغلىقلىقلار» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان، گېلاۋخۇي (قېرىنداش-لار ئۇيۇشمىسى) غا قاتناشقانلارنىڭ يەرلىك تىلدا ئاتىلىشى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا خەلق ئىچىدە پەيدا بولغان بۇ مەخپىي تەشكىلات ۋەي-ران بولغان دېھقانلار، ئىشسىز قولھۈنەرۋەنلەر، كونا ھەربىيلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، شيەنفېڭ، تۇڭجى خان يىللىرىدا ئەڭ روناق تاپقان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئە-زالىرى گۇاڭشۈي خان زامانىسىدا ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈشى قىلغان زوزۇڭتاڭ ئار-مىيىسى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارمىيىسى ياقۇپبەگنى يوق

كەتكەن قۇلا ئات كۆرۈنگەندە بولسا، سۆزىدىن توختاپ، جاپپار موللىدىن كۆزىنى ئۈزمەيۋاتقان ئابلىزقارىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

جاپپار موللا كونا تام يىقىلغاندەك «گۈپ» قىلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، تىزگىنىنى تاشلاپ، مەسچىتكە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىزىلكۈس چىرايى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يىغىلغان تەر دانىچىلىرى خۇددى ھىندى خوتۇنلىرىنىڭ بۇرۇن مونچىقىدەك پارقىرايتتى. سەللىسىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن پەتتاسى دۈمبىسىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. يۈرتىنىڭ ئېسىل شايىسىدىن تىكىلگەن ئاق يەكتىكىنىڭ پەشلىرى خۇددى جەڭدە يېڭىلگەنلەر كۆتۈرگەن ئاق ئەلەمگە ئوخشاش لەپىلدەيتتى. ئاغزىنى ئاپتاپتا قالغان بېلىقتەك ئېچىپ ھاسىرىشىغا قارىغاندا، كىشىگە ئات ئۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاتنى كۆتۈرۈپ كەلگەندەك تەسىراتنى بېرەتتى.

ئۇ جامائەتنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرغان ھەيرانلىق نۇرلىرىنىڭ نازارىتىدە سەپ ئارىسىدىن يول ئېچىپ مېھرابنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— يامان... يامان بولدى، — دېگەن گەپنى ئاغزىدىن

---

قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇن قىسقارتقاندا، بەزى گېلاۋخۇيىچىلار ئىچكىرىگە كەتكەن، بەزىسى شىنجاڭدا قېلىپ يەرلىككە ئۆزلەشكەن، ھەتتا بەزىلىرى ئەمەلدارمۇ بولغان. ئېيتىلىشىچە، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىزلار ئارىسىدىمۇ بەزى كىشىلەر گېلاۋخۇيىغا قاتنىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۆزتۇرما ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۆز ۋاقتىدا گېلاۋخۇيى پائالىيىتى نىسبەتەن بەكرەك جانلانغان خوتەندە بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار باشقىلاردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن، سەللىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر پارچە قارا لاتا قادىۋالغان، شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى «قاراسىپەچىلەر» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق تارىخى ۋەقەلەردىن قاراسىپەچ تاقاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەردىن پەرقلەندۈرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان.

ئاران چىقىرالىدى.

قارا يامغۇردا قالغان يولۇچىدەك چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئابلىزقارى نېمىنىڭ يامان بولغانلىقىنى كوچىلاپ ئولتۇرمىدى. ئۇ، سېيىت ھاجىنىڭ قۇلىقىنى يالىغۇدەك بولۇپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى ۋە «يامان بولدى» دېگىنىچە ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا تاشقىرىغا قاراپ يول ئالدى. سەپنىڭ ئالدىدىن ئايرىلىپ چىققان ئۈچ - تۆت كىشىمۇ دان تەمەسسىدە مېكىيانىنىڭ كەينىگە ئەگەشكەن چۈجىلەردەك ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى. ئابلىزقارىنىڭ كېپىشىنى سېپمۇبلىشنىمۇ ئۇنتۇپ مەسچاق چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سېيىت ھاجى چاتاقنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىدىغاندەك نېمىندۇر غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان جامائەتنى سەپراس بولۇشقا چاقىرىپ، قايسىبىر ئايەتكە مەنە ئېيتىشقا باشلىدى. بىراق، سەپ ئارىسىدىكى بوشلۇق بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى.

— سۇ كەلدى ... سۇ كەلدى ...

يېڭى ئۆستەڭدىن سۇ كېلىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاشقان كەنت ئەھلى قىممەتلىك مېھمىنىنىڭ ئالدىغا چىققاندەك، كەنت ئاغزىغا خېلى بۇرۇنلا جەم بولۇشقان، ئەمدىلىكتە بولسا، تەشنا يەر بېتى بىلەن سۆيۈشۈپ، ئۇزاق مۇددەتلىك جۇدالىقتىن قۇتۇلغان ئاشىقتەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن بىللە يۈگۈرۈشۈپ كېلىشمەكتە ئىدى. قىن - قىنىغا پاتماي كەتكەن جۇلدۇر كېپەن بالىلار مىرابلارنىڭ تارلىق قىلىپ ھەيدىشىگە قارىماي ئېرىق ئىچىگە چۈشۈۋالاتتى - دە، سۇنىڭ ئالدىدا قاچقىنىچە «كۈچۈكۈم، كۈچۈكۈم» دەپ سۈرەن سېلىشاتتى. پۇچاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈپ خۇددى بورانلىق ھاۋادا سۇ تۇتۇۋاتقان سۇچىلاردەك ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەركەكلەر سۇ يولىدىكى كىچىككىنە توسالغۇلارنىمۇ كەتمەن-لىرى بىلەن يوق قىلىشاتتى.

— قېنى ئابدۇللا ئۇكام، ماۋۇ چاشقان تۆشۈكىنى ئېتىۋەتكىنە!

— بۇ قاش بەك بوش تۇرىدۇ، چىڭدىۋەتمىسەك سۇ قاچىدۇ، قېنى ئۈستىگە چىقىپ تازا دەسسىۋەت!

— بۇ قاشقا تۆت كەتمەن توپا سېلىۋەتسىلە، ئاكا!

بىر ئايلىق ھاردۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن سۇ-پۈرگە مىراب بېگى چوڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئەس-كەر بېشىدەك ئالدىراش ئىدى. بىر تامچە سۇ ئىسراپ بولۇ-شى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق يوشۇرۇن يوچۇقمۇ ئۇنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. يۈگۈرگەندە بولسا، پاقال-چىقىدىكى ئۇزۇن تۈكلەرگە چاپلىشىپ قېتىپ كەتكەن لاي دانىچىلىرى بېزەك مارجانلىرىدەك پىلدىرلايتتى. بۇژغۇن چاچ-رىتىپ ئېقىۋاتقان سۇ ئۆزىنى چوڭقۇر يەر قاتلاملىرىدىكى زۇلمەتلىك دۇنيادىن يورۇقلۇققا باشلاپ چىققۇچىنىڭ شەنىگە تەشەككۇر ئېيتقاندەك، توختىماي شارقىرايتتى. ئېتىزلىقلارغا پاتراق يېتىپ بىرىپ ئۆز شەپقەتچىلىرىنىڭ دەرد يارىسىغا مەلھەم بولۇپ قۇيۇلۇش ئۈچۈن ئالدىرايتتى.

بىراق، شوخ سۇ مەھەللە ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، چوڭ توسمىغا دۇچ كەلدى ۋە ناخشىسىنى توختىتىپ، كەينىگە ياندى. سۇ بىلەن تەڭ چېپىپ كېلىۋاتقان باللارمۇ، ھايات دەرىخىنىڭ قايتا كۆكلىشىگە ئىشىنىپ كۆڭلىنى تىنچىتقان كىشىلەرمۇ توسما بېشىغا كېلىپلا توختاپ قېلىشتى. ئۇلار كۆردىكى، ئۆستەڭ سۈيىنى ئابلىزقارىنىڭ ئېكىنزارلىقىغا باشلايدىغان توسما بېشىدا تەلپىكىنى كۆزىگە تاشلىغان خا-تىپ بەگزادە خۇددى يول توسقان ئېيىقتەك ئوگدىسىغا

ياتاتتى. گىرەلەشكەن قوللىرى گەجگىسىگە قويۇلغانلىقتىن،
بېشى سەل كۆتۈرۈلگەن، مىنگەشتۈرۈلگەن پۇتلىرى يىغىلغان
ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن مۇغەمبەرلىك ۋە ھېچنېمىنى
كۆزگە ئىلمايدىغان مۇتتەھەملىك چىقىپ تۇراتتى. تۇسىمنىڭ
يەنە بىر بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان جاپپار موللا ئاۋامغا
قاراپ مەنسىتمەسلىك كۆلىمەكتە ئىدى. گۈللۈك
شايى ياغلىقىنى ساغرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ باغلاشقان ئۈچ -
تۆت كىشى تۇسىما بېشىدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى.

چۇۋا - چاتقاللارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان ئىككى تۆگمەنلىك
سۇ تۇيۇقسىز زەربىگە دۇچ كەلگەندەك تۇسىمغا ئۇسۇپ كەينىگە
ياندىيۇ، ئۆستەڭنى تولدۇرۇشقا، ئابلىزقارىنىڭ تېرىلغۇسىغا
تۇتىشىدىغان ئېرىققا ئېقىشقا باشلىدى. تىرىكچىلىك ئۈمىدىنىڭ
يوققا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پۇقرالار چۆل - جەزىرىدە چەك-
كەن چىدىغۇسىز رىيازەتلىرى، تۆككەن قان - تەرلىرى ئۈچۈن
قاتتىق ئېچىندى. پارتلاش ئالدىدىكى ۋولقاننىڭ كۈچلۈك زىلزىلى-
سىدەك تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدىنى زورىغا باستى. جەڭ ئېتىدەك چاپ-
چىپ تۇرغان غەزىپىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. پەقەت چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتىپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، تۇسىما بېشىدىكى نائىنساپلارغا قاراپ
ھومىيىشتى. بۇ، زۇلۇم زىقى بىلەن يۈرەك - باغرى داغلانغان،
ئەركى ئاسارەت زەنجىرى بىلەن چىرماپ تاشلانغان بىچارە كى-
شىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ نارازىلىق شەكلى ئىدى.

شۇنداقمۇ ھاللار بولىدۇكى، ئەركىنلىك دېگەن ئۇقۇم-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەستە، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش
دېگەن ئىرادىمۇ بولمايدۇ. كىمىكى ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى
تېتىپ بىلمىگەنىكەن، ئۇ ئەركىنلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئۇق-
مايدۇ، ھەتتا، پېقىرلارغا بېرىلىدىغان ئەركىنلىك دېگەن
نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن ئەخمىقانە تەبىرگە ئىشىنى-

www.uyghurkitap.com

دۇ. تەقدىردىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغىنىنى قوللۇقتىن باشقا نەرسە بولمايدىغانلىقىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىنپۈتىدۇ. ئازغىنا نېسىۋىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ، زوراۋانلارغا ھومىيىپ قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدۇ. ئەركىنلىك شۇنداق بىر مېۋىكى، ئۇنى تىككەنلەر ئارىسىدىن ئۈزۈۋېلىپ، تەمىنى بىر قېتىم تېتىپ كۆرگەنلەر ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قوغلىشىدۇ. بىراق، بۇنداق مېۋىنى ئارزۇ قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان پۇقرالار يەنە ئادىتى بويىچە ئۈمىد كۆزلىرىنى سۇپۇرگە مىراب بېگىگە يۆتكەشتى.

سۇپۇرگە مىراب بېگى بۇ پۇقرادىكى بۇ ئىللەتلەر تۈپەيلى ئۇلاردىن خاپا بولمايتتى. بەلكى بۇ ئالامەتلەرنى ئىللەت دەپمۇ ھېسابلىمايتتى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ پۇقرالار بىلەن بىر زېمىندا تۇغۇلۇپ، بىللە چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلگەنلىكى ئۇنىڭغا ئاپتاپتەك روشەن ئىدى. ئەركىنلىك مېۋىسىگە قول ئۇزاتقانلارنىڭ قولى، مۇشتۇمزورلارغا تىل تەگكۈزگەنلەرنىڭ تىلى كېسىلگەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. بىر چاغلاردا يانغىن كەبىي يالقۇنجاپ جاھالەت ئارىسىغا زىلزىلە سالغان بەھەيۋەت چوغمۇ ھازىر كۈل ئاستىدا قالغاندەك بارغانسېرى كىچىكلەپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆمۈلۈپ ياتاتتى. سۇپۇرگە مىراب بېگى بۇ چوغنى مەدەت شامىلى بىلەن يالقۇنجىتىشقا بەل باغلىدى. ئۇ كەتمىنىنى ئۆشنىسىگە سالغان پېتى سالماق قەدەم بىلەن توسما ئۈستىگە چىقتى، ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشقان يالاقچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل خاتىپ بەگزادىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، يەرگە غەزەپ بىلەن بىرنى تەپتى.

خاتىپ بەگزادە كۆزىنى ئېچىپ ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ مىراب بېگى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، پەرۋاسىز قىياپەتتە سورىدى:

— نېمە گەپ مىراب بېگى، ئېرىقىمىزغا سۇ چىقتىمۇ؟

— بەگزادەم، — دېدى مىراب بېگى دانە - دانە قىلىپ، — ئورۇنلىرىنى يۆتكەپ ئاندىن ئۇخلىساڭلا بولارمىكىن، بولمىسا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىلا!

— ھە؟ مەن سۇغا غەرق بولامدىكەنمەن تېخى، چاقچاق قىلىپ ئارامىمنى بۇزمىسىلا مىراب بېگى.

مىراب بېگىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۈممىد چوغى قايتا يالقۇنلىغان كىشىلەر توسما بېشىغا توپلىنىشقا باشلىدى.


— قانداق قىلىشىۋاتىسىلەر، توسمىغا بىر كەتمەن سېلىپ باق قېنى، ئون جېنىڭ بولسىمۇ بىرىنى قويمايمەن!

ئەھۋالنىڭ ئۆزگىچە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بايۋەچچە: «قورقاق ئاۋۋال مۇشت تەگلەيتۇ» دېگەندەك جامائەتكە ھۆركىرىگەندىن كېيىن، يانداقچىلىرىغا «تەييار بولۇش» دېگەن مەنادا قاراپ قويدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ ئاغرىنىپ يۈرمىسىلە!

سۈپۈرگە ئاخۇن كىشىلەر توپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئابدۇللا چاقچاقنىغا ئىشارەت قىلدى. ئىككىيلەن كەتمىنىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ توسمىغا چاپتى. خاتىپنىڭ يىگىتلىرى ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئابدۇللاغا يېپىشىپ بولغۇچە نەملىشىپ ھالىۋىدەك تەييار بولۇپ قالغان توسما بىردىنلا يار ئالدى. 200 قەدەم نېرىسىغىچە چىڭقىلىپ تۇرغان سۇ توسمىنى كەسكەندەك يېرىپ ئۆتۈپ، كەلكۈن كەبى شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. شىددەتلىك كېڭىيىۋاتقان يار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە توسمىنىڭ يوغان بىر پارچىسىنى يىقىتىپ، پۇقرانىڭ جۇرئىتىنى كەم ساناپ، چارپاقىدەك كېرىلىپ ياتقان بەگزادە بىلەن قوشۇپ لاي سۇغا ئاغدۇردى. «ۋايجان»

www.uyghurkitap.com



— ھۆرمەتلىك بەگزادە، ئورۇنلىرىنى يۆتكەپ ئاندىن كېيىن ئۆخلىساڭلا بولارمىكىن؟!
— تولا چاقچاق قىلىپ ئۇيقۇمنى بۇزماڭلار، نېرى كېتىڭلار، نېرى! بولمىسا ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشكەنمۇ ئۆلگۈرەلمىگەن خاتىپ دوغاپتەك لاي سۇدىن بىر دەم قوللىرىنى، بىردەم ئاياغلىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتقانچە تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ كەتتى.

— قۇتۇلدۇرۇڭلار... قۇتۇلدۇرۇڭلار...

ئورىغا چۈشكەن توڭگۇزدەك تىپىرلاۋاتقان جاپپار موللا ئادەملىرىنى ئېقىن بويلاپ يۈگۈرۈشكە، بەگزادىنى سۆزۈۋېلىشقا ئالدىراتتى، ئۆزى بولسا، قۇلا ئاتقا سەكرەپ مىنىپ مەسچىت تەرەپكە قاراپ چاپتى. بىردەمدىن كېيىن بېشىغا يېڭى بىر كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەن پۇقرالار بەگزادىنىڭ كۆلكىلىك ئەپتىنى تاماشا قىلىشنى تاشلاپ، ئېتىز بېشىغا كېتىپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلار بۇ سۇنىڭ ئۆز ئېلكىدە ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## 8. خاسىيەتلىك يامغۇر

بەندە جۇملىسىدىن بولغان ھېچبىر ئىنسان ئادەمزات تارىخى بىلەن تەڭ ياشاش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈنمىكىن، چىرىدىيە دېگەن بۇ يۇرتنىڭ ئاۋات قىلىنىش تارىخى ئۈستىدە ئىشەنچلىك بىرنېمە دېيەلەيدىغان بىرەرمۇ شاھىت يوق. پەقەت يۇرت ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرلا بۇ جاينىڭ بىنا بولۇش تارىخىنى يىراق ئىسلام جاھاتلىرىغا باغلاپ بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئەرەبلەر زېمىنىدا ئىسلام ئۈچۈن بولغان جاھاتلارنىڭ بىرىدە، ئىمامى جەئفەر تەييران كاپىر لەشكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىپتۇ. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شاھادەتلىك دەرىجىسىگە يەتكەن بۇ ئىمام تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېپتۇ-دە، «ياب-

چىرا، يا كېپىيا» دەپ بىرلا نەرە تارتىپ، كۆك قەھرىگە قاراپ ئۈچۈپتۇ. ئۈچۈپتۇ، ئۈچۈپتۇ، ئاخىر چىرىيە ئاسمىنىغا كەلگەندە تۆۋەنگە نەزەر تاشلاپتۇ، تېخى جەزىرە پېتى تۇرغان بۇ جاي ئۇنىڭ خاھىشىغا خوپ كەپتۇ - دە، يەرگە چۈشۈپتۇ، ئاردىن خېلى چاغلار ئۆتۈپتۇ، ئىمامى جەئفەر تەييارنىڭ ئىز - دېرە- كىنى قىلىپ يولغا چىققىنىغا نەچچە يىل بولغان جەڭچىلەر مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز ئىمامىنىڭ جىسمىنى تېپىپ، مۇڭلۇق مەرسىيىلەر ئوقۇپ دەپنە قىپتۇ. نىشانە ئۈ- چۈن تۇغ - ئەلەملەرنى قاداپتۇ. لېكىن، بۇ كىشىلەر ئۇلۇغ ئىمامىنىڭ قەبرىسىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەي، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ، قەبرە ئەتراپىدىكى بىنەملەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ مەئىشىتى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپتۇ، بارا - بارا ئادەملەر كۆپىيىپتۇ. مازارنى مەركەز قىلىپ كېڭىيىۋەرگەن زېمىن ئا- خىر يۇرت بولۇپ ئاۋاتلىشىپتۇ. چىرا دېگەن ناممۇ ئىمامى جەئفەر تەييارنىڭ ئۈچۈش ئالدىدا تارتقان نەرىسىگە تەقلىد قىلىپ قويۇلغانىكەن.

ئۆلىمالارنىڭ بۇ رىۋايەتكە باھا بېرىش يەنىلا بىر قى- يىن مەسىلە. مەيلى بۇ جاي يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن بىنا قىلىنغان بولسۇن، ياكى دۇنيادا ئادەمزات ئاپىرىدە بولۇش بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان بولسۇن، بۇ يۇرتنىڭ ناھايىتى قە- دىمىيلىكىدە گەپ يوق. زامانىي ئاۋۋالدىلا ئۆزۈتتات، دەندەن ئۆيلۈك دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ دىيارنىڭ نامى ئىسلام تارىخىغا چېتىشلىق رىۋايەتلەردە يەنە باشقا نام- لار بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى ئاكا - ئۇكا يېتەكچىلەر — چۇقتارەشىد ۋە نۇقتارەشىدلەر تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ ئىسلام ئاچقۇچى باھادىرلىرىنىڭ قەبرە- زىيارەتگاھىمۇ بۇ يۇرتتا ئاز ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەزكىرە ۋە رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە ئىسلام ئېچىپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى خوتەنگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بوپتۇ. دەۋەتچى قوشۇن خوتەن لەشكەرلىرىنى تاغ تەرەپكە سۈرۈپ تاكى چىرىيە زېمىنىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى ھېرىپ-چارچىغان ئىسلام لەشكەرلىرى تاغ ئارىسىغا چۈشكۈن قىلىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پەم بىلەن پايدىلانماقچى بولغان چۇقتارەشىد ۋە نۇقتارەشىدلەر ئۆز قوشۇنى ئىچىدىن چېۋەر سېھىرگەردىن ئىككىنى تاللاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ سېھىرگەرلەر سېھىرنى جادۇدا كامالەتكە يەتكەنلەر ئىكەن. ئۇلار جۇۋىلىرىنى تەتۈر كىيىپ، ئىت سۈرىتىگە كىرىپتۇ-دە، شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان ئىسلام قوشۇنى ئارىسىغا سۇقۇنۇپتۇ. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. بۇ ئىككى سېھىرگەر چېدىر-بارگاھلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يانىڭ كىرىچىنى، ئىگەرنىڭ ئۈزەڭگىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، يا ئوقلىرىنى سۇندۇرۇپ تۆكتىپتۇ. قىلىچ-شەمشەرلەرنى دەرياغا تاشلاپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە خوتەن لەشكەرلىرىنى قوغلاشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغان قوشۇن، ئاتقا مىنىمەن دېسە، ئاتتىن يىقىلىپتۇ، يانى قولىغا ئالسا، كىرىچى ئۈزۈك تۇرغۇدەك، ئوق ۋە نەيزىلىرىمۇ قولىغا چىقماپتۇ. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان خوتەن لەشكەرلىرى ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كەتكەن بىر توپىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ، چىرىيە يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتىگە يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىسلام لەشكەرلىرى ناماز ئۆتىگىلى سەپتە تۇرغانىكەن. ئۇلار ئارقا سەپتىن دەسلەپ قىلىپ قەتل-قىرغىن باشلاپتۇ. ئىسلام ئىماملىرى مۇقەددەس-نامازنى قازا قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، سەپنى

زادىلا بۇزماپتۇ. ئالدىنقى سەپتە تۇرغان تۆت ئىمام① «ئا-
مىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ قىلىچ
چۈشۈپتۇ. ئۇلار «لائىلاھە ئىللاللاھۇ» دەپلا قان ئارىسىغا يې-
قىلىپتۇ. قارا خانىلار لەشكەرلىرىنىڭ خوتەن دىيارىغا ئىككىنچى
قېتىم يۈرۈش قىلغىنىدىن بۇيان يۈز بەرگەن بۇ دەھشەتلىك
پاجىئە ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۈلگۈر-
گەن ھېلىقى قوشۇن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، جەڭ مەيدانىدا
جانبازلىق كۆرسىتىپ خوتەن لەشكەرلىرىنى يېڭىپتۇ. تۆت ئى-
مامنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى توغرىلاپ شېھىت بولغان يېرىگە
دەپنە قىلىپ، مۇقىم شەيخ ۋە ۋەخپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكە-
نىكەن. ئاشۇ شەيخ ئەۋلادلىرى چىرىيىنىڭ سايىباغ ۋە ئىما-
لىرىم كەنتلىرىنى بەرپا قىلغانىمىش.

ئىشقىلىپ، بۇ يۇرتنىڭ ئاۋات قىلىنىش تۆھپىسى كىمنىڭ
ھېسابىغا يېزىلىسۇن، يەرلىك خەلق كوئېنلۇن تېغى بىلەن
تەكلىماكان بارخانلىرى ئارىسىدىكى بۇ گۈزەل، باي يۇرتنى
ئۆز قان - تەرى بەدىلىگە قۇرۇپ چىققان.

خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ياكى
تېكىلىك تاغلىرىنىڭ مۇزلۇقلىرىدىن تاغ سۈيى ئەۋەتكەن يىل-
لىرى جەننەتتىنمۇ چارا بولغان بۇ باغۇ بوستانلىقتا يېتىلگەن
ھەر خىل مېۋىلەردىن شېكەر تامىدۇ. «سۇ بولسىلا، ئالتۇن
تېرىسىمۇ ئۈنىدۇ» دېيىلىدىغان مۇنبەت تۇپراقتىن يىغىۋېلى-
نىدىغان دان نە - نەلەرگە توشۇلىدۇ. ئىشچان ۋە ماھىر خو-
تۇن - قىزلىرى باققان پىلىدىن چىقىرىلغان ئاپپاق شولىدەك
مەشۇتلارنىڭ داڭقى ھەممە يەرگە مەشھۇر. ئەقەللىسى، قولى

① تۆت ئىمام — ئىسلام سەركەردىلىرى. ئۇلار ئىمامى نەسىرىددىن، ئىمامى مۇ-
ئىنىددىن، ئىمامى زۆھرىددىن، ئىمامى ئەۋمىددىنلاردۇر. يۈسۈپ قىدىرخان بۇ تۆت
ئىمامنى زور قوشۇن بىلەن خوتەنگە بۇددىستلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەپچىل قىرمىچىلارنىڭ ھۈنىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان ياغاچ قوشۇق تاكى مەككە مۇكەررەم ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرلەرگىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، چىرىيە كەنتىنىڭ ئانار، گۈلە - قاقلىرى، گۈلاخما ① كەنتىنىڭ پاختىسى، دامىكۇنىڭ ② بۇغدىيى، چاقار ۋە نۇرى ③ كەنتلىرىدىن كەلتۈرۈلىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىلچى، كېرىيە بازارلىرىدىكى بازىرى چاپ - چاپ ماللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىماملىرىمىدىكى ئالتۇن، قاشتېشى كانلىرىغا ئى - نى سودىگەرلەر كۆز قىزارتىشىدۇ.

ھالبۇكى، تاتلىق نەرسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالغان ھاشار چۈمۈلىلىرى نە - نەدىن كېلىپ ھەسەلگە ياماشقاندەك، چاقچاق ھەرىلەر پېشىپ قىيامىغا يەتكەن ئۈزۈمگە ئېتىلغاندەك، بۇ يۇرتنىڭ ئېسىل ماللىرىغا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرگەنلەر بۇ دىيارغا نۆۋەتلىشىپ دېگۈدەك چاڭگال سېلىپ، ئادەملىرىگە زادىلا خۇۋلۇق كۆرسەتمىدى. ياۋاش ۋە تۇغرىلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان خەلق تۇغۇلۇشىدىنلا قۇل بولۇپ تۇغۇلغاندەك، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆز ئىشىنى ئۆز ئالدىغا جوڭقۇرۇشنىڭ

① گۈلاخما — چىرىيە بازىرىدىن پىيادە ئۈچ سائەتلىك مۇساپىدە. چىرىيىگە قاراشلىق بىر يېزا. پارسچە «گۈلئەھمەر»، «گۈلخۇمار» دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن دېگۈچىلەرمۇ بار. پاختىسى ھازىرغىچە داڭلىق.

② دامىكۇ — چىرىيە بازىرىدىن پىيادە بەش سائەتلىك مەنزىلدىكى بىر يېزا، شەرقىي كېرىيىگە تۇتىشىدۇ. بەزىلەر بۇ يېزىنىڭ نامىنى پارس تىلىدىكى «دامىكرە» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ ئىزاھلايدۇ. «دامىكوھ» پارسچە، «تاغ باغرىدىكى يۇرت» دېگەن مەنىدە ئىمىش.

③ چاقار، نۇرى كەنتلىرى — كۇئېنلۇن تېغى ئارىسىدىكى ئىككى كەنت، چىرىيىگە قاراشلىق، بۇ يەردىكى ئاھالە يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەمەننى بىر قېتىممۇ تېتىيالمىدى. ئەل سۇلتان سەئىدخان①
دەۋرىدە ئالۋان - ياساقتىن بىر مەزگىل خالاس بولۇۋىدى،
مەڭزىگە شۇ ھامانەم قان يۈگۈردى. بىراق، ئەمدىلا مەشھۇر
گۇلاخما ئۆستىڭىنى② چېپىپ، ئۆتەڭ - راباتلارنى بەرپا قىلىپ
تۇرۇۋىدى، جۇڭغارلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ھاكىمىيەت ئاسمىنىدىن
ئادالەت قۇياشىنى ئۆچۈردى. ئارقىدىنلا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمـ
رانلىقى زۇلۇم تىغىنى يۇرت ئەھلى ئۈستىگە يەقىتتى. ئۇنىڭـ
دىن كېيىن تىلى شېكەر، دىلى زەھەر نىياز ھېكىم بەگـ
نىڭ③ ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسىتى پۇقرانى ئۆلۈم گىردا-
بىغا قىستاپ كەلدى. خەلق غەزەپتىن نەرە تارتتىيۇ، يەنە
بىرىدىن قوتۇلۇپ، بىرىگە تۇتۇلدى. چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ
ياكى قانلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ كېلىدىغان ھەرقانداق باسمىچىغا
يۇرت تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىشكە
ئۆگىنىپ كەتكەن ئابلىزقارى ۋە ئۇنىڭ لەنىتى ئەجدادلىرى
مانجۇلارنىڭ قامچىسى بىلەن ئەل تېنىدە يېپىشكەندىن يېڭى جا-
راھەت ئوچاقلىرىنى پەيدا قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، ئەيلىگەن تېرىدەك يۇمشاق دەپ
قارىلىپ كەلگەن پۇقرا بەزىدە ئۇنىڭ زومىگەرانە قىلمىشلىرىغا
قارشى مۇشت كۆتۈردى. لېكىن، بۇنداق مۇشت كۆتۈرۈش چەمبەر-

① سۇلتان سەئىدخان — تارىختا مەشھۇر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى سۇل-
تانى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى. ئۇ مىلادى 1514 - يىلى يەكەن
خانلىقىنى قۇرۇپ، مىلادى 1533 - يىلى تىبەتكە قىلغان يۈرۈشىدە كېسەللىك سە-
ۋەبى بىلەن قازا تاپقان. يەكەندىكى «ئالتۇنلۇق» ئۇنىڭ قەبرىستانلىقى.

② گۇلاخما ئۆستىڭى — بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ كەنت سەئىدىيە خان-
لىقى دەۋرىدە راسا ئاۋۇتىغا كەلگەن دېيىلگەن. كونا گۇلاخما ئۆستىڭىمۇ شۇ دەۋردە
قېزىلغان.

③ نىياز ھېكىم بەگ — يەكەندە تۇغۇلغان، مەنچىڭ زامانىسىدا مەھرەم، تۆتىنـ
چى جەرىدىكىلىك ئىشىك ئاغا قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. بەدۆلەت خوتەننى
ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ھاكىمى بولۇپ تەيىنلىنىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى
قالمىغان. ئۇ ساتقۇنلۇق، مۇناپىقلىق بابىدا ئەبەدىلئەبەد ئىبرەتلىك شەخس.
ئاخىرىدا ئەسكىلىكىگە لايىق ئىت ئۆلۈمدە ئۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

چاس باغلىۋېتىلگەن ياكى تۆمۈر قەپەسكە بەند قىلىنغان يولۋاسنىڭ رەقىبىگە خىرىس قىلغىنىغا ئوخشايتتى. يولۋاس قانچە خىرىس قىلغىنى بىلەن ئاسارەتلىك زەنجىر - كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئاجىز ئىدى.

زامانلارنىڭ سۈرۈلۈشى بىلەن، مازار - ماشايىخلارغا سىغىنىپ، شاخ يېرىپ، ياغ پۇرۇتۇپ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالاردىن مەدەت تىلەپ، نەتىجىسىز ئۈمىد بىلەن ئۆتۈشكە ئۆگىنىپ قالغان پۇقرالارنىڭ بىرنەچچىسى بۈگۈن يەنە نامازشام باھانىسىدە ئىمامى جەئفەر تەيران مازىرىدىكى چوڭ مەسچىتكە جەم بولۇشتى. قىيامەت ئازابىنى تارتىپ باشلاپ كەلگەن سۈيىنىڭ ئابىلىزقارىنىڭ تېرىلغۇسىغا قايرىلىۋېلىنغانلىقى، «بەگزادىنى ئۇردى» دېگەن گۇناھ ئارتىلىپ، قېرىندىشى ئابدۇللانىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ئۇلارغا قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى.

جامائەت نامازدىن يانغاندا يەر - جاھان زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولغان، ئەتراپ ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەندەك جىمجىت ئىدى. نە ئەۋلىيا كۆلىدىكى پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى، نە تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلانمايتتى.

ئۇلار بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ سۆمە يېنىدىكى شاخ تاشلاپ تۇرغان چوڭ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كېلىشتى - دە، قۇم تۇمانلىرى ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېڭى ئايغا قاراپ دۇئا قىلىپ بولۇپ، كۈندۈزلۈك ھارارىتى تېخى يانمىغان كۆك توپا ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

مازارنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك سۈرلۈك ئىدى. سۆمەنىڭ قۇببىسى ئۈستىگە ئورنىتىلغان قاڭالتىر ھىلال ئاينى باۋغانسېرى چوقچىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر - بىرىدىن بوي تالىشىپ بەس - بەس بىلەن ئۆرلەۋاتقاندەك تىك تۇرغان شەددىلەر ئادالەت يولىدا كۆتۈرۈلـ

گەن تەيزلەردەك كۆك قەھرىگە ھەيۋە سالاتتى. رىۋايەتتىكى غازاتچىلار ئەلەمدارى ئىمامى جەئفەر تەيرانىنىڭ ھۇرمىتىگە ۋە خاتىرىسىگە ئورنىتىلغان نەچچە ئونلىغان ئەلەمەلەر تۇرۇپ-تۇ-رۇپ شاخ ئۇشتقاندەك قارسىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. مۇڭلان-غان قەلبلەردىن ئېتىلىپ چىققان نەپرەتنى سىيا قىلىپ قە-غەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن يۈزلىگەن ئەرزنامىلار خاسىيەتلىك يۇلغۇن شاخلىرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. يۇلغۇن ئەتراپىدا ئۆ-سۈپ كەتكەن قومۇشلار گويا بۇ خىسلەتلىك دەرەخنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىۋاتقاندەك ياكى بۇ ئەۋلىيا تىككەن يۇلغۇننىڭ بارلىق خاسىيەتلىرىنى بىچارە دەۋاگەر تاۋاپچىلارغا بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك، ئاس-تا شىۋىرلايتتى. مازار غوجامنىڭ يېشىل يوپۇقلۇق قەبرىسىنى قورشاپ تۇرغان سۆمەنى مەركەز قىلىپ يىراقلارغا سوزۇلغان قەبرىلەر قاتار چۆكتۈرۈلگەن بىھېساب تۆگىلەردەك غۇۋا كۆ-رۈنەتتى. كىچىككىنە تىۋىشمۇ، ئۆزىنى مازار غوجام بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان ھالەتتە ھېس قىلىۋاتقان تاۋاپچىلارنىڭ دول-قۇنسىز سۈدەك تىنىچ تۇرغان كۆڭلىگە ئارتۇقچە ۋەھىمە بو-لۇپ تۇيۇلاتتى. ھېسابسىز نامازخانلار پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇ-ۋاتقاندەك سادا بېرىۋاتقان تېرەك ياپراقلىرىنىڭ يېنىك شىل-دىرلاشلىرى يۇلغۇن تۈۋىدىكىلەرنى خىيالى دۇنيانىڭ ئەڭ ئەچكىرىسىدىكى سىرلىق سارايلارغا باشلاپ بارماقتا ئىدى.

دۇئا-تەكبىردىن كېيىن، ئۇلار ئويۇشۇپ كەتكەن ئاياغ-لىرىنى تۈزلەشتى-دە، كېلىشىۋالغانلىرى بويىچە ئەرز-دادقا كىرىشتى. ياشتا چوڭراق بىرى ئەرزنامىسىنى بىر ئامال قىلىپ، يۇلغۇننىڭ خېلى ئېگىزدىكى بىر شېخىغا ئىلىندۇردى-دە، ياھ-ۋۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بىر شاخنى «شارت» قىلىپلا يې-رىۋەتتى. بۇ يەردە ئۆزلىشىپ كەتكەن ئادەت بويىچە، مازار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋۇجامغا ئەرز سۇنۇپ، خاسىيەتلىك بولغۇنىنىڭ بىر تال شىپىھىسى يېرىۋەتسە، ئەرز قىلغۇچى ئاشۇ شاخنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئەگەر ئەرز قىلغۇچىنىڭ ئەرزى راست بولمىسا ياكى تۆھمەت بولۇپ قالسا، بۇنداق ئەرز مازار غوجامنىڭ قوبۇلىغا ئېرىشمەيلا قالماي، بەلكى شاخ يىرغۇچىنىڭ ئۆزى شاخ بىلەن تەڭلا تۈگىشىدۇ، دېيىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئەرز قىلىپ شاخ يىرغۇچىلارمۇ ئۇلۇغلارنىڭ قارغىشىغا كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاسانلىقچە شاخ يىرمايتتى. مۇشۇ سىنۇتتىكى شاخ يىرغۇچىلار ئەرزىنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قېلىشىدىن قىلچە ۋاھىم يېمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار ئابلىزقارىنى ئەڭ يامان قارغىشلار بىلەن قارغىدى. مۇرىتلىرىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئاھىغا يەتكۈچى مازار غوجامدىن كۈپۈرلۈق يولىنى تۇتقان، ئەلنى قان يىغلاتقان ئابلىزقارىنى قاتتىق جازالاپ، ئەتىنى ئېلىپ بېرىشىنى، يوقسۇللارنىڭ كۆز ئالدىدىلا جەھەننەمگە راۋان قىلىشىنى ئۆتۈنۈشتى.

جىمىي ئەس-يادىنى جەم قىلىپ، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن ھەق ئالدىدا دەرد تۆكۈپ، تېۋىنىۋاتقان بۇ كىشىلەر تەبىئەت قوينىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دەماللىققا ھېس قىلالمىدى. تاغ تەرەپتىن تۈرۈلۈپ كەلگەن قارا بۇلۇت بىردەمدىلا ئاسمان گۈمبىزىگە يېيىلىپ ئۆلگۈردى. قارا بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى غايەت زور شەمشەردەك قاق ئىككى پارچىغا بۆلۈپ ۋالىلداپ ئۆتكەن چاقماق زىلزىلىسىدىن كېيىن، ئۇلار ئۇلۇغ مازار بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكەن روھىنى قايتۇرۇۋېلىپ، سەزگۈسىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى ئالدىدا بىردىنلا تىز چۆكتى-دە، خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كېتىشتى:

«يام... يام... يامغۇر...»

«يامغۇر ياغدى... يامغۇر ياغدى...»

ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان دۇئا-تەلەپنىڭ ئاللا تەرىپىدىن شۇنچىلىك چاپسان ئىجابەت قىلىنغانلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇشتى. تۈنجى تامچە يامغۇر سۈيى تەلەيلىك دۇئاگۇيلارنى خۇددى زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغاندەك جانلاندۇرۇۋەتتى. پەرىشتىلەر ئاسمان دەرياسىنىڭ تۇمسىنى بىردىنلا ئېچىۋەتكەندەك شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇلارنىڭ دىللىرىنى كۆلدۈردى. ئۆز ئىلتىجاسىنى ئۇلۇغ زاتنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتقا ئەڭ كېرەكلىك چاغدا يامغۇر ياغدۇرۇلغىنىغا چەكسىز پەخىرلىنىۋاتقانلار مازارغا قىسقا ۋە سەمىمىي دۇئالىرىنى تەقدىم قىلدى-دە، بۇ بەرىكەتتىن، بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردىن يۇرتداشلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار يىقىلىپ، قوپۇپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، يوقىلىپ كەتكىنىگە خېلى زامانلار بولغان كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلاشتى. مەھەللىدىكىلەر ئىشىكلىرىنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، ئۆيلىرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققانتى-دە، يامغۇر گويا ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىغىلا ياغقاندەك، قوشنىلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشەتتى. بەزىلىرى ئاياق بولامدۇ، كاساڭ بولامدۇ كۆتۈرۈپ چىقىپ يامغۇر سۇلىرىنى تولدۇرۇشاتتى. مەھەللىگە خۇددى كەلكۈن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىپ، چۇقان كۆتۈرەتتى. بۇ يامغۇر كىشىلەرنى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىدىن ئۈمىدلەندۈرگەن خاسىيەتلىك يامغۇر ئىدى...

## 9. يۇرت قازىسى ھۆكۈم قىلىدۇ

تۈنۈگۈن جاپپار موللىنىڭ مەلۇماتى بىلەن ئون نەچچە يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، سۇ جېدىلى يۈز بەرگەن تۇغان بېشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غا يېتىپ كەلگەن ئابلىزقارى يۈزبەرگەن ۋەقەنى كۆرۈپ، هوش-كاللىسىدىن كەتتى. ئۇ بەگزادىسىنى ئىقىمنىڭ خېلى تۆۋەندىكى لاي ئارىسىدىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، تۇغاننى يەنە توسقۇزۇپ، سۇنى ئۆز يېرىگە بۇرىدى. ئارقىدىنلا بەخىرامان سۇ تۇتۇۋاتقان ئابدۇللانى تۇت دېسە، تۇت دەپ، قولىنى مەھكەم باغلاتقۇزدى-دە، ئات ئالدىغا سېلىپ كېلىپ، ئاتخانا يېنىدىكى ھەپسىگە قامىۋەتتى.

ھەي، مىراب بېگىم بولغان بولسا، بۇ قانخور بۇنچە ھەددىدىن ئاشالماس ئىدى، دەپ ئويلىدى ئابدۇللا ۋەقە يۈزبەرگەندە سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ سۇنىڭ تۆۋەنكى ئىقىمغا كېتىپ قالغىنىنى يادىغا ئېلىپ.

ئۈنئۈگۈن كەچ ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرىدەك ۋەھشىيلەشكەن خاتىپ ھەپسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى قوللىرى تېلىپ كەتكۈچە ئۇردى. كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتمىسەم ئۇنداقچى بولۇپ كېتەي، بۇنداقچى بولۇپ كېتەي، دەپ بىرمۇنچە پوپوزا قىلدى. قول-پۇتى چۈشەلگەن ئابدۇللا باش-كۆزىگە قارا يامغۇردەك تېگىۋاتقان تاياققا لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىدىدى. بۇ، ئۇنىڭ پوپوزىسىغا دىققەت قىلمايمۇ قالمىدى. ئۇ خاتىپنىڭ مىجەزىنى خېلى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ھەرقانداق يامانلىقتىن باش تارتمايدىغان، قان تۆكۈپ، جان ئېلىشنى بىر قۇشقاچنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەكمۇ كۆرمەيدىغان بىر ئۇششۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ جىمى ئەس-يادى يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان دادىسى ۋە بىرجۈپ نارەسىدە بالىسىدا ئىدى. ئەگەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۇلار نېمە يەپ جان باقار؟ يەنە قانداق سورۇقچىلىقلارنى تارتار؟ ئابدۇللانىڭ پەرزەنتلىرىنى ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلغان، بۇ ۋەيرانە ئائىلىگە يەتكۈچە دىشۋارچىلىق ئەكەلگەن تەقدىرنىڭ يەنە تاش يۈرەكلىك قىلىپ، ھايات

قالغانلارنى قايتا ئازابقا دۇچار قىلىشقا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئابدۇللا: «ئەتە ئەتىگەندە جېنىڭنى جەھەننەمگە يوللىمسام خەپ» دەپ قەسەم ئىچىپ چىقىپ كەتكەن خاتىپنىڭ ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ئۆزىنى كۆرسەتمىگىنىگە ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، سېيىت ھاجىنىڭ ھۇجرىسىدا دەل مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭ كېتىپ باراتتى.

— بايۋەچچىنى ئابدۇللاغا چېقىلماسلىققا كۆندۈردۇڭمۇ قارىم؟ — دەپ سورىدى سېيىت ھاجى ئۆزىنىڭ قارشىسىدا خۇددى نامازدا ئولتۇرغان مۇخلىستەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئابلىزقارىغا قاراپ.

— كۆندۈرمەمدىغان ھاجىم، كۆندۈرمەمدىغان، دەسلەپتە نەسىھەت قىلىۋىدىم، مېنى پوش دېدى، ھەزرەتلىرىنىڭ خاھىشىنى تىلغا ئېلىۋىدىم، بىر ئاز بېسىققاندەك بولدى.

— بېسىققاندەك قىلدىمۇ ياكى دېگىنىمدەك قىلىدىغان بولدىمۇ؟

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۆزىگە قادالغانلىقىنى كۆردى، گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىغان يۈرىكى ئۈستىگە قوللىرىنى جۈپلەپ قويۇپ، دەرھال جاۋاب بەردى:

— ئۆزلىرى دېگەندەك قىلماسلىققا پېقىرنىڭ ۋە ئەۋلادىمنىڭ ھەددى ئەمەس ھاجىم، كۆرسەتمىلىرى بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ...

سېيىت ھاجىنىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇلدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى سەدەپ ئۇرۇقلارنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزەتتى. قايسىدۇر بىر ئۇرۇق تەقدىرى شەرىئەت تارازىسىدا ئۆلچىنىۋاتقان گۇناھكاردەك، نازۇك بارماقلار ئارىسىدا توختاپمۇ قالاتتى. بەزىدە

بولسا، تۆت ـ بەشى بىر بولۇپ، تەقدىرى سائادەتكە يۈزلەنگەن
كىشىلەردەك بىر يولدىلا ئۆتۈپ كېتەتتى. يەنە قايسىدۇر بىر
ئۇرۇق قاراۋۇلنىڭ رۇخستى بىلەن قورۇلدىن ئۆتكۈزۈلگەن،
ئەمما قانداقتۇر بىر گۇمان تۈپەيلى، يەنە كەينىگە ياندۇ-
رۇپ كېلىنگەن تەتۈر پېشانە يولۇچىدەك، ئەسلى ئورنىغا
قايتۇرۇلاتتى. ئۇستازىدىن ساۋاق ئېلىۋاتقان ئىتائەتمەن تالىپ
سىياقىدا ئەدەب ساقلاپ ئولتۇرۇۋاتقان ئابلىزقارى ئۆمرىدە
مۇنداق تەسۋىنى ۋە مۇنداق تەسۋى سىيرىغۇچىنى كۆرمىگەنى-
دەك ياكى بارماق ئارىسىدىن ئۆتۈۋاتقان ئۇرۇق بىلەن تەقدىرىگە
پال ئېچىۋاتقاندەك، ھەربىر ئۇرۇقنى مىختەك قادالماقتا ئىدى. ئۇ
مەلۇم بىر ئۇرۇقنى ئۆزىگە قىياس قىلاتتى ـ دە، شۇ ئۇرۇق-
نىڭ بارماقلار ئارىسىدىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى كۆزىتەتتى.
بۇ ئۇرۇق ھېچ قارشىلىقسىز ئۆتۈپ كەتتىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى
ھاياجان بىلەن دۈپۈلدەشكە باشلايتتى. ئەگەر بارماقلار ئارىسى-
دا توختاپ قالسا، خۇددى ئەزرائىلدىن بېشارەت كەلگەندەك
ۋەسۋەسىگە چۈشەتتى. كەينىگە قايتۇرۇلغاندا بولسا، پۈتۈن
ۋۇجۇدى دوزاختا سۆرەپ كېتىلىۋاتقان گۇناھكارنىڭكىدەك تىتى-
رەشكە باشلايتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئابلىزقارىنىڭ ئەۋلىيا سۈپەت بۇ
كىشىگە بولغان ئېتىقادى بارغانچە كۈچلىنىپ بارماقتا ئىدى.
بولۇپمۇ ئۇ يۇرت ئۆلىمالىرى بىلىپ ـ بىلمەي ئوتتۇرىغا تاشلى-
غان قىيىن مەسىلىلەرگە ھېچ توختاپ قالماي جاۋاب بېرىپ،
قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ھەدىسلەردىن ئا-
ساس كۆرسىتىپ جامائەتنى ھەيران قالدۇرغاندا بولسا، ئۇنى
تەڭداشسىز ئەللامە قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.
12 ۋاخ، 24 سائەتنىڭ تولىسىنى ئىستىقامەت بى-
لەن ئۆتكۈزۈپ، تەسۋىنى قولىدىن چۈشۈرمىگىنىگە قاراپ، ئۇ-

نىڭ سەئىد ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە قىلچە شەك كەلتۈرمەيتتى.
تېخى يېقىندا ئۇ تىرىلگەن ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنى چۈ-
شىدە كۆرگەندە، ئۇ زاتنى سېپىت ھاجىنىڭ قىياپىتى بىلەن
كۆرگەنىدى.

ئابلىزقارى مېھمىنىنىڭ ئىلمىگىمۇ، مال- دۇنياسىغىمۇ
ھەۋەس قىلاتتى. بۇ تەڭداشسىز مېھمان ئۆز ھۇزۇرىغا ئاياغ
باسقان مىنۇتتىن ئېتىبارەن، ئادەمگەرچىلىكتە چاندۇرۇپ قو-
يۇشىدىن ھەر ۋاقىت ئەندىشە قىلىپ كەلدى. دەرۋازا ئالدىغا
كەلگەن ئابدالغا بېرىلىدىغان بىر بۇردا نان ئۈچۈنمۇ ئۆز
تەستىقىنى مىزان قاتارىدا ئۆزلەشتۈرگىنىگە قارىماي، تاغلارغا
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاي، كەكلىك گۆشلىرىنى كەلتۈردى. مېھمىنى-
نىڭ يېڭى گۆش يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى ئۇقۇۋالغاندىن
كېيىن، ھەر ۋاخ غىزاغا بىردىن پاقلان سويۇشقا رۇخسەت
قىلدى. ئاتايىن ئۈچ چارەك ياڭاق مېغىزىدا ياغ تارتتۇرۇپ،
پولۇغا تەم كىرگۈزدى.

ئابلىزقارى ئەھلى ئىلمى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا
ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن بېقىۋېرىدىغان ئادەم ئەمەس. مەنى-
پەئەت ئېلىش ئۈچۈن تېرىقتا ئۈشكە قويىدىغان، پاختىدىن
پىلىك ئېشىپ تامغا قاقىدىغان بۇ كىشى مەيلى نېمە ئىش
قىلمىسۇن، ئالدى بىلەن تۆلەيدىغان بەدىلى ۋە تاپىدىغان پايە-
دىسى ئۈستىدە چوت سوقۇپ ئاندىن رەسمىي بىر قارارغا كې-
لەتتى. يوقىتىدىغىنىدىن ئېرىشىدىغىنى كۆپ بولىدىغانلا بولسا،
ھەرقانداق مۇئامىلىدە قولى ئوچۇق ۋە مەرد ئادەم بولۇپ
قالاتتى. بەدەلدىن پايدا ئاز بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە
ياكى بەدەل بىلەن پايدىنىڭ تەڭلىشىپ قېلىش ئېھتىمالىنى
سېزىپ قالسا، ئېلىم- بېرىم ئىشىدىلا ئەمەس، ئادەمگەرچىلىك-
تىمۇ قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ بىر قەدەممۇ ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلجىمايتتى. ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ كەلگەنلا مېھمانىنى سېپىيت ھاجىنى باققاندەك بېقىۋەرگەن بولسا، ئىلگىدىكى مۇشۇنچە كەڭ ئېگىلىك ۋە مال-دۇنيا ئاللىبۇرۇن توزۇپ تۈگىمەسمىدى؟

ئۇ، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغان چېغىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك يېتىپ كەلگەن بۇ خۇدايى مېھماننى ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى دەپ ھېسابلايتتى. مۇشۇنداق كاتتا ئادەمنى ئۆزىگە تونۇشتۇرغىنىنىڭ، ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلگىنىنىڭ ھەشقاللىسى سۈپىتىدە، ئۇ نەچچە يىل ئالدىدا ھاپىزنىڭ گەدىنىدە قالغان 300 تەڭگىلىك ھەققىنى بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالمىدى. بەلكى بۇ كونا چوپقىتىگە ئىچىدە يەنە 1000 تەڭگىلىك تەشەككۇر بىلدۈردى.

مانا ئەمدى ئۆز نامى سېپىيت ھاجىنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ، يىراق-يىراقلارغا پۇر كەتتى. بۇ ئۆلىماغا قول بېرىشكە ئاقاق-ئۆرۈش كېلىپ تۇرىدىغانلار ئالدىدا ئابرويىمۇ بىردىنلا ئۆسۈپ كەتتى. گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قالغان مالايلارمۇ يېنىدىن ئۆتسە توققۇز تەزىم بىلەن ئېگىلىپ ئۆتىدىغان بولدى. ياغاچقۇلاق، بەڭباش ئوغلىمۇ خېلى ياۋاشلاپ قالغاندەك بىلىندى.

ئىككى-ئۈچ ئايدىن بېرى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارقىمۇ ئارقا ئاڭلىنىۋاتقان بەزى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر تۈپەيلى غەش بولۇپ تۇراتتى. «نۇرغۇن ئادەملەر ھۆكۈمەتكە قارشى كۆتۈرۈلۈپتۇدەك»، «ئېلچى بىلەن كىرىيىدە قاراسپەچلەر كۆپىيىۋېتىپتۇدەك»، «بۇ يەردىن پالانى قاراسپەچلەرگە بولۇشۇپتۇ، بولۇشۇپ پوستانى دەپتۇ»، «ھۆكۈمەت يىقىلغۇدەك» دېگەن خەۋەرلەر قۇلاق تۈۋىگە ئارقىمۇ ئارقا ئۇرۇلغان مۇشتتەك، تېنىگە تىترەك ئولاشتۇرماقتا ئىدى.

ئۇ، مانجۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى ئەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقاتتى. ئۆزىنى باراقسان دەرەخ سايىسىدە كۆكلىگەن بىر تال چۆپكە ئوخشىتاتتى ۋە دەرەخ ئۆرۈلسىلا، قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى.

ئۇنىڭ تېخى يادىدا، نىياز ھېكىمبەگ ۋە بىلىك بەچچىلەرنى ھەيدەۋەتكەن مانجۇلار ھېلىمۇ ياخشى، دادىسىنىڭ يۈزىنى قىلدى. ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئۆز ۋاقتىدا نىياز ھېكىم بەگ بەرگەن ئەمەل بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، مانجۇلار ئۇنداقچى، مانجۇلار مۇنداقچى، ... دەپ يۈرگەنلىكىنى تەرگەپ ئولتۇرىدى.

ئۆزىگە تېخى مۇئاۋىن يەتتىنچى جەرىكىلىك① بەگ مەرتىۋىسىنى بېرىپ، قەشقەرگىچە كېڭەشكە چاقىردى. ئۇ، مانجۇلار ھەدىيە قىلغان ئۇزۇن دۇردۇن پەرىجە ۋە پەيلىك تەقيىنى كىيىپ، ساقال - بۇرۇتىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، مەرتىۋە مۆھۈرىنى كاتتا زىننەتلەنگەن تەخترىۋانغا ئېلىپ يۇرتمۇ يۇرت كۆز - كۆز قىلىپ يۈرگەندە ئۆزىنى ھەقىقەتەن ئامەتلىك، تەڭدىشى يوق زات، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭدىن كې-

① جەرىكە — ئەمەل دەرىجىسى نامى. ئەمەل دەرىجىسىنى جەرىكە بىلەن پەرقلەندۈرىدىغان بۇ تۈزۈم ئەگدەسلەيتە ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان، لېكىن ئۇ چاغلاردا بىرىنچى جەرىكەدىن باشلاپ، توققۇزىنچى جەرىكەگىچە بولغان بۇنداق دەرىجىلەرنىڭ يەنە ھەربىرىدە رەسمىي ۋە مۇئاۋىن دېيىلىدىغان ئىككى دەرىجە بولاتتى. پەقەت مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدە كەلگەندىلا ئەمەل دەرىجىسىدىكى رەسمىي ۋە مۇئاۋىن دېيىلىدىغان مۇرەككەپلىك تۈزىتىلىپ، بىرىنچى جەرىكىدىن توققۇزىنچى جەرىكىگىچە بولغان دەرىجىلا ساقلاپ قېلىنغان، بىرىنچى جەرىكە ئەڭ چوڭ، توققۇزىنچى جەرىكە ئەڭ كىچىك ھېسابلانغان. دەرىجىسىگە ئېرىشكەن ئەمەلدارلارنىڭ پەرىجىسىگە ئېسىلىدىغان مونچاقتىن باشلاپ، دەرۋازا ئالدىغا ئورنىتىلىدىغان شىر ھەيكىلىنىڭ يايلىسىدىكى تۈگۈنچەكلەرگىچە جەرىكە بويىچە ئۆلچەم قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئامەلدارلار تۆتىنچى جەرىكىلىك، ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدار يەتتىنچى جەرىكىلىك بولاتتى. ئايرىم يۇرتلارنىڭ بەگلىرىمۇ يەتتىنچى جەرىكىگە ئېرىشەلەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنى مانجۇلارغا ۋاپا يۈزىسىدىن ساداقەت كۆرسىتىپ، مىننەت-
دارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى، يۈزبېشىدىن مىڭبېشىغى-
چە بولغان ئەمەلدارلارغا مانجۇچە پەرىجە كىيىشىنى، ئۆزى
بىلەن كۆرۈشكەندە بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇشنى
بۇيرۇدى. چۆنتەكتىن ئاشقان باج-خىراجنى ۋاقتى-قەرە-
لىدە يوللاپ تۇردى ...

مانا ئەمدى ئۇ ھېلىقى ۋەھىمىدىن قۇتۇلدى. سېيىت ھا-
جى كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا تەقىيە ۋە پەرىجىنى چۆرۈپ
تاشلاپ، ئۈستىگە بىرقانچىنى دەسسىدى، بېشىغا سەللە قوندۇر-
دى. ئىنئام ئالغان تونىنى كىيىپ، تون ئىچىدىن بېلىنى باغ-
لىدى، مانجۇلاردىن ئىبارەت كونا تاغ ئۆرۈلۈپ كەتتىمۇ، يەنە
بىر يېڭى يۆلەنچۈك تاغ تېپىلدى...

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ تەسۋى سىيرىشىدىن لەززەت-
لەنمەكتە ۋە كارامەت كۆرمەكتە. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە خۇد-
دى مەشۇقىنىڭ دىدارىغا تويمىغان ئاشىقتەك ھېرىسمەنلىك
بىلەن سەپسالماقتا ئىدى.

لېكىن، ئۇ سېيىت ھاجىنىڭ مىجەزىدىكى كىچىككىنە
بىر سىرنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى، يەنى، يۇقىرى ئابرويغا،
ئېسىل نەسەبكە، دەپى-دۇنياغا ئىگە بۇ زاتنىڭ ئېلىپنىڭ
سۇنۇغىنى ئۇقمايدىغان قارا قورساق پۇقرانىڭ سالىمىنى ئى-
لىك ئېلىپ، سالام قايتۇرغىنى كاللىسىدىن ئەسلا ئۆتمەيتتى.
ھېلىقى كۈنى بۇ ھۆرمەتلىك مېھمان ھارامزادە ھاشارچىلار-
غا تەڭگە ئىنئام قىلغاندا تۇغۇلغان بۇ تېپىشماق ئۇنىڭ
كۆڭلىدە تاكى بۈگۈنگىچە يېشىلمىگەنىدى.

ئۇ، تۈنۈگۈن ئوغلىنى سۇغا باستۇرۇۋەتكەن، يەنە كې-
لىپ ھەددىدىن ئېشىپ تۇغانغا كەتمەن سالغان ئابدۇللانى
تۇتۇپ كېلىشىدى، سېيىت ھاجى ئانچە كايىپ كەتمىدى،

پەقەت «جاراھەتلەندۈرۈپ، ئىشنى بۇزماقلار، پۇقرالاردىن بىرەر يېرىمى تۇتقۇنىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلسە، مەن بىخەۋەر قالماي» دېگەننى ئالاھىدە تاپىلىدى. مانا بۇ بىر قاتار چۈشىنىكسىز ئالامەتلەر ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىدى. ئاخىرىدا ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بېرىپ، يۈرىكىنى توختاتتى - دە، تەۋەككۈل قىلىپ سېيىت ھاجىدىن توغرىدىن توغرا سوراپ كۆرمەكچى بولدى.

— ھۆرمەتلىك تۆرەم، مالال كەلمىسە ھەزرەتلىرىدىن سورايدىغان كىچىككىنە بىر گېپىم بار ئىدى.

— ......

سېيىت ھاجى روھ بىلەن تەنھا سۆھبەت قۇرۇۋاتقاندەك ياكى ساھىبخانىنىڭ ئىلتىماسى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك، خېلىغىچە ئۈنچىقمىدى. لەۋلىرى تۈگمەس دۇرۇتنىڭ ئاخىرىغا چىقالمايۋاتقاندەك مىدىرلاۋەردى.

مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى، ئورۇنسىز ياكى قاملاشمىغان سوئال قويۇپ سالدىممىكىن دېگەن دەرگۇمان بىلەن دەككە - دۈككىدە تۇرغان ئابلىزقارىنى بىردىنلا چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ بەخىرامان تەسۋى سىيرىۋاتقان مېھمىنىنىڭ چىرايىغا ئەيمىنىش نەزەرى بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن كەينىچە سۈرۈلۈپ، پەگاھقا چۈشتى - دە، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى پىچىرلاۋاتقان رەھمەتنى شەرەت قىلىپ، تاشقىرىغا چىقتى.

كۆردىكى، دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، ھويلىغا كىرىپ بولغان بىر توپ پۇقرا مېھمانخانا ئىشىكىگە كۆز تىكىپ غەلىتە بىر قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. بۇلار سۆپۈرگە ئاخۇنىنىڭ مەسلىھەتىگە لايىق، يۇرت «قازىسى» ئالدىغا ئەرزگە كەلگەنلەر ئىدى. ئابلىزقارىنى بىر قاراشتىلا قارا تەرگە چۆمۈلدۈرگىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالاڭ يەكتىكى ئۈستىگە باغلانغان ياغلىقىغا قوللىرىنى قويۇپ، لېۋىنى چىشلەپ، ھەيۋە بىلەن تۇرغان سۇپۇرگە مىراب بېگى بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ چاڭگال سالماقچى بولغان ئولجىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن پايلاپ تۇرغان قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرايتتى. پۈتۈن بەستى بىلەن يارىشىغان توغراق كۆتىكىنى ئەسلىتىدىغان قادىر تۆمۈرچىنىڭ بازغانلىرىدەك مۇشتلىرى بارغانچە چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغان ھېمىت قاشقىنىڭ كۆزلىرىدىن مەسخىرە كۈلكىسى ئۇچۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەگەر توپ ئىچىدە سۇپۇرگە مىراب بېگى بولمىغان بولسا ئابلىمىزقارى ئۇلارنى ئەلۋەتتە ناھايىتى ئوڭايلا ھەيدەپ چىقارغان بولار ئىدى. تىلىدىمۇ، كۈچىدىمۇ مىراب بېگىگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدار يا ئۆزىدە، يا بىرەر مۇلازىمىدا يوق ئىدى. بىراق، نەزەرىدىكى بۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ بۇ قەسىرگە نېمە ۋەجىدىن قەدەم باسقانلىقىنى ئوبدان بىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇنچىلىك سۈر بىلەن كېلىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟»

ئابلىمىزقارى بىرەر قارارغا كېلىپ بولغۇچە، كەينىدىن ئاۋاز كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇسۇلمانلار...

ئالدى بىلەن ھېمىت قاشقا، ئاندىن كېيىن سۇپۇرگەئاخۇن مېھمانخانا ئالدىغا چىقىپ تەسۋى سىيرىگەچ تۇرۇپ سالام بەرگەن سېيىت ھاجىنىڭ سالامىنى مۇنداقچىلا ئىلىك ئېلىپ قويدى.

سېيىت ھاجى سالماق قەدەم تاشلاپ، شۈمشەيەپ تۇرغان ئابلىمىزقارىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— مېھمانغا قانداق ئەدەب كۆرسىتىلىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ قارىم، قېنى، مېھمانلار مېھمانخانىغا ئىلتىپات قىلسۇن، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— لەببەي!...

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىغاندەك خۇپسەنلىك بىلەن يېنىشلاپ سورىدى - دە، نېمىدىندۇر بېشارەت بەرمەكچى بولۇپ، چورۇق، كونا كەش كىيگەن ئاياغلارغا قاراپ تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ قويدى.

سېيىت ھاجىنىڭ ئەمدى ئابلىزقارى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ تەسۋىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ پۇقرالار ئالدىغا كەلدى - دە، سۇپۇرگەئاخۇندىن باشلاپ، ھەممەيلەنگە قول بەردى.

— قېنى مۇسۇلمانلار، مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلىشسىلا، — دېدى ئۇ ھەربىرەيلەنگە ئايرىم - ئايرىم ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

كەلگەنلەر سېيىت ھاجىنىڭ گېپىنى خاتا ئاڭلاپ قالدۇقمۇ نېمە دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىۋالدىيۇ، ھېچكىم ئالدىراپ قەدەم تاشلىمىدى.

— قېنى مىراب بېگى، ئىلتىپات قىلسىلا.

كىشىلەر، سۇپۇرگەئاخۇنغا ئەگىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە تەسەۋۋۇرىدىنمۇ زىيادە بېزەلگەن مېھمانخانىغا كىرىپ، پۇتلىرىنى قىيقىشقا ئۈلگۈرەيلا قىپقىزىل گىلەملىك سۇپىغا چىقىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

پۇقرالار گىلەمگە ئەمەس، بەلكى يۈزىگە ئاياغ باسقاندەك پۇچۇلىنىپ كىتىۋاتقان ئابلىزقارى، سېيىت ھاجىدىن تەپتارتمىسا ئىدى، ئۆزىنى چاغلىمايدىغان بۇ جۇندەكلەرنى يۈزمىگىنى تىللاپ، كۆتىگە تېپىپ قوغلىۋەتكەن بولاتتى. مۇشۇ تاپتا، يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىگە چۈشكەن چاڭ - توزان خۇددى كۆز قارىچۇقىغا قونغاندەك، كۆزىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابلىزقارى دۇئادىن قول چۈشۈرگەن سېيىت ھاجىنىڭ تۆۋەندىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرگەندە زادى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ سېيىت ھاجىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ ھاقارەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلدى-دە، چاقچاقلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھاجىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى، ئۇلۇغنىڭ پەگاھدا، ئاۋامنىڭ تۆردە ئولتۇرغىنى نەدە بار؟ — دېدى.

سېيىت ھاجى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى-دە

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ھەممىمىز بىر دىنىي قېرىنداش، — دېدى.

— بۇ ... بۇ ... بۇنداق بولسا ...

سېيىت ھاجى تۆردە ئولتۇرۇپ، بىر-بىرىگە كۆز بېقىشىپ پىچىرلىشىۋاتقان پۇقرالارغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— مەشھۇر ئۆلىما قازى ئىيازنىڭ «شىفا» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ساھابىلىرىگە: «مەنمۇ بىر بەندە، يېمەك-ئىچمەكتە، ئولتۇرۇپ-قوپۇشتا سىلەر بىلەن ئوخشايمەن» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان، رەسۇلۇللا شۇنداق دېگەن ۋە شۇنداق قىلغان يەردە، سىلى، بىز يەنە قانداق قىلماقچىدۇق!

ئاغزىغا تەستەك تەگكەندەك زۇۋانى تۇتۇلغان ئابلىزقارى ئادەتتە ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان پۇقرالار ئالدىدا شۇنچىلىك ئوسال ئەھۋالغا چۈشتىكى، سىم بۇرۇتلىرى كامار ئىزدەۋاتقان چاشقاننىڭ بۇرۇتىدەك قىمىرلاپ، قۇلاقلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي، پەگاھدا تۇرۇپ، بىر پەسكە گاڭگىرىدى-دە، ئۆزىنى ئاران قولغا ئېلىپ: «ئېيتقانلىرى دۇرۇس، دۇرۇس» دېگىنىچە سۇپىنىڭ لېۋىدە يىڭنە ئۈستىگە ئولتۇرغاندەك ئولتۇردى.

سېيىت ھاجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن تۆردىكىلەرگە داستى-

خان كەلتۈرۈلدى. دۈئادىن كېيىن سېيىت هاجى مىراب بېـ
گىگە قاراپ:

— هەرقايسىلىرىنىڭ پايىۇ قەدەملىرى هۇزۇرىمىزغا
يەتكىنى سەۋەبلىك بەكمۇ خۇشال بولدۇم، بىلمىدىم، قېرىنـ
داشلىرىمىز پېقىرنى نېمە خىزمەتكە بۇيرۇيدىكىن؟

هېلىغىچە ئۆز تۇغقىنىنىڭ هۇزۇرىدىكىدەك بەهۇزۇر ئولـ
تۇرۇۋاتقان هىمىت قاشقا تۆمۈرچىنىڭ تىزىنى بېسىپ قويـ
غىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئالدى بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ سېيىت
هاجىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل ئىدى. ئاجىزلارنى يۆلەپ، ئا-
دالەتنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل ئۆلىماغا سادda
كۆڭلىنىڭ تۆرىدىكى هۆرمەت تەختىدىن ئورۇن بەرگەنىدى.
يەنە قېرىندىشى ئابدۇللانىڭ خۇددى قالماقدۇك هاشىرىدىكىـ
گە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ شەخسەن تىرىشچانلىقى بىلەن قويۇپ
بېرىلىشىنى خالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېيىت هاجىنى ماخـ
تاپ ئۇچۇرىدىغان يېڭى بىر دەسمايىگە ئىگە بولاتتى.

ئۇ چورۇق تارتىۋالغان ئاياغلىرىنى ئازراق تۈزلەپ، ئۇـ
يۇشۇپ كەتكەن تىزىغا دوك - دوك ئۇرۇپ قويۇپ، قوشنىلىرىـ
غا گەپ قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا دىدى:

— تۈنۈگۈن هۆرمەتلىك قارىم كىچىككىنە ئاچچىقىنىڭ
كەينىگە كىرىپ ئابدۇللائاخۇننى تۇتۇپ ئەكەلدى. بۇ ئىش
بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ سەمىگىمۇ يەتكەندۇ دەپ ئويلايمىز،
ئەمدى ... بۇ يېتىمنىڭ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان دادىسى،
ئىككى نارەسىدە بالىسى قانداقمۇ قىلار، دەپ قالدۇق...، — دېدى.

— ئابلىزقارىم ئۆزلىرىنى يۇرتىمىزنىڭ قازىسى دەپ جاكارـ
لىغىنى يادىمىدا، — دېدى پۇقرالارنىڭ دەۋىتى بىلەن هىمىت
قاشقىنىڭ سۆزىنى تولۇقلىماقچى بولغان مىراپ بېگى كەسكىن
ئاهاڭدا، — هەرقايسىلىرىغا مالال كەلمىسە، قىلغۇلۇقنى كىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى ئايرىپ بېرىشسىلە. «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، سەۋەنلىك بەگزادىدە تۇرۇپ، ئابدۇللا ئاخۇنغا ئازار بەرسەك ئانچە دۇرۇس بولماسمىكىن؟!

— شۇنداق ... شۇنداق ...

— مىراب بېگىم دۇرۇس دەيدۇ ...

ئولتۇرغانلار خامانغا چۈشكەن قۇشقاچتەك تەڭلا ئېغىز ئېچىپ، سۆپۈرگەئاخۇننىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىگىلى تۇردى.

ئابلىزقارى ھېلى ئۇ ساغرىسىنى، ھېلى بۇ ساغرىسىنى مىدىرلىتاتتى، ئېڭىكىنى تىرەپ تۇرغان قولىنى ھەدەپ ئالماشتۇراتتى. بىر سېيىت ھاجىغا، بىر تۆردىكىلەرگە قاراپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتەتتى.

سېيىت ھاجى ئابدۇللانىڭ قىسمىتى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپلا خۇددى كۆتمىگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالغاندەك ئەندىكتى. چىرايىدىن كۆلكە ئۆچۈپ، جىددىي تۈس ئالدى. ئابلىزقارىنىڭ كىيىنىشىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ باقماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ بەستىگە باشتىن ـ ئاخىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، كۆزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قادالدى ۋە:

— ھە، مۇشۇنداق ئىش يۈز بەردىما تېخى؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ ... يوقسۇ ... ھېلىقى ...، — ئۇ سېيىت ھاجىنىڭ ھېچنېمە ئۇقماس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىدىن مۇنداق سوئال سوراۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ دۇدۇقلىغاچ، بۇ خۇپىسەنلىكنىڭ تەكتىدە ئۆزى بىلمەيدىغان مۇھىم بىر مەقسەت بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ، قويۇلغان سوئالغا نەق جاۋاپ بەردى، — شۇنداق تەقسىر، شۇنداق.

سېيىت ھاجى «ھىم» دەپ قويۇپ، بىر چوڭ تىن ئېلى‐
ۋالدى، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سورىدى:
— ئابدۇللاتاخۇن ھازىر قەيەردىكىن، ئۇ رىيازەت چې‐
كىپ قالمىغاندۇ؟
— يوقسۇ ... يوقسۇ ...
سېيىت ھاجىنىڭ تۇتقۇنىڭ ئوبدانلا ئەدەبلەنگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە رىيازەت چەككەن ـ چەكمىگەنلىكىنى سورىغىنىغا قاراپ، ئابلىزقارى خېلى سەگەكلىشىپ قالدى. بۇ ئەزىز مېھمىنىنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق، چوڭقۇر پىكىرلىك ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قول قويدى. ئەسلىدە ئۇ بەگزادىسىگە ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئابدۇللانى يەتكۈچە قارىلاپ، ئۆز كېيىنى يورغىلاتماقچى، پۇقرالار ئالدىدا بەگلىك ھەيۋىسىنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئەمدى بۇ نىيىتىدىنمۇ يېنىپ قالدى. مېھمىنىنىڭ كۆزىگە قاراپ يول تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە زىيان ئېكەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى.
— تۆۋا ... تۆۋا، — دېدى سېيىت ھاجى پەگاھدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىپ يۈرۈپ، — دۇنيادا مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بار ئىكەن، قاراپ تۇرۇپ بىر مۇسۇلماننى قۇشنى قەپەسكە، ھايۋاننى ئېغىلغا بەند قىلغاندەك بەند قىلغانمۇ بارمۇ؟
تۆردە ئولتۇرغانلار سېيىت ھاجىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى. پۇت ـ قوللىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، «مەن نېمە دېگەنىدىم» دېگەندەك مەغرۇر نەزەردە ھەممەيلەنگە بىرمۇبىر قاراپ چىققان ھېيت قاشقا قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، سېيىت ھاجىنىڭ كېيىنى قۇۋۋەتلىدى:
— شۇنى دېمەمدىغان، بىر بەندىنى قۇربانلىق قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويىنىڭ يۇتىسىنى چۈشىگەندەك چۈشەپ، ئېشەك سولاپ قويغان-
دەك سولاپ قويسا، ئاللا كۆتۈرمەيدۇ - دە!

سۈپۈرگەئاخۇن كۆپ گەپ قىلمىدى. پەقەت ئارىلىقتا جىمجىتلىق چۈشكەندىلا:

— ھاجىمنىڭ مەرھەمىتى بىلەن قېرىندىشىمىزنى بىللە ئەكېتىشكە مۇمكىن بولارمىكىن؟ — دېدى.

ھەرە چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتكەن ئابلىزقارى مىراب بېگىگە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، سېيىت ھاجىنىڭ كۆزى بىلەن بىلدۈرگەن تەقىبىگە دۇچ كەلدى.

— قارىم، — دېدى سېيىت ھاجى ئابلىزقارىنى ئىشارەت بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ، — يۇرت - جامائەتنىڭ دەۋا - دەستۇرلىرى-نى كىم سورايدۇ؟

ئۇ قان تەپچىپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى سىيلىغاچ، بېشىنى قىيشاتقىنىچە ئابلىزقارىغا تىكىلدى. كۈلۈمسى-رەپ قارىدى.

— يۇرت قازىسى ... يۇرت قازىسى سورايدۇ!

— يۇرت قازىسى كىم؟

— ئەلۋەتتە ئۆزلىرى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرى...

— ئەھۋال ئۇشبۇ تەرىقىدە ئىكەن، بۇ دەۋاغا پېقىر ھۆ-كۈم قىلسا بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ.

سېيىت ھاجى تىمتاسلىقتا چۆمگەن مېھمانخانىدا سەل-لىسىنى تۈزلەپ كىيىپ، تونىنىڭ ياقىسىنى تەمكىن ھەرىكەت بىلەن تۈزەشتۈردى - دە، يېنىك قەدەم تاشلاپ تۆرگە ئۆتۈپ، مىراب بېگى بىلەن ھىممەت قاشقىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى، دۇئا قىلغاندىن كېيىن گېلىنى ياساپ، تەنتەنىلىك سۈرەتتە جاكارلىدى:

— مۆمىن مۇسۇلمان سەپەرئاخۇن چاقچاق ئوغلى ئاب-

دۇللائاخۇن بىگۇناھ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز ئەركىگە قايتۇرۇلدۇ. ئۇنىڭغا ئازار بەرگەن بەندە بىر ياۋاش مۇسۇلماننى ئەركىدىن مەھرۇم قىلىنغىنىغا چىن كۆڭلىدىن پۇشايمان يەپ، خۇدا ئالدىدا تۇۋا قىلغاي، ئامىن!

قازىنىڭ قازى بولغاندىن بېرىقى تۇنجى ھۆكۈمى ھەممەيلەنگە يېقىپ كەتتى. ئۇتتۇقلۇق دەۋادىن خۇرسەن بولۇپ، قېرىندىشىنى سېغىنغان كۆزلىرى ئىشىككە تىكىلدى.

— ھەرقايسىلىرىغا خوپ چۈشسە، — دېدى سېيىت ھاجى پۇقرالارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك، — ئابدۇللائاخۇن ناھەق-نەرۋا بەند قىلىنغانلىقى ۋەجىدىن پەرز نامىزىنى قازا قىلدى. بۇ قازانىڭ قەرزى ئەلۋەتتە پېقىرنىڭ بويىنىدا. يۇرت قازىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، تونۇگۈنكى بۇ كېلىشمەسلىكتىن بىخەۋەر قاپتىمەن. بولمىسا، ئابدۇللائاخۇن بۇنداق سورۇقچىلىقنىمۇ تارتماس ھەم نامىزىمۇ قازا بولماس ئىدى. ھېلىھەم خۇداغا شۈكرى، بۇ ئىش ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن سەممىزگە يەتكەچ، ئۇلۇغ ئىگەم بىزنى ئارتۇقچە سەۋەنلىكتىن ساقلاپ قالدى. مۇبادا قازا ئادا قىلىنمىسا، قادىر ئاللا ئالدىدا ھەممىمىز پاسىق گۇناھكار بولىمىز. مۇنداق بولسۇن، ھەرقايسىلىرى خاتىرجەم قايتىپ تۇرۇشسىلا، ئابدۇللائاخۇن ناماز ئەسىرنى بىز بىلەن بىللە ئوقۇسۇن، نامازدىن كېيىن تۇۋا-ئىستىغپار قىلىپ، ئۆزرىمىزنى بىلدۈرەيلۇق، ھۆرمەتلىك ئىنىمىزنى ئۆزىمىز يولغا سېلىپ قويايلۇق.

بەزىلەرنىڭ يۈرىكى سېيىت ھاجىنىڭ تاتلىق سۆزى بىلەن خۇددى قىزىق چايغا سېلىنغان قەنتتەك ئېرىپ كەتتى. ئابدۇللانى پاتراق يولغا سېلىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

سېيىت ھاجى ھەممەيلەنگە ئامانلىق ـ ئاسايىشلىق تىلەپ دۇئا بەردى ـ دە، ئۇلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغىچە چىقتى.

## 10. بازار بېگى نادىرخان

خاتىپ ھۇجرىسىدا پىچىۋېتىلگەن بۇقىدەك ھۆركىرىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يەل توشقۇزۇلغان تۇلۇمغا ئوخشاپ كېتىدىغان تېنى كېزىك ھارارىتىدە قىينىلىۋاتقان بىستاپىنگكىدەك لاغىلداپ تىترەيتتى. گۆرەن تومۇرلىرى كەكە سېپىدەك بۆرتۈپ چىققان، يۈزىدىكى ھېلىقى ھۆررەك چىڭقىلىپ تۇرغان يۈز مۇسكۇللىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدى. خەنجىرنىڭ مۆڭگۈز سېپىنى شۇنچىلىك قاتتىق سىققان ئىدىكى، توم ـ توم بارماقلىرى خۇددى بەش تال قىزىلمۇچتەك قىزارغان، پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي، بىلىدىغانلىكى تاتلىق سۆزلىرى بىلەن يالۋۇرۇۋاتقان دادىسىغا قادالغانىدى.

— سەۋر قىل، سەۋر قىل دەيدىلا، قانداقمۇ سەۋر قىلىمەن؟ ئىككىڭلار بېشىڭلىنى بىر يەرگە قىلىۋېلىپ كۇسۇرلاشقىنىڭلار كۇسۇرلاشقان، قەستىڭلار مەندىمىدى ـ يا؟ بولدى، مېنى قويىۋۋەتسىلە، ئابدۇللا دېگەن بىر نېمىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىۋۋېتىمەن، بېشىمنى ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىمەن. ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. ئورنۇمغا سېيىت ھاجىنى بالا قىلىۋالارلا!

— ھوي ئوغلۇم، خۇش بولۇپ كېتەي، ئاغزىڭنى يىغىشتۇر، ھاجىم ئاڭلاپ قالسا، سەت ئەمەسمۇ؟

ئەسلىدە، تۈنۈگۈن ئابدۇللانى ئاتىنىڭ ئالدىغا سېلىپ كېلىپ بىر ھازا دۇمبالىغاندىن كېيىن، ھېرىپ كەتكەن بەگـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زادىنىڭ نەششە خۇمارى قوزغالغانىدى. ئۇ قامچىسىنى تاشلىماي تۇرۇپ «رەھمەت!» دەپ ۋارقىرىدىيۇ، دادىسى بىلەن تۈزگەن ئاغزاكى كېلىشىمى يادىغا يېتىپ، «لەببەي بېگىم!» دەپ قول باغلاپ تۇرغان رەھمەتنى يەنە قايتۇرۇۋەتتى.

بۇ قەسرگە جايلاشقاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى بولسا كېرەك، پاراڭ ئارىلىقىدا سېيىت ھاجى بىردىنلا سەگەكلەشتى-دە، بۇرۇن تۆشۈكىنى كېڭەيتىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، نېمىندۇر پۇرىغاندىن كېيىن ئابلىزقارىدىن:

— بۇ، نېمىنىڭ پۇرىقى تەقسىر، ئەجەب يات پۇرايدۇغۇ، — دەپ سورىدى ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— ھى... ھى...، — دېدى ئابلىزقارى ھېچقانداق يات پۇراقنى سەزمىگەندەك، — مالايلارغا ئەخلەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار دېۋىدىم، ئېھتىمال قۇيۇقا پۇرىقىدۇر-يا بولمىسا كۆيگەن توخۇ پوقىنىڭ ھىدىدۇر.

بۇ گەپكە سېيىت ھاجى ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدىمۇ، مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

ئابلىزقارى بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۇدۇل ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. خاتىپ ھۇجرىدا يەنە بىر ھەققەمسايىسى بىلەن تەكيىگە يۆلەنگىنىچە تازا مەززە قىلىۋاتقانىكەن.

ئابلىزقارى ئوغلىنى نەششە چەكمەسلىككە كۆندۈرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن گېپىنى زادىلا ئۆتكۈزەلمىدى. ئاخىرىدا كونا چارىسىنى ئىشقا سېلىپ ئازراق چىقىم تارتتى-دە، خاتىپنى نەششىنى ھۇجرىسىدا ئەمەس، بەلكى خالىي بىر جايدا چېكىشكە ئاران ماقۇل كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خاتىپ خۇمارى تۇتقاندا ياكى بازاردىكى نادىرخانىنىڭكىگە كېتەتتى، ياكى باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى لەمپە ئاستىغا باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈنۈگۈن ئۇ يەنە بازار بېگى نادىرخان بايۋەچچىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە سەيخانە مەجلىسى قۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇزغان، قەسىرگە قايتىپ كېلىپلا ئانىسىدىن ئابدۇللانىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دادىسى بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئابلىزقارى ئىشىككە قاراپ بەئەينى ئولجىغا ئېتىلغان قاپلاندەك ئاشلانغان ئوغلىنى قوچاقلاپلا تۇتۇۋېلىپ:

— جېنىم ئوغلۇم، سەۋر قىل، «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دەپتىكەن، ھازىرچە بۇ دەردنى ئىچىمىزگە يۇتماقتىن ئۆزگە ئامال يوق، — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

دادىسىنىڭ كۆزلىرى نەملىشىۋاتقانلىقىنى، قىياپىتىنىڭ بەكلا بىچارىلىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەن خاتىپ سەل-پەل يۇمشىغاندەك بولدى-دە:

— دادا، ئويلاپ باقسىلا، نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ بۇ جاھاندا؟ پۇقرالار ئىتائەتتىن باش تارتسا، خوجايىنىنى لايىغا مىلەپ بوزەك قىلىشقىچە بېرىپ يەتسە، سېيىت ھاجى ئاش-تۈزىمىزنى يەپ تۇرۇپ، يەنىلا ئاشۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپسا...، — دېدى

— ئوغلۇم، بۇنى بىر دېمەي قوي، — دېدى ئابلىزقارى ئوغلىنى ئاچچىقى يېنىپ قالدى دەپ ئويلاپ، — پۇقرا دېگەن ئەبگارلار مۇشۇ كۈنلەردە راستتىنلا ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ، لېكىنزە، ئۇلار چۆچۈرىنى خام ساناشمىسۇن!

ئۇ پۇقرالارنى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ تىللاۋاتقاندەك بىر ھازا قايىنىدى، ئۇلارنىڭ مېھمانخانىدا ئەيمەنمەي كىرىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

كىم بىلسۇن، خاتىپ دادىسىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە چىچاڭشىشقا باشلىدى، ئۇ ئەمدىلا غىلاپقا كىرگەن خەنجىرىنى يەنە سۇغۇردى.

— دادا، مېنى قويۇۋېتسىلە، مەن بۇ جۇڭدەكلەرنىڭ بۇنداق ئۇششۇقلۇقىغا چىداپ تۇرالمايمەن، ياكى ئابدۇللانى بوغۇزلاپ، مېڭىسىدە ئۆتۈكۈمنى ياغلايمەن، يا سېپىت ھاجىنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتىمەن!

ئابلىزقارى ئالىقاچان ئەيۋەشكە كەلگەن ئوغلىنى ئىككى ئېغىز ھەسرەت چېكىش بىلەن قايتا قوزغىتىپ قويغانلىقىنى بىردىنلا پەملەپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. ئوغلىنىڭ مۇشۇ ئاچچىقىدا بىرەر پالاكەت تېرىپ قويۇشىغا كۆزى يەتتى.

— ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، بالام، — دېدى ئۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، — بىر تاش سانىغىنىمىز بىلەن سېپىت ھاجىم قۇم سانايدۇ، ئۇ بىزگە يامانلىق كۆزلىمەيدۇ، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇغان نەدە بار؟

— دادا، سىلىزە بۇ يۇرتتىن چىقىپ باقمىغان ئادەم، بۇنداق ئادەملەر بەك قۇۋ كېلىدۇ، ئولتۇرغىلى سۇپا بەرسەك، كېيىن ھۆججەت چىقارمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مۇبادا سىلى يۈز كېلەلمىسىلە ماڭىلا قويۇپ بەرسىلە، ئۇنى ئۆزۈم ھەيدىۋېتىمەن. ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بەرىبىر بىر قازانغا سىغمايدۇ!

ئوغلىنىڭ يەنە تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغالغان كىشىدەك جالاقلاپ تىترەشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن ئابلىزقارى بۇ ئالامەتلەرنىڭ نېمىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچ، قايسىبىر مانجۇ ئەمەلدارى ھەدىيە قىلغان كەشتىلىك تاۋار ھەمىيىنىنى شاراقلىتىپ قويۇپ، نەسىھىتىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئوغلۇم، سەنمۇ ئاڭلىغانسەن، ھۆكۈمەت پات يېقىندا يىقىلغۇدەك، شۇنداق ئەھۋال سادىر بولسا، يۆلەنگەن تېغىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ سېپىت

www.uyghurkitap.com

هاجىمنىڭ پېشىنى تۇتمىساق بولمايدۇ. قەسەمكى، ئۇنىڭدىن بىزگە يامانلىق كەلمەيدۇ، تۆۋرۈكسىز لاپاس ئۆرە تۇرمىغىنى-دەك، بىزمۇ تايانچىسىز ئۆرە تۇرالمايمىز بالام...

بۇ گەپلەرنىڭ بىر ئېغىزىمۇ خاتىپنىڭ قۇلىقىغا كىر-مەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى ھەميانغىلا تىكىلگەنىدى. ئۇ:

— مېنىڭ كىمنىڭ يېقىلىپ، كىمنىڭ تىرىلىشى بىلەن كارىم يوق، قېنى، پۇللىرىنى چىقارسىلىچۇ، ماڭا بىردەملىك بولسىمۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئەۋزەل، — دېدى ۋە دادىسىنىڭ يېشىشىگىمۇ تاقەت قىلالماي، ھەميانىنى تارتىپلا يۇلۇۋالدى.

— بۇ... بۇ... بۇ...

ئابلىزقارىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپلا قالدى. ئۇ، لىق تەڭگە قاچىلانغان ھەميان ئەمەس، بەلكى يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغان خۇداغا ئىچىدە شۈكرىلەر ئېيتتى.

ئات باقار بىر نەرە بىلەن تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان قاراشەھەر ئارغىمىقىنى تەييار قىلدى. بىر ھەميان پۇل بىلەن يۈرىكىگە يۈرەك قېتىلغاندەك جانلىنىپ كەتكەن خاتىپ بەگ-زادە سېپىيت ھاجى تۇردىغان مېھمانخانا تەرەپكە ھوشىيىپ قاراپ قويدى-دە، ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىپ، چاپچىپ تۇر-غان ئاتقا قامچا ئۇردى. قەسىر دەرۋازىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان ئات ئاسمان-پەلەك بوغۇناق ئۆرلىتىپ، بازار يولىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئابلىزقارىنىڭ ئاتا جەمەت پۇشتىنىڭ بۇ قەسىرىنى ئاۋات بازارغا ئەمەس، بەلكى بازارغا ئىككى پوتەي كېلىدى-دىغان يەرگە بىنا قىلغانلىقى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە سىغمايت-تى. ئەمەل ۋە مال-دۇنيا يېقىدىن ئالغاندىمۇ، ئۇ قەسىر ئىمارىتىگە بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى ئىگىلىيەلىشى مۇمكىن

ئىدى. بازارنى ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدا يۆتكەپ كېلىشىمۇ ھەم قولىدىن كېلەتتى. بەزىلەر ئابلىزقارىنىڭ بۇۋىسىنىڭ باشقىلارنىڭ بۇ توغرىدىكى مەسلىھەتىگە قارىتا قىسقىلا قىلىپ «پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا» دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، دېيىشىدۇ. «ئورتاقچىلىرىم نازارىتىمنىڭ تېشىدا قالمىغىنى ياخشى» دەپتىكەن، دېگەن گەپمۇ بار.

ئىشقىلىپ، ئۆز تۇرالغۇسىنى ئۆزىگە تەئەللۇق تېرىلغۇ ئەتراپىغا قۇرۇش، يەر دېسە جان بېرىدىغان يەر ئىگىسىنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ. چۈنكى، قەشقەردىن تارتىپ تاكى يۇرت بازىرىغىچە بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئابلىزقارىغا قاراشلىق، بۇ يەرلەردە ئورتاقچىلىق قىلىپ، جېنىنى جان ئېتىدىغان يۇقىرالارمۇ ئابلىزقارىغا قاراشلىق. ئۇنىڭ بازار ئىچىدىمۇ ۋەكالەتخانىلىرى، سودا دۇكانلىرى يوق ئەمەس، بازاردىن تېگىدىغان نەپمۇ ئوخشاشلا چۈنتەكىگە كىرىۋېرىدۇ. ئۆزىنى بۇ يۇرتنىڭ ئالاھىدە خوجايىنى دەپ قارايدىغان خاتىپمۇ ھەممىنى بىلىدۇ. ئۇ، ئادەتتە ئېلىپنى چوماق دېيەلمىگىنى بىلەن، خوجايىنلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە ئۇستا. ئادەتتە كوچىغا چىققىنىمۇ، ئاتنى بەيگىگە چاپتۇرغاندەك چاپتۇرىدۇ. قامچىسى قولىدا توختىماي ئوينايدۇ. ئۇ، كۆتەكتەك مەزمۇت ۋە سالاپەتلىك يىگىتلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى ۋىيارەتكە كېتىپ بارغان پادىشاھدەك ياكى شەھەر ئالغىلى كېتىپ بارغان سەرداردەك كاتتا چاغلايدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئادەم ياكى ھايۋان دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي چەيلەشتىنمۇ يانمايدۇ. كوچىدا بوغۇناق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەنلا كىشى خاتىپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەيدۇ-دە، ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بەختسىزلىكلەر سەۋەبىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئاتا-ئانىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلىرىنى كوچا بويىدا ئويناشتىن چەكلىشىدۇ.

خاتىپ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئۇۋ قورشىغاندەك «ھايت-ھۇيت» قىلىشىپ، توغرىـقىيغىل يولىدىن چىقىپ كېلىشتى-دە، كۆپۈك پۈركۈپ چېپىشۋاتقان ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بازارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە بۇراشتى.

يازنىڭ مەمۇرچىلىق بولىدىغان پەسلى بولۇشىغا قارىماي، تاۋاپچىسىز مازاردەك چۆلدەرەپ قالغان بازار زاتىل كېسىلىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئازابى تۆپەيلى يىقىلىپ، بېشىنى پاختىلىق قۇملۇقىغا، ئايىغىنى چىغلىقئېرىق مەھەللىسىدىكى سازلىققا قويۇپ سوْنايلىنىپ ياتقان گىگانت يېتىمچىگە ئوخشايتتى. بۇ يېتىمچىنىڭ چۈۋۈلغان پوتىسىدەك سوزۇلۇپ تۇرغان مەخمەل ئۆستىگىدە ئېقىۋاتقان ئازراق دوغ سۇ ئاچكۆز قومىلارنىڭ سۇمۇرۇپ كېتىشىدىن ياكى رەھىمسىز پارلاندۇرۇۋېتىشىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك، شىمال تەرەپكە جۆنىشەتتى.

ئۆستەڭدىكى چوڭ تاختا كۆرۈك ئەتراپىغا بالىخانىلىق ۋە بالىخانىسىز تاشپۇزۇللار جايلاشقان. ئۆز ۋاقتىدا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىپ چىرايلىق قوشاقلار بىلەن خېرىدار چاقىرىدىغان ئاشپەز خوجايىنلارنىڭ ياڭراق، كۈلكە جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى قەيەرگىدۇر يوقالغانىدى. خېرىدارلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. ياغ تەپچىپ تۇرىدىغان گۆش گىرىدىلەر، گىرىدىلەر تىزىلىدىغان پەشخۇنلار ئەمدىلىكتە قاغجىراپ ياتاتتى. پەقەت دەسمايىسىدىن ئايرىلمايدىغانلارنىڭلا مورىسىدىن ئۆرلەۋاتقان ئاق ئىس ئۇدۇل ئاسمانغا ئۆرلەپ، ئۆزىنى يىراق يۇرتلارغىچە يېرىپ كۆز-كۆز قىلماقچىدەك، بۇلۇتلارغا قوشۇلاتتى. بىكارچىلىق دەستىدىن زېرىكىپ يېڭى ئەرمەك ئىزدەيدىغان، چاي ئوتلىغاچ تەۋكە تۈزۈپ ئوشۇق ئاتىدىغان بىكارچى بايۋەچچىلەرلا پۇنداق تاشپۇزۇللارغا كىرىپ-چىقىشاتتى.

تاختا كۆۋرۈكنىڭ 30 قەدەم نېرىسىدىن باشلىنىدىغان دۇكانلار قاتارى تاكى كونا جۇۋا دەپ ئاتىلىدىغان توپىلىق مەيدانغىچە سوزۇلاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تىجارەت توختىتىلغان. كۆز چېقىپ تۇرىدىغان ھىندى، پەرەڭ گەزلىمىلىرى كۆرۈنىدىغان كۆزنەك ھازىر تۆت قول قېلىنلىقىدىكى تاختايلار بىلەن تۇسۇۋېتىلگەنىدى. دۇكانلارنىڭ ئالدىغا خېرىدارلار ئەمەس، بەلكى دان تاتىلاپ يۈرگەن توخۇلار ۋە قورساقلىرىنى يەرگىچە ساڭگىلىتىپ، بىر پارچە سۆڭەكنىڭ ئىشقىدا ساراڭ بولغان لالما قانجۇقلار كۆرۈنەتتى. يۇقىرىلارغا كۈنىدە لازىم بولۇپ تۇرىدىغان لاۋازىمەتلىكلەرنىڭ تىجارىتى يۇرت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ۋە بىرقانچە ئافغان، ھىندىلارنىڭ دۇكىنىدىلا يۈرۈشەتتى.

ئىككى تەرىپىگە ئۆگزىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ-كىچىك دۇكانلار جايلاشقان تار يولنىڭ بىر بېشىدا كونا جۇۋا مەيدانى سوزۇلۇپ ياتاتتى. نامى ئانچە چىرايلىق ئاڭلانمىغىنى بىلەن، چېردىيە بازىرىنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان بۇ توپىلىق مەيدان تىجارەتچىلەرنىڭمۇ، خېرىدارلارنىڭمۇ، زېرىككەنلەرنىڭمۇ، تېرىككەنلەرنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان جاي ئىدى. يىل ئوبدان كەلگەندە، دائىرىسى ئۈچ-تۆت مو كېلىدىغان مەيداننىڭ توپا يولى تەرىپىدە ئاشلىق بازىرى قىزىپ كېتەتتى. تاغ يولىغا تۇتىشىدىغان يېرىگە مال بازىرى جايلاشقان، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا، گۈلە-قاق، تۇز بازىرى بولاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى كەپتەرۋازلار ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىنى بېجىرىشەتتى. مەيداننىڭ يەنە بىر يېرىگە تەلپەكسازلارنىڭ، دوپپا-تۇماقچىلارنىڭ جاھازلىرى جايلاشقان. بۇ سودا-سېتىق مەركىزى ھېيت-ئايەملەردە يەنە باشقىچە تۈس ئالاتتى. مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز ئۆگزىلەرنىڭ بىرىگە ناغرا-سۇنايچىلار جايلىشاتتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دە، ئەتىگەندىن باشلاپلا مۇقام پەدىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتەتتى. ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىشقان قىز-چوكانلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئېگىز چاقپەلەكنىڭ ئارغامچىلىرىغا ئېسىلاتتى-دە، زەبەردەس يىگىتلەرنىڭ تىرەجەپ تۈرۈپ پىرقىرىتىشى بىلەن كۆككە ئۆرلەيتتى. تال-تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى ۋە رەڭمۇرەڭ كۆڭلەك، ياغلىقلىرىنى يەلپۈلدىتىپ، ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئەندىشىلىك قىقاس-سۈرەنلىرى چاقپەلەك چۆرىگۈچى يىگىتلەرنىڭ ھە-ھۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خۇشاللىق تاشقىنىدەك گۈرۈلدەيتتى. چاقپەلەكنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان چوڭ كاجۇۋىلاردا پىرقىراۋاتقان باللار بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر تۆۋەنلەپ، قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىشاتتى.

بۇ يۇرتتا ئانچە-مۇنچە پەيدا بولۇپ قالىدىغان سېھىرگەر، دارۋازلارمۇ مۇشۇ مەيداندا ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلاتتى. پەقەت يۇرتتا ئەمىنلىك ۋە پۇقرا توقلا بولىدىكەن، كونا جۇۋامەيدانى پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان ھاياتلىق قازىنىدەك، بىردەممۇ تىنچىمايتتى.

بىراق، بۇ كۈنلەردە يېقىن-يىراقتا نامى بار بۇ مەيدان بەئەينى خادىسىز گۆرىستانلىقتەك. قەبرىسىز مازاردەك خارابىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەن يىلقى دەھشەتلىك ئاغرىق-سىلاق بىلەن تەڭلا باشلانغان ماتەم قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا، بۇ مەيداندىن كۈلكە ۋە ھايات ئالامەتلىرىنى يوقاتتى، ئاغرىق-سىلاق بىلەن پۈكلەنگەن گەۋدىسىنى تۆپىلەپ ئاچلىق تېغى يانجىۋەتكەن قىسمەن پۇقرالارنى قورساق ۋە جان ھەلەكچىلىكىدىن ئۆزگە قىزىقىشتىن مەھرۇم قىلغانىدى. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر ئېرىقلارمۇ ھازىر بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار بىلەن تىنى-

دۇرۇلغان، يېرىم قاقشال بولۇپ قالغان سەگۇ تېرەكلەرنىڭ يىلتىزى ئۇزۇن يىللىق مۇمىيانىڭ بىلەكلىرىدەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاغرا ـ سۇناي چالىدىغان ئۆگزىنىڭ يېنىدىكى ئېگىز چىقىر ئۇجمىنىڭ بۆرتۈپ چىققان يىلتىزلىرى نامسىز يولۇچىنىڭ قۇملۇقتا قالغان سۆڭىكىدەك ئاقارغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جاراڭلىق، شوخ مۇقام پەدىلىرى ئەمەس، بەلكى قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەيداندىن قاپاق ۋە چۆگۈنلىرى بىلەن مەخمەل ئۆستىڭىدىن سۇ ئەكېلىۋاتقانلار ۋە ئېشەكلىرىگە سوغۇق قۇدۇق سۇلىرى ئاچىلانغان يوغان سوغىلارنى ئارتىپ، سۇ سېپىپ يۇرگەنلەر ئۆتۈپ قالمىسا، جان ھەلەكچىلىكىدىن ئۆزگە زۆرۈرىيەت بىلەن ھېچكىم بۇ يەرگە يولىمايتتى. قوقاستەك ئېقىپ، توزۇپ تۇرىدىغان بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى قۇم مەيدان يۈزىنى بەئەينى باياۋانغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا سەبىي قىزلارنى پىرقىرىتىپ، ئۇلارنىڭ ھېيتلىق ھاياتىغا خۇشاللىق بەخش ئەتكەن چاقپەلەك موممىسى بىر چەتتە پاچاقلىنىپ ياتاتتى. ھېيتلىق ئالغان باللارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدەك زىل كۈلكە ـ چۇقانلىرى قەيەرلەرگىدۇ سىڭىپ كەتكەن. يۈزىگە پالتا سالغاندەك تىلىم ـ تىلىم يېرىلىپ كەتكەن كاجۇۋا ئۆز مېھمانلىرىنىڭ كۈلكىسىنى سېغىنغاندەك، ئاپتاپتا قاقلىنىپ تۇراتتى.

تارازىچىلارنىڭ توقلۇقنى، باياشاتلىقنى نامايان قىلىدىغان «بىر چارەك، ئىككى چارەك» دەپ ۋارقىراشلىرى خۇددى تاڭ ئالدىدىكى چۈشتەك يوقالغانىدى. ئاچلىق دەردىدىن ئۆلەر ھالغا كەلگەنلەر بازارغا ئەمەس، بەلكى يەر ئىگىلىرىنىڭ، بايلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، تىلەمچىلەردەك تەلمۈرۈشەتتى. بازار ئاشۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كۆچكەن، بۇنداق بازارلاردا كۈلكە ئەمەس، يىغا ـ زار، ئاھ ـ پەرياد ھۆكۈمران ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خاتىپلار قۇرغاق كوچىلارنى بېسىشقا كىيگەن پېتى توپا يولى ئاغزىدىكى كاتتا جامەنىڭ ئالدىدا يىغىلىپ قالغان نامازخانلار توپى ئارىسىنى يېرىپ ئۆتتى-دە، جامەگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان جايدىكى چوڭ سارايىنىڭ جەنۇبقا قاراپ تۇرىدىغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

مەخسۇم ھاجىنىڭ سارىيى دېيىلسە، چوڭ-كىچىك ھەممە كىشى بىلىدىغان بۇ كارۋان سارىيى چىرسىيە بازىرىدىكى خېلى چوڭ ساراي بولۇپ ھېسابلىناتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا ئوڭ قولغا بۇرۇلسا، پېشايۋانلىق مېھمانخانىغا ئۆتكىلى بولىدىغان مەخسۇس ئىشىك كۆزگە چېلىقاتتى. ھازىر بازار بېگى نادىرخان بايۋەچچىگىلا قاراشلىق بولغان بۇ مېھمانخانىنى سارايىنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان تورۇسقا تۇتاش رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ئىجارە بېرىلىدىغان ھۇجرىلار جايلاشقان. سېلىنغىنىغا 40-50 يىل بولغان ھۇجرىلارنىڭ تاملىرى سوۋۇلغان، كېشەكلىرى ياكى ئىشكىلىرى ئۆز شەكلىنى يوقىتىشقا باشلىغانىدى. ھۇجرىلارنىڭ قارشى تەرىپىدە سەينا، سەينانىڭ بىر تەرىپىدە ئەللىكچە تۆگە سىغىدىغان ئېگىز تۆگىخانا تۇراتتى. تۆر تەرىپىدە بولسا ئۆگزىسىگە پېچەن دۆۋىلەنگەن ئاتخانا بار ئىدى.

خاتىپ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئالدىلىرىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن خىزمەتكارلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئاتخانىغا ئەۋەتتى-دە، مەخسۇس ئىشىك بىلەن بازار بېگىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېتىشتى.

خاتىپقا ناتونۇش بولغان سودىگەر قىياپىتىدىكى يېشى توختالغان بىر كىشى بىلەن بارماقلىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان نادىرخان بايۋەچچە خاتىپنىڭ سالىمىنى خۇش ياقمىغان تەرزدە ئىلىك ئالدى. ئۇ، ئورنىدىن قوزغالمايلا

خاتىپقا چەپ موردىكى كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قارشىدىن ۋە سۇس تەكەللۇپىدىن «بۇ يەردىن كەتـكىنىڭگە ئۇزۇن بولماي تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا كەلدىڭ» ياكى «ناقولاي چاغدا كەلگىنىڭنى قارا» دېگەندەك مەنا چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ پارىڭى قايناپ تۇرغان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋەتكەندەكلا جىمىپ قالدى. نادىرخان بايۋەچچە خاتىپ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى-دە، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن پات قوزغالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھېلىقى كىشىگە نائىلاج ئىجازەت بەردى. ئۈچ بارمىقىنى ھېلىغىچە بېسىپ تۇرغان ئۇ كىشى خاتىپقا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بەداشقان قۇرۇپ كېرىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە بىر قۇر قاراپ قويدى. ئېشىغا توپا چاچقان بۇ بىشەملەرگە ئالىيىپ «ئالە شەھىرىڭنى» دېگەندەك، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى.

بازار بېگى خاتىپ بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، 30 ياشتىن ھالقىغان كىشى ئىدى. يەل بەرگەن تولۇمدەك سېمىز، ئاقپىشماق، ئىنچىكە، ئۇزۇن بۇرۇتىنى سىلاپلا تۇرىدىغان چېقىر كۆزلۈك بازار بېگى تام-تورۇسقا قارىغىنىچە بىپەرۋا ئولتۇرغان ئاغىنىسىغا يېقىمباشتىن ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك، ئاستا قىمىرلاپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا «نېمە خىزمەت» دېگەندەك تىكىلدى.

تۆت-بەش يىل مابەينىدە، ئۇتتۇرۇپ قويغان سەۋەبلىك بىرنەچچە قېتىم قىزىرىشىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قوناقچىلىك نەششە تاپسىمۇ بىر-بىرىنى سېغىنىدىغان بۇ ئۆلپەتلەر مەجەزلىرىنى ئوبدانلا چۈشىنىشەتتى. شۇ تاپتا نادىرخان بۇ ئاغىنىسىنى قوغلاپمۇ قوغلىۋېتەلمەيتتى. تىللاپمۇ گەپ ئۆتكۈزەلمەيتتى. خاتىپمۇ بازار بېگىنى بەزىدەك بېزىرىپ ئولتۇرۇۋېرىپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاغىنە، قولۇمغا مەكتىنىڭ چۈشۈپ قالدىمۇ، كۆڭلۈم سىنىلا تارتىدىكەن،— دېدى ۋە تۇردى بۇقا دەيدىغان بەتبەشىرە يىگىتىگە كۆز ئىشارىسى قىلدى. يىگىت كاۋا چېچىكى رەڭلىك يۇڭ پوتىسىنى ئالدىرىماي يەشتى، قاقچىلىك نەشىنى چىقىرىپ، ھەربىر بارمىقىنىڭ ھەرىكىتىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نادىرخانغا ئۇزاتتى.

نادىرخان كۆكۈچ نەشىنى يىگىتنىڭ قولىدىن خۇددى ھەدىيە ئالغان مالايدەك ھۆرمەت بىلەن ئالدى، ئۇنى بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ پۇرىقىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈشكە باشلىدى ۋە ھاياجان بىلەن:

— راستىنلا مەكتىنىڭكى ئىكەن، راستىنلا...، — دەۋەتتى.

مەكتە نەشىسى خۇمارلىق نەشىكەشلەر ئارىسىدا ئالتۇن باراۋىرىدە ھېسابلىناتتى. بۆشۈكىدىنلا چىلىم كۆتۈرۈپ قوپقان بۇ بايۋەچچىلەر مەكتە نەشىسىنىڭ تەمىنى ئالدىبۇرۇنلا تېتىپ ئۈلگۈرگەن. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىكى مالىمانچىلىق، يولنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى بىلەن، بۇنداق ئەتىۋار نەشىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۇلارغا نېسىپ بولمايۋاتاتتى. ئۇلار ئادەتتە چېكىپ يۈرگەن نەشە نەشىكەشلەرنىڭ پىرى ھېسابلىنىدىغان باۋۇدۇن بەگنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا قارىماي، رەڭگى توگە قۇمىلىقىدەك قارا ئىدى. كۆز كۆنلىرى نەشە كەندىرىنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ شەبنەمدە نەملەپ، سايىدا ئۈچ - تۆت كۈن قۇرۇت- قاندىن كېيىن سوقۇپ ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆچكە مېيى بىلەن قازاندا قورۇلىدىغان، قولدا ياكى ئاياغنىڭ پېتىكى ئاس-تىغا سېلىنىپ، مىجىقلىنىپ پىشۇرۇلۇپ ياسالغان بۇنداق نەشە كەندىر كۆنجۈرىسىدەك سېسىق پۇرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىلىم سەيخانىسىغا كۆپرەك چوغ قويۇلمىسا ئاسانلا ئۆچۈۋالاتتى. كەيپ تارقالغاندىن كېيىنلا باش ئاغرىتاتتى. مەكتە نەشىسى

بولسا، زۆرۈرىيەتتىن تاشقىرى پۇراقلاردىن خالىي بولۇپ، شۇنچىلىك خۇش كەيىپ قىلاتتىكى، ھۇزۇرلانغۇچى ئۆزىنى پاختىدەك يېڭگىل، پەرىشتىدەك ئۇچقۇر ھېس قىلىپ، ئەرشئەلادا خىيالەن پەرۋاز قىلاتتى.

نادىرخان بازار بېگى ئالقىنىدىكى نەشىگە گۆھەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىماقچى بولغان سەررەپتەك ئىخلاس بىلەن تىكىلىپ قارىدى. كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئېچىلىپ، ساغىرىپ كەتكەن لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى. گۆش گىردىدەك كۆپۈپ تۇرغان ئىككى قوۋۇزى تېخىمۇ كۆپچۈشكە باشلىدى.

— قېنى بەكرى سەن، چىلىم كەلتۈر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ماتا يىرتقاندەك سەت چىقىدىغان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — سەيخانىنى قىزدۇرۇت، چىلىمنىڭ سۈيىنى يېڭىۋىشلە، ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىنى تەييارلا، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ ئاخىردا.

ئالتۇندەك ساغرىپ كەتكەن نەقىشلىق نەيچىس چىلىم قولدىن قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. مېھمانخانا ئىچى يېڭىلا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان تونۇر ئىچىدەك قويۇق دۈت بىلەن قاپلاندى. چىلىمچى بەكرى تام بويلىتىپ قويۇلغان تەكىيىلەرگە يېرىم يانپاشلىغان بەگلەر ئارىسىدا موكىدەك قاتراپتتى، كىمدۇ چىلىم ئۆز ئىلكىدە تۇرغان قىسقا ۋاقىتتىن تولۇقى بىلەن بەھر ئېلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك قاتتىق شورايتتىكى، قايناۋاتقان چۆگۈندەك پۇرۇقلاۋاتقان ئاچچىق سۇ بوغۇزىنى كۆيدۈرگەندىلا ئاندىن تەلمۈرۈپ تۇرغان بىرىگە چىلىمنى بېرىۋېتىپ، ئىچ-قارنى يېنىپ چىققۇدەك يۆتىلىپ، قېقىلاتتى. كىمدۇ تۈتۈن تۆشۈكىنى قويۇۋەتمەي تا نەيچىسى يارىبەرگۈچە، ئۆپكىسى تولغۇچە سۈمۈرەتتى-دە، چىلىمنى دىر-دىر تىترىتىۋېتەتتى.

بەكرى سەيخانىنى ئىككى ئۈچ قېتىم تولدۇردى، سىرىق

www.uyghurkitap.com

ئاماكا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىيلىنىدىغان نەشە قۇناقتەك، بۇغ-دايدەك ئۇزۇلۇۋېرىپ، ئاخىر تۈگىدى. يەكسەن يەك بەل تۇ-تۇشقان ياكى بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىشتىن قايتىپ كەلگەن لەشكەرلەردەك سۇنايلانغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا جىمى چىققان بۇقىنىڭ كۆزىدەك ئالىيىشقا باشلىدى. ئادەتتە مەكىت نەشىسىنىڭ كارامىتىنى بىلمەيدىغان، نېرۋىلىرى باۋۇدۇن بەگ-گىنىڭ كۆچىسىز نەشىسىگىلا ئۆگىنىپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىتىشىپ، تورۇسقا قادالغىنىچە يېتىشۋات-قىنىنى كۆرگەن خاتىپ، بەكرى كەلتۈرگەن بىر چىنە دوغاپنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى-دە، دادىسى بەرگەن ھەممە پۇلنى دو تىكىپ قولغا كەلتۈرگەن نەشىنى بازاربېگى بىلەن ئور-تاقلاشماقچى بولغانلىقىنىڭ مەقسىتى ئۇستىدە ئېغىز ئېچىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ كەسلەنچۈكتەك سۈرۈلۈپ بازاربېگىنىڭ يېنىغا كەلدى، خۇمالاشقان كۆزلىرى بىراقلا باشقا بىر تۈسكە كىردى. گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەيلا سېيىت ھاجىنىڭ ئۆز ئۆگەي ئاچىسى بۇۋىمەريەم خېنىمنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ كۆڭلىگە نېمىلەرنى پۈككەنلىكىنى* بىراقلا ئېيتىۋەتتى.

خاتىپ مال-دۇنيا ۋە نام-ئەمەل بارىدا كىرىپە دىيارى بويىچە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان باينىڭ ئوغلى نادىرخان بايۋەچچىنىڭ ئاستىغا قوپارغۇ سىلىپ، كۆڭلىگە كۈندەشلىك ئوتىنى يېقىش ئارقىلىقلا يالاڭتۆش پۇقرالارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويغان سېيىت ھاجىدىن، ئەجدادىدىن قالغان ئىززەت-ئابرويىنى بىر كەلگۈندىنىڭ رايى بىلەن خاراب قىلى-ۋاتقان «كەم ئەقىل» دادىسىدىن دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئالماقچى، ھېچ بولمىسا ئېسىدە قالغۇدەك چۆچۈتۈپ قويماقچى ئىدى. كۆزىگە جىندىنمۇ سەت كۆرۈنىدىغان ئۆگەي ئاچىسىنىڭ

كىمگە ياتلىق بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر بولسىمۇ، بىراق، ئانىسىنىڭ ئۆگەتكەن ئەقلى بىلەن ئۇ، بۇ يولنى تاللىۋالغانىدى.

نادىرخان بازار بېگى ھېلىلا سۇ كېچىپ كەلگەن ئىتتەك پىرلا سىلكىنىدى-دە، مەستلىكىدىن يېشىلدى. كىرپىكسىز كۆزلىرىگە جان كىرىپ مىدىرلاشقا باشلىدى. قوشۇمىسىنى شۇنداق تۈرۈپ، قولىغا تايىنىپ تامغا يۆلەندى، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خاتىپنىڭ ياقىسىدىن كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

خاتىپنىڭ ئانىسى ھەنىپە خېنىم بىلەن نەۋرىلىك تۇغقان كېلىدىغان نادىرخان بايۋەچچە مەيلى دەپئى دۇنيا، نام مەنسەپ، يۈز-ئابروي يېقىدىن بولسۇن، ئۆزىنى خاتىپتىن نەچچە دەرىجە ئۈستۈن چاغلايتتى. «كىشى يۇرتىدا يالغۇزلۇق تارتىپ قالغان» ئاچىسى ھەنىپە خېنىمنىڭ مەسلىھەتى ئارقىسىدا، دادىسى مەخسۇم ھاجى كىرىيە ئامبىلىغا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى شۇڭغۇتۇپ، ئۇنى چىرىيە بازىرىغا بازاربېگى قىلىپ تەيىنلەتكەنىدى. بۇنداق بولۇشىدا ھەنىپە خېنىمنىڭمۇ، مەخسۇم ھاجىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كۆزلىگەن مەقسەتلىرى بار ئىدى. ئەگەر نادىرخان بۇ يۇرتتا بازاربېگى بولۇپ تۇرسا، ھەنىپە خېنىمنىڭمۇ يۈرىكى توم بولاتتى. مەخسۇم ھاجىمۇ چىرىيىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتالايتتى. تەدبىر جەھەتتە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھەنىپە خېنىم ئۆتكەن يىلى ئۆيىگە قايتقاندا مەخسۇم ھاجىغىمۇ، نادىرخان بايۋەچچىگىمۇ ئابلىزقارىغا قۇدا بولۇش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى. بۇ گەپ ئابلىزقارىنىڭ كەلگۈسى مىراسىغا كۆزى تىكىلگەن ۋە بەشىنچى خوتۇنىنى تېتىپ كۆرۈش كويىدا يۈرگەن بايۋەچچىگە قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك يېقىپ كەتتى-دە، ئۇزۇن ئۆتمەي داستىخان ئۈچۈن بىرقانچە جانىۋاردىن ۋاز كېچىپ، قۇدا چۈشكەن بولدى. پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەخسۇم ھاجىنىڭ بىر يىلدىن بېرى «سەكراتتا ياتقانلىقى»لا تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشكە كاشىلا تۇغدۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ھۇ بەڭگە، — دېدى بازاربېگى خاتىپنىڭ بوغۇزىنى تېخىمۇ چىڭ بوغۇپ، — ھەرقايسىڭ تېخى مېنى كۆزۈڭگە ئىلىشمىدىڭمۇ، سەنلەرنىڭ ياخشى نېمىلەر ئەمەسلىكىڭلارنى بۇرۇنلا پەملىگەنىدىم...

خاتىپ بازاربېگىنىڭ قولىغا ئېسىلغانچە كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ ئۇنىڭ ھازىرلا پەسكويىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھۆركىرىگەن ئاۋازدىن ھوشىغا كېلىشكەن يىگىتلەر قانداقتۇر بىر مەخلۇقنىڭ قولى خوجايىنىنىڭ گېلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى- دە، يىقىلىپ- قوپۇپ قولىرىنى ئۆتتۈكلىرىنىڭ قونچىغا ئۈزىتىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسەت قىلغۇچىنىڭ بازاربېگى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قېلىشتى.

بازاربېگىنىڭ قول پەيلىرى بارا- بارا بوشاشتى. بارماقلىرى خاتىپنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىدى. ھېلىغىچە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان خاتىپ بەقەسەم تونىنىڭ ياقىسىنى قېقىشتۇرۇپ پۇرلەشكەن يېرىنى تۈزدۈەتتى- دە، بازاربېگىگە:

— گېپىمنىڭ مەنىسىگە چۈشەندىڭمۇ ئاغىنە، بىلسەڭ ساڭا پايدىلىق گەپ قىلىۋاتىمەن، تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالماي، ئەجەب سىقىپ كەتتىڭا ياقامنى؟ — دېدى.

نادىرخان بايۋەچچە خاتا قىلىپ قويغىنىنى تەن ئالمىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىغا تىترەك ئولاشتى.

— خەپ، توختاپتۇرۇش، كۆرگۈلۈكۈڭنى بىر كۆرسەتمىسەم!

## 11. ئېرەكلىك ھويلا

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەدىمىي غەربىي دىيارىدىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان چىرىيە بوستانلىقى ئۆز ۋاقتىدا چېدىر ۋە باشقا ھەرخىل ناملاردا ئاتىلىپ، تەكلىماكان دەشتىنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە جايلاشقانىكەن. بۇ قەدىمىي بوستانلىقنىڭ قانداق سەۋەبلەر بىلەن ھازىرقى ئورنىغا، يەنى چىرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ 70 نەچچە كىلومېتىر سۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ:

كىتابىمىزدىكى ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان دەۋردىن بىرمىڭ نەچچە يۈز يىللىچە بۇرۇن تەكلىماكاندىكى چىرىيە بوستانلىقى پايانسىز كەتكەن كۆككۆلمەيدان بولۇپ، چىرىيە دەرياسى، چاقار دەرياسى ۋە ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ ئەلۋەك سۈيى مول ھوسۇللۇق ئېكىنزارلىقلارنى، باغ-ۋارانلارنى سۇغىرىپ تۇرىدىكەن. گىرەلىشىپ كەتكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەر تا ئوپۇق سىزىقىغىچە يېتىپ بارىدىكەن. باراقسان ئۈجمە يوپۇرماقلىرى بىلەن يېتىشتۈرۈلىدىغان پىلە ۋە مەشۇتلەر، جەننەت مېۋىلىرىدەك شېرىن مېۋىلەر يىراق-يىراقلارغا توشۇلۇپ تۇرىدىكەن. ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ۋە ئىچكى جۇڭگو تۈزلەڭلىكىگە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى بۇ يۇرتنىڭ يىپەك گەزلىمىلىرىنى، ئەلتېرىلىرىنى، قۇرۇق يېمىشلىرىنى، پاختىلىرىنى جاھانغا تونۇتۇپ، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئۈنچە-مەرۋايىت، چىنە-قاچا ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى ئەكىلىدىكەن. ئالاھىدە گېئوگرافىك ئورۇن ۋە يولنىڭ يىراقلىقى بۇ يۇرتنى دۈشمەنلەرنىڭ يامان نەزەرىدىن ساقلاپ تۇرىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق» دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتۈلمىگەن ئاپەت توساتتىن بۇ يۇرتقا خىرىس قىلىپتۇ، كۈنپېتىش تەرەپتىن بېسىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق قۇياش يۈزىنى قارايتىپتۇ. ئاسمان گۈمبىزى قازاننىڭ تېگىدەك قارىيىپ، دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئارقىدىنلا قوم يامغۇرى يېغىپ، ئېكىنزارلىقلارنى، باغۇ بوستانلارنى كۆمۈشكە باشلاپتۇ. پۇقرالار بۇ بوراننى ئۆتۈپ كېتەر دەپ كۈتۈشۈپتۇيۇ، ساپسېرىق قوم ھوشۇقلىرىغىچە ئۆرلەپ، ئىشىكلىرىنى كۆمۈپ، يوللارنى چۆلگە، تۈزلەڭلەرنى دۆڭگە ئايلاندۇرۇپتۇ.

قىيامەت قايىم بولۇپ، بېشىغا ئاپەت كەلگەنلىكىنى بىلگەن خالايىق جان قايغۇسىغا چۈشۈپ، دۇئا تەلەپ قىلىپ بېقىپتۇ، نالە-زار قىلىشىپ، ئۆيدىكىلەر تالاغا، تالادىكىلەر ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشۈپتۇ. قىيا-چىيا ساداسى پەلەككە يېتىپ، ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئەرشئەلاغا ئۆرلەپتۇ.

يۇرتتا كۆپنى كۆرگەن، جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، يېشى يۈزلەردىن ھالقىغان بىر ھۆرمەتلىك مويسىپىت بار ئىكەن، يۇرت ئەھلىنىڭ تويىمۇ، ماتىمىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئۆتمەيدىكەن. خالايىق ئاخىر ئاسمانغا قاراپ، قارا بۇلۇتلارغا سەپسېلىپ، قارا بوراننىڭ گۈرۈلدىشىنى ئاڭلاپ تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇ ئەۋلىيا سۈپەت مويسىپىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە: «ھۆرمەتلىك بوۋا، سەن يۇرتىمىزنىڭ تۈۋرۈكىسەن، بوۋىمىزنىڭ بوۋىسى، ئەقلىمىزنىڭ كۆزىسەن، نېمە قىلساڭ قىل، بىزنى بۇ بالادىن قۇتقۇلدۇر، بۇ كۈيۈقاپتىن خالاس قىل» دەپ ئىلتىماس قىلىشىپ، ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

مويسىپىت تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزىگە باغلىغان يۇرت

چوڭلىرىغا، پۇقرالارغا خىتاب قىلىپ

— بالىلىرىم، بۇ قارا بوران ياكى ئۈچ كۈندە، ياكى يەتتە كۈندە توختايدۇ، يەتتە كۈندىمۇ توختىمىسا 41 كۈندىن كېيىن ئاندىن توختايدۇ. مانا ئۈچ كۈن بولدى، بۇ ئاپەت ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك ئەمەس، مەسلىھەت مەندىن، ھەرىكەت سىلەردىن. ھەركىم ئۆز جېنىنى ئۆزى جايلىسۇن، شۇ ھامان ئۆيدىكىلەر تالاغا چىقىڭلار، 40 كۈنلۈك ئوزۇق ۋە 45 كۈنلۈك سۇنى دۈمبەڭلەرگە تېڭىڭلار، ھويلاڭلارغا يەتتە غۇلاچ ئېگىزلىكتە موما تىكلەڭلەر، بۇ مومىنى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چۆگىلەڭلەر، كىمكى مەن دېگەندەك قىلمىسا، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشكە تەييارلانسۇن، تىرىك قالارمەنمىكىن، دەپ خام ـ خىيال قىلمىسۇن، — دەپتۇ.

جامائەت بۇ مويسىپىت ئالدىدا «خوپ» دېيىشىپتۇيۇ، بەزىلىرى: بۇ ئالجىغان بوۋاي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ، بىزنى ئەخمەق قىلىپ خامانغا قاتقان ئېشەكتەك چۆگىلەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆيلىرىگە كىرىپ خاتىرجەم يېتىشىپتۇ. باي، دۆلەتمەن كىشىلەر ئۆي بىساتلىرىغا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىگە، روزىغارلىرىغا قىيماي، ئۆيلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ.

مويسىپىتنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىقىغا چىنپۈتىدىغان، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلار ھويلىسىغا، تالا ـ تۈزگەموما قاداپ توختىماي چۆگىلەشكە باشلاپتۇ. تىمەنلىرى ئاجىزلارنى يۆلەپتۇ، ھارمىغانلار ھارغانلارنى يۇدۇپتۇ، قورسىقى ئاچسا دۈمبىسىدىكى خالتىلىرىدىن نان ئېلىپ غاجىلىشىپتۇ، ئۇسسىسا قاپاقلىرىدىكى سۇنى تېجەشلىك بىلەن ئوتلاپتۇ.

ئاخىر ھېلىقى مويسىپىتنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقىپتۇ، ئارىدىن 41 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قارا بوران توختاپ، كۆك ئاسمان ئۆز رۇخسارىنى كۆرسىتىپتۇ. قۇياشمۇ

يەر - جاھاننى يورۇتۇپتۇ. چۆگىلەۋاتقانلار قارىسا ئۆزلىرى ئىگىز - ئىگىز قوم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىدە دۆڭدىن بىر غولاچ چىقىپ تۇرغان موما ياغاچنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك، پۈتكۈل يۇرت مىقياسىدا ياكى يېشىللىقتىن، ياكى دەل - دەرەختىن، ئۆي - ئىمارەتتىن ئەسەر قالماپتۇ. ھۇرۇنلۇق قىلغانلار مال - دۇنيالىرى بىلەن بىللە نەچچە غولاچ قوم ئاستىغا كۆمۈلۈپتۇ.

قىيامەتتىن بەتتەر بۇ قارا ئاپەتتىن ئامان قالغانلار تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقىدىن زىيادە خۇشال بولۇشۇپتۇيۇ، مېھرىبان قولۇم - قوشنىلىرىدىن، ئۆي بىساتلىرىدىن، يۇرت - خانىمانلىرىدىن مەھرۇم بولغىنىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دادلىشىپتۇ. ئەمدى قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشقا ئەقلى يەتمەي، يەنە ھېلىقى مويسىپىتنى ئىزلەپ، دۆڭمۇ دۆڭ، چوڭقۇرمۇ چوڭقۇر يۈگۈرۈشۈپتۇ. ھېچكىم مويسىپىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىنى قىياس قىلالماپتۇ. تىرىك قالغانلار ئارىسىدىنمۇ تېپىلماپتۇ. ئاخىر ياشىنىپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ قىرىق نەچچە كېچە - كۈندۈز موما چۆگىلەشكە چامى يەتمەيدىغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىشىپ، كۆڭۈل يارىسى ئەدەپتۇ، يىغلاپ يېشى قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە يەنە ياش قاپلىشىپتۇ.

شۇ ئارىدا ئۇلار بارخاننىڭ ئۈستىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان بىر چۆل توشقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ توشقان تېڭىرقىغان تۇرقتا قاراپ ئىشارەت قىلغاندەك، ئالدى ئاياغلىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپتۇ - دە، بارخانلارنى ئارىلاپ، كۈنچىقىشقىمۇ ئەمەس، كۈنپېتىشقىمۇ ئەمەس، قانداقتۇر بىر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. كۆز يېتىم يەرگە بېرىپ يەنە تەرەپلەرنى پەرق ئېتىشتىن مەھرۇم بولغان تۇرقتا قاراپ ئىشارەت قىلغاندەك بولۇپتۇ، يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

جامائەت ئارىسىدا ياشتا چوڭراق بىر ئەركەك بار ئىكەن.

ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى دانا مويسىپىت بىلەن داۋاملىق ئۆلپەت بولۇپ، مۇڭدىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇ توشقاننىڭ سىرلىق ئىشارى-تىنى چۈشەنگەندەك بولۇپتۇ، بۇنىڭدا بىر كارامەت بار دەپ ھېسابلاپ، جامائەتكە «توشقان ماڭغان يول بىلەن مېڭىۋېرەيلى» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. بۇ تەكلىپ جامائەتكىمۇ خوپ كەپتۇ. ئۇلار: «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆلەيلى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېيىشىپ، توشقان بىلەن قارا كۆرۈنۈش ئارىلىق قالدۇرۇپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئىلگىدە ئاشقان بەش كۈنلۈك سۇ ۋە بەش كۈنلۈك ئوزۇق تۈگىگەن كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئون جىنىنىڭ بىرى تالمىغان بۇ توپ ئاندا-مۇندا توغراق ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان بىر يەرگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا، بۇ يەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىغا ئېقىپ بارىدىغان چىرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

ئوزۇق-تۈلۈك ۋە سۇ تۈگەپ، ھېرىپ مادارى قالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ سەپەرنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەپتۇ، لېكىن، بۇ يەردە قومۇش يىلتىزى كولاپ يەپ، ياۋا ھايۋان تۇتۇپ ئوزۇقلىنىپ كۈن ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەن. بۇنداق كۈن-نىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىمۇ ئۇلارغا ئايان ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆلۈم-يېتىم كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇۋلايدىغان ھايۋانلارمۇ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ بوپتۇ. ئاشلىق بولمىسا ھەممەيلەننىڭ قىرىلىپ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلگەن ھېلىقى كىشى مويسىپىت ئۆلپىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خالتىسىغا سېلىۋالغان ئۈچ-تۆت ئوچۇم داننى كۆپچىلىك ئالدىغا قويۇپتۇ-دە، ئۇلارغا قاراپ:

— «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن، يۇرۇڭلار، زىرائەت تېرىشقا سۇ ئىزدەيمىز،— دەپ قىرانلىق دەۋرىگە يەت-

كەن بىرقانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ توغرا قىلىقتا راۋان بولۇپتۇ. بىراق، دەريا قىنى قۇم بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار مېڭىۋېرىپتۇ، مېڭىۋېرىپتۇ، بىر تامچىمۇ سۇ ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە كېتىپ، يولدىن ئادىشىپتۇ. لېكىن باشلامچى كىشى زادى ئۈمىدسىزلەنمەپتۇ، ھەر قېتىم نىمجان ھالەتتىكى يۇرت ئەھلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا بىر ئۇلۇش دەرمان قوشۇلىدىكەن، ئاپەت ئاغزىدىن قۇتۇلغان يۇرتداشلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئىز-دېرەكسىز يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئۆز بۇرچىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىدىكەن.

ئۇ ئەقلىي بېشارەت بەرگەن، كۆڭلى تارتقان تەرەپكە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان چورۇقى تىتىلىپ كەتسە، يالىڭاياق مېڭىپتۇ، ھاسىسى كاردىن چىقسا ئۆمىلەپتۇ. ئارىدىن ئىككى كېچە-كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان كوئېنلۈن تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆزىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ تاغقا خىتاب قىپتۇ:

«ئەي ئاتىمىز كوئېنلۈن، ئانىمىز كوئېنلۈن، باغرىڭدىن ئەۋەتكەن شەربىتىڭ بىلەن چۆلنى باغ قىلدىڭ، بىزنى بار قىلدىڭ، بىز سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ، سېنى ئىچىپ چوڭ بولدۇق، ھىممىتىڭ بىلەن ئاۋۇدۇق. ساڭا ھەرچاغ تەشەككۈر ئېيتىپ، ساڭا چىن كۆڭلىمىزدىن سېغىنىۋاتقان كۈنلەردە تەقدىر بىزگە ئاپەت ئەۋەتتى. يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق، خانىۋەيران بولدۇق، جېنىمىز بوغۇزىمىزغا كەلگەندە يەنە سەندىن شەپقەت تىلەيمىز، سەندىن كەۋسەر سورايمىز، ھىممىتىڭنى بىزدىن ئايىما، بىزگە سۇ بەر، ئۆزۈڭ كۆكلەتكەن، چېچەكلەتكەن، مېۋىگە كىرگۈزگەن ھايات دەرىخىمىز نابۇت بولمىسۇن، يۇرتىمىز نامۇنشانسىز، تۇپرىقىمىز ئادەمسىز قالمىسۇن، بىزگە سۇ بەر، بىزگە

كەۋسەر بەر!»

شۇ ھامان يالت-يۇلت قىلىپ چېقىن چېقىلىپتۇ، ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، بۇلۇتلار بىر-بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپتۇ. كوئېنلۇن تېغىنىڭ تىكىلىك چوققىسى ئورنىدىن قوزغالغاندەك بوپتۇ. ئۇ كىشى لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇدىنى توختىتىۋېلىپ، تىلاۋەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئاچقۇدەك بولسا، ئالدىدا تاغ قىياپەتلىك، چىرايىدىن كۆكلەم ئاپتىپىدەك نۇر يېغىپ تۇرغان بىر ئاقساقال تۇرغۇدەك. بۇ ئاقساقال بىر قارىسا تاغقا، بىر قارىسا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئۇلپەتدىشىغا ئوخشاپ كەتكۈدەك. بۇ ئاقساقال ئۆز ھاسىسىنى ياشانغان كىشىگە ھۆرمەت بىلەن تەڭلەپتۇ ۋە:


«بۇ ھاسىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ، بىر ئۇچىنى يەردىن ئۈزمەي قېرىنداشلىرى تۇرغان يەرگە قاراپ مېڭىۋەرسىلە، ئاگاھ بولسىلاكى، زىنھار كەينىلىرىگە قايرىلمىسىلا، ئىلتىجالىرى ئىجاۋەت بولغۇسىدۇر»، — دەپ چېقىن شولىسى ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

تىلاۋەت قىلغۇچى: «بۇ، نېمە كارامەت» دەپتۇ، ھەيرانلىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھاسا بىلەن يەر يۈزىنى سىزغىنىچە، قېرىنداشلىرى قالغان يەرگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

ئۇ ئىككى كېچە-كۈندۈزدە ئەمەس، بەلكى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىلا قېرىنداشلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. قېرىنداشلىرى تۇرغان يەرگە كەلگىلى ئازلا قالغاندا، شەيتان ۋەسۋەسىگە بېرىلىپ، «كەينىمدە نېمە باردۇر؟» دېگەن خىيال بىلەن كەينىگە قاراپتۇ.

قارىسا، خىسلەتلىك ھاسىنىڭ ئىزى تەگكەن يەر چوڭ دەرياغا ئايلىنىپ، بۇ دەريادا ئۆركەشلەپ ئاققان سۇ ھاسىنىڭ ئۇچىنى سۈيرەپ كېلىۋاتقۇدەك. بىراق، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىشى بىلەن تەڭلا، دەريانىڭ سۈيى كەلگەن يېرىدىلا توختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئى ئاتىمىز كوئېنلۈن، ئانىمىز كوئېنلۈن، بىزگە سۇ بەر، بىزگە كەۋسەر بەر، ھايات دەرىخىمىز ۋاقىتسىز نابۇت بولمىسۇن، تۇپرىقىمىز ئادەمسىز قالمىسۇن! ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاپتۇ. بۇ كىشى ئاگاھنى قۇلىقىدا ساقلىمىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كايىپتۇ، ھاسىنى يەنە سۈرەپ بىقىپتۇ، دەريا سۈيى قايتا ئاقماپتۇ. كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىماي يەنە بىر ئاز ماڭغان بولسا، دەريا سۈيى مۇنبەت تۇپراقلىق يەرگە ئېقىپ كېلەتتىكەن.

ئۇ كىشى ئارتۇقچە ئاھ ئۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، قىيرىنداشلىرىنى دەريا سۈيى ئېقىپ كەلگەن يەرگە كۆچۈرۈپ كەپتۇ. زىرائەت تېرىپ، شۇ يىلىلا ھوسۇل ئاپتۇ، مال-ۋارانلار ئاۋۇپ، ئادەملەر كۆپىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر يۇرت پەيدا بوپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يۇرتنىڭ ئەسلى نامى «چېدىر» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىغا «ماكان»، «يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۇرگۈچى «يە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، «چېدىرىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ يۇرت نامى «چىرىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغانىمىش...

بەزى كىشىلەر «رىۋايەت دېگەن بەرىبىر رىۋايەت» دېيىشىدۇ، لېكىن رىۋايەتنىڭ ئاساسسىز پەيدا بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، نۇرغۇن كىشىلەر مىراب بېگى سۇپۇرگەئاخۇننى تاغدىن سۇ ئەكەلگەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا بۇ كىشى خىزىر ئىنئام قىلغان خىسلەتلىك ھاسىنى سۇ توختىغان يەرگە سانجىپ قويغانىمىش، بۇ ھاسا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە يوپۇرماق چىقىرىپ يوغان بىر تۈپ تېرەككە ئايلانغانىمىش، بۇ كىشى يۇرتنى ۋە يۇرت جامائىتىنى قۇتۇلدۇرغان خىزىرنىڭ ھۆرمىتى ۋە خىسلەتلىك ھاسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن شۇ تېرەك ئەتراپىغا تام قوپۇرۇپ، ھويلا ئارام قىلغانىكەن، دېيىشىپ سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ھويلىسىدىكى يەتتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان، سايىسى ئۈچ مو يەرگە چۈشىدىغان تېرەكنى

پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن، ئاشۇنداق بىر تۈپ تېرەكنىڭ سۇپۇرگە مىراب بېگىنىڭ ھويلىسىدا ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنى راست. سۇپۇرگە ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىلا بۇ تېرەكنىڭ قاچان تىكىلگەنلىكى ھەققىدە دادىسىدىن، بوۋىسىدىن سوراپمۇ كۆرگەن. بىراق ئۇلار: «بىز تۇغۇلساق مۇشۇ پېتى تۇرغانىكەن» دېگەندىن ئۆزگە ھېچنېمە دەپ بېرەلمىگەن. دېمىسىمۇ، پەسىللەرنىڭ قاقشاتقۇچ ئىسسىق-سوغۇقىغا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تەكلىماكان تەرەپتىن ئۆرۈپ تۇرىدىغان قۇم ئارىلاش بورانىنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق بېرىپ كەلگەن بۇ تېرەك — ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ شاھىتى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى جاپا ۋە خۇشاللىقنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تارىخ بىلەن تەڭ ياشىغان گىگانت ئادەمدەك كۆكرەك كېرىپ تۇراتتى. نامرات دېھقانلارنىڭ ياغ كۆرمىگەن قولىدەك يېرىلغان قوۋزاقلىرى دەرەخ غولىغا ياماشقان مىڭلىغان بوغما يىلاندەك تولغۇما ھاسىل قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ يەر-بۇ يەردىن قايناپ چىققان ئۆسمىلەر تېرەك شېخىغا ئېسىپ قويىغان قالقانلاردەك تومپىيىپ تۇراتتى. ئاچىماقلاردىن بۆرتۈپ چىققان ياپىلاق پۇرلار تۈۋرۈككە قېقىلغان، ياغلىشىپ كەتكەن چىراغپايلارغا ئوخشايتتى. بوران زەربىدىن چورت ئۈزۈلگەن شاخلارنىڭ ئورنىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى نوتىلار توپا ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان ئاسماننىڭ دەل كۆكسىگە نىشانلانغان نەيزىدەك بوي تارتىپ ئۆسمەكتە ئىدى. بەرگى تۆمۈر سىمدەك ياكى پەي تاردەك مەزمۇتلىشىپ كەتكەن ئالقان چوڭلۇقىدىكى مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان يوپۇرماقلار ئاجىز شامالدىمۇ شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك سادا چىقىراتتىكى، بۇ سادا بەئەينى پۈتۈن يۇرت جامائىتىنىڭ ئاق مەسچىتتىكى پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇشلىرىغا ۋە ئىسيان تەييارلاۋاتقان غايەت زور قوشۇننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەڭ ئالدىدىكى شىۋىرلاشلىرىغا، قىلىچ بىلەشلىرىگە ئوخشايتتى. تېرەك غولىدىكى تونۇر ئاغزىدەك قارىيىپ تۇرغان كامارلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇشتۇمزورلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان گۇناھى-كىبىرلىرى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، چەكچەيگەن كۆزلەردەك ھەيۋەتلىك ئىدى.

خۇددى نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسىنى كۆرگۈچە ياشاپ كېلىۋاتقان بىر بوۋاي بالا-ۋاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك، قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك تېرەك ۋە باشقا ھەرخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بۇ بۈكلۈك ھويلىنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى. دەرۋازىدىن كىرگەن ھەرقانداق كىشى يەتتە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا ھېلىقى قېرى تېرەكنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان يىلتىزلىرى ئارقىلىق يەرنى قامالاپ تۇرغان يوغان غولىغا دۈچ كېلەتتى-دە، تەبىئىي ھالدا بەزىلىرى ئوڭ تەرەپ، بەزىلىرى سول تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئايۋاننىڭ پېشايۋان ئاستىدىكى ئىككى قاناتلىق ئىشىكىنى كۆرەلەيتتى.

گۈگۈم. تاغ تەرەپتىن كەلگەن قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار بىلەن تەكلىماكان تەرەپتىن سۈرۈلگەن بوزمانانلار ئۆزئارا سىڭىشىپ، يەر-يۈزىگە سايە تاشلاۋاتقان چاغ.

ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن سەككىز تاشلىق سەل سۈيىنى تەقسىم قىلىپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن سۈپۈرگە ئاخۇن ھارغىن تېنىنى سۆرەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى-دە، ئادىتى بويىچە قېرى تېرەكنى باشتىن-ئاخىر بىر كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، كەتمىنىنى پېشايۋان ئاستىغا قويدى. مەھەللە بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان بەش جىڭلىق كەتمەن مىراب بېگىگە كېچە-كۈندۈز ھەمراھ ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىسىلا ئۇنى دولىسىغا سېلى-

ۋالاتتى. يول بويلىرىدا، ئېرىق بويلىرىدا سۇ بۇزۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان جايدا تـوختـاپ، ھېچ بولمىسا ئىككى ـ ئۈچ كەتمەن توپا تاشلاپ قوياتتى.

— ھارمىسىلا بېگىم!

كەتمەننىڭ «گۈپ» قىلغان ئاۋازىـدىن ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى پـەملىگەن چىـنارئايىم ئايـۋان ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ مىراب بېگىدىن ھاردۇق سورىدى.

— ئىنشائاللا.

مىراب بېگى كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ كېتىۋاتقان، چاچلىـ رىغا ۋاقىتسىز ئاق كىرىشكە باشـلىغان كۆيـۈمچان ھەمراھىغا كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۈستىبېشىنى يېشىپ، ئـۆزىـگە ئىچ ئاغـ رىتقاندەك قاراپ تۇرغان چىـنارئايىمغا تۇتقۇزدى ـ دە، تەـ رەت ئېلىـپ نامىزىنى ئوقۇۋالغانـدىن كېيىن داستىخان ئالـ دىغا كېلىپ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

سۈپۈرگەئاخۇن بىلەن چىنارئايىم كـۆيـۈپ ـ پىـشىپ 30 يـىلـغـا يېقىن ۋاقـتـنى ئىناقـلىق ۋە مېھرىبانـلىق ئىـ چىدە ئۆتكۈزدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغىنىنى ياكى قىزىرىشقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەيـنى چاغدا توي بولۇشتىن بۇرۇن بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈز كـۆرۈشـ مىگىنى راست. بىراق، سۈپۈرگەئاخۇن دادىسىغا خۇداغا ئىـ شەنگەندەك ئىشەنگەچكە، ئېقى كىلىشىدىغان ئۈلپەتـدىشـىنىڭ قىـزى چىـنـارئايـىـمـنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىش تەكـ لىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرگەن.

«ئوغلۇم، — دېگەنىدى ئۇ چاغدا دادىسى سۈپۈرگەئاخۇنـ غا، — راست گەپنى قىلسام، قۇدىمىز ئانچە باي ئادەملەردىن ئەمەس، لېكىن خۇداغا شۈكرى، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپمۇ قالمايدۇ، نىيىتى دۇرۇس، ھۆرمىتى زىيادە كىشى، چىنارئاـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

يەنىمۇ پاھ دېگۈدەك چىرايلىق بالا ئەمەس. چىراي دېگەنگە سۇ قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، نىكاھ دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئىككىڭلار كېلىشىپ ئۆتسەڭلەرلا مەن رازى. بىزدىن كېيىن قالساڭلارمۇ ئۇ ساڭا ھەمسۇقام بولالايدۇ!»

سۇپۇرگەئاخۇن تويى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايالىنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلىدىكىدەك ئوبدان جورا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ، ئۆي ئىشىغا كەلگەندە ماھىر، ئاش ـ تاماققا ئۇستا، ئىگىلىككە كەلگەندە ئۆزىدىن قېلىشمايدىغان قولداش بولۇپ چىقتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساۋاتلىق، بىلىمدان، خېلى ـ خېلى كىتابلار ئۇستىدە گەپ ئاچالايدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەك يېقىپ كەتتى.

دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۇپۇرگەئاخۇنغا بىردىنبىر يار ـ يۆلەكتە بولغىنى يەنىلا چىنارئايىم بولدى. ئۇ ئېرىگە بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇششاق ئۆي ئىشلىرىدىن تارتىپ، ئىگىلىكتىكى چوڭ ئىشلارغىچە ئېرىگە ئاجايىپ توغرا مەسلىھەتلەرنى بېرەلەيتتى. ئەسلىدە، سۇپۇرگە ئاخۇن مىراب بېگى بولغاندىن كېيىن، ئائىلە ئىگىلىكىنى مەھەللە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان يالغۇز ئوغلى مۇھەممەتئىلگە تۇتقۇزماقچى بولغان. بۇنىڭدا ئايالىنىڭ كېسەلچان ئىكەنلىكىنى كۆپرەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.

بىراق، چىنارئايىم ئېرىنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلمىدى. ئۇ، ئوغلىنى قەشقەر مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش، ئائىلە ئىگىلىكىنى بولسا، غوجىدار نىياز قۇل بىلەن بىللىلىشىپ ئۇستىگە ئېلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى.

سۇپۇرگەئاخۇن ئايالىنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ئويلىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە بۇ تەكلىپنى تارتىنمايلا ماقۇل كۆردى. ماناا، ئەمدى ئوغلى قەشقەردە ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئىگىلىكمۇ ئايالىنىڭ جان كۆيدۈرۈشى بىلەن بىر

ئۇبدان باشقۇرۇلماقتا ئىدى. ئۆزى پۇقرا ئۈچۈن كۆيىدى-
پىشتى بولۇپ بېشىنى قاشلىغۇدەك پۇرسەت چىقىرالمىغان
يەردە ئايالىنىڭ كېسەل تېنىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئىگىلىكنى جوڭ-
قۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىراب بېگى مۇشۇنداق ھەمراھنى
ئۆزىگە قوشۇپ قويغان رەھمەتلىك دادىسىغا ئىچ-ئىچىدىن
شۈكرى-رەھمەتلەر ئېيتاتتى.

دادىسىدىن مىراس قالغاندىن بېرى بىر تال تۈۋرۈكى
ياكى بىرەر تال ۋاسسى ئۇيان-بۇيان قىلىنىپ باقمىغان ئاسما
ئايۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئازادە، يورۇق خانە مەخسۇس
سوپۇرگەئاخۇن ئۈچۈنلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. سوپۇرگە-
ئاخۇن كەچلىك غىزادىن كېيىن خانىسىغا كىردى-دە، تام بويى-
لىتىپ ياسالغان ئويۇقتا تىزىلغان كىتابلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ئۇ ئالدى بىلەن قوتاز قۇيرۇقى يەلپۈگۈچ بىلەن كىتابلار-
نىڭ ئۈستىدىكى نېپىز بىر قەۋەت توپىنى قېقىۋەتتى ۋە
ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» ىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، تاخ-
تا ئۈستىگە قويۇپ، «فەۋائىدۇلكىبەر» دىۋانىنى ئاچتى.

دادىسىنىڭ كىتابخۇمارلىقى كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا ئۆز
تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ ئۈلگۈرگەن. ئۇنىڭ نەزەرىدە، خىزىردەك
بىلەرمەن، پەرىشتىدەك مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، ھېسابلىنىدىغان
دادىسى نەزەر خوجىكام مەھەللىدىكى بارماق بىلەن سانالغۇ-
دەك ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئال-
دىراش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە، بولۇپمۇ قىشنىڭ ئۇزۇن كې-
چىلىرى ئۇ، مۇشۇ خانىدە تەكتۇشلىرى بىلەن كىتاب سۆھبىتى
قىلاتتى. سۆھبەتداشلىرى ئارىسىدا ئورتاقچىلارمۇ، مالايلارمۇ،
ئىمام-مۇئەززىنلەرمۇ بولاتتى. سوپۇرگەئاخۇن يەتتە-سەك-
كىز ياش چاغلىرىدىمۇ ئەنە ئاشۇنداق كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزۈپ، چەكنامىلەر ۋەقەلىكلىرى ئارىسىغا شۇڭغۇپلا كې-

تەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەللەيلىرىگىمۇ، گۈللاشلىرىگىمۇ ئۇنى-
مايتتى. قايسىبىر داڭلىق شەخسلەر، رىۋايەتلەردىكى قەھ-
رىمانلار ۋە مەشھۇر ۋەقەلەر ئۈستىدە بولغان تالاش - تارتىش-
لارنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى.

كېيىنچە، ئۇ مەھەللە مەكتىپىدە ئوقۇپ ساۋاتىنى چى-
قاردى، مەدرىستە ئوقۇپ بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. دادىسى-
دىن كېيىن قېلىپ ئىگىلىككە مىراسخورلۇق قىلىپلا قالماي،
دادىسىنىڭ يۈز نەچچە پارچە كىتابىغىمۇ ۋارىسلىق قىلدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى بولۇپمۇ «چاھار دىۋان» غا بەك يېقىن
تۇراتتى. كىتاب ئوقۇشقا چولىسى تەگمىگەن كۈنلىرىمۇ ئۇ-
نىڭ تويىسىنى قېقىپ، سارغىيىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنى چېكىپ
قوياتتى.

قايسىبىر يىلى ئىلچىدىن كەلگەن بىر ئوقۇمۇشلۇق
ئادەم ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولدى. سۆھبەت داۋامىدا ئۇ
گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق غەزەللەردىن بىرقانچىنى ئوقۇدى.
بۇ غەزەللەردىن ھوزۇرلىنىپ، قانغۇدەك زوق ئالغان سۆپۈرگە-
ئاخۇن بۇ غەزەللەرنىڭ مۇئەللىپىنى سوراپ قالدى.

ئۇ كىشى شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ تەڭداشسىز ئۇستىسى، سۆز
سەنئىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەللامىسى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ①
مۇبارەك نامىنى ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە بۇ گۈزەل غە-

---

① ئەلىشىر ناۋايى — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مەشھۇر شائىر، ئاتاقلىق ئەرباب ئەلىشىر ناۋا-
يى مىلادى 1444 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىرات شەھىرىدە (ھازىرقى ئاۋغانىس-
تان تەۋەسىدە) دۇنياغا كېلىپ، 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 60 يېشىدا يەنە
شۇ شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»، «دىۋان فانى»، بەش
پارچە يىرىك داستاندىن تۈزۈلگەن «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ يەنە داڭ-
لىق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردىن «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «ھالەتى سەئىدھەسەن
ئەردەشىر»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «لىسان ئۇتتەيىر»، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»،
«مىزانۇل ئەۋزان»، «سىراجىلمۇسلىمىن»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» لەرنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

زەللەرنى «چاھار دىۋان» دىن يادقا ئېلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ مەشھۇر نام سۆپۈرگەئاخۇنغا بالىلىقىدىن باشلاپلا تونۇش ئىدى. ئۇ، بۇ ئۇلۇغ شائىرنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيتتى، ئۆزىگە غايىبانە ئۇستاز بىلىپ، ئۆزىمۇ ئانچە-مۇنچە قەلەم تەۋرىتەتتى.

سۆپۈرگەئاخۇن ئۇ كىشىدىن «چاھار دىۋان» نى قەيەردىن تېپىش مۇمكىنلىكىنى سورىدى.

— بۇ كىتاب قىممەتتە ئالتۇنغا باراۋەر تۇرىدۇ، ئاسماندىكى زۆھرە يۇلتۇزىنى قولغا كىرگۈزمەكتىنمۇ قېيىن، — دېدى ھېلىقى كىشى. سۆپۈرگەئاخۇن بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغان نازىنىنىنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمىگەندەك، بۇ نازىنىنىنىڭ ئىشقىدا سەكپارە بولۇپ، ئازاب چەككەندەك ئولتۇرۇپ كەتتى. بىراق ھېلىقى كىشى:

— ئاڭلىسام، ئىلچىدىكى زۇنۇن قارىم دېگەن كىشىدە بۇ كىتاب بارئىمىش، زۇنۇنقارىم ئىلىم بىلەن ئانچە خۇشى يوق، مال-دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇخارادىن ئوقۇپ قايتقان بىر يېقىنى ھەدىيە قىلغان بۇ كىتابنى پەقەت كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈنلا قولدىن چىقارمايۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۆپۈرگەئاخۇن ئۆزى كۆيۈپ قالغان مەشۇقىنىڭ كەينىگە چۈشكەن ئاشىقتەك، بۇ كىتابنىڭ كەينىگە چۈشتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىلچىدىكى ھېلىقى ئوقۇمۇشلۇق كىشىدىن خەۋەر كېلىپ قالدى. ئېيتىلىشىچە، زۇنۇنقارى، كىمنىكى دەريا سۈيىنى دەريا قاسنىقىدىن يەتتە غۇلاچ ئېگىزلىككە جايلاشقان 70 مو يەرگە چىقىرىپ بەرسە، شۇ 70 مو يەرنىڭ يېرىمىنى ھەدىيە قىلىمەن، دەپ جامائەت ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەيدىسىگە ئۇرغانىكەن. پەرھات كەبى ھەقىقىي ئاشىق شېرىن سۆيەت مەشۇقىنىڭ ۋىسالى يولىدا بىستون مىساللىق مۇشەققەت تېغىنى يېرىپ، ئەھرىمەن دىۋىنىڭ ئۆۋىسىغا كىرىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سۆيۈرگەئاخۇن خەۋەر كېلىپ ئەتىسىگىلا ئۇلاغچىغا ئاتلاندى، زۇنۇنقارى بىلەن يۇرت قازىسىنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا توختام تۈزۈپ، ئىشقا كىرىشتى. دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە ئۆزى توپلىغان تەجرىبە ئۇنىڭغا تازا ۋاقتىدا ئەسقاتتى. ئۇ ئۆگدىسىغا يېتىپ يۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراش چارىسى بويىچە، دەريا ياقىسىلىدىن قىيپاش ئۆستەڭ ئېلىپ، ھېلىقى 70 مو يەرگە ئاخىر سۇ چىقاردى ـ دە، يەر ئىگىسىدىن 35 مو يەرنى ئۆزىگە ئايرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. يەر دېسە جېنىنى بېرىدىغان زۇنۇنقارى تازا تەڭلىكتە قالدى، يەر ئەمەس، نېمە سورىسا شۇنى بېرىمەن دەپ يەنە مەيدىسىگە ئۇردى...

سۆيۈرگەئاخۇن چىنارئايىم دەملەپ يېنىدا قويۇپ قويغان چاينى بىر ئوتلىۋالدى ـ دە، «چاھار دىۋان» نى تولۇپ ـ تاشقان كۆچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

كىمسە ھەرگىز كۆرمەدى چۈن ئەھلى دەۋراندىن ۋەفا،
ئۇلكى دەۋران ئافەتىدۇر نى تەمەئ ئاندىن ۋەفا.

جانۇ ئۆمرۈمدۇر ئول ئاي گەر بىۋەفا بولسا نەتاڭ،
قايدا كۆرمىش كىمسە ھەرگىز ئۆمۈر ئىلە جاندىن ۋەفا.

گەر ۋەفا قىلساڭ ئېرۇر ئاندىنكى باردۇرسەن بەرى،
يوقسە كىم ئالەمدە كۆرمىش نەۋئى ئىنساندىن ۋەفا.

ۋەھكى، دەۋران ئەھلىدىن جۇز بىۋەفالىغ كۆرمەدىم،
ھەرنىچە كىم كۆردىلەر مەن زار ھەيراندىن ۋەفا.

چۈن ۋە فاگۈل بەرگى دەۋران باغىدا ئاچىلمادى،
بى جىھەتتۇر كىمكى ئىستەر بۇ گۈلىستاندىن ۋەفا.

كىمسە كۆڭلىن كىمسەدىن ئىستەپ ۋەفا ئالدۇرماسۇن،
كىم ماڭا خۇد يەتمەدى ئول كۆڭلۈم ئالغاندىن ۋەفا.

ئەي ناۋائىي گەر ۋەفاسىز چىقتى ئول سۇلتان ھۇسەيىن،
تاپتىڭ ئەلدىنكىم، تىلەرسەن ئەمدى سۇلتاندىن ۋەفا؟

مىراب بېگنىڭ يۈرەك باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاۋاز ئۆيدىن ئايۋانغا، ئايۋاندىن تۈن قاراڭغۇلۇقىغا تارىدى. ئارقىدىنلا بۇ بوم ئاۋازغا چىنارئايىمنىڭ زىل ئاۋازى جور بولۇپ، يۈرەك نەغمىسىگە ئايلاندى. لېكىن بۇ نەغمە سادا-سىدىكى مەردانىلىك چىقىپ تۇرغان خىتاب ئارىسىغا بىر خىل تىترەك، غەمكىن سادامۇ ئارىلاشقانىدى. بۇ ھويلىدىن، بۇ يۇرتتىن پەرۋاز قىلغان ھەرقانداق ساداغا 1000 يىللاردىن بېرى شاھىت بولۇپ كېلىۋاتقان قېرى تېرەك مىراب بېگ-نىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلاشقاندەك، زۇلمەت بىلەن بىر لەن بولغىنىچە سۈكۈت ساقلىماقتا ئىدى.

## 12. خالىس زاراخەتمە

پەيشەنبە كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن يۇرت ئىچى خۇددى قىيان كېلىدىغاندەكلا ئۆرۈتۆپە بولۇشقا باشلىدى. بەزىلەر مەسچىتتىن چىقىپ ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، بەئەينى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك، مەھەللە- مەھەل-لىدىن، كوچا- كوچىلاردىن كېلىپ ئۇلۇغ يول بىلەن مازار

www.uyghurkitap.com

كەنتكە قاراپ كېتىۋاتقانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىشتى.

بەزىدە يول بىلەن، بەزىدە ئۇدۇل كەلگەنلا ئېتىزنىڭ قىرلىرى بىلەن مېڭىۋاتقانلار ئارىسىدا پۇقرالارنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى. خېلى ھاللىقلارمۇ، ئۆز تىرىكچىلىكىدىن ئېشىنالمايدىغانلارمۇ، بۈگۈننى تاپسا ئەتىلىكى ئۈچۈن قايغۇرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ياشلار ياشانغانلارنى يۆلەپ، ئانىلار بالىلارنى يېتىلەپ، «ئاخىرقى نىشانغا قېنى كىم بالدۇر بارالايدۇ» دەپ بەسلەشكەندەك، بىر-بىرىدىن ئۆزۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى. سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغىدىن توزۇغان توپا قۇرغاق ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ، بۇلۇتلارغا يېقىنلىشاتتى-دە، يەنە ئۆز ماكانىغا قىيمىغاندەك يەر يۈزىگە تاشلىنىپ، ساقال تارتىپ قالغان قوناقلىقلارنى بوز رەڭ پەردە ئاستىغا يوشۇراتتى.

ئىككى-ئۈچ ھەپتىدىن بېرى يېغىپ ئۆتكەن بىرقانچە قېتىملىق ئۆتكۈنچى يامغۇر ۋە سۈپۈرگەئاخۇن بولۇپ بەرگەن سەل سۈيىدە كۆكەرگەن ئوت-چۆپلەر بىلەن تويۇپ، ھارامزادىلىشىپ قالغان ئېشەكلەر قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىشاتتى. ھۇرۇن توپاقلارغا مىنىپ ھەدەپ دىۋىنىپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىغا شىنادەك قىستۇرۇلۇپ يول ئېچىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قونۇپ ئولتۇرغان كەپسىز بالىلار ئېشەكنىڭ چاپقۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىپ، توپاقلىقلارنى ۋە پىيادىلەرنى مازاق قىلغاندەك، ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجىياتتى.

كىملەردۇر كەلگەن يېرىدە ئولتۇرۇپ قالاتتى-دە، كەشلىرىگە تۇشۇپ كەتكەن قۇمنى تۆكۈۋېتىپ، ئۇزاپ كېتىۋاتقان توپقا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى.

«سېيىت ھاجىم ئىمامى جەئفەر تەيران مازارىدا كاتتا
زاراخەتمە ئۆتكۈزۈپ، دۇئا تەلەپ قىلغۇدەك» دېگەن خەۋەر
تارقالغان بىر ھەپتىدىن بېرى پەيشەنبە كۈنىنىڭ يېتىپ كې-
لىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن بۇ كىشىلەر كۈتە-كۈتە
ئاخىر بۇ كۈنگە ئۇلاشقانىدى. تۈپنىڭ ئالدىنى تالىشىپ كې-
تىۋاتقانلار ئارىسىدا زاراخەتمىدە بېرىلىدىغان بىر ئاياق ئۇماچ
ۋە كىچىككىنە بىر پارچە كالا گۆشىنىڭ تەمەسىدە كېتىۋات-
قانلارمۇ يوق ئەمەس. ئىككى يىلدىن بېرى چىشى گۆش قا-
رىسى كۆرۈپ باقمىغان، كېپەك ئۇمىچىدىن ئۆزگە
سېرىق قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن ئۇماچ ئىچىپ باقمىغانلارنى
بۇ تەمەيى ئۈچۈن ئەيىبكە بۇيرۇغىلىمۇ بولمايتتى.

ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھېيت-بايراملىرىنى
شاد-خۇرام ئۆتكۈزۈپ، بىر نان تاپسا مېھمىنىنىڭ ئالدىغا ئا-
چىقىدىغان، بىر-بىرىدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان بۇ خەلق
ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسىدا تۇرۇشقا ئادەتلەنگە-
نىدى. باش-كۆزى ھۆكۈمرانلارنىڭ قامچىسىدىن خالاس بولۇپ،
دۈمبىسى ئاپتاپ كۆرگەن، تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقى بىلەن
يامغۇر يېغىپ، باياشات-مەمۇرچىلىق بولغان يىللىرى قۇربان
ھېيت، روزى ھېيتلىرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزگەندىن ئۆزگە،
بارائەت كېچىسى تۈنەپ، خەتمىقۇرئان قىلىشاتتى. ياش
باللار قاپاق كۆيدۈرۈپ كېچىلىك سورۇن تۈزۈشەتتى، سەنئەت-
كارلار ئۆز ھۈنەرلىرىنى نامايىش قىلىشاتتى. كۆكلەم كېلىپ،
يەر-جاھان ئويغانغان ئايلاردا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈپ،
يېڭى تىرىلغۇنى كۈتۈۋالاتتى. قۇملۇق ئارىسىغا جايلاشقان
لاچىن ئاتا پاششايىمغا بېرىپ، سەيلە قىلىشاتتى. جۈمە كۈنلى-
رى قاراباغ دەپ ئاتالغان مەيداندا ئوغلاق تارتىشىپ، چەۋەن-
دازلارنىڭ غەلىبىسىگە باركاللا ياغدۇراتتى. كۈز كۈنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوناق ئاقلاۋاتقان مەزگىللەردە، خامان بەئەينى بىر سەنئەت بەھىنسىگە ئايلىناتتى. جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، يۈزىگە نىقاب تاقاپ ھەرخىل سۈرەتتە ياسانغان ئويۇنچىلار «غاز ئويۇنى»، «چىچىپ چۇمبۇس ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلارنى ياسىشاتتى. ئويۇن كۆرگەچ، بىر ئاخشامدىلا بىر-ئىككى خاماننىڭ قونىقىنى ئاقلىۋېتەتتى.

خامان پەسلى ۋە قىش كېچىلىرى يۇرت راۋابچىلىرى «قويچى راۋىپى» دېيىلىدىغان ئۈچ تارلىق راۋاپلىرىنى چېلىپ بەيگىگە چۈشەتتى. ئۆزلىرى ئوقۇغان قوشاقلار، ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان مۇزىكىلار بىلەن دەرد-مۇڭلىرىنى تۆكەتتى، مېھرىبانلىقىنىڭ، ۋاپادارلىقىنىڭ كۈيىگە كۆيلىشەتتى.

مەكتەپ بالىلىرىمۇ ساۋاقلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپلا ئۇلۇغ يولنىڭ كەڭ يېرىگە جەم بولاتتى-دە، «كۆيەك توپ»، «چەۋگەن توپى»، «گاگا-چۈك» ئويۇنلىرىنى ئوينىشاتتى. ئۇلار ئارىسىدا تەپكۈچنى يەرگە چۈشۈرمەي يۈزنى تېپەلەيدىغان، ئارقىمۇ ئارقا 30 كاللا چىقىرالايدىغان ماھىرلارمۇ بار ئىدى. ھەر كەچلىكى مەھەللە-مەھەللىلەرنى بالىلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى بىر ئالاتتى...

مانجۇلارنىڭ قانلىق قامچىسى، ئابلىزقارىنىڭ غالچىلىق مەنتىقىسى، تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن ئاغرىق-سىلاقنىڭ قورقۇنچى پۇقرانى بىر بۇردا نان ۋە جان قايغۇسىغا مەھكۇم قىلدى. بەخىرامان چۇرۇقلىشىپ، دانلىشىۋاتقان قۇشقاچ توپى ئارىسىغا مۈشۈك كىرىپ كەلگەندەك، قايناق سورۇنلارنىمۇ تۇزۇتۇۋەتتى. سۇسىزلىق مەشرەپ ۋە باراۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان باغ-ۋارانلارنى سۇلدۇردى، تېرىلغۇلارنى ۋەيران قىلدى. كىشىلەرنىڭ يۈرىكى خۇددى مۇزخانىغا تاشلىۋې-

تىلگەن بىر پارچە گۆشتەك مۇزلاپ، ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولدى. ئاتا-بوۋىلاردىن مىراس قالغان مۇقام ۋە خۇشاللىق ئوچاقلىرى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىلدى.

ناخشا بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ، مۇقام بىلەن ئەللەي ئېيتىپ چوڭ قىلىنغان كىشىلەر سورۇن سېغىنغاندى. بۇگۈنكى سورۇندا پەقەت مۇكىلۇق قىرائەت ئاۋازى ۋە بىر قاچا ئوماچلا بولىدىغانلىقىنى، ھېچكىم مۇقام توۋلاپ، ناخشا ئېيتمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ ھەممەيلەن ئالغا ئىنتىلىشەتتى، بىر-بىردىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە يۇرت جامائىتىنىڭ ئالدى ئىمامى جەئفەر تەيران مازىرىنىڭ يېشىل كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. تاغدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن سەل سۈيى ئۆستەڭلەرگە، ئۆستەڭلەردىن ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ، ئاخىر ئېتىزلىقلارغا يېتىپ سىڭىپ كەتكەندەك، قەبرىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولۇشتى.

بۇ مازار تولىمۇ كەڭ ۋە سۈرلۈك ئىدى. ئۈچ ھارۋا قاتارلىشىپ ماڭالىغۇدەك كەڭلىكتىكى دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىسىدىن باشلىنىدىغان كۆك خىش ياتقۇزۇلغان يول تاكى 200 قەدەم نېرىسىدىكى چوڭ مەسچىتكىچە سوزۇلاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان چوڭ-كىچىك قەبرىلەرنىڭ بېشىغا قويۇلغان ئېگىز خادىلار يانغىن چۈشكەن ئورماندىكى قالدۇق دەرەخ غوللىرىدەك قويۇق ئىدى. بەزى خادىلار ئۇچىغا ئېسىلغان يوغان تۇلۇملارنى كۆتۈرەلمەي، دوك كىشىدەك ئېگىلىپ قالغان، بەزىلىرى زامان جاپاسىغا چىدىمىغان يېتىمچىدەك قاق بەلدىن سۇنۇپ، قويۇق يانتاق، قومۇشلار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتاتتى.

www.uyghurkitap.com

چوڭ دەرۋازا بىلەن مەسچىت ئارىسىدىكى 60 غۇلاچ ئەزانخانا بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇراتتى. ئۆز ھۇنىرىدە كامالەتكە يەتكەن خارەتلەر① تەرىپىدىن يوغان ياغاچلار بىلەن ئۈچ بۆلۈك قىلىپ ياسالغان بۇ ئەزانخانا يۇرت بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئادەتتە ناماز ئەزانلىرى مازار مەسچىتنىڭ مۇنارىدا ئوقۇلاتتى. يۇرتنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرغان ئەزانخانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنمۇ ياكى ھېيت نامىزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، ھېيت نامىزىنىڭ ئەزىنىلا مۇشۇ ئەزانخانىدا ئوقۇلاتتى. يۇرتنىڭ ھەرقانداق يېرىدە تۇرۇپ قارىسىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدىغان بۇ ئەزانخانىدا ئوقۇغان ئەزاننى ۋە «شاپپا-شاپپاك» ساداسىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولغاچقا، نامازغا كېلەلمىگەن ئاجىز-ئورۇقلار، قېرىساللار ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ھېيت نامىزىنى مەسچىت جامائىتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆتىيەلەيتتى.

سەكراتقا چۈشكەن ھەممە ئادەم تىرىك قالغانلارغا ئۆز مېيىتىنى مۇشۇ مازاردا قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشنى ئۇنتۇ-مايدىغان ۋە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى قازا تاپقانلارنىڭ مېيىتى قويۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ مازارنىڭ زاراتگاھلىقى 100 مودىن كەم ئەمەس ئىدى. يۇرت ئەھلىنىڭ ياكى ئاتا-ئانىسى، ياكى ئۇرۇق-تۇغ-قانلىرى، ياكى بالا-ۋاقىسىنىڭ قەبرىسى مۇشۇ زاراتگاھلىقتا بولاتتى.

ھۇۋلاۋاتقان ھۇقۇشلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى بېسىقىپ، ئۈيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغانغان زاراتگاھلىق بىردەمنىڭ ئىچىدە قارىقويۇق گەۋدىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئەتىگەنلىك قۇياش بىلەن بىر يۈزى يورۇپ تۇرغان قەبرىگاھلىقنى قاپلىدى. ئۆپكىدەپ يىغلىغان ئاۋازلار، دەمدەر ئۇنلىگەندەك تېلىقىپ قېلىشلار ماتەم سىمپونىيىسىگە ئايلىنىپ،

① خارەت — پارسچە «خەررات» دېگەن سۆز بولۇپ، ياغاچ ئىشىنى قىلغۇچى دېگەن مەنىدە، خوتەندە ياغاچچى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

هازا كەيپىياتىنى ھەسسلەپ ئاشۇردى. قومۇش، يانتاق ياكى قەبرىگە چىچىلغان ئۇرۇقلاردىن ئۈنۈپ چىققان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ تۇۋى ئىسسىق كۆز يېشى بىلەن نەملەندى. بولۇپمۇ، ئاغرىق - سىلاقتا قازا قىلغان جانجىگەرلىرىنىڭ سىماسى تېخى كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن ھازىدارلارنىڭ يىغىسى زاراتگاھلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.

مەھەللىلەردىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ - ئۇچى تەگىشىلىپ بولغاندا، مەسچىت ئالدىدىكى بوز توپىلىق مەيداندا زاراخەتمە باشلاندى. جامائەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن سېيىت ھاجى، ئابلىزقارى، ھاپىز ۋە باشقا يۈزلۈكلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئۇستىگە قۇرئان كەرىم قويۇلغان ۋاقىتلىق ئىشكتىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

مەيداننىڭ مەسچىتكە تۇتاش تەرىپىگە بەش ئوچاق قېزىلىپ، ئوچاقا كىرىپە قازانچىلىرىنىڭ ھەدىيەسى — بەش داش قازان ئېسىلغانىدى. قازانلاردا نۆكچە ئالتۇندەك ساپسېرىق سەۋزە ۋە ئاپئاق گۇرۇچ پورۇقلاپ قايناپ تۇراتتى.

قۇرئانى كەرىم ئاستىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەن سېيىت ھاجى كەينىگە ئابلىزقارى ۋە باشقا جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ قازان بېشىغا كەلدى - دە، ئايىقىنى چۆمۈچ تۇتۇپ تۇرغان ھىممەت قاشقىغا تەڭلىدى. بوز توپىلىقا سېلىنغان بورا ئۈستىگە بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم» دەپ، قوشۇقنى ئاغزىغا ئاپاردى.

ئابلىزقارى ۋە ھاپىزلارمۇ قاتتىق بورا ئۈستىگە يۈكۈندى. يانلىرىدا ئولتۇرۇپ ئۆلگۈرگەن پۇقرالارغا ئۇغرىدىن ئەندىشە قىلغاندەك قاراپ قويۇپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، قىزىق شويلا بوغۇزىدىن ئۆتە - ئۆتمەيلا يۆتىلىپ، ھاسىراپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يۇرتنىڭ زاراخەتمىسىدە، مەيلى ئۇ مازار ۋەخپىسىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلسۇن، ياكى باي، نامراتلارنىڭ نامىدا ئۆتكۈزۈلسۇن، ئۇماچلا ئىچىلەتتى. ئۇماچ قايمىقى ئۇستىگە قولاقچىلىق كالا گۆشى تاشلىناتتى. بۈگۈنكى بۇ زاراخەتمە يۇرت ئەھلىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتتى. شال تېرىلمايدىغان بۇ يۇرتتا، لوپ ياكى كىرىيە گۈرۈچى بىلەن ئوخشىتىپ ئېتىلگەن شويلا ھەممەيلەنگە تېتىدى.

زاراخەتمىدە شويلا مول ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان تاپسا تېرىق، تاپالمىسا كېپەك يەپ، بولمىسا گۈلە-قاق، كۆك باش بىلەنلا جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتقان كەمبەغەللەر بورىلاردا، مەسچىت تېمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپلا ئاش ئىچىشمەكتە ئىدى. نەچچە يۈز كىشىنىڭ ئاش سۈمۈرۈشلىرى نەچچە ئون كۈپ بىلەن دوغاپ پىششۇۋاتقاندەك تولىمۇ شەپىلىك ئاڭلىناتتى. دىمىق ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىزنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاش جامائەتنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدۈرگەنىدى.

بىردەملىك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن جامائەتنىڭ قورسىقىمۇ، كۆزىمۇ تويدى. ئاغزىنى ماتا كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈپ، تاۋۇز يۇتۇۋالغاندەكلا تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىيلاۋاتقانلار ئابلىزقارىنىڭ ئۆزلىرىنى دىققەتكە جەلپ قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردى.

— ئى، يۇرتىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىرى، ئى، پېقىرلار، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا بىساتىدىن نېسىۋە ئايرىپ، پىسسۇۋىللا زاراخەتمە قىلىپ، پۇقرا دىلىغا ئىمان، جىسمىغا قۇۋۋەت ئاتا قىلغان جانابىي سېيىت ھاجىمغا تەشەككۈر ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلايلى، ئاللاتائالا ئۇنىڭ بېشىدىن دۆلەت قۇشىنى يىراق قىلمىسۇن، نېسىۋىسىنى كەڭ قىلسۇن، ماللىرىغا بەرىكەت بەرسۇن، ئامىن!

مۇشۇ زاراخەتمىگە داخىل بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى چىرىيە بوسۇغىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان سېيىت ھاجى ۋە ئۇنىڭ كارۋىنىغىمۇ دەسلەپتە يۇرت قوينىغا بىر ئامال قىلىپ تۇمشۇقىنى تىقىۋېلىپ، يېڭىدىن يېڭى بالايىئاپەتلەرنى باشلاپ كېلىدىغان، كۆزى ئېچىلغان پۇقرا تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ تۈزىتىپ بولمايدىغان ۋەيرانچىلىق، يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدىغان داغ قالدۇرۇپ كېتىدىغان يات تائىپىلەرگە قىياس قىلىپ، ئۆچمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراشقان. ئۆچمەنلىك دېمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىق ئەكىلىدىغانلىقىغا دەر گۇمان بولغان ئىدى. بىراق ...

بىراق، قوي قوتىنىغا كىرمەكنى قەستلىگەن چىلبۆرە يىراقتىنلا خىرىس قىلىپ، ھۇۋلاپ كەلمەيدۇ. تام تېشىدىغان ئوغرىمۇ پېشانىسىگە قاشقا چاپلاپ ياكى «مەن ئوغرى» دەپ جاكارلاپ ئاندىن ئوغرىلىققا تۇتۇش قىلمايدۇ. پەقەت مال ئىگىسىنىڭ بىخۇدلىشىشىنى كۈتىدۇ. يولۋاسمۇ خىرىس قىلىپ، چىشىنى كۆرسىتىشىنى بىچارە جانىۋار «ئۇ كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنگۈچە داۋام قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ قۇۋلىرىمۇ يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قېلىشمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئاياغلىق ئادەمزات بولۇشىغا قارىماي، تۆت ئاياغلىق ھايۋانلار قوللىنىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن. تېخى قادىر ئاللا ئۇلارغا ھايۋانلاردا بولمىغان زۇۋان ۋە ھايۋانلاردىن ئۈستۈن ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلغان. ھايۋانىي ۋەھشىيلىك ۋە ئادىمىي ئەقىل - زۇۋاننىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان زىيادە قورقۇنچلۇق قۇۋلۇق ئۇلارغا يەنە ئۆز ئولجىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگەتكەن.

دانىيال خوجا، خوجا ئابدۇللا ئىشان ① ئاتا ـ بالا چىرىيىدە پەيدا بولغاندىمۇ ئۆزلىرىنى «بالا گەردان پىر» ② دەپ ئاتاپ، پۇقرا بىشىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى بىر سۈپكۈچ بىلەنلا يوق قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا كانىيى يىرتىلغۇچە جار سالغان، بۇ تەنتەنىلىك جاكارنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىقبال قۇياشىنى كۆرگەندەك ئېرىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، مۇرىت بولغان. كېيىنچە ئۇلار ۋە ئۇلاردىن قالغان يەرلىك «ئىشان» لار پۇقرانى مەزھەب ۋە سۇلۇكلەرگە بۆلۈپ، «كۈچانى سۇ خاراب قىلىدۇ، خوتەننى پىتنە» دېگەندەك، نىزا تېرىپ، ئەل ئۆملۈكىنى ئىچكى جەھەت-تىن خورىتىشقا باشلىغاندىلا، پۇقرا ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى ئازراق بىلىشكە باشلىغان. ئىشانلارنىڭ ئارقىسىدىن «خەپ» دەپ تىللاشقان.

قارايۈز ساتقۇن نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ خوجىسى③

① خوجا ئىسھاقى ۋەلىينىڭ نەۋرىسى ۋە ئوغلى. دانىيال خوجا مىلادى 1659 ـ يىلى ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ خوجەنت رايونىدا تۇغۇلغان. ئاتا ـ بالا ئىككىسى 1683 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىلچى، چىرىيە قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلغان. ئەينى چاغدا ئۇلارغا قول بېرىپ، پارتىلاش خاراكتېرىدە كۆپەيگەن يەرلىك ئىشانلارنىڭ مازىرى ھازىر چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىشانلىرىم كەنتىدە.

② بالا گەردان پىر ــ بالا ـ قازاغا مۇئەككەل پىر.

③ ئۇنىڭ خوجىسى ــ يەنى بەدۆلەت، ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ، 1819 ـ يىلى تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پىسكەنت يېزىسىدا تۇغۇلغان. نارمۇھەممەت قوشبېگى تاشكەنتكە ھاكىم بولغاندا ياقۇپبەگنىڭ ھەمشىرىسىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ دەسلەپتە يۈزبېشى، ھاكىم بولغان. 1864 ـ يىلى 45 ياش ۋاقتىدا بۇزرۇك خوجا بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 1867 ـ يىلى ياز كۈنلىرىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرۇپ، ئۆزىنى بەدۆلەت (بەخت ـ سائادەتلىك خان) دەپ ئاتىغان. ياقۇپبەگ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زو زوڭتاڭ باشچىلىقىدا ئەۋەتكەن كۈچلۈك جازا قوشۇنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، 1877 ـ يىلى تومۇز پەسلى رابىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلگەن.

خوتەن پادىشاھلىقىنى فەتھ قىلىشتىن ئىبارەت يامان غەرىزىمۇ كۆلكە ئارىسىغا يوشۇرغان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ھەبىبۇللاخان خوجىنى «ھاجى ئاتام» دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنى قىزغىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، گۆر ئاغزىغا سۆرىدى. ئارقىدىنلا «ھاجى ئاتامنى تېپىپ بەر» دەپ ئىلچىگە كەلگەن نەچچە مىڭ چىرىيلىكنى بىر-بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئۆز پادىشاھىدىن، ئۆز ۋەتىنىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان خەلق زار-زار يىغلىدىيۇ، كېيىنچە يات تائىپىلەر ئۆتكۈزگەن نەزىر ئېشىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ئۇلار سېلىپ بەرگەن مەسچىتلەردە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

بۇنداق نەزىر ۋە «خەير-ساخاۋەت» مۇ ئۇزاققا بارمىدى. پۇقرا ھېچبىر ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقلارغا دۇچار بولۇپ، ئەتىۋارلىق قىزلىرى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئوردىسىغا ھەيدەپ كېتىلگەندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ چىلبۆرىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ قېلىشتى-دە، يەنە «خەپ» دېيىشىپ، لېۋىنى چىشلەشتى...

مانجۇلار يەنە قايتىپ كەلدى. ئالۋان-سېلىق ئازراق يەڭگىللىۋىدى، پۇقرانىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى...

«ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ ئىش بار» دېگەندەك، مانجۇلارمۇ قوتانغا كىرگۈچە يېپىنىپ كەلگەن قوي تېرىسىنى بىر يىل ئۆتمەيلا چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئالۋان-سېلىقنى بولۇشىغا ئېلىپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى...

ئاخىر، تالاي قېتىم يىرتقۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان يولۋاسنى ھىجىيىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئوچۇق تۇرغان قاپقانغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دەسسەپ، يۈرەكتالدى بولۇپ قالغان پۇقرا سىيىت ھاجىمۇ مانا

شۇنداق «گۇمانلىق مېھمان» قاتارىدا كۆتۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ قالماقدۆك ھاشىرىدىكى سېخىيلىكى، ئابدۇللا چاققانىنىڭ تۇتقۇندىن قويۇپ بېرىلىشى، ئازراق سۇنىڭ ئۆز ئىلكىگە ئۆتۈشى، ياغلىما تىلىدىن تۆكۈلگەن تەسىرلىك سۆزلەر ئاخىر تاۋار پەردىگە ئايلىنىپ، بۇ سودا ئاقساقلىقنى بېزەپ، پۇقرانىڭ كۆزىگە «ئىمامى جەئفەر تەيران تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەخت ئەلچىسى» قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆز نۇرى ئېزىتقۇ تۇمانى بىلەن توسۇلغان، تېخى تۈنۈگۈنلا «يات تائىپىلەرنىڭ ئالدىمىغا تەممەت① چۈشمەيمىز» دەپ ئىمانىنى كېپىل قىلىپ قەسەم ئىچىشكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمدىلىكتە ئابلىزقارى باشلاپ بەرگەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، زاراختەتمە شويلىسى بىلەن نەملەنگەن ئاغزى بىلەن يات تائىپىنىڭ «پۇقراپەرۋەر» ئەلچىسىگە ئاللادىن نۇسرەت تىلىمەكتە ئىدى.

داق بورا ئۈستىدە ھېلىغىچە چىدام ساقلاپ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان سېيىت ھاجى زاراختەتمە ئەھلىگە ئارتۇقچە ۋەز ئېيتمىدى. ئۆزى تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان پۇقرالارغا قايتا-قايتا كۆز سېلىپ، كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىنلا ئۇ، ئارتۇقچە ۋەز ئېيتىشنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىغىنىنى چۈشەنگەندى. ئۇ ئۆمۈرلۈك خۇسۇسىي مىزانى بويىچە، سۈكۈت بىلەن يەتكىلى بولىدىغان مەقسەت ئۈچۈن بىشارەتنى، بىشارەت بىلەن يەتكىلى بولىدىغان مەقسەت ئۈچۈن زۇۋاننى، زۇۋان بىلەن يەتكىلى بولىدىغان مەقسەت ئۈچۈن زورلۇقنى ئىشقا سالمايتتى. مانا ئەمدى بىرقانچە تەڭگىلىك زاراختەتمە بىشارىتى بىلەن مەقسەت ۋىسالىغا كۆزى يەتتى، خىيالىدىكى ئۇلۇغ مەن-

① تەممەت — بەرلىك شىۋە، ھەرگىز، ئەسلا، مۇتلەق، دىگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىزلىگە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولغا ئۇلاشتى، قولىغا تۆكۆرۆپ، ئىشەنچ قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى...

بىراق، ئۇنىڭ يۇمۇلغاندەك تۇرغىنىنى بىلەن ھەممىنى كۆرىدىغان كۆزلىرى زاراخەتمە ئىشىغا دوم چۈشكەن جامائەتنى بىر قانچە مەرتەم كۆزىتىپ چىقتى. قازان بېشى، بۇلۇڭ-پۇچقاقلارمۇ نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۆلگەنلەر ھەققىدە خالىس دۇئا قىلغان بولۇپ، شېھىتلىكتىكى ھېسابسىز قەبرىلەرنىڭ ئالدى-كەينىنى ئارىلاپ بولغان ھاپىز مەخسۇممۇ شىكاردىن ئۆلجىسىز يانغان ئۆۋچىدەك سولىشىپ قايتىپ كەلدى ۋە خوجىسىغا مەنىلىك ئىشارەت قىلدى.

«ئۇلار نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟»

سېيىت ھاجىمۇ، ھاپىز مەخسۇممۇ توپ ئارىسىدىن سۆپۈرگە مىراب بېگىنى ئىزدەيتتى. ئابدۇللا چاققانىنىڭ، سەپەر بوۋاينىڭ، تۆمۈرچىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلاتتى. كۆز قارىچۇقى تۈن قاراڭغۇلۇقىدا چاشقان مارىلاۋاتقان مۆشۈكياپىلاقنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك توختاۋسىز مىدىرلايتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ داغدۇغىلىق، «خالىس» زاراخەتمىگە داخىل بولماسلىقى سېيىت ھاجىنىڭ كۈنسېرى پىشىپ كېلىۋاتقان پىلانىنى خېمىغا ياندۇرغىلى تۇردى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئابلىز قارىنىڭ ئوتتاشتەك قىزىل گىلەملىرىنى تەپتارتماي ئاياغ-ئاستى قىلىشقا پېتىنغان ئۇ «ئەلچىلەر»نى يادىدا مەھكەم ساقلاش ئۈچۈن دەپتىرىنىڭ باش داڭزىسىغا تىركەپ قويغان، يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە يىلان كۆشىسە تۇيۇپ تۇرىدىغان، قىلنى 40 يېرىپ، 40 ئادەمنىڭ بويىنىنى باغلىيالايدىغان بۇ ئادەم تىزىملىكتىكىلەرنى كەلگۈسىدىكى كۈچلۈك رەقىبلىرى قاتارىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ھاپىزنىڭ سەپەرچاققان توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھېكايىسىنى يەنە بىر قېتىم تىڭشاپ، سۆپۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گە مىراب بېگىنىڭ تېگىنى جەددى-پۇشتىغىچە قويماي سۈرۈشتۈرگەنىدى.

ئۇ، «جاھاندا بىر پارچە لوق گۆشنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىندەككە كەلمەيدىغان قارچىغا يوق، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ باش ئەگمەيدىغان پالۋان يوق» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، بۇ مەنتىقىسىنىڭ بۇدورام خاتا بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ھەم ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىرىدا ئۇ «ئۆزلۈكىدىن ئىندەككە كەلگەن» ھىممەت قاشقىدىن بېشىنى سىيلاپ، دۇئا بەرگەن بولۇپ، گەپ ئېلىپ باقتى. ئۇمۇ ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى.

ھەرقانداق يۇرتتا، ھەرقانداق تائىپە ئارىسىدا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتقان چارىسىنىڭ نادان ئەل ئارىسىدا ئۆز كۈچىنى يوقاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان ئاقساقال بېشىنى ئىختىيارسىز چايقاپ قويۇپ، تەسۋى مارجانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن زاراخەتمىگە داخىل بولمىغانلارنىڭ جەمئىي 24 ئادەم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا ئىسپاتلاپ چىقتى.

پەسىل ھارۋىسىنىڭ ياز ۋە كۈز ئايلىرى پاسىلىدا چېپىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، مازار ئەزانخانىسىنىڭ ئۇچىدا تۇمۇز ئاپىتى بولۇپ تىكلەنگەن قۇياش تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى پۈۋلىگەن يالقۇندەك، ئاتەش تەپتىنى چاچماقتا ئىدى. قىزىق شويلا ئىچىپ ئىسسىق باسقان كىشىلەر قاقىرام ئىسسىقتا تۇرۇۋېرىپ زېرىكتى. ئابلىزقارىنىڭ ۋەز-نەسىھەتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئادىتى بويىچە قۇلىقىنىڭ ئىختىيارىنى سېپىت ھاجىغا تاپشۇرۇشقانلار ئۆزىگە ئاش بەرگەن مۆتىۋەرنىڭ ئېشىنى يەپلا تىكىۋېتىشنى ئەخلاق مىزانىغا خىلاپ دەپ ھېسابلاشقان ۋە ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش ئارقىلىق تەشەككۈرنى ئىپادىلەش قارارىغا كېلىشكەنىدى.

سېيىت هاجى بەش قازانغا تۆككەن گۈرۈچكە ئىچى ئاغرىغاندەك، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تەسۋى سىيرىغىنى سىرىغانىدى. بۇ هال جامائەتكە يەتكۈچە تەگلىك ئەكەلدى. بەزىلەر سېيىت هاجىنىڭ ۋەزىنى كۈتۈۋېرىپ تاملارغا ۋە تېرەكلەرگە يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىشتى. بەزىلەر پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن پېشانىسىدە پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى سۈرتكىنىچە ئەسنەشكە، كېرىلىشكە باشلىدى. سېيىت هاجىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشقانلارمۇ سەللا مىدىرلىسا يەل قېچىپ ئۇياتقا قالىدىغاندەك، قىمىر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى.

«ئەنە كەلدى!»

«ئاتلىق كېلىشىۋاتىدۇ...»

سېيىت هاجى كەينىگە بۇرۇلۇپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ تەۋرىنىشكە باشلىغان جامائەتنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلگۇردى. ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك كۆزىنى ئاچتى، ئابلىزقارىنىڭ ياردىمىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتقانلار تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئۆزىچە: سۇپۇرگە مىراب بېگلەر كېلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى.

بىراق، ئۇنىڭ قىياسى يەنە بىر قېتىم خاتا بولۇپ چىقتى. ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقانلارغا قارىۋىدى، ساپلا تونۇمايدىغان ئادەملەر ئىكەن.

نادىرخان بازار بېگىنىڭ تۆت ـ بەش يىگىتىنىڭ هەمراهلىقىدا توپنى يېرىپ، كۆزلىرى پىيالىنىڭ ئاغزىدەك چەكچىيىپ كەتكەن دادىسىغا قاراپ ئۇدۇل كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن خاتىپ «غىپ» قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى. پۇقرالارمۇ ئەزرائىل سۈپەت بازار بېگىنىڭ ۋاقىتسىز پەيدا بولۇشىدىن كىمگىدۇر كېلىشمەسلىك كېلىدىغىنىنى چەزمىلەشتۈرگەندەك، تېزلىكتە هالقىسىمان دائىرە تۈزۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بەگ جانابلىرى، — دېدى بازار بې-گى ئابلىزقارىغا تەنە تەرىقىسىدە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — بالا-چا-قىلىرى، مال-دۇنيالىرى ئامانمىكىن!

بازار بېگىنىڭ كۈتمىگەن چاغدا پەيدا بولۇشىدىن خاۋا-تىرلىنىپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئابلىزقارى ئۇنىڭ تەنىسىنى چۈشەنمىدى بولغاي، چوڭقۇر تەزىمدىن يۈرىكى سۇ ئىچىپ، ئويلىمىغان يەردىن مازار تاۋىپىنى كۆڭلى خالاپ، ئەدەبكە ئۆ-گەنگەن بۇ بايۋەچچىگە سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، قادىر ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكرىكى، پېقىرنىڭ بالا-چاقا، مال-دۇنياسىغا ئامانلىق ھەمراھدۇر، ئاللا ئۆز بەندىسىنى پاناھىدا ساقلايدۇ!

بازار بېگى دىمىغىنى قىيقىپ قويۇپ، بارغانسېرى تارىيى-ۋاتقان بوشلۇقنى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، ئابلىزقارىنىڭ يېنىدا توختاپ، سالام-سائەتنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەتىۋارلىق قىزلىرى بۆۋىمەريەم خېنىمغىمۇ ئامانلىق ھەمراھمۇ، تۆگە ۋە مالايلار تىنچلىقمۇ؟

ئابلىزقارىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. چىرايىدىن قان قېچىپ، پېشانىسىدە ئۇرناشمىغان تەر دانىچىلىرى قوشۇمىسى-نى بويلاپ سىرغىپ، كۆز قۇيرۇقىغا كېلىپ توختىدى. بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان پەيلەر ئىتائەتتىن باش تارتتى. يېقىندىلا تۇرغان مەسچىت قۇببىلىرى، ئەزەنخانا، ھەيۋەتلىك قارا تېرەكلەر ئۆزىنى مەركەز قىلىپ پىرقىراۋاتقاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ خېلىدىن بېرى كەم دىدار بولۇپ قالغان بازار بېگىنى بۇنداق ناقۇلاي پەيتتە كېلىپ قالار، دەپ خىيا-لىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، كۆڭلىنىڭ بىر يەردە قويۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان مۇنداق كەسكىن سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بې-

رىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ جۈرئىتىگە مەدەت بېرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىپ، ئارىنى بىراقلا ئوچۇق قىلىۋەتمەكچىمۇ بولدى. ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك، تازا قىلسا چاي ئىچۈرگەندە ئەكەلگەن تۆگىلىرى بىلەن مالسىنى ئەكىتەر، دەپمۇ ئويلىدى.

بىراق، ئۇ بىشەملىكتە ئۇچىغا چىققان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بۇ نوچىنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلەتتى. چىشىغا سەللا تېگىپ قويسا چاۋىسىنى يۇرت جامائىتى ئالدىدا چىتىقا يېيىپ، لەت قىلىشى، ھەتتا مۇشت كۆتۈرۈپ غوۋغا قوپۇرۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەگەر ھېچنېمە ئۇقمىغان، بىلمىگەن كىشى بولۇۋالسىچۇ؟

تار يولدا ئۇچرىشىپ قالغان رەقىبىنىڭ ئالدىدا دۇدۇقلاپ تۇرغان ئابلىزقارى نەزەرىنى ئۆزىنى يېۋەتكۈدەك گۆلىيىپ تۇرغان بازار بېگىنىڭ كۆزىدىن تەسلىكتە يۇلۇۋالدى — دە، مەدەت تەمە قىلىپ، سېيىت ھاجىغا تەلمۈردى.

سېيىت ھاجى بىللە دان تاتلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز چوقۇشۇپ قالغان خورازلاردەك ئىرنەككە چىقىشقان بىر جۈپ رەقىب كۆز جېڭى قىلىشقان قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھاپىزنىڭ قۇلقىغا يېقىن كېلىپ ئىككىلا ئېغىز پىچىرلىشى بىلەن ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەھۋالنىڭ بەكمۇ جىددىيلىكىنى بىلىپ سالا قىلماقچى بولدى. ئۇ، بازار بېگىنىڭ نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان داڭلىق بەگ ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، ئابلىزقارىغىلا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ دەز كېتەتتى. بۇنداق چوڭقۇر دەزنى جايىغا كەلتۈرۈش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. مۇبادا يامان نەتىجە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان بۇ مۇناسىۋەت پايدىلىق تەرەپكە توغرىلانسا، كەلگۈسى ئۈچۈن يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر داغدام يول ئېچىلاتتى.

— ئى، تەقۋادار مۇسۇلمانلار، — دېدى سىپىيت هاجى تەسـۋى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى جامائەت تەرەپكە سوزۇپ، — ئاللا يولىدا قىلىغان تائەت - ئىبادەتلىرىڭلارنى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ پىنھانە سۆھبەتلىرىگە رۇخسەتسىز قۇلاق سېلىش گۇناھى بىلـلەن يوققا چىقىرىشنى خالامسىلەر؟

قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئويۇن - تاماشا قىلىش، ھېچ بولمىسا ئىت تالاشتۇرغان سورۇندا قىستىلىشىپ تۇرۇپ قىزىقـچىلىق كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغۇچى كاتتىلارنىڭ قانداق ئېلىشىدىغانلىقىنى بىر كۆـرۈپ قويغۇسى بار ئىدى. دىققەت - ئېتىبارىنى ئابلىزقارى بىـلەن كۆرەك بازار بېگىگە مەركەزلەشتۈرگەن كىشىلەر سىپىيت هاجىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشىنى ئاڭلىمىدى. بۇ هال سىپىيت هاجىـنى تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك ۋارقىراشقا مەجبۇر قىلدى.

— هەي ياغاچ قۇلاق بەندىلەر، — دېدى ئۇ بىرىنىڭ ئۈستىدىن بىرى ئارتىلىپ ئىككى رەقىبنى دەيدەيگە سېلىۋاتـقاندەك پىچىرلىشىۋاتقان پۇقرالارغا قاراپ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، — ئۇلۇغ مازايى - ماشايىق تۇپرىقىدا تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ بىراۋنىڭ سۆھبىتىگە ئىجازەتسىز داخىل بولۇش ناشايان ئىشلار ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق ئۇلۇغ مازاردا ناشايان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلار روزى قىيامەتتە قارا يۈز قوپىدۇ، كېتىڭلار، ئۆيۈڭلارغا بېرىپ تۇۋا - ئىستىغپار قىلىڭلار!

ئۇنىڭ پۇقرالارغا شۇنچە چېچىلىپ، ئۇلارنى گۇناهى كەبىر-دە ئەيىبلىشى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىدى.

يۇرت قازىسىنىڭ قىيامەت ئازابىدىن بېشارەت بېرىشى ۋە گۇناهلىق بولۇپ قېلىشنىڭ قورقۇنچى بىلەن بىر قېتىملىق تاماشانىڭ بەھرىدىن مەھرۇم بولغان پۇقرالار ئۆكۈنۈش ئىچىدە

ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. كەشى بارلار پۈتىغا كەشنى سېپىۋېتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ قويىدى. ئېشەكلىكلەر مازار دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئېشەكلىرىگە مىنىۋېتىپ، زاراخەتمە بولغان يەردە ئالتە-يەتتە كاللىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

مەھەللىگە قايتىۋاتقان جامائەت ئەمدى ئەتىگەنىدىكىدەك ئالدىرىمايتتى. ئۇلار ئابلىزقارى بىلەن بازار بېگى ئوتتۇرىدا شىپاسىز جاراھەتتەك قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن نىزانىڭ بارلىقىنى قىياس قىلىشاتتى. بەزىلەر ھىممەت قاشقىنىڭ سېيىت ھاجىنىڭ خۇداگۆي، پۇقراپەرەس، ئاقكۆڭۈللۈكى توغرىسىدىكى قىزغىن سۆھبەتلىرىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىشاتتى.

## 13· كۆيئوغۇل بىلەن سۆھبەتلەر

مازار مەيدانىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قېتىپ قالغان ئابلىزقارى «قاشاڭ» پۇقرالارنىڭ قارىسى مازار دەرۋازىسىدىن يوقالغاندىن كېيىنلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ، چوڭقۇر تىن ئېلىۋالدى. ئۇ بايا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېدى، تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئەھلى يۇرتنىڭ كۆزىچىلا رەسۋايى ئەزىم بولۇشتىن قۇتۇلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك، تاماشا كۆرۈشكە تەرەددۇت قىلغان پۇقرالارنى ۋاقتىدا ھەيدىۋېتىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان سېيىت ھاجى ۋە شىجائەت جەھەتتە بازار بېگىگە تەڭ كەلگۈدەك ئوغلى تۇرۇپتۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئاچچىقى ئۆرلەشكە باشلىغانىدى. بازار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېگى بايىقىدەك ھۆرپەيسىلا، ئارىدىكى ئىشنىڭ ئۆردىكىنى ئۇيان، غېزىنى بۇيان قىلىپ تاشلاپ، بازار بېگىنى كۆتىسىگە نەچچىنى تېپىپ ھەيدىۋېتەلەيتتى. خېلى كۈنلەردىن بېرى خورىكى ئۆسۈپ قالغان «قېيىن ئاتا» سىغا يۇرت جامائىتىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تونۇتۇپ، گېزى كەلسە سېيىت ھاجىنىڭمۇ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بازار بېگى بۇگۈنكى زاراخەتمىنى غەنىيمەت بىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۆزى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان سېيىت ھاجىنىڭ سۆزى بۇنچىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن، يۇرت جامائىتى قوغلىۋېتىلىپ، ھەيۋە كۆرستىش شارائىتى يوق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزەڭگىدىن چۈشمەيۋاتاتتى. بىر ئابلىزقارىغا، بىر سېيىت ھاجىغا قاراپ ھومىيىپ، جېدەل پەلتىسىگە ئاۋۋال ئۇلار تەرىپىدىن ئوت يېقىلىشىنى كۈتەتتى. جېدەل چوڭىغا چىقىپ قالسىمۇ، مانجۇلاردىن گۇمپا ئۆگەنگەن نادىرخاننىڭ ئابلىزقارىنىڭ ھەممە ئادىمىنى بىر پەشۋا بىلەنلا سۈۋارىسىغا ياتقۇزۇۋېتەلەيدىغىنىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم...

ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايانغىنىچە، چېلىشتا ئۇتۇپ چىققان پالۋاندەك جېدەل مارىلاپ ھۆرپىيىپ تۇرغان بازار بېگى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، كۈندىشى سېيىت ھاجىنى كۆرۈپ، «ئەمدى نېمە دەيسەن؟» دېگەن قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالمىدى.

— باھادىر بازار بېگىنىڭ ۋەھەمدە بايلارنىڭ بېيى، مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىسى بولمىش مەخسۇم ھاجىمنىڭ داڭقىنى بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسماستىنلا ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، تائەت-ئىبادەت ئىشقى تۆپەيلى زىيارەتلىرىگە مۇشەررەپ بولال-

مىدىم، بوسۇغىلىرى تاۋىپىنى بەجا كەلتۈرەلمىدىم. خۇداۋەندە
كېرىمىنىڭ خاسىيىتى بىرلە، ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنىدە مازايى-
ماشايىقلارنىڭ تۇپرىقىدا ئۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىم ئۈچۈن،
ئۆزۈمنى پەخىرلىك ھېس قىلماقتىمەن.
خېلىدىن بېرى كۆزىنى يۇمۇپ تەسۋى سىيرىپ تۇرغان
سېيىت ھاجى بازار بېگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلۈمسىرىدى، سۆز
خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يۇقىرىقى تەسىرلىك جۈملىلەرنى
سېخىيلىك بىلەن تۆكۈۋەتتى ۋە يەنە:
— ئاللا ئىگەم يەر-جاھاننى ياراتقاندا يەر بىلەن ئاس-
ماننى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى، ئاي بىلەن يۇلتۇزنى بىر-بى-
رىگە باغلىدى. سانسىز تائىپىلەر ئارىسىغا ئىسلام نۇرىنى چېچىپ،
مۇسۇلمانلارنى قېرىنداش قىلدى. شۇل قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ
ئۆزىلا بىزنى ئۆچ-ئاداۋەت، نىزا-ئىختىلاپ ھاۋاسىنى سۈمۈر-
مەسلىككە دەۋەت قىلغۇچىدۇر. غەزەپ شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشى-
دىن ئاگاھ بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى ھاي بەرگەنلەرگە، دوستلۇق
خاھىشى بىلەن قېرىنداشلىق رىشتىنى چىڭىتقانلارغا ئاللانىڭ
ئۆزى شەپقەت قىلىدۇ...— دېدى.
بازار بېگى سېيىت ھاجىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ كۆرگەن چېغىدا كىمدۇ بىرىنىڭ: «تاڭ سەھەردىن
نامازشامغىچە، نامازشامدىن تاڭ ئاتارغىچە تائەت-ئىبادەت بىلەن
مەشغۇل بولىدىغان، مال-دۇنيا ھاۋايى-ھەۋەسىدىن خالىي
ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم ئىمىش» دېگەن جاۋابىنى خاتىپىنىڭ مەلۇ-
ماتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئىچىدە سوغۇق كۈلۈپ قوي-
غانىدى. ئەمدى ئۇ رەقىبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆم-
رىدە ئاڭلاپ باقمىغان مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكىدە
لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۈندەشلىك ئوتىنىڭ بەئەينى سوغۇق
سۇ سەپكەندەك ئۆچۈۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. دادى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سىنى ھۆرمەت بىلەن ئېغىزغا ئېلىشنى قويۇپ تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ نامىنى يۇرت كاتتىسى ئالدىدا كۆكلەرگە ئۇچۇرۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى.

بازار بېگى سېيىت ھاجىنىڭ ئىككى تال چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە سەپسالدى. تىلىنىڭ توغرا ۋە دىلىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا كېپىللىك بەرگەندەك پارقىراۋاتقان كۆزلەرنىڭ ئىشەنچ نۇرلىرىنى چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدىن خاتىپ ئېيتقاندەك، شەھۋانىيلىقنىڭ، شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇ قوتاز قۇيرۇقىدەك پارقىراپ تۇرغان ساقاللارغا سەپسالدى. بۇ ساقاللار ئىمان بىلەن يۇيۇپ، تارالغاندەك بىلىندى. ئۆزىنى سەبىي چاغلىرىدا ئاڭلىغان رىۋايەتلەردىكى ئەۋلىيا بوۋاينىڭ تىرىك سۈرىتى ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى-دە، ناماز سۈرىسىنىمۇ ئۇقمايدىغان توغما نەشىكەشنىڭ چىلىم سەيخانىسىدەك ئىسلىشىپ كەتكەن يۈرىكىگە ئىسلام قېرىنداشلىقى تەسىرىنى كۆرسىتىپ، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا، تۆگۈلگەن مۇشتلىرىنىڭ پەيلىرىنى بوشىتىشقا باشلىدى.

سېيىت ھاجى بازار بېگىنى بىر-ئىككى كەلىمە سۆز بىلەنلا قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ جىسمىدا پەيدا بولغان ھەربىر كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئابلىزقارىغا ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ كېلىشكە ئىشارەت قىلدى-دە، بازار بېگىگە:

— ئوغلۇم، مازار-ماشايىخلارغا پەقەت دۇئا-تىلاۋەتلا جايىزدۇر، بۇ خۇسۇسىي سۆھبەتنىڭ جايى ئەمەس، ھەرنە گەپ بولسا قەسىرگە قايتىپ قىلىشايلى، قادىرئاللا دىلىمىزغا دوستلۇقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ، بىخلاندۇرسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەچ، ئابلىزقارى يېتىلەپ كەلگەن تورۇق ئات-

نىڭ تىزگىنىنى بازار بېگىگە ئېگىلىپ تۇرۇپ تۇتقۇزدى، ئۇ-زەڭگىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا توغرىلاپ بەردى.

تېخى ھېلىلا بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ كاپىشۋاتقان ئىتتەك، يەپ كېتىشىشىمۇ دەردى چىقمايدىغان رەقىبلەردەك خىرقىشىپ تۇرغانلار ئاتلىرىنى يورغىسىغا قويۇۋېتىپ، قىزغىن پاراڭ سېلىشقاچ قەسىرگە يېتىپ كېلىشتى-دە، ياسداق مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئاتا مىراس قەسىرنىڭ ئاتا مىراس خوجىدارى بولغان جاپپار موللا يېڭى خوجايىنىنىڭ ئىشارىسىنى بىر قاراشتىلا چۈشەندى، ئابلىزقارىدىن سوراپ ئولتۇرمايلا ئىشارەتنىڭ مەنىسىنى ئاشپەز، قاسساپ ۋە چاكارلارغا ئۇقتۇرۇپ ئۈلگۈردى. تام بويىلىتىپ سېلىنغان كەڭ داستىخان ھەرخىل نازۇ نېمەت — كاۋاپ، مېۋە-چېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇلدى. ئېچىرقاپ كەتكەن ھەمداستىخانلار پولۇغا تۇتۇش قىلىشى بىلەن تەڭلا، ئەقلى نەپسىدىن غالىب كەلگەن سېيىت ھاجى ئاستا تاشقىرىغا چىقتى-دە، رەھمەت ئارقىلىق ئابلىزقارىنى چاقىرتقۇزدى.

— پېقىر ئۆزلىرى بىلەن بازار بېگى ئارىسىدا قانداقتۇر بىر چىگىش مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى سېيىت ھاجى جىددىي يوسۇندا، — قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ تىلى تۇتۇقتەك قىلىدۇ، تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلماق ئۈچۈن، يوشۇرۇن سىرلارنى يېپىتىن-يېڭىنىسىگىچە بىلىش زۆرۈردۇر. بۇ ھۆكۈمالارنىڭ كېسەلگە شەربەت بېرىشتىن بۇرۇن تومۇر تۇتۇپ، مىزاجىنى تولۇق بىلىشكە تىرىشقىنىغا ئوخشايدۇ.

— يوقسۇ... يوقسۇ...

سېيىت ھاجى سۆھبەتدىشىنىڭ كۆزلىرىگە تىك قارىدى ۋە:

— ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارىدۇر!— دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم دىلىم...
— دېمىسىلە تىلىمۇ كۆيىدۇ، دىلىمۇ كۆيىدۇ، ھەممىسى تۈگەيدۇ!
— ماقۇل...ماقۇل... ئەسلىدە نېمىدەپ پوق يېدىمكىن، خوتۇن كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ،...
سېيىت ھاجى ئابلىزقارىنىڭ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، مۇلاھىزە يىپلىرى بىلەن چېتىپ كۆردى - دە، قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى. سېيىت ھاجىدىن ئاڭلايدىغان ھەرقانداق قاتتىق تەنبىھنى بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ «بىلمەسلىكتىم» دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ ئەركىلىتىشىدىن ھېچنېمە ئاڭقىرالمىدى، ئاغزىنى ئاچقان پېتى بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى ۋە يوغان قەدەملەر بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭغان سېيىت ھاجىنىڭ كەينىگە ئەگەشتى.
بازار بېگى پەر ياستۇققا يۆلىنىپ، گۈمبەزدەك كۆپۈپ چىققان قورسىقىنى سىيلاپ، موزاي مۆرىگەندەك كېكىرىۋەتكەندىن كېيىنلا داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. سېيىت ھاجى سۆھبەت پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ، ھېچنېمە ئۇقمىغان قىياپەتتە:
— پېقىرنىڭ قاشاڭ پىچاقتەك گاللىشىپ كەتكەن پىكرى ئىككى مۆتىۋەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق مىزانىغا خىلاپ ئۇقۇشۇلماسلىقنىڭ بارلىقىنى تۇيۇۋاتىدۇ، بۇ ھال ئۆمۈر بويى شەيتان ۋەسۋەسىسىنى ئىمان تىغى بىلەن يوق قىلىپ، ئاداۋەت ئۇرۇقىنى مۇھەببەت ئاتەشى بىلەن قۇرۇتۇپ كەلگەن پېقىرغا بىر يېڭى بۇرچنى يۈكلىگەندەك تۇرىدۇ، پېقىرغا بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مۇمكىن بولارمىكىن؟ — دېدى موللىسىدىن ئەدەب يەپ ياۋاشلىشىپ قالغان تالىپتەك جىمجىت ئولتۇرغان بازار

بېگىگە قاراپ.

بازار بېگى ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە تەۋرەپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— تەقسىر، ئابلىزقارىم بىلەن ئارىمىزدا ھېچبىر نىزا، خۇسۇمەت يوق دېسەك ئاللا ئالدىدا يالغانچى، قارا يۈز بولۇپ قالىمىز، شۇغىنىسى بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ ھەزرەتلىرى ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلىكى يوق، زادىلا يوق.

— بايۋەچچەم، دۇرۇس دېدىلە، دۇرۇس دېدىلە.

بايا گەپكە لوقما سالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلغان سېيىت ھاجى بازار بېگىنىڭ سۆزىنى ئۆزىچە تەستىقلاپ، ئىشنى بۇزۇۋاتقان ئابلىزقارىنى ئىشارەت بىلەن جىمىلەپ قويدى ۋە گېپىنى ئۇلىدى:

— تېرىق كىچىك بولسىمۇ بەرىبىر دان، ئۇقۇشماسلىق كىچىك بولسىمۇ، بەرىبىر نىزا، كىچىك بولسىمۇ، چوڭ بولسىمۇ، قۇياش زۇلمەت كېچىنى يورۇتقاندەك، يوروپ كەتكىنى تۈزۈك، شۇنداقمۇ بايۋەچچە؟

سېيىت ھاجىنىڭ ئارام بەرمەي قىستىشى بىلەن بازار بېگى بۆۋىمەريەم خېنىمغا چاي ئېچۈرۈش ۋەقەسىدىن باشلاپ، داستىخان تاشلاپ قويغان تۆگىلەرگىچە ھەممىنى ئېيتىۋەتتى. بۇنى ئوچۇق ئېيتىشتىن مەقسەت بۆۋىمەريەم خېنىمنىڭ «ئىگىسى بار» لىقىنى سېيىت ھاجىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى.

سېيىت ھاجى ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەرغەزەپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ ئولتۇرمىدى. ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، تەسۋىنى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، غايىبتىن كەلگەن بېشارەتنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

—ئادەمزاتنىڭ جۈپ بولۇپ ئۆتۈشى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانامدىن قالغان ئۆدۇم، مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى بولمىش ئۆزلىرىنىڭ ئابلىزقارىمنىڭ قىزى بولمىش بۈۋىمەرىيەم خېنىم بىلەن باش قوشۇشلىرى ئاللاتائالا تەرىپىدىن لايىق كۆرۈلگەن ئىش، كۆن بىلەن ئاي بىر بۇرجىغا كەلگەندەك دۇرۇس ۋەقە. بىلمىدىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىر تەكىيىدە باش قويىماسلىقلىرىدىكى توسالغۇ نېمىكىن؟ — دېدى.

—مۆرۋۋەتلىك ئاتام بىتاب بولۇپ يېتىۋاتىدۇ. يەنە، ئۆلىمالىرىمىز «يۇلتۇزلار ئۆز بۇرجىغا توغرا كەلمىگۈچە توي ھارام» دەپ پەتىۋا بېرىشتى.

بازار بېگى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ ئىككى توسالغۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان باھانە ئىدى. بىرەر قىز - چوكانغا كۆزى چۈشۈپ قالدىمۇ، ئۇ ئاتىسىنىڭ جان تالىشىۋاتقىنى بىلەنمۇ كارى بولماي، قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرەتتى. ھېچقاچان ئۆلىمالاردىن پەتىۋا ئېلىپمۇ يۈرمەيتتى. پەقەت ھەيۋەتلىك قەسىر، نەچچە مىڭ مولۇق تېرىلغۇ، چاقار، نۇرى يايلاقلىرىدا يايلاپ يۈرگەن سان - ساناقسىز مال - ۋاران جانىپىدىنلا تاشلانغان داستىخان توي قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتمايتتى.

— پاھ، — دېدى سېيىت ھاجى زوقلانغان قىياپەتتە، — نېمىدېگەن ۋاپادار ئوغۇل، نەقەدەر مەھكەم ئىسلام ئەقىدىسى!؟

ئۇ بىرلا ھەرىكەت بىلەن بازار بېگىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ھاياجان بىلەن:

— ئاللا سىلىگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن ئوغلۇم، جاھان بۇزۇلغان، يامانلىق ئەۋج ئالغان، ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا باقمايدىغان بولۇپ قالغان بۇ زاماندا سىلىدەك تەقۋادار، ۋاپالىق مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ بولغىنى تولىمۇ كاتتا ئىش. ئابلىزقارىمنىڭ

سىلىدەك كۈيئوغلى بولغىنى ۋەجىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ ھەقلىق. مۇنداق بولسۇن، ما نابۇ ھاپىز مەخسۇم ئاقپاششا ئېلىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلمىي نوجۇم بويىچە داڭ چىقىرىپ، شۆھرەت قازانغان. ئۇ ھەر كۈنى ھەر سائەتتە يۇلتۇزلارنى كۆزەتسۇن، قاچانىكى ئۇلۇغلاردىن بىشارەت بولۇپ، مۇھەببەت يۇلتۇزى نىكاھ بۇرچىغا توغرىلانسا ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلايلۇق، خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە تويلىرىنى قىممەت باھالىق سوۋغا بىلەن قۇتلۇقلايمەن، — دېدى.

سېيىت ھاجى ئۆز گېپىگە رازىمەنلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان بازار بېگىدىن كۆزىنى يۆتكىدى - دە، ئابلىزقارىغا قاراپ:

— مۇبارەك بولسۇن قارىم، ئاللا دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلىپ، مۇشۇنداق ئەخلاقلىق، ۋاپادار كۈيئوغۇلنى ئۆزلىرىگە نېسىپ قىپتۇ. ئاللا بۇيرۇغان چاغدا بولارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش مەقسىتىدە دەرھال توي تەييارلىقىغا كىرىشكەيلا، قىز بالىنى ھەمراھىغا ئىمانى ۋە ئىپپىتى بىلەن تاپشۇرۇش بىز ئاتا بولغۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى قەرزدۇر. بۇۋىمەريەم خېنىم تەرەتسىز يەرگە دەسسىمىگەي، كېچە - كۈندۈز ئاللا يولىدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغاي...، — دېدى.

— دېگەنلىرى بەرھەق... بەرھەق...

ئابلىزقارىنىڭ دۇدۇقلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. «سېيىت ھاجىم بىزنى ئەخمەق قىلىدۇ دېمىگەنىمىدىم، مانا ئەمدى دېگەنىم ئالدىمىزغا كەلمىدىمۇ» دەپ چالۋاقاۋاتقان ھەنىپە خېنىم كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانىدى.

بازار بېگىنى خاتىپنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا سېلىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن ئابلىزقارى بوسۇغىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا سوردى:

www.uyghurkitap.com

— ھۆرمەتلىك ھاجىم، قىزىمىزنى ئۆزلىرىگە تۇتقان تۇرساق، يەنە كېلىپ...

ئابلىزقارىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا سېيىت ھاجى شۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىكى، پۈتۈن مۇسكۇللىرى لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. سېيىت ھاجىنىڭ ئۆز ھۇزۇرىغا ئىلتىپات قىلغاندىن بۇيان، بۇنچىلىك ئېچىلىپ يېيىلىپ كۈلگىنىنى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئابلىزقارى بۇ كۈلكىدىن ھېچنېمە چۈشىنەلمىدى.

## 14. كۆز كەلدى

تەبىئەت، ئون سەككىزمىڭ ئالەم مىقياسىدا يەتتە ئىقلىمنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئىقلىملار مىقياسىدىكى يۇرتلارغا مېۋىلىك دەرەخ تەقسىم قىلغاندا چىرىيىلىكلەرگە ئالاھىدە سېخىيلىق قىلغانمۇ، ئىشقىلىپ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقىغا قاراپ، بۇ قەدىمىي بوستانلىقنى قورۇق تېمى ياكى چىتلىقى بولمىغان بىر چوڭ باغ دېيىشكە بولىدۇ. دەرەخلەر ئىچىدە ئۆرۈك دەرىخىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى توپا كەنتىنىڭ يېنىدا مارىلاپ تۇرغان بارخانلارنىڭ ئۈستىدە ياكى توزاقچى سېيىدا تۇرۇپ بۇ كەڭ باغقا نەزەر تاشلانسا، پۈتۈن يۇرت ئاپئاق ئۆرۈك چېچىكى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەقەللىسى كەپىسى ئالدىدا پۇت قويغۇدەكلا يېرى بولغان پېقىرنىڭمۇ بىرەر تۈپ ئۆرۈكى بولماي قالمايدۇ.

مېھنەتكەش پۇقرا بۇ زېمىندا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يېتىشتۈرگەن ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ نامىنى ئاتاشقىمۇ خېلى ۋاقىت

كېتىدۇ. خۇۋەيىنى ئۆرۈك، جانانى ئۆرۈك، خوندەك ئۆرۈك، مەگلىشاھ ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، سىرلىق ئۆرۈك، قارا ياغلىق ئۆرۈك، ئاق ياغلىق ئۆرۈك، تاغ ئۆرۈكى، قۇشقاچ ئۆرۈك، تېرىما خۇۋەيىنى ئۆرۈك، كۆك ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك ... دېگەن سورتلار 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، 8 - ئاينىڭ بېشىغىچە باغلاردا مەي باغلاپ تۇرىدۇ. چىرىيە ئۆرۈكىگە مەستلىكى كەلگەن ياكى ئۆرۈك تەمىگە تارلىقى تۇتقانلارنىڭ چىرىيىلىكلەرگە «ئاچچىق ئۆرۈك» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشىمۇ بىكار ئەمەس.

چىرىيە ئۆرۈكى ئادەتتە كونا ئاشلىق خالتىسىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغان، يېڭى ئاشلىق تېخى خامانغا چىقمىغان سېرىقتال مەۋسۇمىدە سارغىيىشقا باشلايدۇ - دە، پۇقرالارنى قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. كۆك غورا سېلىپ ئېتىلگەن ئۇماچ ياكى سىقماق ئاش ئاچچىق - چۈچۈك تەمى بىلەن كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ. سارغايغان غورا سۇيۇقئاشقا ئالاھىدە تەم كىرگۈزۈۋېتىدۇ. شوخ باللار، كېلىنچەكلەر ئالتۇندەك سارغىيىپ يەرگە تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى قول سېۋەتلىرىگە تېرىۋالىدۇ - دە، ئۆگزىلەرگە يېيىپ، تومۇز قۇياشىنىڭ كۈچلۈك تەپتى بىلەن قۇرۇتىدۇ. قىزىل ياقۇتتەك پارقىراپ تۇرىدىغان گۈلىلەر يوغان-يوغان چۇراك سېۋەتلەردە ساقلىنىپ، گۈلە چىقمايدىغان يۇرتلارغا توشۇلىدۇ ياكى زۆرۈر قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قاتارىدا قىش بويى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاز كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلگەن چىرىيە پۇقرالىرى 1911 - يىلنىڭ يېزىنى بۇ يىلقى كەم ھوسۇل ئۆرۈكىنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىرىپ، كۈز كۈنلىرىگە ئۇلىشىۋالدى. 6 - ئايلارنىڭ ئاخىرلىرىدا يامغۇر ئۇسسىغا تېرىلغان كۆممىقوناق بىر قېتىملىق يېيىق سۇيى بىلەنلا سارغىيىشقا باشلىدى. دان سۇيى بېرىلمىگەن، كېچىكىپ تېرىلغان بۇ كەن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

جى قوناقلار بىرقىسمىز قالغان يېتىمچىدەك رەزگىسى ۋە پاكار ئۆسكەن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تۇتقان چوڭ بارماق چوڭلۇقىدىكى ساناقلىقلا دېنى بار باشاقلارنى تورغاي ئوڭدا يېتىپمۇ بىمالال چوقۇلىيالايتتى.

خۇداغا شۈكرى، ئابلىزقارىنىڭ ئورتاقچىلىرىمۇ سىيىت ھاجىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن شۇ يىلقى ئۇرۇقنى قەرز ئورنىدا گەدەنگە ئارتىش ھېسابىغا بىر ـ ئىككى ئاي يېگۈچىلىك قوناققا ئېرىشتى. بىرەر يېرىم ئېتىزلىق يېرى بارلارمۇ تۆت ـ بەش چارەك دان ئالالىدى. يۇقىرانىڭ تېنىگە ئانچە ـ مۇنچە ئەت قونۇپ، ھەر كۈنى بامداتقا ۋە پېشىنغا ئۆلگۈرىدىغان مېيىت نامىزىنىڭ سانىمۇ ئازىيىشقا قاراپ يۈز تۇتتى. خارابىلىقتا ئوخشاپ قالغان بازارمۇ ھاۋا ـ جاھان ئىللىشى بىلەن تەڭلا ئۇچەكتىن چىقىپ، ئۆمىلەشكە باشلايدىغان قۇرتلارغا ئوخشاش، بىلىنەر ـ بىلىنمەس جانلىنىشقا باشلىدى. پەشخۇنلاردا قۇيرۇق يېغىدا يېقىلغان گۆش گىردىلەر كۆرۈنمىسىمۇ، يۈزىگە پىياز، سىيادان سۇرتۇلگەن ساپسېرىق قوناق زاغرىسى پەيدا بولدى. كونا جۇۋا مەيدانىدىكى ئاشلىق بازىرىغا ئانچە ـ مۇنچە ئاشلىق كىرىپ تۇردى.

بىراق، بىر ـ ئىككى ئايغىلا پايلايدىغان بۇ ھال كۆزنىڭ ئاپتىپىدەك ۋاقىتلىق ئىدى. يۇقىرا بېشىغا كەلگەن مالامەتلىك كۈنلەر تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەن، بۇ يىلقى قىش چىرىيە يۇقىرالىرى ئالدىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ خەتەرلىك بىر ئۆتكەل ئىكەنلىكى ئۆز غېمىنى ۋە يۇقىرا غېمىنى يەيدىغان ھەر بىر كىشىگە ئايان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قول ناغرىسىنى داڭگىرلىتىپ يۇرتىمۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرىدىغان ئەخمەت قاداقچى ئەكەلگەن «ھۆكۈمەت لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى قارا سىپەچ دېگەن تائىپە

غەلىيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇدەك، ھۆكۈمەت پۇقرا ئارىسىدىن ئەسكەر تۇتىدىكەن» دېگەن خەۋەر ئەل بېشىغا يېڭى ئىستىما ئۇلاشتۇرۇپ، خېلىلا دەككە - دۈككە پەيدا قىلدى. دېمىسىمۇ، بىر چاغلاردا مانجۇلارنىڭ ئىلچىدىكى لەڭزىسىدىن قېچىپ كەلگەن قادىر تۆمۈرچىنىڭ ھە - ھۇ دېيىشى بىلەن مانجۇلارغا، ئابلىزقارىغا ئۆزلىرىنى تازا بىر كۆرسىتىپ، «چوڭغا پىچاق سالغان سېرىقلىق»، «خۇدادىن قورقماس جېرىقلىق» دەپ نام ئالغان بازارغا تۇتاش ئىككى مەھەللە جامائىتى مانجۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئالماي قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ ئابلىزقارىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بارغان بۇ خەۋەر قەسىردە چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر پاتىپاراقچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇ چاپچىپار موللىغا ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ، سېلىپ تاشلىغىلى خېلى ئايلار بولغان پەيلىك تەقىي ۋە مانجۇچە تاۋار پەرىجىنى تاپتۇرۇپ تەييار قىلدى. ئىلچى، كىرىيىدە تۇرۇشلۇق دارىنلار چىرىيىنگە ئۆرۈك سەيلىسىگە كەلگەندە ۋە چوڭ مۇراسىملاردا كاناي - سۇناي چېلىپ، تەختىراۋان ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەمنى يۇيۇپ، دەزماللاتقۇزدى.

ئۇ ئىچكىرىدىن كەلگەن چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەچكىمۇ، قانداق ھۆكۈمەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى، قانداق چاغدا تۈگۈلۈۋېلىپ، قانداق چاغدا سوزۇلۇشنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەلىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە، كونىسىدىن مېھرىنى ئۈزۈۋەتمەيتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۆزىگە بىر يوشۇرۇن چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قوياتتى. يېڭى ھۆكۈمەت ئەل - يۇرتنى تىنچىتىپ، سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندىلا ئۇنداق - مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە تېپىلماي-

www.uyghurkitap.com

دىغان قىممەت باھالىق سوۋغىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، تەخت ئالدىدا تىز چۆكەتتى-دە، يېڭى ئەلەم ۋە يېڭى مۆھۈرگە ئېرىشەتتى.

سېيىت ھاجى ئاقپاششا ئېلىنىڭ سودا ئاقساقىلى سۈپىتىدە ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، دەسلەپتە ئۇ ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلىدە بولدى. لېكىن، بۇ ئاقساقالنىڭ سوۋغا-سالىمى ۋە سۆھبىتى تەسىر قىلدىمۇ-ئىشقىلىپ، بىلىپ بىلمەي ئۆز تىزگىنىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ، سىزىغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلگە جەددى-پۇشتىدىن تارتىپ كانا مىسالى مەھكەم چاپلىشىپ كەلگەن بۇ كىشى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدىكى ئىككىنچى ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ قېلىشىنى مۇتلەق خالىمايتتى. چالۋاقاپ جېنىنى ئالىدىغان خوتۇنىمۇ، «قورسىقىدا ئۇمىچى يوق» ئوغلىمۇ بۇ ئاقىۋەتتىن ئۇنى تالاي قېتىملاپ ئاگاھلاندۇرغان، لېكىن ئۇ يىلتىزى بولمىغان بىر كىشىنىڭ يۇرت ئەھلى ئارىسىدا شۇنچىۋالا تېزلىكتە ئىناۋەت قازىنىپ كېتىدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. بېشىنى سىلىكىۋېتىپ، ئۆز سالاھىيىتىگە نەزەر تاشلىغىنىدا، ۋاقىتنىڭ ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى، ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتكەن ئابلىزقارى: «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق» دېگەن چىگىش مەسىلە ئۈستىدە نەچچە كېچە-كۈندۈز باش قاتۇرۇپ، ئاخىر سېيىت ھاجى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ، مانجۇلارنىڭ كەينىدىن قىلغان غەيۋەتلىرىنىڭ مانجۇلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ يول تۇتۇش قارارىغا كەلگەنىدى.

مېھمىنىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەن ھۆكۈمرانلىق تىزگىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى كېچىدىمۇ غالىب كەلسە

كېرەك، بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇ مانجۇلارنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈشىدە ئۆزىنى مانجۇچە «يارىشىملىق» ئۈستىباش كىيىپ، كۆك ئەجدىھاغا مىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان هالدا كۆردى. بەزىدە قازا قىلغىنىغا خېلى زامانلار بولغان دادىسى تاۋاردۇردۇن بىلەن بېزەلگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ كۆزئالدىدا پەيدا بولاتتى-دە، بىردىنلا غايەت، زور ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، كوھىقاپتەك يوغان ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيتتى. ئۇ ئاتەشىن ئوت تەپتىدە ۋەيلۇن دوزاختا ئازابلانغاندەك ئازابلىنىپ، چۈشىدىن ۋارقىراپ-جارقىراپ ئويغىناتتى.

ئابلىزقارى سابىق ئىمام رەسۇلنى قەيەرلەردىنمۇ تېپىپ كېلىپ، قۇرئى ئاچقۇزۇپ، چۈشىگە تەبىر تەلەپ قىلدى. ئىماملىق ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگىنىگە قورسىقىدا غوم ساقلاپ يۈرگەن رەسۇل چۈشكە تەبىر بېرىپ: «كىتابلاردا ئېيتىلىپدۇركى، ئەجدىھانىڭ ئوت پۈركىگىنى پادىشاھنىڭ سىياسەت قىلغىنى، پادىشاھنىڭ يېقىن كۈنلەردە باشلىرىدا غەزەپ قىلىچىنى ئويناتمىقى بىگۇمان ئاقۋەتتۇر» دەپ ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈدەك قورقۇتۇپ، ئۆچىنى ئېلىۋالدى.

غوجىدار «مانجۇ ئەمەلدارلىرى كەلگۈدەك» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلگەندە، ئۇ خوتۇنى بىلەن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئۇ، جاپپار موللىنى خوتۇنى بار يەردە شۇم ئېغىزلىق قىلغىنىغا كايىپ، كۆتىگە تەپكىلى تاس قالدى ۋە ئۇنى دەرھال ئىچكىگە ئاتلىنىپ خەۋەر ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— مانا...مانا، دېمىگەنمىدىم، مېنى خوتۇن كىشى دەپ گېپىمنى بىر پۇلغىمۇ ئالمايسىلەر، ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭلارنى تازا كۆرىدىغان بولدۇڭلار، خوپ بولدى، تازا خوپ بولدى! — دېدى خوتۇنى جاپپار موللىنىڭ قارىسى يوقىلىشىغىلا.

— ۋاي خېنىم، نېمىدىن قورقاتتۇق، — ئابلىزقارى يۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىنى قىسىۋاتقان ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، — سېيىت ھاجىدەك يۆلەنچۈك تاغ تۇرغان يەردە بىر تال سېرىق تۆكمىزگە چېقىلالامتى ئۇلار؟ — دېدى.

— ۋاي قوۋۇرغام، ۋاي قوۋۇرغام، بېشىڭلىنى سىلكىۋېتىپ ئويلاپ بېقىڭلار، سېيىت ھاجىم يا ھۆكۈمەت بولمىسا، ھۆكۈمەت چوڭمۇ يا سېيىت ھاجىم چوڭمۇ؟ — دېدى ھەنىپە خېنىم تومشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ دېگىنى ئابلىزقارىغا بىر يېڭى گەپتەك تۇيۇلدى. خوتۇنى بىلەن كاجلارچە گەپ تالىشىپ، سېيىت ھاجىنىڭ مال-دۇنياسىنى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاقساقاللىق گۇۋاھنامىسىنى شىپى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى زادى رەت قىلالمىدى-دە، ياۋاشلىق بىلەن ھەنىپە خېنىمدىن مەسلىھەت سورىدى:

— يات دېگەن بەرىبىر يات، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستىمىزدىن دۈشمىنىمىز كۆپ، مەسلىھەتنى ئۆز ئىچىمىزدە پىشۇرغىنىمىز تۈزۈك خوتۇن، «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق بۇ ئىشنى؟

ھەنىپە خېنىم ئۆز مەسلىھەتىگە قول باغلاپ تۇرغان ئېرىنى مەنسىتمىگەندەك سوغۇق كۈلۈپ قويدى-دە، ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— ماڭا قاراڭلار ئادەم، پۇقرادىن يىغىپ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزمىگەن يەتتە ئايلىق باج-خىراجىنى تەق قىلىپ قويۇڭلار، پۇقرا بېشىغا چىچىپ، يەنە يىغىڭلار، ئۇلار كەلمەي قالسا، ئارتۇق دۇنيا باشنى يارماپتۇ، كېلىپ قالسا، راۋاق ئالدىدا قارىسى كۆرۈنگەن ھامان ئالدىغا ئاچىقىڭلار، ھۆكۈمەتكىمۇ باج-خىراج تۆلەيدىغان ئادەم كېرەك، ئەمەلدارلار ئالتۇن، قاشتېشىنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. دۇنيادا نەپسىگە

چوڭ ئارتمايدىغان، قولى ئىچىگە ئېگىلمەيدىغان بەندە يوق! — دېدى.

خوتۇنىنىڭ پىلانى ئابلىزقارىغا تازا خوپ كەلدى. ھەر كېچىسى باش توخۇ چىللاپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن چاكارلارنى باشلاپ يۈرۈپ، باج ـ خىراجغا تۆلىنىدىغان مەنقۇلاتلارنى تەقلەشكە باشلىدى. ئەمدىلا تۆت ـ بەش چارەك قوناقتا ئىگە بولۇشقان بىچارە پۇقرالار ئارىسىغا سېلىق يىغقۇچىلارنى ئەۋەتتى. قەسىرگە ياندىشىپ تۇرىدىغان توغرىقئېغىل، سېرىق، جىرىق، جاي، توپا كەنتلىرىدىكى مەھەللىلەردىن ئەلياتقۇدىن تاڭ ئاتقۇچە ئىشىك قاققان شەپىلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمما، شەنبە كۈنىگە تاڭ ئاتىدىغان كېچىسى زوھور ۋاقتىدا تەرەت سۇندۇرۇشقا چىققان سېيىت ھاجى ھويلىنىڭ مېھمانخانا تەرىپىدە يوغان بىر بوپىنى قۇچاقلاپ كېتىۋاتقان ئابلىزقارى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككى كۈندىن بېرى ھەر كېچىسى ئاڭلىنىپ قالىدىغان غەلىتە تاراق ـ تۇرۇقتىن بىنورماللىق ھېس قىلىپ، تەئەججۈپلىنىپ يۈرگەن سېيىت ھاجى قەسىرگە كىرگەن ئوغرىمىكىن، دەپ گۇمانسىرىغان قاراگەۋدىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ ساھىبخانىنى خاتا كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىنلا تاپانچىغا ئۇزىتىلغان قولىنى ئاستا يىغىۋېلىپ، كۆز ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ قالغان ئابلىزقارىغا تازا بىر سەپسېلىۋېلىپ، قەستەنگە سورىدى:

— ۋاي، قارىمغۇ بۇ، مەن تېخى تام تەشكەن ئوغرىمىكىن دەپ قاپتىمەن.

— قىممەت باھالىق جۇۋامغا كۈيە چۈشۈپ قاپتىكەن، قېقىۋېتەي دەپ ....، — دەپ جاۋاب بەرگەچ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن بوپىنى «پوك ـ پوك» قىلىپ ئۇرۇپ قويدى ئابلىزقارى.

— ھە مۇنداق دېسىلە، — سېيىت ھاجى چاقچاق قىلغانـ

دەك دېدى، — كۆپرەك ئېھتىياتتا بولغايلا، كۆيە دېگەن يامان نەرسە...

— خوش... خوش...

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ گۇمان ئالمىغانلىقىغا ئىشەندى. تال بارائلىرى كەينىدە مارىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. چېچەنلىكتە تۈلكىدىن كەم تۇرمايدىغان بۇ مېھمىنىنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، ئالداپ كېتەلىگىنىگە ئىچىدە تەمەننا پەيدا قىلغان ئابلىزقارى يۇشۇرۇن ئىشىنىڭ ئاللىقاچان ئاشكارا بولۇپ بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيۋاتاتتى.

تاڭ ئاتارغا تۇخۇ چىللىغاندا يېغىشقا باشلىغان سىم-سىم يامغۇر بىر ھەپتىدىن بېرى چىرىيە ئاسمىنىدىن كەتمەيۋاتقان سېرىق توپىنى ئۆزى بىلەن بىللە يەر يۈزىگە ئەچۈشتىيدە، ئۆگزىلەرنى، دەل-دەرەخلەرنى كاكىل لاي بىلەن بىر قەۋەت سۇۋاق بەرگەندەك كۆمۈۋەتتى. تومۇزدا تويغۇچە سۇ مۇرۇۋالغان ئىسسىقنى تارقىتىپ ئۆلگۈرمىگەن تۇپراققا چۈشكەن تامچىلار سۈت رەڭ قويۇق تۇمانغا ئايلىنىپ، ئۇپۇق بىلەن كەڭ ئاسمان ئارىسىنى تولدۇردى. كوئىنلۇن تاغلىرى ئارىسىدىن سۆرمە رەڭلىك بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كەلگەن سوغۇق شامال يەر بېتىگە قورسىقىنى سۈركىدى-دە، يەر ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىپ، يىلىڭ كىيىنىشكە ئۆگىنىپ كەتكەنلەرنىڭ تېنىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. تاسادىپىي تۆۋەنلەپ كەتكەن كىلىماتقا دۇچ كەلگەن يوپۇرماقلار زىيادە يۈك يۈدۈۋالغان ھامالدەك ئېگىلىپ، بېشىنى سالغانىدى. تۇيدۇرماي يېتىپ كېلىدىغان كۈز ئايلىرىنىڭ سوغۇق شامىلىنىڭ تەھدىدىنى ھېسابقا ئالماي، تېخى تۈنۈگۈنلا بىخ يېرىپ چىققان يېڭى يوپۇرماقلار يىڭناغۇچ قانىتىدەك نې-

پىرى، يۇمران جىسمى بىلەن يۈرلەشكەن قوقان قەغىزىدەك يىغىلىپ، ئاۋازسىز داد-پەرياد سالماقتا ئىدى.

ئىلچى شەھىرىدە بىر ھەپتە تۇرۇپ، يامغۇر تامچىلاشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلگەن ھاپىز بىلەن كىرىپىك قاقماي باش قاتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغان سېيىت ھاجى بۇ كۈنكى بامدات نامىزىنى مېھمانخانىدىلا ئوقۇۋالدى. لېكىن ئۇ «مۇساپىرلارغا ناماز سۈننىتى جايىز ئەمەس» دەپ بامداتنىڭ پەرزىنىلا ئادا قىلدى-دە، ئابلىزقارى ئەكىرگەن داستىخان ئالدىدا ناشتىغا ئولتۇردى.

ئابلىزقارى سېيىت ھاجى ياخشى كۆرىدىغان ھالۋا ۋە جىنەستە مۇرابباسىدىن تەييارلانغان داستىخانىنى يېيىۋېتىپ، قاپاقلىرى قانچۇقنىڭ يېلىنىدەك ساڭگىلاپ قالغان كۆزلىرىنى ئاستىرتىن سېيىت ھاجىغا تىكتى. سېيىت ھاجى ھەر كۈندىكىگە ئوخشاشلا قىپقىزىل جىنەستىنى ئاغزىغا سېلىپ، تامىقىنى قېقىپ تۇرۇپ يېيىشكە باشلىغاندىلا ئىغاڭلاۋاتقان شاختىكى ئالمىدەك پۇلاڭشىپ تىترەپ تۇرغان يۈرىكى چىپپىپ كېلىۋېتىپ بىردىنلا يورغىسىغا چۈشكەن ئاتتەك، ئۆز رىتىمىغا قايتتى.

سېيىت ھاجى بۈگۈن تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. بىر كېچىدىلا ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك پېشانىسىدىكى ئۇششاق قورۇقلارمۇ تىنىدۇرۇلغان ئىبرىقتەك يوقالغان، يۈزىمۇ ئەجىر قىلىپ سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. چېكە چاچلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن دامان ساقىلى خىنە قويغاندەكلا پارقىراپ تۇراتتى. سەل-پەل قىزىللىق چىقىپ تۇرغان كۆز ئېقى بىلەن قورشالغان كۆز قارىچۇقى سۇ يېغىغا چىلانغان كۆمۈر پارچىسىدەك جۇلالىق ئىدى. ناشتا قىلىۋېتىپ، بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز چاقچاق قوشۇپ كۈلگىنىدە بولسا، جۇۋاننىڭ قايچىلىما يېپ بىلەن تېرىلگەن قېشىدەك ئىنچىكە، قارا قېشى سەكرەپ-سەكرەپ تۇراتتى.

تۇرۇپلا غايىب بولۇپ كېتىپ، ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھاپىزمۇ باشقىچە خۇش خۇي، گەپدان بولۇپ كەتكەن. نەچچە ئايلاردىن بېرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن سېۋەتتەك تۇرىدىغان ساقىلىنى ئېدىتلاپ ياستىۋالغانىدى. ئۈستىدىكى نەمەنگان بەقەسەمدىن تىكىلگەن تونىغا ھەۋەس قىلغاندەك، يېڭىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىسىنى ھېچ مەقسەتسىزلا چېكىپ قوياتتى. قانداقتۇر بىر ھاياجان ئارام بەرمەيۋاتسا كېرەك، گاھ ئورنىدىن تۇراتتى، گاھ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا، دەرۋازا ئالدىدا كىمنىڭدۇ رەھمەت بىلەن تاكاللىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— قاق ناشتىدا قارىمنى ئاۋارە قىلىشقا قانداق پېتىندىڭلار، كېتىڭلار، كېتىڭلار...

— ياخشىلىقچە خوجاڭغا خەۋەر قىل، بولمىسا ھېلى...

— خۇدا ئېشەككە بىلىپ تۇرۇپ مۈڭگۈز بەرمىگەنىكەن، مۇبادا ساڭا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپ قالىدىغان بولسا، قانچىلىك نوچىلىق قىلارئىدىڭ ئەخمەق!

— پۇقرانى كېچىلەپ ئاۋارە قىلسا ھېچ گەپ يوق، يەنە قارىمنى ئاۋارە قىلماڭلار، دەيسىنا، قوي سەندەك لالما ئىتنى!

— تولا نوچىلىق قىلىشما، پوكىنىڭغا بىر قويىمەن ھېلى!

قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە دىققىتىنى بۆلۈۋاتقان سېيىت ھاجى لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئابلىزقارىنىغا قاراپمۇ قويماي مېھمانخانىدىن چىقتى.

كۆردىكى، دەرۋازا ئالدىدا دېۋەيلىشىپ تۇرغانلار باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەپتىرىگە نامى تىركەلگەن ھېلىقى كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بامدات نامىزىدىن تاراپ، مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، ئۇن-

بېشى، يۈزبېشىلارنىڭ زۇلۇمىدىن نارازى بولۇپ، ئابلىزقارى بىلەن ھېسابلىشىشقا كەلگەنلەر ئىدى.

— ھە، نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى قولنى كەينىگە قىلىپ دەرۋازا بوسۇغىسىدا تۇرغان سېيىت ھاجى پۇقرالار بىلەن سالاملاشمايلا.

— «غوجامنىڭ قورسىقى توق، پۇقرا بىلەن ئىشى يوق» دېگەن گەپكە مەن چىنپۇتىتۇم، — دەپ گەپ باشلىدى يېرىم كېچىدە مەڭلىك توخۇنىڭ ئېچىنىشلىق بولاڭ - تالاڭ قىلىنىشىغا شەخسەن شاھىت بولغان سۈپۈرگە مىراب بېگى، — پۇقرالارنىڭ ھالى مۇشۇنداق تۇرسا، خەققە يەنە ئالۋان سېلىپ يۈرگىنى نېمىسى ئابلىزقارىمىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ سېلىق يىغ دېگەن يارلىقى بولسا بىزگە كۆرسەتسۇن!

— مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانغا ئىچى ئاغرىمىسا، ئەمدى بىزگە كىمىنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى؟

— مانا ماۋۇ دۈمبەمنى كۆرۈپ باقسىلا سېيىت ھاجىم، — دېدى مەڭلىك توخۇ شارتلا قىلىپ ماتا چاپىنىنى سېلىپ، — ئەگەر مىراب بېگىم ئۈنبېشىغا نەسىھەت قىلمىغان بولسا، تېرەمنى تەتۈر سوياتتىكەنتاڭ؟

مەڭلىك توخۇنىڭ ئۈمۈرتقىسى مانا مەن دەپ چىقىپ قالغان، دۈمبىسىدىكى قامچا ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قامچا ئىزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن تەپچىپ چىققان قان ئىككى ئىلىك پەسكە سىرغىپ چۈشۈپ، قىزىل چوكىدەك قېتىپ قالغانىدى.

— قارىدىم، نېمە ئىش بۇ؟

سېيىت ھاجى دەرد ئېيتقۇچىغا ئىچى ئاغرىغاندەك ياقىسىنى چىشلەپ ئۇھ تارتىپ قويدى - دە، كەينىدە قول باغلىغىنىچە شۈمشىيىپ تۇرغان ئابلىزقارىدىن يەنە سورىدى:

— بۇنىڭ ئۆزى زادى نېمە گەپ؟ كېچىسى جۇۋېلىرىغا چۈشـ

www.uyghurkitap.com

كەن كۆيە سىلىنى ئۇخلاتمىسا، سىلى جۇۋا قىپقىپ بىزنى ئۇخلاتمىسىلا، ئونبېشىلىرى سىلىق سىلىپ پۇقرانى ئۇخلاتمىسا.

— پۇقرالارنى كۈندۈزى ئۆيىدىن تاپقىلى بولمايدىكەن، شۇڭا...

— پۇقرالاردىن ۋاقتىنچە سېلىق يىغماسلىق ۋەجىدىن بەرگەن مەسلىھەتىم ئۆزلىرىگە ياقمىدىمۇ، قازناق قۇرۇقدىلىپ قالمىغاندۇ تېخى؟!

ئابلىزقارى بۇ سوئالغا مۇشۇ يەردىلا جاۋاب قىلىشىنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلدى-دە، ئىگىسىگە بىر بۇردا نان تاشلاپ بېرەرمىكىن دەپ تەلمۈرگەن كۈچۈكتەك يېقىن كېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— بۇ توغرىدا پىنھان پاراڭلاشساق...، — دېدى.

سېيىت ھاجى بىردىن-ئىككىدىن كېلىپ دەرۋازا ئالدىغا توپلانغان كىشىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى-دە، بېشىنى چايقىدى.

ئابلىزقارى ئاخىر جامائەت ئالدىدا ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— ھۆرمەتلىك تۆرەم، پېقىرنىڭ بوينى قىلدا باغلاقلىق، سېلىق يىغماسلىققا ماڭىمۇ ئىلاج بولمىدى، ھېسابتا كەلسە، ئىككى كۆزنىڭ بىرىنى ئويماي بولمايدىكەن.

— بۇنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟

— ھۆكۈمەت سېلىق ئالغىلى يۇرتىمىزغا لەشكەر ئەۋەتكۈدەك، سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىساق ماڭىمۇ كۈن يوق.

ئابلىزقارى ھازىردار ئادەم يىغلىغاندەك بەكمۇ بىچارە قىياپەتتە سۆزلەيتتى. ھەدەپ ماڭقىسىنى تارتىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلايتتى.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن-دە! — سېيىت ھاجى بۇ

خەۋەرنى ئەمدىلا ئاڭلاۋاتقان كىشىدەك دېدى، — بۇ چاتاقراق ئىش ئىكەن، قارىمىدىڭمۇ ئاغرىنغىلى بولمىغۇدەك...

سېيىت ھاجى لەسسىدە بولۇپ، بېشىنى چايقاپ قويدى. سېيىت ھاجىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى قامچا يېگەن توسۇن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىدەك دۈپۈلدىگىلى باشلىغان ئابلىزقارى ئۆز - ئۆزىگە دېدى:

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق بۇ ئىشنى؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ...»

ئۇ مانجۇلارنىڭ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، سېلىق، سوۋغا - سالامنى ئېلىپ بولۇپ، ئۆزىگە يۈزخاتىر قىلمايدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. مانجۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئەمەلدارنى قانداق ئەدەبلەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا خېلى روشەن ئىدى.

— قانداق قىلاتتۇق؟ ھۆكۈمەت كىشىلىرى كەلسە ھېچكىم ئامان قالمايدۇ، «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل» دەيدىغان گەپ بار، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ يۇرتىمىزغا قەدەم باستۇرمىساقلا بولىدۇغۇ.

يەڭلىرىنى شىمايلىشىپ تۇرغان بىرقانچە يىگىت قادىر تۆمۈرچىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك تور بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىگە ئاۋاز قوشۇپ، چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— مانا بۇ ئوغۇل بالىنىڭ گېپى!

— باش ئېگىپ تۇرۇپ جان بەرگۈچە، ياقىلىشىپ تۇرۇپ جان بېرىمىز!

— ياق... قەسرەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەۋەمەڭلار، ماڭا بالا تېرىپ بېرەي دەمسىلەر؟! قاراپ تۇرۇپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن بولمايدۇ، —دېدى ئابلىزقارى پۇقرالارنىڭ ئاۋازىنى توسۇپ قالماقچى بولغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالقىنىنى ئالدىغا سوزۇپ.

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— ......

— ئەنە ئاۋۇ پۇقرانىڭمۇ، ئابلىز قارىمنىڭمۇ گېپى ئوخشاشلا دۇرۇس، — سېپىت هاجى هەر ئىككى تەرەپكە يان باسقاندەك خۇرسىنىپ قويۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كاپىر دېگەن تاش يۈرەك بىر تائىپە، لاي قورچاقنى خۇدا دەپ دەۋا قىلىدىغان بۇ بۇتپەرەسلەر دىنىي ئىسلام بىلەن ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆچمەنلىشىپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇلۇغ ئىشانلىرىمىزنىڭ كاللىسىنى كەسكەن، بەزىسىنى قەپەسكە سولاپ ئۆز يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرگەن، بۇ كاپىرلارنىڭ قەهر-غەزىپىدىن ئاللانىڭ ئۆزى ساقلىسۇن، ئۇلارنىڭ مۆمىن مۇسۇلمانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى پېقىر تالاي قېتىملاپ كۆرگەنمەن. راستمۇ-يالغانمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ئادەم يەيدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. هاسىل كالام، كاپىرلار ئۆچ-ئاداۋەتنى نەزەردىن خالاس قىلمايدۇ ۋە هەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرىدۇ. سىلەر بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان-غەلىيان قىلدىڭلار، مانا ئەمدى ئۇلپان تاپشۇرۇشتىن باش تارتىپسىلەر، مانجۇلار بۇنى ئۇنتۇپ قالدى دەمسىلەر؟ ئۇلار كەلسە، ئالدىدا ئات بېشىدەك ئالتۇن قويساڭلارمۇ قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ، خوتۇن-قىزلىرىڭلارنى تارتىۋالىدۇ، بالا-چاقاڭلارنى كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ، ئۆيلىرىڭلارغا ئوت قويىدۇ، يۇرتۇڭلارنى خانىۋەيران ئەيلەيدۇ، ئەركەكلىرىڭلارنى ئەسىر قىلىدۇ.

توپ ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈناتقا چۆمدى، پەقەت سىم-سىم يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ يوپۇرماقلارنى تىترى-

تىشلا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— كىتابول بەھرى دۆھرىدە ئېيتىدۇركى، بۇ قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، يەجۇج - مەجۇجنىڭ① ئاشۇ كاپىرلار بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەستۇر، ئابلىزقارىم ئېيتقاندەك، تۇخۇم بىلەن تاشنى چاقمەن دېيىش ئاقىلانىلىق جۈملىسىدىن ئەمەس. مۈشت بىلەن مانجۇلارغا تەڭ كېلىش مۇتلەقا قۇرۇق خىيالدۇر...

— مەن ئۆتكۈر نەيزە سوقالايمەن، سوققان قىلىچلىرىمەمۇ تۆمۈرنى كېسىدۇ...

سېيىت ھاجى بىر قىسما كۆلۈپ قويۇپ تۆمۈرچى قادىردىن سورىدى:

— تەقسىر، قىلىچ بىلەن مىلتىققا، نەيزە بىلەن تەيپوغا تەڭ كەلگەن نەدە بار؟

— بىزگە مانجۇلارنىڭ قولىدا ئۆلمەكتىن ئۆزگە ئامال يوقمۇ ئەمدى؟

پۇقرا ئارىسىدىن كىمدۇر سوئال قويدى.

ئابلىزقارىغا ئەتىگەننىڭ سالقىن شامىلى تەسىر قىلدىمۇ ياكى سېيىت ھاجىنىڭ دېگەنلىرى كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدىمۇ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. كىمدۇر بىرى ئېچىنىشلىق ئۇھ تارتىپ قويدى. ئابلىزقارىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كېلىپ، سېيىت ھاجىنىڭ سۆزى بىلەن جان قايغۇسىنى يۆكلەۋالغان پۇقرالارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ،

---

① يەجۇج - مەجۇج — «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئىزاھاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، يەجۇج - مەجۇج — ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان، ئىنسانىيەتكە بالايى - قازا تۇغدۇرىدىغان ئەڭ قەدىمكى ئىككى بەدەۋى قەبىلە ئىكەن. قەدىمكى يەھۇدى ۋە خرىستىئان رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 323 - يىللى) ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۇلارنى شۇ سېپىلغا بەند قىلىپ قويغانىكەن. ئۇلار بۇ سېپىلدىن چىققان كۈنى قىيامەت قايىم بولىدۇ دېگەن گەپلەر بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن مانجۇ لەشكەرلىرى بىلەن قىلىچ - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، نۇسرەتنىڭ ئۆزلىرىگە يار بولمىغىنى راست ئىدى. مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، پالانغان، پالاقتا بېسىلغانلارنىڭ دادپەريادى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئاشۇ قەتلىئامنىڭ مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلەر ئۆزىنى تۇختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلامسىراشقا باشلىدى.

باياتىن بېرى بىرەر قېتىم سوئالغا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك، دەرۋازىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا پېشانىسىنى تۇتقىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرغان سېيىت ھاجى بىردىن بېشىنى كۆتۈردىدە، ئابلىز قارىغا، ئاندىن پۇقرالارغا قاراپ:

— مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىر ئاللانىڭ دەرگاھىدا بىللە ياشاپ، ئورتاق بىر ئاللاغا تېۋىنغۇچى مۇسۇلمان مۇتلەق قاراپ تۇرالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مۆمىن مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ھالى خاراب تۇرۇپتۇ، پېقىرمۇ قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىمەن، يۈرىكىم ئېچىشىۋاتىدۇ. ئاللا ئەڭ شەپقەتلىك، ئاللا بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلغۇچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچىنىڭ بېشارىتى ۋە مۇھەممەت مۇستاپانىڭ دەۋىتى دىلىمغا ئىسلام مۇرىتلىرىنى پاناھىمغا ئېلىش نىيىتىنى سالدى. ئىسلامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ئەھدى - پەيمانى بىلەن مۇشكۈلاتىڭلارنى ئاسان قىلىشقا ھەرقاچان تەييارمەن. قان تۆكۈش ھارام قىلىنغان بۇ ئايدا قىلىچ - توقماق كۆتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، خالىساڭلار، ۋەھشىي چېرىكلەرنى ئىمان قۇدرىتى بىلەن غال - غال تىترىتىشكە، ئالدىڭلاردا تىز پۈكتۈرۈشكە ئامالىم باردۇر، ئاللانىڭ بىرلىكىگە ۋە ئىسلامنىڭ بەرھەقلىكىگە

ئىشىنىدىغانلار پېقىرنىڭ لەۋزىگىمۇ ئوخشاشلا ئىشەنچ قىلغاي، ئامىن! — دېدى.

بەزلەرنىڭ ئەندىشىسى يېنىكلىگەندەك بولدى. بەزلەر سېيىت ھاجىنىڭ ۋەدىسىگە دەرگۇماندا بولۇشتى. بەزلىرى ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئۇنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

شۇنداق قىلىپ پۇقرالار كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىشتى.



# يوشۇرۇن قىلتاق

تىشىپ تۇردى ياۋ كۆكسىنى نەيزىمىز،
لېكىن مەغلۇپ بولۇۋەردۇق ھەدېسە.
نېمە پايدا بېرەر باتۇر غەيرىتى،
بەختى - تەلەيى ئاگامەت بەرمىسە.
تۈپىمىزدىن ھېچكىم ئامان قالمىدى،
ھەممىمىزنى قان ئەيلىدى تېگىپ ئوق.
ئاۋۋال ئۈزۈم باشقىدەك زىچ ئىدۇق،
كېيىن ئۈزۈم دانىدەك چېچىلدۇق.

شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 15. قورقۇنچلۇق چاغلار

يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ھەلەكچىلىكىدە سەھەر تۇرۇپ، كەچ ياتىدىغان جاپاكەش دېھقاندەك، باش باھار مەۋسۇمىدىن باشلاپ رېزىنكىدەك ئۈزىرىپ بارغان كۈندۈزلەردە پۈتۈنسۈرۈك يەتتە ئاي رىيازەت چەككەن قۇياشقا ئەمدى ھاردۇق يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ تومۇز كۈنلىرىدىكى ئاسمان گۈمبىزىنى قاق يېرىپ ئۆتىدىغان يولىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىپ، كۈنئىللۇن تاغلىرىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىنى يانداپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. كۆككە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بۇ چوققىلاردىكى مەڭگۈلۈك قار - مۇزلار ئۆزىگە يېقىنلاشقان قۇياشنىڭ ئەڭ قىزىق ھارارىتىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. چوققىلار ئارىسىدىن قۇتىراپ چىققان سوغۇق بۇلۇتلار ئادەمزاتتىن رەشك قىلىپ، بۇ ساھىبجامالنى تەبىئەت قۇچىقىغا قاراپ نازكەرەشمە قىلدۇرماسلىقتا قەسەم ئىچكەندەك، قارا سايىسى بىلەن قۇياش يۈزىنى مۇتتەھەملەرچە قامال قىلاتتى.

بۇ يىلقى كۈز يىللاردىكىدىن ئىلگىرى كەلدى. 10 - ئاي كىرە - كىرمەستىنلا كەڭ تەبىئەتنىڭ ھۆسن - جامالىدا ئادەتتە ئۈششۈكتىن كېيىنلا پەيدا بولىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ھال قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويىمايلا مومايغا ئايلىنىپ كەتكەن قېرى قىزنىڭ قورۇق باسقان چىرايىغا ئوخشايتتى.

كەنجى تېرىلغان چىلگە قوناقلىرى شېخىدىن تارتىپ كۆتىكىگىچە يىغىشتۇرۇلۇپ بولغان دالا يالىڭاچلىنىپ قالغان،

ھەر يىلى ئالاھازەل 10-11 - ئايلاردا باشلىنىدىغان ئىزغىرىن شامال قىرلارنىڭ توپىسىنى سورۇپ، تاشلىنىپ قالغان قوناق غازاڭلىرىنى سۇرتوقاي قىلىپ قوغلاپ يۈرەتتى. شامال ئالدىدا تۈگۈلۈۋالغان كىرپىدەك دومىلاپ يۈرگەن قامغاقلار ئېرىق - ئازگاللارغا تىقىلاتتى - دە، بىر قات سېرىق توپا بىلەن دەپنە قىلىناتتى. ئاق يەر بىلەن بۇلۇتلۇق ئاسماننى تۇتاشتۇرۇپ پىرقىراۋاتقان قۇيۇن دالانى، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى ئەجدىھادەك يۇتۇپ كېتەتتى.

يىل بويى بىر قېتىممۇ قانغۇدەك سۇ ئىچەلمىگەن دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى مەزگىلىگە يەتمەي تۇرۇپلا سارغايماقتا ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان رەھىمسىز كۆز شامىلىنىڭ زەربى بىلەن بەرگىدىن ئاجراۋاتقان يوپۇرماقلار مۇئەللەقتە بىر پەس لەيلەپ تۇرغاندىن كېيىن، سۇسىز تۇپراقتىن رەنجىگەندەك يەرگە چۈشكۈسى كەلمەي، شامال كەينىگە ئەگىشىپ قەيەرلەرگىدۇر سەپەر قىلاتتى.

يۇرت بېگى، مىڭبېشى، يۈزبېشىلارنىڭ ئېكىنزارلىق، باغ - ۋارانلىرى ھېلىمۇ كۆكىرىپ تۇراتتى. بىر پارچە تۇپراق ئۈستىدىكى بۇ ئىككى دۇنيا روشەن سېلىشتۇرما سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىپ، تەقدىرنىڭ تەڭسىز قىسمەتلىرىنى ئاشكارا قىلاتتى.

«لەشكەرلىككە ئادەم تۇتىدىغان چېرىكلەر كەلگۈدەك» دېگەن گەپ بىر شۇم خەۋەرگە ئايلىنىپ، بۈگۈنى ئەتىسىگە كۆزى يەتمەيۋاتقان پۇقرالارنى ئەندىشە ئىچىگە ئىتتىرگەن بولسا، سېپىت ھاجىنىڭ قورقۇنچلۇق تەسۋىرى بىردەمدىلا جىمى ئادەملەرگە ئاڭلىنىپ، يۇرت پايانىدا قارا قىيامەت مەنزىرىسىنى پەيدا قىلدى. چىڭ چېرىكلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خەلقنى قىيامەت قورقۇنچىغا سېلىش ئۈچۈن، سېپىت ھاجىنىڭ ئۇ چېرىكلەر ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنىڭ ئۇنىدىن بىرىلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېتەرلىك ئىدى.

بۇ قېتىم جېرىق، توغرىقپېغىل، سېرىق، جاي مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كۆپى قادىر تۆمۈرچىنىڭ چېرىكلەر بىلەن تىغمۇ تىغ تۇتۇشۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە قۇلاق سالمايلا قويدى. بەزى يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلار ئۇنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە: «بىر قېتىم قېتىقتا ئاغزىمىز كۆيگەن، تەقسىر، ئېشەكمۇ چېنىدا بىر قېتىم پۇتى سېيىلغان كۆۋرۈككە ئىككىنچىلەپ دەسسىمەيدۇ ئەمەسمۇ» دېيىشتى. ئابدۇللا چاقچان، مەتقاسىم، تۇرسۇنمەت قاپاق، توختىمەت قۇتقۇ قاتارلىق ئون نەچچە ئادەمدىن باشقىسى ئوچۇقراق بىر گەپ قىلمىدى. خېلى جىگىرى بار دەپ ئېشەنگەنلەرمۇ: «قېنى قاراپ باقايلى، باشقا كەلگەندە باتۇر، دېگەن گەپ بار، ۋاقتى كەلگەندە ھەمۇ دېيىشمەيمىزمۇ» دەپ ئۆزىنى قاچۇردى. يېتەرلىك يۆلەككە ئېرىشەلمىگەن قادىر تۆمۈرچى ئاخىردا:

— ئىست، قويۇقلار سىلەرنى، مۇشۇ ھالىڭلارغىمۇ بېلىڭلارنى باغلاپ مەن ئەركەك دەپ يۈرۈپسىلەر، — دېدى ۋە بوينىنى تولغاپ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

چېرىيە خەلقى ئادەتتە سۆيۈرگەئاخۇنغىمۇ، قادىر تۆمۈرچىگىمۇ «كۆپنى كۆرگەن، گەپ ـ سۆزلىرى ئىناۋەتلىك» دەپ ئىخلاس قىلىشاتتى. ئۆيىدە ماجىرا چىقسىمۇ، بىرەر ئىشقا دۈچ كەلسىمۇ ئۇلارنى ئىزدىشەتتى. نەسىھەتىنى مۆھۈردەك بىلىشەتتى. بۇ دورام بېشىغا جان قايغۇسى چۈشكەن پۇقرالار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا چوت سوقتى. بەزىلەر، بەزىلەرنىڭ بۇ نۆۋەت سېپىت ھاجىغا تايىنىشتىن ئۆزگە يول يوقلۇقى توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈپ ئېيتقان ۋەزلىرىگە راستتىنلا ئىشىنىپ قېلىشتى. يات يەردىن كەلگەن بولسىمۇ، بىرقانچە قېتىم ئاغزىدىن چىققان لەۋزىدە چىڭ تۇرۇپ، پۇقرا

ئەمىلىكى يولىدا مۇسۇلمانچىلىقنى بەجا كەلتۈرگىنىنى شى-
پى كەلتۈرۈپ، بولغۇسى پالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى
سېپىت هاجىغا باغلاشتى.

يەنە بەزىلەر، بالا - چاقىسىنى باشلاپ تەكلىماكان چات-
قاللىقىغا يوشۇرۇنۇپ، مالىمانچىلىق بېسىققاندىن كېيىن قاي-
تىپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا تەييارلاندى. كېچىلەپ ئورا
كولاپ، بار ئاشلىقىنى كۆپلارغا قاچىلاپ كۆمۈپ تاشلىدى ياكى
كاكىل لايغا قوشۇپ، تاملارغا سۇۋىۋەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دۈش-
مەنلىرىنىڭ كۆزىنى بوياشتىكى ياخشى چارىسى ئىدى.
قىيامەت ئۆتۈپ كەتكەندە مۇبادا تىرىك قالسا، تامدىكى سۇ-
ۋاقنى سويۇۋالاتتى - دە، سۇغا چىلاپ، كېرەكلىك داننى
ئايرىۋالاتتى.

يامان يېرى شۇ بولدىكى، بۇ يىل كۈز كىرىشى بىلەن
تەڭلا مەھەللىلەردىكى ئالما، ئامۇت دەرەخلىرى ئىككىنچى
قېتىم چېچەكلەپ كەتتى. بۇ غەلىتە هالدىن هەيران قېلىش-
قان قېرىساللار ئوقۇمۇشلۇق موللىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سە-
ۋەبىنى ئۇقماقچى بولدى. موللىلارمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار
قېلىن كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ، ئۆتمۈشتىن، دۇئە - پىرلەردىن
شېپى كەلتۈرۈپ، بۇ هادىسىنى شۇملۇقنىڭ، بالايىئاپەتنىڭ
بەلگىسى، دەپ تەبىر بېرىشتى.

چېرىك بالاسىنىڭ دەككە - دۈككىسىدە قالغان خەلق ئىك-
كىنچى كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. هەر ئۆيلۈك
نۆۋەت بىلەن بىردىن قېرىنىدىشىنى تالا - تۈزگە چىقىرىپ، هەر-
بىر شەپىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قۇلاق سالدۇراتتى. بىر - بىرى-
گە رازىلىق بېرىشەتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئۈركۈگەن تو-
خۇلارنىڭ قانات قېقىپ قاقىلداشلىرى كېچە قوينىدا سىر پەي-
دا قىلماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

خام لاي بىلەنلا قوپۇرۇلغان قىلىن تامنى ئويۇپ ياسال‑
غان ئوچاقتا ئارىلاپ ‑ ئارىلاپ تاشلانغان يۇلغۇن چاراس‑
لاپ كۆيمەكتە، يۇلغۇن چوغىدىن ئېتىلىپ چىققان شولا خې‑
لىدىن بېرى ياغسىز ياتقان ساپال چىراغنىڭ ئىشىنى قىلىپ،
ئەل غېمى بىلەن بەند بولۇپ، خىيال سۈرۈۋاتقانلارنىڭ چې‑
رايىنى يورۇتماقتا ئىدى.

هاۋا ئانچە سوغۇق بولمىسىمۇ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك ئوچاقتا قولىنى پات ‑ پات قاقلاپ ئولتۇرغان ئابدۇللا بۇ سۈكۈناتتا چىداپ تۇرالمىدى ‑ دە:

— بېگىم، ئۇتىنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆيگەن ياخشى، قادىر ئاخۇن ئاكام دۇرۇس دەيدۇ، قورقۇنچاقلار قورقۇپ يېتىۋەرسۇن، جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز، قانچىمىز بولساق، شۇنچىمىز جەڭ قىلايلى. ئامان قالساق غازى بولىمىز، ئۆلسەك شېهىت! — دېدى

— ياقسام تۇتارمىكىن، كۆمسەم پىشارمىكىن، دەپ ئولتۇرساق ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، — ئابدۇللانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى قادىر تۆمۈرچى ئوت چۈخچىلاۋاتقان شاخنى كۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇپ، — چېرىكلەر ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان، ياماندىن قورقىدىغان خەق، ئون بەشلا ئادەم بولساق ئۇلارنىڭ ئوتتۇزىغا تېتىيتتۇق. ئۆزۈملا ئۇنىغا تېتىمىسام قولىقىمنى چالمىدا كېسىپ بېرىمەن!

— مانا بۇ قويرۇقى بار ئۇقادىلىقنىڭ ئاتقان پورىنى قاراڭلار، — دەپ چاقچاق قىلدى سۇپۇرگە ئاخۇن.

قادىر تۆمۈرچىنىڭ ئاتا ‑ بوۋىسى ئۇقادى كەنتىدىن ئىدى. چېرىكلەر «ئۇ قادىلىقنىڭ قويرۇقى بار ئىمىش» دېگەن گەپكە ئىشەنگەچكە، سېرىق تەۋەسگە كۆچۈپ كەلگىلى ئون نەچچە يىل بولغان بۇ تۆمۈرچى هېلىمۇ «قويرۇقى بار ئۇقادىلىق» دېگەن لەقەمدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. مىراب بېگى چاق‑

چاق بىلەن ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— لەشكەر تۇتقىلى كېلىدىغانلار سىلەر دېگەندەك ئازراق ئادەم بولسىغۇ بىر نۆۋرى ئىدى، ئەمما چېرىك دېگەنلەر ئىتنىڭ تۈكىدەك تولا، بىرى ئۆلسە ئونى كېلىدۇ، بىر يىلىمۇ شۇنـداق بولغان، خېلى ئەركەك تۈكى بار كىشىلەرنىڭمۇ قورقۇپ، يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىپتىكەن.

سەپەر بوۋاينىڭ ئۆيى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ھېچـنېمىدىن خەۋىرى يوق سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان ھەسەن بىلەن ھۆسەننىڭ تىنىقى بارغانسېرى ئۇلغايغىلى تۇردى. بايـاتىن بېرى ئۈندىمەي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بوۋاي گەپكە ئارىلاشتى. ئۇ:

— تىرىك كىشىگە غەپلەتتىن ئارتۇق ئۆلۈم يوق، يۇرتـداشلار مۇشۇ كۈنلەردە غەپلەتنى ئۆزىگە دوست تۇتتى، بىلىنى باغلىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر نىيەتكە كەلگەن بولساق ئوبدان بولاتتى. ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەلنى نەس باسىدۇ، ھېلىھەم قىلىچنى بىلەپ، نەيزىنى تەييار قىلىپ قويساق، لەشكەرنىڭ سانىغا قاراپ يول تۇتساق ئوبدانمىكىن؟ — دېدى.

— ھوي، بېشىمىزغا كۈن كەلگەندە سېيىت ھاجىم باشـپاناھ بولالارمۇ، ئۆلۈشكۈنىغۇ گەپنى خېلى چوڭ قىلدى.

بۇ قادىر تۆمۈرچىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان باقىنىڭ ئۈنى ئىدى.

— گەپنى قىلماق ئاسان، ھۆددىسىدىن چىقماق تەس، — دېدى قادىر تۆمۈرچى ئۈنىڭغا بۇرۇلۇپ، — چېرىكلەرنىڭ مىلتىقى، تەيپۇسى بار، سىلەر تەڭ كېلەلمەيسىلەر، دەيدۇ، ئۇنىڭ ياكى چېرىكلەرنىڭكىدىن چوڭراق قورالى بولمىسا، ياكى جىقراق ئادـمى بولمىسا، نېمە بىلەن باشپاناھ بولالايتتى. كۆڭلىمىزنى ياساپ قويغان بولماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باقى سەل ئالدىغا سۈزۈلۈپ سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ:

— ئۇنىڭدا بىرەر ھېكمەت بولسا كېرەك، بولمىسا شۇنچە-ۋالا يۈرەكلىك گەپ قىلالماستى، ئۆزىمۇ پۇقراپەرۋەر ئادەم ئىكەن، بۇ قېتىممۇ بىرەر چارە بىلەن چېرىكلەرگە تاقابىل تۇ-رالىسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

سوپۇرگە مىراب بېگى يەنە خىيالغا پاتتى، ئۇ سېيىت ھاجىنىڭ ئېغىر - بېسىق، تەمكىن قىياپىتىنى، قالماقدۆۋە ھاشى-رىدىن تارتىپ ئابدۇللانى قويۇۋەتكۈچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە-لەرنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. دېمىسىمۇ، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە ئابلىزقارىدەك ئەمەلدارلارنى چەك-لىمەيدىغان ئادەمنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھەرقانچە ئىنچىكە ئويلىسىمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر ئېيىپ تاپالمايتتى. ئىككى ھەپتە مۇقەددەم ئىمامى جەئفەر تەيران مازاردا پەيدا بولۇپ قالغان بىر مۇساپىرنىڭ ھېمىت قاشقا، تۇرسۇن پالكۆزلەرگە: «چاقار تېغىدىكى ئىمامى مەھدى ئاخىر زامان تىرىلىپ قوپتى، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا، سىلەر ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىسىلەر، ئۇ ئالدى بىلەن يۇرتۇڭلارنى، ئاندىن پۈتكۈل ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگەن گې-پىنى سېيىت ھاجى بىلەن باغلاپمۇ كۆرەتتى.

بىراق، ئۇ يەنە سېيىت ھاجىنى ئەڭ قۇۋ ئالدامچىلاردىن بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپمۇ ئويلايتتى. ئۆزىنى ھەر دائىم سەگەك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلگۈسى كېلەتتى. بەزىدە: «يات تائىپىلەرنىڭ ھەنىۋاسى يامان نىيەت-لىكلەردىنمۇ ئەمەستۇ، ئارتۇقچە گۇمانخور بولۇپ قالدىممۇ، نېمە؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قوياتتى.

ئۇ باقىنىڭ سۆزىگە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق دەپ جاۋاب بەرمىدى. سېيىت ھاجىنى ياخشىمۇ، يامانمۇ دېمىدى. مىراب

بېگى يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك
سالمايدىغان كىشى ئىدى.

— مېنىڭ ساقىلىم بىكارغا ئاقارغان ئەمەس، — سەپەر
بوۋاي ئۇچى يوق يىپتەك گىچىماچلىشىپ كەتكەن ساقىلىنى
تۇتاملاپ تۇرۇپ دېدى، — ھەرقايسىڭلاردىن قانچە ئون ئىشتان-
نى ئارتۇق يىرتقاندىمەن، كېيىنچە گېپىمنى دۇرۇس ئىكەن دەپ
قالساڭلارمۇ قالارسىلەر، مەن ئۆمرۈمدە تىلى ھەسەلدەك تاتلىق
نى-نى تائىپىلەرنى كۆرگەنمەن. سېيىت ھاجىغا ئارتۇقچە
ئىشىنىپ كەتمەڭلار، «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ
ئالىسى ئىچىدە» دەپ بىكار ئېيتمىغان كونىلار. ئۆزىمىزنىڭ
جېنىغا ئۆزىمىز كۆيمىسەك كىم كۆيىدۇ؟ مەنغۇ بىر پۇتۇم
گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم بارمۇ، بەش
كۈنلۈكمۇ...

ئەلپازىدىن قارىغاندا، سەپەر بوۋاي مىراب بېگىنىڭ گەپ
قىلماي ئولتۇرغىنىغا ئاچچىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھاياجان بىلەن
سۆزلەۋاتقاندا ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان تۈكۈرۈكى ئوت
شولىسىدا دانە-دانە ئۈنچىلەردەك پارقىرايتتى. بىئارامىلىقنى
ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتسا كېرەك، قادىر تۆمۈرچىمۇ بىردەم ئۇ
پۇتىنى، بىردەم بۇ پۇتىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، شەلپەرنى كۆ-
رۈپ غەزەپلەنگەن بۇقىدەك پۇشۇلدايتتى.

— ئابدۇللا.

— خوش، دادا!

— سەن مېنىڭ بالاممۇ؟

مىراب بېگىدىن تەپ تارتتىمۇ ياكى خىيالىنىڭ بىر بېشىغا
چىقالمىدىمۇ، باياتىن بېرى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرغان
ئابدۇللا دادىسىنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى. غەلىتە سوئالغا نېمە
دەپ جاۋاب بېرىشىنى ئۇقمىغاندەك گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ سەپەر چاقىقانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئەزەلدىن گۇ-
مان قىلىپ باقمىغانىدى.

— گەپ قىل دەيمەن، زوۋانىڭ نەگە كەتتى؟ سەن
مېنىڭ بالامىمۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق دادا، شۇنداق.

— كات ساندۇقتىكى قىلىچىمنى ئېلىپ داتلىرىنى سۈرت،
ئۈستىرىنىڭ بىسىدەك بولغۇچە بىلە، نەيزىنى ساپلاپ ئۆزۈڭ
تۇت، ئۆز ۋاقتىدىمۇ بىر ئۆزۈم 15 چېرىككە تېتىغان-
مەن. ياشىنىپ قالغىنىم بىلەن بۇ زامانىنىڭ ياشلىرىدىن كەم
تۇرمايمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم دادا، ئاڭلىدىم.

— ئەمىسە نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن، قوپمامسەن
ئورنۇڭدىن!؟

ئابدۇللا ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇر-
غانلارغا «دادامنىڭ مىجەزى شۇنداق، كۆڭلۈڭلارغا ئالمىساڭ-
لار» دەپ ئەپۇ سورىغاندەك قاراپ قويۇپ، ئۆينىڭ قىبلە
تېمىدا توپا بېسىپ ياتقان كات ساندۇق تەرەپكە مېڭىۋىدى،
بوۋاي يەنە ئەسكەرتتى:

— كېپىنىمنى قۇلىقىدا مەھكەم تۇتۇپ، سىرىقتىكى ھاشىم
قاغىغا، تۇرسۇن تۆگىگە، قاسىم چىلانغا، كۆكمەتتىكى سادىر-
ئاخۇن قاپاقىقا، مەنسۇر توقۇمغا خەۋەر قىلىۋەت، ماڭا بىر يو-
لۇقسۇن، جەڭگە تازا يارايدىغان پالۋان يىگىتلەردە ئۇلار!

ئولتۇرغانلارنىڭ ئەس-يادى مۇشكۇل مەسىلە بىلەن
بەند بولۇپ كەتمىگەندە ئىدى، پاراقىدە كۈلكە چىقىپ كەت-
كەن بولاتتى. بوۋاي ئېيتىنى ئاتاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەم-
مىسى يەتمىشلەردىن ھالقىپ كەتكەن، نەۋرە-چەۋرىلىرىدىن،
ھاسىسىدىن ئايرىلسا ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلار ئىدى. بۇلارنى

يىگىت دەپ ئالايىتەن تىلغا ئالغىنىغا قارىغاندا، بوۋاي يىگىت چاغلىرىدىكى ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

سۈپۈرگەئاخۇن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى تامامەن چۈشىنەتتى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئىش ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس ئىدى.

ئۇ، ئىككى كۈندىن بېرى بايلار، ناھراتلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ رايىنى تىڭ-تىڭلاپ باقتى. بەزىلەر سېيىت ھاجىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىپ، قان تۆكمەي قۇتۇلۇش يولىغا كىرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئۇ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتىپ، يات تائىپىلەرنىڭ قىلمىشىنى كۈچىنىڭ بارىچە سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ: «سېيىت ھاجىم قىلغان لەۋزىدىن يېنىۋالغىنى، بىزنى ئالدىغىنى بارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا كېسىپ بىر نېمىدەپ بېرەلمىدى، كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئەگىپ يۈرگەن يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ سايىسىمۇ يوقالمىدى.

ئۇ ھەمسۆھبەتلىرىدىكە نېمىلا بولمىسۇن سەگەك تۇرۇش، كىم يېڭى خەۋەر ئاڭلىسا تېزلىكتە بىر-بىرىگە يەتكۈزۈش، پۇقراغا زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق باشباشتاقلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا تولۇق دەلىللەر بىلەن نەسىھەت قالدۇرغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقتى ۋە غاز كوچىسىغا كەلگەندە قادىر تۆمۈرچى بىلەن خوشلىشىپ، چىملىق ئېرىقنى بويلاپ چوڭ يولغا چىقتى.

بۈگۈن ھاۋا خېلى ئوچۇق ئىدى. كەمتۈك ئاي يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قوم بارخانلىرى ئۈستىگە تىكىلەپ قويغان ئورغاقتەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئوچۇق ھاۋادا يەر يۈزىنى قانغۇدەك كۆرۈۋالغۇسى كەلگەن مالائىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاسمان گۈمبىزىدە جىمىرلايتتى. ئاجىز شامالدا كۆتۈرۈلەلمىگەن لەگلەكتەك ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۈزۈپ يۈرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلۇت پارچىلىرى ئېگىزرەك تېرەكلەرنىڭ شېخىغا تېگىپ پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ھاۋانىڭ خېلى سوۋۇپ قالغىنىغا قارىماي كۈنسېرى كۆپىيىپ، پور تېرەكلەرنىڭ كامارلىرىغا ئۇۋا سېلىشىۋالغان ھۇقۇشلار ھۆكمەتكە چۈشكەن سوپىلاردەك بەس-بەس بىلەن ھۇۋلىشاتتى.

دەل شۇ چاغدا، ئات تۇيىقىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان سۈپۈرگەئاخۇننى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ كۆردىكى، ئىككى ئات مېيتالىدىن قىلىنغان جابدۇقلىرىنى جاڭگىرلىتىپ، چوڭ يول بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاتلىرىنى يورغىسىغا قويۇۋېتىپ، يانمۇيان كېلىۋاتقان ئىككى يولۇچى چوڭ بىر توپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئىككى ئاچىمىقى ئارىسىدىن مارىلاپ تۇرغان سۈپۈرگەئاخۇننىڭ تۆت قەدەم نېرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

تۈن بالىسىدەك پەيدا بولغان يولۇچىلار بىر قاراشتىلا ئۇنىڭغا تونۇشتەك تۇيۇلدىيۇ، يۈزىنى كۆرۈشكە ئىمكان بولمىدى. ئوڭ تەرەپتىكىسى — گەپ-سۆز يوق مانجۇ ئىدى. ئۇنىڭ پەي قادالغان تەقىيىسى، سەكىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان تاراڭگۇدەك پىلدىرلاپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچى بۇنىڭغا ئوچۇق ئىسپات بولالايتتى. سول تەرەپتە ماڭغىنى سەللىلىك مۇسۇلمان بولۇپ، كىملىكىنى تەھقىقلەشتۈرمەك تەس ئىدى.

سۈپۈرگەئاخۇن يولۇچىلارنىڭ كىملىكى ئۈستىدە تولا ئويلىنىپ تۇرمىدى، لېكىن تەئەججۈپلىنىپ قالدى. «بۇ مۇسۇلمان كىم؟ نېمە ۋەجىدىن بۇ مانجۇ ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە يۇرتقا كىرىپ كېلىدۇ؟»

ئۇ، بۇ يولۇچىلارنىڭ قايسى دەرۋازىغا كىرىپ كېتىـ

دىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ، ئون قەدەم يەرگىچە يۈگۈرۈپ باردى. بىراق، ئات يەنىلا ئادەمدىن تېز ئىدى. ئۇلار تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۈچ يولنىڭ بىرىگە قايرىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىلچى يولىغا چۈشكەنلىكى ياكى سۈپۈرگەئاخۇن گۇمان قىلغان دەرۋازىغا ئاپىرىدىغان يولغا قايرىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولاتتى.

سۈپۈرگەئاخۇن خېلى تىكىلىنىپ قالغان ھۆكەرگە قاراپ قىشنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، كونا چاپان، ئەسكى تېرىلەرگە يۆگەنگەن ھالدا دىر-دىر تىترىشىۋاتقان سەبىي بالىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەچ، ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە ئايۋانغا كىردى.

«چىرىس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا چىراغ يورىدى. قاراڭغۇدىن قىسىلغاندەك سۈكۈناتقا چۆمگەن ئايۋان ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. ئېرىنى كۈتۈپ كىرپىك قاقمىغان چىنارئايىمنىڭ گەۋدىسىنى چىراغپاي يېنىدا كۆرگەن سۈپۈرگەئاخۇن ئايالىنىڭ سالامىغا سالام ياندۇرۇپ بولۇپ، تونىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى-دە، سۇپىدىكى چىراغنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى.


— تولا ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ بولۇپ كەتتى، شۇنچىۋالا كەچ قالامدىغان، — دېدى چىنارئايىم چاي قۇيۇۋېتىپ.

— ئەنسىرەيدىغانغا مەن كىچىك بالا بولمىسام، ئۇخلاۋەرسىڭىز بولمامتى.

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ جاۋابىدىن چىنارئايىم ئېرىنىڭ كەيپى تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى سەزدى ۋە چاندۇرماي:

— جاھان تىنچ ئەمەس، شۇڭا...، — دەپ ئېرىنى چاي ئوتلاشقا دەۋەت قىلدى. بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ ئېرى ئىشىكتىن كىرگەن ھامان ئانچە-مۇنچە ئەركىلىۋالاتتى. بەزىدە ئاردا چاقچاقمۇ بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتلىرىنى يورغىسىغا قويۇۋېتىپ كېلىۋاتقان ئىككى يولۇچى تۇرۇك دەرىخىنىڭ
كەينىدە تۇرغان سوپۇرگە ئاخۇننىڭ تۆت قەدەم نېرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەر ئادرېسى

— گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتمەيۋاتىدۇ.

سۇپۇرگەئاخۇن زارلاندى ۋە چاينى بىرلا ئوتلاپ، پىيالىنى داستىخاننىڭ چېتىگە سۈرۈپ قويدى.

— مۇھەممەتئەلىئاخۇن بالامدىن خەت كەپتىكەن، ئۇنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىۋېتەي دەپ شۇڭا ساقلاپ ئولتۇردۇم، بولمىسا...

— ھە، مۇنداق خۇش خەۋەرمۇ بارمۇ تېخى؟

سۇپۇرگەئاخۇن ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، چىنارئايىم ئۇزاتقان قەغەزنى تارتىپ دېگۈدەك ئالدى.

ئۇ تۇمارچىلاپ قاتلانغان خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ، ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قارا سىياھ بىلەن تاناپ تارتقاندەك رەتلىك يېزىلغان خەتنىڭ قۇرلىرىدا يۈگۈرەيتتى. تۇرۇپ چىرايى باھار ئاسمىنىدەك ئېچىلىپ كېتەتتى، تۇرۇپ تۇتۇلاتتى. پېشانىسىدىكى چوڭقۇر قورۇق گاھ روشەنلىشىپ، گاھ تۇتۇقلىشاتتى.

ئۇ خەتنى ئىككى قېتىم ياندۇرمىلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن، تاقەتسىزلىنىپ ئۆرە تۇرغان ئايالىدىن سورىدى:

— خەتنى ئوقۇپ چىققانسىز؟

— يوقسۇ، خەت ئۇستىگە سىلىنىڭ ئاتلىرى يېزىقلىق تۇرسا، مەن ئاچسام بولامدۇ؟ ئاتا-بالا ئارىسىدىمۇ بىر-بىرىگە دېيىشىدىغان گەپ بولىدۇ!

سۇپۇرگەئاخۇن خەتنى ئايالىغا ئۇزاتتى.

خەتتە مۇھەممەتئەلى سالامەتلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەندىن كېيىن، قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۈستىدە توختالغانىدى. يېزىلىشىچە، قەشقەر قاراسىپەچىلىرى چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت باشلاپ، پارىخور، جازانىخور، زۇلۇم - سىتەمخور ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ،

خەزىنىلەرگە ئوت قويۇپتۇ. يۇقرالار ئارىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىپ، ئادالەت يولىدا كۆتۈرۈلۈشنى تەرغىب قىپتۇ. بۇ قاراسىپەچىلەرگە ھەممىقام بولغانلار ئىچىدە يەنە مۇسۇلمان مۆتىۋەرلىرى ۋە يۇقرالىرىمۇ بار ئىكەن. ھالاك بولۇشىدىن قورققان ئەمەلدارلار ئۇ تەرىپى ئاقسۇ، كۇچادىن، بۇ تەرىپى يەكەن، خوتەندىن لەشكەر يۆتكەپ قەشقەردىكى قاراسىپەچىلەرنى تىنچىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. قەشقەردىن ئۆزگە يۇرتلاردىكى چىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ساراسىمە ئىچىدە قاپتۇ. ئۇ يۇرتلاردىكى چىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىمۇ قاراسىپەچىلەرنىڭ ئادىمى بار ئىكەن.

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇپۇرگەئاخۇننىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان تۇنجى سوئال: قەشقەردىكى چىڭ ئەمەلدارلىرى باشقا يۇرتلاردىكى لەشكەرلىرىنى قەشقەرگە يۆتكەپ جان قايغۇسىغا چۈشكەن تۇرسا، كىرىيەدىكى يۇرىكى قېپىدىن چىققۇدەك بولۇپ كەتكەن مانجۇلار يەنە نېمىدەپ چىرىيەگە لەشكەر ئەۋەتمەكچى بولغاندۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

— مۇھەممەتئەلىئاخۇن بالام يالغان سۆزلىمەيدۇ، — دېدى چىنارئايىم ئېرىنىڭ خىيالغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — بۇ ھۆكۈمەتنىڭ لىكشىپ قالغانلىقى راستتەك قىلىدۇ. مۇشۇنداق پۇرسەتتە كۆتۈرۈلۈپلا چىقساق بولمامتى؟ مەن چىنىمدا...

— سېيىت ھاجى يۇقرالارنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ئەمەلدە ھازىر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچى يوق. ئۇ مەن باشپاناھ بولىمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپتۇ، ھېمىت قاشقىغا نېمە بولدىكىن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆيىمۇ ئۆي يۈرۈپ سېيىت ھاجىنى ماختىغىنى ماختىغان. شۇنداق قىلىپ يۇقرالار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتكە مۇشت ئېتىشتىن يالتىيىپ قالدى.

— يۇقىرىلارغا مۇھەممەتئەلى بالامنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەرسەك، ئۇلار ئىشىنەتتى، ئوغلىمىزنىڭ قانداق بالىلىقىنى پۈتۈن يۇرت بىلىدۇ.

— مانا ماۋۇ دۇرۇس گەپ بولدى!

سوپىيۈرگەئاخۇن تىزىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە چىنارئايىمنىڭ قولىدا تۇرغان خەتنى قاتلاپ سەللىسىگە قىستۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى.

— ھوي، بۇ ئادەمنى، تۈن ھەسسە بولۇپ قالغان تۇرسا، يەنە قەيەرگە باراتتىلە، ئەتىمۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىغۇ؟

سوپىيۈرگەئاخۇن ئايالىنىڭ گېپى بىلەن توختاپ قالدى ۋە يېنىپ كېلىپ سۇپىدا ئولتۇردى.

## 16 · «چېرىك كەلدى»

ھەشەمەتلىك بەگ قەسىرىسى بىلەن يۇرت بازىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئىككى يېرىم پوتەي كېلىدىغان يېرىدىكى ئەگىمگە توغرىقېغىل زاراتگاھلىقى جايلاشقان. كۈنىگە ئۈچ - تۆتتىن گۆر قېزىلىۋېرىپ يۇمشاپ كەتكەن قۇمساز توپىلىرى دائىم سوقۇپ تۇرىدىغان بوران ياكى شامالنىڭ زورى بىلەن ئۇدۇللۇق ئۇچۇرۇلۇپ، يوغان داش قازانغا ئوخشاپ قالغان بۇ زاراتگاھلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى گىرۋىكىدە ئېرىپ كېتىۋاتقان چاقماق قەنتكە ئوخشاش قىڭغايغان بىر ۋەدەكلىك ئۆي كۆرۈنىدۇ.

كاكىل لايلىرى ئاجراپ چۈشۈپ قىپقىزىل يۇلغۇنلىرى كۆرۈنۈپ، يېرىمىغىچە قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ

بىر ئېغىز ۋەيرانە ئۆيدە ھەممىگە تونۇشلۇق شەخس نۇرەك باخشى تۇرىدۇ.

نۇرەك باخشى قىرىق بەشلەردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل ئادەم. ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشۈپ كەتكەن كورەك جۈۋىنى قىشمۇ-ياز ئۈشىنىسىدىن ئايرىماي يۈرىدىغان بۇ كىشىنىڭ قىياپىتى كىشىگە باقىي ئالەمدىن كەلگەن تىرىك مۇمىيانى ئەسلەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زېرەكلىكى، چاققانلىقى، چەبدەسلىكى ئادەمنى راستىنلا ھەيران قالدۇرىدۇ. چىرىيىدە كۆپ سانلىق پۇقرالارنىڭ لەقىمى ئۆز كەسپىگە ياكى ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمىگىنىدەك، نۇرەك باخشىمۇ باخشى ئەمەس، باخشىلىقتىنمۇ خەۋىرى يوق. چاقچاقتا كەلگەندە بولسا، مەيلى توغرىقېغىل مەھەللىسىدە بولسۇن، ياكى بۇ مەھەللىگە تۇتاش مەھەللىلەردە بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىرەرى يوق. مۇبادا ئۇ تاۋاپ سەيلىسىدە ياكى چارىستاندا قويىچى راۋابىنى چېلىپ قوشاق قاتىدىغان بولسا، يىغلاۋاتقانلار كۈلمەي، كۈلۈۋاتقانلار يىغلىماي مۇمكىن ئەمەس.

جىمى جانلىقلار قۇياش تەپتىنى خالاپ قالىدىغان ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، ئۇ ھاسىسىنى يېنىدا قويۇپ، تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان قېرىلار بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغىچە مۇڭداشسا، بەزىدە كۆيەك توپ ① ئويناۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قىزىق-قىزىق چاقچىقىغا ئىجىل بولۇپ كېتىشكەن يىگىتلەر نۇرەك باخشىنى ئۆز ئارىسىغا سۆرەپ كېلىپ، ئانىقاق ساقلاتقۇزىدۇ.

---

① كۆيەك توپ — توم يىپ بىلەن يۆگىلىپ، رەڭلىك يىپ بىلەن كۆز چەقىرىپ تورلىنىپ تىكىلىدىغان بىر خىل توپ. ئۇ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنلەر ئارىسىدا تاختاي بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدۇ.

كۆيەك توپ ئويۇنى تۈگىسەگەن هامان بىرەرىنىڭ ئۆيىگە ئەكىتىشىدۇ.

كۆممىتوناق باشاقلىرى خامانغا يىغىلغان چاغ ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. كىمكى نۇرەك باخشىنى خامىنىغا تەكلىپ قىلىپ كېلەلىسە، شۇ كىشىنىڭ خامىنىدىكى باشاق بىر ئاخشامدىلا سويۇلۇپ تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ سىرلىق، قىزىقارلىق ھېكايە، رىۋايەتلىرىنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن خامانغا يىغىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك باشاق سويۇپ بولغانلىقىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

بۇ ياۋاش، مۆمىن كىشىنىڭ ھېچقانداق كىرىمى يوقلۇقىنى بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل خامان ئىگىلىرى ئۇنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. ساپسېرىق قوناق ياكى تېرىق بىلەن تولدۇرۇلغان تەكىيە چوڭلۇقىدىكى بۆز خالتا ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۇ گويا بۇ دانلارنى بىرەر ساخاۋەتچىدىن بىكارغا ئېلىۋاتقاندەك ياكى ھەدىيە تاپشۇرۇۋېلىۋاتقاندەك قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ، تەزىم قىلىدۇ، قولى ئۇچۇق خامان ئىگىسىنىڭ بەختىنى تىلەپ، چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا بېرىدۇ. قولى قىسقا، رىۋايەتخۇمار كىشىلەرمۇ نۇرەك باخشىنىڭ ياردىمىگە ھەر زامان مۇيەسسەر بولالايدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر چاقچاقلىرىنى ھار ئېلىپ تە بولغان ياكى مەتە① دە تەڭ كېلەلمىگەنلەر ئاغزىنى بۇزغانلىرىدا «پالاندى»، «مۇغا»② دېگەندەك ئاھانەتلىك سۆزلەرنى ئىشلەت-

---

① مەتە — يەرلىك شىۋە، چاقچاق مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

② مۇغا — بىر خىل ياۋايى ھايۋان، كۆپىنچە بېدىلىكلەردە بولىدۇ، چىرىدىلىكلەر ئارىسىدا «دامىكۇلۇقلار تارىختا قۇم، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلى ئۈچ قېتىم كۆچۈپ، ھازىرقى ئورنىغا كېلىپ قالغان، تۆتىنچى قېتىم كۆچسە ئادەملىرى مۇغىغا ئايلىنىپ كېتەر ئىمىش» دېگەن ئەپسانە تارقالغان. شۇڭا بەزىلەر دامىكۇلۇقلارنى چاقچاق قىلىپ «مۇغا» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپمۇ قويىدۇ.

كەندىلا ئاندىن كىشىلەر نۇرەك باخشىنىڭ 19 - 20 يىللار بۇرۇن دامىكۇ يېزىسىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى يادىغا ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭ سەرگەردان بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ ھېلىغىچە ئۆيلەنمەي يۈرۈشى بىلەن باغلاپ قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەر بۇ توغرىدا: «نۇرەك باخشى يىگىتلىك چاغلىرىدا ناھايىتى قاملاشقان، راۋابنى بۇلبۇلدەك سايرىتىۋېتىدىغان بالا بولغاچقا، بىر باينىڭ قىزىغا يېقىپ قاپتىكەنمىش، ئۇمۇ باي قىزىنى ياقتۇرىدىكەنمىش. بىراق، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا نۇرەك باخشىنىڭ يالغۇز ئانىسىمۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قوشۇلماپتۇدەك، ئاخىر باشقا بىر باي ۋەچچىگە زورمۇزور ياتلىق قىلىنغان قىز توي ئاخشىمى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. باي بۇ ۋەقەنى نۇرەك باخشى بىلەن باغلاپ، ئۇنى تازا دۇمبالاپ يېرىم ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئۆيىگە بارسا قېرى ئانىسى ئاللىقاچان ئۆزگەنىكەن. ئۇ ئاخىر ئانىسىنى دەپنە قىلىپ، يالغۇز بېشىنى ئېلىپ دامىكۇدىن چىقىپ كەتكەنىمىش» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىشاتتى. بۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئايرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان نۇرەك باخشى لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالاتتى. ئۇ، دەسلەپتە بۇ يۇرتتا پەيدا بولغان چاغلىرىدا توختى غوجىكامنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن، راۋاب چېلىپ، نۇرغۇن قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىغان ئاق ئۆچكىسىنى ئويىنىتىپ تاپقان ئازراق كىرىمى بىلەن بۇ باققۇچىسى يوق تېرىسنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان. توختى غوجىكام قازا قىلىپ، ئۇنىڭ روزىغارىغا يىراق تۇغقىنى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇ زاراتگاھلىق يېنىدىكى ۋەدەكلىك ئۆيىنى سېلىۋالغاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ، بۇ يەردە تىككەندەك يالغۇز ئىدى. ئەجدادىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ كەلگەن پۇقرالارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان يەرلىرى بارا - بارا باي - بەگلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولغان يەردە، بۇنداق «كەلگۈندى» ئالقانچىلىك تېرىلغۇ يەرگە ئېرىشەلىسۇنمۇ؟

زامان كۈندىن - كۈنگە ئەسكىلىشىپ، يۇرت خارابىلىققا، پۇقرا نامراتلىققا يۈزلەندى. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە قۇرغاق - چىلىق، تەڭسىزلىك ئاپىتىدىن قاقشاپ يۈرىدىغان دېھقانلارنىڭ خامىنىغا تۆت تاغارمۇ باشاق يىغىلمايتتى، كىشىلەر ئويۇن - تاماشا، قىزىقچىلىق دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئۇچىيىنى ئۈزگىدەك قىزىق چۆچەكلىرىنى، شوخ راۋاب پەدىلىرىنى ئاڭلايدىغانلار، ئەقىللىق ئۆچكىسىنىڭ راۋابقا كەلتۈرۈپ ئوينىغان ئۇسسۇلىنى، ئىككى ئاياغلىق ئۆرە تۇرۇشىنى تاماشا قىلىپ بىرەر يېرىم نان، بىرەر يارماق تاشلاپ بېرىدىغانلار يوقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتتى. يەنە كېلىپ يېشىمۇ ئۇلغىيىپ قالدى.

تىرىكچىلىك ھەۋىسى، كۈننىڭ سىرىدىنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆپرەك كۆرۈش ئارزۇسى كىشىنى ھەر كويلارغا سېلىپ، ھەر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن.

نۇرەك باخشى قىقلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىر تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ خېلى ئەپلىك بىر چارىسىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە رەھمىي كەلگەنلەرنىڭ كېپىچىسى بىكار تۇرىدىغان ئېشىكىنى سورىۋېلىپ، توزاقچى سېيىدىن تۇز توشۇپ كېلەتتى، ئەكەلگەن تۇزنىڭ يېرىمىنى ئېشەك ئىگىسىگە چۇشۇرۇپ بېرەتتى. قالغىنىنى ۋەيرانە ئۆيىنىڭ بۇرجىكىگە يىغىپ، بازار كۈنلىرى تۇز بازىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى، بەزىدە ساتىراشلىقمۇ قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاغرا بولسىمۇ ئاچ قالمايدىغان، ما كىيىسىمۇ يېڭىلىق يۈرمەيدىغان بولدى، كۆرگەنلا كىشىگە ماخ تىنىپ، رەندىلەنمىگەن تاختايدەك قاتتىق مەيدىسىگە ئۇرۇ تۇرۇپ:

— چىرىيىدە ئابلىزقارى ئەمەس، مەن چوڭ، ئىشەنمە سەڭلار ئويلاپ بېقىڭلار، پۈتۈن يۇرت پۇقرالىرى پېقىرنىڭ قولىدىن تۇز يېۋاتىدۇ، پېقىر بارچە پۇقرانىڭ بېشىنى سىيلا ۋاتىدۇ! گېپىم يالغان بولسا، بىرنېمىدەپ بېقىڭلار قېنى؟ - دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى.

ئۇنىڭ چاقچىقىنىڭ تېگىگە يەتكەن كىشىلەرنىڭ چىرايى دا كۈلكە پەيدا بولاتتى. بەزىلەر ئۇنى ئالمان - تالما ئاگاھلاندۇرۇپ:

— «كېچىسى گەپ قىل قولاقنى قولاققا يېقىپ، كۈندۈز گەپ قىل يان - يېنىڭغا بېقىپ» دەپتىكەن، بۇ گەپنى ئابلىز قارىنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن، — دەيتتى

ئەمما، نۇرەك باخشىنىڭ ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ئاگاھتىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. «جان بىر، قوۋۇرغا ئونسەككىز ئالسا كونا ئۆيۈم بىلەن تۆت - بەش پارچە تۇزنى ئالار» دەپ يولىغا كېتىۋېرەتتى.

تۈنۈگۈن قاش قارايغان مەزگىلدە مەھەللىدىن ئايرىلغان نۇرەك باخشى يېرىم كېچە بولغاندا تۇزلۇق سايغا يېتىپ كەل دى - دە، تۆت ئاي مۇقەددەم تىكلەپ قويغان قارا تاشنى ئاسانلا تېپىۋالدى. ئۇچىدا يۇلغۇن ئۆسكەن ئۆي ئېگىزلىكىدىكى كىچىك دۆڭنىڭ يېنىغا توغرا كېلىدى غان بۇ يەر كىشىلەر ئادەتتە تۇز كولايدىغان جايدىن خېلى يىراقتا بولسىمۇ، لېكىن تۇزى پۈتۈن ۋە ناۋاتتەك سۈزۈك ئىدى. باشقىلاردىن ئارتۇقراق جاپا چېكىدىغانلىقى ئۈچۈنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرەك باخشىنىڭ تۈزى ئۇ بازاردىن بۇ بازارغا ئېشىپ قالمايتتى.

ئۇ چولاق كەتمىنى بىلەن بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يوغان ئۈچ پارچە تاشتۈزنى قومۇرۇپ چىقاردى - دە، چامبۇل ئېشەككە ئارتىپ، مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

كەپتەر تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى شېغىل بىلەن قاپلانغان ساي تىك ئۆرلىگەن تولۇن ئاينىڭ سوغۇق نۇرى ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ ۋە پايانسىز بولۇپ كۆرۈنەتتى. يىراقلاردا چەمبەرسىمان قارىيىپ تۇرغان ئۇپۇق سەتھى پۈتۈن ساينى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازان ئاستىدا تۇرغاندەك يۇملاق كۆرسىتەتتى. كۆز كۈنلىرىدىلا بولىدىغان سۈزۈك ئايدىڭ ئاسمان گۈمبىزىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئاپئاق شايى پەردىنىڭ كەينىگە يوشۇرغان، پەقەت شالاڭ مېۋە تۇتقان بىر ساپاق ئۈزۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھۈكەر يۇلتۇزىلا ئۆز يېنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي بىلەن ئۈزەڭگە چېقىشتۇرماقچى بولغاندەك جىمىرلاپ تۇراتتى. ئالەمدىكى ئۆمرىنى تامام قىلىپ، ھاۋا قاتلىمىغا بۆسۈپ كىرگەن ئاقار يۇلتۇزلار كۈمۈشتەك ئىز قالدۇرۇپ، ئاسمان - زېمىننى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرغان ئوت ئارغامچىدەك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلاتتى.

ساي سوغۇق ۋە جىمجىت ئىدى. كونا كورەك جۇۋىسىنى مەھكەم يۆگىنىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇۋالغان نۇرەك باخشى ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن يولدا قىلىيورغىدەك يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى. ئېشەكنىڭ ئايىغى ئاستىدىنلا ئۇچۇپ چىققان تورغايلار، يۇلغۇن تۈۋىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان ساي چاشقانلىرى تۈن نىسپىسى بولغاندا ئادەمزاتسىز سايدىن قورقماي ئۆتۈپ

كېتىۋاتقان بۇ يولۇچىغا ۋەھىمە سالالمايتتى.

نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىلىرى تەنها يول يۈرۈش نۇرەك باخشىغا باشقىچە بىر ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ئۇ كەڭ سايدا يالغۇز كېتىۋاتقىنىدا ئۆزىنى شۇنچە ئازادە ۋە ئەركىن ھېس قىلاتتى. ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغانسېرى كۆكسى كېڭىيىپ، ياشىرىپ قالغاندەك، پۈتكۈل زېمىندا بىر ئۆزى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى-دە، ياشلىق چاغلىرىدىكى تاتلىق ئەستىلىكلەرنى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزەتتى. قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان ۋە جامائەت بار يەردە ئېيتقىلى جۈرئەت قىلالمايدىغان شوخ ناخشىلار ساي ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى...

زوھور ۋاقتىغا يېقىن قۇرۇپ كەتكەن قاغىلىق ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چوڭ يولغا كەلگەندە، نۇرەك باخشى گۇلاخما تەرەپتىن كېلىۋاتقان رەۋەندىلەرگە يولۇقۇپ قالدى-دە، ئادەتتى بۇزۇپ، كېچىلەپ يول يۈرگەن رەۋەندىلەردىن قىزىقىپ سورىدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم كارۋان بېشى، بىقارار يولغا چىققان بىلەن ئېشەك-قېچىرلىرىڭلارنى ھاردۇرۇپ قويىسىلەر، ئەمدى چىرىيە بازىرىغا چۈشەرسىلەر؟!

تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان بۇ جىنەدەك يالغۇز يولۇچىدىن گۇمانسىراپ ئالاقزادە بولغان رەۋەندىلەر ئېشىكىنىڭ بويىنىدىكى كولدۇرمىلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى ۋە ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ ھالنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن نۇرەك باخشى:

— ھەرقايسىڭلار دامىكۇدىن كېلىۋاتامسىلەر، دەڭنى بىلمىسەڭلار باشلاپ بارايمۇ؟ — دېدى قىزغىنلىق بىلەن.

ئەسلى ئۇ، بۇ رەۋەندىلەرنى دامىكۇ كەنتىدىن كېلىۋاتسا كېرەك، بىرەر تونۇش ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسام ئەجەب ئە-

مەس، دەپ ئويلىغانىدى.

بىرەيلەن نۇرەك باخشىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ئۈستىبېشىغا بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. ئارقىدىنلا بىر چەتتە ياۋاشلىق بىلەن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۇرغان چامبۇل ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان تاشتۇزنى كۆردى-دە، يۈرىكى جايىغا چۈشتى بولغاي، ناتونۇش يولۇچىنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ:

— كىرىيىدىن بوغازلەڭگەرنىڭ ئۈزۈمىنى ئېلىپ ئىلچىگە يولغا چىققانىدۇق، تۈنۈگۈن گۇلاخما بازىرىغا كەلسەك، بازاردا تىجارەتمۇ توختاپتۇ، كوچىدىمۇ ئادەمزات يوق. بىر تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇق. كىرىيىدىن چىرىيىگە كېلىدىغان چېرىكلەر گۇلاخما بازىرىغا كېلىپ چاجاڭ قۇرغانىكەن. بىزمۇ ئەسلىدە گۇلاخمادا بىر كېچە قونماقچىدۇق. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا مېلىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراتمايلى دەپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق، — دېدى.

ئۇلار چېرىكلەرنىڭ ئەڭ كېچىككەندە بۈگۈن چۈشتە چىرىيىگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ تاڭ ئاتقۇچە چىرىيە دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بولۇپلا، ئېشەك، قېچىرلىرىنىڭ ساغرىسىغا شەپقەتسىزلىك بىلەن قامچا ياغدۇرۇپ، خىت دېسە خىت دەپ كېتىپ قالدى.

رەۋەندىلەر ۋە ئېشەك كارۋىنى توخۇ ماڭغانچىلىكمۇ شەپە چىقارماي ئىلچى يولىغا بۇرۇلدى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى. لېكىن ئۇلار قالدۇرغان مەلۇمات نۇرەك باخشىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن پارتلاش ئاۋازىدەك توختاۋسىز جاراڭلىماقتا ئىدى.

«چېرىك كەلدى دېگەنلىك ئاپەت كەلدى دېگەن گەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالا-قازا كەلدى دېگەن گەپ. ئۇلار يۇرتداشلارنى قىڭغىرقاق-
شىتىدۇغۇ ئەمدى» دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن
ئۆتكۈزگەن نۇرەك باخشى ھېچ ئىككىلەنمەيلا تارتقۇ ئارغام-
چىنى يېشىۋەتتى. تەڭنە چوڭلۇقىدىكى ئۈچ پارچە تۇز يۇم-
شاق توپىلىق يولغا خۇددى بىرۋ مۇدۇرۇپ، ئورنىدا چۈشۈپ
كەتكەندەك، «گۇپپىلا» قىلىپ چۈشتى.
ئۇ تۈكلىرى چۈشۈپ، داسلانغان ياغاق تېرىگە ئوخشاپ
قالغان تەلپىكىنى ئېلىپ قايناۋاتقان قۇم قازاندەك بۇس
ئۆرلەپ تۇرغان بېشىنى، تامچىلاۋاتقان تەرىنى
سۈرتتى-دە، تەلپىكىنى قوينىغا تىقىپ، بېلىگە باغلى-
ۋالغان شويىنىنى چىگىشتۈرۈۋالدى. ساغرىسىغا تۈك توزىتىپ ئۇرۇل-
غان ھۆل چىۋىقنىڭ زەربىسىگە چىدام بېرەلمىگەن چاپبۇل
ئېشەك كەينى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىچاڭشىپ قويدى-دە،
ئۆستەڭگە چەبدەسلىك بىلەن تاشلانغان ۋاقىتلىق ئىگىسىنى
ئېلىپ مەھەللىگە قاراپ بار كۈچى بىلەن چاپتى.
«چېرىكلەر كېلىدىكەن» دېگەن ئەندىشىلىك خەۋەرنى
ئاڭلاپ، قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك سارىسىمىگە چۈ-
شۈپ، قوشخانىغا سۆرەپ كېتىلىۋاتقان قويدەك داد-پەرياد
چېكىپ، ئەجەل سائىتىنى كۈتۈۋاتقان بەختسىز يۇرتداشلىرى-
نىڭ تەقدىرى نۇرەك باخشىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنمەكتە
ئىدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا «ئۇلۇغ خۇدا، چېرىك ئەۋەتكۈچە
ۋابا ئەۋەتسەڭمۇ سەندىن يەنىلا رازى بولار ئىدۇق» دەپ
ئاھ ئۇرغانلارنىڭ كۆز يېشىنى ئۆز قولى بىلەن سۈرتۈپ
قويغانىدى. تۇغۇلغان يۇرتىغا بىر بېشىنى سىغدۇرال-
ماي پاناھلانغۇدەك يەر ئىزدەپ يۈرگەنلەرنى كۆرگەندىن
كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەزىز
جېنىنى ئەل يولىدا قۇربان قىلىشقا قەسەم قىلىپ، بىلەپ،

www.uyghurkitap.com

تەييارلىغان خەنجىرىنى كورەك جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ يۈرگىنىگە بىرەر ھەپتە بولغان. شۇڭا، ئۇ قىساس سائىتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئەقىل-پاراسەت بابىدا نى-نى بىلەرمەنلەردىن ئۈۋەن تۇرمايدىغان بۇ ئادەم چىرىيىدىگە قاراپ بېسىپ كېلىۋاتقان يەجۈجى-مەجۈجلەرنىڭ ئاپىتىدىن يۇرت خەلقىنى تېزرەك خەۋەرلەندۈرۈپ، چوڭراق قىساس ئېلىش كويىدا، قاراشەھەر ئاتلىرىدەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئېشىكىنى ھەدەپ دېۋىتەتتى. تەقدىر ئۆزىگە قانات ئاتا قىلمىغىنىغا تىت-تىت بولاتتى.

ئۇ زاراتگاھلىقتىن ھېچ ئەيمەنمەي كېسىپ ئۆتۈپ، جىندەك يېگانە قىيسىيىپ تۇرغان ئۆيىگە كەلدى-دە، ئېشەكنى باغلاشنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشىكنى ئاچتى. بۇلۇڭدىكى لاققا-لۇققىلار ئارىسىدىن تۆكمەنچىلىك قىلغان دادىسىدىن قالغان بىردىنبىر مىراسىنى — ئۆز ۋاقتىدا كارامىتىنى تازا كۆرسەتكەن مۆڭگۈز بۇرغانى تېپىۋالدى، ئۆگزىگە چىقىپ بار كۈچى بىلەن پۈۋلىدى.

«دۈت... دۈت... دۈت...»

بۇغۇق، ئەمما بوم بۇرغا ئاۋازى سۇۋۇپ كەتكەن سەھەر ھاۋاسىنى تىترىتىپ، ئۇزاق-ئۇزاقلارغا تارقالماقتا، تۆت تەرەپكە يېزىلىپ، مەھەللە-مەھەللىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقان نۇرەك باخشى بۇرغا ئاۋازىنى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرمەكتە ئىدى. بىشەكشىرىن قوغىنىدەك ئېسىلىپ كەتكەن قوۋۇزلىرى پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر بىلەن ھۆللەنگەن، گۆرەن تومۇرلىرى ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىزارغانىدى. تۆمۈرچىنىڭ يەل توشقان كۆيىدەك كېڭەيگەن كۆكرەك قەپىسىگە تولغان ھاۋا بۇرغا ئارقىلىق چۆچەكتىكى باھادىرلارنىڭ تارتقان نەرىسىگە ئايلىنىپ، بىنىھايەت كۈچ-

لۈك سادا ھاسىل قىلماقتا ئىدى. بۇ سادادىن تىترەپ كەتكەن ئۆششۈك كاۋا يوپۇرماقلىرى بەستىدە مەرۋايىتتەك چاقناپ، لىغىرلاپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرىنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

سەھمىي ئاگاھ، مەردانە چاقىرىق، قورقۇنچلۇق خەۋەرنى يۈكلەپ تارقالغان ئاۋاز توغرىقبېغىل زاراتگاھلىقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ باردى. سەھەر جىمجىتلىقىغا ئەسىر بولغان بازار ئاسمىنىمۇ دىر-دىر تىترىدى...

— ھوي دادىسى، قۇلاق سالسىلا، بىر كىم بۇرغا چېلىۋاتىدۇ-يا؟

چۈشىدە ئامراق ئوغلى بىلەن مۇڭدىشىپ، چالا ئۇيقۇدا ياتقان چىنارئايىم ئالدى بىلەن ئويغىنىپ بۇرغا ئاۋازىنى ئىلغا قىلدى-دە، ئېرىنىڭ بىلىكىنى ئاستا مىدىرلىتىپ تۇرۇپ دېدى.

مۇھەممەتئەلىنىڭ خېتىدىكى ھەر بىر جۈملە ئۈستىدە قايتا-قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ چىققان سۈپۈرگەئاخۇن ئەمدىلا تەكىيىگە يانپاشلاپ، كۆزىنى يۇمغانىدى.

ئۇ ئايالىنىڭ پىچىرلاپ دېگۈدەك چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بېشىنى كۆتۈردى ۋە سەل زەن قويغاندىن كېيىن:

— راستىنلا بۇرغىنىڭ ئۈنىغۇ بۇ، — دېدى-دە، يەكتىكىنى يېپىنچاقلاپ، ئىشىك تاشقىرىغا چىقتى.

ئۇ بۇرغا ئۈنىنىڭ توغرىقبېغىل مەھەللىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

«بۇ نېمە ئىشتۇ؟ يا توغرىقبېغىل تەرەپتە تۆگمەن بولمىسا، بۇرغا چېلىپ ئوينايدىغان بالىلار بۇنداق سەھەردە

www.uyghurkitap.com

نېمە ئىش قىلسۇن؟» — دەپ ئويلىدى ئۇ ئەجەبلەنگەن هالدا. سۈپۈرگەئاخۇن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ يەنە قۇلاق سالدى. ئاڭلىدىكى، توغرىقبېغىل تەرەپتە خورازلار ۋاقىتسىز قىچقارماقتا، ئىتلار قۇلىقىنى تولغىغاندەك قاۋاشماقتا ئىدى. ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىپ، يېپىلغان ئاۋازىمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالاتتى. كۈنچىقىش تەرەپ ئەمدىلا بېلىق قورسىقىدەك ئاقارغىنىغا قارىماي، ئېشەكلەر هاڭرىشاتتى، كالىلار مۆرىشەتتى.

هەدەپ كۆچىيىۋاتقان بۇ ئاۋازى ئەتىيازنىڭ يامغۇرلۇق ئاسمىنىدا گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق ياڭغۇ بېرەتتى. سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان بۇ سادانىڭ قات-قاتلىرىغا قانداقتۇر تاسادىپىيلىك يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

— مەن توغرىقبېغىل تەرەپكە بېرىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلەي، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دېدى سۈپۈرگەئاخۇن قۇلىقىنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە توغرىلاپ تۇرغان ئايالىغا بۇرۇلۇپ.

چىنارئايىم ئېرىنىڭ خاهىشىغا نارازىلىق بىلدۈرمىدىيۇ، بەك ئۇزاپ كەتمەسلىكىنى، يولدا پەخەس بولۇشىنى جېكىلەپ قويدى.

مىراب بېگى تويا بىلەن توغرىقبېغىل چېگرىسىدىكى سەگۈ تېرەك يېنىغا بېرىشىغىلا، يامانلاپ ماڭغان خوتۇندەك بوپىسىنى قولتۇقلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىتتىك كېلىۋاتقان ئىككى كىشىگە دوقۇرۇشۇپ قالدى. توغرىقبېغىللىق تۇرسۇنمەت لاپچى بىلەن شېرىپ قۇلاق «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن تورلۇق ئاۋازىدىنلا ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ مىراب بېگى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى، يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، چوڭ بىر تىنىۋالدى.

— بۇنچە سەهەردە سەپەر قاياققا؟

ئۇلار: «سەن گەپ قىل، سەن دە» دېگەندەك بىر-بىرىنى نوقۇشۇۋالغاندىن كېيىن، شېرىپ قۇلاق دۇدۇقلاپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— نۇرەك باخشىنىڭ بۇرغىسىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ بېگىم، چېرىكلەر كېلىۋېتىپتۇ...

— نېمە دېدىلە؟

— چې... چې... چېرىكلەر كېلىۋېتىپتۇ!

— قەيەردە كېلىۋېتىپتۇ؟

— تۈنۈگۈن كېچە گۇلاخمادا قونۇپتۇ. ئاش ۋاقتىغا قالمايلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈدەك.

تۇرسۇنمەت لاپچى سوپۇرگەئاخۇننىڭ سوئالىغا تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى. سوپۇرگەئاخۇن ئۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرئاز جىددىيلەشتى، تۇرسۇنمەت لاپچىنىڭ بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ يەنە سورىدى:

— چىنپىششىق گەپ قىلسىلا تۇرسۇنمەتئاخۇن، چېرىكلەرنىڭ گۇلاخماغا كەلگەنلىكىنى كىم كۆرۈپتۇ، بۇ گەپنى سىلىگە كىم دېدى؟

— كىم... كىم... كىم دەيتتى...

تۇرسۇنمەت لاپچى ھەمراھىنىڭ تولا ۋالاقلاپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سەپىرىگە ھالاقىت يەتكۈزۈشىدىن قورقتىمۇ، ئۇنىڭ بېقىنىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى نوقۇپ قويدى.

— نۇرەك باخشى تۈزغا بارغانىكەن، قايتىپ كېلىشىدە ئۇچراپ قالغان رەۋەندىلەر شۇنداق دەپتۇ. بۇرغىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپلا نۇرەك باخشىنىڭ يېنىغا باردىم. بۇ گەپنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

سوپۇرگە ئاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قوشۇمىسى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇلدى، ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئەربكە ئېگىلگەن تولۇن ئاينىڭ ئاجىز شولىسىدا دىرىلدەپ تىترىگىنىچە بوپىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان ئىككىيلەنگە قاراپ:

— نەگە ماڭدىڭلار مۇشۇنچە قورقۇپ؟—دېدى.

— جېنىمىزنى جايلىغىلى بېگىم.

توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىچارىلەرنىڭ قىياپىتىگە ئېچىنغان مىراب بېگى:

— «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل» دېگەن گەپ بار، ئاغىنىلەر، چېرىكلەر كەلسە قېچىپمۇ قۇتۇلالمايمىز، يۇرتنى ئوت ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ قېچىپ يۈرۈش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس.ئالتە تولۇك-تولۇك چېرىكتىن قورقتۇق دېگىلى نومۇس قىلىڭلار...

— ئەمدى ... ئەمدى ... چېرىكلەر سىلى دېگەندەك ئالتە بولسىغۇ ...

ئۇلار مىراب بېگىگە تەزىم قىلغاچ كەينىچە مېڭىپ، جاڭگال يولىغا سۈرۈلگىلى تۇردى. بۇ ھال سۇپۇرگەئاخۇننىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىۋەتتى.

—ئىست، ئاتاڭلارنىڭ سىلەرنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقىنى. مەن ئەركەك دەپ بېلىڭلارنى باغلاپ يۈرگۈچە، ياغلىق ئارتىۋالساڭلار بولماسمىدى، توخۇ يۈرەكلەر!

— ئەمدى ... ئەمدى ...

سۇپۇرگەئاخۇن ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەي دېدى. ھەننىۋا يۇرت جامائىتىنىڭ بۇ قورقۇنچاقلاردەك لەقۋا ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، نۇرەك باخشى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ خەۋەرنىڭ قانچىلىك راستلىقىنى بىلىپ كەلمەك بولۇپ، بۇرغا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ 200 قەدەم ماڭمايلا قازان-قومۇچلىرىنى ئېشىكىگە يۈكلەپ، خۇرجۇن-خالتىلىرىنى يۈدۈپ، ماڭالايدىغان

قېرى - چۈرىلەرنى يۆلەپ - يېتىلەپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىنىڭ ئالدىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھوشۇر قاغا، ناسىر ئاتقۇچىغا ئوخشاش ياپ-ياش يىگىتلەرمۇ بار ئىدى.

مىراب بېگى ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن قەستەن سورىدى:

— قەيەرگە كېتىپ بارىسىلەر، قاق سەھەردىلا يولغا چىقىپسىلەرغۇ؟

تۆت - بەش كىشى ئىشەكلىرىنى تارتقۇشلاپ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ھەيدىدى - دە، مىراب بېگىدىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يولىنى داۋام قىلدى. مىراب بېگى بىلەن يۈزمۇ يۈز دوقۇرۇشۇپ قالغانلار ئامالسىزلىقتىن جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— قەيەرگە بولاتتى بېگىم، چېرىكلەر كېلىۋېتىپتۇدەك، شۇڭا، جاڭگالغا پاناھلانغىلى كېتىپ بارىمىز.

— ھەممىڭلار ئەل - يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتسەڭلار يۇرتنى كىم مۇھاپىزەت قىلىدۇ، قېرى - چۈرىلەردىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

— يۇقسۇ بېگىم، كىمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتنى تاشلاپ سەرسان بولغۇسى بار؟ لېكىن چېرىكلەر بۇ دوراممۇ قەتلىئام قىلىپ قالسا جاننى ساقلىماق تەسكە توختايدۇ. شۇڭا ئىلاجىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئەل - يۇرتنى خۇداغا ئامانەت قىلدۇق. ئامان بولساق يەنە قايتىپ كېلەرمىز...

— نۇرەك ئاكامنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا يىغىلغان جامائەت ئۆزلىرىنى سېپىت ھاجىنىڭ پاناھىغا ئېلىشنىڭ پارىڭىنى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ھوشۇر قاغا ھەمراھىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — بىزنىڭ پۈشتىنى بىلمەيدىغان ياقا يۇرتلۇققا يالۋۇرۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈنلا چۆل سەپىرىنى خالاپ قالدۇق، ئۆزلىرىنىڭ بىزدەك گۇناھكار پۇقرالارنى ئەيىبكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇيرۇماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمىز بېگىم. خوش ئەمىسە، خۇدا يەنە سالامەت ئۇچرىشىشقا نېسىپ قىلار، مۇبادا چۆل - جەزىرىدە ئۆلۈپ - تارتىپ قالساق رازى بولارلا، بىز سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى جىق كۆرگەن ...

مىراب بېگى ئۇلار بىلەن قول بېرىشىپ خوشلاشتى. ھوشۇر قاغىنىڭ كۆزىدىن تامغان ئىسسىق ياش قول دۈمبىسىگە كېلىپ چۈشۈشى بىلەنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، يۈرىكى بېگىز سانجىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانىنى تاشلاپ چۆل - جەزىرىلەردىكى يانتاق، قورايلار ئارىسىدا ياۋايى ھايۋاندەك ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرغان سۈپۈرگەئاخۇن ئەمدى نۇرەك باخشى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، سەپەر بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدىغان چىغىر يولغا راۋان بولدى.

## 17. غەلىتە باشپاناھلىق

مايسارەڭ كاھىشلىق ھەيۋەتلىك قۇببىسى كۆككە تاقىشىپ تۇرىدىغان ئاق مەسچىتتە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى بۇرچىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئادا قىلىپ كەلگەن چولاق مۇئەززىننىڭ ئەجەل قايغۇسى يۇرت بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندىمۇ بەندىلەرگە بۇيرۇلغان مۇقەددەس نامازنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمىدى. مۇبادا ئەزان ۋاقتى - قەرەلىدە ئوقۇلماي قېلىپ، بەندىلەر نامىزىنى قازا قىلىۋەتسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ پاسىق، گۇناھكار بەندىگە ئايلىنىپ، روزى قىيامەتتە دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىدە ھەق جازانىڭ چوڭىغا گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى

بىلەتتى. قالغان ئۆمرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنكاپىتا ئولتۇرۇپ، دۇئا تەلەپ قىلغان بىلەنمۇ ئاللانىڭ بۇنداق ئېغىر گۇناھنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى.

360 كۈن تەرەتسىز يەرگە دەسسىمەيدىغان بۇ مۇئەززىن قوشنىلىرىنىڭ ئاللا-تۇۋىسى تەسىر قىلىپ قورقۇمسىراپ قالغان بالا-چاقىلىرىنى پەپىلەپ، تىنچىتىپ قويدى ۋە تەرەت يېڭىلاپ، قانداقتۇر بىر سۈرىنى تەكرارلىغاچ، مەسچىت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

سەھەر ھاۋاسى ھېلىلا قار ياغىدىغاندەك تۇتۇق ۋە سوغۇق ئىدى. بىر كېچىدىلا يۇرت ئىچىنى ئارىلاپ بولغان ئوغرى ئۆششۈك كاۋا-قاپاق يېلەكلىرىنى داتلاشقان تۆمۈردەك قارامتۇل رەڭگە كىرگۈزۈپ، يوپۇرماقلارنى تامامەن سولاشتۇرۇۋەتكەن، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدا كۆكلىگەن چىملارمۇ تىغ بىلەن قىرغىن قىلغاندەك سوۋارسىغا يىقىلغانىدى. دەل-دەرەخ شاخلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىتەلەي يوپۇرماقلار يەر يۈزىنى مەھكەم باغاشلىغانىدى. مۇئەللەقتە قاپىقىنى تۈرۈپ، قورسىقىنى سىلىپ تۇرغان پارچە-پارچە ئېغىر بۇلۇتلار ھازىرلا يەر يۈزىگە يىقىلىپ، باغ-ۋاران ۋە ئۇچالىغ-تىنالىغلارنى مىجىپ تاشلايدىغاندەك تۆۋەنلىگەنىدى.

ئۆششۈك پەيدا قىلغان بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەر ۋە چاشقان تۆشۈكى ساراي بولغان پۇقرالارنىڭ قىيا-چىيالىرى مۇئەززىننىڭ يۈرىكىگە قىزدىق ياغ چاچقاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ يول ئۈستىدە توختاپ-توختاپ ئۆتتى-دە، تەرەپ-تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئاللاغا: «بەندىلىرىڭنى كاپىرلار ئالدىدا شەرمەنساز قىلمىغايسەن، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تېۋىنىپ قويدى.

يېشى يەتمىشلەرگە بېرىپ قالغان مۇئەززىن ئۆمرىدە بۇن-

www.uyghurkitap.com

داق يامان كۈنلەرنىڭ بىرقانچىسىگە شاھىت بولغانىدى. تېخى تۇنۇگۈنكىدەك ئېسىدە، ھىجرىيىنىڭ 1324 - يىلى رەجەپ ئېيىدا چىرىيە پۇقرالىرىنىڭ مەنچىلىك مۇشتۇمزورلىرىغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانى تالاپەتكە يۈزلەنگەندىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئېغىر مىنۇتلار ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ئۇ چاغدا مانجۇخان ئۈستىمىزدە زۇلۇم - ستەم قامچىسىنى ئوينىتقان زالىملارنى ئەدەبلەپ، چىداشلىق بېرەلمەي قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىسيانچىلارنى ئەپۇ قىلار، دېگەن خام خىيال مەلھىمى بىلەن بىخۇدلاشقان خەلقنىڭ بىرمۇنچىسى ئەزىز باشلىرىدىن جۇدا بولغان. تىرىك قالغانلىرىمۇ خۇددى جامالىدىن تۆمۈرچىدەك تۇتۇپ كېتىلگەنىدى. شۇ قىرغىنىدىن كېيىن «زالىمدا رەھىم يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى تونۇپ يەتكەن پۇقرا بۇ دورەم خام خىياللىرىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە چۆرۈۋېتىپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش تەدبىرلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى.

چولاق مۇئەززىن مۆمىن مۇسۇلمانلارنى بامدات نامىزىغا چاقىرىپ، بار ئاۋازى بىلەن ئەزان قىچقارغان بولسىمۇ، مەسچىتكە ئېلىشىپ قالغان ئىككى - ئۈچ تەلۋە نامازخاندىن ئۆزگە ھېچكىم كەلمىدى. ساخاۋەتچى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەجى بىلەن ئالەمگە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، ئەقەللىسى بىرۋاخ نامازمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان، قىرائەت ۋە مۇڭلۇق سۈرە ئاۋازى ھەرمەھەل ياڭراپ تۇرىدىغان بۇ مەسچىتنىڭ ئەمدىلىكتە بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغانلىقى مەزىنگە ئەلەم قىلدى. ئۇ ئەزانخاندىن سالماق قەدەملەر بىلەن چۈشۈپ مەسچىت ئىچىگە سەپسالدى.

تاناپتەك سەپراس بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، جەمىي ئىخلاسى بىلەن ناماز ئوقۇيدىغانلار دەسسەپ

تۇرىدىغان بورا، گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان مەسچىتتە تىنىمـ
سىز قالغان بوزدەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تىنىقى بوغۇلغان ئا-
دەمنىڭ چىرايىدەك كۆكىرىپ تۇرغان تاملار ھېچقانداق ئەكس
سادا قايتۇرمايتتى. «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن تەكبىر بىلەن
تەڭلا ھەق ئىگىسىگە تەزىم بىلدۈرۈپ، ئۇتلۇق ئىمان بىلەن مەنەن
ئىخلاسىنى ئىزھار قىلىدىغان نامازخانلار تۈگۈل، مېھراب ئالدىدا ئۆرە
تۇرىدىغان ئىمامىمۇ مۇقەددەس بۇرچىدىن باش تارتقانىدى.

نامازنى تەرك ئەتكەن، مۇسۇلمانچىلىقتىن باش تارتقان
بۇ يۇرتقا ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان ئاپەتتىن، جازادىن
قورقتىمۇ ياكى مەسچىت ئەنئەنىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ
قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدىمۇ، مۇئەززىننىڭ كۆزلىرىگە
ياش قاپلاشتى.

ئۇ، ئۆزى ئىمام بولۇپ، بارى - يوقى ئىككى نامازخان
بىلەن بامدات نامىزىنى ئادا قىلدى ۋە كۈپۈرلارنىڭ كۆڭلىگە
ئىنساپ، دەردمەن پۇقرالارغا ئاسايىش تىلەپ دۇئا قىلىپ بول-
غاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقتى، كۆڭلى قالغان مەسچىت
جامائىتىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، 200 قەدەمچە نېرى-
دا تۇرغان قەسىر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كۈن كۆتۈرۈلىدىغان چاغ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، قە-
سىر دەرۋازىسى تېخى ئېچىلمىغان، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى تە-
قەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئەللىك - ئاتمىشچە كىشىنىڭ كۆزلى-
رى قاپقارا ئېغىر قاناتلارغا تىكىلگەنىدى. كېچىچە ئۈششۈپ كەت-
كەن پېلەكلەردەك سولغان مىسكىن ئالامان دەرۋازا ئېچىلسا، ئۆزلى-
رىگە پاناھلىق ئىشىكى ئېچىلىدىغاندەك، بېسىپ كېلىۋاتقان ئاپەتلىك
كۈنلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن بىر يولىلا خالاس بولىدىغاندەك بىر-
بىرىنى جەينەكلىشىپ ئالدىغا سۈرۈلەتتى. بويىنىنى سوزۇپ
قارىشاتتى. ئۆرە تۇرۇشقا مادارى يېتىشمىگەن ياشانغانلار ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگە ـ چاقىسى يوق تۇل خوتۇن، يېتىم باللار قەسىر تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئېڭىكىنى تىزىگىنىچە شەپقەتچىسىنىڭ مەرـ ھەمىتىگە تەلمۈرمەكتە ئىدى.

ھىممەت قاشقا قەسىر پەلەمپەيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇۋېلىپ، بارماق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇشتۇمى بىلەن دەرۋازىنى ئۇرۇپ، دەرۋازىـ ۋەننى ھەدەپ تىللايتتى. بۇ يەردە ۋەدە قىلىنغان پاناھلىققا ئېرىشەلمەي، يۈگۈرگەندەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، مانجۇ لەشكەرلىرىنىڭ قىرـ غىنىغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقانلار گاھ ـ گاھ كەينىگە بۇرۇلۇپ يول ئېغىزلىرىغا، چىغىر يوللارغا قورقۇمـ سىراپ قاراپ قوياتتى.

بىراق، دەرۋازا قاناتلىرى ماغدۇر ـ ماجالسىز بىچارە ئاـ دەمنىڭ يېلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىغا، داد ـ پەريادىغا پىسەنت قىلـ ماي قاراپ تۇرغان باغرى قاتتىق ئادەمدەك، مىدىرلاپمۇ قويمايتـ تى. قاناتلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان ئىككى قارا ھالقا بېـ شىغا كۈن كەلگەن پۇقرالارنى مازاق قىلىپ ھىجىيىۋاتقان ياكى تىنچلىقنى بۇزدۇڭ، دەپ چەكچىيىۋاتقان كۆزلەرنى ئەسـ كە سالاتتى.

چولاق مۇئەززىن دۈگدەرىشىپ، شام تىكلىگەندەك تۇـ رۇپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىغا سىغدىلىپ كىردى ۋە ئۇدۇل كەلگەن بىر كىشىدىن سورىدى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ ئابلىزقارىم ياكى سېيىت ھاجىم سىلەرنى چايغا چىللاپتۇمۇ يا؟

ئۆزى تونۇلغان ئەزاننى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، ئۇلۇغ بامدات نامىزىنى قازا قىلغان ئىمانى سۇس كىشىلەرگە قارىتا نارازى بولغان مۇئەززىننىڭ تىكەنلىك ئىبارىلىرىدە خېلى تەـ

ئەددى بار ئىدى. ھېلىقى كىشى ئازراق ھودۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزىمىز قىيمىدى مۇئەززىن ئاخۇنۇم، ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى دېسەك ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەيلى دېسەك يەر قاتتىق. نېمە ئامال، ئاخىر سېيىت ھاجىمدىن پاناھلىق تىلەپ كەلدۇق.

— سېيىت ھاجىم پاناھلىق ۋەدە قىلغانمىدى؟

چولاق مۇئەززىن يەنە تەئەددى قىلدى.

— سېيىت ھاجىم بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە مېنى ئىزدەڭلار دەپتىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، - دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىرەيلەن گەپكە ئارىلىشىپ، — ھاجىمنىڭ دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىزغۇ؟

— غەلەت گەپ قىلماڭلار، بەندىنى بىر ئاللادىن ئۆزگە ھېچبىر ئىنسان پاناھىدا ساقلىيالمايدۇ. ئاللا بۇيرۇغان پەرزنى ئادا قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بىر بەندىدىن مەدەت تىلەشنىڭ ئۆزى كۇپۇرلۇق. ئاللاتائالا بەندىسىنى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلىغۇچىدۇر. بۇ توغرىسىدا ھەدىستىمۇ رىۋايەت بار...

— لېكىن، مۇئەززىن ئاخۇنۇم. ئاللا «يارىتىشتا مەن ياراتتىم، يارىلىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن ئىكەنمىش. بەندىگىمۇ سەۋەب قىلماق لازىم. ئامان بولساق بىر ۋاخ ناماز قازاسىنى 100 ۋاخ بىلەن تولدۇرۇۋالارمىز.

چولاق مۇئەززىن بۇ بىنامازلاردىن ئاچچىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چىقىرىۋالغىنى ئۈچۈنمىكىن، كېيىنكى گەپ قىستۇرغۇچىغا گەپ ياندۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئاغزىنىڭ ئۈچىغا كەلگەن: «باشقا بىر چارە بىلەن سەۋەب قىلماي، بىر يات تائىپىگە باش ئۇرغىنىڭلارنى قارىمامدىغان» دېگەن سۆزنى

www.uyghurkitap.com

تۇۋەتتى.

— ئېچكىردە سېپىيت ھاجىنىڭ ئۈنى چىقىۋاتىدۇ.

— كەينىڭلارغىراق تۇرۇڭلار جامائەت، قىستالماڭلار!

— ئەنە دەرۋازا شاراقلاۋاتىدۇ!

سۇنايلىنىپ ياتقان ھالسىزلار تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئۆرە تۇرغانلار ئالدىغا ئىنتىلىشتى. دەرۋازا ئۆتكۈن ئۆتكەندەك غارقىراپ ئېچىلدى. غوجىدار جاپپار موللىنىڭ رۇخستى بىلەن ھويلىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن پۇقرالار پاكىز، رەتلىك كېيىنىپ كۆزنى يۇمغان پېتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسۋى سىيرىپ تۇرغان سېپىيت ھاجىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ھاپىز مەخسۇم قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى گىدەيگەن، بېشى سەل - پەل قىيسايغان بولۇپ، يېرىم يۇمۇق كۆزىدىن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار بىلەن غايىبانە سۆھبەت قۇرۇۋاتقاندەك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئىككى ئىلىك يىگىلەپ، بىر ئاي قورساق ئاغرىقى تارتقان بىمارەك ئورۇقلاپ كەتكەن ئابلىزقارى سېپىيت ھاجىنىڭ كەينىدىنرەك ئورۇن ئالغان، خاتىپ بەگزادىمۇ ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا تال باراڭلىقنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇراتتى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى قەسىردە يۈز بېرىۋاتقان چۈشىنىكسىز ھادىسىلەردىن، مەخپىي پىلانلاردىن خەۋەرسىز ھالدا: «چېرىكلەر كەلسە، كەلگەندە كۆرمەمدۇق» دەپ بەخىرامان يۈرگەن ئابلىزقارى زوھور ۋاقتىدا چېلىنغان بۇرغا ئۈنىنى ئاڭلاپلا، چاكىرى رەھمەتنى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باققىلى نۇرەك باخشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى. «چېرىكلەر كەلگۈدەك» دېگەن خەۋەردىن ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس - تاماس قالدى. ھاپىز مەخسۇمنىڭ: «چېرىكلەر

كەلسە تاپشۇرۇلمىغان باج ـ خىراج ھېسابىغا قازناقلىرىنى قۇرۇقداپلا قالماي، ئۆي ـ ۋاقا، مال ـ دۇنيالىرىنىمۇ تارتىۋېلىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ خاتىپمۇ ئىشىنىڭ چىگىغا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. كەلگۈسىدىكى خوجايىنلىق ئورنىدىن ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيانىڭ مىراسخورلۇقىدىن كۆڭلىنى توق تۇتۇپ يۈرگەن بىلەن، ئەمدى قورقۇنچقا، ساراسىمىگە چۈشكەنىدى.

تاڭ سەھەردىن بېرى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىئارام بولۇپ، قازناقتىن قازناققا قاتراۋېرىپ ئابلىزقارىنىڭ بېشى تاشتەك قېتىپ كەتتى. ئاخىرىدا بىرەر ئەقىل كۆرسىتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپمۇ باقتى. ئۇنىڭدىنمۇ چىدىغۇسىز دەشنەمدىن ئۆزگە، بىرەر پايدىلىق مەسلىھەت چىقمىدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئوغلىنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھار كەلدى. مانجۇچە كىيىم ـ كېچەك كىيىپمۇ، ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەمنى ئاسمان-پەلەك لەپىلدىتىپمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر يەردىن ئۆلۈم خېتى كەلگەندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى ـ دە، ئاخىر سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ناله ـ زار قىلدى:

— مۆرۈۋەتلىك ھاجىم، بىر ئاللا ۋە بىر ئۆزلىرىدىن ئۆزگە ھېچقانداق يۆلەنچۈكۈم يوق. رەھىم قىلىپ كەمىنىلىرىنى باشپاناھلىققا ئالسىلا، ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان، ھوشۇقۇمغا چالما تىزىپ يۈرۈپ يىغقان دەپنى ـ دۇنيارىم تۈگىشىدىغان بولدى. خۇدا ھەققى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھەققى، باش ـ كۆزلىرىنىڭ سادىغىسى ئورنىدا پېقىرغا بىر يول كۆرسەتسىلە ...

تۆردىكى جاينامازدا كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان سېيىت ھاجى ناله قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ قايسى

www.uyghurkitap.com

سۆرىنى ئوقۇپ، نېمىلەرنى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى بىر ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەس ئىدى.

— قۇل دېسىلە قۇللىرى بولاي، ماڭغان يوللىرىنى كۆز يېشىم بىلەن نەمدەپ، ساقىلىم بىلەن سۈپۈرەي، قادىر ئاللا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ، 30 پارە قۇرئان ئالدىدا قىلغان سۆزۈمدىن تېنىۋالسام، قىيامەت كۈنى گۆرۈمدىن قارا يۈز قوپاي ...

سېيىت ھاجى مېھمانخانىغا ئىتتىك كىرىپ كەلگەن ھاپىز قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندىن كېيىنلا كۆزىنى ئاچتى، ئالدىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان ئابلىزقارىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئوبدان بىر قارىۋالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرۋازىنى ئېچىشقا ئىجازەت بەردى. دەرۋازا ئېچىلغاندا پۇقرالارنىڭ كۆرگىنى بايام تەسۋىرلەنگەن ھالەت ئىدى.

— ئەدەب ... ئەدەب ...

شامال سوققان قومۇشلۇقتەك داۋالغۇپ، قايناۋاتقان قازاندەك چۇرۇقلىشىۋاتقان جامائەت ھاپىز مەخسۇمنىڭ قول شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭلا تىمتاس بولۇپ قالدى.

— ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئەۋلىيالىق دەرىجىسىدە تۇرغان، يەتتە ئىقلىم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ھەممە ۋاقىئاتلاردىن خەۋەردار بولمىش سېيىت ھاجىم رەئىيەنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىيامەت بەختسىزلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئەمدى ھاجىمنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى.

ھاپىز خوجايىنىغا قاراپ بېشىنى قىيشايتىپ كۈلۈمسىرىدى. سېيىت ھاجىنىڭ كۆزى بىر تال يىپتەك ئېچىلدى. ئازاب ئوچىقىدا ئۆرتىنىۋاتقان ئادەمدەك، كۆكرەك قەپىسىنى چىڭ تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن:

— كىتابى ھەدىستە «ئاللاتائالا ھەر بىر ئىشتا ئۆز بەندىسىگە ياردەم بېرىدۇ» دېيىلگەن. ئاللا بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچىدۇر. مۈشكۈللىرىڭلارنى ئاسان ئەتكۈچىدۇر. يەنە بىر كىتابتا: «ئەگەر كىشىلەردە مەيلى پادىشاھلىق ھوقۇقى بولسۇن، ياكى باشقا مەنسەپلەردە تېگىشلىك مەرتىۋىدە بولسۇن، شۇ ھوقۇق ۋە مەرتىۋە نىسبىتىدە ئاجىزلارنىڭ، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بېرىشى پەرزدۇر» دەپتۇ. يەنە بىر ھەدىستە: «مۆمىن كىشىنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەنلىك يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ساۋاب جەھەتىدە ئادەم ۋە پەرىلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىگە باراۋەردۇر» دەپ قەيت قىلىنغان.

مانا ئەمدى، مۆمىن پۇقرالىرىمىزنىڭ ئەمىنلىك قۇياشى قانخور كاپىرلارنىڭ زۇلۇم بۇلۇتى بىلەن توسۇلۇپتۇ. كەمىنە مۆئمىنگە شۇنداق ئايان بولدىكى، كاپىرلاردا نە ئىنساپ، نە ئەدلى-ئادالەت يوق، بۇ تائىپىلەر كەلسە ئېشىكلارغا توپا چېچىپ، بالىنى ئاتىسىدىن، ئەركەكلەرنى مەھبۇبىدىن ئايرىيدۇ. ياپىسىغا قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاققۇزىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، يۇرت بېگى ئابلىزقارىمۇ پۇقرالىرىنىلا ئەمەس، ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىنمۇ ئاجىزدۇر، — دېدى.

چىدىغۇسىز مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندەك يىغا-زار قىلىشقا باشلىغان پۇقرالارنى بىر پەسكە ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەندىن كېيىن، سېيىت ھاجى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاھ-زارى پەلەك گەردىشىدىن ئاشتى. بۇ ئاھ-زار ئالدىدا يۈرىكىم سۇ بولۇپ كەتتى. ئاللاتائالا يۇرت پۇقرالىرىنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ، بۈيۈك ئىسلام ھەيۋىتى، ئىمانىنىڭ غايىبى، ئەمما تەگداشسىز كۈچى بىلەن كاپىرلارنى تارمار قىلىشنى دىلىمغا سالدى.

— باشپاناھىمىز سېيىت ھاجىمنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلايلى!

— ئامىن ...

تولا يىغلاپ يېشى قۇرۇپ كەتكەن كۆزلەردىن ئۇمىد نۇرى چاقنىدى. پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزلەردە ھاياتلىق ئاپتىپى بالقىدى. دۇئادىن كېيىن سېيىت ھاجى يەنە دېدى:

— ھەممىڭلار «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ماقالنى بىلىسىلەر، شۇنداقمۇ، كاپىرلارنىڭ ۋەھشىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىزگە سەۋەب قىلماق لازىم، مەسىلەنىسىگە ئېيتايلۇق، پېقىرنىڭ باشپاناھلىقىغا ئېرىشمەكنى خالىغانلارنىڭ ئۈچ تەڭگە خىراج تەييارلاپ، ئۇلۇغ ئاقپاششا ئېلىنىڭ پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشى شەرتلەرنىڭ شەرتى، سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبىدۇر. كىمىكى ئاقپاششانىڭ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنى ئۇ زاتنىڭ پۇقراسى دەپ بەيئەت قىلسا، ئۇ پۇقرا ھەرقانداق ئاپەتتىن ئاماندۇر، قۇدرەتلىك ئاقپاششانىڭ نامىنى ئاڭلىغان ھەرنە زوراۋان تىز پۈكمەي مۇمكىن ئەمەس. قادىرئاللا بۇ كارامەتنى پات ـ ئارىدا ئالدىڭلاردا ئايان قىلىدۇ. كىمىكى بۇ سۆزۈمنى غەلەت دەپ ھېسابلاپ، كۆڭلىگە تېرىقچىلىك شەك كەلتۈرسە، ئۇل كىشى ھەرقانداق باشپاناھلىقتىن مەھرۇمدۇر!

سېيىت ھاجى سۆزىنى تۈگىتىپ، رەئىيىگە مەغرۇر قىياپەت بىلەن قارىغاچ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ، سالماق قەدەملەر بىلەن مېھمانخانا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. گۇۋاھنامە ھەققىگە ئۈچ تەڭگە تەسەررۇپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھاجەتمەنلەرنىڭ زوۋانى تۇتۇلۇپ، نائۇمىدلەرچە ئاھ تارتىشتى.

مۇردىدەك تاتىرىپ تۇرغان ئابلىزقارىغا غايىبتىن جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ ئىتتىكلا ھاپىز مەخسۇمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يېلىندى:

— ھېلىقى ئۈچ تەڭگە ئىكەن، 3000 تەڭگە تۆلەشكە

مۇ رازىمەن، قېنى، ئاقپاشىشانىڭ ھېكمەتلىك گۇۋاھنامىسىنى تۇتىيا بىلىپ، پاتراق كۆزۈمگە سۈرەي!

— ماڭىمۇ بىرنى ئىلتىپات قىلسىلا مەخسۇم.

باياتىن بېرى ئىككىلىنىپ تۇرغان ھىممەت قاشقا بىردىن غەيرەتكە كەلدى-دە، توپ ئارىسىدىن چىقىپ خاتىپنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ھاپىز مەخسۇمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا قالماقدۆك ھاشىرىدا سېيىت ھاجىدىن ئىنئام ئالغان كۈمۈش تەڭگە پارقىراپ تۇراتتى.

— ئالدىرىماڭلار، بىردىن-بىردىن كېلىڭلار!

ھاپىز مەخسۇم ھويلىغا شىرە قويۇپ ئولتۇرغان خەتچىگە مەلۇم قىلغىلى باشلىدى:

— نام-شەرىپى ئابلىزقارى، شەھىرى ئەندىجاندا تۇغۇلغان، بالاغەت يېشىدا شەھىرى قەشقەرگە ئۆتۈپ، كېيىن چىرىيىدە يەرلەشكەن.

— بەگزادە خاتىپ، پەدەرى مۇبارەك ئابلىزقارى ئەندىجان مۇھاجىرى، مۇھاجىر نەسلى مۇھاجىر ھېسابلانمىشتۇر.

— ھىممەتئاخۇن سەپەر ئوغلى، قاچانىكى بىر قۇتلۇق مىنۇتتا ئاقپاشىشا ئېلىنىڭ سەمەرقەنت شەھىرىدە تەۋەللۇت بولغان، 30 يىلدىن بېرى بۇ يۇرتقا مۇھاجىر.

جان دېگەن تاتلىق نەرسە، قالماقدۆك ھاشىرىدا رىيازەت چەككەنلەرنىڭ ئەمدى ئاممىتى ئوڭدىن كەلگەنىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى ھەدىيە ئالغان تەڭگىلىرىنى خەجلەشكە كۆزى قىيماي ئىشتانلىرىنىڭ كارىكىدا، يانچۇقلىرىدا ساقلاپ كەلگەنلەر بىر ھازا ئارىسالدى بولدىيۇ، ھىممەت قاشقىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ھاپىز مەخسۇمنىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

— نۇرۇللا ھەمدۇللا ئوغلى، شەھىرى ئوشتا تۇغۇلغان، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مازار شېرىپ زىيارىتى بىلەن بۇ

مەنزىلدە تۇرۇپ قالغان!

— تۇردى ساقال، ئاتىسى شەھىرى ئەندىجاندىن، شۇ سە-ۋەبتىن مەزكۇر ھەم مۇھاجىر جۈملىسىدىندۇر!

— سۇلايمان ئوغلى ھاشىم، بوۋىسى نەمەنگانلىق سودىگەر.

— ئاۋۇت كۆكبېشى، قوقان مۇھاجىرى.

— ......

«ئىشەكنىڭ ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى قاقلا» دې-گەن ھاقارەتلىك تەمسىلنىڭ ھىمايىسىدە يات تائىپىگە پۇقرايى-تەۋەلىك بىلدۈرگەن ئادەملەر مۆلدۈر بولۇتىدەك بېسىپ كېلى-ۋاتقان ئاپەت قورقۇنچىدا بۇ لەنىتى گۇۋاھنامىگە قول ئۇزات-تى. قول ئۇزاتقاندا، قارا خەت بېسىلغان ئالقانچىلىك سېرىق قەغەزنىڭ نېمىلەردىن بېشارەت بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە كاللا قا-تۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئىلاجىنىڭ يوقىدىن بۇ تۇزكورلارچە تە-ۋەككۇلغا يول قويغان ئەقىللىق كىشىلەر قولىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان گۇۋاھنامىنى پۈكلەپ، پۈرلەپلا ئىشتانلىرىنىڭ يانچۇقى-غا، سەللىسىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇشتى. ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قو-يۇپ، ئۇياتقا قالغان كىشىدەك بىر-بىرىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى.

— تا قىيامەتكىچە يادىڭلاردا بولسۇن، ھەرقايسىڭلار ئۇلۇغ ئاقپاششاغا ئىختىيارىڭلار بىلەن بەيئەت قىلادىڭلار، 30 پا-رە قۇرئان ئالدىدا بارمىقىڭلارنى ئەھدىڭلارغا ۋەكىل قىلىپ رويخەتتىكى نام-ئەمالىڭلار ئۈستىگە باستىڭلار، كىمىكى پادى-شاھنىڭ كىم دېگەن سوئالغا دۇچ كەلسە، ئاقپاششا دەپ جاۋاب بەرسۇن، پايتەختىنىڭ قەيەر دېسە، ئۆرۈنبورگ ① دېسۇن. ئامىن!

① ئۆرۈنبورگ — روسىيە ئىمپېراتورى پېتىر I (مىلادى 1696- يىلىدىن 1725- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) نىڭ زامانىسىدا روسىيە 1708- يىلى سەككىز مەمۇرىي گوبېرنىيىغا بۆلۈنگەن، مەمۇرىي جەھەتتىن ھازىرقى ئۆلكىگە يېقىن كېلىدىغان بۇ گوبېر-نىيلارغا گوبېرناتور (باش ۋالىي) لار قويۇلغان.

پېتىر 1- نىڭ ۋاقتىدا دوندىن ئۇرال بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان قا-

تولا ۋالاقلاپ ئاغزىغا كۆپۈك كېلىپ قالغان ھاپىز دۇئاغا قول كۆتۈردى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ۋە ئۇش-شاق باللارنىڭ «چېرىك كەلدى، قاچ!» دەپ ۋارقىراشلىرى دۇئا-غا خالار-خالىماس قول كۆتۈرگەن كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. سانىڭ چاڭگىلىغا دۈچ كەلگەن چۈجىدەك تىترەپ، ياكى قېچىشنى، ياكى ۋارقىراشنى بىلمەي، يۈرىكى ئېغىشقا باشلىغان پۇقرا يول تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشقا ئاران جۈرئەت قىلالىدى.

توخۇدەك كىچىك ۋە جىنازىدەك ئورۇق ئاتلارغا مىنىشكەن ئوتتۇزچە چېرىك پۈپۈكلۈك تەقىي كىيىۋالغان باشلامچىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۈستىدىكى قارا كالتە چاپىنىنىڭ ئالدىدىكى سېرىق دۈگلەكچە كىچىككىنە قالقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن قونداقلىق قارا مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان ئون نەچچىسىدىن ئۆزگىلىرى نەيزە ۋە قىلىچ بىلەن قوراللانغان، ھەممىلا چېرىك گويا تالىنىۋالغاندەكلا پاپە ۋە ياشانغانلار ئىدى.

سالپايغان، روھسىز چېرىكلەر ئاتلىرىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇدۇل قەسىر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ھېلىقى چې-رىك باشچىسى ئالدىغا ھېچكىم چىقمىغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ، ئۆزەڭگىنىڭ يېنىدا خۇددى پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرگەن ياش تىلماچقا ئىشارەت قىلدى. تىلماچ قەددىنى رۇسلاپ، پۈتىنى جۈپلىگەندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

— كىردىيە ناھىيىسىنىڭ ئالتىنچى جەرىكلىك چېرىكچى

---

ژاق، رۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، پېتىر I نىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1720-يىلى يايىق دەرياسىنىڭ بويىغا ھەربىي قورغانلار سېلىنغان. ئورۇنبورگ دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ رۇسلار، قازاقلار، باشقىرتلارنى باشقۇرىدىغان گېنې-رال گۇبېرناتور تۇرىدىغان شەھەرگە ئايلانغان. تارىختا تورغاي ئوبلاستىغا قارىغان چاغلىرى بولغان. ئورۇنبورگ — تاشكەنت تۆمۈريولى ياسالغاندىن كېيىن چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان رايونلىرىغا قارىتىلغان سودىسى، سىياسىتى جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامبىلى جۇ دارىن جانابلىرى كەلدى!

تىلماچ ئارقىمۇ ئارقا ئىككى مەرتەم ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ھاڭغىرقاي ئۇچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ھېچكىم چىقمىدى. بۇ ھال ھار كەلدىمۇ ياكى رەسمىيەت شۇنداقمۇ، جۇ دارىن ئالدى بىلەن ئاتتىن چۈشتى - دە، لەشكەرلىرىنى كەينىگە سىلىپ، مېكسىيانلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان بازغىغان خوراز-دەك دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى.

— كىرىيەنىڭ ئالتىنچى جەرىكىلىك چېرىكچى ئامبىلى جۇدارىن كەلدى!

— ھىم، جۇ دارىن كەپتۇمۇ؟ — دېدى ئابلىزقارى رەسمىيەت ئۈچۈن كۆرۈشۈپ قويىماقچى بولۇپ چېرىك باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ھە، نېمە خىزمەت دارىن جانابلىرى؟

قورغۇيدىن قورققان قۇشقاچتەك دۈگدەرىشىپ تۇرغان پۇقرالار ئابلىزقارىنىڭ بىھۆرمەتلىك قىلىپ، چېرىكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى.

ئابلىزقارى چېرىكچى ئامبالنىڭ ئالدىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتىگەنكى ھالىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، خۇددى رەھمەتكە سۆزلىگەندەك، دىمىغىدىلا گەپ قىلاتتى.

— كەمىنە چېرىكچى ئامبال، كىرىيە ئامبىلىنىڭ يارلىقى بىلەن يېتىپ كەلدىم.

— قېنى، يارلىقنى ئوقۇڭ!

تىلماچ جۇ دارىننىڭ قولىدىن بىر سېرىق لىپاپىدىكى يارلىقنى ئالدى - دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەقسەت - مۇددىئا ئۇشبۇ يارلىق بىلەن روشەن بول-غايكى، چىرىيە پۇقرالىرى ۋە چىرىيىگە ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان بەگ ئابلىزقارى يەتتە ئايدىن بېرى

تېگىشلىك غەللە-پاراقنى خەزىنىگە تاپشۇرۇشتىن باش تارت-
قىنى ۋەجىدىن تۆۋەندىكىلەرنى بۇيرۇپ، ئالاھىدە پەرمان
قىلىمەن: يۇرت بېگىنىڭ جىمى تەئەللۇقاتى باج-خىراج
ھېسابىغا ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە يېزىلسۇن. بەگلىك مۆھۈرى
تارتىۋېلىنسۇن! غەللە-پاراق تاپشۇرۇشتىن قاچقان،
ئىتائەتتىن چىققان پۇقرالار ئارىسىدىن 100 چېرىك تۇتۇلسۇن،
مەزكۇر يارلىقتا بويسۇنمىغان ھەرقانداق كىشى ئاسىيلار قاتارىدا
ھەپسىگە ئېلىنسۇن.»

يارلىقنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تۆت بۇرجەك يوغان مۆھۈرنى
كۆرگەن ئابلىزقارىنىڭ چىرايى يەنە قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك
ئۆڭدى، ئۇ بىردەم چېرىكچى ئامبالغا، بىردەم ھاپىز مەخسۇمغا
قاراپ ئالاقزادە بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بايامقى
توك مۇئامىلىسى ئەمدى قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەن-
گەندەك، چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئېگىسىگە
ئەركىلىگەن مۈشۈكتەك سوۋۇنغىلى تۇردى:

— جۇ دارېن، جۇ دارېن...

ئامبالنىڭ بۇ تەرىقە قاتتىق سىياسەت قىلغىنى ۋە
ئابلىزقارىنىڭ مۇز تەلەت چېرىكلەرگە ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ
بەرگەنلىكىدىن قورققان پۇقرالارنىڭ تېنىدىن دەرمان قاچتى.
«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق» دېگەندەك مەنا بىلەن ئاستىرتىن
بىر-بىرىگە قارىشىۋاتقانلار قېچىپ كەتمىگىنىگە پۇشايمان
يېمەكتە، ئۆزلىرىنى چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن
ھىممەت قاشقىنى ۋە سېيىت ھاجىنى ئىچىدە تىللاشماقتا، گېزى
كەلسە دەرۋازىدىن ياكى تامدىن غىپپىدىلا قېچىپ قۇتۇلۇش-
نىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا مارىلاپ باقماقتا ئىدى.
ھېچكىممۇ تەرلەپ كەتكەن قوللىرىدا جۇپتەك نەملىشىپ
تۇرغان گۇۋاھنامىنى چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاقپاششانىڭ پۇقراسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— كەمىنە چېرىكچى ئامبال كىرىيە ئامبىلىنىڭ يارلىقى بىلەن يېتىپ كەلدىم!
— .قېنى، يارلىقنى ئوقۇڭ، — دېدى، ئابلىز قارى دىمىغىدا سۆزلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ھە، نېمە ئىش بولدى بۇ يەردە؟ يولۇڭلارغا ماڭماي قاراپ تۇرۇشىسىلەرغۇ؟

بۇ چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان سېيىت ھاجىنىڭ پۇقرالارغا قارىتىپ ئېيتقان سۆزى ئىدى.

— بۇ... بۇ...

ئابلىزقارى يەنە دۇدۇقلىغىلى تۇردى. يارلىقنىڭ مەزمۇنىدىن ئىشتىن بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ بولغان سېيىت ھاجى چېرىكچى ئامبال ئالدىدا تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى:

— كەمىنە سېيىت ھاجى ئاقپاشا مەملىكىتىنىڭ مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇشلۇق سودا ئاقساقىلى بولىمەن، كىرىيە ئامبىلىنىڭ چىرىيىدىكى مۇھاجىرلىرىمىزغا سېلىق سېلىپ، باج-خىراج ئالماقچى بولغانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمەن!

چېرىكچى ئەمەلدار سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئايىغىنى جۈپلەپ تىك تۇردى-دە، سەركەردىگە مەلۇمات بېرىۋاتقاندەك جاراڭلىق تەلەپپۇز بىلەن:

— مۇبارەك نامىنى ئامبالغا ۋە پېقىرغا ئۆزۈڭدىن بۇيان تونۇش، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇنكى، ئۇشبۇ يارلىق پەقەت خاقانى چىن پۇقراسىغىلا قارىتىلغان. ئاقپاشا مۇھاجىرلىرىغا كەلسەك...، — دېدى.

— ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇجاھىدە مەزمۇنلىرى ۋە جاھان ئارا خارجى قائىدىلەر بويىچە بولغاندا، بىر مەملىكەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى بىر مەملىكەت پۇقراسىغا باج-سېلىق سېلىش ھەقلىق ئەمەستۇر، — دېدى سېيىت ھاجى تەمكىن ئاھاڭدا، — چىرىيىنىڭ بېگى بولمىش ئابلىزقارىم ۋە قولىدا گۇۋاھنامىسى بولغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇھاجىرلاردۇر، جانابلىرىغا مالال كەلمىسە، پۇقرالىرىمىزنىڭ ئۆزىدىن سوراپ

كۆرسۇن.

ئابلىزقارى سەللىسىنىڭ قېتىدىن سىياھسى ئەمدىلا قۇرۇغان گۇۋاھنامىنى چىقاردى ۋە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، چېرىكچى ئامبالغا ھۆركىردى:

— مانا بۇ ئىسپات، پېقىر تۇغۇلما ئاقپاششا پۇقراسى، ماڭا خاقانى چىننىڭ ئەمرىنى تۇتماق جايىز ئەمەس، شۇنداقمۇ جۇ دارىن!

— ئەمىسە، ئەمىسە، پۇقرالارغىچۇ؟

ھاپىز مەخسۇم پۇقرالارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ھىممەت قاشقا چېرىكچى ئامبالنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە گۇۋاھنامىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىققۇدەك بولۇپ:

— گۇۋاھنامىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ باقمىغۇچە ئىشەنمەيدىغان ئوخشايدىلا دارىن، مانا پېقىر ئاقپاششا پۇقراسى، شۇ مەملىكەتنىڭ سەمەرقەنت شەھىرىدە تەۋەللۇت بولغانمەن، — ئۇ جامائەت تەرەپكە قاراپ سورىدى، — سىلەر كىمنىڭ پۇقراسى؟

— مانا مەنمۇ ئاقپاششا پۇقراسى، ئەندىجاندىن كەلگەنمەن!

— مەنمۇ شۇنداق، دادام قوقانلىق!

— مەنمۇ شۇنداق...

توپ ئىچىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا ئوخشاش رەڭدىكى بىر ۋاراق قەغەز تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چېرىكچى ئامبال سېيىت ھاجىغا:

— ئىشەندۇق، ئىشەندۇق، ئۆزگە مەملىكەت پۇقرالىرىغا ئالۋان سالغىلى ھەددىمىز ئەمەس. ئەمما... ئەمما...، — دېدى.

— ھە، ئاقپاششا پۇقراسى ئەمەسلەر ئۈستىدە ئامبالنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىمىز دېمەكچىمۇ؟

سېيىت ھاجى چېرىكچى ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلـ

دىغاندەك، ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەردى.

— شۇنداق... شۇنداق...

سېيىت ھاجى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى، مۇنداق بولسۇن، جۇدارىن كىمنىڭ گۇۋاھنامىسى بار، كىمنىڭ يوق دەپ سوراپ، ئىنقىلاپ ئاۋارە بولمىسۇن، يەنە ئىككى ھەپتىگىچە خاقان پۇقراسى كىم، ئاقپاشا پۇقراسى كىم دېگەنلەرنى يۇرت بېگى رويخەت قىلىپ، ئامبالغا يوللىسۇن، ئاقپاشا پۇقراسى ئەمەسلەر ئۈستىدە ھۆكۈمىتىڭىزلارنىڭ يۈرگۈزىدىغان سىياسىتىگە بىز زىنھار ئارىلاشمايلۇق. دېگىنىم دۇرۇسمۇ؟

— دۇرۇس... دۇرۇس.

بۇ كېڭەشنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان پۇقرالار بېشىنى بېسىپ تۇرغان چوڭ تاغنىڭ بىردىنلا غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. گۇۋاھنامە ئېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ۋە ياكى ئۈچ تەڭگىلىك بىساتى يوق تەڭقىسلىقتا قالغانلارنىڭ بېشىغا بولسا، يەنە بىر تاغ يىقىلدى، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تەقدىر ئىلاھى بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە مۇپتىلا بولدى.

چېرىكلەر مېھمانخانىغا باشلىنىپ، ئەجەل سائىتى يېتىپ كەلگەن قوي-قوزىلار جان ئاچچىقىدا مەرەشكە باشلىغان چاغدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانلارمۇ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانلارمۇ ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

جامائەت يول ئاچىلىغا كەلگەندە مۇئەززىن: «مانا مەن دېمىگەنمۇ، سېيىت ھاجىم لەۋزىدە تۇردى ئەمەسمۇ» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان ھىمىت قاشقىغا قاراپ يەپ كەتكۈدەك ئالىيىۋالدى.

# 18. ساداققا چۈشكەن ئوق

سۈپۈرگەئاخۇن ئەڭ يېقىن چىغىر يول بىلەن ساراڭنىڭ چېچىدەك قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇرغان كاۋا پېلەكلىرى بىلەن چۈمكەلگەن ۋەيرانە ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ يورۇپ قالغانىدى. بىر ياز ئەجىر قىلىپ كۆكلەتكەن يېشىل ھاياتلىقنى بىر ئاخشامدىلا نابۇت قىلىشقا پېتىنغان لەنىتى ئۈششۈككە قېيىدىغان قۇياش تەبىئەت قوينىدىكى ئېچىنىشلىق ھالغا توغرىدىن توغرا نەزەر سېلىشتىن باش تارتقاندەك، ئۆز يورۇقلۇقىنى قاپاق سالغان ئاسماندىكى سۇر بۇلۇتلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا تاراتماقتا ئىدى.

ئۇ كەڭ دېڭىزدا قويۇق تۇمان ئارىسىدا قېلىپ، نىشانىنى ئىلغا قىلالماي ياكۇر تاشلىغان كېمەكەبى يېگانە تۇرغان ئۆيىدىن ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ تاكاللاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— شەيتان ئازدۇردىمۇ سېنى ئابدۇللا، يۈگۈرگىن، نۇرەك باخشىغا دە، بۇرغىسىنى ئەكىلىپ بىزنىڭ ئۆگزىدە چىقىپ چالسۇن. ئۆزىنى ئەركەك چاغلاپ يۈرگەنلەر بۇ يەرگە جەم بولسۇن، مانا مەن قىلىچنى بىلەپ ئۈستىرىدەك قىلىۋەتتىم، چېرىكلەرنى تاختا كۆۋرۈكتىن بىر قەدەممۇ سىلجىتماي قاپسىۋالىلى!

سەپەر بوۋاي شارتىلدىتىپ قىلىچ بىلىگەچ ئوغلىغا كايىماقتا ئىدى. ئارقىدىنلا ئابدۇللانىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى چىقتى:

— ئوبدان دادا، مېنىڭ گېپىمگىمۇ قۇلاق سالسىلا، بۇرغىنى ھەرقانچە چالغان بىلەنمۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ مەيدانغا چىقىدىغان مەرد تايىنلىق، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن گەپ بارغۇ، تاشقىرىدا قاچىدىغانلار قېچىۋاتىدۇ، يوشۇ-
رۇنىدىغانلار يوشۇرۇنۇۋاتىدۇ، بەزىلەر سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا
پاناھلىق تىلەپ بارغۇدەك تېخى، مېنىمۇ تولا تەڭلىككە سالمىسىلا!
— نېمە دېدىڭ، قاچقۇنلار قەيەرگە جۈنەپتۇ؟
— ئۇقمىدىم، ئىشقىلىپ يىتىرىشىۋاتىدۇ!
— ھېلىقى كەلگۈندىدىن پاناھلىق تىلىگۈدەكمۇ تېخى؟
— شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇغۇ.
— ماڭا يول باشلا! — دەپ گۈركىرىدى بوۋاي ئاۋازىنى
يەنە كۆتۈرۈپ، — ئاتا-بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى تاشلاپ قېچىشىنى
راۋا كۆرگەن نومۇسسىزلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىمەن، ئىززەت-
ھۆرمىتىنى قايرىپ قويۇپ، يات تائىپىدىن پاناھلىق تىلىگەن-
لەرنىڭ ئۇشۇقىنى چاقىمەن، ئىست، ئىست، چىرىيىلىكلەر شۇ
ھالغا چۈشۈپ قاپتۇمۇ ئەمدى، يۈر!
ئارقىدىنلا ئابدۇللا يالۋۇرغىلى تۇردى:
— جېنىم دادا، گېپىمنى ئاڭلىسىلا، پۇقرالار ھازىر ئۆك-
سۇلىنى تاپالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ پاراكەندە كۆڭلىگە ئازار
بېرىپ نېمە قىلىمىز، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەن
گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، ئۇلارمۇ بىلگىنىنى قىلسۇن، بىزمۇ
بىلگىنىمىزنى قىلايلى.
— سېنىڭچە، ئەل-يۇرتنى چېرىكلەرگە تاشلاپ بېرىمىزما؟
ئاتا-بوۋىلارنىڭ روھىنى رەنجىتىمىزما؟ بۇ بىكار گەپنى قوي،
قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، چىرىيىلىكلەر ئاسان ئانىدي
بولىدىغان خەق ئەمەس!
— دادا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا.
— ئۆزۈمنى بېسىۋالماي نېمە قىلىمەن؟ ياكى مەنمۇ ھېلىقى
توخۇ يۈرەكلەردەك قۇيرۇقۇمنى چاتىرىقىمغا قىسىپ قېچىپتىمەنمۇ؟
ياكى سېيىت ھاجىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتىمەنمۇ؟ ياكى...

بوۋاينىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى، تاشقا چۈشكەن قىلىچ جاراڭلاپ كەتتى.

سۈپۈرگەئاخۇن كىرىپ كەلگەندە، چىرايى شامدەك تاتىرىپ كەتكەن بوۋاي ئابدۇللانىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى. ھەسەن بىلەن ھۈسەن بۇرنىنى كولىغاچ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئۇ بوۋاينىڭ نېمە بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. ئىتتىك بېرىپ، نوگاي بىلەن سۇ ئەكەلدى-دە، بوۋاينىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى.

بوۋاي مۇزدەك سوغۇق سۇنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا تەسىر قىلىشى بىلەن كۆزلىرىنى تېز-تېز چىمچىقلاتتى-دە، ئۆزىنى يۆلەپ تۇتۇپ تۇرغان مىراب بېگىگە، ئاندىن ئوغلىغا قاردى. ئىككى قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ، ئىنجىقلاپ ئاياغقا تۇردى، بورا ئۈستىدە ئۆتكۈر بىسلىرىدىن جەزىبىلىك شولا چېچىپ تۇرغان قىلىچنى تېپىۋالدى. ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويغىنىنى تەن ئالغۇسى كەلمىگەنىدەك، ئوغلىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ، ئۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈردى:

ـ ئىسىت، ئىسىت، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ چىرىيدىكلەر، — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — تېرىق ئۇنىنىڭ خېمىرىدەك، پاختىلىقىنىڭ قۇمىدەك زادى قام كېلەلمەيۋاتىدۇ يا؟ بىز ياش چاغدا...

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتى بوۋاينىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ قېچىۋاتقانلار ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، تېرىكتۈرگەنىدى. بىراق، تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەركىدىن مەھرۇم بولغانلارنىڭ مۇڭ-زارى ئۇنى قېچىش يولىنى بىردىنبىر ئامانلىق يولى دەپ ھېسابلاپ، چۆل-جەزىرە جەبرىنى زالىملار ئالدىدا تىز پۈكۈشتىن

ئەلا بىلگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە قىستايتتى. شۇڭا، ئۇ قاچقۇنلارنى ئۇچراتقان چېغىدا ئۇلارنى تىل قامچىسى بىلەن رەسۋا قىلىپ، يۈزىگە تۈكۈرۈۋېلىش ۋەسۋەسىسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى.

نادان پۇقرالاردىكى نادانلىق تۆپەيلى تۇغۇلغان ۋەتەن قىممىتىنى كەم ساناش، مىللەت غۇرۇرى دېگەن قىممەتلىك نەرسىگە سەل قاراش، ئۆز قەدرىنى چۈشەنمەسلىك خاھىشلىرى تارىخ تەرىپىدىن پاك ۋىجدان ئۈستىدە قالدۇرۇلغان داغ ئىدى. بۇ داغ لەنەتلىك تەقدىر زەربىسى بىلەن سۇندۇرۇلغان جاسارەتتىن، ئاسارەت ئاتەشى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن جەڭگىۋارلىقتىن قېپقالغان كۈل — قۇللۇقتىن بېشارەت بېرەتتى.

دېمىسىمۇ، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ كۆكسىدىن ئۇخچۇپ ئاققان چىرىيە دەرياسىنىڭ شەربىتىنى ئىچىپ ئاۋۇغان، بۇ دەريا ۋادىسىدا بۇ تەرىقە شۆھرەتلىك ماكانىنى گۈللەندۈرگەن چىرىيە خەلقىنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ يېيەلىگەن چاغلىرى بەكمۇ ئاز بولدى، يىللارسېرى ئۇساللىشىۋاتقان تەبىئەت ئۇلارنىڭ قاۋۇل، زەبەردەس جىسمىدا مۇشەققەت ئىزلىرىنى، تىلىم-تىلىم يېرىقلارنى پەيدا قىلسا، كۈن بىلەن تۈندەك ئالمىشىپ تۇرىدىغان سۇلالىلەرنىڭ رەھىمسىز سىياسەتلىرى يۈرىكىدە ساقايماس يامان يارىلارنى قالدۇردى.

بەزەن-بەزەن يانار تاغ مىسالى پارتلاپ تۇرىدىغان قەھر-غەزەپلىك كۆتۈرۈلۈشمۇ شەپقەتسىز باستۇرۇشلار ئارقىسىدا بىردەملىك ھادىسىگە، شېرىن ئەستىلىككە ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق پارتلاشنىڭ كۈچى ھارغىنلىق يەتكەن قەلبلەردە بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تۇيغۇ ھالسىزلاندى...

بۇنداق ھالسىزلىقتا ئەمدى شەربەتنى شىپامۇ، مەجۇنى

كۆمىلىيامۇ تەسىر قىلماس بولۇپ قالغان، پەقەت روھنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشلا بىردىنبىر ئەمەلىي چارىسى ئىدى. بىراق بۇ چارە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئەمەس، بەلكى، مەلۇم پۇرسەت ئىچىدە ئاندىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلەيتتى.

— ئاكا، خاپا بولمىسىلا، پۇقرانى ئەيىبكە بۇيرۇغىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى بىر پەس ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن سۇپۇرگەئاخۇن بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىشقا ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدىكەن ئۇلارنى، «جاندىن كەچمىسەڭ جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ» ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھاسىغا تايىنىپ دۈمچىيىپ ئولتۇرغان سەپەر بوۋاي. ئۇ ھېلىمۇ توختىماي تىترەپ، چوڭ-چوڭ تىن ئېلىۋاتاتتى.

سۇپۇرگەئاخۇن شەرەت قىلىپ، تامغا ئالدىنى قىلىپ ئۆرە تۇرغان ئابدۇللانى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. سەللىسىنىڭ ئارىسىدىن مۇھەممەتئەلىدىن كەلگەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇۋېتىپ، خەت مەزمۇنى ئۈستىدە ئۇدۇللۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كېلىپ، ئاخشام كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى ۋە گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئۇزۇندىن بېرى غەللە-پاراق ئېلىشىنىلا بىلىپ، بۇ يۇرتقا دەسسىمەيدىغان بولۇپ قالغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمدى بىردىنلا چېرىك ئەۋەتكىنىگە تولىمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن. قەشقەردىكى ھۆكۈمدارلار سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا يىراق-يېقىندىكى چېرىكلىرىنى ئوردا-قەسىرلىرى ئەتراپىغا توپلاۋاتقاندا، كىرىيىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چېرىكلەرنى ئۆز يېنىدا تۇتماي بۇ يەرگە ئەۋەتكىنى قىزىق.

— ئىشقىلىپ نېمە دېسەڭلار، مەن يېگەن تۇز سىلەر ئىچكەن سۇدىنمۇ كۆپ، — گەپكە ئارىلاشتى سەپەر بوۋاي سەپراسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، — راست، بۇنىڭدا

سىر باردەك قىلىدۇ، ھىممەتئاخۇن قاشقىدىن گەپ ئېلىپ باقسام، «چېرىكلەر كەلگۈدەك، پۇقرالارنى بۇلاپ، لەشكەر تۇتقۇدەك» دېگەن گەپنى ئالدى بىلەن ھاپىز تارقاتقانىكەن، ئەجەب ئىش، چېرىكلەرنىڭ نېمە قىلىدىغىنىنى ئۇلار قانداق بىلىدىغاندۇ؟ ئاق خان بىلەن قاراخان بىر ئىشتان كىيىپ يۈرەمدۇ يا؟

— شۇنى دېيمەنا؟!

— چېرىك كەلدى! چېرىك كەلدى!

ئالدىدا نۇرەك باخشى، كەينىدە قادىر تۆمۈرچىنىڭ شىددەت بىلەن ئېچىلغان ئىشىكتىن ۋارقىراشقان پېتى كىرىپ كېلىشى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. سەپەر بوۋاي يېرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى قىلىچىنى دەرھال قولىغا ئېلىپ سورىدى:

— كىمدىن ئاڭلاپ كەلدىڭلار، نۇراخۇن؟

— چېرىكلەرنىڭ قەسىرگە كىرىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ئالدى بىلەن ئابلىزقارى بىلەن گەپلەشسە كېرەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇپۇرگەئاخۇن بىلەن سەپەر بوۋاي خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك بىر-بىرىگە قاراشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدىن: «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال ئىپادىسى ئوخچۇپ چىقتى.

— مۇنداق بولسا قانداق؟ — دېدى سۇپۇرگەئاخۇن كۆپچىلىككە قاراپ، — پۇقرا باج-سېلىقنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرغان، لېكىن ئۇقۇشىمىزچە، ئابلىزقارى ئۇنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماپتۇ. ئەگەر چېرىكلەر ئابلىزقارى بىلەن دەيدىغاننى دېيىشىپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، كەشنى كەلگەن يېرىگە توغرىلىسا، بىزمۇ ئۇلارغا قول سالمايلى، مۇبادا پۇقرالارنىڭ

بىر تال موينىغا چېقىلىدىكەن، ئۇ چاغدا گەپ باشقا، «ئاللا» دەپلا مەيدانغا چۈشەيلى، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتەيلى، بۇ گېپىم خوپمۇ؟

ئابدۇللا بىلەن نۇرەك باخشى دەرھال ماقۇل كۆرۈشتى. سەپەر بوۋاي بىلەن قادىر تۆمۈرچى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چېرىكلەرگە قارشى دەرھال ئاتلىنىش تەرەپدارلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسلىھەت سوپۇرگەئاخۇننىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن بىردىنلا رەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىشتى.

— ھەي... سىلەرنى، — دېدى سەپەر بوۋاي كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى يوشۇرالماي، — راستىنلا بۇ زاماندىكى ئادەملەر بارغانسېرى توخۇ يۈرەكلىشىپ كەتتىمىيا؟ ئىماملارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ھەممىمىزنى كۈنلەردىن بىر كۈنى يەر يۇتمىسا ھېساب ئەمەس.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ ئۆيگە مۇئەززىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاددىيلا پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، چېرىكلەرنىڭ ھېچكىمگە چېقىلماي قايتىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىۋىدى، كۆپچىلىك قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

— غەلەت سۆزلەۋاتمايدىغانلا مەزىن ئاخۇنۇم؟ — دەپ سورىدى سەپەر بوۋاي ھەيران بولغان ھالدا، — قوتىنىغا گۆش يەيمەن دەپ كىرگەن چىلبۆرىنىڭ ئاغزىنى قان قىلماي چىقىپ كەتكىنى نەدە بار؟ مەن ئۆمرۈمدە پۇقراغا رەھىمى كەلگەن چېرىكنى كۆرۈپ باقمىغان!

چولاق مۇئەززىن بوۋاينىڭ گۇمانخورلۇقىدىن خاپا بولدىمۇ ياكى باشقا بىر دەردى بارمۇ، چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغانىدى. ئۇ، بوۋاينىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇردى ـ دە، مەيۈسانە ئاھاڭدا:

www.uyghurkitap.com

— بىرەۇنچە ئادەم ئاقپاشاغا پۇقرا بولۇپ، گۇۋاھنامە ئالدى، ھەرقايسىلىرىنى بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلىنىپ قالسۇن دەپلا بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى.

— نېمە دېدىڭلە؟ ئىسسىتمىلىرى ئۆرلەپ قالمىغاندۇ ئاخۇنۇم؟ — تېخىمۇ ھەيران قالغان سۇپۇرگەئاخۇن بۇ سوئالنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

— يوقسۇ، ئاللاغا شۈكرى تەندۇرۇستمەن، — دېدى مۇئەززىن رەنجىگەن تەلەپپۇزدا، — 30 نەچچە پۇقرانىڭ گۇۋاھنامە ئالغىنى راست، بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئىمانىم كېپىل.

سۇپۇرگەئاخۇن سېيىت ھاجىنىڭ ھاجەتمەن پۇقراغا مۇھاجىرلىق گۇۋاھنامىسى سېتىش بەدىلىگە پاناھلىق بەرگەنلىكىنى، خان چېرىكلىرىنىڭ ئابلىزقارى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يوللايدىغان رويخەت بويىچە ئىش كۆرۈش شەرتى بىلەن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، شاۋقۇن سېلىپ كۆۋەجەۋاتقان دەريا دولقۇنىدەك قايناپ-تاشقان غەزىپىنى زادىلا باسالمىدى. ئۇنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قوي تېرىسىگە ئورىنىپ، قوي ئارىسىغا كىرىۋالغان ئاچ بۆرە — سېيىت ھاجىنىڭ ئەسلى قىياپىتى بىردىنلا ئاشكارىلانغانىدى.

## 19. سۈرۈك مەزگىلىدىكى سورۇقچىلىق

تەتۈر چۆگىلەۋاتقان پەلەك ۋە قارغىش تەگكۈر تەقدىرنىڭ مالامىتى تەشۋىشىدە تا دوزاخ بوسۇغىسىغىچە قىستاپ بېرىلغان يۇرت چېرىكلەرنىڭ قارىسى يوقىلىشى بىلەنلا ئاستا-ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆلۈم تەشۋىشىنىڭ

نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىغان باللار، ئاندىن كېيىن يۇرت-
كى ھېلىمۇ دۈپۈلدەپ تۇرغان چوڭ كىشىلەر زۇلمەتتەك
قاراڭغۇ گەمىلەردىن، ئەسكى تاملىقلاردىن، سامانلىقلاردىن بې-
شىنى چىقىرىپ، تالا - تۈزگە ئېھتىيات بىلەن سەپسالدى - دە،
تاشقىرىغا چىقىشتى. ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىپ ئولتۇر-
مايلا ھەممىنى ھاپ ئېتىپ كېتىدىغان چېرىكلەرنىڭ بالادەك
نەپسىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ئاغزىغا مەھكەم قاپلىتىۋېتىلگەن
كۆشۈكلەردىن ئازاد بولغان مال - چارۋىلارنىڭ ھاڭرايدىغان-
لىرى ھاڭرىدى، مەرەيدىغانلىرى مەرىدى. مەھەللە - مەھەللىلەردىن
تىرىكلىكنىڭ ساداسى كۆتۈرۈلدى.

تەبىئەت دۇنياسىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن جىمجىتلىق-
تىن چۆچۈشۈپ، كامارلىرىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىشقان ئاق قۇش-
قاچلارمۇ بىر - بىرىگە ئۆز تىلى بىلەن بۇ يېڭى جانلىنىشتىن
خەۋەر بېرىشتى - دە، سوغۇق كۆك تۈپلىك يوللارغا، ئېتىز
قىرلىرىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، تىرىكلىكىگە تۇتۇش قىلدى.

چولاق مۇئەززىن يەنە مەسچىت مۇنارىسىغا چىقتى،
ئۇنىڭ يىغلاۋاتقاندەك چىققان تىترەك ئاۋازى قارا بوران
ياكى دەھشەتلىك قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى سۈ-
كۈنات ھالىتىدە تۇرغان چىرىيە ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

قايتا - قايتا غۇسلى تەرەت قىلىپ، قازا بولغان نامى-
زىنى ناماز ئەسرىگە قوشۇپ ئادا قىلىش يولى بىلەن روزى
قىيامەت ئازابىدىن ساقلاپ قالغان ئىگىسىگە ھەمدۇ سانا
ئېيتىپ، گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن مەسچىتكە كەلگەن جامائەت-
نىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان خاتىرجەملىك پاتلا ھەسرەتلىك
ئالامەتلەر بىلەن ئالماشتى. قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقارمايلا
كەشىنى توغرىلاشقان چېرىكلەرنىڭ خەلق بېشىغا سالىدىغان
زۇلۇم - سىتەملەرنى ئىككى ھەپتىلىك سۈرۈكنىڭ كەينىگە قوي-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھايال ئۆتمەيلا نۇرەك باخشى بۇرغا چالغاندىن باشلاپ تاكى قۇياش قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە كەلگۈچە يوشۇرۇنۇپ ياتقان كىشىلەرنىڭ سەمىگە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا ئەندىشە ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ئەسىردىن ئۇزاق ئىككى ھەپتىنىڭ ساراسىمىسىدە دىققىتى چېچىلغانلارنىڭ بەزىسى نامازدىن ئازغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

ناماز ئەسىردىن پارىغ بولغان جامائەت باشلىرىنى سالغىنىچە مەسچىت ئالدىغا چىقىشتىيۇ، ھېچكىم ئالدىراپ تارقىمىدى. مەسچىت ئالدىدىكى چوڭ يولدا تۆتتىن، بەشتىن بولۇپ، ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە بولىدىغان ۋەقەلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ سۆھبىتى قىزىپ كەتتى.

يۇقىرالىق گۇۋاھنامىسىنىڭ يىرىمىنى ماتا سەللىسىنىڭ قېتىدىن چىقىرىپ، پادىشاھلارنىڭ سەلتەنەت تاجىغا ئوخشىتىپ قىستۇرۇۋالغان ھىممەت قاشقىنىڭ غەم-غۇسسىدىن ئەسەر بولمىغان چىرايى ياز ئەتىگىنىدىكى ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. تار پېشانىسىدىكى ئىرماش-چىرماش چوڭقۇر قورۇقلار يوقالغان، كەيپىمۇ ئوشۇقى ئالچە چۈشكەن قىمارۋازدەك ساز ئىدى. ئىچ-ئىچىگە پاتماي كەتكەن خۇشاللىقى تېپىپ چىققانمۇ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىلا قولىنىڭ چوڭ بارمىقىنى بېلىگە باغلىۋالغان كەندىر شوينىسى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېلىنى تىرىگىنىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى پىشقان ۋايىزلاردەك ھېكايە قىلماقتا ئىدى.

— ۋاي-ۋۇي، بۈگۈنكى تاماشانى دېمەيسىلەر، سېپىست ھاجىم ئۆزىنى شۇنداق كۆرسىتىۋىدى، چېرىكچى

ئامبال قورقىنىدىن تىزلانغىلى تاسلا قالدى. چېرىكلەرنىڭ هالىچۇ تېخى، هەممىسى بىردىنلا بەزگەك بولۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، لاغىلداپ تىترەۋاتىمدۇ كاپىرلار...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ قوللىرىنى بېلىدىن ئاجرىتىۋالاتتى-دە، هاۋادا پۇلاڭلىتاتتى، تەڭنىدىن تېشىپ چىققان سوپۇن ماغزىپىدەك كۆپۈك ئۆرلەپ قالغان ئاغزىدىن چېچىلغان تۈكۈرۈكلەر ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانلارنىڭ ئاغزىغا ياكى يۈز-كۆزلىرىگە چاچرايتتى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭلار جامائەت، گەپنىڭ قىزىقى تېخى مايەردە، سېيىت هاجىم ئۆزىنىڭ ئاقپاششانىڭ سودا ئاقساقىلى ئىكەنلىكىنى بىر ئاشكارىلىۋىدى، چېرىكلەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. هاجىم بىز ئاجىزلارغا ئىنئام قىلغان مۇنۇ گۇۋاهنامىنىڭ قانچىلىك كۈچى بار ئىكەن دېمەمسىلەر؟ هەيهات، ئاقپاششا پۇقراسى دېگەندىن بۇ چېرىكلەر شۇنچىلىك قورقۇدىكەنكى، «ئەيىۇ، ئەيىۇ» دېيىشىپلا كەتتىغۇتاڭ. ئاخىر نېمە بولدى دېسەڭلار ئۇنىمۇ دەپ بېرەي، ئاقپاششا پۇقراسىغا چېقىلىشقا هەددىمىز يوق، دېيىشكىنىچە بىزگە 30 تەزىم قىلىپ قايتىپ كېتىشتى، شۇنداقمۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گۇۋاهنامە ئالغانلارنىڭ هېچبىرى هېمىت قاشقىنىڭ سوئالىغا لام-جىم دېمەستىمۇ، كۆرپىگە سىيىپ قويۇپ ئىزا تارتقان بالىدەك، هۇپپىدە قىزارغىنىچە بىراۋنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئالدى.

— هېمىتئاخۇنىڭ تىلى چىقىپ قاپتۇغۇ، بىر يەردىن كەلگەن ۋايىزمىكىن دەپتىمەن، — مەسچىت دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ بولۇپ، توپ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ كەلگەن چولاق مۇئەززىن زاڭلىق قىلغان ئاهاڭدا دېدى، — «قازان تەگنىم

www.uyghurkitap.com

كۆمۈش دېسە، چۆمۈچ ئۈنداقتا مەن نەدىدىم» دەپتىكەن، سىلى بار يەردە بىزمۇ بار، قۇلىقىمىزغىمۇ ماز تىقىقلىق ئەمەس ئىدى، گەپكە قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىدۋەتتىلىغۇ تازا!

قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ۋەز ئاڭلاپ تۇرغان جامائەت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى. بەزىلەر قەستەنگە يۆتىلىپ، بۇرنىنى تاشلىدى. بەزىلەر ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغان كۈلكىسىنى كۈلەلمەي، تاشالمايۋاتقان قازاندەك پىخىلداپ قالدى.

بۇ ھالدىن ئوڭايسىزلانغان ھىمىت قاشقا ياغاق تېرە تەلپىكىنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتكەن بولۇپ، ئۆزىنى سەل تىنچلاندۇرۇۋالدى ـ دە:

— ئالىمادىس يالغان ئېيتقان بولسام، قارايۈز بولۇپ كېتەي مۇئەززىن ئاخۇنۇم، ئۆزلىرى ئۈچ تەڭگىگە چىدىماي گۈۋاھنامە ئالمىدىلا، پىخسىقلىقلىرىدا باقماي ئەمدى مېنى يالغانچىغا چىقىرىۋاتامدىلا نېمە؟ — دېدى تۇلۇمىدىن توقماق چىققاندەك مۇئەززىنگە ئالىيىپ.

— ئىستىت نادانلىق، ئىستىت نادانلىق...

چولاق مۇئەززىن ئۈنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ سوغۇق كۈلدى، بېشىنى چايقىغاچ، توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، ھىمىت قاشقا بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىغان ۋە مەيداننى ئەپسىز كۆرگەنىدى.

— بايام دېگەنلىرىم راستمۇ، يالغانمۇ؟ قېنى، گۈۋاھنامە ئالغانلار لىللا گەپ قىلىپ بېقىڭلار...

ھىمىت قاشقىنىڭ گېپىگە ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى، گۈۋاھنامە ئالغانلارمۇ نېمىدىندۇر قورۇنۇۋاتقاندەك، ئۈنىڭ سوئالىغا بىر نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈسى كەلمىدى.

— تېخى سىلەر بىلمەيسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى چولاق

مۇئەززىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ تارقىلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ ۋارقىراپ ھىممەت قاشقا،— سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاقپاششا پات ئارىدا ئون سەككىز مىلى ئالەم، يەتتە ئىقلىمىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇدەك. «قېشىڭدا كىم بولسا چىرايلىقلىق شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقلىق شۇ» دېگەن گەپ بار، چېرىكلەرنىڭ دەردىنى تارتقۇچە، ئۇچ تەڭگىنىڭ مەردىدىن كەچكۈلۈك...

نېمىلا دېگەن بىلەن، ھىممەت قاشقىنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېگەن گېپى ئۇزاپ كېتىۋاتقانلارنى قوغلاپ يەتتى-دە، سەزگۈر قۇلىقىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن ئورۇن ئالدى. دۇنياغا تۆرىلىشى بىلەنلا ئارتۇقچە ئاق كۆڭۈللۈك يۆگىكىگە يۆگىلىپ، ئازاب تۇگمىنىدە تۆپە-تۆپىلەپ ئېزىلىپ، سەزگۈسىنىڭ يېرىمى يوقالغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدىغان ھىممەت قاشقىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. دەرۋەقە، ئاقپاششا پۇقراسى بولغانلارنىڭ چېرىكلەرنىڭ قىلىچ سىياسىتىدىن ئامان قالغانلىقى دەر ھەقىقەت، راست ئىدى. خۇدا بۇيرۇسا ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن كېيىنمۇ يەنە ئامان قېلىۋېرەتتى.

«قايىم بولۇش سائىتى كەينىگە سۈرۈلگىنى بىلەن، قىيامەت بەرىبىر قىيامەت. ئۇ ھامان قايىم بولماي قالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سۈرۈكى بەكمۇ قىسقا، ئىككى ھەپتە دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىن...»

ئۆلۈم، پاراكەندىچىلىك — ئادەمزات ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئەقىل-پاراسەت كۆزى نادانلىق پەردىسى بىلەن تۇسۇلۇپ قالغان ئادەمزات ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك.

ئالقانچىلىق قەغەزنىڭ ھىمايىسىدە ئۆلۈم، پاراكەندىچىلىك ۋەھىمىسىدىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ قالغانلارغا بەزى كىشىلەرنىڭ زوقى كېلىشتى. سېپىت ھاجىنىڭ «ئادەمگەرچىلىك» ۋەجىدىن ئىلتىپات قىلغان خاسىيەتلىك گۇۋاھنامىسىگە مەستلىكى كەلدى. ئۇلار:

— بالا - قازا تۇيۇدۇرمايلا يېتىپ كەلسە «ئەلھۆكمىللا» دېمەي چارە يوق. چېرىكلەر قاچان كېلىپ بوغۇزىمىزغا قىلىچ سۈركەركەن دەپ دەككە - دۈككىدە يۈرگۈچە، گۇۋاھنامە ئالساق ئالايلىيا، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز، يامان ئىش قىلمىساقلا بولىدىغۇ، — دېيىشتى - دە، ئۆتنە يېرىم قىلىپ بولسىمۇ گۇۋاھنامە ئېلىش قارارىغا كېلىشتى.

نەق پۇلى بارلار نەق پۇل تۆلىدى، نەق پۇلى يوقلار پۇلغا يارىغۇدەك سەرەمجانلىرىنى ئېلىشىغا ساتتى. رەندىگە قويدى، ئۈچ تەڭگىگە چاغلىق ۋەجى يوقلار ئابلىزقارىدىن ئېيىغا يېرىم تەڭگە ئۆسۈم تۆلەش شەرتى بىلەن قەرز ئېلىپ، گۇۋاھنامە سېتىۋالدى - دە، ئۆزلىرى ئاڭلاپ باقمىغان بىر شەھەرنىڭ پۇقراسى بولۇپ كۆڭلى تىنىدى...

«ئاقپاششا»، «نىكونەي» دېگەن گەپلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلاندى. قەسىرنىڭ ئالدى كېلىپ - كېتىۋاتقان مەپىلەر، سۆلىتى زىيادە بەگزادىلەر، باغلاقلىق تۇرغان ئات - ئېشەكلەر بىلەن مىسلى قايناق بازارغا ئايلىنىپ كەتتى. يېقىنى گۇلاخمادىن تارتىپ، يىراقى دامىكۇغىچە بولغان كەنتلەردىكى يۈزبېشى، ئاقساقاللار، مال - دۇنياسىنى مانجۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەن دۆلەتمەنلەر نامدار ئىشانغا قول بەرگىلى كەلگەن سادىق مۇرىتلاردەك قەسىرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشتى.

«ئاقپاشا پات-ئاردا يەنە ئىقلىمىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇدەك» دېگەن سۆزلەرگە چىنپۇتۇپ، بەخت-ئىقبالىغا يول ئاچماقچى بولغانلارمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشتى. بىر چاغلاردا ئەقىل-ئىدراكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلماي، يات تائىپىلەر قورۇپ قويغان ئوچۇق قىسماقنى چوقۇپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالغىنىنى يادىدىن چىقارغان يۇرت ئاقىللىرىنىڭ كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ، يات تائىپىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىشتىن جاھىلانە باش تارتىپ تۇرغان بىرمۇنچە پۇقرانىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرىمۇ ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى. بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى بىرقانچە قېتىم پاتقاققا پاتقان «ئېشەك» پاتقاققا پاتقان يەرگە يەنە دەسسىدى.

ئاتا مىراس سەلتەنىتىنىڭ، نىجات-ئىقبالىنىڭ بىردىنلا ھالاكەت گىردابىدىن قايتىپ، تەلەي چوققىسىغا ئۆرلەپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇۋاتقان ئابلىزقارىنىڭ يالىقى يېيىلىپ، ئاغزى قۇلاق تۈۋىگىچە يەتتى. پۇقرانىڭ «تاپتىن چىققانلىقى»، مانجۇلارنىڭ ھەيۋىسى تۈپەيلى تەكتى سارغا چۈشۈپ قالغان ئىناۋىتىنىڭ بىر ئۆرۈلۈپلا ئاسمانغا تاقاشقانلىقى ئۇنى تولىمۇ يايرىتىۋەتتى.

ئۇ، چېرىكلەر كەتكەن كۈنى كەچقۇرۇن جەددى-جەمەتىنى ئۆز خانىسىگە چاقىرتقۇزدى. سېيىت ھاجىدىن ئالىبۇرۇن بېشارەت بولغان مېھماندارچىلىق ئىشىنىڭ ھازىرلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىپ:

— ئالدى بىلەن ياراتمىش ئىگەمگە، ئاندىن قالسا رەسۇلۇللانىڭ ئەۋلادى بولمىش سېيىت ھاجىمغا رەھمەتلەر بولسۇن. مانا بۈگۈن بۇ خاسىيەتلىك سائەتتە چېرىكلەرنىڭ دەپئى-دۇنيايىمىزنى تارتىۋېلىپ، نەسلىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىشىدىن ئامان

www.uyghurkitap.com

قالـدۇق، دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا شەرمىساز بولمىدۇق، راست
گېپىمنى قىلسام، ئاتام رەھمەتـىمۇ پېقىرغا بۇنچىلىك مېھرىبانلىق
كۆرسەتمىگەن. ئەل ئارىسىدا «قول قولنى يۇسا، قول يۈزنى يۇيۇپ-
تۇ» دېگەن گەپ بار، پېقىر ھاجىمنىڭ بۇ ئاتىدارچىلىقىغا ئوبدان
مىننەتدارلىق بىلدۈرسەك، دېگەن يەرگە كەلدىم. قېنى، ھەر-
قايسىڭلارمۇ بىرنېمە دەڭلار، قانداق قىلساق ھاجىمنى ئوبدان
رازى قىلغىلى بولار؟ــ دېدى.

خېلى كۈنلەردىن بېرى ئېرىنىڭ ھوزۇرىغا قەدەم باس-
ماس بولۇپ كەتكەن ھەنىپە خېنىممۇ بۈگۈنكى كېڭەشكە
ئىختىيارەن قاتناشقانىدى. خوتۇنىنىڭ يالۋۇرۇپ، يېلىنىـ
شىنى تەلەپ قىلمايلا ئۆز ئىتائىتىگە كىرىپ، گېپىنى قۇلاق
سېلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابلىزقارى پۇقرا ئالدىدىكى
ئىناۋىتىلا ئەمەس، بەلكى ئەرلىك ھۆرمىتىنىڭمۇ ئۆسۈپ قالغانـ
لىقىنى ھېس قىلدى:

ــ گەپ قىلمايسىلەرغۇ، خوتۇن، مېھمان تەييارلىقى
دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى، قېنى بىر نېمىدەپ بېقىڭلار،ــ
دېدى ئۇ ئۆمرىدە ئايالىغا تۇنجى قېتىم ئۆتۈنلۈكرەك قىلىپ.

ــ نېمە دەيدۇ ماۋۇ كىشى، مېھمان سىلىنىڭ مېھمىنىڭـ
لار، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسەڭلار سىلى كۆردۈڭلار، يەنە
مېنى ھازىرلىق قىل دەيسىلىيا تېخى!ــ دېدى ھەنىپە خېنىم
بويىنىدا شاپتۇل قېقىپ.

ــ ئاپلا ماۋۇ خوتۇننى، ئەر ـ خوتۇن دېگەننىڭ ئارىسىـ
دىمۇ سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن گەپ بارمۇ؟ ھاجىمنىڭ شۇنچە
كۆپ ياخشىلىقىنى كۆرگەن تۇرساق، يەنە ئاغزىغا توپا سۈركە-
ۋاتقىنىنى، تۇۋا قىلدىم، تۇۋا...

ئېرىنىڭ ياقىسىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقاۋاتقىنىنى كۆر-
گەن ھەنىپە خېنىم تازا بولغان ئارپا خېمىردەك سويۇلۇپ

تۇرغان ساغرىسىنى ياغۇنچاقنىڭ تېشىنى چۆرىگەندەك چۆرىدى ۋە ئېرىگە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— تاي ـ تاي گەزماللار ئىلكىدە تۇرۇقلۇق، قوشناچىمغا بىرەر ـ ئىككى كېيىملىك ھىندىستان چىتى سوۋغا قىلىۋېتەي دېمىگەن ئادەمنى ياخشىلىق قىلدى، دېگىلى بولامتى ئەمىسە؟

— ۋاي ـ ۋوي، خوتۇن خەق دېگەن لاتىنىڭ قولى دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە. مۇبادا ھاجىم جەمەتىمىزگە ئاتىدارچىلىق قىلمىغان بولسا ئالتۇن جابدۇقىڭلىدىنمۇ، سولەيسۇن تۇمىقىڭلىدىنمۇ، كۆپە جۇۋاڭلىدىنمۇ قۇرۇق قالماتتىڭلار خوتۇن، كېيىمگەننى كېيىۋالغىلى بولىدۇ، ئىنساپ قىلىڭلار ئىنساپ، مۇشۇگېپىڭلارنى ھاجىم ئاڭلاپ قالسىزە...

ئېرىنىڭ چىرايىنىڭ پۈرمە خالتىدەك پۈرلىشىپ، سىم بۇرۇتىنىڭ تالىشىۋاتقان مۈشۈكلەرنىڭ بۇرۇتىدەك لىكىلداشقا باشلىغىنىنى كۆرگەن ھەنىپە خېنىم ئوغلىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھارامزادىلىكىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىش نىيىتىدىن يېنىپ قالدى ـ دە، ئاچچىقىنى زورىغا يۇتۇۋەتتى.

ئۇ ئېرى بىلەن ياقىلىشىپ قالسا، ئېرىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. ئابلىزقارىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ يوغانچىلىقلىرىغا چىداپ، ئەمرىدە ساقلاپ كېلىشىنىڭ سىرىنى ھەنىپە خېنىم بەكمۇ ئوچۇق بىلەتتى. ئۇ ئېرىگە مەسلىھەت بېرەلەيتتى، ئېرىنى سىزغان سىزىقى بويىچە ماڭدۇراتتى. ئېرىمۇ شۇنچىلىك ئاقىل خوتۇنىنىڭ بولغانلىقىدىن رازى ئىدى. ئەمدىچۇ، ئەپتىدىن قارىغاندا ئالىمادىس ياقىلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئابلىزقارى قېيىن ئاتىسىدىن قورقىدىغاندەك قىلمايدۇ. سېپىت ھاجىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ كېتىۋاتقان ئىناۋىتى ئېرىنى مانجۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يەردە، ئىقلىمشاھنىڭ ھەيۋىسىدىنمۇ، ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىدىنمۇ ئەلۋەتتە

ساقلاپ قالالايدۇ-دە؟!

ئەلەك-سەلەك بولۇپ، خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مەستلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان خاتىپ بەگزادىنىڭ سۆھبەتكە ئارىلىشىشى ئاردىكى قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ، باياتىن بىرى بۇرجەككە قىسىلىپ، ئاغزىدىن شايلا ئېقىتىپ ئولتۇرغىنىنى بىلەن، پاراڭلارنىڭ راۋاجىغا يېقىندىن دىققەت قىلغانىدى. ئۇ تىلى قىسقىراپ قالغان ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتتى-دە، ئەپلىك يول بىلەن ياردەم قولىنى سۇندى:

— ھۆرمەتلىك دادا، دېگەنلىرى تامامەن دۇرۇس، بىز ھاجىمنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆردۇق، ئەمدى ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرمىساق بولماس، قېنى ئىش بولسا تاپىلاۋەرسىلە، ھېقىر پەرمانلىرىغا ھازىر...

خاتىپ ئادەتتە ھەممە ئىشتا ئانىسىنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى. بۈگۈن ئۇ بىردىنلا دادىسى تەرەپكە ئۆتتى. ۋاپادار ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ھەنىپە خېنىم چۈشىنىپ ئولتۇراتتى.

خاتىپ بەگزادە ئانىسىنىڭ كۆزىگە كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە قاراپ قويۇپ، رەھمەت كەلتۈرگەن بىر چىنە دوغاپنى جاۋغىيىدىن ئېقىتىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتتى-دە، يەنە دېدى:

— مېنىڭچە، دادا، پولۇغا ئۇلاي گۆشى باسلى، ئېيىق تاپىنى تېپىپ قالساقمۇ ئەجەب ئەمەس، جاپپار موللام تونۇر كاۋىپى قىلغىلى يېشىغا يەتمىگەن پاقلاندىن تەييار قىلسۇن!

— مانا... مانا... يارايسەن ئوغلۇم، يارايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن مەرد بولمىقى كېرەك، مەردلىك — خوتۇن كىشى بىلەن ئەر كىشىنى ئايرىيدىغان بىر ئالامەت!

ئابلىزقارى ئوغلىنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويۇپ دېدى.

ھەنىپە خېنىم ئېرىنىڭ بۇ گەپ ئارقىلىق ئۆزىنى چېقىۋېلىۋاتـ
قانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— غوجىدار قېنى؟

— لەببەي بېگىم!

ئىشىك تۈۋىدە خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرغان جاپپار موللا يېنىك قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، ئاراشتىلا قول باغلاپ تۇردى.

— قېنى موللام، ئايىغىمىزنى ئېتتىك قىلىلى، تاغلىقلار تۆت ئېيىق تاپىنى، تۆت ئۇلاي يەتكۈزۈپ بەرسۇن، كاۋاپ قىلىدىغان پاقلاننى ئۆزۈڭلە بېرىپ خىللاپ تۇتۇپ كېلىڭلار، پۇرسەت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ھۆل مېۋە ـ چېۋىلەر گە ـ مىدە بارغۇ؟

جاپپار موللا چىقىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئابلىزقارىدىن سورىدى:

— قارىم، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا مانجۇچە پەرىجە، تەقىي كىيىپ چىقامدىلا ياكى...

— پوق يېمە! — ئابلىزقارى ھەرە چېقىۋالغاندەك سەكـ رەپ كەتتى ۋە بىگىزدەك ئىنچىكە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى غوـ جىدارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تاقاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — قايسى زامانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن دۆت؟! ئاشۇنداق سەت بىر نېمىلەرنى كىيگىلى مېنى ئېلىشىپ قالدى دەپ ئويلاۋاتامـ سەن — يا؟

بېشىدىن بىر قاپاق سۇنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەندەك چىد ـ لىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئۆلگۈرگەن غوجىدار دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— خاپا بولمىسىلا، بېگىم، بىلمەسلىكىم، ئۇنى ھەزرەتلىـ رى كىيىپ قالسا تەقلەپ قوياي دېۋىدىم، ئۇنداقتا بۇ سەت

ئېمىنى مالايلارغا تاشلاپ بېرەيلى، بۇزۇپ، خوتۇنلىرىغا ئىشتان تىكىپ بەرسۇن،— دېدى ئابلىزقارىغا يېلىنغان قىياپەتتە.

يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقالغان ئابلىزقارى باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— ئېمىدەپ جۆيلۈيسەن نانقېپى!؟ بەگلەر كىيىدىغان ئۇستىباشتا مالايلار ئىشتان تىكىپ كىيسۇن دەمسىنا؟

— بەرىبىر سىلى كىيمىگەندىن كېيىن دەيمەنا...

— كىم ساڭا كىيمەيمەن دەپتۇ ساراڭ، تولا ئۇستاتلىق قىلماي، ئۇنى ئوبدان قاتلاپ ساندۇققا سېلىپ قوي، چېرىكلەر دەرۋازامنىڭ ئالدىدىن كەتكىنى بىلەن ئىلچىدىن كەتتىمۇ ـ يا؟

— كەتمىدى بېگىم، كەتمىدى...

ئابلىزقارى تورۇسقا سەپسېلىپ، شالاڭ ساقىلىنى سىيىلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە تۇيۇقسىز:

— ھە، بىلدىم، دۇردۇن ئەڭنىمنى مالايلارغا ئىشتان قىلىپ كىيگۈزۈپ قويۇپ، مانجۇلارغا مېنى شۇنداق قىلدى دەپ چاقىماقچى بوپسەن — دە تۈزكور! بىلىپ قوي، مانجۇلارغا گەپ تۇشۇيدىكەنسەن، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، بازارمۇ بازار سازايە قىلىمەن...، — دېدى.

جاپپار موللا قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكۈدەك بولدى ـ دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— چېچىلمىسىلا مۇسۇلمان، چېچىلمىسىلا، بۇ يەرگە كەلسىلە، بىر پىيالە چاي ئىچىۋالسىلا.

ئاچچىقىدىن تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئېرىدگە كۆيۈنگەندەك، —دېدى ھەنىپە خېنىم.

— خاپا بولمىسىلا دادا، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغىلى جېنى ئون ئەمەس!

ئابلىزقارى بىرمۇنچە تەشەللىلەردىن كېيىن تەسلىكتە
تىنچلاندى ـ دە، كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ، تاءغا يۆ-
لەندى. قولىغا پىيالىنى ئېلىپ پۇۋلەپ ـ پۇۋلەپ چاي ئوتلاش-
قا باشلىدى. خاتىپ سورىدى:

— مېھمانلارغا قاچان خەۋەر قىلىمىز، دادا؟

— ئەتە بامداتتىن كېيىن خەۋەر قىلىلى، جاپپار دېگەن
بۇ لەقۋا ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ، مېھمانلارنىڭ ھۆرمى-
تى ئۈچۈن ئۆزۈڭلا خەۋەر قىلساڭ بولارمىكىن بالام.

— باش ئۈستىگە دادا، كىملەرگە خەۋەر قىلىمىزكىن؟

ئابلىزقارى ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— قېنى، ئاناڭ بىرنېمىدەپ باقسۇن، بۇنداق كاتتا سو-
رۇنغا كىملەرنى چىللاش زۆرۈرلۈكىنى ئاناڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ئېرىنىڭ يەنە ئۆزىدىن مەسلىھەت سوراشقا باشلىغىنىنى
كۆرگەن ھەنىپە خېنىم بىر كىم قولتۇقىدىن قىچىقلاۋاتقاندەك
تولغىنىپ، نايناقشىپ ئېرىنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى ـ دە:

— باشقىنىغۇ ئۆزۈڭلار بىر نېمە دەڭلار، مېنىڭچە نادىر-
خاننى چىللاپ قويساق بولارمىكىن؟ — دېدى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ.

ئېرىنىڭ بۇنداق كەسكىن رەت قىلغانلىقىغا خاپا بولغان
ھەنىپە خېنىم ئۇنىڭ ساقىلىغا ئېسىلماقچى بولدىيۇ، پايدى-
سىز ۋەزىيەتنى ھېسابقا ئالدى:

— مېنىڭ تۇغقانلىرىمغا سىلى نېمانچە ئۆچ؟ ئۇنداق
قىلماڭلار ئادەم، مېھمان چىللىغىنىمىزنى ئۇ ئاڭلاپ قالسا، خا-
پا بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

— خاپا بولسا، بولىۋەرمەمدۇ، ئۆز ۋاقتىدا مېنىمۇ خاپا
بولار دېمىگەنتىغۇ!

— شۇنىداق قىلىلى، دادا، ئانام دۇرۇس ئېيتىدۇ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

چىللاپ قويمىساق بولماس.

— تېزدىنى باسسا مېزى، مېزدىنى باسسا تېزى قويتىغۇ، سەنمۇ قويتۇڭمۇ ئەمدى، بولمايدۇ دېدىمەمۇ، بولمايدۇ. بۇنداق كاتتا سورۇنغا ئاقپاششا پۇقراسى بولغان يۈز - ئابرويلۇق ئادەملەرنىلا چىللايمىز، ئۇنداق نەشكەشنى چىللاپ يۈرسەك، ھاجىمنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟

ئابلىزقارى جىلىخور خوتۇنىنىڭمۇ، مەمەدان ئوغلىنىڭمۇ ئۆز قارارىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە تەنتەنىلىك ھالدا:

— يادىڭلاردا بولسۇن، بۇ يۇرتنىڭ بېگى بۇگۈندىن باشلاپ ئاقپاششا پۇقراسى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاقپاششا پۇقراسى ئەمەسلەر ئۆزىدىن ھېزى بولسۇن، بوسۇغامغىمۇ دەسسىمىسۇن! — دېدى.

## 20. تور يېيىلماقتا

قەسىرنىڭ كونا، يېڭى خوجايىنلىرى بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان شاھانە زىياپەتتىن كېيىن، يوغىناپ كەتكەن قورساقلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ، بوغاز كالىدەك ئېغىرلىشىپ قالغان مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چىققاندا، كەچكى قۇياش تاغ تەرەپتىن توختىماي ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامال بىلەن بىللە كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. قەسىر سېپىلىنىڭ قوقتىسىدىن ئۇششىرتقان ئاۋاز چىقىۋاتاتتى. تامغا چاپلىشىپ ئۆسكەن ئېگىز سەگۈ تېرەكلەرنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرى نېپىز قوۋزاقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نەم، سوغۇق شامالدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغاندەك توختىماي ئېغاڭلىشاتتى. قاياقتىندۇ تېزىپ كەلگەن قوناق شېخى ياكى چۆۋا - چاتقاللارنى يۇدۇۋالغان، دۈگدەرەشكەن كىشىلەر

قەسىر ئالدىدىكى يولدىن ئەيمىنىپ ئۆتۈشەتتى.

— داستىخىنىمىز لايىقلىرىدا بولمىدى، خاپا بولۇشمىسلا، خۇدايىمغا ئامانەت.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇنداق دېگىلى بولامدىغان، ھەرقايسىلىرىنى بەك ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، يېگەن تۇزىمىز بىزدىن يانمىسا، خۇدادىن يانار...

بىرمۇنچە تۇزۇت گەپلەردىن كېيىن مەپىلىك كەلگەنلەر مەپىلىرىگە جايلاشتى، ئاتلىقلار ئاتلىرىغا مىنىشتى. مەپىلىك ۋە ئاتلىقلار تاختا كۆۋرۈككە كەلگەندىلا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، يوق بولدى.

— قانداق، زىياپىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولدىمۇ دەيمەن، — سوردى مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ تەكىيىگە يانپاشلىغاندىن كېيىن سېيىت ھاجى ھاپىز مەخسۇمغا قاراپ.

ھاپىز يېڭى دەملەنگەن بىر چەينەك چاينى ئابلىزقارىنىڭ قولىدىن بوسۇغا ئۈستىدىلا تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى باشقا بىر ئىشقا بۇيرۇۋەتتى-دە، چەبدەس قەدەم بىلەن سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بەك ئوبدان بولدى، بەك ئوبدان بولدى، دېگەنبىلەن، ئۆزلىرىنىڭ پەمى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس، پېقىر بۇنىڭغا بۈگۈن يەنە بىر مەرتەم ئىشەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى كوركىرىتىپ چاي قۇيۇۋېتىپ.

سېيىت ھاجى ساقىلىنى سىيلاپ، تاڭلىيىنى قېقىپ قويۇپ، ماختانغاندەك:

— بۇ تېخى ئاددىي ئىشلار، بۇنداقلارنى دەريابويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ئەكىلىشكە كۆپ كۈچ كەتمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— مەن سىلىگە دېمىگەنمۇ ھاجىم، بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بەك ساددا، قۇرتتەك ياۋاش، پاختىدەك يۇمشاق، ئەل قىلى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماق تولىمۇ ئاسان دەپ، مانا دېگىنىمدەك بولدى. ھېلىغۇ سىلى بار، بۇرۇن مەن چېنىمدا بۇلارنىڭ بۇرنىغا تۇيدۇرماي چۈلۈك ئۆتكۈزگەن تۇرسام...، — دېدى.

— ياق، ياق، — دېدى سېيىت ھاجى قولىنى سىلكىپ قويۇپ، — زامان ئوخشىمايدۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى ساددا دېگىلى بولمايدۇ بۇ خەقلەرنى. پېقىر بۇ يەرگە كارۋان تارتىشتىن بۇرۇن سودا قىلىپ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قالغانلاردىن ھازىرقى خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلار سىرتىدىن قارىغاندا، ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن ئىچى كۈچلۈك، مۇبادا ئانسي تاپىمەن دېسەڭ سېنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ. بىرنى بىر دەيمىز دەپ، ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا بۇلار بىر ئاپەت، توسقىلى بولمايدىغان بىر سەل. تۈركىستان تارىخىدا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇنداق ئىشلار ئازئەمەس.

مەسىلەن ئالايلۇق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 12 يېشىدا ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن تونۇشۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننى قەتل قىلغاندىن كېيىن خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. دىني ئىسلامنىمۇ خاقانلىق پەرمان يولى بىلەن يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. بىراق بۇغراخان خوتەن دىيارىنى پەتىھى قىلغىلى قوشۇن ئەۋەتكەندە، بۇلار ھەرگىز بوي بەرمىگەن، تالاي لەشكەر ۋە لەشكەر بېشىنى شېھىت قىلغان، ئىسلام لەشكەرلىرى ئاخىرىدا مۇبارىزە مەيدانىدا ھىيلە ئىشلىتىپ، خوتەن لەشكەرلىرىنىڭ چوڭى سەنسۇيل دېگەننى ئالدىن كولاپ نىقابلاپ قويۇلغان خەندەككە دەسسىتىپ يوق قىلىش يولى بىلەنلا مەقسەتلىرىگە يەتكەن.

— خوتەنلىكلەر نىمىلا دېگەنىبىلەن تەقدىرىگە تەن بېرىپتۇ-

غۇ، ئاخىر.

سېيىت ھاجى ئادەتتىكى بۇزۇپ سۆزىگە لوقما سالغان شېرىكىگە قاراپ ھومىيىپ قويۇپ، گېپىنى داۋام ئەتتى:

— نەدىكىنى، يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرىيىگە خوجا ئوبۇلقاسىم بىغەم قەشقەرىنى سەردار قىلىپ قويۇپ، قاراخانىلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن تاشكەنت، پەرغانە تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىپ كەتكەن چاغدا خوتەنلىكلەر ئىسلامدىن يېنىۋالغان. ئۆزى يېنىۋېلىپلا قالماي، قەشقەرلىكلەرنىمۇ ئىسلامدىن چىقىرىپ، بۇتقا چوقۇندۇرغان.

— توۋا قىلدىم، كونا چاپان ئىچىدە دۈگدەرىشىپ يۈرگەن بۇ خەقلەرنى ياۋاش چاغلىغىلى بولمايدىكەن.

— دۇرۇس ياۋاش چاغلىغىلى بولمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرىيىنى قايتا پەتھى قىلىپ، 40 مىڭ لەشكەر ۋە نۇرغۇن ئىماملار بىلەن خوتەنلىكلەرنىڭ ئۈستىگە قايتا يۈرۈش قىلغان. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ، قانلىق ئۇرۇش داۋامىدا ئىسلام لەشكەرلىرى قىرىلىپ تۈگەي دېگەندىلا خوتەن دىيارىنى بەيئەت قىلدۇرغان. خوتەنلىكلەر مانا مۇشۇنداق جاھىل خەقلەر.

سېيىت ھاجى تەكىيىدىن كۆتۈرۈلۈپ، تامغا يۆلەندى ۋە پەي تەكىيىنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ جىددى تۈس ئالدى:

— چىرىيىمىنىڭ ھەر بىر تېشى ئۆزگە يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ھەربىر زەررە تۇپرىقى سىرتتىن جاھات ئېچىپ كەلگەنلەرنىڭ يېشى بىلەن نەمدەلگەن. ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان يىگىرمە نەچچە مىڭ لەشكەرنى قويۇپ تۇرايلى، مەشھۇر لەشكەر باشلىقلىرى ۋە سىپاھلاردىن ئىمامى نەسىرىددىن، ئىمامى موئىددىن، ئىمامى زوھورىددىن، ئىمامى قەۋمىددىن، قاسىم ئۇشلارنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يۇرتتا ياتىدۇ. بۇ قەبرىلەر ۋە

بۇكەڭ شېھىتلىكتىكى مازارلارنىڭ خادىملىرى بىزنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، ئەقىل كۈچى بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ.

ئولتۇرغان يېرىدە خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ھاپىز ياقىسىنى چىشلىدى-دە، خۇرسىنىپ:

— ياپىرىم، بۇ خەقلەرنىڭ يامانلىقىنى، پۈتكۈل تۈركىستاننى ئۆزىگە قارام قىلىپ، شۆھرەت قازانغان قۇدرەتلىك لەشكەرلەرنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپتۇ-دە، «شېھىدانە خوتەن» دېسە نېمىشقا مۇنداق دەيدىكىن دەپتىمەن؟! — دېدى.

— يەنە بار تېخى، — سېيىت ھاجى بېشىغا بىراۋ قىلىچ تەڭلەپ تۇرغاندەك قورقۇنچقا چۈشكەن ھاپىز مەخسۇمنى مەسخىرە قىلغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەدۆلەت ئالىيلىرى خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللاخان خوجىنى ھىيلە شارابى بىلەن مەستۇ مۇستەغرەق ئەيلەپ خوتەننى پەتھى قىلغاندا، ئىلچىغا بېرىپ «ھاجى ئاتامنى تېپىپ بەر» دەپ غوۋغا قىلىپ، غازاتچىلار بىلەن كالتەك، چوماق ئارقىلىق تۇتۇشقان نەچچە تۈمەن ئادەمنىڭ يېرىمى چىرىيىلىك، بۇلار مانا مۇشۇنداق توپىلاڭچى خەق، ئاچچىقى كەلسە خۇدادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ.

— ئەمىسە، ئەمىسە... — ھاپىز ئۈستىدىن ئېغىر بىرنەرسە بېسىپ تۇرغاندەك ئىنجىقلاپ تۇرۇپ سورىدى، — ئەمىسە ھاجىم نېمىدەپ باشقا بىر يۇرتنى خالىماي، بۇنداق نائەھلى يۇرتنى خالاپ قالدىلىكىن؟

سېيىت ھاجى ھەمراھىغا ئىشارەت قىلىپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى مەھكەم ياپقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— پېقىر ئەزەلدىن ئاجىز رەقىب بىلەن ئېلىشىشنىڭ مەزىسى يوق دەپ قارايمەن. مەسىلەنىسىگە ئالساق، بالىغ ئادەم تۇرۇپ، بىر سەبىي بالا بىلەن تۇتۇشۇشتىن نېمە لەززەت؟ چوڭ ئادەمنىڭ غالىب كەلمىكىغۇ تەھقىق. بىراق، چوڭ ئادەم

بۇنىڭلىق بىلەن باتۇر ھېسابلانمايدۇ - دە!

— دۇرۇس... دۇرۇس...

— سىلى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى① دېگەن بىر چوڭ شائىرنىڭ نامىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— مۇھەممەت سىدىق؟ مۇھەممەت سىدىق دەيدىغان ئادەمدىن نەچچە ئوننى تونۇيمەن، شۇغىنىسى، — ھاپىز بېشىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، چوڭقۇر ئويلانغان قىياپەتتە بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دېدى، — شۇغىنىسى زەلىلى، شائىر دېگەن ئادەملەرنىڭ نامىنىمۇ ئاڭلىمىغان، ئۆزىنىمۇ تونۇمايمەن تەقسىر!

— ۋاي - ۋۇي، نادان بىلەن سۆھبەت قۇرۇشقۇ ئۆينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا بىر ئىش، زەلىلى دېگەن تەخەللۇس، شائىر دېگەن غەزەل توقۇيدىغان ئادەم دېگەن گەپ. ئۇقتىلىمۇ؟

— ئۇقتۇم... ئۇقتۇم...

— ئون نەچچە يىل مۇقەددەم، ئاشۇ مۇھەممەت سىدىق زەلىلى شائىرنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن داستانى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. «سەپەرنامە»نى ئوقۇغاندىن كېيىن يۈرىكىمگە بىر ئوت-ئىشتىياق چۈشتى، ئۇ شائىر چىرىيە دىيارىنى قانداق ماختىغان دەيدىلا؟

---

① مۇھەممەت سىدىق زەلىلى — XVIII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى. ئۇ مىلادى 1674 - يىلى يەكەندە دۇنياغا كەلگەن. 40 يېشىدا مەلۇم ئىجتىمائى سەۋەبلەر تۈپەيلى مازار - ماشايىقلار زىيارىتىنى خالاپ قالغان ۋە قەشقەر مەشھەدتە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن ئانا يۇرتى — يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئىنىسى دەلىلى ۋە ئاغىنىسى موللا غەزەلىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككىنچى قېتىم سەپەرگە ئاتلىنىپ، خوتەنگە كەلگەن. خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان زىيارەت - سەپەرلىرىنىڭ تەسىراتىنى 2800 مىسرالىق «سەپەرنامە» داستانىغا كىرگۈزگەن. مىلادى 1720 - يىللىرى يېزىلغان بۇ داستاندا خوتەن دىيارىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە يارىشا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن تەرىپلىگەن.

شائىر 1755 - يىلى 80 يېشىدا خوتەندە ۋاپات بولغان. نامى ئۇلۇغلانغان يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «ئالتۇن مازار» غا دەپنە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىرە چۈنان مەۋئىد نېكۇ سىرىشت،
ياد بىرۇر ئابى ھاۋاسى بېھىشت.
تۆت تەرىپى چىرە ھەممە باغلار،
كۆرمىگەن ئادەم يۈرەكى داغلار.
مېۋىسى ھەددىدىندۇر ئانىڭكى فۇزۇن،
نەشپۈتۇ، شاپتۇلۇ ھەم ئۈزۈم، قوغۇن.
قىش كۈنىدە ئالما، چىلان قاقىدۇر،
مېۋە مەھەللىسىدە چىرە تاقىدۇر.
جەننەت بولسا ئەگەر تېگىدە تۇرۇر،
پەيزى - فۇتۇئى جان رەكىدە تۇرۇر.

سېيىت ھاجى بۇ مىسرالارنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئو-قۇپ بولغاندىن كېيىن:

— مانا بۇ چىرىيىنىڭ 190 يىلچە بۇرۇنقى سۈرىتى، بۇ سۈرەت پېقىرنى توپتوغرا ئون نەچچە يىل قىزىقتۇردى، ئۇخ-لىساممۇ، قوپساممۇ كۆز ئالدىمدىن زادى نېرى كەتمىدى. كۆڭلۈمگە بۇ جەننەتتىن پەيزى ئېلىش ۋەسۋەسىنى سالدى. بۇ، بۇ يۇرتقا كېلىشىمدىكى بىر خۇسۇسىي سەۋەب، — دېدى.

—ھە، گەپ مۇنداق ئىكەن - دە، ئەمدى چۈشەندىم، چۈشەندىم...

— بۇمۇ بىر سەۋەب، بىراق، بۈيۈك ئاقپاششا ئېلىنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق چوڭ ئىش قىلماق ئۈچۈن، مۇشۇنداق بىر يۇرتنى تاللىماق لازىم. بۈگۈنكى زاماندا، ھەممە مەملىكەت مۇداپىئە نەزەرىنى چېگرىغىلا قاداۋاتىدۇ، چېگرىغا كېلىپ ئوسۇرساڭمۇ ئۇلار سېنى توپ ئاتتى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ھازىر چېگرىنىڭ خېلىلا ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ يۇرتتا نې-مىلا قىلساق قىلىۋېرىمىز. پەقەت يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئازراق مەنپەئەت بەرسەڭلا، ئۇ ساڭا ئىش قىلىپ بېرىدۇ.

— دۇرۇس، دۇرۇس. مانا بۇ قېتىم كىرىيە ئامبىلى

بىرگە ماسلاشقاندەك.

— شۇنداق، مال ئەشيا جەھەتتە باغ دېسە بېغى بار، تاغ دېسە تېغى بار بۇ يۇرت بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ. مەسىلەنىسگە ئېيتساق، بايام زىياپەتتە دېگەندەك، ئىماملىرىم كەنتىدە ئالتۇن قېزىش ئىشىنى پات يېقىندا باشلىۋېتىمىز، ئىككى تاغ كەنتىدىن چىقىدىغان قاشتېشى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىزگە بەك زۆرۈر بولغان نەرسىلەردۇر. ئەتە-ئۆگۈن گىلەم كارخانىمىز ئىشقا كىرىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ھېسابى يوق. گۈلاخمانىڭ پاختىسى، چىرىيەنىڭ قۇرۇق مېۋىلىرى سودىگەرلىرىمىزنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ.

— بىراق ھاجىم، — دېدى ھاپىز ئېگىزكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، — بايام دېگەن گەپلىرىڭگە قارىغاندا، بۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش خەتەرلىك ئوخشايدۇ، ئىشىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن شۈبھىلىنىپ قېلىۋاتىمەن. ئىلكىمىزدە بۇلارغا تاقابىل كەلگۈدەك ياراغ يوق تۇرسا.

سىيىت ھاجى ئورنىدىن تۇردى، قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان كەڭرى سۇپا ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈپ:

— بەش بارماقنى بىراقلا ئاغزىمىزغا تىققىلى بولمايدۇ، ياراغ ھازىر بولمىسا، كېيىن بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ئەقىللىق ئادەم قىلىچىنى ئالدىراپ قىنىدىن چىقارمايدۇ، — دېدى.

— ئۇنداقتا...

— دېمىدىممۇ، بىز بۇ يەردە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ يولىنى تۇتمايمىز، بەلكى بەدۆلەت ئاتىلىرىنىڭ يولىنى تۇتىمىز.

— ئۇ ئاتىلىرى قانداق يول تۇتقان ئىدىكىن؟

— قانداق يول تۇتاتتى، خوتەنلىكلەرنىڭ قىلىچ-نەيزە بىلەن بويسۇندۇرالمىغان قەلبىنى دىنىي ئېتىقاد مايىللىقى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن! رىۋايەتلەردىن مەلۇمكى، نىياز

ئىشىك ئاغىسى ھەبىبۇللاخانغا ئەجەل شەربىتىنى ئىچكۈزۈپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاققۇزۇپ، خوتەن تەختىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، پۇقرانىڭ مەنەن مايىللىقىنى زادى قولغا كەلتۈرەلمىگەن. بىرنى ئۆلتۈرسە، مىڭى تىرىلىپ قوپقان. ئىسيان، قوزغىلاڭ زادى بېسىقمىغان. ئاخىرىدا ئۇ خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پۇختا بىلىۋالغاندىن كېيىن، خەزىنىدىن ئانچە-مۇنچە پۇل ئاجرىتىپ، ماگدامدا بىر مەسچىت سالغان. مازارلارنى تىكلەپ، ئىستىقامەتنى باشلىۋەتكەن. ئوردىدىمۇ نۇرغۇن راست-يالغان قارىيلارنى قىرائەت قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پۇقرانىڭ كۆڭلى ئېرىپ، كالتەك-توقماقلىرىنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىسيان قىلىشنى ئۇنتۇپلا كەتكەن. مانا بۇ يۇرتىمىزنى ئىمامى جەئفەر تەيران مازىرى ھەم شۇ چاغدا كېڭەيتىلىپ، بۈگۈنكى ھەيۋەتتىگە كىرگۈزۈلگەن، رەسمىي تەزكىرە تۇرغۇزۇلغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نۇرى كەنتىدىكى تۆت ئىماملىرىم مازىرىنى نىياز ھېكىم بەگ ئىشىك ئاغىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن زىننەتلەپ، 40 قوينىڭ گۆشى پاتقۇدەك داش قازان ياساتقانىمىش، ھەتتا ئۆزى بۇ مازار زىيارىتىدە بوپتىكەنىمىش.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ھاجىمنىڭ نۇرغۇن تەدبىرلىرىنى پېقىر بۈگۈنگىچە چۈشەنمەپتىكەنمەن تېخى،— دېدى ھاپىز ۋە تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك سورىدى:—

بايام زىياپەتتە ئىسلام ئەقىدىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋەجىدىن يۇرت پۇقرالىرىغا بىر كاتتا مەدرىسە بىنا قىلىپ بېرىمەن، دېگەنلىرىدە مەن كەم ئەقىل تېخى ھەيران بوپتىمەن. مەدرىسە بىنا قىلىپ بۇ نادانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويساق، قانداق بولار دەپ غەم يەپتىمەن. ئەمدى چۈشەندىم، چۈشەندىم.

— پېقىرنى مەدرىسە سېلىپ، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قاپتۇلا - دە! — دېدى سېيىت هاجى هاپىز مەخسۇمنى زاڭلىق قىلغانداك پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپ، — ئەيسانىڭ ئېشەكى مەككىگە 40 قېتىم بارسىمۇ، يەنە ئېشەكلىكىچە قېلىۋېرىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، قارىغۇ يەنە قارىغۇ پېتىچە تۇرۇۋېرىدۇ ۋە يېتىلگەن يېرىڭگە ياق دېمەيلا مېڭىۋېرىدۇ! — سېيىت هاجى بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن شېرىكىگە سوئال قويدى، — سىلى قارچىغا بىلەن ئوۋ قىلىپ باققانمۇ مەخسۇم؟

بۇ تويۇقسىز قويۇلغان غەلىتە سوئالنى نېمىدەپ چۈشىنىپ قالدىكىن، هاپىز كۆزىنى بىردەم چىمچىقلاتقاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپ:

— يوقسۇ، ئۆمرۈمدە بىرنى ئىككى قىلمىغان دەپلا يۈرگەن ئادەممەن، ئۇنداق چاكىنا ئىشلار بىلەن هەپىلەم يوق، توشقان گۆشى دېگەن تولا نېمىغۇ، شۇنچە جاپا تارتىشنىڭ نېمە هاجىتى، — دېدى.

ئۇ سېيىت هاجىنى ئۆزىنى سىناۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ها... ها... ها...

سېيىت هاجىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشىدىن ئۇ هەيران قالدى.

— شىكار قىلىپ ئوۋ ئوۋلاش توشقان گۆشى ئۈچۈنلا ئەمەس. بۇ بەكمۇ كۆڭۈللۈك بىر ئىش، ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قارچىغىدىن قاچقان توشقاننىڭ جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى هەرتەرەپكە تاشلىشىنى، قارچىغىنىڭ چاڭگىلىدىكى ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر راهەت-دە!

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى بۇ جەهەتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىكەنلا - دە، هاجىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— پېقىر ياشلىقىمدىن باشلاپ قارچىغا ئوينايتتىم. ياشلىقىمدىلا ئەمەس، تېخى مەملىكەتتىن بۇ تەرەپلەرگە كارۋان تارتقۇچە خارەزمنىڭ چۆللىرىدە پۇرسەت بولسىلا قارچىغا قوشلايتتىم. قارچىغىنىڭ ئۆزىنى ئالساق، ئوۋ قىلمىغان چاغلاردا بېشىغا قارا قاپچۇق كىيگۈزۈپ، قاراڭغۇ ئۆيدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئوۋ قىلىدىغان جانىۋارنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپچۇقنى ئېلىۋېتىپ، گاھ دەپ قۇشلايمىز-دە، ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ئولجىغا چاڭگال سالىدۇ. مۇبادا، ئادەتتە زۇلمەت ئىچىدە ساقلانمىسا، ئۇ جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلىۋالىدۇ-دە، كۆرسەتكەن يېرىڭگە قاراپ ئېتىلمايدۇ، ھەتتا قوشلىغۇچىنىڭ كۆزىنى چوقۇۋالىدۇ. مانا بۇ ساڭا رەئىيەنى ئاسارەت ئىچىدە تۇتۇشقا ئۆگىتىدۇ.

— دۇرۇس، دۇرۇس، ھاجىم قالتىس جۇمۇ.

— ياق، قالتىس دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى پېقىر قول ئاستىدىكىلىرىگىمۇ ھەم مۇشۇنداق ئەقىلنى ئۆگىتىپ كېتەلمىدى-دە!

ھاپىز سېيىت ھاجىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھاڭۋېقىپلا قالدى.

— مەخسۇم، — دېدى سېيىت ھاجى گاڭگىراپ تۇرغان شېرىكىگە، — ئۆزلىرى بىر قېتىم ئوۋغا چىقىپ كەلسىلە بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— مەن... مەن بۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغان، ئەپلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىمنى تۇيۇپلا تۇرىمەن، ھاجىم.

— ياق، ھازىر تۇشقانلارمۇ سەمرىپ قالدى، تۇتماقچىمۇ تەس ئەمەس، خاتىپ بايۋەچچىنىڭ قارچىغىسى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ.

— يوقسۇ، يوقسۇ ھاجىم، باشقا ھەر ئىشقا بۇيرۇسىلا

پەرمانبەردارلىق بىلەن ئورۇنداي، مېنى ئۇزغا چىقىپ دېمىسىلە، بىر كۈن ئاۋارە بولۇپ بىرمۇ توشقان ئوۋلىيالمىسام، قايسى يۈزۈم بىلەن ئالدىلىرىغا كېلەلەيمەن! — سېيىت ھاجىنىڭ بايام «قارچىغا قۇشلىغۇچىنىڭ كۆزىنى چوقۇيدۇ» دېگەن سۆزىدىن قورقۇپ كەتكەن ھاپىز يالۋۇرغان ئاھاڭدا:

— سىلىنىڭ ئوۋلايدىغانلىرى توشقان ئەمەس، بەلكى ئادەم! ئادەم! — دېدى.

سېيىت ھاجى تامغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، «ئادەم» دېگەن سۆزنى كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن سوزۇپ ئېيتتى:

— ئادەم؟

— ھەئە ئادەم، — سېيىت ھاجى شېرىكىنىڭ ھەرقانچە قىلغان بىلەن بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى-دە، دېمەكچى بولغانلىرىنى يالىڭاچلا ئېيتتى، — توشقان، تۈلكە ئوۋلاشنىڭ ئادەم ئوۋلاش بىلەن نۇرغۇن ئوخشايدىغان يەرلىرى بار. بىراق، بۇ قېتىم ئوۋلايدىغانلىرى راستتىنلا ئادەم. بۈگۈنكى زىياپەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى يۈرگۈزىمىز، دېدۇق ئەمەسمۇ؟ قورۇلۇش قىلىدىغانغىمۇ، ئالتۇن كانى ئاچىدىغانغىمۇ، شايى-ئەتلەس، گىلەم ئۇستىخانىلىرىنى يۈرگۈزىدىغانغىمۇ ئۇلارنىڭ قولى كېرەك. ئاڭلىساق، ئۇ يەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنى ئىككى يۈزدىن ئاشىدۇ دەيدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار ئىكەن. خاتىپ بايۋەچچە يول باشلاپ بەرسۇنىيۇ، كۆزگە كۆرۈنمەي ئۆز قۇشىنى ئۇۋغا سالسۇن، سىلى ئۇلارغا چېرىكلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قاچقانلىقىنى دەۋەرسىلە، يوقىرالىق گۇۋاھنامىسى ئالسا تېخى ياخشى، ئالمىسىمۇ كېرەك يوق، پەقەت قايتىپ كەلسىلا بولىدۇ، قالغىنىنى كېيىن توغرىلارمىز!

— ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مانجۇ خاننىڭ يىقىلغانلىقىنى، ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

لارنىڭ زامانىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تونۇتۇغرا ئېيتساملا ...

— ھە؟! — سېيىت ھاجى تۈيۈقسىز چۆچۈپ، ئارقىسىغا داجىپ كەتتى، — نېمىدەپ پوق چاينايدىلا، بۇ گەپنى سىلىگە كىم دېدى؟

— ھېچكىم ... ھېچكىم ...

سېيىت ھاجى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا ھاپىز مەخسۇمنىڭ ئالدىغا قىستاپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ چىقىر كۆزىگە قاتتىق تىكىلدى. تونۇشقان ئىككى يىلدىن بېرى ئادەتتە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلىدە بولىدىغان، مۇلايىم، تەقۋادار خوجايىنىنىڭ بۇ دەرىجىدە غەزەپلەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدىن دەرمانىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئۇ ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، سېيىت ھاجىنىڭ ئۇلجىغا تىكىلگەن قارچىغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر، قورقۇنچلۇق نۇر چاقنىتىپ تۇرغان كۆزىدىن قۇتۇلالمىدى.

— ھېلىقى كۆنى ... ھېلىقى كۆنى ...

— ھېلىقى كۆنى نېمە بولدى؟ ھە!

ھاپىز قەدەممۇ قەدەم تاپ بېسىپ قىستاپ كېلىۋاتقان سېيىت ھاجىدىن قورقۇپ مەھكەم يېپىقلىق تۇرغان ئىشىككە يۆلىنىپ قالغاندىلا، ئاندىن راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— ھاجىم، قوللىرى يامان ئىش قىلىپ قويىدى. مەن پوق يېدىم، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىم. ئالدىلىرىدا يۈزۈم يوق...

ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تەستەكلەپ، يۈزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەندىلا خوجىسىنىڭ ئالدىغا گۈپپىدە يىقىلدى.

— ھېلىقى كۆنى، دە ... دە ... دەرۋىش كىلىپ كەتكەن كۆنىنىڭ ئەتىسى ... ئۆزلىرى تەرەت ئالغىلى چىقىپ كەتكەنلىرىدە ھېلىقى ... ھېلىقى پوپكىدىكى ... خە ... خەتنى نېمىكىن دەپ ئېلىپ ئوقۇپ ... ئو ... ئوقۇپ سايتىمەن.

ئۇ يەنە ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغىلى تۇردى.

سىيىت ھاجىغا ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئەسلىدە ئۇ قەشقەردىكى كونسۇل ئەپەندىدىن ھىيلىقنى دەرۋىش ئەكەلگەن مۇھىم خەتنى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋالغانكەن. تەرەتكە بارسىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان، ھەتتا بەدىنىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەپچىل سىرىق پوپىكىنى بۇ شەيتانىنىڭ ئېچىپ قويىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيتتى.

بۇ مۇھىم خەتتە 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋۇچاڭ شەھىرىدە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى پارتلىغان چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ ① تەپسىلاتى ۋە ئىچكى، خارجى ئىشلارغا بولغان تەسىرى يېزىلغان بولۇپ، سىيىت ھاجىغا بېرىلگەن مۇھىم ۋەزىپىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى قوشۇمچە قىلىنغان. پۈتۈكىدە يەنە كونسۇلغا يوللىنىدىغان بىر قىسىم ھۆججەتلەر، سانلىق مەلۇماتلار، مۇھىم پىلان لايىھىسى بار ئىدى.

دەسلىپىدە، بۇ مۇھىم، پارتلاش خاراكتېرلىك خەۋەردىن خەۋەردار بولغان سىيىت ھاجىنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كەتتى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان بوشلۇق، قالايمىقانچىلىقنى ئۆز پىلانى ئۈچۈن تازا قولاي پۇرسەت دەپ ھېسابلىدى. يولىيورۇق بويىچە قەدەمنى تېزلىتىپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەختكە چىققۇچە مەقسەت - مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ، چىرىيە ئاسمىنىدا ئۆزگىچە بىر ئەلەمنى جەۋلان قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى.

سىيىت ھاجى دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پات - پات تۈن قاراڭغۇسىدا پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئالاقىچىنى ئۈزۈندۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، جايناماز ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ يېرىم كۈن

① «شىنخەي ئىنقىلابى» نى كۆرسىتىدۇ.

ئولتۇرۇپ قايتا ـ قايتا ئويلاندى. ئويلانغانسېرى مەنچىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى ـ دە، بۇ گەپنى ئىنس ـ جىنغا تىنمىدى.

چۈنكى، پۇقرالار ئۆزى خېلى كۆپ پۇل خەجلەپ تەكلىپ قىلىپ كەلگەن مانجۇ چېرىكلىرىدىن ئىبارەت يوغان توقماقنىڭ ھەيۋىسى بىلەنلا گۇۋاھنامە ئېلىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، گۇۋاھنامە ئالماق تۈگۈل، ئالغانلارمۇ خۇددى يۈسۈپ قادىرخان زامانىسىدىكىدەكلا لەۋزىدىن يېنىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ خەۋەرنى 15 كۈنگىچە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق مەخپىي ساقلاشنى قارارىغا كەلدى.

ئۇ بۈگۈنكى زىياپەتنى پەقەت تورنى تېخىمۇ كەڭرى يېيىش، يۇرت ئەھۋالىنى ئىلىك ـ ئىگىلاش ئۈچۈنلا ئالاھىدە ئويۇشتۇرغانىدى. سېيىت ھاجى بىرمۇنچە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ خېلى ئاسانلا ئىندەككە كەلگەنلىكىدىن رازى بولدى-يۇ، زىياپەت ئەھلىدىن ئاڭلىغان بەزى ئەھۋاللاردىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. سوپۇرگە سىراپ بېگى قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىنسىمۇ «ساقلىقىم يوق» دېگەن باھانە بىلەن تەكلىپنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئابدۇللا چاقىغان، ئۆرەك باقشى، چولاق مۇئەززىن، قادىر تۆمۈرچى، ھەتتا ئىماملىقىنى بىكار قىلىنغان روسۇل دېگەنلەر بىلەن پىنھاندا مەجلىس قۇرۇپ، ئۆزىگە زىت گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ سەگەكلەشتى. بۇغۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ قولىدا يەتتە يىل بۇرۇن مانجۇلارغا قارشى قوزغالغان چاغدا قالغان قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ بارلىقى ئۇنى چۆچۈتتى. مۇبادا ئۇلار تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ قالسا، تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدىغانلىقى بىر خۇداغا، بىر

ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ قورال-ياراغ ۋە ئادەم سوراپ كونسۇلغا يازغان مەكتۇبىنى ھېلىقى دەرۋىشتىن يوللىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ قورال-ياراغنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. تېخىچە مانجۇلارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇۋاتقان يوللار، مانجۇلارنى ئۈچ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ھەممىلا يەردە قوتراپ يۈرىدىغان قارا سىپەھلەر قورال ئەكەلگەن كارۋاننى بۇلىماي قويمايتتى.

سېيىت ھاجى ئاقپاششا مەملىكىتىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ خاتىرجەم تاغ يولى بىلەن كارۋان ئەۋەتىش پىكرىگە كەلدى ۋە مال-دۇنيا دېسە جېنىنى ئايىمايدىغان نادىرخان بازار بېگىنى يادىغا ئالدى. يەنە كۆزىدىن يوقاتمىسا بولمايدىغان بىرقانچە پۇقرانى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قەشقەردىكى ئوغلىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان كارۋاندىن پات-خەۋەر-نامە ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى. ئۇ ھېلىقى خەۋەرنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقىتسىز تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قەشقەردىكى كونسۇلغا گەپ ئەۋەتكەن ۋە بەشتوغراق تەرىپىدىن كېلىدىغان ئېلچى يولىنىڭ ئاغزىنى ساقلاش ئىشىنى تېخى تۈنۈگۈنلا خاتىپ بەگزادىگە 20 تەڭگە بىلەن قوشۇپ تاپشۇرغانىدى...

ھاپىزنىڭ بۇ خەۋەرنى بىلىپ قالغانلىقى، يەنە كېلىپ بۇ خەۋەرنى جاڭگالدا يۈرگەنلەرگە ئېيتماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ: «خۇدايا شۈكرى، ھېلىمۇ ھەم بالدۇرراق ئۇقۇپ قالغىنىم، بولمىسا بۇ ئەبلەخ چاتاقنى تېرىيدىكەن-دە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ۋارقىرىدى:

— ئۆز خوجىسىنىڭ مەخپىيىتىگە قول سېلىش ئاللا ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك!

— تووۋا قىلدىم، تووۋا قىلدىم. ئەمدى بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن، ھاجىم.

سېيىت ھاجى شېرىكىنى جاسۇسمىكىن دەپ گۇمان قىلدى-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇ گېنېرال گوبېرناتورنىڭ ئۆزىگە قوشۇپ قويغان ئادىمى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىدىن ئۆزگە ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان سېيىت ھاجى ھاپىزنى قەسەم قىلدۇرماقچى بولدى-دە، قۇرئانغا ئىشارەت قىلدى.

— مۇبادا بىلگەنلىرىمنى ئاغزىمدىن چىقىپ كەتسە، خوجامغا تۇز كورلۇق قىلسام، 30 پارە قۇرئان جېنىمنى ئۇتسۇن، جايىم دوزاختا بولسۇن!

سېيىت ھاجى كۈلۈمسىرىدى، ھازىر ئۇ پەقەت كۈلۈمسىرەلەيتتى. بۇرۇنقى چاغلار دېگەندەك، مەخپىيەتنى بىلىۋالغۇچىنىڭ تۇۋىسىغا، قەسىمىگە قاراپ تۇرماي ئۈزۈل-كېسىل يوق قىلىۋېتىش ھازىر قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ تىترىكى ئەمدىلا بېسىلىشقا باشلىغان ھاپىز مەخسۇمغا قاراپ:

— ئوۋ ئەتىدىن قالمىسۇن، ئۇقتىلىمۇ؟ — دېدى.

— جەزمەن دېگەنلىرىدەك بەجا كەلتۈرىمەن ھاجىم.

ھاپىز ئىككى پۈككۈلگۈدەك بولۇپ تەزىم قىلىپ، يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ قەسەم قىلدى.

## 21. «دۆلەت قۇشىمۇ ياكى قۇزغۇنمۇ»

ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان بەختسىز كەچۈرمىشلەر بىلەن كۆڭلى سۇنغان چىرىيە نامراتلىرى روزى ھېيتىنىڭ قانداق

كېلىپ كەتكىنىنى بىلمىگىنىدەك، ئاردىن يەتمىش نەچچە
كۈن ئۆتۈپ، قۇربان ھېيت ئايىمىنىڭ قانداق كېلىپ قالغان-
لىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. رەھىمسىز ۋابا ئىلاھىي ئىبلىس
قولىنى ئۇزاتقاندىن باشلاپ تا بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە، ئۇلارنىڭ
قورسىقى تويغۇدەك بىر ۋاخ غىزا يېيىشنى ھېيت ئورنىدا
ھېسابلاشقا ئۆگىنىپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى.
يۇرتتا ئاسايىشلىق، پۇقرا كۆڭلىدە ئەمىنلىك بولغان يىل-
لىرى بۇنداق ئۇلۇغ ئايەمنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە ھەركىم تە-
قەززالىق بىلەن تەلمۈرەتتى. بىرەر ھەپتە، ھەتتا بىرەر ئاي
بۇرۇن باشلىنىدىغان ھېيت ھازىرلىقى ھارپا ئاخشىمى ئەڭ
يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى. گۈگۈم بىلەن تەڭ ئىمامىي جەئفەر
تەيران مازىرىغا جەم بولغان جامائەت مازار مەيدانىدىكى بوز
توپىلىقتا ھەر خىل سورۇنلارنى تۈزىشەتتى. مەشھۇر خەلق ناخ-
شىچىلىرى، راۋابچىلار، ۋەقەشۇناسلار جامائەتنىڭ «قايناپ» دېگەن سا-
داسى ئىچىدە ئۆز كارامەتلىرىنى نامايىش قىلاتتى. ئىشانلار
ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى مەسچىت يېنىدىكى چوڭ خانىقادا ھۆك-
مەت ئوقۇشۇپ، كېچە شاۋقۇنىغا شاۋقۇن قوشاتتى. تارىخنىڭ
سىرلىق سەھىپىلىرىنى ئۆز ئاڭلىغۇچىلىرىغا ئايىماي تەقدىم قىلى-
دىغان ۋايىزلار سۆزمەنلىكى بىلەن ھەركىمنى ئۆزىگە جەلپ قى-
لاتتى. جامائەت تاڭغا يېقىن ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇيقۇغا كېتەت-
تى ۋە شېرىن چۈشلەرنىڭ قۇچىقىدا تازا ئەركىلەشكە باشلى-
غانلىرىدا مۇئەززىننىڭ ئەزىنى ياكى قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ نو-
قۇپ قويۇشى بىلەن ئويغىنىپ، ئالدىراپلا غۇسلى تەرەت قىلىشىپ،
نامازنىڭ ئالدىنقى سېپىنى تالىشىپ، مەسچىتكە ئېتىلاتتى.
بىراق، ھەرقانچە قىلغان بىلەن تۆت - بەش مىڭغا يېقىن
جامائەتنىڭ بىرەر مىڭ ئادەم سىغىدىغان مەسچىتتىن ئورۇن ئا-
لالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە نەچچە مىڭى مەسچىت تې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىددىكى مەيدانىنىڭ بىرەر يېرىدىن بىر ئاپائلىق جاي تېپىشاتتى ـ دە، كۆك تۇپا ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇيتتى.

ھېيت نامىزىدىن پارىغ بولغان جامائەت ئالدى بىلەن مازار يېنىدىكى ناغرا ـ سۇناي ساداسىغا چۆمۈلگەن كىچىك بازارغا كېلەتتى. ئەكەلگەن قىڭراقلىرىنى قىل پارغۇدەك چاقلىتىپ بولۇپ، كەنتكە قاراپ سەلدەك ئاقاتتى ۋە مەھەللىلەرگە تاراپ كېتەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۇتلىرى چۈشلىپ قۇربانلىق قىلىنىۋاتقان قويلارنىڭ جان ئاچچىقىدا سوزۇپ ـ سوزۇپ مەرەشلىرى ھويلا ـ ھويلىلاردىن ئاڭلىنىشقا باشلايتتى.

دەل مۇشۇنداق چاغلاردا ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئوغۇل بالىلارنىڭ، تال ـ تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى مەجنۇنتالدەك لەپىلدىتىپ، ئەتىر ئېسىلغان قوينىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن قىزلارنىڭ خۇشاللىقى تازا ئەۋجىگە يېتەتتى.

ئۆزىنىڭ ھېيتلىق كىيىملىرىنى تەڭتۇشلىرىغا كوز ـ كۆز قىلىشنى كۈتۈپ ئۇزۇن كېچىنى تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇرغان بالىلار سىرسىز قوي گۆشى قازانغا تىقىلىشى بىلەنلا كوچىلارغا چىقاتتى ـ دە، رەڭمۇ رەڭ بويالغان تۇخۇملىرىنى چىشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئۆزىگە رىقابەتچى چاقىراتتى. ھېيتلىق پۇللىرىنى ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزىچىلا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سانايتتى. شوخ كۈلكىلەر، بىر ـ بىرىنىڭ ئايىمىنى تەبرىكلەش ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن يۇرتنى خۇشاللىق دېڭىزىغا چۆمدۈرەتتى...

بۇ يىلقى قۇربان ھېيت ئايىمى تازا قاملاشمىغان بىر چاغقا توغرا كېلىپ قالدى. ھاپىز مەخسۇمنىڭ «خۇش خەۋەر» يەتكۈزۈشى بىلەن جاڭگالدىكى ھايۋانلارچە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەنلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارانلىرى بىلەن جەم بولغان بولسىمۇ، قول ئىلكىدە ئازراق

ۋەجى بارلاردىن ئۆزگىلەر ئالەمدىن ئۆتكەن ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ چۈجىگە چاغلىق بىر نەرسە قۇربانلىق قىلالمىدى. ماتا ياكى تالىمەدىن قىلىنغان ئىشتانلىرى چوۋا-چاتقال ۋە تىكەنلەرنىڭ ئىلىۋېلىشى بىلەن تىلىم-تىلىم يىرتىلىپ، قارا، ئورۇق پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بىچارىلەرنىڭ ھېيتلىق كىيىم كىيىشكىمۇ قۇربى يەتمىدى. ئۆتكەن چاغلاردىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان، غەملەنگەن، پۈتۈن ئوزايىغا يىسىغا ئولاشقان سەبىي بالىلار ئاپتاپتا يورۇپ تۇرغان تام تۈۋىدە خۇددى ئىگەچاقىسىز يېتىمدەك، ئېگىنىنى تىرەشكەن ھالدا ئولتۇرۇشاتتى.

سوپۇرگەئاخۇن ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى. ئوقۇلىدىغان سۈرىنىمۇ بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان بىر قېتىملىق ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمىغان ھاشىم قاپاق دېگەن يالغۇز دېھقاننىڭ قەرەلىك سۇ قۇيۇپ تۇرۇشى بىلەن كۆكلەپ قالغان تېرەك خادىسىغا ياشلىنىپ تۇرغان كۆزىنى تىكتى. دادىسىنىڭ بومبا ساقال، دائىم كۈلكە چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ پۇقرالارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان خىسلىتىنى ئويلىدى. «ئوغلۇم، ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم، ھەممە ئادەم يارىتىلىشتا تەڭ يارىتىلغان، رىزقىمۇ ئوخشاش تەقسىم قىلىنغان، زۇۋۇلىسىمۇ تەڭ ئۆزۈلگەن، بىراق، بەزىلەر بەزىلەرنىڭ رىزقىغا خوجا، توقلارغا قارىغاندا ئاچلار كۆپ، ئەگىنى پۈتۈنلەرگە قارىغاندا يالىڭاچلار كۆپ، سەن ئۆمرۈڭدە يوقسۇلنىڭ ياتىمىنى ئېلىپ ئۆت، ئوڭ قولۇڭغا ئەزان، چەپ قولۇڭغا تەكبىر ئېيتىپ ئېتىڭنى سوپۇرگەئاخۇن دەپ قويغىنىمۇ بىكار ئەمەس، ئەلگە سۈپۈرگىدەك خىزمەت قىل،

www.uyghurkitap.com

تەمەسىز بول، ئەلدىن يانمىسا، خۇدادىن يانمىدۇ» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى.

ئۇ، راستتىنلا دادىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلدى. بۇ يىل كۆز كىرىشى بىلەن چىۋىيە دەرياسىدىكى، قالماقدۆڭ ئۆستىڭىدىكى سۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. قۇدۇقلارنىڭ سۈيىمۇ خۇددى ئەجدىھا دەم تارتىپ كەتكەندەك قۇرۇپ كەتتى. يۇقىرانىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ موھتاجلىقتا چىداپ تۇرالمىغان سۇپۇرگەئاخۇن ئاخىر ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ، توغرىقبۇلاق مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدىن بىر قۇدۇق ئورنىنى تاللىدى-دە، ئىككى ھەپتە ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەپ ئاخىر سۇ چىقاردى. ئىچىدىغان سۇدىن بولسىمۇ ئامەتى كەلگەن يۇقىرا ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى. ئۇ خۇددى سۇپۇرگىگە ئوخشاش خىزمەت قىلدىيۇ، رەھمەت تەمە قىلمىدى...

ئۇ مازارغا يېقىنلا يەردىكى ئاغىنىسى ئابدۇكېرىمنىڭ تېرەكلىكىدىن بىلەك توملۇقىدا ئىككى تال خادا كېسىپ كەلدى-دە، بىرىنى مەرھۇم دادىسىنىڭ قەبرىسىگە، يەنە بىرىنى قېيىن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە قويدى. يەنە ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان بىرقانچە قەبرىلەرنى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ بولۇپ، مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. قەبرىستانلىقتىكى مۇڭلۇق قىرائەت، ئېچىنىشلىق مۇناجات، يىغا-زارلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ، يۈرىكىنى خېلىلا ئەزگەنىدى.

ئۇ ھويلىنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، خۇددى چىنىدەك پارقىرىتىۋەتكەن چىنارئايىمنى كۆرۈپلا ھېيتىنى مۇبارەكلىدى:

— ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئايىم!

— ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، بېگىم!

سۇپۈرگەئاخۇن ئەتىگەندىلا پۇراتقان ياغىنىڭ سۈس

مېيدى تېخى تارقىلىپ بولمىغان ئايۋاندا چارسىلداپ كۆيۈۋاتـ
قان ئوتنى كۆرۈپ ئايالنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى تەقەززالىق
بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىـ
دىكى ئېغىلدىن ئورۇق - سىيمىزلىكى جايىدا بولغان بىر يۇڭلۇق
توقلىنى سۆرەپ چىقتى. چىنارئايىم توقلىنىڭ پۇتىنى باغـ
لاشقا ياردەملەشكەن بولسىمۇ، ئېرى «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ
پىچاقنى قولىغا ئېلىشىغىلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئەسلىدە سۇپۇرگەئاخۇن كۆن ئۆرلىگەنسېرى سەپەر
بوۋايلارنىڭكىنى ئالدى بىلەن پاتىھە قىلماقچى ۋە قايتىشىدا
بوۋايىنى، ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ھېيتلاتماقچى
بولغانىدى. بىراق، ئۇ تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كىرىۋاتقاندا،
شۇ تەرەپكە كېتىۋاتقان بوۋايىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى.
ئۇنىڭ مازار كەنتىگە بېرىپ كېلىشى ئۇچۇن خېلى ۋاقىت
كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇچاقنىڭ ئوتىنى كوچىلىغاچ، ئايالى بىلەن
پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— سېيىت ھاجى ئابلىزقارى بىلەن شېرىكلىشىپ ئۇ
تەرەپلەرگە كارۋان ماڭدۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقۇدەك، يېـ
قىندا يۇقىرالار ئارىسىدىن كارۋان ئالۋىنىغا ئادەم تاللايدىـ
كەن، دېگەن مىش - مىش پاراڭلار بار، — دېدى سۇپۇرگەـ
ئاخۇن قولىنىڭ كەينى بىلەن ئوت يالقۇنىنى توسۇپ تۇرۇپ.
بايىلتىن بېرى: ئوغلىمىز مۇھەممەتئېلى يېنىمىزدا بولغان
بولسا، ھېيتلىق گۆشتىن بىر توغرام ئاغزىغا سالاتتى ئەمەسمۇ
ەپ مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان چىنارئايىم گەپ
قىستۇرۇپ:

— بۇ كەلگۈندى يەنە نېمە يامانلىقلارنى ئويلاۋاتىدىـ
كىنتاڭ، — دېدى.

سۇپۇرگەئاخۇن ئادەتتە ئايالىدىن گەپ يوشۇرمايتتى،

ئۆزى تېگىگە يېتەلمىگەن ۋاقىئاتلارنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرەتتى ۋە گاھىدا ھەيران قالغۇدەك چۈشەنچىلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولاتتى. ئۇنىڭ ھازىر ئايالىغا ئېيتىپ بېرىۋاتقىنى تۈنۈگۈن تۈنەكتە قۇلىقى ئۇزۇن ھەممىت قاشقىدىن ئاڭلىغان گەپلەر ئىدى.

— ئىشقىلىپ بۇلار پۇقراغا ياخشىلىق ئويلىمايدۇ، بەئەينى شەيتاندەك، كىشىلەرنى ئازدۇرغىنى ئازدۇرغان، قايسى كۈنى مەن بارمىغان زىياپەتتە تېخى بىر كۆمەك① قۇرۇپ، باشلىق سايلاپ چىقىپتۇمىش، ئاقپاشاغا پۇقرا بولغانلار سېيىمت ھاجىنىڭلا ئاغزىغا قارىشى لازىم ئىكەن.

ئېرىنىڭ گېپى ئۈزۈلمەستىنلا چىنارئايىم سۆزلەپ كەتتى:

— شۇنچە ئۇزاق مەملىكەتتىن كەلگەن بىر يات تائىپە مۇشۇنداق كۆمەك تۈزەپ يۈرسە، كىرىيە ئامبىلىنىڭ كارى بولمىغىنىغا ھەيرانمەن، لەشكەر دېسە لەشكىرى، ياراغ دېسە يارىغى بولغاندىكىن، بىچارە پۇقرانى بوزەك ئېتىپ يۈرگۈچە، يامان بولسا، ئاشۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرسە بولمامدىغاندۇ؟

سوپۇرگەئاخۇن دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرەي، بولامدۇ؟ — دېدى، چىنارئايىم رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم بار ئىكەن، — دەپ لەتىپىنى باشلىدى سوپۇرگەئاخۇن، — ئۇ بىر كۈنى بازاردىن بىر ئېشەك سېتىۋاپتۇ. ئېشەكنى ئەكىلىپ ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ-دە، ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئېشەك ھاڭراۋېرىپ زادى ئارام بەرمەپتۇ. ئاغزىغا تۇۋرا كىيگۈزۈپ بېقىپتۇ، يەنە بولماپتۇ، ئاخىر ئېشەكنى ئىگىسىگە

① كۆمەك — بىر يامان مەقسەت ئۈچۈن ئۇيۇشقان گۇرۇھ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياندۇرۇپ بېرىپ پۇلنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ، بېدىكنى ئىزدەپتۇ. بېدىك ئېشەك ساتقۇچىغا قانچە سۆزلەپ باقسىمۇ، ئېشەك ساتقۇچى ئېشەكنى ياندۇرۇۋالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئېشەك ئىگىسى نائىلاج نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھاڭراپ ئارام بەرمەيدىغان ئېشەك ئۈستىدىن داد ئېيتىپتۇ. ئەپەندى كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، ئېشەكنىڭ كۆتىنى بىر چىراغلىق ياغدا ياغلاپ قويۇڭلار، — دەپتۇ.

ئېشەك ئىگىسى ئەپەندى ئېيتقاندەك قىپتۇ. قارىسا ئېشەك ھاڭرايمەن دەپ تازا چىڭقالسا، يەل ئۇنىڭ كۆتىدىن چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك، شۇنداق قىلىپ ئېشەك ئىگىسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان بولغانىكەن.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر ھازا كۈلۈشكەندىن كېيىن، سۈپۈرگەئاخۇن چۈشەندۈرۈپ:

— ئامبالمۇ ئاشۇ ئېشەككە ئوخشاش ھاڭرايدىغىنىدىن، سېيىت ھاجى ئۇنىڭ ئاغزىنى باغلاپ تۇرسا، ھاڭرايمەن دەپ ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ ھاڭرىيالمايدۇ-دە! — دېدى.

— ھوي، قازان تاشتى!

سۈپۈرگەئاخۇن تۇۋاقنى كۆتۈردى-دە، ئايالىنىڭ قولىدىكى چۆمۈچنى تارتىۋېلىپ، قازاننى سورۇدى، ئاپئاق كۆپۈك يوقالدى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كىرىيە ئامبىلى پارىغا بەك ئامراق دېگەن گەپ بار، ئۇغۇ سېيىت ھاجىنىڭ پارىسىنى يەپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، دەيلى، خوتەن دوتىيىمۇ شۇنداق قىلارمۇ؟

چىنارئايىم تالا-تۈزگە ئانچە تولا چىقمىغىنى بىلەن، قوشنا ئاياللار بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ھەر

خىل پاراڭلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى.

— خوتەن دوتەيى بەلكى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپمىغان بولسا كېرەك، خەۋەر تاپسىمۇ خەق ئۆزىنى ئاقپاششا پۇقراسى دەپ تونۇۋالسا ئۇمۇ ئىلاجى قىلالماس. ئىشقىلىپ، سېيىت هاجىنىڭ نىيىتى يامان، ئۇ تېخى هاپىزنى ئەۋەتىپ، سەپەر ئاخۇن ئاكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى-بۇنى كوچىلاپ يۈرۈپتۇ. بۇۋاي هاپىز مەخسۇم بىر يىللىرى ئابلىزقارى بىلەن شېرىكلىشىپ ماتا سودىسى قىلىپ يۈرگەن ئادەم شۇ دەيدۇ.

— ئۇ نېمىدەپ سېيىت هاجى بىلەن تېپىشىۋالدىكىنە؟

— بۇنىسى تېخى قاراڭغۇلۇق.

......

ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى. تالادا ئەتىگەندىن باشلاپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال هاسا تېرەكنىڭ قويۇق شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۇشقىرتىۋاتاتتى. ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوت پورۇقلاپ، تۇرغان قازاندىن قويۇق هور ئۆرلەتمەكتە ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم!

بىراۋنىڭ دەرۋازىدىن كىرمەي تۇرۇپ ئۈنلۈك سالام بېرىشى بىلەن ئىككىيلەن تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە، ئايۋان ئىشىكىدىن چىقتى. هەر ئىككىسىلا سەپەر بوۋاينى هېيتلاپ كەلدى، دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى قازاندەك سەللە ئوراپ، ئۇزۇن پەرىجە كىيىۋالغان سېيىت هاجى بىلەن ئابلىزقارى بولدى.

ئايەمنىڭ تۈنجى كۈنى بوسۇغىدىن بىرىنچى بولۇپ ئاتلىغان بۇ پاتىهەچىلەرنى كۆرگەن سۈپۈرگەئاخۇننىڭ كۆڭلى بىردىنلا غەش بولدىيۇ، لېكىن غەشلىكىنى چاندۇرمىدى. ئۆرپ-ئادەت كۈچى ئۇنى مېهمانلىرىغا سالام بېرىشكە مەجبۇر قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!
— ھېيتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن بېگىم!
— ئۆزلىرىدىن بولسۇن!
ئوپۇل-توپۇل رومىلىنى چۈشۈرۈپ ئۈلگۈرگەن چىنار-
ئايىم ئۆزىنى سارايىنىڭ ئىچىگە ئېلىشىغىلا مېھمانلارمۇ ھويلىغا
كىرىپ كەلدى. سېيىت ھاجى ھاسا تېرەكنىڭ ئەتراپىنى
ئىككى قېتىم ئايلىنىپ، تېرەكنىڭ ھەربىر تال شېخىغىچە
سەپسېلىپ چىقتى-دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن:
— ھەيھات، قادىر ئاللانىڭ كارامىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ،
بۇنداق زور، بۇنداق ئېگىز ئۆسكەن تېرەكنى پېقىر ئۆمرۈمدە
كۆرمەپتىكەنمەن، چىنارمۇ بۇ ياكى تېرەكمۇ؟ — دېدى.
— تېرەك، تېرەك، بۇنى ھاسا تېرەك دەيمىز ھاجىم، —
ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ كەينىدىن خۇددى سايىدەك
ئەگىشىپ يۈرۈپ گەپدانلىق قىلىشقا باشلىدى، — بۇ تېرەك
ئەۋلىيانىڭ ھاسىسىدىن كۆكلىگەنىكەن، بۇ بەكمۇ خاسىيەت-
لىك تېرەك ھاجىم...
— قادىر ئاللا ئۆز كارامىتىنى خالىغان يېرىدە، خالىغان
شەكىلدە ئايان قىلىدۇ، بۇنداق كارامەتلىك نامايەندىنى ھۆر-
مەتلىك بېگىمنىڭ ھويلىسىدا ئايان قىلغان يەردە، بۇنىڭ خىس-
لىتى بېگىمگىمۇ تەئەللۇقتۇر، پاھ... پاھ... پاھ... نېمىدې-
گەن چوڭ تېرەك، نېمىدېگەن كارامەت!
سېيىت ھاجى تېرەكنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماخ-
تىغاچ، ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكەللۇپىنى كۈتمەيلا ئايۋانغا كى-
رىپ كەلدى-دە، كەڭ سۇپا ئۈستىگە راسلانغان داستىخان-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.
— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم... ئىلاھە ئامىن!
ئۇ نەپەس ۋە ساز ئاۋازى بىلەن پاتىھە ئوقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غاندىن كېيىن، چوڭ چىنە بىلەن كەلتۈرۈلگەن شورپىنى ئوتلاپ قويدى-دە، ئابلىزقارىنى خوش ئېتىپ قويۇپ داستىخاندىكى گۆشكە قول ئۇزاتتى.

«ئىسىت سەپەر ئاكامنىڭ رىزقى، ئىسىت!» — دېدى سۈپۈرگەئاخۇن ئىچىدە خۇرسىنىپ.

ھېلىمۇ ياخشى، سېيىت ھاجى بىر چىشلەملا گۆشنى ئوبدان چايناپ يۇتقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى. بىر پۈت گۆشنى بېشىنى كۆتۈرمەي يالماۋاتقان ئابلىزقارىمۇ نائىلاج دۇئاغا قوشۇلدى.

سېيىت ھاجى دۇئادىن كېيىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمىدى. ئۇ پۇتىنى ئۇڭلاپ، بەدەشقان قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايۋاننىڭ يوغان خەسىنى، ۋاسىلىرىنىڭ ياپساغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكىنى بىر قۇر ماختاپ چىققاندىن كېيىن، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئادىتىمىز بايانىدا بىردەك قەيت قىلىشىچە، ئۇلۇغ ئايەم كۈنىدە ئۇرۇق-تۇغقان ۋەھەم تۇغقاندىن چارە يېقىنلىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ھېيتلىماق لازىم. پېقىر يۇرتلىرىغا مۇساپىرمەن، مۇساپىرچىلىق دەردىدە ئاۋارىمەن، بۈگۈن نامازدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەلمۈردۈم. تەلمۈردۈمۇ، تەلمۈرۈپ كۆزۈمنىڭ گۆھىرى تالدى. ئاخىر ئۆزۈم بولسىمۇ پاتىھە قىلىپ كېلەي دەپ كەلدىم. قارىمنى ھەمراھ قىلىۋېلىشىمۇ شۇ ئۇدۇمنى ئەسلىتىش ۋە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بولدى.

سۈپۈرگەئاخۇن ئەسلىدە: سېيىتھاجى جەزمەن زىياپەتكە دەپ ئەۋەتكەن تەكلىپىنى رەت قىلغىنىمنى ئېغىزغا ئالىدۇ، دەپ ئويلىۋىدى، نەتىجە ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى. شۇڭا ئۇ پاتىھەچىلەرنىڭ پاتراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەپ، مۇنداق-

چىلا تۈزۈت قىلىپ قويدى:

— رەھمەت ھاجىم، نىيەتلىرىڭگە، ئەتىگەن دېگەندە ئىش كۆپرەك بولىدىكەن، يەنە كېلىپ، تۆپراق بېشىدا ئۈزۈنراق ھايال بولۇپ قالدىم.

— ئايەم كۈنى تۆپراق بېشىنى يوقلاپ ياخشى قىپتىلا. بالا دېگەن ئاتىسىنى دۇئادا بولسىمۇ ياد ئېتىپ تۇرماق لازىم.

— مىراب بېگىمنىڭ دادىسى بەك ئوبدان ئادەم ئىدى، «ياخشىغا كۆرۈم يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ۋاقىتسىز قازا تاپتى رەھمەتلىك، — ئابلىزقارى گەپ قىستۇردى.

— دېمەكچىمەنكى، — دەپ سۆز باشلىدى سېيىت ھاجى يەنە يۆتىلىپ قويۇپ، — بېگىم باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ باققانمىكىن؟

— يوقسۇ، پېقىر ئۆمرىدە يەر، سۇ بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئادەممەن.

— «كۆچۈڭنىڭ بارىدا يۇرت كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەن گەپ بار، ئوغۇل بالىغا سەپەر يارىشىدۇ، پېقىر تېخى ئۆزلىرىنى ئاقپاششا ئېلىنى ۋە باشقا ئالدىن كەتكەن ئەللەرنى كۆرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن دەپتىمەن.

— يوقسۇ، كۆرمىگەن.

— دېمەكچىمەنكى، ئاقپاششا ئېلىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلە ھېچ بولمىسا.

— ئاڭلىشىمغۇ ئاڭلىغان...

— ھە، مانا ئوبدان گەپ، ئاقپاششا مەملىكىتى بەئەينى سىلى ئاڭلىغاندەك، شۆھرەتتە مەشھۇر، داڭ-تۇۋسىپى جاھانغا تارقالغان بىر مەملىكەت، دېڭىزىدا پاراخوتى بار، يول يۈرگەنلەر پويىزغا ئولتۇرىدۇ، زاۋۇت دېگەنمۇ تولا گەپ،

www.uyghurkitap.com

ھەي، نېمىسىنى دېسەم بولار، ئۇ مەملىكەتتە ياشىغانلار جەننەتتە ياشىغاندەك ئۆتىدۇ...

— يۇرتىمىز راستىنلا نامرات، يول ماڭغاندا ئېشەك تاپالىغانغا خۇش بولىمىز، بولمىسا پىيادىلا...

— دۇرۇس... دۇرۇس...

سېيىت ھاجى ساھىبخاننىڭ تەنىسىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ قاش-كۆزىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دۇرۇس دەيدىلا، بۇ يۇرت بەكمۇ قالاق، مەئىشەتتى يامان.

— ھۆرمەتلىك ھاجىم، ئەمىسە سىلى نېمىدەپ شۇ راھەت ئىچىدە مەئىشەتنىڭ مېغىزىنى چاقماي، بۇنداق قالاق يۇرتتا جاپا چېكىپ يۈرۈيدىلا؟

سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئويلىمىغان يەردىن قويغان سوئالى خۇددى كەچ كۈز شامىلى ئۈششۈگەن يوپۇرماقنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك، سېيىت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ۋە كۆرەڭلىك ئالامەتلىرىنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ نەپەس يولىغا تىقىلىپ قالغاندەك، بىر پەسكە جىمىپ قالدى-دە، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

— دېمەكچىمەنكى...بۇ...بۇ باشقا-باشقا گەپ، ئىلگىرى كەتكەن ئۇلۇس جاھالەتتە قالغان ئۇلۇسنىڭ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەمدە بولماق لازىم، ئۇلارنىڭ نادانلىقتا قالغان دىلىغا مەرىپەت نۇرىنى چېچىپ، قالاق ئېگىلىكىنى گۈللەندۈرمەك كېرەك. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، تېخىمۇ...، — دېدى.

ئابلىز قارى ئۆچكە ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، سېيىت ھاجىنىڭ گېپىنى كۆچلەندۈرمەكچى بولدى:

— ھاجىم يۇرتىمىزغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى ئەكەلدى،

مانا بۇ كەمدە ئۇنى تېرىيمەن، چېچەكلىتىمەن دەپ رىيازەت چېكىۋاتىمەن، ھاجىمنىڭ بۇ ياخشىلىقى بەندىدىن يانمىسا، ئاللادىن يانغۇسىدۇر!

— بۇنداق مەرىپەت قۇرۇپ كەتسۇن! — سۇپۇرگەئاخۇن خۇددى بۇرگە چېقىۋالغاندەك بىئارام بولۇۋاتقان ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىگە نۆۋەت بىلەن تىكىلىپ قويۇپ دېدى، — ئەل-يۇرتنى ئازدۇرۇپ، ئاقپاششاغا پۇقرا قىلىش مەرىپەت تارقاتقانلىق بولامدىكەن ئۆزى؟!

— شۇنداق... ياق... ياق.

سېيىت ھاجى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ قىزىشىۋاتقان ئابلىزقارىنىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تىزىنى ئاستا بېسىپ قويدى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— زالىم مانجۇلارنىڭ پۇقرانىقەتلىئام قىلىشىدىن ساقلاپ قالماق ئۈچۈن، ئۇلارنى كامالەتتە تەڭداشسىز، زېمىنى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە سوزۇلغان بۈيۈك ئاقپاششا سەلتەنىتىنىڭ سايىسىگە جەم قىلماق ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىدۇر، ئاقپاششا پۇقراسىنىڭ خاقانى چىن پۇقراسىغا ئەبەدىلئەبەد مەنسۇپ بولمايدىغان مەرىپەتتىن ۋە مەئىشەتتىن خالىغىنىدىن ئارتۇق مەنپەئەت ئالمقى شەكسىزدۇر. ھاسىل كالام، پېقىر پەقەت ئاقىل كىشىلەرگىلا مانا مۇشۇ ھەقىقەتتىن ئاشكارا بىشارەت بەردى. بۇ بىشارەت ئاقىللار ۋە ئاقىللارچە يول تۇتىدىغانلار ئۈچۈن كۈندۈزدەك ئايان، قۇياشتەك روشەن، نادانلار ۋە تەقدىرى نادانلىقتىن يۇتۇلگەنلەر ئۈچۈن يۇلتۇزسىز كېچىدەك قاراڭغۇدۇر.

سۇپۇرگەئاخۇن سېيىت ھاجىغا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى. كۆزلىرىدىن ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئۆرۈك ئوتىنىدىن چاچرىغان ئوت مىسالى ئوت چاچراشقا باشلىدى. ئابلىزقارى چىرايىدىن غوجىسىنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنسەپنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان سۆپۈرگەئاخۇنغا
جىددىي يوسۇندا:

— مىراب بېگىم، ئەقىللىق ئادەم تۇرۇقلۇق ھاجىمنىڭ
بېشارىتىنى چۈشەنمىگەنلىرىدىگە ھەيرانمەنكى، پۇرسەت غەنىيمەت،
باشلىرىدا قونىاي دەپ قالغان دۆلەت قۇشىنى كەم ئەقىللىق
قىلىپ ئۈركۈتۈۋەتمىسىلە، — دېدى.

— دۆلەت قۇشىمۇ، قۇزغۇنمۇ، كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم،
دۆلەت قۇشى سۈرىتىدە نىقابلانغان قۇزغۇنمىكىن دەيمەن،
قونۇۋالغاندىن كېيىن كۆزۈمنى چوقۇيدىغانلىقىنى تۈيۈپ
تۇرۇۋېتىمەن...

ئابلىزقارى تەلۋىلەرچە ۋارقىرىغان پېتى يەكلىرىنى
شىمايلىدى، سېپىت ھاجىنىڭ تاتىرىپ، بەكمۇ ئوسال ئەھۋال-
دا قالغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن بولسا، ئاۋازىنى تېخىمۇ
ئۆرلەتتى ۋە مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ئاقپاششا پۇقراسى بولغان يۇرت بېگىنىڭ ئەمرىدىن
باش تارتقان ئادەم مىراب بېگى بولالمايدۇ! — دېدى.

سۆپۈرگەئاخۇن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ مەردانە
قىياپەتتە:

— يات تائىپىنىڭ يالىقىغا باغلانغان ئىت بولغۇچە، كەت-
مىنىمنى چېپىپ، پۇ قرالىقىمنى قىلغىنىم تۈزۈك، ھەشقاللا! — دېدى.

— بەس! بەس!

سارايدا تۇرۇپ، تالاش-تارتىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق
ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان چىنارئايىم ئاخىر
تاقەت قىلالمىدى-دە، ئايۋاندا پەيدا بولۇپ، ئايۋاننىڭ ئىشى-
كىنى چوڭ ئېچىپ قويۇپ، مېھمانلارغا:

— قېنى ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ھېيت پاتىھەسى ھېيت
پاتىھەسىچە بولسۇن، مەرھەمەت! — دېدى.

— دۇرۇس... دۇرۇس، خان قۇشناچىم دۇرۇس ئېيتتى، — سېيىت ھاجى ئابلىزقارىغا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ قويدى، ئۇنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، — ئۇلۇغ ئايەم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خۇشھال جەم بولۇپ، قېرىنداشلىق رىشتىنى مەھكەملەپ، نىزا - خۇسۇمەتلەرنى يوق قىلىشقا يارىتىلغان، بۇ تەرىقە كۆڭۈلسىزلىككە يول بېرىش، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ دەۋزىخى كاپىرلارنىڭ يولىنى تۇتماق بىلەن باراۋەر. بايام پېقىرنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلى، ئابلىزقارىم ھۆرمەتلىك بېگىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويدى، مىراب بېگىم دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىپ، ئاداۋەت، كىنە تۇتمىغايلا...، — دېدى.

سېيىت ھاجى كۆزىنى يۇمۇپ، قىرائەت باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردىن كېيىنكى غۇر - غۇر شامالدەك ئايۋان ئىچىنى ئارىلىدى، كۆڭۈللەردە كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلارمۇ تىنچىغاندەك بولدى.

## 22. «قارچىغا» ھەققىدە پاراڭ

بۇ جاھان شۇنداق جاھان ئىكەنكى، بىرى ئۆلسە، بىرى تىرىلىدىكەن، بىرى كۈلسە، بىرى يىغلايدىكەن. كۈلگەنلەر يىغلاۋاتقانلارنىڭ بېشىدا بىپەرۋا ياڭاق چېقىپ يەيدىكەن، يىغلىغاننىڭ يىغىسىدىن گويا جاننى يايراتقۇچى نەغمە - ناۋا ئاڭلىغاندەك ھۇزۇرلىنىدىكەن، بەزىدە تېخى يىغلىغۇچىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويغان بولۇپ، يۈزىنى تاتىلىۋېلىشقا پۇرسەت تاپىدىكەن...

«ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

دەك، ئاغارلار قۇرۇقدىلىپ، ياغ قاپاقلىرى ياغسىراپ قالغاندا يېتىپ كەلگەن بۇ ھېيت نامراتلارغا غەمكىنلىك ۋە مىسكىنلىك ئېكەلدى. سېيىت ھاجىغا بولسا تېپىلغۇسىز غەنىيمەت پۇرسەتنى ئاتا قىلدى. ئۇ تەڭسىز مۇجاھىدىنىڭ ھاقارەتلىك ماددىلىرىنى بېشىغا سايە قىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەخلى-تەرۇزى ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىدىن مۇستەسنا بولغان سودا ئاقساقىلى سۈپىتىدە بۇ دىيارغا ئاياغ باسقاندىن بۇيان، خالىغان يەردە ئاشكارا بولۇشنى بىئەپ ھېسابلاپ، خۇددى ئولجىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ دالىدىدا ياتقان تۈلكىدەك پەيت كۈتمەكتە ئىدى. بىرەر ئايدىن بۇيان بۇ تۈلكە ئۇۋۇسىدىن بېشىنى چىقىرىشقىمۇ باشلىغانىدى، ھېيت كېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇۋۇسىدىنمۇ چىقتى-دە، يەنە ھىد ھىدلاپ ئۆز ئولجىسىنىڭ ماكانىغا قەدەر بېشىنى تىقىشقا جۈرئەت قىلدى.

ھېيتلاش دېگەن بۇ باھانە 360 كۈننىڭ ھەرقاندىقىدا تېپىلىۋەرمەيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى چېكىپ كۆرۈش مەقسىتىگە يەتتى. ئۇنى چىشلىگەن پېتى ئۆز ئۇۋۇسىغا ئەكەتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەيەرىدىن چىشلەشنى بىلىۋالدى.

سېيىت ھاجى يەنە سەپەر بوۋاينىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. ئۇ بۇ يەردىن لالما ئىتتەك قوغلانغان بولسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىرايىدىكى كۈلكىنى ئۆچۈرمىدى. ئۆيىنىڭ سىرتىدىلا تۇرۇپ، ئاللادىن بۇ بوۋايغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشنى، مال-دۇنيا بېرىشنى تىلىدى.

نۇرەك باخشىنىڭ پارقىراپ تۇرغان «بالاخور» بۇرغىسىنى ئۇيان-بۇيان ئۆرۈپ تاماشا قىلدى. دۇئا قىلىۋېتىپ، ئۇنى پات-ئاردا كۆككۈم-تالقان قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى...

ئۇ بەزى كۆك نامراتلار مەھەللە كۆلاچىلىرى ياسىغان قوپال ھېجىر بىلەنلا تۇتقان قۇدۇق سۈيىنى مەككە مۇكەر-رەمدىكى ئابىزەمزەم قاتارىدا تەرىپلەپ، ھېلىلا چۆلدىن كەلگەن تەشنا كىشىدەك بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى. ساھىب-خانلار ئۇنىڭ قاتتىق بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىلغان قىرائىتى بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىشتى. نامراتنى نامرات كۆر-مەيدىغان، نەزىرىدە، پۇقراپەرۋەرلىكتە نۇشىرۋان ئادىلدىن① قېلىشمايدىغان بۇ زاتنىڭ پاتىھەسىنى ئالغان ھىممەت قاشقىنىڭ كۆز يېشى كۆكلەم يامغۇرىدەك قۇيۇلدى.

— ھە، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى سېيىت ھاجى يېقىندىلا ياسىتىۋالغان ياسىداق مەيىسىدە ئۆزى بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرغان ھاپىز مەخسۇمغا، — قارچى-غا بىلەن ئۇۋ ئۇۋلاشتىن ھاسىلاتلىرى نېمە؟

سېيىت ھاجى تۇغرىقىغىلى، سىرىق، توپا مەھەللىلىرىنى ھېيتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئابلىزقارىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ھاپىزنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نۆ-ۋەتتىكى ھېيتلايدىغان نىشانى ئاددىي پۇقرالارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

— ھاسىلاتىم شۈكرى... ھاسىلاتىم شۈكرى...

شېرىكىنىڭ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەت-كەن سېيىت ھاجى ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ:

— قارچىغا ئاۋۋال ئولجىسىنىڭ تۇرغان جايىنى، يوگۇرۇش سۈرئىتىنى، يوشۇرۇنماقچى بولغان چاتقاللىقىنى، جىغىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن ئول-

① نۇشىرۋان ئادىل — مىلادى 224 - يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20 - پادىشاھى بولۇپ، تارىختا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىنسىغا قاراپ تۈيۈقسىز ئېتىلدۇ. قارچىغا ئۈچۈن ئۆلجىنى كۆزلىتىش بەكمۇ مۇھىم، ئۆلجىنى كۆزلىتىش ئۇنىڭغا ئۆلجىغا قامال سېلىش بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ھوزۇر بېغىشلايدۇ! — دېدى.

— دېگەنلىرى بەرھەق، راستىنلا شۇنداق ئىكەن...

— دېمەكچىمەنكى، ئۆلجىنى ئوبدان كۆزەتمىگەن قارچىغا قانچە كۈچلۈك، قانچە زېرەك بولسىمۇ، ئۆلجا ئەمەس، بەلكى بىر تۇتام پاخالنى چاڭگاللاپ قالىدۇ.

— بەرھەق... بەرھەق...

— بىر تۇتام پاخالنى چاڭگاللايدىغان، ھەتتا ئۆلجىنى قاچۇرۇپ قويىدىغان ئىقتىدارسىز قارچىغىنى ئىگىسى ئەتىۋارلىمايدۇ، ئۇنى باشقىلارغا سېتىۋېتىدۇ، ھەتتا بوغۇزلىۋېتىدۇ...

— دەل شۇنداق، ئۇنداق قارچىغىدىن ئىككى سەر گۆشى چىقىدىغان قۇشقاچ ياخشى...

سېمىز تورۇق ئاتنىڭ تىك تۇتۇپ كېتىۋاتقان بويىندىكى قوڭغۇراقلارنىڭ، كۈمۈش جابدۇقلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا جىرىڭلاشلىرى، يۇمشاق توپىلىق يول بىلەن كېتىۋاتقان مەپىنىڭ تەۋرىنىشلىرى يوغان بىر بوغچىغا ئوخشاش تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھاپىزنى ئۇيقۇ ئالىمىگە ئەكەتتى. مەپە پەشتىقىغا قونۇۋالغان رەھمەتنىڭ قامچىسىنى ئارىلاپ-ئارىلاپ قارسىلدىتىپ قويۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلالمىدى.

ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، تەسۋى سىيرىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان سېمىز ھاجى سازلىقتىكى قاقىردەك بېشىنى تۈكلىرى ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، يېنىك خورەك تارتىۋاتقان ھاپىز مەخسۇمغا يىرگەنگەندەك ھومىيىپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

مەپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى روجەككە ئارتىلغان يېشىل شايى پەردىنى قايرىپ ئۆرۈپ تۇرغان سوغۇق شامال بىلەن

سەگەكلىشىپ قالغان سېيىت ھاجى مەخمەل ئۆستەڭنىڭ تاختا كۆۋرۈكىگە كەلگەندىلا رەھمەتكە بۇيرۇدى:

— مەخسۇم ھاجىنىڭ سارىيىغا ھەيدەڭ!

مەپە، ئادەملىرى شالاڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، كونا جۇۋا مەيدانىدىن كۈنپېتىش تەرەپكە قايرىلدى-دە، نادىرخان بازار بېگى تۇرۇشلۇق سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سېيىت ھاجى تېخىچە پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان شېرىكىنى نوقۇپ ئويغاتتى-دە، رەھمەتنىڭ ياردىمىدە مەپىدىن چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، سوغۇق شامالدىن پاناھلىنىۋاتقان زەڭگىدەك قارا چىراي دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بازار بېگى ھۇزۇرىدا بارمىكىن؟

ئەزمىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرغان دەرۋازىۋەن سېيىت ھاجىنىڭ تاپىنىدىن بېشىغىچە سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، جاۋابەن دېدى:

— بولۇشىغۇ بار، لېكىنزە، بېگىم تونۇمىغان ئادەمنى كىرگۈزمە، دەپ قاتتىق تاپىلىغانىدى.

سېيىت ھاجىنىڭ دەرۋازا ئالدىدىن نەتىجىسىز قايتىپ كەتكۈسى كەلمىدى. بازار بېگىنىڭ ھۇزۇرىدا ھېيىت پاتىھەسى قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. ئۇ بىر چالمىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پاختەك سوقۇشنىڭ تەمەسىدە نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. خاتىپىنى تالاي قېتىملاپ گەپكە سېلىپ، بازار بېگى ئۈستىدە ئەترابلىق كۆزىتىشلەر ئېلىپ بارغاندىن كېيىنلا بۇ شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىمۇ، ئۇلۇغ ئىشىدىمۇ كەم سانىغىلى بولمايدىغان توسالغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئالدى بىلەن بىر توپ ئەن رەخت بەدىلىگە ئىندەككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن ھەنىپە خېنىم ئارقىلىق ئۇنىڭدا دەز پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ھېيىت باھانىسى بىلەن بۇ توسالغۇنى ئۆزۈل-كېسىل تۈگىتىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى باستى.

سېيىت ھاجى ھاپىزغا ئىشارەت قىلىۋېدى، ھاپىز بىر-نەچچە يارماق چىقىرىپ دەرۋازىۋەنگە تۇتقۇزدى، دەرۋازا ئېچىلدى.

تورۇسى ۋاسا جۈپ قىلىپ سىپلىنغان بۇ چوڭ ئۆي خۇددى ئەمدىلا ئوت يېقىلغان تونۇردەك ياپىيېشىل ئىس بىلەن تۇشۇپ كەتكەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئىككى-ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن سورۇن قۇرۇپ ئولتۇرغان بازار بېگى بىر قاراشتىلا سېيىت ھاجىنى تونۇدى-دە، ئالدى بىلەن چاقىرىلمىغان بۇ مېھمانىنى باشلاپ كىرگەن دەرۋازىۋەنگە ئالىيىپ قويدى.

— ھېيىتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بازار بېگى.

نادىرخان بازار بېگى نىمىلا دېگەنبىلەن تەسۋى سىيەرىپ ئولتۇرغان بۇ رەقىبىنى كۆرۈپ ھودۇقمايمۇ قالمىدى. ئۇ ئاغىنىلىرىگە ئىشارەت قىلىپ، پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان چىلىمنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدىكى قاڭسىق نەشە پۇرىقى ھەممىنى ئاشكارا قىلىپ تۇراتتى.

— ئۆزلىرىنىڭمۇ ھېيىتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، ھاجىم!

سېيىت ھاجى تەكەللۇپ بويىچە تۆردىكى گىلەم ئۈستىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى ۋە پاتىھە ئوقۇپ، دۇئا قىلدى. ئۇ بازار بېگىنى تېخىمۇ ئۇيالدۇرماقچى بولغاندەك، يەكتەكنىڭ يېڭى بىلەن تۇرۇپ-تۇرۇپ بۇرنىنى توسۇپ، كۆز ئالدىنى يەلپۈپ قوياتتى.

— ئەمدى ... ئەمدى... ياشلىق دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، ئانچە-مۇنچە چېكىپ كۆڭۈل ئاچمىساق...

سېيىت ھاجى «ھېچ ۋەقەسى يوق» دېگەندەك كۈلۈمسىرىدى-دە، گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ ئوڭايسىزلىنىۋاتقان بازار بېگىگە:

— دېمەكچىمەنكى، ياشلىق دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يارىشىقى بولىدۇ، لېكىن بۇنى گۇناھ دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى دىنىي ئەھكاملاردىمۇ نەشە-تاماكا چېكىشنى مەكرۇ دېگەنۇ، ھارام دېمىگەن. ھارام دەپ مەنئى قىلىنغان نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇش گۇناھتۇر. مەكرۇ بىلەن مەشغۇل بولغانلىق گۇناھ جۈملىسىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن ئالساق، پېقىر ھەج سەپىرى قىلغاندا ئەرەبلەرنىڭمۇ بىر غۇلاچ كېلىدىغان ئۇزۇن چىلىم بىلەن تاماكا چەككىنىنى كۆرگەنمەن، — دېدى.

سېيىت ھاجى ئالدىغا كېلىپ ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۆزىگە قاداپ، خاتىرجەملىنىشكە باشلىغان بازار بېگىگە ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تارتىنىپ قېلىشمىسىلا، پېقىر قورسىقى كەڭ ئادەم، مەھەللە موللىلىرىدەك جاھىل پىكىرلىك ئەمەس، چېكىدىغانلىرىنى چېكىۋەرسىلە، بىز مۇڭدىشىۋېرەيلى، ھەرئىش ئۆز يولى بىلەن ئەمەسمۇ؟

— دۇرۇس... دۇرۇس...

بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان ئىس ئۆي ئىچىنى خۇددى گۈگۈم مەزگىلىدەك قاراڭغۇلاشتۇرۇشقا باشلىدى. سېيىت ھاجى بىلەن بازار بېگىنى يالغۇز قويۇشقا تىرىشىپ، بازار بېگىنىڭ ئاغىنىلىرىنى گەپ بىلەن باغلاپ تۇرۇۋاتقان ھاپىز تۇرۇپ-تۇرۇپ يۆتىلىپ كېتەتتى. سېيىت ھاجى بولسا، ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغاچ، ئۆي ھاۋاسىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆپكىسىگە تولدۇراتتى. ھاۋادىكى قويۇق نەشە ھىدى ئەستىلىكلىرىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق ئۆيدىن باشلانغان مۇستەقىل ھاياتىنىڭ كارتى-

نىلىرىنى ئالدىغا يايماقتا ئىدى.

سېيىت ھاجى ئاۋات ئېلچى شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندە ئانىسى ئاللىبۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان، ئانىسى جامالباي شايى-ئەتلەس ئېلىپ ساتقاندىن تاشقىرى، كىچىكرەك بىر سارايىنى باشقۇرۇپ يۈرەتتى. ساراي كىچىك بولغىنى بىلەن، ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقانلىقتىن بولسا كېرەك، كىرىمى يامان ئەمەس ئىدى. ئېلچىگە كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ھىندى، ئافغان ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ سارايغا چۈشۈشكە ئامراق ئىدى. سېيىت يەتتە ياشقا تولغاندىن باشلاپ، دادىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۇل تېپىشنىڭ ئامالىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ ھەر كۈنى ئاتخانىلارنى، تۆگەخانىلارنى زېرىكمەي ئارىلاپ چىقىپ، ئۇلاغلارنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى تېپىۋالاتتى-دە، بۇ پاكىتلارنى كارۋان خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، زەخمىگە لايىق تۆلەم تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ قولىغا تۆت-بەش يارماقتا چاغلىق بىر نېمە تۇتقۇزۇپ قويغانلار ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتەتتى. پىخسىقلىق قىلغانلار ياكى بۇ «كىچىك ماشقا»نىڭ يولسىز تەلىپىنى پەرۋايىغا ئالمىغانلار تۆگىمەس بالاغا گىرىپتار بولاتتى. سېيىت ئۇلارنىڭ پۇتىغا بوغما يىلاندەك يامىشىپ، چىرقىراپ يىغلاپ يېتىۋالاتتى. ياكى بولمىسا خىزمەتچىلەر تۈيمەي قالغاندا ئېشىغا تۆگە قۇمىلىقى تاشلىۋېتەتتى، ياكى تۇپا چېچىپ، يېگەنلىرىنى ھارام قىلاتتى.

بەزىدە ئۇ ئېغىل ۋە ئوقۇرلارغا قانچە سەپسالسىمۇ، بۇزۇلغان يەرنى تاپالمايتتى. ئاخىردا ھېچكىم تۈيمەي قالغاندا، ئوقۇرنىڭ بىرەر تاختىيىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ سۇندۇراتتى-دە، مۇتتەھەملىك قىلىپ، ئۈچ-تۆت يارماق ئۇندۇرۇۋالاتتى. ئات-ئېشەكلەرنىڭ ئارىسىدا قوغۇنلۇقتا كىرگەن ئوغرىدەك

تىمسقىلاپ يۈرۈپ، ھەر بىر تۈۋرىدىن بىرەر ئۈچۈمدىن بوغۇز ئېلىۋېلىپ، يوغان بىر سېۋەتكە تۆكەتتى. پۇلنىڭ ۋە بوغۇزنىڭ ھېسابىنى قىلىپ بولغان كۈنلەردە، دادىسى ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە بىر نېمە ئايرىپ بېرىپ، «ئۆزىدەك ئادەم بولغان» ئوغلىنى مۇكاپاتلايتتى.

بۇ سارايدا يەنە ئۆز زامانىسىدا بولىدىغان بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. يېقىن-يىراقتا داڭقى پۇر كەتكەن تەۋكا چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىلا ئەمەس، يۇرت-يۇرتلاردىكى مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان داڭلىق قىمارۋازلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. جاماللىباي تەۋكادىكى قىمارۋازلارنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرۈپ چۇتۇر ئالاتتى. ۋاقتى-سائىتى كەلسە، ئۆزىمۇ ئوشۇقنى قىرلاپ تۇرۇپ: «دەتتىككام پىردىم» دەپلا ئېتىۋېتەتتى-دە، كۆپىنچە ھاللاردا ئاتقان ئوشۇقى ئالچە قوپاتتى. بۇنداق چاغلاردا چۇتۇر ئېلىشمۇ، چىلىم سۈيىنى يېڭىلاپ، نەشە سېلىپ تۇتۇپ، چاي پۇلى ئېلىشمۇ سېپىتقا ئۆكچە قالاتتى.

سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. دادىسى بىر كۈنى ئەنىدىجان رەستىسىدە ئۆي بىساتى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بىر سودىگەرنى كۆتۈۋالدى. ئۇنى تەۋكا كۆرمىگەن قىمارۋازچاغلاپ، بابلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئۆكچە تەۋكا قۇردى. كىم بىلسۇن، تۇنجى قېتىمدىلا جاماللىباي ئۇتتۇرۇپ قويدى، كاللىسى نەشە بىلەن قىزىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى شەيتىنى غالىب كەلدىمۇ، بارى-يوق تەڭگىسىنىڭ ھەممىسىنى تەۋكاغا قويدى. تەلىيى يەنە تەتۈردىن كەلدى. چىلىمنى يەنە بىر سۈمۈرگەندە ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر يامان پىكىر ئويغاندى-دە، پۈتكۈل سارايىنى ئاتخانا، تۆگەخانا بىلەن قوشۇپ دوغا تىكتى. پىرىنىڭ

نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇشۇقنى ئېتىپ، مەيدىسىگە ئۇردى...

جامالباينىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ تام چاقپەلەكتەك چۆگىلەپ، تورۇس بىلەن يەر ئاستىن-ئۈستۈن بولدى. ئۇ دەردكە پايلىماي قولىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇزىتىۋىدى، ھېلىقى سودىگەرنىڭ يېنىدا رۇستەمدەك قاۋۇل يىگىتلەردىن تۆت-بەشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىراقلا ھوشىدىن كەتتى.

جامالباي ھوشىغا كەلگەندە، ئۆزىنى توختى ناۋاينىڭ دۇكىنى يېنىدىكى يۇندا تۆكىدىغان پاتقاقلىقتا كۆردى. ئۇ ھەممە ۋەجىنىڭ، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ تۈگەشكەنلىكىنى بىلدى. كۆزىنى ئېچىپ بېشىدا مىشىلداپ تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ، ئايىغىنى يالاۋاتقان بىر سەت ئىتنى ھەيدىۋېتىشكە ماغدۇرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئىشارەت قىلدى-دە، لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ تۇرۇپ:

— ئوغ... ئوغلۇم، مەن تۈگەشتىم، ھۇد دەس تۇ... گەشتىم، سەن يېتىم بولۇپ قالدىڭ، ئۇن...ئۇنتۇما، مېنى ھېلىقى... ھېلىقى سودىگەر تۈگەشتۈردى. سەن بىر سۈپۈرگە، بىر سو... سوغا ئېلىپ، ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئىشىك ئال...ئالدىنى سۈپۈرگىن، سۇ چاچقىن... قالدىسىنى...، — دېدى.

جامالباي ھەسرەت ئىچىدە كۆز يۇمدى. شەھەر ئاخۇنلىرى ئۇنى «نەشە چېكىپ ئۆلدى، نامىزىنى چۈشۈرۈش گۇناھ» دەپ، يۇيۇپ، تارىغىلى ئۇنىمىدى. باغرى يۇمشاق توختى ناۋاي بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مېيىتنى زاراتگاھلىققا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى.

سېيىت دەسلەپتە مەرھۇم دادىسىنىڭ ئاخىرى چۈشەنگەن ۋەسىيىتىنى زادى چۈشىنەلمىدى. ئاتامنى ۋەيران قىلغان ئادەمنىڭ ئىشىكىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ يۈرەمدىمەن، دەپ ئويلىدى-دە، زاراتگاھلىقتىن قايتىپلا ئۇدۇل سارىيىنىڭ ئالدىغا

باردى. سارايدىكى ناتونۇش دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى سۆگەك ھەيدەپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئىگە-چاقىسىز قوتۇر كۈچۈكنى ھەيدىگەندەك ھەيدىۋېتىشتى. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئەمما زامان ئەسكىلىكلىرى بىلەن بۇلغانغان كىر قەلبىدە دادىسىنى قان يىغلىتىپ ئۆلتۈرگەن، ئۆزىنى ماكانسىز، پاناھسىز قىلىپ كوچىغا تاشلىۋەتكەن ھېلىقى سودىگەرگە تۇنجى قېتىم نەپرەت تۇيغۇسى ئويغاندى. پەقەت شۇ چاغدىلا قىساس ئېلىش غەرەزى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپ كەلدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىرقانچە ئېغىز سۆزى تولۇق مەنىسى بىلەن كۆز ئالدىدا ئاشكارا بولدى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ يەتتە-سەككىز يارماقنى دادىسىنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ساراي تېشىدىكى تام تۈۋىگە كۆمۈپ قويغانىكەن. ئۇ دەرۋازىۋەننىڭ كۆزىنى باغلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تام تۈۋىگە باردى، تەرەت قىلغان بولۇپ زوڭزايدى-دە، پۇللىرىنى تېپىۋېلىپ، كىچىككىنە بىر سوغا ۋە بىر سۈپۈرگە سېتىۋالدى. شۇ كېچىسى ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈزىتىلغان ناۋايخانىنىڭ تونۇر بېشىدا بىر كېچىنى تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزدى-دە، تاڭ يورۇشىغىلا سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ھېلىقى سودىگەرنىڭ قورۇسىنى تېپىۋالدى.

زامانىسىدا ئىلچى شەھىرى بويىچە كۆزگە چېلىققۇدەك ھەشەمەتى بار بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارايتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاسمان-پەلەك ئېگىز ئىككى تۈپ ياڭاق دەرىخى بار ئىدى، ياڭاق دەرىخىنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتىدىغان توپىلىق يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سايە تاشلايتتى.

تۇنجى كۈنى ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىنى پاك-پاكىز سۈپۈردى، ھايۋان تېزەكلىرىنى ئۈۋۈتىغىچە قويماي تېرىپ، ئەخ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

لەتىلىككە تۆكتى. 200 قەدەمچە كېلىدىغان كۆلدىن سۇ ئەكىلىپ، يامغۇر ياغقاندەك تەكشى چېچىپ چىقتى. ئۇ، ئەمگىكىدىن قانائەت ھاسىل قىلدىيۇ، لېكىن خېلىغىچە كۈتۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرىمۇ شۇنداق قىلىۋەردى. سېيىت بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلىنى سوۋۇتمىدى، بەلكى سۇ پۈركىگەن دائىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، سۇنى تېخىمۇ جىق چاچتى.

پەقەت بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا ئادەتتە دەرۋازىدىن كۆپرەك كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان، ئۇ «بەلكى گاچا بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلغان چوڭ ياشلىق بىر كىشى دەرۋازىدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلدى-دە، سېيىتنىڭ قولىدىن خۇددى ئوغرى تۇتۇۋالغاندەك «كاپلا» قىلىپ تۇتۇپ، يېتىلىگىنىچە ھويلىغا ئەكىردى.

ھويلا سېيىتنىڭ پەرىزىدىن تاشقىرى ئەمەس ئىدى. دالان بىلەن ئايۋان ئارىسىدىكى پېشايۋانغا ئالتە-يەتتە توپ گەزمال تاشلاپ قويۇلغان، دالاننىڭ بىر تەرىپىدە تايلانغان يۇڭ ئۇستىگە بېسىۋېتىلگەن تېرىلەر دۆڭدەك دۈۋىلىنىپ تۇراتتى.

— ئېتىڭ نېمە؟

پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىنغان كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، نىمىندۇر يېزىۋاتقان 39-40 ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق كىشى سورىدى بېشىنى شىرە ئۈستىدىكى قەغەزدىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— ئېتىم ... ئې ... ئېتىم سېيىت.

— ئاتا-ئاناڭ يوقمۇ؟

سودىگەر يەنە بېشىنى كۆتۈرمىدى. سېيىت ئۆزىنى مۇشۇ كۈنلەرگە گىرىپتار قىلغان بۇ كىشىنى

تونۇمايتتى. قايسى كۈنى ئۇ دادىسى بىلەن تەۋكادا ئۇچراشقاندا، تاڭگازا ئېلىپ بەيمەن دەپ چىقىپ كېتىپ بەكمۇ كەچ قايتقانىدى. سېيىت رەقىبىگە جاۋاب بەردى:

— ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن.

سودىگەر ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى. شۇ چاغدىلا سېيىت رەقىبىنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز ياساتقان، خېلى سۆلەتلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈشتىن مەقسىتىڭ نېمە؟

— جانابلىرىنى ياخشى ئادەم دەپ ئاڭلىدىم، قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاندىكىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىكىنى سۈپۈرۈپ بولسىمۇ دۇئالىرىنى ئالاي دېدىم.

— دۇئادىن نېمە چىقىدۇ؟

— ساۋاب، ياخشى كىشىلەرنىڭ دۇئاسى يېتىمنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، دېيىشىدۇ.

سودىگەر ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىنى ئۇنتۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك پىچىرلاپ، بارماقلىرىنى ئېگىپ بىرنېمىلەرنى ھېسابلىدى ۋە قومۇش قەلەمنى قەغەزگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

— ھەممە ئىش كېلىدۇ غوجام، يەر سۈپۈرۈش بولامدۇ، سۇ سېپىش بولامدۇ...

— بۇنى بىلىمەن، يەنە نېمە ئىش قىلالايسەن دەيمەن؟ ئات بېقىشنى بىلەمسەن، بېدە توغراپ، بوغۇز تەييارلاشنىچۇ؟

— بىلىمەن غوجام، بىلىمەن، مەن بۇرۇن...

سېيىت ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ئىتتىكلا يۇتۇۋەتتى. ئەگەر كىچىكىدىن باشلاپ ئات ئېغىلى بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولغىنىنى ئېيتىپ سالدىمۇ، بۇنىڭدىنمۇ خە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرلىك سوئاللارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ يەردىن ساراي ئالدىدىن قوغلانغاندەك قوغلىنىدىغانلىقىنى تۇيۇپ قالدى.

— ھە، بۇرۇن نېمە بولغان؟

— بۇرۇندىن باشلاپ ئات بېقىشنى ئويلايتتىم.

— قولۇڭ ئەگرى ئەمەستۇ؟

— يوقسۇ غوجام...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ سودىگەرنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ قالدى. ھويلا-ئارامنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم سىپىرىپ-سۈپۈرۈپ، ئەي-نەكتەك پارقىرىتىۋەتتى. ۋاقتى-قەرەلىدە ئوت-سامان، يەم-بوغۇز بېرىپ، ئات-قېچىرلارنى تولۇمدەك سەمرىتىۋەتتى. كەمسۆز خوجىدار بىلەنمۇ چىقىشىپ قالدى. سېيىتنىڭ ئىشچانلىقى، چەبدەسلىكى سودىگەرگىمۇ ياراپ كەتتى. ئۇ چۆپ-قەتلىرىگە: «باشتىلا كۆزۈم خاتا كۆرمەپتىكەن، مۇشۇنەكتەك تۇرۇپلا ھەممە ئىشنى سۈدەك يۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ» دەپ ماختاپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ سودىگەرنىڭ قولىدا خوتۇن توختىمايتتى، ئۇ ئويۇن-تاماشىغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، شەھەردىكى ئۈچ دۇكىنىنى ۋەكالەتچىگە، ئۆي ئىگىلىكىنى سېيىتقا تاشلاپ قويۇپلا ئىككى-ئۈچ كۈنلەپ چىقىپمۇ كېتەتتى. تاشقىرىدىن نەشە چېكىپ، مەست-ئەلەس قايتىپ كەلگەنلىرىدە ئۆزى تاپشۇرغان ئىشنى جايى-جايىدا تەقلەپ قويغان سېيىتقا مەستلىكى كېلىپ بەزىدە تېخى «ئوغلۇم» دەپ بېشىنى سىيلاپمۇ قوياتتى. دادىسىنىڭ ئالايغان كۆزلىرى، كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى، تىترەۋاتقان بارماقلىرى ۋە قولىدىن كەتكەن مال-مۈلكى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ كەتمەيۋاتقان سېيىت بۇنداق چاغلاردا «دادىسى»نىڭ قۇچىقىدا ئەركىلىگەچ، چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى. تىنىمسىز دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكى قىساس ئوتىدا ئۆرتىنەتتى.

ئۇ كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر كېلىپ قالدى. سېيىت 15 ياشقا تولغان يىلى سودىگەر بار ۋەجىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. بۇ كىچىككىنە شەھەردىكى مەنىسىز-مەززىسىز ھايات ۋە تاپاۋەتسىز تىجارەت ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەپەر ھەۋىسىنى سالغانىدى.

— ئوغلۇم، — دېدى بىر كۈنى سودىگەر تاشقىرىدىن كەيپى چاغ ھالدا قايتىپ كىرىپ، — يۇرت كۆرۈشنى خالامسەن؟ ئەگەر خالىساڭ، ماڭا ياردەمدە بول، توخۇ كاتىكىدەك بۇ كىچىك شەھەردە تارتىشقۇدەك يەنە نېمە بار دەيسەن؟ ئاتامۇ ئەنـدىجان شەھىرىدىن كېلىپ بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قاپتىكەن، خالـساق، ھەج سەپىرىدىن كېيىن تۇغقانلىرىمىزنى تېپىۋالارمىز، — دېدى ۋە قىبرىلىق يېتىپ قالغان غوجىدارىنى ئۇنداقچى، مۇنـداقچى دەپ يامانلاپ بەردى. بەش ۋاخ نامازنى تاشلىمايدىغان، مۇسۇلمانچىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان غوجىدارنىڭ ھەجگە بىللە ئاپىرىش توغرىسىدىكى ئۆتۈنۈشلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. بۇنداق قولاي پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىگەن سېيىت بىچارە غوجىدارنىڭ ھەممە «قىلمىشى» نى سودىگەر ئالدىدا پاش قىلىۋەتتى...

ئۇلار ئالتۇن-كۆمۈشلەرنى خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ، ھەجگە ئاتلاندى. سانجۇ يولى بىلەن خېلى كۈنلەر ماڭغاندىن كېيىن، پاكىستان تەۋەسىگە ۋە ئۇ يەردىن بومبايغا كەلدى. پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، دېڭىز سەپىرىنى باشلىدى. يەنە بىر سەپەر يول بېسىپ، ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىگە يەتتى.

ئۇلار جىددىگە كەلگەندە ھەج مەزگىلى بەكمۇ قىستاپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەرنىڭ نەشە ئىسىدىن قارىـداپ كەتكەن لەۋلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى، ئالتۇن-كۆمۈشلىرىنى، ئۆزى تاغدەك ئىشىنىدىغان سېيىتنى سارايۋەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامانەت قىلىپ، «لەببەيكە، ئاللاھۇممە لەببەيكە» دەپ سەل كەبى ئېقىۋاتقان ئادەم توپىغا قوشۇلۇپ مەككىگە يۈرۈپ كەتتى.

دېگەندەك، سىيىتنىڭ ئامەتى ئوڭدىن كەلدى. نەقەدىر ئۇنىڭغا ئەندىجانلىق بىر تاۋاپچى مۇسۇلماننى ئۇچراشتۇردى. ئۇلار ئۇنجى تونۇشۇشتىلا سىردىشىپ، چىقىشىپ قالدى. 49 - 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان، قارىماققا كۆن بويى ئىستىقامەت بىلەنلا ئۆتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ كىشى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، ھەج ھەۋىسىدىنمۇ ۋاز كەچتى - دە، سىيىت بىلەن تىللىنى بىر قىلىپ، سارايۋەننى بىر ئامالار بىلەن ئالداپ، دەپىنى - دۇنيانى قولتۇقلاپلا تىكىۋەتتى.

— ھازىر مۇشۇ شەھەردە پىنھان تۇرۇپ تۇرىلى، كۆرىدىغان تاماشا بار تېخى، — دېدى سىيىت شەيتاندەك ھەييار بولدىشىغا، — بۇ تاماشىنى كۆرسەمەن دەپ مەن چەكمىگەن ئازاب قالمىدى، ئەمدى پەيتى كەلدى.

ھەج - تاۋاپ ئىشلىرى ئاخىرلاشتى. سودىگەر ئېھرامىدىن چىقىشقا ئۇلگۈرمەيلا جىددە شەھىرىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ دەسلەپتە سارايۋەننىڭ ئېيتقانلىرىغا زادىلا ئىشەنمىدى ۋە «ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمنى چىقىرىپ بەر، بولمىسا قازىخانىغا بارىمەن، يۈزۈڭگە كۆيە سۈرتۈپ، سازايى قىلغۇزىمەن» دەپ پوپوزا قىلىپ باقتى. ئاخىردا ئەرز قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىناۋەتلىك ئىككى نەپەر گۇۋاھچىنىڭ قازىنىڭ ئالدىدا «پالانى ئامانەت قىلغان مال - دۇنيانى ئوغلى پالانىنىڭ ئەكەتكىنى راست» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن دەۋا سودىگەرنىڭ زىيىنىغا ئاخىرلاشتى.

سودىگەرنىڭ بارمىغان رەستە، ئاردىمىغان سارايلىرى قالمىدى. سىيىت خۇددى بىر ئەپسۇن بىلەن غايىب بولىدىغان دىۋىلەردەك قەيەرلەرگىدۇ يوقالغانىدى.

«مال ـ دۇنيانىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، بۇ ئىش سودىگەرگە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىنمۇ بەتتەر تەسىر قىلدى. كوچا ـ كوچىلاردا يۈرۈپ: «ئىست باقماي، ئادەم بالىسى باققاننىڭ جازاسى شۇ» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئېلىشىپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ كوچىدىلا يىقىلدى. ئاغزىدىن كۆشەۋاتقان كالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان كۆپۈكتەك ئاق كۆپۈك ئۆرلىدى، لەۋلىرى كۆكەردى، كۆزلىرى ئالايدى، بارماقلىرى تىترىدى... ئاخىردا چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ بولۇپ ئېچىنىشلىق يوسۇندا جان ئۈزدى...

نەچچە كۈندىن بېرى ئەرەبچە كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا چەمبىرەكلىك ئاق ياغلىق ئارتىپ، «دادىسى» نىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرگەن سېيىت «ھاجى» يۈز بەرگەن پاجىئەلىك تاماشىنى ئاخىرغىچە كۆرۈپ، يۇخادىن چىققاندىن كېيىنلا، جىددە پورتىدىن ئايرىلىپ، ئەندىجان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، تېپىۋالغان «تۇغقانلىرى» نىڭ ياردىمى بىلەن «ئەندىجان پۇقراسى» بولۇپ، ئوقۇشقا كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

بىراق، ھېلىقى چۆپقەتى بىلەن ئولجا بۆلۈشۈشكە توغرا كەلگەندىلا چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى. ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئوندىن يەتتىسىگىمۇ قانائەت قىلمىغان چۆپقەت ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ «رەسۋا قىلىمەن» دەپ ھەيۋە قىلىشى بىلەن سېيىت ھاجى ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان چىۋىندەك، بىر سىرلىق تور ئىچىگە تاشلاندى. بۇ تور ئىچىدە تەربىيە كۆردى. خۇددى ئۆزى داۋاملىق دەپ يۈرگەندەك، خوجايىنى قەيەرگە قارىتىپ «گاھ» دېسە، شۇ ياققا قاراپ ئۇچۇشنى ئۆگەندى، ئۇچۇپ بېرىپ، ئولجىنىڭ نەق كۆزىگە قا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مال سالدى. ھەر قېتىملىق «ئۇۋ» دىن كېيىن مۇكاپات تەرە-قىسىدە تاشلاپ بېرىلىدىغان بىر پارچە شەررەك گۆش بېگەنىسىرى تاتلىق تېتىشقا باشلىدى...

يىراق يەردىن قوشلانغان بۇ قارچىغا ئاخىر چىرىيىدىن ئىبارەت بۇ «ئولجا» ئۈستىگە قونغان ۋە بوگسۇن يەنە ئۇۋغا چىقىپ، نادىرخان بازار بېگىنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرماقتا ئىدى...

ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى. بازار بېگىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىنى يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن مەلىكە قىلىپ ئولتۇرغان ھاپىز ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىيالمىغاچقا، مەيگە چىقىپ بولغاندىن كېيىنلا سىپىيت ھاجىدىن سورىدى:

— بۇ نەشىكەشنى بەك جاھىل دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئىندەككە كېلىدىغاندەكمۇ؟

— ھا... ھا... ھا...

سىپىيت ھاجى كۈلۈۋەتتى. ئۇ كەيپى ساز ھالدا:

— تام تېشىدىغان ئوغرىمۇ تامنىڭ ئاجىز يېرىدىن تېشىدۇ، بۇ بايۋەچچىنىڭ ئاجىز يېرى مال - دۇنياغا ئامراقلىقىدا، بىز بۇ تامنىڭ ئاجىز يېرىنى تاپتۇق - دە، بىر كوچەپلا قەغەز تەشەكەندەك «پوسىدە» تېشىۋەتتۇق!—دېدى.

— راستمۇ؟

— مال - دۇنيا ئالدىدا شەيتانمۇ ئازىدۇ ئەمەسمۇ؟

## 23. «چەككە چېكىلىدىغان»

— ئەيھانناس، ئىشتىڭلار ئاۋمۇ خاس، مەندىن دېمەكلىك، سىلىدىن ئىشىتمەكلىك، ئاقپاششا پۇقراسى، خاقانى چىن پۇقراسى بولمىش بالىغ ئەركەكلەرنىڭ جىممىسى پېشىن نامىزىدىن پارىغ بولۇپ كونا جۇۋا مەيدانىغا جەم بولسۇنلار، كىمكى

جەم بولمىسا...

يوغان قارا ئۆكۈزگە جايلىشىۋېلىپ، ناماز بامداتتىن كېيىنلا مەھەللە ئارىلاپ ۋارقىراشقا باشلىغان جاكارچى چۈش بىلەن تەڭ بازارغا ئەڭ يېقىن بولغان تۇزاقچى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەنىدى. بېشى خاپاندەك يوغان، بويىنى ئۇن ياشار بالىنىڭ بېلىدەك توم، بەستى-قامىتى ساندۇقتەك سېمىز كەلگەن بۇ جاكارچىنىڭ چىڭقىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى شۇنچىلىك توم ۋە ياڭراق ئىدىكى، قۇلىقى تۇۋىدە توپ ئاتسىمۇ تۇيمايدىغان ئايشەمخان مومايمۇ ھاسىسىغا تايانغان پېتى ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى.

جاكارچى ۋارقىرىغان چاغدا، مانجۇلاردىن قالغان رەسىم-ئادەت بويىچە لېگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇچ جاغنى توختىماي ئۇراتتى. جاغنىڭ سەت ئاۋازى قۇلاق مېڭىنى يېگۈدەك رەۋىشتە يىراق-يىراقلارغا تارىلاتتى.

— ھوي موللامۇھەممەت جاكارچى، پۇقرالارنى يىغىپ نېمە قىلغۇدەك ئۇلار؟

جاكارچى ئالقىنى بىلەن كانايچە ياساپ ۋارقىراپ گەپ قىلىۋاتقان ئايشەمخان مومايىنىڭ ئوغلى مەتقاسىمغا ئالدىيىپ قويدىيۇ، جاۋاب بەرمىدى. مەتقاسىم خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ، سوئالىنى تەكرارلاۋەرگەندىلا:

— ئىشقىلىپ ھەرقايسىڭنى تويغا چاقىرمىسا كېرەك، قالغىنىنى بارغاندا كۆرمەمسەن! — دېدى موللا مۇھەممەت جاكارچى تەنە ئارىلاش.

دوقا دېگەن لەقىمى بولغاچقا دوقا بولۇپ قالغانمۇ ياكى دوقا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ لەقەم سىڭىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، مەتقاسىمنىڭ پېشانىسى بىر سويما چاپلاپ قويغاندەك بۆرتۈپ چىققانىدى. دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىق

www.uyghurkitap.com

مەزگىللىرىدە مەدىكارچىلىق قىلىپ، باشقا چاغلاردا تاماق، بۇقۇسا قاتارلىق ئۇششاق سايمانلارنى ياساپ سېتىپ جېنىنى جان ئېتىدىغان بۇ يىگىتنى «دوقا» دېگەن لەقىمى بىلەن كۆپ كىشىلەر تونۇيتتى. مەتقاسىمنى پەقەت دوقىسى بولغانلىقى بىلەنلا تونۇش بولۇپ كەتكەن دېسە ئۇۋال بولار، ئۇ يەنە ئۆز ھۈنىرىدە ئادىل، خالىس ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىق نۇقسانىنى مەرھۇم دادىسىمۇ، قېرى ئانىسىمۇ، تەڭتۇشلىرىمۇ تۈزىتىپ كېتەلمىگەن، ئۇ ياسىغان نەرسىلىرىنى بازارغا ئاچىقاتتىيۇ، خېرىدار ساقلاشقا زادى تاقەت قىلالمايتتى. يولدا كېتىۋاتقان كىشىنى چاقىرىپلا ئېلىشىغا ساتاتتى ۋە بىردەمدىلا باشقا بىر يەردە پەيدابولاتتى. گەرچە يېشى يىگىرمە ئىككىلەرگە ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، قولى قىسقا بولغاچقا، تېخىچە ئۆيلىنەلمىگەنىدى.

مەتقاسىم بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇرغان كۈنگە قاراپ چۈش بولغانلىقىنى تەسلىكتە ئىلغا قىلدى-دە، ئانىسىغا ئېيتىپ قويۇپلا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان موللا مۇھەممەت جاكارچىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ، بازار تەرەپكە يول ئالدى. ئۇنىڭ بەربىر قىلىدىغان زۆرۈر ئىشى يوق بولغاچ، پېشىن نامىزىنى بازاردىكى جەمئىي مەسچىتىدە ئۆتەپلا كونا جۇۋا مەيدانىغا بېرىپ، زادى نېمە يېڭىلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلگۈسى كەلگەنىدى.

چىرىيە بازىرىغا يېقىن مەھەللىلەردىكى ئەركەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەتقاسىم دوقا ئويلىغاندەك ئويلىدى. ئۇلارمۇ ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ، بازارغا قاراپ يول سالدى. مانجۇلار مانا مۇشۇنداق پەرمان جاكارلىغاندا، «نېمە بولسا، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالىمىزغۇ تېخى» دەپ بىپەرۋالىق قىلىپ قو-

يۇپ، ئۆلگۈدەك تاياق يېگەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانلار قولىدىكى زۆرۈر ئىشلىرىنىمۇ تاشلىدى. يۇرت بېگىنىڭ جاكارىنى ئاڭلىمىغانلارغا بۇ جاكارنى خالىسلىق بىلەن يەتكۈزۈشتى.

خېلى چاغلاردىن بۇيان چۆلدەرەپ تۇرغان كونا جۇۋا مەيدانى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مىغ-مىغ ئادەم بىلەن توشتى. يىغىلغانلار ئارىسىدا ئاتىلىرى يېتىملىۋالغان سەبىي بالىلارمۇ، ھاسىسىغا تايىنىپ يىلتىزى بوشاپ قالغان قېرى دەرەختەك تىترەپ تۇرۇۋاتقان قېرىلارمۇ، پۈۋلىسىلا ئۇچۇپ كەتكۈدەك ياداپ كەتكەن كېسەلمەنلەرمۇ تۇراتتى.

پۇقرالارنىڭ ئۇستىبېشى شۇنچىلىك كونا ۋە رەڭگى ئىدىكى، جاھاندا بار بولغان دىۋانىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەيدانغا يىغىلغاندەكلا قىلاتتى. كونا جۇۋا مەيدانى بۈگۈن راستتىنلا كونا جۇۋىلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئادەتتە ناغرىخانا دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىغاندا، مەيدان خۇددى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئوخشايتتى.

بۈگۈن خۇداغا شۈكرى، ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس، نېمە ۋەقە بولىدىغانلىقىنى پەملەشكەن كىشىلەر بويۇنلىرىنى ئۇزۇنراق سوزۇشقا، قوللىرىنى چىقىرىپ ئىشارەت بىلەن قوشۇپ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشماقتا ئىدى.

مەتقاسىم تۆت-بەشتىن غۇژمەك بولۇۋېلىپ، نېمىلەر ئۈستىدىدۇ قىزىشىپ سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە سۇپۇرگە مىراب بېگىنى تېپىۋالدى-دە، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئابدۇللا چاققانغا سالام بەردى. قادىر تۆمۈرچى، نۇرەك باخشىلارمۇ گۇررىدە كېلىشىپ، تونۇشلۇقى بار بۇ يىگىتكە سالام بەردى:

— خېلىدىن بېرى كۆرۈشەلمىدۇق ئۇكام، نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈيۈرگەئاخۇن ئوغلى مۇھەممەتئەلىدىن بىر ـ ئىككى ياشلا پەرق قىلىدىغان بۇ خارەت يىگىتكە سەنلەپ گەپ قىلاتتى.

— نىمە قىلاتتىم بىگىم، — جاۋاب بەردى مەتقاسىم گە ـ دىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — ھەرقايسىلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈپتىمىز.

— ئايشەمخان ئاچامنىڭ تىنى ساقتۇ؟

— ھەي، نىمىسىنى دەيدىلا، يەيدىغان رىزقى بار ئوخ ـ شايدۇ، قۇلىقىمۇ ئىچىلىپ كىتىۋاتسا كىرەك. بايام ئۇ موللا ـ مۇھەممەت جاكارچىنىڭ ئاۋازىنى مەندىنمۇ بۇرۇن ئاڭلاپتۇ، خارەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرسام، ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ كىرىپ: «ئوغلۇم ئاڭلىدىڭمۇ، جاكارچى ۋارقىراۋاتىدۇ» دەيدۇ تىخى.

مەتقاسىمنىڭ گىپى بىلەن چىرايلارغا كۈلكە يۈگۈردى.

نۇرەك باخشى:

— موللامۇھەممەتجاكارچىنىڭ ئۈنىنى ئاناڭلا ئەمەس، يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىكى پەرىشتىلەرمۇ ئاڭلايدۇ، — دىدى.

كونا جۇۋۇدا قارا قورايدەك تۇرۇشۇپ كەتكەن پۈقرالار مەخمەل ئۈستىگى تەرەپكە قاراشتى. ئاسمان ـ پەلەك چاك ـ توزان توزۇتۇپ پەيدا بولغان ئىككى ھەشەمەتلىك مەپە خۇددى بەس ـ بەسكە چۈشكەندەك تىزلىك بىلەن كونا جۇۋا مەيدانىغا يىتىپ كەلدى ـ دە، ئادەملەر ئارىسىدىن يىرىپ ئۆتۈپ، ناغرىخانا ئالدىدىكى پەشتاق يىنىغا كىلىپ توختىدى. ھازىرلا يۈز بىرىدىغان، تىرىكچىلىكى بىلەن قانداقتۇر مۇنا ـ سىۋەتى باردەك تۇرغان بۇ كاتتا يىغىلىشنىڭ مۇددىئاسى ئۈستىدە تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشىۋاتقان كىشىلەر تاقەتسىز ـ لىنىشكە باشلىدى.

يۇرت كاتتىلىرى نەچچە يۈز جۈپ كۆزنىڭ نازارىتىدە

مەيدىن چۈشتى-دە، ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن بىلەن پەشتاقتا چىقتى. جامائەتكە تونۇشلۇق بولغان نادىرخان بازار بېگىنىڭ ئالدىنقى مەيدىن، سېيىت ھاجىنىڭ كەينىدىنلا ئۆمىلەپ چىقىشى پۇقرالار ئۈچۈن شۇ قەدەر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدىكى، ئۇلار ھەيران بولغان ھالدا بىر-بىرىگە قاراپ كۆز بېقىشىۋالدى. پىچىرلاشقان ئاۋازلار خۇددى شارقىراتمىنىڭ شاۋقۇنىدەك، مەيداننى بىر ئالدى.

— تىنچلىنىڭلار، جامائەت تىنچلىنىڭلار!

پەشتاقتا تۇرغانلار ئۈستىبېشىدىكى چاڭ-توزاننى قېقىشتۇرغاچ، جۇۋىسىنى، سەللىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە جامائەتكە يۈزلەندى. ئابلىزقارى ئورۇق قولىنى خۇددى لەگمەن سوزغاندەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى. قوماچ قورۇغاندەك قىزىپ كەتكەن كىشىلەر بىردىنلا جىمىقتى. ئابلىزقارى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئى جامائەت، ئاقپاششا پۇقرالىرى ۋەھەم خاقان پۇقرالىرى، ھەرقايسىڭلارنى بۇ يەرگە جەم قىلىشتىن مۇددىئا شۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئاقپاششا مەملىكىتى بىلەن سودا-سېتىق ئالاقىسىنى ئورنىتىش، سودا تاپاۋىتى بىلەن پۇقراغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋەجىدىن كارۋان ئەۋەتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ھەممىگە ئايانكى، تۆگە ۋە قېچىر ئادەمنىڭ يول باشلىشىغا موھتاج، يۇرت نامىدىن يوللانغان بۇ كارۋان خىزمەتچىلەرنىڭ قوغدىشىغا موھتاج. دېمەكچىمەنكى، كارۋانغا خىزمەت قىلىش ئىشى ئەلۋەتتە يۇرت پۇقرالىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندۇر. ئاۋامنىڭ بۇ ئىشىنى كىمنىڭ زىممىسىگە تەيىن قىلىش مەسىلىسىدە، پېقىر ۋە پېقىرنىڭ دىيانەتلىك ئۇستازى بولمىش سېيىت ھاجىم ئادالەت يولىنى تۇتۇپ، ئاللانىڭ بەن-

www.uyghurkitap.com

دىلىرىگە تەك كۆزدە قاراشنى دۇرۇس دەپ بىلىدۇ...

بىر-بىرىگە سىغدىشىپ، ئىختىيارسىز ھالدا پەشتاقتا يىغىلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاغزى قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىلماقتا، بەش ئەزاسىنىڭ سەزگۈسىنىڭ ھەممىسى قۇلىقىغا جەملەنمەكتە ئىدى.

— بىز خەقلەرنىڭ ئارىسىدا قەدىمدىن قالغان «چەككە چېكىلدىمالىڭ» دېگەن بىر خاسىيەتلىك گەپ بار. يەنە كېلىپ چەكنىڭ كۆزى يوق، مۇبادا چەك كىمگە چىقىدىكەن ئۇ ئۆز پېشانىسىدىن كۆرسۇن، چەككە چېكىلدىغانلار جامائەت ئىشىدىن باش تارتقان ھېسابلىنىپ، ئەبەدىلئەبەد لەنەت، نەپرەتكە قالغۇسىدۇر.

ھاپىز مەخسۇمنىڭ كارۋان بېشى بولىدىغانلىقىنى، كارۋان خىزمەتچىلىكىگە ئارانلا بەش ئادەمنىڭ تاللىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، كىشىلەرنىڭ قەپەس شادىسىغا ئۇرۇلۇۋاتقان تاقەتسىز قۇشتەك دۈپۈلدەۋاتقان يۈرەكلىرى بىردىنلا جايىغا چۈشتى. ئۈستىدىن تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالغانلار «مۇشۇنچىلىكلا ئىش ئىكەنغۇ» دېيىشىپ، خاتىرجەملىك ھېس قىلىشتى. بۇ چاغدا ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە: «نەچچە يۈز ئادەم ئىچىدە بىرەر چەكنىڭ ماڭا چىقىپ قېلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس» دېگەن بىر ئىشەنچ مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

توپ ئارىسىدىن: «چەكنى تېزرەك تارقاتسۇن، ئۆيدە زۆرۈر ئىشىمىز بار ئىدى» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىغاندا، ئابلىزقارى يۆتىلىپ قويۇپ، جامائەتكە:

— ھاجىم ئېيتىدۇرلەركىم، ئاقپاشا ئېلىدىكى پۇقرالار ھەرقانداق ئالۋان-ياساقتىن ئازاد ئىكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ بۇ يەردىكى ئاقپاشا پۇقرالىرىمۇ ھەرقانداق ئالۋان-ياساقتىن ئازاد قىلىنىمىقى لازىمدۇر. ئەگەرچەندە، ئاقپاشا پۇقرالىرى

ئىچىدىن كىمكى كارۋان بىلەن يۈرۈپ، ئۇ ئەلنىڭ كارامەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ساياھەت ۋە تاپاۋەت قىلىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇنىڭغىمۇ رۇخسەتتۇر ۋە تەشەككۈرلەر ئېيتىلغۇسىدۇر. ئۇنداقلار قايتىپ كەلگەندىن سۇڭرە، ئەڭ شەرەپلىك ئاقپاششا پۇقراسى سانىلىدۇ، شۇنداقلا تېگىشلىك ئىنئام ھەم بېرىلىدۇ، مۇبادا خالىمىسا زورلۇق يوقتۇر، — دېدي.

— مانا مەن، — باياتىن بىرى سېيىت ھاجى بىلەن نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىشىپ تۇرغان نادىرخان بازار بېگى چوڭ بىر قەدەم تاشلاپ ئابلىزقارىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە جۇۋىسىنى قايرىپ، گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ دېدى، — ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، مەن ئۇنداق قورقۇنچاق لىڭتاسىملاردىن ئەمەس، پېقىر كارۋاننى ھەرقانداق قاراقچىلاردىن مۇداپىئە قىلىپ، قارارگاھىغا يەتكۈزۈشكە كېپىل، مۇبادا چۆل قاراقچىلىرىغا تۆگىنىڭ بىر تال تۈكىگە چاغلىق بىر نەرسە ئالدۇرۇپ قويسام، نادىرخان دېگەن ئىسمىم ئۆچۈپ كەتسۇن!

ئۇ غالىب پالۋان قىياپىتىدە، پەشتاقنى بىر ئايلىنىپ چىققىتى-دە، مەيدىسىگە يەنە بىرنەچچىنى مۇشتلاپ قويدى.

— يەنە پېقىرمۇ بار!

كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى ۋە پەشتاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كىشىلەرنى ئۇيان-بۇيان ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان ھىممەت قاشقىنىڭ ۋىجىك گەۋدىسىنى كۆرۈشتى. ئۇ پەشتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۇرت كاتتىلىرىغا چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ھەرقايسىلىرى رۇخسەت قىلىشسىلا پېقىرمۇ يۇرت ئىشى ئۈچۈن كۈچىنى ئايىمايدۇ. مېنى كۆسەيدەك ئورۇق بىرنېمىكەن دەپ قىلىشمىسىلا، تۆگە يېتىلەشنى، غىزا تەييارلاشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇبدان بىلمەن. ھاجىمنىڭ جىق ياخشىلىقىنى كۆردۈم، يەنە كۆرەرمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن، ئانچە-مۇنچە ئىنئام ئېلىپ، كۆڭلۈمنى كۆن ئەتسەم ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

— بەللى، ياراپسىلەر، ياراپسىلەر، — سېيىت ھاجى بازار بېگىنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى، — شان-شەرەپلەر بولسۇن سىلەرگە، ئاقپاشىشا پۇقراسى دېگەن مانا مۇشۇنداق مەرد، مانا مۇشۇنداق قورقماس كېلىدۇ، پۇقراچىلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىدۇ!

بازار بېگى مەغرۇر قىياپەتتە پۈتكۈل جامائەتكە بىر-بىر دېگۈدەك قاراپ چىققاندىن كېيىن، سېيىت ھاجىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. تەلىپى ماقۇللانغان ھېمىت قاشقىمۇ پەشتاقتىكىلەرگە يەنە بىر تەزىم قىلىپ، تۇرغان يېرىدە قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تىك تۇرۇپ، ئابلىزقارىنىڭ كېيىنكى سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— ئى شۆھرەتلىك ئاقپاشىشا پۇقرالىرى، ئاراڭلاردىن چىققان نادىرخان بايۋەچچىدەك مەردۇ مەردانىلاردىن، ھېمىت قاشقىدەك مۆمىن پۇقرادىن پەخىرلىنىڭلار، بېشىڭلار ئاسمانغا تاقاشسۇن!

ئۇ قولىنى شىلتىپ قويۇپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى:

— قولىدا گۇۋاھنامىسى بار بولغان ئاقپاشىشا پۇقرالىرى، سىلەرگە ئۆيۈڭلارغا قايتىپ، مەئىشەتىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئىجازەت. بىراق، ئاقپاشىشا پۇقراسى بولمىغانلار تۇرغان يېرىڭلاردىن مىدىرلىغۇچى بولماڭلار، چەك ئېلىشنى ھازىرلا باشلايمىز!

— دېمىدىمۇ؟ ئاقپاشىشا پۇقراسى بولغاننىڭ پايدىسىنى ئەمدىغۇ كۆرگەنسىلەر، يۇرۇقلار، يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر!

يۇرت كاتتىلىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن شاپائىتىگە ئېرىشكەن «ئاقپاشىشا پۇقرالىرى» يا كېتىشنى، يا تۇرۇشنى ئۇقماي، بىر پەسكە مەڭدەپ قېلىشتىيۇ، ئاخىر ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرگەن

ھەممەت قاشقىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، توپ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، كونا جۇۋا مەيدانىنىڭ تېشىغا چىقىپ بولۇپ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشتى. سېيىت ھاجىنىڭ، ئابلىزقارىنىڭ چىرايلىرىدىن ئىشەنچ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئارقىسىدىن بىراۋ ھېلىلا قوغ-لاپ كېلىپ، كارۋان ئالدىنىغا تۇتۇۋالىدىغاندەك يۈرەكئالدىلىق بىلەن كوچا - كوچىلارغا ئۆزىنى ئېلىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن يىراق بولۇشتى.

پەشتاقتا «نەسىھەتكە كۆنۈپ گۇۋاھنامە ئالمىغاندىكىن، كۆرگۈلۈكلەرنى كۆتۈڭلار» دېگەندەك مەسخىرىلىك كۈلۈپ، گىدىيىپ تۇرغان لەنتىلەرنىڭ بىرپارچە تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، ئىسسىق - سوغۇقنى تەڭ بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەقدىرىنىڭ قىسمىتىنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈپ، ئوتتۇرىدا بىر سېپىل پەيدا قىلغان قىلىقلىرى سوپۇرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ يۈرىكىدە غەزەپ ۋولقانىنى پەيدا قىلدى. ئەسلىدە سوپۇرگەئاخۇن پەشتاققا ئېتىلىپ چىقىپ، سېيىت ھاجى ۋە ئابلىزقارى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ زاكۇنلاشماقچى، ياقىسىدىن ئېلىپ پەشتاقتىن سۆرەپ چۈشۈپ، قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سالماقچىدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى يەنە زورىغا باستى. مۇبادا ئەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا تەلىيى «ئوڭ» دىن كېلىپ، كارۋان ئالدىنىدىن قۇتۇلۇپ قالغان يۇرتداشلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

«تۇفى...»

نۇرەك باخشىنىڭ پەشتاق تەرەپكە قاراپ «شالاققىدە» تۈكۈرۈشى ۋە جامائەتنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشلىرى بىلەن قويرۇقىنىڭ ئاستىغا يانتاق قىستۇرغان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ كەتكەن ئابلىزقارى

www.uyghurkitap.com

بىرنىمە دېيىشكە تەمشىلىپ ئاغزىنى ئۈمەللىدى، بىراق سېيىت ھاجىنىڭ يۆتىلىپ قويۇشى بىلەن پەيلىدىن ياندى. سېيىت ھاجى پۇقرالارنىڭ ئۈندىمەي تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى ئاقپاششا پۇقراسى بولمىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، جامائەتكە قاراپ:

— ئى مۇسۇلمانلار، ھەدىسلەردە قەيت قىلىنىدۇكى، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ جۈملىسىدىندۇر، يەنە، «جان—تەنىنىڭ، تەن—پادىشاھنىڭ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپمۇ بار، ھاسىل كالام، ئابلىزقارىم يۇرت مەنپەئىتى ئۈچۈن كارۋان ماڭدۇرۇش، كارۋانغا خىزمەتچى تاللاش نىيىتىگە كەلگەنىكەن، پۇقرا بۇ بەگنىڭ خاھىشىنى ۋاجىپ ھېسابلىشى لازىمدۇركى، پېقىر ھەم بۇنىڭغا مەدەتكاردۇر. ئۇ ئاقپاششا پۇقرالىرىنى ئاقپاششا ئېلىنىڭ ئادىتى بويىچە بۇنداق ئالۋاندىن ئازاد دەپ ھېسابلىدى، بۇ ھەم پېقىرغا، پېقىرنىڭ پۇقرالىرىغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتتۇر. دېمەكچىمەنكى، پېقىرنىڭ كۆڭلى پاختىدىن يۇمشاق، قىلدىن ئىنچىكە بولغىنىدىن، خاقان پۇقرالىرىنىڭمۇ بۇ تەرىقە زىمىستاندا يول ئازابى تارتىشىنى ئەسلا خالىمايمەن. كۆردۈڭلاركى، ئاقپاششا پۇقرالىرىدىن بولغان نادىرخان بايۋەچچەم ۋەھەتتا ئاۋامنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە تۇرغۇچى ھېمىتئاخۇنمۇ ئەسلى بۇ جاپانى تارتىشقا لايىق ئەمەس ئىدى. خەيرىيەت، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ مۇددىئاسىمۇ خاقان پۇقرالىرىنى بۇنداق ئازابلىق سەپەردىن ئازاد قىلىشتۇر. بۇ دىياردىن قورۇلغىچە بولغان يول نى ئازاب، نى خەتەر! ئى پۇقرالار، ھېلىھەم ۋاقتى كەچ ئەمەس، ئاقپاششاغا پۇقرا بولۇڭلار ـ دە، چەك ئېلىپ ئازاب تارتىش خەۋپىدىن بىر يولى قۇتۇلۇڭلار، قېنى كىم ئىختىيار قىلىپ گۇۋاھنامە ئالىدۇ؟ دېمەكچىمەنكى...، — دېدى.

— ھۆرمەتلىك تەقسىرلەر، تولا سۆزلەپ ئاغزىڭلارنى

ئۇپراتماڭلار، — سۇپۇرگەئاخۇن نۇرەك باخشىنى ئىتتىرىۋېتىپ پەشتاققا يېقىنلاشتى ـ دە، سېيىت ھاجىنىڭ كۆزىگە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى، — تارقىتىدىغان چېكىڭلارنى تارقىتىڭلار، پېشانەڭگە كەلگەننى كۆرىمىز، خۇدا خالىسا تېخى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېيىشىۋالىدىغان چاغلارمۇ كېلىدۇ...

سېيىتھاجى سۇپۇرگەئاخۇننىڭ چىرايىدا ھېلىقى كۈنى كۆرگەن غەزەپ ئالامەتلىرىنى يەنە كۆردى، خۇددى غورا چاينىغاندەك يۈزىنى پۈرۈشتۈردى ـ دە، ئابلىزقارىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ سۇپۇرگەئاخۇننىڭ يۇمشىمايلا قالماي، پۇقرالارنىمۇ ئازدۇرۇپ ئىش تېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى.

پەشتاق ئۇستىدىكىلەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، بۇ مۇشكۈل ۋەزىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشتى. ئاخىردا ئابلىزقارى نەچچە تۇتام چىغ سېلىنغان بىر مىس چۆگۈننى پەشتاق ئالدىغا قويدى ۋە:

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر جامائەت، چىغنىڭ بىر ئۇچى چۆگۈننىڭ ئىچىدە، بىر ئۇچى تېشىدا، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تال چىغنىڭلا تۆۋەنكى ئۇچى قارا رەڭدە بويالغان، كىمىكى ئۇچى قارا چىغنى ئالسا، ئۇ چەككە چېكىلدىمىسۇن، ئۆز پېشانىسىدىن كۆرۈپ، كارۋانغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلسۇن، يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۈچ تال قارا چىغ ئاشكارا بولۇپ بولغان ھامان چەك ئېلىش توختىتىلىدۇ...، — دېدى.

سېيىت ھاجى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، چەك ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. «ھەر ئىشنىڭ بېشى بىلەن» دېگەن ئەقىدىگە ئىخلاس قىلىدىغانلار ئالدىراپ چۆگۈن ئالدىغا كەلدى ـ دە، چەك ئېلىشقا باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىككى چەك ئاشكارا بولدى. سېرىق مەھەللىسىدىن كەلگەن ئىككى دېھقان ئاللا ـ تۇۋا قىچقارغىلى تۇردى:

— ۋاي ئەمدى قانداق قىلاي، قۇشقاچنىڭ بالىلىرىدەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىزىلگۈش تۆت بالام بار ئىدى، قىشنى قانداق ئۆتكۈزەر بۇ بىچارىلەر؟...

— ۋاي شورپېشانەم، 80 ياشقا كىرىپ قالغان بىچارە دادامنى كىم باقىدۇ ئەمدى؟ ھەممە كەلگۈلۈك بىزگىلا كېلەمدۇ بۇ جاھاندا؟

سۈپۈرگەئاخۇن نەس باسقان چىغنى مەھكەم سىقىمداپ تۇرۇپ، قېرىندىشىغا ماتەم تۇتقاندەك قايغۇغا چۆمگەن كىشىلەرگە قاراپ ئىچىنى ئاغرىتتى، سۇپا ئالدىدا تۇرغان بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ چەككە قول ئۇزاتتى.

— چىقتى، چەك چىقتى!

سۈپۈرگەئاخۇن تەۋەككۈل قىلىپ بىرتال چىغنى سۇغۇرۇشىغىلا چىغ ئېلىۋاتقانلارغا كۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل قۇۋۋىتىنى جەملەپ تىكىلىپ تۇرغانلار ئارىسىدىن خاتىپ بەگزادە بىرىنچى بولۇپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئوغلىنىڭ تەنتەكلىك قىلىپ، چاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئابلىزقارى چىغ چۆگۈنىگە چاشقانغا ئېتىلغان گۈزگىنەكتەك ئېتىلدى-دە، چۆگۈننى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— كارۋان ئالۋىنىغا ئۈچ ئادەمدىن ئارتۇقى لازىم ئەمەس، ئەمدى چەك ئېلىش ھاجەتسىز، نېرى تۇرۇڭلار، پەشتاق ئالدىغا توپلىشىۋالماڭلار دەيمەن!

ئۇ تۈگمەندىكى تۈگمەنچىدەك ۋارقىرىغاچ، چىغ چۆگۈنىنى كەينىدە تۇرغان ھاپىزغا سۇنۇۋەتتى. ھاپىز ئۇنى ئوغرىدەك چەبدەسلىك بىلەن قەيەرلەرگىدۇر يوشۇردى.

— بىزمۇ چەك ئالىمىز.

— بىزگە نېمىشقا چەك بەرمەيدىكەن؟

— يۇرتنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن قائىدىسىنى بۇزماقچىمۇ سىلەر، — دەپ ھۆركىرىدى نادىرخان

بازار بېگى سوقۇشقاق چۈجە خورازدەك ھۆرپىيىپ تۇرۇپ، — بايام نېمىشقا مۇشۇ گەپنى قىلمايسىلەر، چەك چىقسا چىدىمىدىڭلارمۇ ئەمدى!؟ مەندەك مەيدەڭلەرگە مۇشتلاپ چىقىشقىغۇ پېتىنالمايسىلەر!

نادىرخان بازار بېگىنىڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئەلپازىنى بۇزۇپ ھۆركىرىشى بىلەن سۇپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە جان كىردى. ئۇلارمۇ خۇددى بازار بېگىگە ئوخشاش يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پەستىكىلەرگە دىۋەيلەشتى.

بۇ چاغدا سۇپۇرگەئاخۇن بارى - يوقى ئاران ئىككى غېرىچلا كېلىدىغان، لېكىن زامانلاردىن بېرى زالىملارنىڭ ئىرادىسىنى نەچچە يۈزلىگەن ئاجىز يۇقىرىلارغا تېڭىپ، جاپا جاڭگاللىدا زار - زار قاقشاتقان قارا ئەنلىك چىغقا تىكىلىپ، قىمىر قىلماي تۇراتتى. قارىماققا ئۇ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپنى كۆزىگە توپلاپ، كۆز نۇرى بىلەن بۇ لەنەتلىك چىغنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئادالەتسىزلىكنى ئادالەت قىلىپ كۆرسىتىپ، ئادالەتنى ئادالەتسىزلىككە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇندۇرىدىغان، نەچچە ئەۋلاد ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىيلىدىن ياسىغان ھالۋىسىنى ئېچىرقاپ كەتكەنلەرگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يېگۈزۈپ كەلگەن بۇ چىغقا نەپرەت ياغدۇراتتى.

«ھەي، زالىملارنىڭ بۇھىيلىسىنى نېمىشقا چەك تارتىشتىن بۇرۇنلا ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا لەت قىلمىدىم - ھە؟»

سۇپۇرگەئاخۇن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىگە نەپرەت ياغدۇراتتى، يەنە بىرياقتىن بۇ قارا ئەنلىك ئاپەتنى باشقا بىر غېرىب - غۇرۋاغا ئەمەس، ئۆزىگە نېسىپ قىلغان قىسمەتكە شۈكرى قىلاتتى. ئۇ: مۇبادا بۇ لەنەتلىك چىغ ھېلىقى كىشىلەردەك كۆنى تەس بىراۋغا چىقىپ قالغان بولسا بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق

www.uyghurkitap.com

ئىش بولار ئىدى. مېنىڭ ھەم ھال-كۈنۈم يامان ئەمەس، ئۆيدە چىنارئايىم بار، بىرەر-ئىككى ئايلىق ئالۋان يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ ئۆتۈپمۇ كېتەر، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە قايتماق بولۇپ ئۈن-تىنسىزلا كەينىگە بۇرۇلدى.

— مىراب بېگىم، توختىسىلا!

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ قارا ئەنلىك چەككە قاراپ تۇرۇپ، خىيالىدىن نېمىلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى پەملىگەن ئابدۇللا سۈپۈرگە ئاخۇننى يېڭىدىن تارتقۇشلاپ توختىتىۋالدى-دە، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن پەشتاق ئالدىغا كېلىپ:

— بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، قىلىۋالسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى پەشتاقتىكىلەرگە قاراپ.

نادان پۇقرالارنى ئۆز رازىلىقى بىلەن تالىلىۋالغان بىر تال چىغ بىلەنلا ئىندەككە كەلتۈرىدىغان ئەپچىل چارىنىڭ بۇ دورامىمۇ ئويلىغىنىدەك نەتىجە بەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ، مەيدىگە قاراپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلار گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ، قانداق ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، شۇ قىياپەت بىلەن قېتىپ قېلىشتى.

— بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، قىلىۋالسام بولامدۇ؟ — دەپ تەكرارلىدى ئابدۇللا چاققان يەنە.

— ئىش تۈگىدى ۋەسسالام، يەنە نېمىسىدەپ ئەزمەڭنى ئەزمەكچىسەن؟

ئابلىزقارىنىڭ ئۆزىنى توساتتىنلا سەنلەپ چۈشكەنلىكىگە قورسىقى كۆيگەن ئابدۇللا ۋۇجۇدىغا ئولاشقان تىترەكنى بېسىپ تۇرۇپ:

— مۇبادا چەك چىققانلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى ۋەكالىتەن ئالۋان ئۆتەشنى ئىلتىماس قىلسا رۇخسەت قىلىنامدىكىن؟

— ئەلۋەتتە رۇخسەت قىلىنىدۇ، — ئابدۇللانىڭ سوئالىنى

«شۇنچىلىكلا گەپ ئىكەنغۇ» دەپ ھېسابلىغان ئابلىزقارى كەسكىنلا جاۋاب بەردى، — تۇغقىنىغا ۋەكالىتەن بۇنداق جاپالىق ئالۋانغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن ئەخمەقنى پېقىر زادىلا كۆرمەيتتىكەنمەن، ھا... ھا... ھا...

— شۇنداق ئەخمەق چىقىپ قالسىچۇ، قارىم؟

— چىقىپ قالسا؟ — ئابلىزقارى ئابدۇللانى مازاق قىلغاندەك ئەتراپىدىكىلەرگە قاراۋېلىپ دېدى، — چىقىپ قالسا، ئۆزىنىڭ شورى!

ئابلىزقارى مەززىسىز سوئال-جاۋابلار بىلەن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىماي، پەشتاقتىكىلەرگە مەيدىگە چۈشۈپ قايتىش تەكلىپىنى بەردى-دە، يەنە ھېلىقى پەلەمپەيگە ئايىغىنى قويۇشىغىلا ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— ئالدىراشمىسىلا تەقسىرلەر، پېقىر ئابدۇللا چاقچان سۇپۇرگە مىراب بېگىنىڭ ئورنىدا كارۋان ئالۋىنىغا بېرىشىنى خالايمەن، بايام سىلى ئېيتقان ئەخمەق دەل مەن ئۆزۈم!

ئابدۇللا چاقچاننىڭ تۇيۇقسىز جاكارلىغان مەردانە قارارى پەشتاقتىكىلەرگىمۇ، پەستە تۇرغان جامائەتكىمۇ خۇددى ئوچۇق ھاۋادا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تەسىر قىلىپ، ھەممەيلەننى تەمتىرىتىپ قويدى. چۆچۈپ كەتكەن سۇپۇرگەئاخۇن ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك چەبدەس قەدەم بىلەن ئابدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ كۆزىگە سەپسالدى. ئابدۇللانى جىن چاپلاشتىمۇ دېگەن گۇمان بىلەن سىلكىپ باقتى.

بىراق، ئابدۇللا چاقچان بۇ سۆزنى چىن دىلىدىن چىقىرىپ ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ سۇپۇرگەئاخۇنغا، يۇرتداشلىرىغا قاراپ خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ قويۇشى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەتتى.

ئابلىزقارىمۇ ئاخىر ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە كاللا ئىشلەتمەيلا بېرىپ قويغان جاۋابى بىلەن

ئۆز نەزەرىدىكى گاۋاڭ پۇقراغا ئالدىنىپ قالغىنىنى تۇيۇپ، زۇۋانى تۇتۇلدى. نۇرغۇن باش قاتۇرۇشلار ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان خىيالىي ئىمارەتنىڭ كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش بىلەن بىردىنلا ۋەيران بولغانلىقىنى، بۇ ئىما-رەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئابلىزقارىنىڭ قولىدىن كەل-مەيدىغانلىقىنى سەزگەن سېيىت هاجىنىڭ ئەقلىگە يەنە بىر ئوي كەلدى. ئۇ ئابدۇللانىڭ گېپىگە چايناپ باقمايلا هەدەپ قويغىنىغا ئابلىزقارىنى ئىچىدە تىللاپ تۇرۇپ كاۋاك ئىزدىدى:

— قارىم دېگەندەك، قېرىنداشلار ۋە ياكى قانداش تۇغ-قانلار بىر-بىرىگە ۋەكالىتەن ئاۋانغا ماڭسا بولىدۇ، بىراق، پېقىرنىڭ بىلىشىچە، ئابدۇللائاخۇننىڭ مىراب بېگى بىلەن تېرىقچىلىكمۇ تۇغقانچىلىقى يوق، شۇنداق ئىكەن، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسى ئەقلىغىمۇ، ئادەتكىمۇ سىغمايدۇ.

— ۋەهەتتا ئاڭلاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ!

— مانا، مانا، هاجىم يامان يەردىن تۇتتى، گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى قىلدى، ئابدۇللانىڭ لەقىمى چاقان، مىراب بېگىنىڭ بولسا تۆگە، بۇ تۇغقانچىلىقنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتى، شۇنداقمۇ جامائەت؟

سېيىت هاجى كۆرسىتىپ بەرگەن كاۋاكقا دەرهال بېشىنى ئۇشلاپ، ئۆمىلەپ كىرىۋالغان ئابلىزقارى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى-دە، جامائەتتىن يەنەسورىدى:

— مىراب بېگى بىلەن ئابدۇللا چاقاننىڭ تۇغقانلىقىغا قېنى كىم گۇۋاهلىق بېرەلەيدۇ، قېنى كىم؟

بۇ سوئالغا پۇقرا ئىچىدىن هېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئىككىيلەننىڭ هېچقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋە-تىنىڭ يوقلۇقىنى هەممەيلەن بىلەتتى.

— مانا ئەمدى ئاغزىڭ تۇۋاقلاندىمۇ، ئەمدى ئوسماڭغا قاندىڭمۇ، ئاۋۇزۇڭ قولتۇقۇڭدىن چۈشتىمۇ؟

— يوقسۇ، پېقىرنىڭ ئاغزى ھەرگىز تۇۋاقلانمايدۇ، خۇدا ئاغزىمنى گەپ قىلسۇن دەپ بەرگەن، ئۇنى تۇۋاقلاش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— ئەمىسە گەپ قىلە قېنى، ئاغزىڭ تۇۋاقلانمىغىنىنى بىر كۆرەي!

ئابدۇللا چاقىقان ئابلىزقارى بىلەن تاكاللىشىشنى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق دەپ ھېسابلىدى بولغاي، ئۇدۇل سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دانە-دانە قىلىپ:

— مالال كەلمىسە ئۆزلىرىدىن سوراپ باقاي، سىلى ئاقپاشاغا پۇقرا قىلىۋەتكەن چىرىيىلىكلەرنىڭ ئاقپاشىشا تائىپىسى بىلەن تۇغقانچىلىقى بارمىدى؟ — دېدى.

سېيىت ھاجى ئابدۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىنى تازا بىر چەكچەيتتىيۇ، يەنە يۇمۇۋالدى، پەشتاقتا قىمىر قىلماي تۇرۇپ تەسۋى مارجانلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە، لەۋلىرىنى بىراۋنى قارغاۋاتقاندەك مىدىرلىتىشقا باشلىدى. ئابدۇللا ھېلىقى سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى:

— گېپىم قۇلاقلىرىغا كىرىۋاتامدۇ ھاجىم، ئەجەب ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاۋاتىدىلىمىيا؟

جامائەت ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سۇپۇرگەئاخۇنمۇ، ئابدۇللامۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇزۇندىن بۇيان گۆرىستان جىمجىتلىقىدا غېرىبسىنىپ قالغان كونا جۇۋا ئاسمىنى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. كىشىلەر بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئەدىبىنى تازا بېرىپ، پۇقرانىڭ ئابرويىنى كۆتۈرگەن قېرىندىشىغا بارىكاللا ياغدۇرۇشتى ۋە كۈلكىسىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك تىپىرلاپ قالغان ئابلىزقارى سېيىت ھاجىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— ھاجىم، بۇ ساراڭلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساراڭ بوپتۇ بۇلار، ساراڭ، — دېدى ۋە ئوقۇۋاتقان سۈرىسىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدىمۇ-نېمە، تېخىچە كۆزىنى ئاچماي تەسۋى سىيرىۋاتقان سېپىت هاجىنى قارىغۇنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ مەيە تەرەپكە ئەكەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر ئەتىگەن. نېپىز كۆل رەڭ بۇلۇت پەردىسى كەينىدىكى قۇياش سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەن تۇچ لېگەندەك پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن، هاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئاق باش كۈنسىلۇن تاغلىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق دېمىنى هاپاش قىلىپ كەلگەن رەهىمسىز جەنۇب شامىلى كۆڭۈلسىز مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كونا چاپانلىقلارنى ئالدى بىلەن ئۆز قەهرى قۇچىقىغا ئالاتتى-دە، ئۇششۇك هەرىدەك نەشتەر سانجىپ، ئىللىكنى توڭلىتىۋەتكۈدەك هەيۋە بىلەن ئۇشقىرتاتتى.

ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، كۆتۈرۈلمىگەندە مۇئەللەقتىكى بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ كەتكەنمۇ، ئادەتتە يوللاردا، خامان ئىزلىرىدا گۇگۇلىشىپ دانلايدىغان پاختەكلەرمۇ، ئەخلەتلىكلەردە، تام تۈۋلىرىدە دىكىلدىشىپ يۈرۈپ، تىنىمسىز ۋىچىرلىشىدىغان قۇشقاچلارمۇ، ئاسماننىڭ قەهرىگە چىقىۋېلىپ تورلۇق ئويۇنلارنى ئوينايدىغان موللاقچى كەپتەرلەرمۇ مۆكۈۋېلىشقانىدى.

— 12-ئاي كىرە-كىرمەي تۇرۇپ بۇنداق سوغۇق بولۇپ كەتسە، بۇ يىل قىشتا جەزمەن ئادەم ئۆلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى كارۋانلارنى كۈتۈپ تۇرغان بىرەيلەن.

— ئاغزىڭغا مۇشت! خۇدا هەممىمىزنىڭ ئۆمرىنى بېرىدۇ، ئاغزىڭنى تولا ئۇششۇتمە!

سەپەر بوۋاي ئاچچىقىم ئېيتىلغان بۇ گەپكە راستىنلا

قايناپ كەتتى.

ئۇنىڭ سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى گەپ قىلغاندا ئانچە قولىشىپ بەرمەيۋاتاتتى. پەقەت ۋۇجۇدىلا ئەمەس، قىراۋ باغلاپ، پاختىدا ئېشىلگەن قوپال يېپىقا ئورىشاپ قالغان ساقاللىرىمۇ توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ئەسكى لاتىلارغا ئورالغان نەۋرىلىرىنى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن جۇۋىسىنىڭ ئىككى پېشى بىلەن يۆگەپ تۇرغاچقا، سوغۇق شامال ئۇدۇل كېلىپ مەيدىسىگە ئۇرۇلاتتى.

— ئادەمنىڭ ئاغزى دېگەندىن سائەت چىقىدۇ، قېرىنداشلىرىمىزنى سەپەرگە ئۇزىتىدىغان چاغدا بۇنداق يامان گەپنى قىلمىغۇلۇق.

سەپەر بوۋاي بارغانسېرى ئەزۋەيلەۋەردى. پەقەت بىر ئېغىز گەپنى ئويلاشمايلا قىلىپ قويۇپ، بالاغا قالغان ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناماقۇل بولغاندىلا بوۋاي غۇتۇلداشتىن توختىدى.

دېمىسىمۇ تاغدەك يۆلەكى، بىردىنبىر ئوغلى ئابدۇللانى يىراق سەپەرگە ئۇزىتىۋاتقان چاغدا بوۋايغا بۇنداق گەپلەر يامان تەسىر قىلماي قالمايتتى، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان غەم-ئەندىشىلەرنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى.

چەك تاشلانغان كۈنى يۇرت كاتتىلىرى ئىگىسىدىن دۇمبا يېگەن ئىت قۇيرۇقىنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالغاندەك، مەيدىگە ئۆزلىرىنى جايلاشتۇرۇپلا بەدەر تىكىۋەتكەندىن كېيىن، كونا جۇۋا مەيدانىدا قالغانلار يوتىلىرىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ تازا كۈلۈشتىيۇ، بىر پەستىن كېيىن، بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار باشقا نەرسىنى ئەمەس، ئابدۇللانىڭ نىمجان دادىسىنى ۋە نارەسىدە ئىككى بالىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

سۈپۈرگەئاخۇن ئابدۇللانىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— مەن بىلىمەن ئابدۇللا، بايام ھېلىقى نائەھلىلەرنىڭ ئەدەبىنى بېرىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويدۇڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ئابدۇللانىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ سۈپۈرگەئاخۇننىڭ قولى ئۈستىگە ئالقىنىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— پېقىر بۇ گەپنى چىنپىششىقلادىن دېدىم، بۇنىڭغا ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار، بىز تۇغقان ئەمەسمۇ-يا؟ — دېدى ۋە سۈپۈرگەئاخۇننىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— سەن بىلەن بىز نېمىشقا تۇغقان بولالمايدىكەنمىز ئۇكام؟ ئەمما تۇغقانچىلىق باشقا گەپ، چاقچاق باشقا گەپ.

— پۇقرانىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان بۇنداق چاغدا سىلى يۇرتتىن ئايرىلسىلا بولمايدۇ مىراب بېگىم. سېيىت ھاجى بىلەن ئابلىزقارىمۇ سىلىنى پۇقرادىن يىراق قىلىش ئۈچۈنلا بۇ ئويۇننى ئوينىغانلىقىنى بىلمەيۋاتامدىلا؟

— بۇنىڭغۇ بىلىۋاتىمەن، ئەمما مەن كەتسەم سەن بار ئەمەسمۇ، باشقا يۇرتداشلارمۇ بار ئەمەسمۇ، ئەمدى نېمىدىن غەم قىلغۇلۇق ئۇكام؟

— ياق ... ياق، سىلى كۆپنى كۆرگەن ئادەم، پۇقرانىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، دۇرۇس مەسلىھەت بېرەلەيدىلا، گەپ شۇنداق بولسۇن، سەپەرگە مەن بېرىۋېرەي، ئۆلمىسەك، خۇدا سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار.

— ھوي، قېرى داداڭنى، نارەسىدە باللىرىڭنى تاشلاپ كەتكىنىڭ بىلەن بولامدۇ؟ بولدى قوي، مۇنداق چاقچاقنى قىلىۋەرمە!

— خۇدا ھەققى، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن سىلىمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتىدىلىغۇ، يۇرتداشلارمۇ

قاراپ تۇرماس، ئەلۋەتتە.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ياشلىق قىلما ئۇكام، چاقچاق قىلما دېگەندىكىن چاقچاق قىلما.

— ......

ئىككىيلەننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، دەتالاشلارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغانلارمۇ راستتىنلا تەڭلىكتە قالدى. چىن گەپنى قىلغاندا سۇپۇرگەئاخۇن كەتسە، ئۇلار ھاسىسىدىن ئايرىلغان قارىغۇغا ئوخشاپ قالاتتى. ئەگەر ئابدۇللانىڭ دېگىنىدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن تازا ئوبدان ئىش بولاتتىيۇ، سەپەر بوۋاي بىلەن ئىككى بالا خۇدانىڭ يولىدا تاشلىنىپ قالاتتى.

ئاخىر ئۇلار شۇ سۆرەشكىنىچە كونا جۇۋا مەيدانىدىن ئۇدۇل سەپەر بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى-دە، بوۋاينىڭ ئالدىدا ھەركىم ئۆز دەلىللىرىنى تولۇق شەرھلەشتى ۋە ئەڭ ئاخىردا ئۆزلىرىگە پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشنى تىلىگەندەك، بوۋاينىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشتى.

باشتا بوۋاينىڭ كۆزلىرى توپا بىلەن تىنىدۇرۇۋېتىلگەن بۇلاق كۆزىدەك ئاستا-ئاستا نەملەشتى، تۇرۇپلا ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. ئۇ يىغلىغان ئادەمدەك تۇيۇقسىزلا ئوغلىغا تاشلاندى.

— يارايسەن ئوغلۇم، مانا ئەمدى ئادەم بوپسەن! — دېدى ئۇ ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ، — سېنى قاچان مۇشۇنداق ئادەم بولار دەپ كۈتۈپ كۆتتۈم، كۈتۈپ مۇشۇ ياشقىچە ياشىدىم، مانا ئەمدى ئەل-يۇرتنىڭ قەدرىنى بىلىپسەن، ئەل-يۇرتنىڭ غېمىنى ئۆز غېمىم دەپ بىلىپسەن. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، بار ئوغلۇم، بار، مەندىن، بالىلىرىڭدىن غەم قىلما، ئالدى بىلەن خۇدايىم، ئاندىن قالسا مىراب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېگىم بار.

بوۋاي سارالىڭ بولۇپ قالغاندەك بىردەم ئاۋازىنى قويۇۋې-تىپ يىغلىدى، بىردەم كىچىك بالىدەك قاقاقلاپ كۈلدى. ئاب-دۇللانىڭ پېشانىسىگە قايتا-قايتا سۆيۈپ كەتتى. ئاخىردا نېمە دېيىشنى بىلمەي بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سوپۇرگە-ئاخۇنغا:

— بۇ كۈنلەردە ئەل-يۇرت سىلىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ بېگىم، بۇ پەسەندىلەر يەنە نېمە شۇملۇقلارنى ئويلىدى تېخى، ئابدۇللا كىمنىڭ ئوغلى دېسە، سەپەر چاققاننىڭ ئوغلى دې-گۈدەك بەلەن ئىش قىپتۇ. ئوغۇل بالا دېگەن پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرگۈلۈك، ئۇمۇ پېشانىسىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرەر،... — دېدى.

ھاياتنىڭ تالاي قېتىملىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، تۇرمۇش-نىڭ ئىسسىق-سوغۇقىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ بوۋاي كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر پېشكەللىكنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇ خىيالىدىن لاپىلا قىلىپ كەچكەن يامان بېشارەتنى ئاغزىدىن چىقارمىدى، ئۇنى ئىككىنچى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەسلىككە قەسەم قىلدى. ئۆلۈم-يېتىم توغرىسىدىكى مۇنداقچىلا ئېيتىلغان سۆز-گە بوۋاينىڭ شۇنچىۋالا تېرىكىپ كېتىشىدىكى سىرمۇ مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زىمىستان سوغۇقىغا پەرۋا قىلماي، بەشتوغراق يولى ئاغزىدىكى باشلەڭگەرگە ئەتى-گەندىلا يېتىپ كەلگەن كىشىلەر قەسىر تەرەپتىن كېلىۋات-قان تۆگىلەر قاتارىنى كۆرۈپلا تەۋرىشىپ كەتتى. ئەسلىدە كارۋان قەسىردىنلا قوزغىلاتتى. لېكىن ئابلىمىزقارى تۈنۈگۈن-كى پېشىن نامىزىدىن كېيىنلا پەرمان جاكارلاپ، ئۇزاتقۇچى-لارنى قەسىرگە يېقىن يولاشتىن مەنئى قىلغان، ھەتتا يىغا-

زار قىلىشىمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خىلاپ، دەپ ئېلان قىلىنغانىدى.

كارۋان ئالۋىنىغا چەك چىققانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقا، دوست-يارانلىرى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئاخىرقى دىدار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن خېلىدىن بېرى بۇ يەردە ساقلىماقتا ئىدى. بۇلار ئارىسىدا كەنتتىن ئوغرىلىقچە قېچىپ چىققان «ئاقپاششا پۇقرالىرى»مۇ بار ئىدى.

كارۋان مۇزلاپ كەتكەن كولدۇرمىسىنى دەز كەتكەن جاغدەك گۈمبۈرلىتىپ لەڭگەرگە يېقىنلاپ كەلدى. ئالدىنىقى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، ئېشەكلىك كېلىۋاتقان ھېمىت قاشقا بىرىنچى تۆگە ئۈستىدە قاما تەلپەك كىيىۋالغان، بېشىنى جۇۋىسىنىڭ موينىلىرى ئارىسىغا چۆكۈرۈپ تىك قويۇلغان سامان تاغىرىدەك ئولتۇرغان ھاپىز مەخسۇمنىڭ جېدەللىتىشىگە پىسەنت قىلماي، ئېشىكىدىن چۈشتى. خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش پەرىشان كۆرۈنگەن تۆگىلەرمۇ توختاپ قېلىشتى.

— تۇغقانلىرىڭلار بىلەن خوشلىشىۋېلىڭلار، قانغۇدەك دىدارلىشىۋېلىڭلار!

ھېمىت قاشقىنىڭ ئاۋازى خۇددى يەر تېگىدىن چىقىۋاتدەك ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەپتىدە بۇرۇنقى مەردانىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، بەلكى تۇغقانلىرىغا ئۇزۇن زامان كۆرۈشمىگەندەك تەشنالىق بىلەن ئېتىلغان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە خوش دەيدىغان بىرەر ئىنساننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تۇغقاننىڭ، بۇرادەرچىلىكنىڭ قەدرىگە يەتكەن بولسا كېرەك، جىملە بولغان ھاپىزنىڭ ئىزا-ئاھانىتىگە پىسەنت قىلماي قۇچاقلىشىپ، چاپلىشىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كىشىلەرگە قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى ۋە ھېلىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى:

— تۇغقانلىرىڭلار بىلەن خوشلىشىۋېلىڭلار، قانغۇدەك دىدارلىشىۋېلىڭلار، جان دېگەن تەندە ئامانەت، كىم بار، كىم يوق؟...

سۇپۇرگەئاخۇن ئابدۇللا مىنگەن ئېشەكنى يېتىلىگەن پېتى كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كەلمەكتە ئىدى. ئىككى سەبىي بالىنى قانات ئاستىغا ئالغان سەپەر بوۋاينىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى ئۇلار تەڭلا كۆرۈشتى-دە، ئېشەكنى تاشلىغىنىچە شامالدەك يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. قادىر تۆمۈرچى، قولىدا ئىككى دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى تۇتۇۋال-غان نۇرەك باخشى، چولاق مۇئەززىن، مەتقاسىم دوقا دېگەنلەر-مۇ پەيدا بولۇپ، بالىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرغان ئابدۇللاغا ئاقىيول تىلەشتى.

— ئۇكام ئابدۇللا، پەخەس بول، خۇدا سېنى ئۆز پا-ناھىدا ساقلىغاي، — دېدى سۇپۇرگەئاخۇن ئابدۇللانىڭ قولىنى مەھكەم سىقىمداپ تۇتۇپ.

سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىن، ئۆپكىد-دىشىدىن ئۇنىڭ ياش تۆكۈۋاتقىنىنى پەملەپ قالغان بوۋاينىڭ سەپرا پىلتىسىگە يەنە ئوت تۇتاشتى. ئۇ غەزەپلەنگەن شىردەك ھۆرپەيدى-دە، ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— كىم ئۇ ياش تۆككەن؟ ھاسام بىلەن تازا ئەدىبىنى بېرىمەن ھېلى!

ھېلىلا ھۆكۈرەپ يىغلاپ تاشلايدىغان ئەلپازدا تۇرغان سۇپۇرگە-ئاخۇن دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى، كەيپىياتىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىككى بالىنىڭ زاڭقىنى ئالقىنى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— داداڭلار سەپەرگە كېتىۋاتىدۇ، سىلەر يىغلامسىلەر

بالىلىرىدىم؟

ئاندى بىلەن ھەسەن چاقماقتەك سۆزلەپ جاۋاب بەردى:

— يىغلىمايمىز، بوۋام يىغلاش ئەسكىنىڭ، قورقۇنچاقنىڭ ئىشى دېگەن!

— بىز يىغلىمايدىغان، پالۋان ئادەم بولىمىز!

ھۆسەن قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ ئاكىسىنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى.

ھېمىت قاشقا ئېشىكىگە مىنىپ، ساغرىسىغا بىر ياغاچ سانجىۋىدى، ئېشەكمۇ، تۆگىلەرمۇ ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەشكە باشلىدى. باباۋانغا قاراپ بارغانسېرى ئۇششاقلاپ كېتىۋاتقان كارۋان ۋە ھاپىزنىڭ قامچىسى ئاتىدىن بالىنى، قېرىنداشتىن قېرىنداشنى، يۇرتداشتىن يۇرتداشنى ئايرىدى. قەدەممۇ قەدەم يىراقتا قېلىۋاتقان يۇرت، يۈرەكلەرگە مەھكەم ئورنىشىپ كەتكەن ئەل مېھرى كارۋان بىلەن كېتىۋاتقانلارنى بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراشقا، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشكە مەجبۇر قىلدى.

— خۇداغا ئامانەت!

— ئۇلۇغ خۇدا ئامان قىلسۇن!

سېپۇرگە ئاخۇن ئابدۇللانى كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدى-دە، كارۋان كەتكەن تەرەپكە ھېلىغىچە قاراپ تۇرغان سەپەر بوۋاينى باشلاپ، تۈنۈگۈن كەچتە كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئۆيىدە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەكەتتى.

## 24. كېيىنكى ۋەقەلەر

مىلادى 1911-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1912-يىلىنىڭ باشلىرىدا زۇلمەتلىك شىنجاڭ تارىخىدا ئاجايىپ يېڭىلىقلار،

شۇنداقلا مىسلىسىز داۋالغۇشلار يۈز بەردى.

ئەسىرلەردىن بېرى ئاۋام بېشىدا قانلىق قامچا ئوينىتىپ، چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىققان چىڭ ئىستىبداتىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئۆلكىلىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. زىمىستان قىشنى قوغلاپ، ئۇيقۇدا ياتقان كۆللى مەۋجۇداتلارنى ئىللىق تەپتى بىلەن ئويغاتقۇچى باھار شامىلىنى تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى ھەرقانداق كۈچ توسۇۋالالمىغىنىدەك، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئۇچقۇرىنىمۇ ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى.

بۇ چاغدا، 1875-يىلى زو زوڭتاڭنىڭ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىگە جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنى بىلەن بىللە كەلگەن، چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا ئىچكىرى جۇڭگودا ئەل ئىچىدە تەشكىللەنگەن گېلاۋخۇي ئەزالىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە چىڭ ئىستىبداتى ئۈستىدىن مەخپىي تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، زۇلۇم ئوچاقلىرىنى پاراكەندە ۋە ئەمەلدارلارنى ئالاقزادە قىلماقتا ئىدى. يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى تالاپەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا پۇقرا ئۈستىدىكى باج-سېلىقنى ئاز-تولا يەڭگىللىتىپ، ئەلنىڭ كۆزىنى بويىغان، لېكىن، پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا قولىدىن كەلگەنلىكى ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغان زو زوڭتاڭنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارا كۆرگەن ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار، قىرغىزلارمۇ بۇ تەشكىلات بىلەن بىللە ھەرىكەتلىنىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پېيىنى سىرقىرىتىۋاتاتتى.

ئىچكىرى جۇڭگو ئۆلكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قى-

لىشى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمىرى يۈەن داخۇا①نىڭ ئۇۋىسى بولغان ئۈرۈمچىدە پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىغىمۇ چوڭ تۈرتكە ئەكەلدى.

1912 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېرىم كېچىدە ليۇ شيەنجۈن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئادەملىرى ئۈرۈمچىدە تۇيۇقسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ليۇ شيەنجۈننىڭ ھەربىي ئىشداشلىرى ئارىسىدىن چىققان توخۇ يۈرەك خائىنىلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىپ قويۇشى ئارقىسىدا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان ھېيلىگەر يۈەن داخۇا شەھەر مىقياسىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرۇۋەتتى.

بۇ قېتىمقى ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە 143 نەپەر سەپدىشىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى كۆرگەن ۋەن شاڭچۈن قاتارلىق قوزغىلاڭچىلار قان ئازگاللىرىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئىلىغا قېچىپ باردى ۋە فېڭ تېيمىن، لى ياچۈەنلەر② بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈەن داخۇا ئۈستىدىن يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكتى.

شۇ چاغلاردا چىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا پائال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ياڭ زەنشۇي (ياڭ مازا)، فېڭ تېيمىن، لى ياچۈەنلەر دەرھال باش قوشۇپ، «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆلۈش» قارارىغا كېلىشتى - دە، ئىلى گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ

---

② يۈەن داخۇا — يەنە بىر ئىسمى شىڭ شۈن، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خۇيالۇ ناھىيىسىدىن، ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، گۇاڭشۇي خانىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەرقىي ئۈچ ئۆلكە ئالتۇن - كان مەھكىمىسىنىڭ دۇبەنى بولغان. كېيىن خېنەنگە ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ يۆتكەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا ئەمىر بولغان.

① فېڭ تېيمىن، لى ياچۈەن — ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنى تەشكىللىگۈچى ھەربىي سەركەردىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرتى ھېسابلىنىدىغان كۈرەدە 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىنقىلاب ئوتىنى ياققۇنچاتتى. جاھىل ھەربىيلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، قورال ـ ياراغ ئامبىرىنى تىنچ يول بىلەن ئۆزىگە قارىتىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ، ئىلى ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە مىللىي كەمسىتىشىدىن تويۇپ تۇرغان ھەرمىللەت خەلقى ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ بۇ كۈرىشىنى بار كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. مەشھۇر بايلاردىن ھۈسەنباي بىلەن ياقۇپباي ئۇلارنى ئۆتۈك ۋە ئېگەر ـ توقۇم بىلەن تەمىن ئەتتى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا ئىلى يېڭى دودۇ مەھكىمىسى قۇرۇلدى، جىنايەتلىك ئەجدىھا سۈرەتلىك بايراق يۇلۇپ تاشلىنىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزى لايىھىلىگەن بەش رەڭلىك، بەش بالداقلىق بايراق چىقىرىلدى.

ئۇ چاغدا ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۆز ئالدىغا يۇرت سوراۋاتقىنى بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى پۇيى تېخى تەختتىن چۈشمىگەنىدى. پۇيىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن يۈەن داخۇا ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەققانىيەت يولىغا مېڭىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى، ئۇرۇمچى ۋە ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى قوشۇنلىرىنى توپلاپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئۈستىگە ئاتلاندۇردى.

ئىلى ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ياڭ زېڭشىنىڭ: «يەنىلا كونا ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىش، شۇ ئارقىلىق تويۇقسىز قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ تەسىر كۈچى تۈپەيلى ھەربىيلەرنىڭ ۋەجامائەتنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولىدىغان تاسادىپىيلىق تۇيغۇسىنى پە ـ

سەيتىش» توغرىسىدىكى تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىلى گېنېرالى گۇاڭ فۇنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ دودۇلىقىغا سايلىغان بولسىمۇ، ئۆلۈۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ سادىق مالىيى بولغان يۈەن داخۇانىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىدى. ئۇ يەنىلا ئىلىدىكى قوشۇنغا بېرىلىدىغان مائاش ۋە تەمىناتنى بىراقلا توختاتتى.

بۇ ھال ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا مىسلىسىز ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. يۈەن داخۇا قوزغالغىچە، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئالدىن يۈرۈش قىلىش قىزغىنلىقى ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ئەمدىلا ئەل قىلىنغان، ھېلىمۇ تەۋرىنىپ تۇرغان ھەربىيلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە مائاش بىلەن تەمىنلەش چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا تەسىس قىلىنغان، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان «يېڭى بەيخۇا گېزىتى»نىڭ سەھىپىلىرىدە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى چۈشىنى كۆرگەن ئاقپاشانىڭ ئاتلىق كازاك سولداتلىرىنى كىرگۈزۈش يولى بىلەن قورغاس دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قارنىغا بېسىۋالغانلىقىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغان ئىلى ئىنقىلابچىلىرى، ئاخىر يەنىلا چاررۇسىيە ئالدىغا تىلەمچىلىك خالتىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. چاررۇسىيىنىڭ داۋشىڭ بانكىسىدىن 550 مىڭ سەر پۇل قەرز ئالدى. بۇنداق پۇرسەتنى تىلەپمۇ تاپالماي يۈرگەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا غەرق بولغان شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلىرىنى دەرھال يېڭى بىر بالداققا كۆتۈردى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرگەن جاھان كاپىتالىزمى سىرتـ

www.uyghurkitap.com

قا كاپىتال چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە باشلىغاندىن بېرى، بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ سايىسىدە سودا تۈرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىچكى جايلىرىغىچە كېڭەيتىپ، 40 ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سودا ئاقساقاللىرىنى تۇرغۇزۇپ بولغان چارروسىيە بۇ ئەپچىل پۇرسەتتىن جىنىنىڭ بارىچە پايدىلىنىشقا باشلىدى، سودىگەر ياكى سودا ئاقساقىلى قىياپىتىدە نىقابلانغان ھەرخىل كىشىلەر ھەممىلا يەردە يامراپ كەتتى.

ئۆز زامانىسىدە كېرىيە ناھىيىسىگە قارايدىغان، لېكىن قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ باي، مۇنبەت بەلبېغىغا جايلاشقان يېگىرمە نەچچە مىڭ ئاھالىلىك① چىرىيە كەنتىگە سەل بۇرۇنلا تۇمشۇقىنى تىقىۋالغان سېيىت ھاجى ئەمدىلىكتە خۇددى مۇنبەت تۇپراققا تاشلانغان يانتاق ئۇرۇقىدەك ناھايىتى تېزلىكتە كۆكلەپ، شاخلاپ قالغانىدى. ئەل-يۇرت مەنپەئىتىنى خۇشامەت تەخسىسىگە ئېلىپ، مىللەت ئايىغىغا كويزا-كىشەن تەڭلەپ كەلگەن يات تائىپىگە تىرناقچىلىق ئەمەل ھېسابىغا ئۇستەلەك قىلىپ بېرىۋېتىدىغان تۇزكورلار بۇ يانتاقنى ساتقۇنلۇق سۈيى بىلەن سىراپ ئېتىپ، ئاسىيلىق ساداقىتى بىلەن پەرۋىش قىلدى.

ئۇ، پۇتلىكاشاڭ، ئاچكۆز بازار بېگىنى ئەرزىمەس يەھەچۈكنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا سۈيىقەست قارمىقىغا ئىلىندۇردى. چەك تاشلاش ھىيلىسى ئارقىلىق، «قورقۇنچلۇق» سۈپۈرگە ئاخۇننى قاپقانغا دەسسەتتى. كەلگۈسى ئىشنى قو-

---

① تارىخىي ھۆججەتلەردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاھالىسى 1776 - يىلى 44 مىڭ 603 ئىدى. 1909 - يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 419 مىڭ 122 كىشىگە يەتكەن دېيىلگەن. كېيىنكى سان كىتابىمىزدىكى ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلدىكى سان بىلەن بەكمۇ يېقىن، بەزىلەر شۇ چاغلاردا چىرىيىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق، 30 مىڭغا يېقىن ئاھالە بار ئىدى، دېيىشىدۇ.

رال بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئويلاپ، «بىر چالما بىلەن ئۈچ پاختەكنى سوقۇش» مەقسىتىدە ئاقپاششا ئېلىگە كارۋان ئەۋەتتى. كارۋان تۇگىلىرى بەشتوغراق يولى ئاغزىدا غايىب بولۇشىغىلا بۇ يەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقەلەر ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگىلى تۇردى.

يۇرت بوسۇغىسىدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھېلىقى دەرۋىش سېيىت ھاجىنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كېچە تۇرۇپ قايتقاندىن كېيىنلا تەرەپ ـ تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن سودىگەرلەر چىرىيە بازىرىدا خۇددى توخۇ پىتىدەك يامراپ كەتتى. چىنە ـ قاچا، قايچا، پىچاق دېگەندەك كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرگە قىزىقىپ قالغان پۇقرالار جازانىخور سودىگەرلەردىن «نىكونەي پۇلى» قەرز ئالدى. بۇ بازاردا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە سودا ـ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن چوڭ ـ كىچىك تىجارەتچىلەر ئىككى ھەپتىگە بارا ـ بارمايلا دۇكانلىرىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزىنى دەخلىسىز ھېسابلاپ يۈرىدىغان رەسۇل ئىمامىمۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ ئىككى تىرىسىنى سېتىۋالغىنى سەۋەبلىك نادىرخاننىڭ ئورنىغا بازار بېگىلىك مەنسىپىگە دەسسىگەن خاتىپ بايۋەچچە تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ، مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا ھەيدەلدى.

سېيىت ھاجى پات ـ ئارىدا يەر ـ جاھاننىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى، گۇۋاھنامىنى تېگىپ تارقىتىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گۇۋاھنامىنىڭ باھاسىنى بىردىنلا 20 تەڭگىگە كۆتۈردى ـ دە، گۇۋاھنامە ئېلىشنى رەت قىلغانلارنى، قۇربى يەتمىگەنلەرنى توققۇز كۆنلۈك تاغ ئارىسىدىكى ئالتۇن، قاشتېشى كېنىغا ۋە قەسىرنىڭ يېنىدىلا ئىش باشلىغان شايى ـ ئەتلەس، گىلەمچىلىك ئۇستىخانىلىرىغا ئەۋەتىپ، ئەدىبىنى بەردى. ئۆز ئىشىغا خەۋپ يەتكۈـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

زۇش ئېھتىمالى بولغان گۇمانلىق كىشىلەرنى مەدرىسە قورۇ-
لۇشىدا كېچە-كۈندۈز نازارەت ئاستىدا ئىشلەتتى. قەيەرلەر-
دىندۇ «تەكلىپ» قىلىپ كېلىنگەن ئابدۇراخمان كۆك كۆز دې-
گەن كىشى قامچا تۇتقان هالدا ئىش بېشىدا خۇددى روچە-
ۋىندەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. كىشىلەر ئارىسىدا: «ئۇ
مۇسۇلمان بولغان يات تائىپە ئىكەن» دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى.
يامان غەزەرلىك كىشىنىڭ ئىشى راۋاج تاپسا، شەھۋانىيىتىمۇ
تەڭ قوزغىلىدىغان ئوخشايدۇ. كارۋان قوزغىلىشى بىلەنلا سې-
يىت هاجى ئاستا-ئاستا قىلىق چىقىرىشقا، خوتۇن جىنىس-
تىكىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا قاش-كۆزىنى ئوينىتىشقا باشلى-
دى. پەقەت زىناخور، شەھۋەتپەرەس ئەركەكلەردىلا بولىدىغان
بۇ هالنى ئەڭ بۇرۇن سېزىپ قالغان ھەنىپە خېنىم بىر كۈ-
نى ئېرىگە مۇنداق تەكلىپ بەردى:

— ھوي ئادەم، قىزىمىزنى تۇغقانلارنىڭكىدىن قايتۇرۇپ
كەلسەك ئوبدان بولاتتى. هاجىمنىڭ ئۇندىغا ئىچ-پەش
تارتىپ قالغىنى يادىڭلىدىمۇ؟

ئابلىزقارى زاراخەتمە بولغان كۈنى يۈز بەرگەن كى-
چىككىنە كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن، سېيىت هاجىنىڭ تەكلىپى
بويىچە ئىلچىدىكى تۇغقىنىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىلگەن قىزىنى
بىردىنلا يادىغا كەلتۈردى. خوتۇنىنىڭ ئۆلگۈدەك يامان كۆ-
رىدىغان بۇۋەمەريەم خېنىمنى بىر چىرايلىق ئاغزىغا ئالغانلى-
قىنى ئاڭلاپ، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك:

— ماڭا يەنە باش ئاغرىقى تېرىپ بېرەي دەمسىلە خو-
تۇن؟ سېيىت هاجىم قىزىمىزنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرى-
ۋەتكەن تۇرسا، بىكاردىن-بىكار يەنە خاپىچىلىق تېرىدىغاننىڭ
نېمە پايدىسى؟ نادىرخان قايتىپ كەلسە، ئىشنىڭ
چوڭى چىقىدۇ. تېخى ياكى سىلى بۇ تۇغقىنىڭلارغا گەپ

ئاڭلىتالمىساڭلار، — دېدى.

— نادىرخان قايتىپ كەلسە ئۇنىڭ ئىشىنى ئوڭشاشنى ماڭا قويۇڭلار، ئەتىكى قوبۇرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى ئەمەسمۇ، ھاجىمنىڭمۇ خىيالىغا بىر نېمە كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ھەنسىيە خېنىم ئەمدى سېيىت ھاجىنىڭ كۈندىن ‐ كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ئابرويىغا، تويلۇق ئۈچۈن كېلىدىغان رەڭمۇرەڭ گەزلىمىلەرگە قىزىقىپ قالغانىدى. مۇبادا نادىرخان قايتىپ كېلىپ بىرەر چاتاق تېرىغۇدەك بولسا، گۇناھىنى ئېرى ئۈستىگە دۆڭگەپ قويسىلا ئىش پۈتەتتى.

ئابلىزقارى خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ھاجىمغا خىيال كىرىپ قاپتۇ دېدىڭلارمۇ، قويۇڭلار بۇنداق بىكار گەپنى، كېچە ‐ كۈندۈز ئاللانىڭ ئىشقىدا دۇئا ‐ تىلاۋەت بىلەن ئۆتىدىغان ئەۋلىيادەك پاكىز ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئۇنداق خىياللار يېقىن يولامدۇ؟ — دېدى ۋە قورقۇمسىراپ بېشىنى چايقىدى.

ھەنسىيە خېنىم كۆكسىنى تىترىتىپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— دۇنيادا گۆش يېمەيدىغان مۈشۈك يوق. يەنە كېلىپ، ئۆي ‐ ئوچاقلىق بولۇش، بالا ‐ ۋاقا تېرىش ئۇلۇغلىرىمىزدىن قالغان ئادەت. سىلىزە راستىنلا قاپاقباش جۇۋۇ، كاللاڭلار تۈزۈكرەك ئىشلىمەيدۇ!

ئابلىزقارى خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتىنىڭ نۇرغۇن قېتىملاپ ئۆزىگە پايدا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ‐ دە، ئاخىر ئۇنىڭ دېگىنىچە ئىش تۇتماققا ماقۇل كەلدى.

بىراق، ئۇ سېيىت ھاجىدىن ئاتىسىدىن ھېيىققاندىنمۇ بەتتەر ھېيىققاچقىمۇ، بىرنەچچە قېتىم ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، ھېلىقى گەپنى ئاغزىدىن چىقارماقچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاملاشتۇرالمىدى. خوتۇنىنىڭ كۆڭلىگە يەتتە ۋاخ سۆيلەپ تۇرۇشى بىلەن، قولاي پەيت كۈتۈپ يۈرگەندە، بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

— ئەتىياز كېلىۋاتىدۇ، قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ جېنىدا تىرىلىۋاتىدۇ، قارىسلا ئاۋۇ قۇشقاچلارنى، تۇمشۇقىنى سۈركىشىۋاتىمادۇ، بەلكى يېقىندا ئۇۋا تۇتۇپ، بالا چىقارسا كېرەك، — دېدى سېيىت ھاجى ئابلىزقارىغا مەدرىسە قۇرۇلۇشى ئورنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇجمە شېخىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇ، قېرى قىز بولسىمۇ، لېكىن قاش-كۆزى يامان ئەمەس چوڭ بولغان بۇۋىمەرىيەم خېنىمنى يادىدىن چىقىرۋەتمىگەنىدى. پەقەت ۋاقتى-سائىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىلا كۈتەتتى. بۇۋىمەرىيەم خېنىم ئۆزى بىلەن بىر قەسىردە تۇرۇۋەرسە قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان نادىرخان بازار بېگىنىڭ گۇمانىدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئالدىراپ توي قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاق يەردە قويىدىغانلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن، ئۇ ئابلىزقارىغا ئۇنى ۋاقتىنچە كۆزدىن يىراق تۇتۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى.

ئابلىزقارى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىپ، پەيلىرىنى پاخپايتىپ، قوغلىشىشىنى تاماشا قىلغاندەك ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى ۋە كۆزىنى يۇمۇپلا بۇ گەپنى دەۋەتتى:

— ھاجىمنىڭ خوتۇن-بالىلىرى بۇ يەردە يوق. خوتۇن-بالا دېگەنىڭمۇ مېھرى باشقىچە، ئە... ئەگەرچەندە ھاجىمنىڭ كۆڭلى خالىسا، بۇ... بۇ... بۇۋىمەرىيەم بىلەن توي قىلىپ قويساق، شەرىئەتتە بىر ئەركەككە ئۈچ خوتۇن ھالال بولغاندىكىن...

— نەبى ئەلەيھىسسالامىمۇ بىرقانچە خوتۇن ئالغان، — دېدى سېيىت ھاجى ئابلىزقارىنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — بىزنىڭغۇ ساقىلىمىزغا ئاق سانجىپ قالدى. لېكىن قوناقنىڭ پۆپۈ-

كى ئاقارسا، مەدىكى قاتىدۇ دېگەن گەپلەرمۇ بىكار ئەمەس،
يەتتە خوتۇن ئېلىشقا چامىمىز يەتمىسىمۇ، بىرەر خوتۇنىنىڭ ھۆد-
دىسىدىن چىقالىغۇدەك ماغدۇر تېخى بىزدە بار.

— شۇنداق، شۇنداق...

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ ئالدى-كەينىگە ئۆتۈپ،
ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ،
ئارام بەرمەيۋاتقان قورقۇنچىنى ئاشكارا قىلىۋەتتى.

— بۇۋىمەريەم خېنىمغۇ ھاجىمنىڭ تەربىتىگە سۇ ئىس-
سىتىپ بەرسە بۇنىڭ ساۋابى ئۆزىگىمۇ، بىزگىمۇ بولار، بېشى-
مىزمۇ ئاسمانغا تاقىشار، لېكىنزە، لېكىنزە، ھېلىقى ھارامدىن
بولغان نادىرخان قايتىپ كەلسە، يەنە ئۆتكەنكىدەك ئاسمانغا
تېپىپ چاتاق تېرىپقۇ يۈرمەس؟

— قايتىپ كەلسە؟ — سېيىت ھاجى تەسۋىسىدىن بىرقانچە
مارجاننى تېز-تېز ئۆتكۈزۈۋەتتى ۋە ھەيران بولغان قىياپەتتە
سورىدى، — كۈنىنىڭ كۈنپېتىشتىن چىققىنىنى كۆرگەنمىدىلە،
ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ كەينىگە ئاققىنىنى ئاڭلىغانمىدىلە؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، پەقەت ئاڭلىمىغانىكەنمەن، بۇ مۇمكىن
ئەمەس-دە!

— شۇنداقمۇ؟ — سېيىت ھاجى جاۋابىتىن قانائەت ھاسىل
قىلىپ كۈلۈپ قويدى ۋە گەپنى بۇرىدى، — ئىشقىلىپ پېقىر ھۇ-
زۇرلىرىدىكى بىر مېھمان، مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك
ياۋاشكى، ئۇ ساھىبخانىنىڭ ھەرقانداق ھىممىتىنى ئەسلا رەت
قىلمايدۇ.

— ھەممە ئىش مېھماننىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ، ھا-
جىم، ئەقىللىق ساھىبخان ئەلۋەتتە مېھمىنىنىڭ خاھىشىنى چۈ-
شەنمىكى، ئۇنىڭ بويىچە ئىش كۆرمىكى زۆرۈر. ھېلىغۇ بىر
قىزىمىز بارئىكەن، ئون قىزىمىز بولسىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسەددۇق!

ئابلىزقارىنىڭ سۆزى تۈگىمىگۈچە ئۇلار قەسىرگە كېلىپ قالدى. ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنى مېھمانخانىدا يالغۇز قالدۇرۇپ، قاناتلانغاندەك تېزلىك بىلەن خوتۇنىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ، بۇ يېڭىلىقتىن ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

ئۇلار شۇ كۈنىلا مەسلىھەتنى پىششۇرۇپ، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىپ ئۈلگۈردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چى-ردىيە تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا توي بولۇپ ئۆتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بەزىمە زىياپەت تەكلىپلىرى سېيىت ھاجىنىڭ ھوزۇرىغا خۇددى قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچۇپ كەل-گىلى تۇردى. ئۇنىڭ ھىندى گەزلىمىلىرى ۋە كەشمىر، پەرەڭ ياغلىقلىرى بىلەن ئىسكەتكە كىرىپ، ناز-كەرەشمىنى خېلى جايىدا قاملاشتۇرالايدىغان بولۇپ قالغان رەپىقىسىنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قەيەلەرگىدۇر كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن قېرىساللار بىر-بىرى بىلەن: «خۇدايا تۈۋا، ئۇنى ئەۋلىيا دەپ يۈرۈپتۇق. ئەسلىدە مۇنداق ئادەم ئىكەنغۇ، ئۇ تېخى شەيتان ساندۇقىدىن چىققان غەزەللەرنى ئاڭلارئىمىش» دەپ پىچىر-لىشىپ، ياقىسىنى چىشلەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ بىر كۈنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك بېزەلگەن مېھمانخا-نىدا كونسۇل ئەپەندى قەشقەردىن كەلگەن بىر سودىگەردىن ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن پاتېفوننى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. دەرۋازىۋەن ئابدۇراخمان كۆك كۆزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلى-كىنى مەلۇم قىلدى.

پاتېفوننىڭ يوغان كانىيىنى «شەيتان ساندۇقى» دىن قانداق ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالماي، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، تىنىقلىرىنى ئىچىگە بەند قىلىپ ئولتۇ-رۇشقان قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىغا قارىتىپ، بىر تال ئەنجۈر-

گە ئوخشاپ كېتىدىغان تىرىپكىنى قارا بۇغداي ئۇنىدا يېقىلـ
غان كاكچىدەك قارا پلاستىنكا ئۈستىگە توغرىلاپ تۇرغان سېيىت هاجى:

— كىرگۈزۈۋەت! — دېدى چىرايىنى بىر قىسماقىلىپ. ئۇ ھېـ
لىغىچە ئۆزى ۋە ئامراق خوتۇنىلا بەھرە ئېلىپ كېلىۋاتقان پاتېفوننى بۈگۈنلا ئاشكارىلىغان ۋە كارامەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرماقچى بولغانىدى.

ئابدۇراخمان ئىشىكتىن كىرىپلا سېيىت هاجىنىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەي، سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى تال يېشىل پۇرچاقتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرى ئېتىۋېتىلگەن غۇۋا ئۆيدە بىر جىددىيلىكتىن بېشارەت بەرگەندەك، خەلتە پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ يوغان بەستىنى قىمىرلىتىپ، ئەستەرلىك يەكتەكنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتتى ۋە خۇددى ئىسسىقلاپ قالغاندەك يەلپۈنۈپ تۇرۇپ:

— هاجىم، ئىش چاتاق! — دېدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىدىلا ئەپەندىم؟ — چىرايىدىن كەيپسىزلەنگەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرغان سېيىت هاجى ئابدۇراخمان ئىشىكنىڭ بوز جۇۋىنىڭ پېشىدەك تۆكلۈك مەيدىسىگە قاراپ قويۇپ، پەرۋاسىز سورىدى.

ئۇ خۇددى سوغۇق سۇ سېپىلگەندەكلا ئۆزىگە كېلىپ، قولاقلىرىنى دىڭلاپ، بىر پاتېفونغا، بىر ئابدۇراخمانغا سەپسېلىپ ئولتۇرۇشقان ئىككىيلەنگە قاراپ قويۇپ، ئابدۇراخمانغا يەنە دېدى:

— قېنى ئەپەندىم، ئۇسساپ كەتكەن ئوخشايدىلا، ماۋۇ چاينى ئوتلىۋەتسىلە، ئاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشمەمدۇق.

سېيىت هاجى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سوۋۇپ كەتكەن بىر پىيالە چاينى قەلەندەرلەرگە نان تاشلاپ بەرگەندەك دوككىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

قويۇپ قويىدى ۋە پاتىغون تۇرۇپكىسىغا قول ئۇزاتتى. بۇ ھال ئابدۇراخماننىڭ چىرايىدىكى تەمكىنلىك ئالامەتلىرىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ پىيالىنى سىپىت ھاجىنىڭ ئالدىغا زەردە بىلەن قويۇپ قويغاندىن كېيىن:

— جانابلىرى مۇبادا پېقىرنىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەن بولسىلا، بۇ مەيلى، بۇنىڭغا پەقەت بىر ئېغىز ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، ئەگەر گېپىمگە قەستەن ئېتىبارسىز قارىغان بولسىلا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاھدا مىخمۇۋىتىپ.

قانداقتۇر تەھلىكە ئۇرغۇسى بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز يەنە قات يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىسىمۇ تۇيۇپ تۇرىدىغان سىپىت ھاجىغا پاتلا تەسىر قىلدى. ئۇ دەرھال ئابدۇراخماننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان قىياپەتكە كىردى-دە، مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، بايامقى سۆزنى يەنە بىر تەكرارلاشنى ئىلتىماس قىلدى.

— ئىش چاتاق، قورۇلۇش قىلىۋاتقان يەردىكى ھارامزادىلەردىن ئونتىن نەچچىسى خوتەن دوتىيىگە ئۇستىمىزدىن ئەرز قىپتۇ!

— ھە، ئەرز قىپتۇمۇ، مەن تېخى ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتىمىكىن دەپتىمەن.

سىپىت ھاجى چوڭقۇر بىر تىن ئېلىۋېلىپ، سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆلگەندىن كېيىن سۆرى ياسىن ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق، ھازىر جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلغان ئىلىملىقلار بىلەن ئەمىر يۈەن داخۇا تەلكە تېغىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، خوتەن دوتىيى بولامدۇ، قەشقەر تىتەيى بولامدۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزى ئاشۇ ئۇرۇشتا. پېقىر بېشى يانجىلغان يىلاننىڭ قۇيرۇ-

قى مىدىرلىغىنىنى ئۆمرىدە كۆرمىگەن. ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيۋاتقان دوتەيىنىڭ ئالتە توك-توك ئىغۋاچىنىڭ دەۋاسىنى سوراشقا نەدە چولىسى تەگسۇن!

سېيىت هاجى ئۆز سۆزىدىن ئۆزى خۇشال بولغاندەك پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئابدۇراخمان ئىشىپىشىنىڭ ئارتۇقچە ئەندىشىخور، قورقۇنچاق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئىككىنى شاپىلاقلىدى. ئابدۇراخمان سېيىت هاجىنىڭ خېنىملارنىڭكىدەك ئاپئاق قولىنى مۈرىسىدىن ئاستا ئېلىپ تاشلىدى-دە، سوغۇق كۈلۈمسىرەپ:

— بۈگۈنكى كۈندە پەقەت غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ئادەملەرلا جانابلىرىدەك مەززىسىز دەللەر بىلەن ئۆزىنى ئالدايدۇ، ئىلى جۇمهۇرىيەتچىلىرىنىڭ ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدىكى قۇمبۇلاق، كۈلئۆتەك دېگەن يەرلەردە تۇتۇشۇۋاتقىنىغۇ راست، ئەمما جانابى هاجىم ئىلى جۇمهۇرىيەتچىلىرىنىڭ قازداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان ئۇقمىسا كېرەك. ئۇلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لىيۇ چىمىڭ قاتارلىق 13 كىشىنى خوتەن ۋە قەشقەردە باش كۆتۈرۈۋاتقان قارا سىپەچ دېگەنلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ هەيۋىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن قەشقەر تىنەيى يۈەن خۇگىيۇ هازىر جۇمهۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. خوتەن دوتەيى تاڭ يۈنجۇڭمۇ ئۇلارغا مايىل بولۇۋاتسا كېرەك. بۇنداق يامان چاغدا بۇ هارامزادىلەرنىڭ ئەرزى بىزنى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتۇرمايدۇ، دەپ هۆددە قىلالامسىلا؟ مۇبادا خاقانى چىن لەشكەرلىرى كارۋان يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە موداخىلە يۈرگۈزسە قوللىرىدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئادەم ۋە ياراغ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

سېيىت هاجى كۆتەكتەك يوغان بەستى ۋە تەڭنىدەك قورسىقىدىن كىشىگە، «پەقەت يەپ-ئىچىش ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرەلگەن بەتبەشىرە بىر نېمىكەن» دېگەن تەسىراتنى بېرىدىغان ئابدۇراخمان ئىشىبېشىنىڭ مۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران قالدى.

ئابدۇراخماننىڭ «لەشكەرلەر مۇداخىلە يۈرگۈزسە» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ چۈشىدە قارا باسقان ئادەمدەك تەرلەپ كەتكەن ئابلىزقارىمۇ «بۇ ئەمدى نېمە گەپ» دېگەن مەنىدە كۆزلىرىگە تىكىلگەن خوتۇنىغا مەيۈسانە قاراپ قويۇپ، ئەجدىھا سۈرەتلىك بايراقتا دېدەكلەرگە ئىشتان تىكىپ بەرمەكچى بولغان خوجىدارنى ئىچىدە قارغاشقا باشلىدى. «خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ، قارا نىيەت غوجىدارنىڭ دامىغا چۈشمىگەنىكەنمەن، ئەگەرچەندە ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە غىپپىدىلا تالاغا چىقىپ، رەھمەتكە ئەلەم، تەقىيە ۋە پەرىجىلىرىگە قاراپ بېقىشنى تاپشۇرۇپ، قايتىپ كىردى-دە، ئىككىيلەن ئارىسىدىكى سۆزنىڭ ئۇرانىغا سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالدى.

سېيىت هاجى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ بىر مىنۇتقا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، ئەيىبنى ئابدۇراخمانغا دۆڭگىمەكچى بولدى، «قېنى نېمە دەيسەن» دېگەن نەزەر بىلەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇراخمانغا ئۈنىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— شۇنداقمۇ بىخۇدلۇق قىلغان بارمۇ ئەپەندىم؟ سىلىنى ئىش بېشىدا تۇرغاندىكىن، چاتاق چىقماس دەپ ئويلاپتىمەن. «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن شۇ ئىكەن-دە، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلمىغان ئادەمنى كونسۇلغا مەلۇم

قىلماي بولمايدۇ، كونسۇل ئۆزى بىر نېمە دېسۇن بۇ ئىشقا!

— ھاھ... ھاھ... ھاھ...

ئابدۇراخمان كۆك كۆز كۈلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى مۇرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىنگەندەك تەۋرىنىپ كەتتى. ئۇ كۈلكىد-سىنى ئەسلىگىنە بېسىۋالدى-دە، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سېيىت ھاجىغا چىنەپ تۇرۇپ:

— ۋاي ئەخمەق مۇسۇلمانلارەي، سىلەرنىڭ مېڭەڭ-لار ئاناڭلار بۆشۈككە بۆلەپ تەۋرەتكەن چاغدىلا چايقىلىپ كەتكەن-دە، بولمىسا مۇشۇنداق ئەخمەقانە گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمسىلەر؟ — دېدى.

— ھە، نېمە؟

ئابدۇراخمان سېيىت ھاجىنىڭ ئۆڭۈپ ۋارقىرىشىغىمۇ، ئابلىزقارىنىڭ سىم بۇرۇتلىرىنى ئىترىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىگىمۇ قىلچە پەرۋا قىلماي، مەسخىرە ئاھاڭىدا سورىدى:

— كونسۇل ئەپەندىم مەن تۇرغان يەردە سىلىنىڭ گەپ-لىرىگە ئىشىنەرمۇ؟ ھاھ... ھاھ... ھاھ...

— بۇ... بۇ...

گىلەم ئاستىغا سېلىنغان قومۇش بورىدىن «غىچ-غىچ» ئاۋاز چىقىرىپ، قەپەسكە سولانغان قاپلاندەك يوشۇلداپ مېڭىپ يۈرگەن سېيىت ھاجى ئابدۇراخماننىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قىلغان گېپىدىن قۇلاق تۈۋىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت يېگەندەك دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئادىتى بويىچە ئۆرە تۇرغان پېتى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تەسۋى مارجانلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ كونسۇل تەرىپىدىن مەخسۇس ياردەمچىلىككە ئەۋەتىل-گەن بۇ ئېيىقتەك يوغان، غورا قاپاق ئادەم بىلەن تېخى يې-قىندىلا تونۇشقان، ئۇنىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ، مۇغەم-

www.uyghurkitap.com

بىرانە نەزەر بىلەن قاراشلىرىدىنلا خوجايىنلاردا بولىدىغان تەكەببۇرلۇقنى ھېس قىلغان. ھەممە ئادەم ۋە ھەممە نەرسىنى گۇمان دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايدىغان سېيىت ھاجى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يەتتە-سەككىز كىشىنىڭ بەزىسىدىن چاندۇرماي گەپ ئېلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. ئەمدى تېپىشماقتەك سىرلىق بۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن بېشارەتنى سېزىپ قالدى-دە، خاۋاتىرلىنىشكە باشلىدى. بىراق، ئۇ گۇمانىنى ئالدىراپ ئاشكارىلىماسلىق قارارىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرىدى.

— ھى ... ھى ... كونسۇل ئەپەندىم قالتىس ئادەم جۇمۇ، قالتىس ئادەم، — دېدى سېيىت ھاجى باشمالتىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، — ئۇنداق قابىل ئادەم كەمدىن كەم تېپىلىدۇ جۇمۇ...

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، ھاجىم؟

ئابدۇراخمان زەدىۋالغا يۆلىنىپ، بىر پۇتىنى سۇپىنىڭ يان ياغىچىغا قويۇپ بەخىرامان يەلپۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يېنىغا كېلىپ بەدەشقان قۇرغان سېيىت ھاجىدىن سورىدى.

— ئەمدى ... ئەمدى، ئۆزۈم تەدبىر قوللىناي ئەمدى.

— قانداقراق تەدبىر قوللانغۇلۇق؟

— قانداق بولاتتى؟ قانچىلىك بەدەل بېرىشتىن قەتئىينەزەر، دوتەينىڭ ئاغزىنى ياغلايمەن-دە!

— دوتەينىڭ ئاغزىنى ياغلاپ بولغۇچە چاتاق چىقىپ قالسىچۇ؟

— بۇنى ... بۇنى ...

— ھاھ ... ھاھ ... ھاھ ...

ئابدۇراخمان يوغلۇق كۆكسىنى يېيىپ تۇرۇپ كۈلۈپ تاشلىدى، سەللىسىنىڭ قېتىدىن قاتلانغان سامان

قەغەزنى چىقىرىپ، سېيىت ھاجىغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ:
— ئالدى بىلەن مۇنۇنى كۆرۈپ باقسىلا! — دېدى.
سېيىت ھاجى يەكتەكنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر كۆزلۈك كۆزەينەكنى ئېلىپ كۆزىگە تارتتى-دە، قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان ئەرزنى زىر-زىۋەر ئىچىدە كۆرۈپ چىقىپ ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس-تاماس قالدى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تورۇپ سورىدى:
— نېمە كارامەت بۇ؟ بۇ ئەرزنى دوتەيىنىڭ يېنىدىن قايتۇرۇپ كەلدىلىمۇ؟
— يوقسۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ماختانغان ھالدا، — بۇنى ئۇ يالاڭتۆشلەر ئىلچىغا ئۆتىدىغان كارۋاندىن يوشۇرۇن يوسۇندا يوللىغانىكەن، ئادەملىرىم ئاختۇرۇپ تېپىۋاپتۇ، بۇنداق ئىشلارنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قىلدۇق دېگەن بىلەن پېقىرنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلمىقى تەس!
سېيىت ھاجى ئۆز ياردەمچىسىنىڭ ئانداق-مۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندى، ھېلىغىچە سۇپا يان ياغىچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئابدۇراخماننى ئالمان-تالمان تۆرگە تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئوبدان بىر قاراپ قويۇپ، ئەرزگە ئىمزا قويغانلارنىڭ ئىسىملىكىگە كۆز يۈگۈرتتى.
— ھۇ ئەبلەخلەر، تۇزكورلار! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — كەڭچىلىك قىلغاننى بىلمەيدۇ تېخى، سۇپۇرگە، نۇرەك باخشى، قادىر تۆمۈرچىلەرغۇ مەن بىلەن دۈشمەنلىشىپلا كەلگەن خۇمپەرلەر، ماۋۇ رەسۇلنىڭ، مۇئەززىننىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ، بۇ نەس باسقان يۇرتتا ئوڭلۇقراق ئادەملەر يوقمۇ نېمە؟
سېيىت ھاجى ئىتتىك پەگاھقا چۈشتى-دە، مەسلىك پۇتىنى كەشىگە سېپىپ، ئابلىزقارىنىڭ ياردىمىدە تونىنى كىيدى.

www.uyghurkitap.com

— قەيەرگە ھاجىم، شۇنچە ئالدىراپ؟

جىلە بولغىنىدىن ئارانلا نەپەس ئېلىۋاتقان سېيىت ھاجى سۇپىدىن قوزغالماي ئولتۇرغان ئابدۇراخماننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— قەيەرگە بولاتتى؟ تازا تېتىمغۇدەك بىر ئەدىبىنى بەرمىسەم بۇ ئوغرىلارنىڭ، تېخى مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغۇچە بوپتۇمۇ؟!

— بەس، ھاجىم!

سېيىت ھاجى، بولۇپ ئۆتكەن گەپلەردىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ، ئۆزى بىلەن تەڭ غەزەپلىنىپ، قامچىسىغا تۇكۇرۇۋاتقان ئابلىزقارىنى بىر تەرەپكە قايرىپ، ئابدۇراخمانغا قارىدى.

— بەس ھاجىم، بەس! چورۇق بىلەن خامپىغا سەكرىگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قوراي دېگەن يېرىدىكى پۇقرالار يېقىندا تۆمۈر خەلىپە دېگەن باشلامچىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن شامەخسۇت ۋاڭغا① قارشى كۆتۈرۈلدى.

---

① شامەخسۇت — قۇمۇل ۋاڭى بېشىرۋاڭ ۋاپات تېپىپ كېيىن، 1867 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى غولام مۇھەممەت قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. لېكىن ئۇ تېخى ئەمما، پالەچ بولغاچقا، ھاكىمىيەت ئىشىنى بېشىرۋاڭنىڭ كىچىك خوتۇنى مېھرىبانۇ ۋەكالىتەن باشقۇرغان. غولام مۇھەممەت 1869 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مېھرىبانۇ خانلىق يارلىقى بىلەن ۋاڭلىقنى رەسمىي ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھاكىمىيەتنى كىمگە قالدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە جىق باش قاتۇرۇپ، ئاخىردا بېشىرۋاڭنىڭ تەيجىسى ھەم يېقىن تۇغقىنى تاجىدىننىڭ ئوغلى مەخسۇت بەگنى ۋاڭ نامزاتلىقىغا لايىق كۆرۈپ، كۈيئوغول قىلىۋالغان. مەخسۇت ئىككى يۈزلىمىلىك ۋاسىتىلەر بىلەن ئاخىر 1876 - يىلى ۋاڭلىق تەختىگە چىققان، ئىسمىغا «شاھ» سۆزىنى قوشقان. ئۇ ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئەللىك نەچچە يىل داۋامىدا قۇمۇل خەلقىگە ھەددى - ھېسابسىز زۇلۇملارنى سالغان. چوڭ خەلق قوزغىلىشلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ «تۆھپە» سىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇدا 18 قېتىم ئۆستۈرگەن.

شامەخسۇت مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 81 يېشىدا ئۆلگەن (مىنگونىڭ 19 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆلگەن دېيىدىغانلارمۇ بار). شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا 323 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ۋاڭلىق تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

ۋاڭ دېگەن نېمە؟ بۇنى سىلى بەلكى بىلمەيدىلا، ئۇ خېلىدىن بېرى بىۋاستە خاقانى چىن ھۆكۈمىتىگە قاراپ كەلگەن تەڭداشسىز ھوقۇقتا، قورال-ياراغقا ئىگە ھۆكۈمران. مانا ئەمدى ئاددىي پۇقرالارمۇ ئۇنىڭغا مۇشت تەڭلەشكە پېتىنىۋاتىدۇ. سۆيۈرگە دېگەننىڭ يۇرت-يۇرتتا ئادەملىرى بار، ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئۇقمايدۇ دەمدىلا؟ مۇبادا جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ قويساق، يىلان چاققىلى نەشتىرىنى تەڭلەپ كەلسە، زادى نېمە بىلەن ئۆزىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز؟

— نېمە بىلەن بولاتتى، مانا مۇشۇنىڭ بىلەن!

«جىلە بولغان ئىت تامدىن سەكرەپتۇ» دېگەندەك، ئەرزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سېيىت ھاجى تەمكىنلىكىنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئابلىزقارىنىڭ قولىدىن قامچىنى تارتىۋېلىپ، پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— يېقىندىن بۇيان ھاجىمنىڭ كاللىسى ئەيشى-ئىشرەت بۇسلىرى بىلەن گاراڭلىشىپ، ئانچە ئىشلىمەس بولۇپ قىلىۋاتىدۇغۇ دەيمەن، — ئابدۇراخمان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەگاھقا چۈشتى، سېيىت ھاجىنىڭ قولىدا سويلاپ تۇرغان قامچىنى ئاستا قولىغا ئالدى-دە، ئابلىزقارىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ دېدى، — مۇبادا بۇ ئەھۋال كونسۇل ئەپەندىنىڭ سەمىگە يېتىپ قالسا ئۇ شۈبھىسىزكى، خاپا بولماي قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ، زىممىسىدىكى تاپشۇرۇقنى يادىدىن چىقىرىپ قويغان كىشىنى ۋە توشقان ئالالمىغان قارچىغىنى قانداق يامان كۆرىدىغانلىقى ئۆزلىرىگىمۇ ئايان بولسا كېرەك!

سېيىت ھاجى كونسۇلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا ئالدىغا دار ئارغامچىسى تاشلانغاندەك ھودۇقۇپ كەتتى. «ئەگەر بۇ نائەھلى ئۈستۈمدىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن بولسا، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، — يوق يەردىن تۆك ئۈن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دۇرۇپ، كونسۇلغا ئاغزىغا كەلگەننى مەلۇم قىلسا ئۇ چاغدا...»

— ئەممىسە پېقىرغا قانداق مەسلىھەت بېرىدىلا؟

— قامچا يەنىلا يەرلىك بەگنىڭ قولىدا تۇرغىنى تۈزۈك، ئۆچكىنىڭ چۇپۇرىدىن ئارغامچا ئېشىپ، يەنە ئۆچكىنىڭ بويىنىدىن باغلاش، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنى قورۇش ھەممە تەدبىرلەرنىڭ ئۇلۇغراقىدۇر. لېكىن سىلىدەك ئادەمگە ھەسەلدەك تاتلىق گەپ، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي، مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازىدىن ئۆزگە ۋاستە بىكېرەكتۇر. ھازىرچە بۇ ھارامزادىلەر ئەرزىنى سوراي-دىغان دوتەينىڭ يولىغا كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولۇپ قاراۋەر-سۇن، كارۋان قايتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇلار بىلەن ئالدىرىماي ھېساب-كىتاب قىلىشۇالىمىز، گېپىم دۇرۇسمۇ ھاجىم؟

— دۇرۇس ... دۇرۇس ...

سېيىت ھاجىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ-سىلا كەتتى. «مانا كۆرۈك، غوجامنىڭ غوجىسى بار، دېگەندەك بولۇۋاتقىنىنى،—دەپ ئويلىدى ئۇ ئابدۇراخماننىڭ كونسۇل بىلەن ناھايىتى يېقىن ئالاقىدە ئىكەنلىكىدىن ھېچ گۇمانلانماي،—بولمىسا ئۇ شۇنچىۋالا مۇھىم خەۋەرلەرنى نەدىن بىلەتتى؟! ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇش-لىرىمۇ تامامەن باشقىچە.»

سېيىت ھاجى ئابدۇراخماننىڭ بۇ يەرگە كەلگەن بىر ئايدىن بېرى ئۆزىگە كۆز-قۇلاق بولۇپ يۈرگەنلىكىگە قىلچە شۈبھە قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلالمايۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلىرىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. لېكىن، ئۇ ئابدۇراخماننىڭ ئۆزى مىكىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ۋۇجۇدقا چىقىراي دەپ قالغان ئىشقا ئۇكىچە خوجايىن بولۇپ قىلىش ئېھتىمالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، پۈتۈن جىسمىدىكى قان يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان تومۇرلىرىدا غەليان كۆتۈرۈپ، بېشىغا قويۇلدى، كۆز

ئالدى غۇۋالاشتى. كېكىردىكىمۇ سۇسىز قالغان بىنەمدەك قۇرۇپ، كۆپۈپ كېتىۋاتقان تىلى ئاغزىغا قاپلاشتى. ئىتتىن قورقان قەلەندەرنىڭ يۈرىكىدەك ئەنسىز دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىنى ئاران سىغدۇرۇپ تۇرغان گەۋدىسى تىترەپ كەتتى، ئاياغلىرى خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بوشاشتى.

كۆز ئالدىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ ئۇلگۈرگەن تارىخ كارتىنىلىرى سېيىت هاجىنى بۇ نۇقتىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلغانىدا، ئۇ بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇنۇم بەرگەن نۇرغۇن چارىلەرنى خىيالىغا كەلتۈردى ــ دە، ئۆزىگە: «هازىرچە چاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، قالغىنىنى كېيىن كۆرىمىز، قويۇق تىكەن بىلەن قاپلانغان جاڭگالدىن ئۆتۈشتىمۇ، ماڭماي تۇرۇپ يول تاپقىلى بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى بەردى.

ــ ئېيتقانلىرى تامامەن دۇرۇس، ئەپەندىم، ــ دېدى ئۇ تەسۋىسىنى چاقىقانلىق بىلەن سول قولىنىڭ بېغىشىغا سېلىپ، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، ــ دېمەكچىمەنكى، هەرقانچە زور ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىنىمۇ لىم كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، لىم بولسا تۈۋرۈككە تايىنىدۇ ۋە شۇنىڭدەك بىزنىڭ قۇرۇۋاتقان ئىمارىتىمىزمۇ هەم لىمغا، هەم تۈۋرۈككە موهتاج...

ئۇلار قەسىر دەرۋازىسىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلدى، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان قەدىناسلاردەك پاراڭلاشقاچ، مەدرىسە قۇرۇلۇشچىلىرى ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. بىر ــ بىرىنىڭ كىملىكىنى باياتىنلا تونۇپ يەتكەن بۇ ئىككى كىشى يۈرگۈزۈۋاتقان كاتتا ئىشلىرىنى تاماشا قىلىش ئىستىكى بىلەن هاشارچىلار ئارىسىنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان ئىشىبېشى تۇتقۇزۇپ قويغان قامچىنى خۇددى جەننەتكە كىرىدىغان دەستەكتەك مەهكەم سىقىمدىۋالغان ئابلىزقارى ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەربالانىڭ كۆچىكىدەك سوكۇلداپ، قاپىــ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىدىن قار ياغدۇرغىنىچە تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەتىمىياز ئايلىرى كىرىپ قالغاچقا، بۈگۈنكى ھاۋا خېلى ئىللىق ئىدى. شاختىن شاخقا سەكرەپ ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچلار قاياقتىنبىرەك بەرگىسىنى ئەمدىلا يېرىپ چىققان تىرناقچىلىك پوتلىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تالىشىپ، بىر-بىرىگە رەھىمسىزلىك بىلەن پەشۋا ئۇرۇشاتتى. گۈنسىز پارقىراۋاتقان قۇياش قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان مەدرىسە تېمىنى قان رەڭگىدە يورۇتماقتا ئىدى. مەدرىسە يېنىدىن ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ كۆكىرىپ قالغان چىملىق قېشىدا ئولتۇرۇپ، تارقىتىپ بېرىلگەن قاتتىق زاغرىنى غاجىلاۋاتقان پۇقرالار ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلارنى كۆردىيۇ، لېكىن پەرۋاسىز ھالدا ئولتۇرۇۋەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇسۇلمانلار!

— ......

— ھوي بەتبەختلەر، سالامغا سالام قايتۇرمايدىغانغا شۇنچىۋالا يوغىناپ كېتىشتىڭمۇ ھەرقايسىڭ؟

ئابلىزقارى چوجە خوراز چىللىغاندەك ئىنچىكە، سەت ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، جامائەت يېنىغا دېۋەيلەپ كەلدى-دە، ئوق يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان قامچىنى نۇرەك باخشىنىڭ بېشىغا تەڭلىدى. شۇ ئارىدا قۇيۇندەك تېزلىكتە يېتىپ كەلگەن سۇپۇرگەئاخۇن ئابلىزقارىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىسىۋىدى، ئابلىزقارى ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئاندىن ئالاق-جالاق بولغان كۆزلىرىنى سۇپۇرگەئاخۇنغا قاداپ:

— سەن ... سەن ... مىرابلىققىمۇ دىنىغۇ قۇرۇق قالدىڭ، ئەمدى جېنىڭمۇ ئارتۇقلۇق قىلغان ئوخشىمامدۇ ساڭا!؟—دېدى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

سۇپۇرگەئاخۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇنىدى

مەي يېقىنىدىلا تۇرغان ياغاچ دېرىزىسىگە قاراپ ماڭىدى.

بۇ يەردىكى مۇشەققەتلىك ئەمگەك سۈپۈرگەئاخۇننى خېلىلا ھارغۇزدى. ئۇ ئىككى يىلدەك تۇيۇلغان ئىككى ئاي ئىچىدە ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك مۆكچەيدى. بىراق تاغلىق كەنت-لەردىن ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمەيدىغان توم، ئۇزۇن يا-غاچلارنى قوتاز ۋە تۆگىلەرگە سۆرىتىپ ئەكېلىش، ئۇنى ئابدۇراخمانىنىڭ تەلپى بويىچە تاراشلاپ، تۆت ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تام ئۈستىگە ئاچىقىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كۆز باغلانغاندىلا ئۆيىگە قايتىپ، سەپەر بوۋايغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا ھەمراھ بولاتتى. ئابدۇللانىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، بوۋاي بى-لەن كېچىلەپ مۇڭدىشاتتى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئاقارغان-دىلا يەنە ئىش ئورنىغا جۆنەيتتى.

ئۇ ئەسلىدە بۇنداق جاپالىق مېھنەتتىن باش تارتار ۋە يامىنى كەلسە جاننى ئالقانغا ئېلىپ، مەيدانغا چۈشەر ئىدى. ئاھانەتلىك قۇللۇقنىڭ، ئاچچىق يۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ مالامىتىدىن بۇ ھەم ئاسانغا توختار ئىدى. بىراق، شايىچىلىق ئۇستىخانىسىغا تۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئىچىدە تۇرغان سەپەر بوۋاي ئۈچۈنلا ئۇ بىرلاي دەپ قالغان ۋولقاننى ئىچىگە سىغدۇرۇپ، ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىگە چىداپ، بۇرۇقتۇملۇق سۈكۈناتنىڭ ئۈپرىتىشلىرىغا چىشىنى چىشىغا قويۇپ بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. قادىر تۆمۈرچى، نۇرەك باخشى قاتارلىق جىگەرلىك ئادەملەرنىڭ ئىسيان تۇغرۇلۇق ئەسكەرتىشلىرىگە قۇلىقىنى يو-پۇراتتى، سۈكۈت ساقلايتتى. ئۇ ئادالەت قىلىچىنى كۆتۈرۈپ مەرد-لەرچە مەيدانغا چىقىشتىن قورقاتتىمۇ؟ ياق، قورقۇش دېگەن نەرسە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بولۇپ باققان ئەمەس، مۇبادا مەي-دانغا چىققىنىدا، قازاۋۇ - قەدەر نۇسرەت قېچىپ قالسا، دادىسىنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلىرىنىڭ، يۇرت ئەھلىنىڭ ئامانلىقىنى ئۆزىگە تاپشۇرغان ئابدۇللا نېمىدەپ ئويلار؟ ئۆزىنىڭمۇ كارى چاغلىق، شۇ مۆكچەيگەن مويسىپىت، شۇ يېتىم پەرزەنتلەر نېمە قىسمەتلەرگە دۇچار بولار؟

سۇپۇرگەئاخۇن ۋاقىت تۇلپارىنىڭ تېزرەك چېپىشىنى، ئابدۇللانىڭ قايتىپ كېلىشىنىلا كۈتەتتى.

قېرىشنى بىلەن قېنى قىزىپ تۇرىدىغان سەپەر بوۋاي سۇپۇرگەئاخۇننىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ئالەم رازى ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بىلەن كارى بولماي، ئالۋاستىلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ماقۇل كېلىشىنى ئۆتۈندى.

سۇپۇرگەئاخۇن ئابدۇللانىڭ ئەتە - ئۆگۈنلا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتىشتىن پەم بىلەن باش تارتقان بولسىمۇ، لېكىن، بوۋاينىڭ كۆزىچىلا بىر ئەرز يېزىپ، قەشقەر ئىدۇسىغا تەگسۇن دەپ ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئوغلى مۇھەممەتئەلىگە ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئاز - تولا بېسىقىقان بولدى. ئۇ كارۋان يولىغا قارايتتى، ئابدۇللانى سېغىناتتى، ئابدۇللانى كۈتەتتى...

قىلىمەن دېگىنىنى قىلالماي، ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلغان ئابلىزقارى پۇقرالارنىڭ ئۆزىگە نەپرەتلىك كۆلكىلەرنى ھەدىيە قىلىپ، سۇپۇرگەئاخۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقىنىغا زادى چىداپ تۇرالمىدى - دە، پۇقرانىڭ بۇرۇنقىدەك ئىتائەتمەن ئەمەس، بەلكى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزىپ تۇرغان ئىككىيلەندىن مەدەت تىلىگەندەك:

— ماۋۇ ... ماۋۇ ئۆلەرمەنلەر پېقىرغا قول سالدى، جاجىسىنى بىر بەرمىسەم خەپ! — دېدى.

سېيىت ھاجى ئۆز ئىشىنى قولىغا ئېلىشقا باشلىغان پۇقرالار تەرەپكە قاراپ دېۋەيلەۋاتقان ئابلىزقارىنى توختىتىۋالدى ۋە ئۇنى ئەدەبلىگەندەك:

— قامچا كۆتۈرمەك ئاجىزلارنىڭ ئىشىدۇر، ئاقىللارغا قامچا كۆتۈرۈش جايىز ئەمەستۇر. ئاللاتائالا پۇقراغا بىر جۈپ قۇلاق ئاتا قىلغان، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچى ئاقىل ئاغزى بىلەن سۆزلەپ، قۇلاق ئارقىلىق گەپ ئۇققۇرىدۇ. ئاجىز پۇقرا بېشىدا جازا قامچىسىنى ئويناتماسلىق كېرەك ئىدى، — دېدى.

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالمىغاندەك، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، دەرھال ئابدۇراخمان ئىشىبېشىغا بۇرۇلۇپ:

— بايام ... پېقىرغا ... قامچا ...، — دەپ غودۇڭشىدى.

— بەس!

ئابلىزقارىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنگەن ئابدۇراخمان ئۇنىڭ ئاغزىنى يىغىشتۇرماقچى بولدى - دە.

— ھاجىمنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، قېنى، پۇقرالارنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلەيلى ئەمدى، — دېدى:

ئابلىزقارىنىڭ «تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا، بىر تاختا قوغۇنى بۇزۇپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويۇشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلگەن سېيىت ھاجى قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، ياغاچ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان سۇپۇرگەئاخۇننىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى - دە:

— يۇرت بېگى دېگەن پۇقرانىڭ ئاتىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ گاھىدا باللىرىنى ئەركىلىتىدۇ، بەزىدە باللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپمۇ قويىدۇ. ئابلىزقارىمنىڭ بايامقى گېپىنى ئېغىر ئالمىسلىكەن، مىراب بېگىم! — دېدى، يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا.

— پېقىر مىراب بېگى ئەمەس، يۇرت بېگىنىڭ بالىسىمۇ ئەمەس!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈپۈرگەئاخۇن ئۆشنىسىدىكى ياغاچنى تام تۈۋىگە زەردە
بىلەن تاشلىدى ـ دە، ھىجىيىپ تۇرغان سېيىت ھاجىغا قاراپمۇ
قويماي، گۈس ـ گۈس دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى.

## 25. كارۋان قايتىپ كەلدى

كىرپىكلىرى ئىلىنگەن ھامان چۆل تەرەپتىن كۆتۈرۈلـ
دىغان سېرىق بوران، كۆزىگە تىقىلغان قۇم، كەينىدىن ئۇرۇلـ
غان رەھىمسىز زەرب بىلەن تىك يار لېۋىدىن يىقىلىش، قاپـ
قارا ھاك، ئۇنۇمسىز تىركىشىش، ھاك تېگىدە ئاغزىنى كويـ
قاپتەك ئېچىپ ياتقان ئەجدىھا، خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلار،
ئېچىنىشلىق ۋارقىراش...
سەپەر بوۋاي ئاخشامدىن بېرى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى،
ھاسا تېرەكنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال شېخىنى قونداق قىلىـ
ۋالغان كەندىرچا خوراز چىلىلماستىن بۇرۇنلا ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى.
ئىمان ھۆرۈلگەن پىچاقنى تەكسىيە ئاستىغا باستۇرۇپ
ياتقىنىغا قارىماي، ئۆزىنى تۈن بويى قورقۇتۇپ چىققان چۈش
كارتىنىلىرى دۇرۇت ئوقۇغاچ، غۇسلى ـ تەرەت قىلىـ
ۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. تاڭغا
يېقىن ئېچىلىپ كەتكەن ئاسماندىكى پارقىراق يۇلتۇزلارنىڭ
ئايۋان شادىلىرى ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقىدا سەپەر
بوۋاي پەگاھدىكى ئۆرۈقنى سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تېپىۋالدى ـ
دە، تەرەت ئېلىپ جاينامازغا كېلىپ ئولتۇردى. قىبلە تەرەپـ
كە يۈزلىنىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى بىلەنلا كۆز چاناقلىرىدا
پەيدا بولغان ياش بىردەمدىلا كۆز جىيەكلىرى ئارقىلىق مەڭـ

رىگە ئېقىپ چۈشتى، تېخىچە دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ قات-قاتلىرىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، بىلىنەر-بىلىنمەس تىترە-ۋاتقان جىسمىنى يېرىپ چىققان ئىلتىجا ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق بۇرۇت بىلەن قورشۇلۇپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

«ئى، كېرەملىك خۇدا، — دېدى ئۇ بويىنىنى سەل قىيشايتىپ، ئېگىزگىرەك قاراپ، — بىقوۋۋۇل بەندەڭنى كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس بالا-قازادىن، يامانىنىڭ ۋالاسىدىن، تۆھمەتخورنىڭ تۆھمە-تىدىن، پىتنىخورنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىغايسەن! بىچارىلەرگە رە-ھىم قىلىغۇچىمۇ ئۆزۈڭسەن، ئۆز بەندەڭنى ھىمايەڭ بىلەن ساقلاشقا قادىرسەن، سەندىن باشقا تىۋىنغۇچىم، مۇرەببىيىم يوق، سەندىن ئۆزگە يۆلەنچۈكۈم يوق. ئۆزۈڭدىن ئوغلۇم ئابدۇللاغا، يېنىمدىكى يېتىملىرىمگە، ئاچ-زار قالغان قېرىنداش-لىرىمغا ئاسانلىق تىلىدىم!...»

ئۇزۇنىسىغا يەتتە قەدەم كېلىدىغان سۇپىنىڭ بىر تەرىپىدە ياتقان سۇپۇرگەئاخۇن بوۋاينىڭ يامغۇر پەسلىدىكى قىيان سۈيىدەك ئۇلغىيىۋاتقان كۆز يېشىغا ئەگىشىپ كۆتۈرۈ-لۈۋاتقان مۇڭلۇق مۇناجاتى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك كۆزىنى ئېچىپ باشلىقىنى كىيگەچ، جەينىكى بىلەن تەكىيىنى تىرەپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ياتقان تەرەپكە قارىدى.

شىپاڭنىڭ شادىلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ كىرگەن ئىككى يول شولا جاينامازدا ئولتۇرغان بوۋاينىڭ يۈزىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. پاك قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغان ھىدايەتچىسىگە تەلپۈنۈپ، بۈيۈك ئېتىقاد دەقىقىلىرىدە سۇدەك ئېرىپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان ئىككى تامچە ياشتا كۆمۈشتەك نۇرلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ يۇلتۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەكس ئېتەتتى، بۇ بىر جۈپ يۇلتۇز ئۆرۈلۈپ پەسكە سىرغىيتتى-دە، ئۇنىڭ ئورنىنى تەسۋىنىڭ سەدەپ مارجانلىرىدەك سىيرىلىپ چۈشكەن ئىككى نۇر تۆچكىسى ئىگىلەيتتى. بۇ ئىككى تۆچكا يەنە ھايال ئۆتمەيلا ئىككى تال سۈزۈك مەرۋايىت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇراتتى.

سۇپۇرگەئاخۇن ئالمان-تالمان كىيىنىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە تامغا ئويۇپ ياسالغان ئوچاق يېنىغا كەلدى-دە، مورا بېشىدىن گۈڭگۈرت ئېلىپ كۆل ئارىسىدا يىلىنجاپ تۇرغان چوغقا تەگكۈزدى. تىرىق چوكلۇقىدىكى يېشىل يالقۇن بارغانسېرى چوڭىيىپ، گۈڭگۈرتنىڭ بىر بېشىغا تۇتاشتى. ئايۋان تۈۋرۈكىنىڭ ئادەم بويى ئېگىزلىكىگە چاپلانغان چىراغپايدىكى قارا چىراغقا ئوت يېقىلدى، چىراغ پىلىكىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس خۇددى بىر تال قارا تاياقتەك ئۇدۇل تورۇسقا تاقىشىپ، چۈچۈلىدەك قارىيىپ كەتكەن ۋاسلارنى بويلاپ يېيىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ئايۋان ئىچى كۈن پاتقاندىن كېيىنكى دالادەك، غۇۋا نۇرغا تولدى.

ئۇ پانىي دۇنيانىڭ بارلىق رەھىمسىزلىكلىرىنى، جاننى ئۆپراتقۇچى مۇشەققەت-رىيازەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ، ياراتقۇچىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بوۋاينىڭ قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغان ھەيكەلدەك تۇيغۇ بېرىدىغان گەۋدىسىگە، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ، شىرىن چۈشلەر بىلەن چېلىشىپ ئۇخلاۋاتقان باللارغا زەن قويۇپ قارىۋالدى. تەرەت ئېلىپ، بوۋاينىڭ يېنىغا جاينامازنى يېيىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۆرجەكتەك يوغان ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، بوۋايغا ھەمدۇئا بولدى.

سەپەر بوۋاينىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان كەم سۆز، جىممىغۇر بولۇپ قالغانلىقى سۇپۇرگەئاخۇننى خېلى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ بۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۇنى يېشى

ئۇلغىيىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ساقسىز بولۇپ قالدىمىكىن دېگەن گۇمانغا كەلدى. بىر كۈنى كەچتە ھېرىپ - ئاچقىنىغا قارىماي، مەدرىسە ئىش ئورنىدىن ئۇدۇل سېرىق مەھەللىسىگە باردى - دە، ئۆزى ئىخلاس قىلىدىغان داڭلىق تېۋىپنى باشلاپ كېلىپ، تومۇرىنى تۇتقۇزدى.

— ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىشمىسىلا، — دېدى تېۋىپ تومۇر تۇتۇپ ئۇنى - بۇنى سورىغاندىن كېيىن، — سەپەرئاخۇننىڭ تېنىدە ھېچقانداق مۇزەررەت يوق، ئەتىياز كۈنى دېگەندە ئادەمنىڭ يىلىكى سۈيۈلۈپ كېتىدىغان گەپ، پەقەت گىلىغا قۇۋۋەتلىك يەپ بەرسىلا بولدى.

بۇ گەپ بىلەن سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ئەندىشىسى خېلى ئازايدى. بوۋاينى ئۆز ئاتىسىدىنمۇ چارە كۆرىدىغان چىنارئايىم سەپەر بوۋاي ياخشى كۆرىدىغان غىزالارنى چامىسى يەتكەن دەرىجىدە مەززىلىك قىلىپ تەييارلىدى ۋە ئۇنى ئەتىۋار مېھماندەك كۈتۈشكە باشلىدى.

سۈپۈرگەئاخۇن بىلەن چىنارئايىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بۇ تەرىقە پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن بوۋاي خىجىل بولغان ھالدا:

— ئۆز پۇشتۇمدىن تامغان پەرزەنتلىرىممۇ ماڭا بۇنچە ياخشىلىق قىلماس ئىدى. سىلەردىن ئىككى ئالەم رازىمەن، ھال - ئەھۋالىڭلارمۇ چاغلىق، مېنى دەپ بۇنچە ئاۋارە بولماڭلار، — دەيتتى - دە، «ئىشتىھايىم يوق تۇرىدۇ» دېگەن تەكەللۇپ بىلەن ئاتايەن تەييارلانغان غىزالارنى بىرەر قوشۇق تېتىپ كۆرۈپلا بولدى قىلاتتى.

كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ قولى بىكار تۇرمايتتى. چىنارئايىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پالتىچاقنى ئېلىۋېلىپ ئوتۇن پارچىلايتتى، توخۇلارغا دان چاچاتتى. ئاخشاملىرى سۈپۈرگەـ

www.uyghurkitap.com

ئاخۇن بىلەن بىردەم مۇڭدىشاتتى ـ دە، نەۋرىلىرىگە ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلىتىپ قويۇپلا جاينامازدا ئولتۇراتتى. ئېغىر ياتقۇ بولغاندىن كېيىنلا تەكىيىگە يانپاشلايتتى.

سۈپۈرگەئاخۇن ئالدىنقى كۈنىكەچتە سەپەر بوۋاينىڭ نەۋرىلىرىگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋېتىپ، كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى ـ دە، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى، نامەلۇم بىر ھارارەت يۈرىكىگە سوۋۇنۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىككى ئېغىز تەسەللىي بېرىش ئويىغا كەلدى، بىراق، بۇ ئويىنى يەنە ئۆزىچە ئىنكار قىلىۋەتتى. بوۋاينىڭ ئىزلىرىغا بېشىنى قويۇپ، دادىسىنى پات ـ پات تىلغا ئېلىپ قەغىش قىلىۋاتقان نەۋرىلىرىگە قاراپ مېھرىبان ئوغلىنى يادىغا ئېلىپ، سېغىنىش ئوتىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىدى. مۇبادا سۆھبەت ئارىسىدا ئابدۇللانىڭ ئېتى ئېغىزغا ئېلىنىپلا قالسا، بوۋايمۇ، ئۆزىمۇ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان جۇدالىق يالقۇنىنى باسالماي ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ جۇدالىق يارىسىغا ھېكىم لوقماندەك دانا تېۋىپنىڭ ئەڭ شىپالىق شەربىتىمۇ، جەننەتتى فىردەۋسنىڭ تائاملىرىدەك مەززىلىك غىزالارمۇ كار قىلمايدىغانلىقىغا سۈپۈرگەئاخۇن تامامەن ئىشىنەتتى.

يېڭى بىر مۇشەققەتلىك كۈندىن بەلگە بېرىپ چىللىغان خورازنىڭ ئاۋازى بېسىقماستىنلا ھويلىنىڭ دەرۋازىسى جىددىي تاقىلداپ كەتتى. تۇيۇقسىز، شۇنداقلا خىلىلا شەپىلىك چىققان بۇ ئاۋازنى ئىككىيلەن تەڭلا ئاڭلىدى ـ دە، ئەجەبلەنگەن نەزەر بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، قوللىرىنى دۇئادىن چۈشۈرۈشتى.

— مەن نۇرەك باخشى، دەرۋازىلىرىنى چاپسان ئاچسىلا بېگىم، مەن نۇرەك باخشى...

سۈپۈرگە ئاخۇن نۇرەك باخشىنىڭ يىگىتلەرنىڭكىدەك چا-
قىلداپ تۇرىدىغان ياڭراق ئاۋازىنى بىر ئاڭلاشتىنلا تونۇۋالدى،
سەندەل كەشىنى پۇتىغا سىپىپلا دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى.
بۇ چاغدا كۈنچىقىش تەرەپ كۆزگە تاشلانغۇدەك ئاقى-
رىپ قالغانىدى. خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ ئۈزۈپ-
ئۈزۈپ قاۋاشلىرى يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ
سوغۇق شامىلى ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى.
— شۇنچە سەھەردە كېلىپ قاپتىلا نۇراخۇن، چېرىك
كەلمىگەندۇ يەنە؟ — سورىدى سۈپۈرگەئاخۇن تاقىتىنى ئارانلا
بېسىپ، سالام-سائەتتىن كېيىن چاقچاق ئارىلاش.
— ئىلاھىم كۆرسەتمىسۇن ئۇ چېرىكلەرنى، — نۇرەك
باخشى سۆزلەۋېتىپ توختىماي ھاسىرايتتى، گەپلىرىمۇ ھە دې-
گەندىلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى، — بۇ دورەم خۇش خەۋەر ئې-
كەلدىم... كارۋان كېلىۋاتىدۇ، كارۋان! رەۋەندىلەر توپا مەھەل-
لىسىگە ئاش ۋاقتىغا يېقىن يېتىپ كېلەرمىكىن دەيدۇ!
سۈپۈرگەئاخۇن نۇرەك باخشىنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغان-
لىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ھاياجانلىق تىترەك ئاۋازى بىلەن:
— ئاغزىڭغا مۇشتتەك ياغ! — دەۋەتتى.
— بېگىم، بۇرغىنى ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇپ راسا بىر
چېلىۋەتمەيمۇ، پۇقرالار خەۋەر تېپىپ كارۋاننىڭ ئالدىغىلا
چىقىشسۇن، — دېدى نۇرەك باخشى يېنىدا تۇرغان ئېشىكىنىڭ
نوختىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.
— يوقسۇ، يوقسۇ نۇراخۇن، پۇقرالارغا ئاغزىمىزدىلا خەۋەر
قىلىلى، كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىدىغىنىمىزنى ئابدۇراخمان
كۆك كۆز بىلىپ قالدىمۇ، يولىمىز توسۇلدى دېگەن گەپ!
سۈپۈرگەئاخۇن نۇرەك باخشىغا خوش دېيىشكىمۇ ئۈل-
گۈرمەي كەينىگە بۇرۇلدى، ئوقتەك ئېتىلغان پېتى ئايۋانغا

كىرىپ كېلىپ، پەگاھدا نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان بوۋاينى قۇچاقلاپ يىغلىغىنىچە تىكىلگىنىچە تاس-تاماس قالدى.

— كارۋان قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ سەپەرئاخۇن ئاكا، تېز بولسىلا، باللارنى كۆرۈۋالسىلا! قېنى سىلى، چىنارئايىم؟

چىنارئايىم دەرۋازا قېقىلغاندىلا ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كارۋان كېلىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، چالا ئويغۇنۇق ھالدا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ تۇرغان باللارنى كىيىندۈرۈۋاتقاندا ئېرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— لەببەي!

—ئوبدان خوتۇن، —دېدى ئوبدانلا ھاياجانلانغان سۈپۈرگەئاخۇن يار ئېلىپ كەتكەن ئېرىنى توسۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا، — مەن سەپەرئاخۇن ئاكام بىلەن باللارنى ئېلىپ ئابدۇللائاخۇننىڭ ئالدىغا چىقاي، سىلى راسا ئوخشىتىپ بىر سۈيۈقئاش ئەتكەچ تۇرۇڭلار، بىچارە ئابدۇللا ئىسسىققىنا ئىچىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالسۇن، يەنە قاتلىما پىشۇرۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇماڭلار!

— ئەجەبمۇ تولا تاپىلاپ كەتتىلىغۇ ئادەم، ئابدۇللائاخۇن ئۆزۈمنىڭ ئىنىسى تۇرسا، قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالدىلىمۇ نېمە؟ — دېدى چىنارئايىم ئېرىگە ئەركىلىگەن ئاھاڭدا.

نۇرەك باخشى سۈپۈرگەئاخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شاتۇردەك تېزلىك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن ئىشىكنىڭ بىرىنى قېقىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— كارۋان قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، چىرىيلىك بولساڭ تۇغقانلىرىڭنىڭ ئالدىغا چىق!

— كارۋان قايتىپ كېلىۋاتقانىمىش!

— تۇغقانلىرىمىزنىڭ هالى نېچۈك بولدىكىن؟

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست بۇرادەرلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ كۆزى تۆت بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خەۋەرنى ئىشىتىشقا قول ئۇزاتقانلىرىدا ياكى جاينامازدا ئولتۇرۇپ مۇناجات ئوقۇۋاتقىنىدا ئاڭلاشتى. ئالۋانغا تۇتۇلۇپ قەھرىتان سوغۇقتا سەپەرگە چىقىشقا مەجبۇر بولغانلارنىڭ ئەمەلدە ئەل بېشىغا كەلگەن مۇشەققەتلىك ئىشنى بىر ئۆزىلا تارتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۇلار بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا توپا مەھەللىسىگە قاراپ ئاتلاندى ۋە كۈن كۆتۈرۈلمەستىن بۇرۇنلا مەھەللىنىڭ غەربىدىكى باش- تېرەك دەپ ئاتىلىدىغان يالغۇز تېرەكنىڭ يېنىغا جەم بولۇشتى.

ئېگىزلىكى 40 - 50 گەز كېلىدىغان، ئىككى مولۇق يەرگە سايە تاشلايدىغان باشتېرەك چىرىيە بوستانلىقى بىلەن تەكلىماكان دەشتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەكشىلىككە جايلاشقا- نىدى. تېرەك ئەتراپىدىكى يىل بويى يوپۇرماق توختىمايدىغان يۇلغۇن، سۆكسۆك، قامغاق ئۆسۈملۈكلىرى ئەمدىلەتىن ياشىرىشقا باشلىغان، قوي مايىقى، ۋە تۆگە قۇملىقى بىلەن ئارىلىشىپ تۇرغان قۇمساز توپا ئارىسىدىن ئۇشلاپ قويغان قوزۇقتەك بۆرتۈپ چىققان قومۇش نوتىلىرى ھەدەپ بېسىپ كېلىۋاتقان قۇمغا بوي بەرمەسلىككە قەسەم ئىچكەندەك، چوڭقايماقتا ئىدى.

باشتېرەكنىڭ يوغان غولىغا يۆلىنىپ تۇرغانلار، بىر- بىرىنى قولتۇقلىشىۋالغانلار قېتىپ قالغان دەريا ئۈركىشىدەك مىڭگىشىپ ياتقان بارخانلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يولغا تەقەززالىق بىلەن كۆز تىككەتتى. ئايغى يېنىك باللار بار- خانلارغىچە يۈگۈرۈپ بېرىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بوۋاقنىڭ كۆكۈلىسىدەك غۇژمەك ئۆسكەن يۇلغۇن تۈۋىگە چىقىپ

كارۋان يولغا بوينىنى سوزۇپ قارىشاتتى. كۆككە تاقىشىدىغان سەگۈلەرگە، ئاجىز شاخلارغا چىقىپ قۇشقاچ ۋە تورغاي تۇخۇملىرىنى ئېلىشتا داڭقى بار ئۈچ-تۆت يېلەن باشتېرەككە چىقىپ كارۋاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەڭ بۇرۇن خەۋەر بېرىش كويىدا ئۆزىنى سىناپ كۆرۈشمەكتىيۇ، ئىككى ئادەم بويى ئۆرلىمەيلا يۇمشاق قۇم ئۈستىگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلىپ، ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى.

باشتېرەك تۈۋىدىكى يۇقىرىلار «كارۋان كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە تۆرەك باخشىنى ئىزدەپ يۈرگەندە، باشتېرەك غولىغا قولىقىنى چاپلاپ تۇرغان مەتقاسىم سۇس ئاڭلىنىۋاتقان كولدۇرما ئاۋازىنى ئىلغا قىلالىدى ۋە كارۋاننىڭ يېقىنلاپ قالغىنىدىن ئىشەنچلىك خەۋەر يەتكۈزدى.

كارۋان يولغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانلار «ئەنە كەلدى، مانا كەلدى» دېيىشىپ چۆل تەرەپكە قاراپ قاش بىرۇغان سەلدەك ئېقىپ بىرەر يۈز قەدەم ئىچكىرىلىگەنچە، كارۋان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى.

كىشىلەر ئالدى بىلەن ئالدىنقى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، قولىنى قوشتۇرۇپ، يالىڭاياق هالدا كېلىۋاتقان هېمىت قاشقىنى، تۆگە ئۈستىدە كېتىپ ئولتۇرغان ناتونۇش كىشىلەرنى كۆردى. ئادەملەر توپى كارۋان بىلەن كېلىۋاتقان تۇغقانلىرىغا، يۇرتداشلىرىغا ئېتىلدى، چۆل قوينىنى ئۆزلىرىنى پاناھىدا ساقلاپ تۇغقانلىرى بىلەن سالامەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغان ئاللاغا بېغىشلانغان تەشەككۈرلەر، ۋىسال سائەتلىرىدە ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىق ۋە هاياجان يىغىسىنىڭ سادالىرى بىرئالدى. قۇچاقلىشىپ، كۆز يېشى دەرياسىغا غەرق بولغان كىشىلەر كارۋاننى يۇرتقا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يەتكۈزۈش مەقسىتىگە

يېتەلمەي جىلە بولغان ھاپىزنىڭ قاچىسىغا ۋە تىل-ئاھانەتلىرىگە ھېچ پەسەنت قىلمايتتى.

ھەسەن بىلەن ھۆسەننى يېتىلەپ كېلىۋاتقان سۆپۈرگەئاخۇن ئۇدۇل كەلگەن يۇرتلۇقلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەچ، تۆگىلەر قاتارىنى بويلاپ سۆرۈلمەكتە ئىدى، نۇرەك باخشى يۆلەپ كېلىۋاتقان سەپەر بوۋايمۇ سالام بەرگەنلەرگە سالام قايتۇرغاچ، سۆپۈرگەئاخۇنغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

سۆپۈرگەئاخۇننىڭ تەقەززالىق تېپىشىپ تۇرغان كۆزى رۇخسەتسىزلا چۆكۈۋېلىشقان تۆگە ئەتراپىدىكى مىغ-مىغ ئادەملەر ئۈستىدە بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك چاپسانلىق بىلەن يۈگۈرەيتتى.

ئۇ بىرەر چىراينىمۇ نەزەرىدىن قاچۇرماي زەن قويۇپ كۆزەتكەنچە، ئەڭ ئاخىرقى تۆگىنىڭ يېنىغىمۇ يەتتى. ئىزلىگەن ئادىمىنى — قوشۇما قاشلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، بەستىدىن مەردانىلىق يېغىپ تۇرىدىغان يىگىتنى تاپالمىدى. يامانلار ھېيىقىدىغان، ياخشىلار ۋاپادارلىق مېھرى ۋە كۆكلەم ئەكسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان قوي كۆزلەرنى ئۇچرىتالمىدى.

— سۆپۈرگەئاخۇن ئاكا، دادام قەيەردە، ئۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— ئاۋۇ ئادەم دادامغا زەپمۇ ئوخشايدىكەن!

— سۆپۈرگەئاخۇن ئاتىلىق مېھرىنى يۈرىكىدە تېپىپ، قانچە ئاخشاملارنى سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۆتكۈزگەن، دادىسىنى چۈشىدە كۆرگەنلىرىدە نەچچە قېتىم تاتلىق كۈلۈپ، بوۋىسىنىڭ ساقىلىغا قولى تېگىشى بىلەنلا ئويغىنىپ كەتكەن بالىلارنى ئاۋۇندۇرۇپ قويۇپ، ئادەملەر توپى ئارىسىنى چاقماقتەك يېرىپ يۈرۈپ ئۇچرىغانلا كىشىدىن: «ئابدۇللائاخۇننى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سوراشقا باشلىدى.

كارۋان ئالۋىسىدىن قايتىپ كەلگەنلەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇئالىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بىر ئەسكى ئىش قىلىپ قويغاندەك ۋەيايكى كۈچلۈك شولىغا دۇچ كەلگەندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادىلىپ قارىيالمايتتى. ئانىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان قوزىچاقلاردەك ھەريان چېپىپ، بۆلەك ئىغىلغا سولانغان بۇ-تىلاقلاردەك بوزلاپ يۈرگەن بالىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ ئوتلۇق ئۇھ تارتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. لەۋلىرىنى چىشلەيتتى.

— ئابدۇللائاخۇن قەيەردە؟

— دادامنى كۆردۈڭلارمۇ ئاكىلار؟

— ......

بىر قورقۇنچلۇق يامان پەرەز سۇپۇرگەئاخۇننىڭ مېڭىسىگە رۇخسەتسىزلا كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىنى بويلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سىرقىرىتىپ، يۈرىكىگە چاڭگاھتەك قامال سالدى. ئۇ بۇ پەرەزنى ھەيدەپ باقتى، قوغلاپ باقتى، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ھەربىر ئۆگىسىگە چاپلىشىۋال-غاندەك، زادى نېرى كەتمىدى.

ئۇ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ، توغراكەلگەنلا كىشىنى ئۈرۈۋاتقان ھاپىزنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، كەسكىن ئاھاڭدا:

— بۇ بالىلارنىڭ دادىسى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ھاپىز ھەسەن بىلەن ھۆسەنگە قاراپ چىقتى-دە، پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇرۇپ:

— بۇ يېتىمئوغلاقلارنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، سۇتتەھەم، ئابدۇللا قېنى دەۋاتىمەن؟

— ھە ئابدۇللا چاققانمۇ؟ ئۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى، تىلىكى ئىجاۋەت بولغان بولسا ھازىر ئۇ جەننەتتە تويغۇدەك

ئانغا ئېرىشىپ قالغاندۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ يېنە بىر دېگىنە شۇ گېپىڭنى!

— تۇغرىسىنى ئېيتسام، ئۇ خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلماي، ئۆزىنى ياردىن تاشلاپ ئۆلتۈۋالدى، — دېدى ھاپىز بەخىرامان ھالدا، — بۇنداق ناشۈكرىلەرگە جەننەت نەدە تۇرۇپتۇ، ئۇ بەلكى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتىدىغاندۇ!

— تۇفىي!

سۇپۇرگەئاخۇن ھاپىزنىڭ يۈزىگە تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تۈكۈردى-دە، يىغلامسىراشقا باشلىغان باللارنى يېتىلەپ، كەلگەندىن بېرى ھېچكىم بىلەن كارى بولماي، بىر چەتتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ھەممەت قاشقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغا سەپەر بوۋاي، نۇرەك باخشى، تۆمۈرچى قادىر-ئاخۇنلارمۇ پەيدا بولدى. ھاپىزنىڭ شۇم گېپىنى بايا ئۇلارمۇ ئاڭلىغان ۋە يېرىلىپ كېتىشكە تەييار بولۇپ قالغانىدى.

سۇپۇرگەئاخۇن ھەممەت قاشقىدىن ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، سورىدى:

— ھەممەتئاخۇن ئاكا، ئابدۇللائاخۇنغا زادى نېمە ئىش بولدى؟ ھاپىزنىڭ گېپىگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ماۋۇ نارەسىدە باللارنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ راست گەپ قىلسىلا!

قارىيىپ، مومدىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغان ھەممەت قاشقا ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئېچىلىپ قالغان يوتىسىنى ئالمان-تالمان يۆگىۋالدى. سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ئۆزىگە ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ سالام بەرگىنى ۋە ھال-ئەھۋال سورىغىنى سەۋەبلىك ئېرىپ تۇرغان كۆڭلى بىردىنلا بۇزۇلدى-دە، ئارام-ئارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ھاپىزنىڭ دېگىنى راست، ھاپىزنىڭ دېگىنى راست، ئاللا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئەكەتتى...، — دېدى.

— ھۇ ئۆلگۈر تاپ، كۆتۈك يەرگە چاپلىشىپ قالىدىمۇ سېنىڭ، قوپ، تۆگىنى تارت دەيمەن! ئاقپاششا پۇقراسى دېگەن مۇشۇنداق لامزەللە، لىڭتاسىما بولامدۇ؟

تاراسلاپ تەگكەن قامچا ھېمىت قاشقىنىڭ كونا تەلپىكىنىڭ يۈڭىنى خۇددى ئاتقۇچىنىڭ دۈكىنىدىن توزۇغان پاختىدەك توزۇتىۋەتتى. ئۇ ھاپىزغا ھومىيىپ قويۇپ، تۆگە چۇلۋۇرىنى بېلىگە باغلىدى-دە، تۆگىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. بۇ جاپاكەش مەتەنىڭ بۇيرۇقىغا ئۆگىنىپ كەتكەن تۆگىلەر ئۇنىڭ تاياق يېگىنىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك، بوزلىشىپ ئاياغقا تۇرۇشتى.

— ۋاي دادام، ۋاي مۇرەببىيىم دادام، بىزنى تاشلاپ قەيەرگە كەتتىڭ دادام؟!...

كارۋان مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى، كارۋانغا خۇددى جىنازىغا ئەگەشكەن نامازخانلاردەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان پۇق-رالار ئىچىدە بېشىنى سىلىپ مېڭىۋاتقان بوۋايغا ۋە بوۋىسىنى قۇچاقلاپ ئاھ ئۇرۇپ كېتىۋاتقان نارەسىدە يېتىملارغا قاراپ ياقىسىنى يىرتمىغان، كۆز يېشى قىلمىغان بىرمۇ ئىنسان قالمىدى. تەقدىرگە ئوقۇلغان لەنەت-نەپرەتلەر، لەنىتى زالىم-لارغا ياغقان قارغىشلار، نالە-زارلار بىر خىل رىتىمدا گۈمبۈرلەۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك غولداپ ئېچىنىشلىق بىر ماتەم ساداسىغا ئايلاندى-دە، پۈتكۈل چىرىيە زېمىنىغا گويا تاغ كەلكۈنىدەك يامراپ كەلدى.

مەغرىب ئۇپۇقىدا مىنگىشىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئار-قىسىدىن ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن مانان كۆك ئاسمان گۈمبىزىنى تۆكۈلگەن غازاڭ رەڭگىدە سارغايت-تى، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇياشمۇ ئۆز قارنىغا يۇتۇپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شامال ئىلاھى كويىقاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تاشلىدىمىكىن، ئەتىگەندىن بېرى غۇيۇلداپ ئۇرۇۋاتقان شامال چۈشپېيىندىلا توختىدى، يەر-ئاسمان ئارىسىدا سۈرلۈك بىر سۈكۈنات پەيدا بولدى. كەڭ ئاسمان گۈمبىزىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىتاپنىڭ چېھرىدەك سارغىيىپ تۇرغان ماناندىن يەر يۈزىگە تۆكۈلگەن كۆزگە كۆرۈنمەس زەررىلەر ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا ئاندا-مۇندا ئېچىلغان تۈنجى چېچەكلەرنىڭ قىزغۇچ رۇخسارىنى بىر قەۋەت نېپىز توپا بىلەن خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كۆكلەم ئەلچىسىنىڭ يارقىن نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە باشلىدى.

جىنايەتلىك كارۋاننى جىبىرىق مەھەللىسىگە كەلمەستىنلا كەينىدە قالدۇرغان ھازىچىلار كۆتۈلمىگەن زەربىدىن ئۆزىنى يوقىتاي دەپ قالغان سەپەر بوۋاينى يۆلەشتۈرۈپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە، «ۋاي دادەي» ئاھاڭىدا غىڭ-شىغاچ، خېمىر پىلتە قىلىۋاتقان چىنارئايىم ئوچاق يېنىدىكى تۆۋرۈككە يۆلەنگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇ كىرىۋاتقانلارنىڭ چىرايىغا ئىنتىك زەن سېلىپ چىقتى-يۇ، ئابدۇللانىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، مەغرۇر چىرايىنى كۆرمىدى. سەپەر بوۋاينىڭ بىر سائەت ئىچىدىلا شىرنىسىنى شورىۋالغان شاپتۇل-دەك پۈچۈلۈپ كەتكەن چىرايىدىن، نارەسىدە باللارنىڭ ياش داغلىرى قېتىپ قالغان مەڭزىدىن، ئېرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندى بولغاي، ئۆزىنى توخ-تىتالماي قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ۋاي شور پېشانە ئىنىم، جاھان سىلىگە باقمىدىمۇ ئىنىم، بىچارە دادىلىرىنى، نارەسىدە باللىرىنى تاشلاپ كەتتىلىمۇ ئىنىم، كېچە-كۈندۈز يوللىرىغا تەشنا بولغان قارچىغىدەك باللىرىنىڭ مەڭزىگە بىر سۆيۈۋالسىلىچۇ ئىنىم... ۋاي ئىنىم...

www.uyghurkitap.com

سەبىي باغرى يېتىملىكنىڭ دەردىدە زەردابقا تولۇپ، ماتەم چاڭگىلىدا تىتىلىپ كەتكەن ھەسەن بىلەن ھۈسەننى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئېچىنىشلىق داد-پەرياد قىلىۋاتقان چىنارئايىمنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ھازىدار مويسىپىتتەك سۆكۈتتە تۇرغان ھاسىتېرەكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن مەھەللىگە تارىلىپ كەتتى. قانىتىدىن ئايرىلغان لاچىندەك قىقاس سېلىۋاتقان سۈيۈرگەئاخۇن ياش دەرياسىغا غەرق بولدى، ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان ئەر-ئايال يۇرت پۇقرالىرى بىردەمدىلا ھويلىغا توشۇپ كەتتى.

— يىغلاشمىسىلا خانىلىرىم، غوجىلىرىم، ھەممىمىز ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلدۇق، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز، رىزقىمىز ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىق، ئۆلگەنگە يىغلاش ئاللانىڭ تەندە ئامانەت قويغان جاننى ئەكەتكەنلىكىگە نارازى بولغانلىق بولىدۇ، يىغلاشمايلى، يىغلاشمايلى...

ھازىدارلار قايتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ھويلىسىدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولغان رەسۇل ئىمام ماتەمدارلار ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرۈپ، يىغا-زار قىلىۋاتقانلارغا تەسەللى بەرگەچ، سۈپىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى-دە، پاتىھە ئوقۇشقا باشلىدى.

ئارىدا ئابدۇراخمان كۆك كۆز ئەۋەتكەن ئىككى ئادەم قامچىسىغا تۈكۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىپ، پۇقرالارغا: «ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىش تۇختاتتىڭ» دەپ خېلى سىياسەت قىلىپ باقتى، لېكىن تۈگۈلگەن مۇشتلاردىن، گۈلەيگەن كۆزلەردىن ئەيمىنىپ، بەدەر تىكىۋېتىشتى.

بىر كۈن داۋام قىلغان يىغا ئاۋازى قاش قارايغاندا ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. رەسۇل ئىمامنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن قىرائىتى قارىلىق

تۇتۇپ جايىمىزدا ئولتۇرغان جامائەتنىڭ يۈرىكىنى تىترەت-
تى. ئۇنىڭ ئەركەك مىجەز ئاياللارنىڭ ئاۋازىدەك ئىنچىكە،
تاشلىقتا بادرا سۈرگەندەك ئېگىز - پەس چىقىدىغان ئاۋازى بۇ
چاغدا ھېچكىمگە يېقىمسىز بولۇپ تۇيۇلمىدى.

— تالاغا چىقسام، دەرۋازا ئالدىدىكى ئۆجمە تۈۋىدە بىر
قارا نەرسە تۇرىدۇ، — دېدى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئاق
ياغلىق سېلىۋالغان چىنارئايىم، — كىم دېسەم، مەن
دېمەيدۇ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى،
باشقا بىر نەرسىمىكىن دېسەم تېخى...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ھېلىخىچە شىددەت بىلەن دۈپۈلدەۋات-
قان يۈرىكىنى ئىزىدا جۇشۇرمەكچى بولغاندەك، كۆكسىنى بې-
سىپ قويدى. ئايالىنىڭ چىرايىنىڭ باشقىچە بولۇپ كەتكەن-
لىكىنى كۆرگەن سوپىيۇرگەئاخۇن قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەپ،
كەينىچە سۈرۈلۈپ سۇپىدىن چۈشتى - دە، ھېچكىمگە تۇي-
دۇرماي تالاغا چىقتى.

تالا خېلى قاراڭغۇ ئىدى. بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىلا
كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ جۇمۇلە ماڭغاندەك ئاستا سۈرۈ-
لۈۋاتقان مانان ئارىسىدىن يىراقتىكى تاغ بېشىدىكى كۆيۈ-
ۋاتقان چىراغتەك پىلدىرلاۋاتقان يۇلتۇزلاردىن تۆت - بەشىنى
كۆرگىلى بولاتتى. قۇدۇق چىغىرىقىنىڭ قارغىشتۇر بالا يىغ-
لاۋاتقاندەك غىچىرلىشىدىن ئۆزگە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلان-
مايتتى.

ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، چىنار-
ئايىم ئېيتىپ بەرگەن ئۆجمە دەرىخى تۈۋىگە قارىدى. شې-
خىنى كېسىۋېتىپ، بىر تال كۆتەككىلا ئايلىنىپ قالغان يوغان
چېقىر ئۆجمىنىڭ تۈۋىدە راستتىنلا بىر قارا گەۋدە تۇرغاندەك
قىلاتتى. تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئەتە - ئاخشاملىرى بۇ ئۆجمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرىخى يېنىدىن كۆرمىك قېتىملاپ ئۆتۈپ، ھەر بىر كامار، ھەر بىر چۇقاتماقمۇ كۆزىگە سىڭىپ قالغان سۇپۇرگەئاخۇن بۇ كەۋدىنى ئاسانلا سىزىۋالدى ۋە ۋارقىرىدى:

— كىم؟

— .......

ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ھېلىقى كەۋدىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ يەنە ۋارقىرىدى:

— كىم ئۇ يەردە تۇرغان؟

قارا كەۋدە سەل-پەل مىدىرلىغاندەك قىلدى. ئاسلان مىياڭلىغاندەك بىر ئاجىز، مىسكىن ئاۋاز سۇپۇرگەئاخۇننىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك بولدى.

ئۇ كەينىدىن چىقىپ كەلگەن چىنارئايىمنىڭ قولىدىن پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان قارا چىراغنى ئېلىپ، چىقىر ئۈجمە تۈۋىگە ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ باردى. ئۈجمىگە يۆلىنىپ تۇرغان كەۋدىنى ئېنىق كۆردى، ئۇنى تونۇدى ۋە تۈۋلىۋەتتى:

— ھوي، ھىممەتئاخۇن ئاكامغۇ بۇ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇردىلا؟

مولىسىدىن ئەدەب يېگەن كىچىك بالىدەك بېشىنى سىلىپ، تىرنىقىنى كولاپ تۇرغان ھىممەت قاشقا چىراغ يورۇقىدىن كۆزىنى قاچۇرغاندەك، زادى ئۈستۈن قارىيالمايتتى. ئاشقىنىڭ قوراق جەندىسىدەك كونا چاپان ئىچىدە تۇرغان بەستى شىۋىرغانغا دۇچ كەلگەن غازاڭدەك تىترەيتتى. ئۇ ئۈجمە دەرىخى تۈۋىدە خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولسا كېرەك، كاداڭ جىگدە قوۋزىقىدەك قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەن يالىڭاياغلىرى يىغىلىپ قالغان قۇمساز توپىغا خېلى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەندى.

ئۇ، سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ئۆز يېنىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ، قۇشقاچ چاڭگىسىدەك تىتىلىپ كەتكەن تەلپىكىنى قولىغا ئالدى ۋە چوققىسىدىن ئۆچكە چۈپۈرىدا ياسىغان تەپكۈچتەك بۆرتۈپ چىققان بىر تۇتام يۇڭنى سىيلاشقا باشلىدى. سۇپۇرگەئاخۇن «ھېمىتئاخۇن» دەپ خىتاب قىلغاندىن كېيىنلا ئاغزى ئۆمچەيدى، يول-يول توغرا سىزىقچىلار بىلەن تولغان لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرى نەملەشتى.

سۇپۇرگەئاخۇن ئۇنىڭ بۇ ھالىغا زادى چىداپ تۇرالمىدى-دە:

— بۇ يەردە تۇرغانلىرى نېمىسى ھېمىتئاخۇن ئاكا، يۈرسىلە ئۆيگە، — دېدى ئۇنىڭ يېڭىنىڭ بىر تال يىپ بىلەنلا تۇتىشىپ قالغان بىر يېرىنى تارتىپ تۇرۇپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ!

— نېمىشقا ئەمدى، تۇزۇت قىلمىسىلا ھېمىتئاخۇن!

— تۇزۇت قىلىشقا ھەددىم ئەمەس بېگىم، — ھېمىت قاشقىنىڭ كۆزى سۇپۇرگەئاخۇنغا يالۋۇرغان نەزەردە تىكىلدى، — ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم، مەرھۇم ئابدۇللائاخۇنغا بىر پاتىھە قىلىپ كېلەي دېۋىدىم، خۇش بولاي بېگىم، ئۆيگە كىرمەي، ئۆيگە كىرسەم يۇرتداشلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟

سۇپۇرگەئاخۇن بىلەن چىنارئايىم بىر باغلام قورايغا ئوخشاپ قالغان بۇ زامان بىچارىسىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئايۋانغا باشلاپ كىردى ۋە دەرھال داستىخان سالدى. يەنە بىرقانچە كىشى داستىخاندا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشتى.

ھېمىت قاشقا جامائەتنىڭ زورلىشى بىلەن بىر قاچا سۇيۇقئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپلا «كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ» دېگەن ئۆزرە بىلەن دۇئا قىلدى-دە، رەسۇل ئىمامنىڭ قى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رائىتىگە قۇلاق سالدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ جەزىبىلىك قىرائىتى ئىككى قولىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ، بېشىنى سەل قىيسايتىپ ئولتۇرغان ھېمىت قاشقىنىڭ قەلب ئىشىكىنى شىددەت بىلەن قېقىشقا باشلىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئەتىگەنلىك ئوچۇق ھاۋادا پارلىغان قۇياشتەك ئوتلۇق، قاشتېشىدەك سۈزۈك، پەرىشتىدەك پاكىز بولغان ئىمان نۇرى خۇنۇك قەلب ئۆيىنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى. ھەقىقەت سۆيى بىلەن سۇغىرىلغان ئەۋرىشىم، چىۋەر قوللار ئۇنىڭ روھىنى ئاستا سۇغىرىۋالدى ۋە جىمى گۇناھ-كەبىرلەردىن خالاس قىلىپ، ئۇنى ئانا قارنىدا قايتا ئاپىرىدە قىلدى. شەپقەتلىك ۋە كارامەتلەر ئىگىسى ئۇنى قايتىدىن تۆرەلدۈرۈپ، گەۋدە ئىگىسىنىڭ ئەينەن سۈرىتىگە كەلتۈردى-دە، قايتا تەۋەللۇت قىلدۇردى. يېڭى جان ۋە يېڭى تەن شۇ دەرىجىدە پاك ۋە بىغۇبار ئىدىكى، ئۇ ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن مېھرىبانلىقنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تۈپ نېگىزى دەپ چۈشىنىپ، ھەرقانداق تۈزكورلۇقنى ئىككى ئالەملىك گۇناھ دەپ بىلدى. بۇ يېڭى جان ۋە يېڭى گەۋدە شۇ قەدەر ئېسىل ئىدىكى، ئۇ تىرناقچىلىك يالغاننى ئامۇخاستىن پىنھان تۇتۇشنى ئۆمۈرلۈك بىدئەت دەپ قارىدى. شۇنچىلىك نومۇسخور ئىدىكى، ئۆز قەۋمىگە، ۋەتىنىگە ساداقەتسىزلىك قىلىش بۇ ئالەمدىمۇ، قىيامەتتىمۇ كەچۈرۈلمەيدىغان گۇناھ ئىكەن دەپ تونۇپ، نومۇس ئوتىدا كۆيۈپ، خىجالەت يالقۇنىدا ئۆرتەندى.

ھېمىت قاشقىنىڭ توختىماي ئۆپكىدەۋاتقىنىنى كۆرگەن مەتقاسىم ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ سورىدى:

— ھېمىتئاخۇن ئاكا، نېمە دەرد يەتتى سىلىگە؟ بىز ئۆز تۇغقانلىرى، نېمە گەپلىرى بولسا ئېيتىۋەرسىلە!

— قولىمىزدىن كەلسە، ھەمدەم بولىمىز!

— قېرىنداشلىرىم، تۇغقانلىرىم، — دېدى ھېمىت قاشقا ۋە پاكىگىدە ئېتىلىپ كەتتى. سۈپۈرگەئاخۇنغا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى، — مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، مەن سىلەردىن، يۇرتۇمدىن يۈز ئۆرۈدۈم، ئۇلار ماڭا نىجاسەتنى يە دېسە، يېدىم...

ئەسلىدە، كارۋان قەيسەردىن كىرىشى بىلەنلا كارۋان خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، سولاپ قويۇلۇپتۇ. خۇپتەن نامىزىغا تەرەت ئېلىش باھانىسىدە تاشقىرىغا چىقىۋالغان ھېمىت قاشقا تەقىپ ئاستىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە رەھمەتنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ-دە، ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەرد-ئەلەمنى تۆكۈۋېلىش ئۈچۈن تۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەپتۇ.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا ئاكا، سىلى بىر يامان ئىش قىلغانلىرى يوققۇ!

— ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، سېپىت ھاجىنىڭ مۇشۇنداق يامان غەرەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىلا گۇۋاھنامىمۇ ئالماس ئىدىلە!

— رەھمەتلىك ئابدۇللائاخۇندەك بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ ھېچنېمە دېگىلى بولمايتتى، ھېلىمۇ ساق-سالامەت قايتىپ كەپتىلا.

— ياق، ياق قېرىنداشلىرىم، — دېدى ھېمىت قاشقا كۆز يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، جىددىي تەلەپپۇز بىلەن، — مەن ئەمدى بىلدىم، بۇلار يامان غەرەزلىك ئادەملا ئەمەس، بەلكى چىلبۆرىلەر ئىكەن، چايانلار ئىكەن، خۇنخورلار ئىكەن!

سۈپۈرگەئاخۇن ھېمىت قاشقىنىڭ كېيىنىڭ تېگىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە گەپ بارلىقىنى پەملىدى-دە:

— ھېمىتئاخۇن ئاكا، جان دېگەننىغۇ ئاللا خالىسا بېرىدۇ، خالىسا ئالىدۇ، ئاللادىن بىئىزنى قىل تەۋرىمەيدۇ، لېكىن-زە، كۇپىرانىلىق بولسىمۇ سوردۇۋالاي، ئابدۇللائاخۇننى ئۆزىنى قاشتىن تاشلىۋالدى، دېگەن گەپكە ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، بۇ ئىشقا سىلە نېمە دەيلا؟ — دەپ سورىدى.

— دۇرۇس... ئۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس!

ھېمىت قاشقا كۆزىگە: «قېنى ئاكا، راست-يالغانغا ئۆزۈڭ گۇۋاھلىق بەر، بىز ساڭا ئىشىنىمىز» دېگەندەك ئۆتكۈر نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەرگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى-دە، ئىچىنى رەھىمسىز قۇرتتەك غاجىلاپ، بىئارام قىلىۋاتقان سىرنى بىراقلا تۆكۈۋەتتى. رەسۇل ئىمامىمۇ قىرائىتىنى كەلگەن يېرىدە توختىتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى...

ساندۇق-ساندۇقلاپ مەشۇت-گەزلىمىلەرنى نادىرخان بازار بېگى بىلەن بىللە قوشۇپ قورۇلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تېگىشلىك چۆپقەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھاپىز مەخسۇم بىر كېچە ئىچىدىلا تۆگىلەرگە قانداقتۇر يۈكلەرنى ئارتتۇزدى-دە، قايتىش سەپىرىگە قەدەم قويدى. ئەسلىدىكى تۆگىلەرگە يەنە شۇ بارابىرىدە تۆگە ۋە قانداقتۇر ئادەملەر قوشۇلغان كارۋان ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشكۈن قىلدى.

يىلاندەك ئەگرى-توقاي ۋە تۆگە دۈمبىسىدەك ئېگىز-پەس يوللاردا پۈتۈن بىر كۈن بۆشۈكتىكىدەك تەۋرىنىپ مېڭىپ بەللىرى سىرقىراپ كەتكەن خىزمەتچىلەر تاشتەك قېتىپ كەتكەن نان ۋە سوغۇق سۇ بىلەنلا قورسىقىنى ئانچە-مۇنچە ئەستەرلىگەندىن كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ، تاۋۇزدەك تۈگۈلگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى.

دالا خۇددى چوڭ مۇزخانا ئىچىدەك سوغۇق ئىدى. كۆتۈلمىگەندە توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان ھەمەت قاشقا ئابدۇللانىڭ يېنىغا بېرىپ، بارى-يوق چاپانلىرىنى ئۈشنىسىگە تاشلاپ، تۆگە چۈمىنى بېشىغا قويۇپ ياتتى. ئۇ يۇرتتىن ئايرىلغاندىن بېرى خۇددى نېمىسىنىدۇ يوقىتىپ قويغاندەك كۈن بويى مۇڭلۇق ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر چاپىنىنى بەردى ۋە مۇڭداشقاچ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئېھتىمال يېرىم كېچە بولسا كېرەك، پۈتۈن ئۇزايىغا نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇق ھەمەت قاشقىنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ بۇنداق سوغۇق ھاۋادا ئۇخلاپ قېلىشنىڭ توڭلاپ ئۆلۈش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە جەينىكى بىلەن يېنىدا ياتقان ئابدۇللانى نوقۇدى:

— ھوي، تۇرغىن ئىنىم، تۇرغىن، مۇڭداشقاچ مېڭىپ يۈرۈپ تېنىمىزنى ئىسسىتمىساق بىكاردىن-بىكار توڭلاپ ئۆلىدىغان ئوخشايمىز...

بىراق، ھەمەت قاشقىنىڭ جەينىكىگە ھېچ نەرسە ئۇرۇنمىدى. ئاخىر ئۇ بىرلا دومىلاپ كەينىگە قارىۋىدى، كۆزىگە تۆگە چۈمى ۋە بىر چاپاندىن ئۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇ نېرىراقتا كىمدۇ بىرىنىڭ بىراۋنى دۈشكەلەۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، قورۇپ قالغان قورايلار ئارىسىدىن ئارىلىغىنىچە ئاۋاز كەلگەن ياققا قاراپ ماڭدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزىگە تۆت گەۋدە چېلىقتى. ئۇ بىر ئازگالغا جايلىشىۋېلىپ، پېتىپ كېتىۋاتقان ئاي يورۇقىدا ئالدى تەرەپكە نەزەر سالغاچ، قۇلىقىنى دىڭ قىلدى.

ھاپىزنىڭ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتقان گېپى ھەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاشقىنىڭ قۇلىقىغا كىردى:

— ئەمدى تىركەشكىنىڭمۇ بىكار يىگىت، تۆگىلەرگە ئارتىلغان يۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىكەنسەن، بۇ مەخپىيەتنى ئۇدۇل گۆرۈڭگە بىللە ئەكەتكىنىڭ تۈزۈك، پېقىر مەخپىيەتنى ساقلاشنىڭ چارىسى نېمە ئىكەنلىكىنى بەكمۇ ئوبدان بىلىدۇ! ھازىرلا تىك ياردىن يىقىلىسەن-دە، ئۆزۈڭنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا كۆرىسەن!

ئابدۇللانىڭ قول-پۇتى ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ، ئاغزىغا بىر نەرسە قاپلانغان بولسا كېرەك، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ تىركەشكەندىن كېيىن ئاۋازى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى:

— چۈچۈرىنى خام ساناشما، جىمى مەخپىيەتلىرىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولماي قالمايدۇ. سەللىلىك يىرتقۇچلار، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش، سەن ئالۋاستىلارغا يالۋۇرىدىغان ئاغزىم يوق!


— ئوبدان گەپ قىلدىڭ يىگىت، پېشانەڭگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجىڭ يوق، قانچە ۋارقىرىساڭمۇ ئاۋازىڭ ھېچ يەرگە يەتمەيدۇ. ساڭا بۇ چۆلدە ھېچكىممۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ياردەم بەرمەكچى بولغانلارمۇ ئۆزىنى يار تۈۋىدە كۆرىدۇ.

ھىممەت قاشقا قالايمىقانلىشىشقا باشلىغان پىكرىنى ئۆز ئىزىغا سېلىپ ئېتىلىپ چىقماقچى بولغاندا، يار ئۈستىدە تۆت گەۋدىنىڭ ئۈچىلا قالغان ۋە ئابدۇللانىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچكەندى.

نېمە ئىلاج، ھىممەت قاشقا قانچىلىك غەزەپلەنسىمۇ يەنىلا شۇ ئاجىز، ئورۇق، ماغدۇرسىز ھىممەت قاشقا ئىدى. چۈمۈلە ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ پىلغا تەڭ كېلەلىسۇنمۇ؟

ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ۋەھشىيلەرنىڭ رە-
زىل قىلمىشىغا شاھىت بولۇپ، كۈلتۈك قار بىلەن تولغان
ئورىدا يېتىپ، كۆز يېشى بىلەن كەكە ساقىلىنى نەمدەۋاتقان
ھىممەت قاشقا ئەقلىنىڭ بىردىنلا ئۆسۈپ قالغانلىقىنى، ئەمدى
ھېچكىممۇ ئېتىبار بىلەن قارىمايدىغان ھىممەت قاشقا ئەمەس،
بەلكى دۇنيادا كەم بولسا زادى بولمايدىغان ئادەملىكىنى
ھېس قىلغاندەك بولدى. چۈنكى جىنايەتلىك كارۋاننىڭ ھە-
قىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى يۇرتداشلار ئالدىدا ئاشكارا قىلىش
بۇرچى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى. ئۇ بۇ كېچىدە يۈز بەرگەن
پاجىئەگە بىردىنبىر گۇۋاھ ئىدى! شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىش-
تىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى
تاپتى - دە، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن،
پارچە - پارچە قىلىپ، قار ئۇچقۇنلىرىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى...

ئابدۇللانىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئال-
لىبۇرۇنلا مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىغانلار ھىممەت قاشقىنىڭ
سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئاۋازىنى بېشىغا كىيگۈدەك نالە - زار
قىلدى. بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە كۆكسىنى مەردلەرچە كې-
رىپ بېرىپ، جېنىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانمىغان، ھايا-
تىنى بەدىلىگە ئەل - يۇرت قەدرىنى ساقلاپ، دۈشمەنگە تىز
پۈكمىگەن قېرىنداشنىڭ جۇدالىق دەردى سۈپۈرگەئاخۇننىڭ
يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. ئابدۇللانىڭ كونا جۇۋا
مەيدانىدىكى كەسكىن قىياپىتى، خۇشاللىنىش ۋاقتىدىكى
زورىغا كۈلۈمسىرەۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىغا كەلگەن-
دە بولسا، ياش دەرياسىغا غەرق بولۇپ، ماتەم ئوچۇقىدا
ئۆرتەندى. «نېمىدەپ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كەلگەندىمەن»
دەپ يۈزمىڭ پۇشايمانلار يېدى. ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى سە-
ۋەبى بىلەن ۋۇجۇدىدا قايناۋاتقان غەزەپ ئىسيان ئارزۇسى



— ئالدىمنى كۆرۈن چىقىشقا قىلىپ يۇرتۇمغا قارىۋالاي، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىلىش!
— قارىساڭ قارىۋال يىگىت، ئۇ تەرەپ يات ئارىدا سېنىڭ يۇرتۇڭ بولماي قالدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكىلدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا سەپەر بوۋاي ھاسىسى بىلەن تۈۋرۈككە بىرنى سالدى - دە، كۆزىدىكى ياش دىبغىنى يېڭى بىلەنلا ئېرتىۋېتىپ:

— بولدى يىغلاشماڭلار، قانچە كۆز يېشى قىلغان بىلەنمۇ ئابدۇللائاخۇن بالام تىرىلىپ قوپمايدۇ. ئەمدى باشقىلارمۇ يىغلاپ باقسۇن! — دېدى.

— قېرىنداشلار، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا يىغلاشنى بەك يامان كۆرىدىغان. ئۇنىڭ روھىنى ئارام تاپقۇزسىمىز دېسەك، سەپەرئاخۇن ئاكام ئېيتقاندەك، باشقىلارمۇ يىغلاپ باقسۇن، — سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، — ئاغزىدىن ئىمان، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان بۇ قاتىللاردىن قانغا قان، جانغا جان تۆلىتىۋالماي بولمايدۇ!

— دۇرۇس، يۇرت بىزنىڭ، يەر، سۇ بىزنىڭ، يات تائىپىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، نومۇسنى ئاقلايمىز!

— سۈپۈرگەئاخۇن ئاكا، بىز نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىمىز!

— سەپەر ئاكا، دۇئا بېرىڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمىز ئۇ جاللاتلارنىڭ!

ئايۋان ئىچى كۆچلۈك ئۇتتا قايناۋاتقان داش قازاندەك قايناپ كەتتى. مۇشتلار تۈرۈلدى، كۆزلەردىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. بەزىلەر قولغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، سۈپۈرگەئاخۇن بىلەن سەپەر بوۋاينى ئورىۋېلىپ، دۇئا تەلەپ قىلىشتى.

— قېنى ئاتلىنىڭلار ئەزىمەتلەر، پېقىرنىڭ قىساسىنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇماڭلار. ئۇ ھارامزادىلەر مېنىڭ ئىماملىقىمنى تارتىۋالدى، ئىرىكچىلىك يولۇمنى توسۇۋەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپلەنگەن رەسۇل ئىمام.

جانىنى ئالقىنىغا ئالغان يۇقىرىلارنىڭ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلغانلىقىنى كۆرگەن ھەمىت قاشقا ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار قېرىنداشلار. ئۇ جاللاتلارنى سەل چاغلاپ، چورۇق بىلەن خامىپىغا سەكرىسەك بولمايدۇ. ئۇلار يۈك ئارىسىغا يوشۇرۇپ نۇرغۇن قورال-ياراغ ئەكەلدى. كارۋان بىللە كەلگەن ئادەملەرلا يىگىرمە نەچچىدىن ئاشىدۇ. مۇبادا مۇشۇ پېتىمىز بىلەن يۈگۈرۈپ بارىدىغان بولساق...، — دېدى.

— بۇ گەپلىرى راستمۇ، ھەمىتئاخۇن؟

ھەمىت قاشقا ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سوپۇرگەئاخۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىش ئۈستىدە پىششىقراق ئويلانماي بولمايدۇ، بۇرۇنقى ئاچچىق ساۋاق تېخى يادىمىزدىن چىققىنى يوق، — دېدى.

ئۇلار قىساس ئېلىش ئىشى ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن خېلى ئۇزۇن كېڭەشتى. چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەمىت قاشقا دەرھال قەشقەرگە قايتىپ كېتىدىغان، بامدات نامىزىغا ئاق مەسچىتكە بېرىپ، ئابدۇللانىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى جامائەت ئالدىدىلا ئاشكارىلايدىغان، ئاندىن كۆپچىلىك مەسچىتتىنلا قوزغىلىدىغان بولۇپ بىر قارارغا كېلىشتى. قادىر تۆمۈرچى كېچىلەپ نەيزە، قىلىچ سوقۇشقا، سوپۇرگەئاخۇن پالۋانلارنى جەملەپ، چاچما ئوقلۇق مىلتىقلارنى تەقلەپ، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئاق مەسچىتكە يېقىنىراق بولغان بىرەر دالىدا يوشۇرۇنۇپ، «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن سادا ئاڭلىنىشى بىلەنلا قوزغىلىشقا تەييار قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسمان بۇلۇتلۇق ئىدى. ئىمتاسلىق ئىچىدىكى تۆن قويـ ـنىغا بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھۇقۇشلارلا جاھان ئىسسىق ـ سوغۇقىدىن مۇستەسنا بولغان پادىشاھلاردەك، ھېچـ نېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا تـوختىماي ھـۇۋلايتتى. كىمنىڭدۇ ئاچ قالغان خورىزى بىرەر شۇملۇقتىن ئاگاھ بەرگەنـدەك ئۈـ زۈپ ـ ئۈزۈپ چىللايتتى.

يـول بويلـىـرىـدىـكـى قاتار تىـرەكـلەر 18 ياشـلىق يىگىتنىڭ كـۆچىگە كىلىپ، خـۇددى پەيـدەك يەڭگىللىشىپ قالغان ھېمىت قاشقىغا ئۇنى ئۇلۇغ ئىشقا ئۇزىتىۋاتقان قارا ـ ۋۇللاردەك تۇيۇلاتتى. ھاۋا قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئـۇنىڭ كـۆزى خۇددى كېچىسىمۇ كۆرىدىغان بولۇپ قالغاندەك، كەڭ يولنىڭ كىچىككىنە ئوڭغـۇل ـ دوڭغۇلىنىمۇ ئىنىق پەرق ئېتەتتى. ئۇ غايىبتىن كەلگەن كـۈچىنىڭ بىرەر كارامىتىگە مـۇشـەررەپ بولۇپ، كەچتىن بېرى ئىلىپتەك تۈزلىنىپ قالغان قەددىنى رۇسلاپ مېڭىپ، ئەتە پەيدا بولىدىغان ھاياجانلىق مەنزىرىـ لەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

تاغ قىيانىدەك ئـۇلـۇغ ئېقىن، ئېـقىن زەربىسى بىلەن كۈمپەيكۈم بولۇپ، لەنەت سۈيىگە غەرق بولۇۋاتـقان قەسىر، ئادالەت دارى ئارغامـچىسىنىڭ ئالدىدا ئـۆلـۈكتەك سارغىيىپ، بەزگەكتەك تىترەپ، ئەزرائىلنىڭ ئالقىنىدا تۇرغاندەك قورقۇپ كەتكەن سېيـىـت ھـاجـى، ئابلـىزقارى، ھـاپـىز مەخسـۇم ۋە يەنە...

ھېمىت قاشقا يول بويىدا خۇددى ئۆرە تۇرغان دىـۋـ دەك قارىيىپ تـۇرغان سـۆگەت كەينىدىن غىل ـ پال پەيـدا بولـۇپ، يەنە غايىب بولغان قارا گەۋدىنى كـۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى ۋە قەدىمىنى توختىتىپ ۋارقىرىدى:

ـــ كىم سەن؟

قارا گەۋدە تەرەپتىن سادا بولمىغاچ، كۆڭلى بىر نەرسەدىن خاۋاتىرلىنىپ، ئۆزىنى يولنىڭ يېنە بىر تەرىپىدىكى ئېرىق بويىغا ئېلىۋىدى، «مەن ئەزرائىل» دېگەن ئاۋاز بىلەنلا، بىر كۈچلۈك قول كېكىردىكىنى ئامبۇردەك قىستى.

ھېمىت قاشقا ھەرقانچە يۇلقۇنۇپمۇ بۇ كۈچلۈك قولنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۆزىنى ئاجرىتالمىدى، ۋارقىراي دېۋىدى، كېكىردىكى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك، ئاۋاز چىقمىدى.

— راستىڭنى ئېيت ئەبلەخ، سۈپۈرگىگە نېمىدەپ كاپىشىدىڭ؟

ھېمىت قاشقا گەپ سورىغۇچىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ يۈزى پوتا بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ئېنىق تونۇيالمىغان بولسىمۇ، خىرىس قىلغۇچىنىڭ ئاللانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغۇچى ئەزرائىل ئەمەس، بەلكى، سىپىت ھاجىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگۈچى جاللات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ:

— ھېچنېمە دېمىدىم، سىلەر قەتل قىلغان بىگۇناھ قېرىندىشىمغا ھازا تۇتتۇم! — دېدى.

— راستىڭنى دەمسەن يوق!

— ......

ئىككى قارا گەۋدە جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىۋاتقان ھېمىت قاشقىنى تېرەككە نىقتاپ تۇرۇپ گېلىنى چىڭ سىقتى-دە، تىنىقى ئۈزۈلگەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، جەسەتنى تاپ سۆرىگەندەك سۆرەپ، سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئەكىلىپ تاشلىۋەتتى.

# غەزەپ ئاتەشى

ئاق يۈزلەر قارا بولدى، يۈزە كۆلەر يار بولدى،
ۋەرت ئەھلىنى ئاتقان خەق يات يەرگە بار بولدى.

ماكانىدىن ئايرىلىپ، ياتقان يەر تار بولدى،
مەسلىھەت قىلمىغان ئىشلار بۇ باشقا بالا بولدى.

ئاق خان بىلەن قاراخان ئوسمان تەكىن پاشتا،
كەتمەككە بايان ئەيلەپ كېچە ياسىغۇق قاشتا.

— سېيىت مۇھەممەت سېيىت مۇھەممەت ئوغلى: «كۆچ - كۆچ قوشاقلىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 26. قانلىق پەيشەنبە

كۈيقاپ ئاغزىنى ئۈچ كۈندىن بېرى مەھكەم ساقلاۋاتقان شامال ئىلاھىغا ئەمدى ھارغىنلىق يەتكەن بولسا كېرەك، يۇرت ئاسمىنىدا ئۇيۇپ تۇرغان مانان تاڭغا يېقىن ئۇيۇر-ئۇيۇر پادىلاردەك كۆچۈشكە باشلىدى. تەرەتكە سۇ ئىسسىتىلىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن تىك كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈن كۆچۈۋاتقان مانانلارنىڭ كەينىدىنلا ئۇرۇلغان كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمى بىلەن يىلاندەك تولغىنىپ، چاڭ-توزان ئارىسىدا غايىب بولدى. ياپيېشىل جالا ئېسىشقان سۆگەت تاللىرى خۇددى تاغاق بىلەن تارىغاندەك كۈنچىقىش تەرەپكە ئېگىلىپ، قۇياشقا «تېزرەك ئالەمنى يورۇت» دەپ ئىلتىجا قىلغاندەك، بېشىنى لىڭشىتتى. يۇمران يوپۇرماقلىرىنى بوران زەربىسىدىن قوغداپ، ئاپەتكە بوي بەرمەيۋاتقان سۆۋادان تېرەكلەر تاكى يىلتىزىغىچە لەرزىگە كەلدى. باھار پەسلىنىڭ تىنىچ بىر پۈرسىتىنى كۈتۈپ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا پورەكلەپ ئېچىلغان ئۆرۈك، شاپتۇل چېچەكلىرىنىڭ كۆزىگە توپا تىقىلدى ...

ئۆتكەن پەيشەنبىدىن بېرى قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چولاق مۇئەززىن ئابدۇللا چاققاننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەردىن تۈنۈگۈن ئاخشام ئېغىر ياتقۇدىلا خەۋەر تاپتى. ئۇ خەۋەر ئەكەلگەن نۇرەك باشىنى ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئىسلام تەرىقەتلىرىنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئەمما، دىلىدا مۇسۇلمانچىلىقتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان ئۇ مۇناپىقلارنىڭ رەزىللىك-

لىرىدىن ئەل-جامائەتنى بۇرۇنراق خەۋەردار قىلمىغىنىغا ئۆزىنى ئۆزى كايىدى.

«ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىنسانىنى ھىدايەت قىلغۇچى دىنىنى مۇشرىكلارنىڭ بۇلغىشىغا چەك قويۇش، ئاسىيلار بېشىدا غازات قىلىچىنى ئوينىتىش پەيتى يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جان تەسەددۇق» دەپ ئويلىدى ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ.

ئابدۇللا كارۋان ئالۋىنىغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇسەپەربوۋاينى يات-يات يوقلاپ تۇردى. چىڭ مۇستەبىتلىرىگە قارشى قوزغىلاڭدىكى ھەر ئىككىيلەنگە ئورتاق بولغان ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلەرنى يادىغا ئېلىشتى. بەزىدە سۈپۈرگەئاخۇن بىلەن ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بويىچە قىزغىن مۇنازىرىلەر قىلىشتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇنازىرىدە ئاچا يولغا كىرىپ قالغاندا، سۈپۈرگەئاخۇننى ماختاپ:

— پېقىر ئىلىم ساھەسىدە ئۇنداق-مۇنداق ئۆلىمالارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ئادەم، بىراق، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر بىر تالىپتەك ھېسقا كېلىپ قالىمەن، بۇ نېمىشقىدۇ، — دەيتتى. ئارقىدىنلا ئىككىيلەن كۆڭۈل-كۆكسىدىن چىقىرىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

«يۇرت قارىچۇغىسى» — ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى تۇپەيلى قەلبىدە پەيدا بولغان ماتەم ۋە يات تائىپىلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇقى سەۋەبلىك تۇغۇلغان غازات ئارزۇسى مەدەت بولغان بولسا كېرەك، ئۇ ئانچە كۈچىمەيلا ئورنىدىن تۇردى-دە، تەرەت ئېلىپ، تالاغا چىقتى.

چولاق مۇئەززىن بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاسمانغا قاراشقا پېتىنالمىدى، ئۆتكۈن ئۆتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئىچىدە ئۇ «ئايىتەل كۇرۇس» نى ئوقۇۋېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا تالىپلارنىڭ: «چىلتەنلىرىم قارا بوران چىقىرىپ ئاسماندىن ئۆتتىدۇ، گۈلدۈر - غاراس قىلغان سادا ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۆتكەن جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئۈنى، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ساۋۇت - قالقانلارغا ئۇرۇلغان شەپىسى، كىمكى ئۆتكۈن ئۆتكەندە ئاسمانغا قارايدىكەن، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قېتىپ، مۇردىغا ئايلىنىدۇ، ئاسمانغا قاراپ قاۋىغان ئىتمۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى ئۆلۈپ قالىدۇ» دېيىشكىنىنى ئاڭلىغانىدى.

ئۇ توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان قۇم دانىچىلىرىدىن يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈز - كۆزىنى دالدا قىلىپ، 15 يىلدىن بېرى كۈنگە بەش قېتىم مېڭىپ ئۆگىنىپ كەتكەن يول بىلەن ئاق مەسچىت يېنىغا كېلىۋالدى.

بۇ چاغدا تەبىئەت قويىندا غەلىتە بىر ھال يۈز بەرگەن. بوران ھېسابسىز قاغىنىڭ قانىتىدەك، يەر - زېمىن ئۈستىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ، قۇياش ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان جاسارىتى بىلەن ئۆز ئادىتى بويىچە يېڭى بىر تاڭغا يول ئاچماقتا ئىدى. كۈنچىقىش تەرەپ قۇياش بىلەن بوران، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ئېلىشقان چاغدا قان تۆكۈلگەندەك سۈس قىزارغان، بۇ قىزىللىق بورانىمۇ، زۇلمەتنىمۇ چېكىندۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ مەسچىت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، مۇنارنىڭ كىرىش ئېغىزىدا قارا چىراغنى ياندۇردى - دە، ئۇچەيدەك تار ۋە تىك پەلەمپەيلەرنىڭ باسقۇچلىرىغا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن دەسسەپ، خۇددى يەتتىنچى ئاسماندىكى ئۇلۇغلارنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولۇش ئارزۇسىدا ئەرشئەلاغا ئۆرلەۋاتقان پەرىشتىلەردەك ھاياجانلىق ھېسسىيات ئىچىدە ئەزەنخانىنىڭ چوققىسىغا چىقتى. چىراغنى ئويۇققا قويۇپ، يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى تۈزەش-

تۆردى ۋە قەددى ـ قامەتىنى يىكتەك رۇسلاپ، چولاق قولىنى قۇلىقىغا تەگكۈزدى.

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەشھەدۇ ئاللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، ئەشھەدۇ ئاللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ...»

چولاق مۇئەززىننىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ياڭراق، مەردانە سادا قۇتراۋاتقان بوراننىڭ ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاشلىرىنى بېسىپ كەتتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم مانا مۇشۇنداق چىن ئىشتىياق بىلەن ئەزان ئوقۇپ، غەپلەتتە ياتقانلارنى ئويغىتىپ، مۇقەددەس پەرزنى ئادا قىلىشقا، ھەق بىلەن ناھەقنى ئادالەت تارازىسىدا ئۆلچەپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشقا، زالىملارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈن مىسالى باستۇرۇپ بېرىشقا چاقىرىشى ئىدى.

تۇنجى قېتىمقىسى ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن يەتتە يىل مۇقەددەمكى ئىش. ئۇ چاغدا ئۇ جامائەتنى مانا شۇنداق ياڭراق ئەزان بىلەن غازات مەشئىلىنىڭ ئوتى يېقىلغان مانا مۇشۇ مەسچىتكە جەم قىلغانىدى.

شۇ قېتىم ئۇ ئوڭ قولىنىڭ بەش بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان. بىراق، بۇ قېتىم نېمىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئۈستىدە قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، ئىككىنچى ئەزاننى بۇرۇنقىسىدىنمۇ زىيادە ئىشتىياق بىلەن توۋلىدى.

ئاجىز دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغان بوران ئېتىقادىغا سادىق بولغان جامائەتنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمىدى. بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ئەھمىيىتىدىن خەۋەر تاپقانلارمۇ، تاپمىغانلارمۇ دېگەن قەرەلىدە مەسچىتكە يىغىلىپ، سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى.

بامدات نامىزى بەكمۇ تەنتەنىلىك ۋە سۈرلۈك ئوقۇلدى. خۇددى بەزى جامائەت ئويلىغاندەك، سېيىت ھاجى «بوران»

سەۋەبىدىن مەسچىتكە كىرەلمىگەچكە، چولاق مۇئەززىننىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىغا توغرا كەلگەنىدى.

مۇئەززىن ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تاناپ تارتقاندەك تۈز تۇرغان ھەر بىر سەپنى ۋە سەپ ئىچىدىكى ھەربىر ئادەمنى تەكرار كۆزىتىپ چىققان بولسىمۇ، مەسلىھەت بويىچە مەسچىتكە تۇنجى بولۇپ كىرىپ، ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالماقچى بولغان ھىمىت قاشقىنى زادى ئۇچرىتالمىدى.

«ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغانمىدۇ؟ ئەزاننى ئاڭلىيالماي قالدىمىكىن؟ ياكى سوپۇرگەئاخۇننىڭ تاپىلىغانلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانمىدۇ؟»

بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولدى، ئەمدى جامائەتنى توختىتىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن چولاق مۇئەززىن سەپ ئالدىدىكى تەقەززا، بىئارام بولۇۋاتقانلارنىڭ «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنادىكى قاراشلىرىغا كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بەردى-دە، مېيىت نامىزىغا ئەزان ئوقۇدى. ھىمىت قاشقىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈشنىڭ قائىدىلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— مەسچىتىمىزنىڭ تەقۋادار جامائەتلىرى، ئى پاك مۇسۇلمانلار، شۇ تاپتا كىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەنلىكىمىزنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ مەسچىتتە مېيىت ياتقۇزۇلغان جىنازىنى كۆرمىگىنىڭلارگە ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئۇقۇۋېلىڭلاركى، بىز مەسچىتىمىزنىڭ ئىخلاسمەن جامائىتىنىڭ بىرى، يۇرتىمىزنىڭ ئېسىل ئوغلانى، قېرىندىشىمىز ئابدۇللائاخۇننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتىمىز. ئۇنىڭ تېنى ئۆز زېمىنىنىڭ تاغلىرى ئارىسىدا ياتىدۇ، روھى ئاللىبۇرۇن جەننەتتىن جاي تاپتى. نامى بولسا تىلىمىزدا! — دېدى.

مۇئەززىننىڭ ئىلگىرىكىدەك زادىلا ئوخشىمايدىغان كەسكىن

تەلەپپۇز بىلەن قىلغان سۆزىگە ۋە تىپىشماقتەك تۇيۇلغان جىنازا نامىزىنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ئەقلى لال بولغان بىر بۆلۈك جامائەت ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەيرانۇ ھەس قالدى. چولاق مۇئەززىن دېمىنى تولۇقلىغاچ، يۇقىرالارنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزدە «قازاغا رىزا» دېگەن گەپ بار، ئەمما ھەرقانداق مۇئەللەق قازانىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بولىدۇ. قېرىندىشىمىز ئابدۇللائاخۇن بەزىلەر دېگەندەك يار- دىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدىمۇ؟ ياق، ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايانكى، ئۇ ئۇنداق قورقۇنچاقلار زاتىدىن تۆرەلمىگەن. ئەمىسە، مەرھۇمنىڭ جېنىغا بىراۋ زامىن بولدىمۇ؟ زامىن بولدى، بىگۇناھ قېرىندىشىمىز ناھەق كەتتى...

15 — 20 ئادەمنىڭ ماتەم قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، پۇتلا- ماڭقىلىرىنى ئېقىتىپ جىنازا كۆتۈرۈپ مەسچىتكە كىرىپ كېلىشى مۇئەززىنىمۇ، جامائەتنىمۇ قاتتىق تەئەججۇپلەندۈردى. يېقىن- يىراق مەھەللىلەردىن بىرەر كىمنىڭ قازا قىلغانلىقىدىن ئەسلا خەۋىرى بولمىغان مۇئەززىن گېپىنى توختىتىپ، غەلىتە ماتەمدارلارغا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ۋاي قېرىندىشىم، دۈشمەن جېنىڭغا قەست قىلدى قېرىندىشىم، ۋاي بىچارە قېرىندىشىم...

— ئاقپاششانىڭ مۆمىن پۇقراسى ئىدىڭ قېرىندىشىم، پۇق- رانى دەپ كۆلپەت تارتقان ئىدىڭ قېرىندىشىم، ۋاي قېرىن- دىشىم...

ئۇنىڭغا تېخىمۇ غەيرىي تۇيۇلغىنى شۇ بولدىكى، قاردەك ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىنى رەھمەت ۋە ئابلىزقارىنىڭ بىرقانچە مالىيى كۆتۈرگەن، جىنازىغا ئەگەشكەنلەر ساپلا

«ئاقپاشا پۇقرالىرى» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە ئونبېشى، يۈزبېشىلارمۇ بار ئىدى.

چولاق مۇئەززىن دەسلىپىدە: قەسىردىكىلەردىن بىرەرسىنىڭ رىزقى تۈگىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىيۇ، چىرايىدىن جاللاتلىق يېغىپ تۇرغان خاتىپ بازار بېگى دۆشكەلەپ كېلىۋاتقان سەپەر بوۋاينى كۆرۈپ، بۇ قىياسىنىمۇ ئىنكار قىلدى.

كېلىۋاتقانلار ئاسماننى ئۆرۈۋەتكۈدەك يىغا-زار قىلىشقان پېتى جىنازىنى جامائەت ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇدۇل خاتىپ مۇنبىرى ئالدىغا ئەكەلدى-دە، چولاق مۇئەززىننىڭ ئالدىغا قويدى.

چولاق مۇئەززىن بۇرنىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغان بۇرجىكىگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالغان سەپەر بوۋاينى ئىتتىك بېرىپ يۆلىۋالدى ۋە ئۈنىگىدىن:

— بۇ كىمنىڭ مېيىتى؟ — دەپ سورىدى.

خاتىپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەن سەپەر بوۋاينى ئىتتىرىۋەتتى-دە، چالۋاقاپ تۇرۇپ:

— ئاقپاشا پۇقراسى ھىمىتئاخۇن قاشقىنى خاقانى چىن پۇقرالىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى.

مۇئەززىن خاتىپنىڭ گېپىدىن ھېچنېمە چۈشەنمەي، ھاسىسىغا تايىنىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرغان سەپەر بوۋايغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

— ئۆز قېرىندىشىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدىغانغا چىرىسىدىلىك ساراڭ بولۇپ قالمىدى، — دېدى بوۋاي جامائەتكە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە بىر ئويۇن بار. ھىمىتئاخۇننىڭ قاتىلىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئاللاغا ئايدىڭ!

چولاق مۇئەززىننىڭ سەزگۈر مېڭىسى دەرھال ئىشقا

كىرىشتى. تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن سەپەر بوۋاي ئېيتقان «ئۇيۇن» نىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئەھۋال ئۇنىڭ قىياسىدىكىدەك بولغاندا ئىش تازا چىگىشقا چىققان، قان تۆكۈلۈش ئېهتىمالى بەكمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى.

ئۇ، مۇۋاپىق بىر چارىنى تېپىپ، قەستەن چاتاق تېرىدىماقچى بولغان سىيىت ھاجىنىڭ سۆيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە بۇ ئەھۋالدىن مەسچىتكە يېقىنلا يەردىكى كونا ئۆيدە يېرىم كېچىدىن بېرى مۈكۈنۈپ يېتىۋاتقان سۇپۇرگە ئاخۇنلارنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىت كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، جامائەتكە سەپراس بولۇشنى ئېيتتى.

مۇئەززىننىڭ ناماز چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرگەن خاتىپ كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ كەتتى:

— چۈچۈرىنى خام سانىما چولاق، — دېدى ئۇ مۇئەززىنگە مۇشتىنى چىڭەپ تۇرۇپ، — بۇنداق ئاسان ئىش نەدىكەن؟ ھىممەت قاشقىنى كۆمۈۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى چىقىرىپ بېرىش. ئاندىن كېيىن ئالدىرىماي گەپلىشىمىز!

چولاق مۇئەززىننىڭ بۇ يولسىزلىقتىن ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى-دە، خاتىپنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئۆلگەن ئادەمنى بۇنچىۋالا خارلاشنىڭ ئاللا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىلا بەگزادەم؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

— گۇناھ بولامدۇ — يوقمۇ؟ بۇنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك، ئالدى بىلەن قاتىلنى تېپىپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇش كېرەك. ئاقپاششا پۇقراسىنى ئۆلتۈرگەنلىك ئاقپاششاغا مۇشت كۆتۈرگەنلىك!

خاتىپ جىنازىنى قورشاپ تۇرغان كىشىلەرگە تەردىنى تۇرۇپ،

شۇنداق بىر ئالىيىشىۋىدى، ئۇلار: «ئاقپاششا پۇقراسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپماي قويمايمىز!» دەپ ئالا-تاغىل جارقىراشتى.

— ھەي جامائەت، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، — خاتىپ ياغلانمىغان كانايىنىڭ ئۇنىدەك سەت ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى، — ئاقپاششا پۇقراسى بولغان ھىممەتئاخۇننى كىم ئۆلتۈردى؟ بىلەمسىلەر، مەن سىلەرگە دەي، ئۇنى ئاقپاششا پۇقرالىرىغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچى سوپۇرگە تۆگە ئۆلتۈردى. ئۆلۈكنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىققا تاشلاپ قويۇپ، گۇناھىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

ئۇ سەپەر بوۋاينىڭ ياقىسىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— قېنى، گۇۋاھلىق بەر قېرى، سوپۇرگە تۆگىنىڭ ھىممەتئاخۇننى ئۆلتۈرگىنى راستمۇ؟

— تۆھمەت!

— ھە، ئەمىسە دېگىنە، ھىممەتئاخۇننىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئۆيى ئارقىسىدىكى ئېرىقتىن تېپىۋالغىنىمىزدىنمۇ تانالامسەن؟

— تۆھمەت!

— ئەمىسە سوپۇرگە نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ شېرىكلىرى قەيەرگە كەتتى؟ دەپ باقە!

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تۆھمەت، سوپۇرگە ئاخۇن ئادەم ئۆلتۈرگىنى يوق، قېچىپ كەتكىنىمۇ يوق!

بوۋاي خاتىپنىڭ قولىدىن ئاجراش مەقسىتىدە يۇلغۇنۇپ باقتىيۇ، ياۋا توڭگۇزدەك كۈچى بار بەگزادىنىڭ چاڭگىلىدىن بوشىنالمىدى. شۇنداقتىمۇ خىرقىراپ تۇرۇپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

— جامائەت، بۇداپ يوزيالغانچىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار! ھىممەت

قاشقىنىمۇ، ئوغلۇم ئابدۇللائاخۇنىمۇ...مۇشۇ ئىپلاسلار...، — دېدى.

«چىدىمىغان ئىشتانغا چىقىرىپتۇ» دېگەندەك، سىرنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورققان خاتىپ بازغاندەك مۇشتىنى باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ كېلىپ بىرنى سېلىۋىدى، بوۋاي ئىككى-ئۈچ قەدەم نېرىسىغا بېرىپ تىك موللاق چۈشتى. بۇرنىدىن بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىققان قان ئاپئاق بۇرۇت-ساقاللىرىنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتتى.

— ئى جامائەت، ئۇرۇڭلار بۇ ئىپلاسنى! ئابدۇللائاخۇنىمۇ، ھىممەت قاشقىنىمۇ ئۆلتۈرگەنلەر مۇشۇ، — مۇشت ئاتىمەن دەپ دەلدۈگىنىپ كەتكەن خاتىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە چولاق مۇئەززىن مۇنبەرگە چىقىپ قانغا مىلىنىپ ياتقان سەپەر بوۋايغا قاراپ غەزەپ ئوتىدا يېنىۋاتقان جامائەتكە دېدى، — ئاللانىڭ ئۆيىدە قان تۆككەن جوھۇتلارنى تالاغا سۆرەپ ئاچىقىڭلار! كۆزى ئوچۇق كەتكەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قىساس ئېلىش پۇرسىتى كەلدى، ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يىرتقۇچلارچە غالجىرلاشقان خاتىپنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلدى. مۇنبەر ئالدىغا ئېتىلىپ چىققان جامائەتنىڭ بەزىسى سەپەر بوۋاينى يۆلىسە، بەزىسى قاپقاندىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۆرىدەك ئالچاڭلاۋاتقان خاتىپنىڭ قولىغا چىققان يېرىدىن قاماللاپ، تاپنى سۆرىگەندەك سۆرەپ، مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئاچىقىشتى. خاتىپقا ئەگىشىپ ھازىدار قىياپىتىگە كىرىۋالغان «ئاقپاششا پۇقرالىرى» مۇ بۈركۈتتىن ئۈركۈگەن تۈلكىدەك ھەرقايان پىتىراپ، جانلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

— قېرىنداشىمىزغا قەست قىلغان جوھۇت سەنمۇ؟!

— يوغان گەپ قىلغان ئاغزىڭ مۇشۇمۇ؟!

— سەپەرئاخۇننى ئۇرغان قولۇڭ مۇشۇمۇ ئىپلاس!

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇندىن بېرى يىغىلىپ قالغان دەردىنى بىراقلا چىقارماقچى بولغان پۇقرالار خاتىپنىڭ باش-كۆزىنى بىردەمدىلا گۇداڭدىن چىققان ئىتقا ئوخشىتىۋەتتى. قولى يەتكەنلەر قولى بىلەن ئۇردى، پۇتى يەتكەنلەر پۇتى بىلەن تەپتى. خاتىپقا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ توللىقىدىن قولىمۇ، پۇتىمۇ يەتمىگەنلەر ئۇنىڭ ئاتمىش پۇشتىدىن، يەتمىش پۇشتىغىچە تۇتۇپ تارتىپ، پۇخادىن چىققۇدەك تىللىۋېلىشتى.

— ۋايجان، ئادەم بارمۇ، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، دادا... ئانا!...

قىلغان-ئەتكەنلىرى بۇرنىدىن بۇلاق بولۇپ ئېقىۋاتقان خاتىپنىڭ داد-پەريادى ئۇزاق-ئۇزاقلارغىچە تارالدى. ئاللىقاچان كۆرىدىغىنىنى كۆرگەن خاتىپ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى چۈشەنگەن چولاق مۇئەززىن مەسچىت پەشتىقىغا چىقىپ جاكارلىدى:

— ئى باتۇر پۇقرالار، يۇرتىمىزنى پوكىنىغا باسقان، قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن يىلان-چايانلار ئەنە ئاۋۇ يەردە، — ئۇ قەسىر تەرەپكە قولىنى چىنىدى، — يىلان-چايانىنىڭ ئۇۋىسىنى ۋەيران قىلىپ، بېشىنى يانجىمىغۇچە بىزگە ئاسايىشلىق يوق! قېنى، قولۇڭلارغا چىققاننى ئېلىڭلار، كەرەملىك ئاللا بىزگە مەدەت قىلغۇچىدۇر!...

شۇ ئارىدا قەسىرگە يېقىنلا بىر يەردىن «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن پۇقرالار پەشتاقتا تۇرغان مۇئەززىننىڭ سۆزى چورتلا ئۈزۈلگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن قىپقىزىل قان ئوخچۇپ چىقىۋاتقان مەيدىسىنى مەھكەم قاماللاپ، تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان لەگلەكتەك سەنتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆردى.

توپ ئارىسىدىن ئىلدام يۈگۈرۈپ بارغان نۇرەك باخشىمۇ ئۇنى يۆلۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مۇئەززىن كۆزىنى جامائەتتىن ئۈزمەي تۇرۇپ: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ـ دە، ئۆگزىدىن تاشلىغان كۆتەكتەك، مەسچىت بوسۇغىسىغا يىقىلدى.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان جامائەتنىڭ بىر قىسمى كۆرۈنگەنلا تەرەپكە بەدەر قېچىشتى. بەزىلىرى مەسچىت ئالدىدىكى سەينادا دالاغا تاشلانغان تاپتەك سوزۇلۇپ، ۋايجانلاپ ياتقان خاتىپنى ئاچچىقى بىلەن بىر ـ ئىككىنى تېپىپ قويۇپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان مۇئەززىننى كۆتۈرگەن پېتى يېقىندىكى ئەسكى تاملىق ئارىسىغا ئۆزىنى ئالدى.

چولاق مۇئەززىننى يىقىتقان مىلتىق ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى بېسىقماستىنلا مەسچىت ۋە قەسىرگە ئوخشاشلا 200 قەدەم يىراقلىقتا روبىرو تۇرغان تاشلاندۇق ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىنمۇ گۈمبۈرلىگەن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھاۋارەڭ ئىس كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ يەرگە تاڭ ئاتارغا يېقىن بورانىنىڭ ھىمايىسىدە خېلى ئەپلىك جايلىشىۋالغان سۈپۈرگەئاخۇن، قادىر تۆمۈرچى ۋە بىرقانچە پالۋانلار چاچما ئوقلۇق مىلتىق بىلەن قەسىر تەرەپكە ئوق ئېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئەسلىدە، ئۇ جاللاتلارنىڭ ھىممىت قاشقىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قەدەم ئالدىدا قول سالىدىغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن، پەقەت مەسچىتتىن قوزغىلىپ چىققان جامائەتنى ۋە نۇرەك باخشىنىڭ بۇرغىسىنىڭ ئاۋازىنى كۈتمەكتە ئىدى. بىراق، نەتىجە ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى. ئۇلار مۇئەززىن ئوق تېگىپ يىقىلغاندىن كېيىن ئوق چىقارماسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. قەسىر تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان مىلتىق ئاۋازىمۇ

بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىدى.

مىلتىق ئاۋازىدىن ۋە مۇئەززىنىنىڭ كۆكسىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان قاندىن قورقۇپ قېچىشقان پۇقرالار بىر پەستىن كېيىن ئەقلىنى يىغىۋالدى ـ دە، كونا ئۆيدىن مىلتىق ئېتىۋاتقانلارنىڭ سۇپۇرگەئاخۇنلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خېلى روھلىنىپ قالدى. كىمدۇ بىرى بىر قۇچاق نەيزە ئەكىلىپ ياش ۋە قاۋۇل ئەركەكلەرگە تۇتقۇزدى. نۇرەك باخشىمۇ ئۇن نەچچە قىلچىنى ئىختىيار قىلغانلارغا تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، جەڭگە كىرىشكە ئالدىراپ تۇرغانلارغا قاراپ:

— ئەي باھادىر چىرىدىيلىكلەر، قېرىنداشىمىز ئابدۇللانى، مۆمىن مۇسۇلمان ھەممىتئاخۇننى، ئاغزىمىزغا ئىمان سالغان مۇئەززىن ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرگەن قان ئىچەرلەر ئەنە ئاشۇ قەسىردە، ئاللا يولىدا غازات قىلايلى، ئۆلسەك شېھىت، ساق قالساق غازى، ئاللاھۇ ئەكبەر! ــ دەپ توۋلىدى.

ئۇ تۇمەن مىڭ جەڭچىنى جەڭگە چاقىرغاندەك، پەشتاقتا چىقىپ، بۇرغىسىنى راسا كۆچەپ چالدى. ئىسراپىلنىڭ نەرى سىدەك كۈچلۈك سادا ياڭرىدى.

«دۇت ... دۇت ... دۇت ...»

«ــ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!»

نۇرەك باخشىنىڭ بۇرغىسىنىڭ جاسارەت بېغىشلىغۇچى ئاۋازى ئەزىمەتلەرگە ئىلھام بەردى. ئۇلار باش ئۇستىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي، دەرھال ئورۇن يۆتكىدى ـ دە، 50 قەدەم ئالدىدىكى ياڭاق دەرەخزارلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ جايلىشىپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەرنى مۇھاپىزەت قىلدى.

قەسىردىكىلەر ئوت كۈچىنى ياڭاقلىققا مەركەزلەشتۈردى. نۇرەك باخشىنىڭ باشلامچىلىقىدا يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلگەن

پۇقرالار مەسچىت ئالدىدىكى بوشلۇقتا تىخچە ئېڭىراپ، ئېشەكتەك ئېغىناپ ياتقان خاتىپنى ئەكىتىشكە كەلگەن بىر توپ كىشىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. تەئەججۇپلىنىدىغان يېرى شۇ ئىدىكى، پۇقرالارغا ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قامىتى قاۋۇل، تۇرقى تامدەك ئىدى، قىلىچۋازلىق ۋە نەيزىۋازلىقتا كەلگەندە توشقاندەك تاقلاپ، يولۋاستەك ئوخچۇيتتى.

قىلىچ بىلەن قىلىچنىڭ يالت-يۇلت ئۇچقۇن چىقىرىپ جاراڭلاشلىرى، گىرەلەشكەن نەيزىلەرنىڭ پاراس-پۇرۇس سۇنۇشلىرى، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇر-چاپلىرى مىلتىق ئۈنى ۋە بورانىنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەجەل شاۋقۇنىغا ئايلانغان، يالقۇنلۇق تەكبىر بىلەن قوچاقلاشما جەڭنىڭ قايناپ تۇرغان يېرىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇۋاتقان پۇقرالار ئۆلۈپ-تىرىلىشكە باقماي جەسۇرلۇق، جانبازلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بۇ قاينامغا ئوق ئۈزۈشكە پېتىنالمايتتى. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا، قەسىرنىڭ مەسچىت تەرەپتىكى يان تېمىدىن بىر سۈڭگۈچ ئېچىلدى-دە، سۈڭگۈچتىن يەنە بىرتوپ ناتونۇش قوراللىقلار ئېتىلىپ چىقتى. قىساس تىغى بىلەن يەر چىشلىگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئورنى ئۇلار بىلەن تولۇقلاندى. كۆۋەجەپ تۇرغان دەريادىكى قايىنامدەك غۇجمەكلىشىپ كەتكەن توپىنىڭ مەركىزىدە قالغان خاتىپ خۇددى ماھىر چەۋەندازلارنىڭ ئارىسىغا تاشلانغان ئوغلاقتەك، قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇردى. جەڭ بارغانسېرى شىددەتلىك تۈس ئالدى.

پېشىن نامىزىغا ئەزان چىقىدىغان چاغدا جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. پۇقرالار سېپى يىراقتىن ئۆزىنى جەڭگە ئاتاپ كېلىۋاتقانلار بىلەن زورىيىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشمۇ، ئاخىر ئۇلارنىڭ ئاددىي قىلىچلىرى ئالاھىدە ياسالغان ھەربىي قىلىچلارغا تەڭ كېلەلمىدى. كەتمەن سېپى تۇتۇپ كۆنگەن قوللار نەيزە سېپىغا ماسلىشالمىدى.

— ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈۋاتىدۇ، ئوق ئاتقاچ ئۆيدىن چىقىپ پۇقرالارنى مۇھاپىزەت قىلىلى، — دېدى يۈزى پۈرۈخ ئىسى بىلەن قارىداپ، زەڭگىگە ئوخشاپ قالغان سۈپۈرگەئاخۇن جانپىدالىق كۆرسىتىۋاتقانلارغا قاراپ.

سۈپۈرگەئاخۇن مەرھۇم ھېمىت قاشقىنىڭ: «سېيىت ھاجى نۇرغۇن سەرخىل قورال-جابدۇق ۋە بىر مۇنچە ئادەم ئەكەلدى» دېگەن سۆزىگە ئەمدى ئىشەندى. قەشقەردىكى مىلتىقلار شۇنچىلىك تېز ۋە توغرا ئېتىلاتتىكى، نەچچە تال ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئەجەل ناخشىسىنى تۇۋلاپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا تۆمۈرچىنىڭ بىر قۇلىقىمۇ ئۇشكە قويغاندەكلا تېشىلىپ كەتتى. ئۇ ئارقىمۇ ئارقا گۈمبۈرلەۋاتقان ئاۋازلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭكىدەك ئاغزىدىن ئوق-دورا قاچىلىنىدىغان مىلتىقلاردىن ئەمەس، بەلكى ئارقىمۇ ئارقا ئاتقىلى بولىدىغان مىلتىق دەپ قىياس قىلدى.

ئۇ ئۆكۈپ-تاتىرىپ ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كەتكەن رەسۇل ئىمامغا مىلتىققا ئوق-دورا قاچىلاپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىۋاتقاندا، مەسچىت ئالدىدىكى پومىلاقلىشىۋاتقان پۇقرالارنىڭ جاي مەھەللىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارنى سۈر توقاي قىلىپ كېتىپ بارغانلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاملىرى غەلۋىرنىڭ شىرىسىدەك ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كونا ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ، چېكىنىپ كېتىۋاتقانلارنى قوغداش قارارىغا كەلدى. ئۇنداق بولمىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا

تۇراتتى. سۇپۇرگەئاخۇن:

— قېنى، ئوق ئاتقاچ چېكىنىڭلار، ئاۋۇ قىلچىلىقلارنىڭ كەينى تەرەپىدىن بېرىپ ئەدىبىنى بېرەيلى، ئايىغىڭلارنى ئىتتىك قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ئۆزى ئۆيدىن ئەڭ ئاخىردا ئايرىلدى.

مىلتىقچى ۋە ئوق - دورا قاچىلىغۇچىلاردىن بولۇپ ئون نەچچە كىشى دەرەخلىقلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قەسىردىكىلەرنىڭ ئوقىدىن پاناھلانغاچ، پۇقرالارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى.

ئۇلارغا ئايان ئىدىكى، قوغلىغۇچىلارنىڭ دەل كەينىدىن ئوق ئۈزۈشكە بولمايتتى. بولمىسا چاچما ئوق پۇقرالارغا زەرەر يەتكۈزۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئېرىقلاردىن، قىر تۈۋىدىن، تاملارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلارغا يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سۇپۇرگەئاخۇن:

— بىر ئامال قىلىپ ئۇ ئەبلەخلەرنى پۇقرالاردىن ئايرىۋېتەيلى، ئەڭ ياخشىسى يان تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا قارىتىپ تەڭلا ئوق چىقارساق، ئۇلار بۇ يەردىمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مىلتىقلىقلار بار ئوخشايدۇ، دەپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ، — دېدى ۋە ئۇلارنى باشلاپ بىر قۇرۇق ئۆستەڭگە شۇڭغۇدى.

كۈن كەچ بولغانىدى، بوران كۈچىيىپ كەتتى، بوراننىڭ زەربىسىگە تاكى يېرىم كېچىدىن بېرى مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان تېرەكلەرنىڭ بەزىلىرى «قاراس - قۇرۇس» قىلىپلا قاق بېلىدىن ئۈزۈلدى. گەرچە كۈن پاتمىغان چاغ بولمىغان بولسىمۇ، ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، توپا - چاڭ قويۇقلىشىپ كەتتى.

— ئېتىڭلار!

تۆت - بەش مىلتىقتىن تەڭلا ئوت ئېچىلدى. راست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەندەكلا، «يان تەرىپىمىزدە بۆكتۈرمە بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشقان قەسىر نۆكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ، ئالدى-كەينىگە باقمايلا بەدەر قاچتى. شۇنىڭ بىلەن سۇپۇرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ مىلتىقچى ئەزىمەتلىرى پۇقرا بىلەن دۈشمەننىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

مىلتىقچىلارنىڭ ئەڭ كەينىدە كېلىۋاتقان تۆمۈرچى قۇم چاچقاندەكلا تېگىۋاتقان توپا ئېقىمىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى - دە، سۇپۇرگەئاخۇنغا قەسىردىن چۇۋۇلۇپ چىققان مىلتىقچىلارنىڭ يەنە قوغلاپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر بەردى.

— چاتاق بوپتۇ، — دېدى سۇپۇرگەئاخۇن ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان نۇرەك باخشىغا، — بۇرغاڭنى چال ئاكا، توزۇپ كەتكەن پۇقرالارنى توپلاپ، مازار كەنتىدىكى كونا تۈگمەن كويلىسىغا بېرىپ بىزنى كۈتۈڭلار. بىز ئۇ خۇمسلارنى مۇشۇ يەردىلا توسۇۋالىلى!

— بۇرغىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ھېلىھەم خاتىرجەم بولسىلا بېگىم، ئۇلارنى كونا تۈگمەنگە ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن.

نۇرەك باخشى كەينىگە ياندى - دە، قارا كۆرۈنۈش كېتىۋاتقان پۇقرالارغا يېتىشىۋالماقچى بولۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈردى.

سۇپۇرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى قەسىر تەرەپتىن قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلگەن مىلتىقچىلار بىلەن جاي مەھەللىسىنىڭ ئايىغىدا بىر قەپەس ئېلىشتى. ھەممە ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ۋە تەكلىماكاننىڭ كۆچمە قۇملىرىنى ئۇچۇرۇپ، گۈرۈلدەۋاتقان بوران كۆز ئاچقۇزمىغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئاتقان ئوقى ھېچكىمگە تەگمىدى.

بىراق، بەزى ئالامەتلەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ

قىسقىراپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى. مۇبادا قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن رەقىبلەر كۆتۈلمىگەندە ئۇچرىشىپ قالسا، ئىككى رەقىب يالغۇز ئاياغلىق كۆۋرۈك ئۈستىدە دوقۇرۇشۇپ قالغاندەك ھال يۈز بېرەتتى. بۇ ھال پۇقرا مىلتىقچىلارغا تولىمۇ پايدىسىز بولاتتى ـ دە، قىرغىنچىلىق كېلىپ چىقاتتى.

«بىز ھەرنېمە بولساقمۇ مەيلى، ــ دەپ ئويلىدى سۈپۈرگەئاخۇن، ــ لېكىن كوناتۈگمەن بېشىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان پۇقرالار دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە قانداق بولغىنى؟»

ئۇ، چۈشتىن بۇرۇن نۇرەك باخشىدىن سەپەر بوۋاينىڭ پۇقرالار ئارىسىدا بارلىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئاجىز بوۋاينى نېمىلا بولمىسۇن ئوبدان ئاسراپ، ھەر ئاماللار بىلەن چىنارئايىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. «ئەگەر ئۇ بوۋاينى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئامال قىلالمىغان بولسىچۇ؟»

ئاخىر، ئۇ يېقىنلا يەردە ئوق چىقىرىۋاتقان قەسىر نۆكەرلىرىنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ كۆزىنى باغلاپ، مىلتىقچىلارنى باشلاپ مازار ئۆستىڭىنى بويلىغانچە كوناتۈگمەن بېشىغا قايتىپ كەلدى.

جاي مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا خېلى قويۇق ئېتىلغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئادەملىرىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان پۇقرالار ئۇلارنى ئۈمىد ئەلچىسىدەك كۆرۈپ قارشى ئالدى. قول ـ ئاياغلىرى تېڭىلغانلار، باش ـ كۆزىدىن ھېلىغىچە قان ئېقىۋاتقانلار ئۇلار بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، سۈپۈرگەئاخۇن بۇرغىسىنى پوتىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ، قىزىق ـ قىزىق گەپلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقان نۇرەك باخشىدىن سەپەر بوۋاينىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. ئۇ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا تىنچ ـ ئامان ئاپىرىپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىن كېيىنلا ئەندىشىسى يوقىلىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

سۈپۈرگەئاخۇن شىراقلىق مىلتىقنى تىزىغا قويۇپ تۈگمەن كويلىسىدىكى كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇردى ـ دە، ئويغا پاتتى.

ئۆز مىلتىقچىلىرىنىڭ ھېچقانداق چىقىم تارتمايلا قايتىپ كەلگىنىنى كۆرگەن جامائەتنىڭ يۈرىكى خېلى جايىغا چۈشۈپ، ئەنسىرەشتىن خالىي بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ۋەزىيەت ئۈستىدە ناھايىتى كەم ئويلىشاتتى. قەسىردىكىلەر ئادىمىنىڭ ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ سەرخىللىقىغا ئىشىنىپ يۇرت بويىچە تىنتىش ئېلىپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ ھالدا پېتىراپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆز مەھەللىرىگە قايتىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كىچىككىنە مازار كەنتىدىكى دېھقانلار ئىككى يۈزچە ئۆي ـ ماكانسىز، ئاش ـ ئوزۇقسىز كىشىلەرنى باقالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، قېرىسال ئاتا ـ ئانىلىرى قانداق قىلىدۇ؟ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالماقتىن ئۆزگە يول قالمىدىمۇ؟

سۈپۈرگەئاخۇن ئاخىرقى ئويىدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. «ياق، قىرىلىپ تۈگەشسەك تۈگىشىمىزكى، دۈشمەنگە ئۆزىمىزنى تۇتقۇزمايمىز» دەپ قەتئىي نىيەتكە كەلدى ئۇ ئاخىردا.

ئۇ قورسىقىنىڭ غولدۇرلاپ، مەيدىسىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆزىنىڭمۇ، يۇقىرالارنىڭمۇ تاڭ ئاتقاندىن بېرى ئاغزىغا چىگىتچىلىك بىر نەرسە سالمىغانلىقىنى يادىغا ئالدى.

تۇساتتىن يېقىنلا بىر يەردە «گۇم» قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئارقىدىنلا تېخى بايىلا «ئەھۋالنى تىڭ ـ تىڭلاپ كېلىمەن» دەپ

200 قەدەم نېرىسىدىكى كۆچۈم دەرەخلىككە كىرىپ كەتكەن قادىر تۆمۈرچىنىڭ نەرە تارتقاندەك ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— سېيىت ھاجىنىڭ جاللاتلىرى كەلدى، ئۆزۈڭلارگە ھېزى بولۇڭلار!

سۈپۈرگەئاخۇن بىر پېيىغا دورا ۋە بىر پېيىغا پىتىر قاچىلانغان خورجۇننى بېشىغا قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن رەسۇل ئىمامنى ئويغاتتى:

— ئىمام، ئوق - دورا تەلمۇ؟

— تە ... تەل ئەمەس، 10 - 12 قېتىم ئاتقىلى يېتەر!

سۈپۈرگەئاخۇن تېخىچە كۆزىنى ئۇۋۇلاۋاتقان رەسۇل ئىمامنىڭ قولىدىن خورجۇننى سىلكىپ تارتىۋالدى - دە، پۇقرالارغا كويلا ئىچىدە قىمىر قىلماي يېتىشىنى بۇيرۇپ، دەرەخزارلىققا قاراپ قاپلاندەك ئېتىلدى.

ئۇ مىلتىققا ئوق - دورا قاچىلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان قادىر تۆمۈرچىنىڭ يېنىغا چۆكتى - دە، سورىدى:

— قانچىلىك ئادەمدەك قىلىدۇ، بەرداشلىق بېرەلەمدۇق؟

— ئىش چاتاقراق تۇرىدۇ، — دېدى تۆمۈرچى ئوق - دورىنى غەپچىدۇۋېتىپ سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ سوئالىغا توغرىدىن توغرا جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا، — تاپقا يوپۇرۇلغان تاز قارىدەك كېلىۋاتىدۇ بۇ جوھۇتلار. چاپسان بولسىلا بېگىم، بۇلارنى ماڭا قويۇپ بېرىپ، ئەل - جامائەتنى خاتىرجەمرەك بىر يەرگە يۆتكەپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلسىلا!

— قەيەرگە يۆتكەيمىز، شۇ تاپتا چىرىيىسىنىڭ قەيىرى خاتىرجەم؟

— قانداقلا بولمىسۇن كونا تۆگمەن بېشىغا قايتىپ بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامالىنى قىلسىلا!

شۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ 50 قەدەممۇ كەلمەيدىغان يەرگىچە قىستاپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئوق ئاۋازىمۇ قويۇقلاشتى.

— ھازىر بىرلا چارە چۆلگە قاراپ قېچىشلا مۇمكىن. بىر كېچە - كۈندۈز ماڭغاندا، بەشتوغراققا بارغىلى بولىدۇ، قالدىسىنى شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاندىن بىر نېمە دېيى-شەرمىز، — دېدى سوپۇرگەئاخۇن ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— سىلى نېمە دېسىلە شۇ، ئىزداھام جامائەتنىڭ قېشىغا قايتسىلا، بۇلارنى مەن بىردەم توسۇپ تۇرۇپ، ئارقىلىرىدىن يېتىمەن.

مازار كەنتى چېرىدىيسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقاچقا، ئۇنىڭ قومۇلۇققا تۇتىشىدىغان ئۈچ تەرىپى ئوچۇق ئىدى. سوپۇرگەئاخۇن بايام كىشىلەرنى بۇ يەرگە چېكىندۈرۈشنى قارار قىلغاندىمۇ مازار كەنتىنىڭ مۇشۇ ئەپچىل شارائىتىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

قادىر تۆمۈرچى قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ جەددى - جەمەتىنى ئاتاپ تىللاپ تۇرۇپ، بىر پاي ئوق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، مىلتىقىغا ئوق - دورا قاچىلاۋاتقان سوپۇرگەئاخۇنغا كەسكىن تۇردە ئىلتىماس قىلدى:

— خۇدا ھەققى بېگىم، پۇقرالارنى دەرھال بۇ يەردىن ئەكەتسىلە، يەنە بىردەم كېچىكسەك ھەممىمىز يات تائىپى-لەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىمىز!

ئۇ، تۆمۈرچىنىڭ كەسكىن ئىلتىماسى بويىچە ئوق - دورى-سىنى مىلتىقى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا قالدۇردى - دە، قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان تۆمۈرچىگە قىيماسلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى ...

كونا تۆگمەن بېشىدىكى كەسكىن جەڭ ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. قەسىردىن كەلگەنلەر ئاخىر كونا تۆگمەن بېشىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇلار ئوق - دورىسى تۈگەپ، قانغا مىلىنىپ ھوشسىز ياتقان قادىر تۆمۈرچىنى قولغا چۈشۈرگەن چېغىدا پۈتۈن بىر كېچە پەقەت بىرلا ئادەم بىلەن ئېلىشىپ چىققانلىقىنى بىلدى - دە، جىنى تۆمۈردەك چىڭ تۆمۈرچىنىڭ جاسارىتىگە ۋە ھېيلىسىگە ھەيرانۇھەس قالدى.

بوران توختاپ، كۈن چېچىلىشقا باشلىغاندا، ئۇلار پۇقرالار غايىب بولغان چۆلگە بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى، كەتكەنلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قىرىلىپ تۈگەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، تېخىچە ھوشىغا كەلمەيۋاتقان تۆمۈرچى بىلەن كونا تۆگمەن كويلىسىدا بېشىنى چۈمكەپ ئىترەپ ياتقان پېتى قولغا چۈشكەن رەسۇل ئىمامنى ئېلىپ ئۇۋۇسىغا قايتىشتى.

## 27. تۆلكە يولۋاسنىڭ پېيىدا

— ھۇ لامزەللەر، نانقېپىلار! — دەپ چېچىلدى ئابلىزقارى ئۆيىگە باش - كۆزى قانغا بويالغان ھالدا كىرىپ كېلىشكەن جاپپار موللا ۋە يەنە بىر كىشىنى كۆرۈپ ئەلپازىنى بۇزۇپ، — سەنلەرنى باققۇچە بىر ئىت باقسام بولماسمىدى!؟ ھېچ بولمىسا دەرۋازامنى ساقلاپ بېرەر ئىدى، مانا بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، «پۇۋ» دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان بىرقېرىدنىمۇ تۇتالمايۋاتىسىلەر، ھاجىمنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىۋاتىدۇ!

جاپپار موللا ئوق بىلىكىنى سىيلاپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئېگراپ قويدى ۋە ئابلىزقارىغا يېقىنلىشىپ:

— تۇتتۇق بېگىم، تۇتتۇق، ئەكىلىپلا سولىۋەتتۇق، شۇغىنىسى بۇ قېرى بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەن، ئۇنى ئۆگزىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپەرخانىنىڭ ئارقىسىدىن ئېيتىۋالغان چېغىمىزدا بىلىكىمگە بىر سالىماسمۇ، سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ھېلىقى چىنار دېگەن قانجۇقنىڭ يامانلىقىنى دېمەمدىغان تېخى، يۈزىمىزنى تاتلاپ...ـــ دېدى، بىر كاتتا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندەك تەلەپپۇزبىلەن.

ـــ بولدى، بولدى، تۇتۇپ كەلدىڭلارمۇ ئىشقىلىپ؟

ـــ تۇتۇپ كەلدۇق، تۇتۇپ كەلدۇق، بېگىم.

ـــ چىقىڭلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار تۈگىدى.

جاپپار موللا بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولۇپ يەنە كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ھىجىيىپ تۇرۇپ ئابلىزقارىغا:

ـــ قارىم، ياق، ياق، بېگىم، ھېلىقى... ھېلىقى...ـــ دېدى.

ـــ ھېلىقى نېمە؟ نېمىدەپ پوقىقىنى ئېزىدۇ بۇ؟

ـــ سەپەر سەپرانى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 30 تەڭگە ۋەدە قىلغان ئىدىلە...

ئابلىزقارى پەگاھدا تۇرغان جاپپار موللىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردى:

ـــ يەنە نېمە 30 تەڭگە؟ يەيدىغانمۇ مەندىن، كىيىدىغانمۇ مەندىن، يەنە قارنىڭ تويمايۋاتامدۇ؟ چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش!

ـــ ماقۇل... ماقۇل... مەن كۆزلىرىدىن يوقىلاي... ھازىرلا يوقىلاي...

تۆردە چالا بوغۇزلانغان توخۇدەك تىپچەكلەپ، سۇنۇپ كەتكەن قوۋۇرغىسىنى ئاڭدۇرۇۋاتقان خاتىپ سەپەر بوۋاينىڭ تۇتۇپ كېلىنگىنىنى ئاڭلاپ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

ـــ ئەمدى قولۇمغا چۈشتىمۇ ئۇ پوق ساقال قېرى، ئالدىمغا ھازىر قىلىڭلار، بۇ ھارامزادىنىڭ تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ئىچىگە سامان تىققۇزىمەن، دەرھال ئەكىلىڭلار!

ـــ جېنىم ئوغلۇم، بىردەم چىدا، ئالدى بىلەن سۇنغان

قوۋۇرغاڭنى تاڭدۇرۇۋالىلى. ئۇ قېرىنى ئېشەككە تەتۈر مىنگۈ-
زۈپ، بىر جۈمە سازايى قىلىپ، ئاندىن جاجىسىنى بېرىمىز. ئۇ-
نىڭ جېنىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئالسەن، ھەددىدىن ئاشقان
گادايلاغا ئىبرەت قىلسەن!

ئابلىزقارى خاتىپنى يۆلەپ ئولتۇرغان خوتۇنغا ئىشا-
رەت قىلىۋىدى، ئۇ تالاغا قاراپ توۋلىدى:

— ھوي رەھمەت، بەگزادەڭگە چىلىم كەلتۈرمەمسەن؟

تېۋىپ، دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ كۆزىچىلا نەشە چېكىۋاتـ-
قان خاتىپقا ۋە ئابلىزقارىغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ... بۇ... بۇ نېمە ئىش؟ — دەۋەتتى بۇرنىنى قو-
لى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ.

— سۈيدۈك پۇرىغان ئېشەكتەك قىلىپ كەتكىلى بۇ يەر-
دە بىر كىمنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قاپتۇمۇ موللام؟ — دېدى
ئابلىزقارى تېۋىپقا كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ.

تېۋىپ ھەممىگە خېنىمىنىڭمۇ ئۆزىگە ئالىيىۋاتقىنىنى كۆ-
رۈپ سەل قورقۇپ قالدى ۋە ئۈنچىقماي ماتاغا تۇخۇم ئېقى
سۈۋاشنى داۋام قىلدى.

— ھوي، بىرىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتىدۇغۇ تالادا، قاراپ
بېقىڭلار!

ئابلىزقارى خوتۇنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن دىككىدە پەگاھ-
قا چۈشتى-دە، ئىشىك يوچۇقىدىن تالاغا سەپسىلىپلا ئوغلىغا:

— چاپسان بول بالام، ئۇ نېمەڭنى يىغىشتۇرغىن، ھا-
جىملار كېلىۋاتىدۇ، چاپسان بول دەيمەن! — دېدى.

خاتىپ دادىسىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، چىلىمنى
يەنىمۇ قاتتىقراق شورىغىلى تۇردى، ئۇ دادىسىنىڭ: «خۇش
بولۇپ كېتەي بالام، ئون تەڭگە بېرەي، بۇ قاملاشمىغان قاپىـ-

www.uyghurkitap.com

قىڭنى يىغىشتۇرغىن، يۈزۈمنى يەرگە قاراتما» دەپ يالۋۇرۇ-
شىنىمۇ پەرۋايىغا ئالمىدى.

ئۇلۇشكىنكى جەڭدىن كېيىن خاتىپ «قالتىس باھادىر-
لىق كۆرسەتتىم» دەپ تەمەننا پەيدا قىلىپ، ھېچنېمىنى ۋە
ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن. ھازىرمۇ كال-
لىسىدا «سېيىت ھاجىنىڭ ۋە دادامنىڭ كەتمىنىنى چاپىمەن
دەپلا مۇشۇنچە دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقتۇم. ئەمدى ھەر نېمە
قىلسامىمۇ ئۇلار غىڭ-پىڭ قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن بىر
ئوي بار ئىدى.

سېيىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان يوغان بىر بوپىنى كۆ-
تۈرۈۋالغان ھاپىزنى ئەگەشتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى-دە،
ئابلىزقارىنىڭ تەكەللۇپى بىلەن تۆرگە چىقىپ جايلاشتى.

سېيىت ھاجى چىلىمنى دىرىلدىتىپ تىترىتىپ بەك چىي-
كىشۋاتقان خاتىپقا ھەۋەسلەنگەندەك قاراپ قويۇپ:

— مۇشۇ بىرنېمىنى پۇرىسام كۆڭلۈم ئېلىشىپ، ھۆ قىل-
غۇم كېلىپلا كېتىدۇ، — دەپ ۋايساپ قويدى.

— ئو... ئوغلىمىز ھوددەس كەيىپ قىلمايدىغان ھاجىم، —
ئابلىزقارى پەگاھدا تۇرۇپ «سەن بىر نېمە دە» دەپ قانچە
ئىشارەت قىلسىمۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرغان خو-
تۇنىغا ھومىيىپ قويۇپ دېدى، — سۇنغان قوۋۇرغىنى تاڭغاندا
بەك ئاغرىپ كېتىدىكەن، شۇڭا... شۇڭا تېۋىپ موللام ئازراق
كەيىپ قىلسا، ئاغرىقنى تۇيمايدۇ دېۋىدى.

— راست... تېۋىپ موللام شۇنداق دېگەن...

بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان سېيىت ھاجى تېۋىپنىڭ
ئابلىز قارىغا نارازىلىق بىلدۈرگەندەك قاراپ قويغانلىقىنى سې-
زىۋالدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئابلىزقارىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ
قويماقچى بولۇپ:

— مۇبادا كېيىنلىكە شىپا بولىدىغان بولسا ھارامنىمۇ يېمەي ئامال يوق، بۇنى ئاللا كەچۈرىدۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ ۋەقەسى يوق. دېمەكچىمەنكى، خاتىپىئاخۇن بازار بېگى ئاقپاشىشا پوقراسى دېگەن شۆھرەتلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلىپ، ئاقپاشىشا پوقراسىنى قەتل قىلغان چاتاقچىلار بىلەن بولغان جەڭدە تولىمۇ باتۇرلۇق كۆرسەتتى، — سېيىت ھاجى «يەنە نېمە دەيسەنكى» دېگەندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ چىلىم شوراپ ئولتۇرغان خاتىپنى ئېگىزكى بىلەن ئىما قىلدى، — كۆپ رىيازەت ۋە ئەزىيەت چەكتى. بەگزادىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى كونسۇل ئەپەندىگە مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە، ئازغىنە مال بىلەن ھال سورىماقچىمىز، — دېدى.

— شۇنداق... شۇنداق...

سېيىت ھاجى يۆتىلىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ھەدىيە ئاز بولسىمۇ، ئاقپاشىشانىڭ ئۆز پوقراسىغا بولغان مەرھەمىتى دەپ بىلگەيلا.

ھاپىز پەتنۇس ئەكەلدۈرۈپ، بوپىنى ئاچتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى كۆز چېقىپ تۇرىدىغان پەرەڭ گەزلىمىلىرىگە، تۇندىكى يۇلتۇزدەك پارقىراپ تۇرغان ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا، ئاقپاشىشانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر باغلام تىزىغا چۈشۈپ، تامىقىنى تامشىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئېسىل ماللار ئۇچىدىمۇ، چۈشىدىمۇ خىيالىدىن چىقمايدىغان ھەنىپە خېنىمنىڭ گەزلىمە ۋە زىبۇزىنەتلەرنى ئېتىلىپ بېرىپىلا باغرىغا باسقۇسى كېلىپ كەتتى. نادىرخان «باي» بولۇپ كېلىشكە كەتكەندىن بېرى، بازار بېگىلىك مەنسىپىنى قولىغا ئالغان خاتىپنىڭ ھازىر يېنى خېلىلا تومى ئىدى. ئەمدى دادىسىنىڭ تۆت - بەش تەڭگە پۇلغا قىزىقىپمۇ ئولتۇرمايتتى. ئۇنداق - مۇنداق سوۋغا - سالامنى نەزەرىگە ئالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئۇ قوۋۇرغىسىنى ئۇۋۇلاش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان تېۋىپنى بىرلا ئىشارە بىلەن ئىشىدىن توختاتتى-دە، ئېغى بىلەن قارىسى ئارىلىشىپ، خۇمالىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، پەتنۇسقا بەئەينى مالغا باھا قويماقچى بولغان سىنچى سودىگەردەك تىكىلدى.

ھەنىپە خېنىم:

— ھەشقاللا ئەمىسە، ئۇنچە بەك كايىپ كەتمىسىلىمۇ بولاتتى، ئوغلىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويغاندا لازىم بولار، — دەپ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ، ساندۇق يېنىغا باردىيۇ، خاتىپنىڭ مەقسەتلىك يۆتىلىشى بىلەن ئۇنى ئوغلى يانپاشلىغان تەكىيىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى.

— راست دېگەندەك، خاتىپ بازار بېگىنى ئۆيلەپ قويساق بولاتتى. بىرەر يەرگە گۆل قويۇپ قويدۇقمۇ قارىم؟

ئابلىزقارى سېيىت ھاجىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

— «ئېشەك ئالساڭ يېقىندىن ئال، قىز ئالساڭ يىراقتىن» دېگەن گەپ بار، كۆزىمىزنى يىراققىراق تىكىپ تۇردۇق، يۇرت تىنچىغاندىراق بىرنېمە دەرمىز! — دېدى.

— دۇرۇس، بەكمۇ ئوبدان خىيال قىلىشىپتىلا، ئالدى بىلەن ئەل-يۇرتنى تىنچلاندۇرايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز! ئۇ تەرەپلەردە شۇنداق نازىنىن قىزلار باركى، ھەي... ھەي...

— ۋاي قويسىلا، ئۇ تەرەپلەرنىڭ قىزلىرىنى، چېچى سېرىق، كۆزى كۆك دەيدۇ، ئاڭلىسام...

سېيىت ھاجى خۇددى يىڭنە ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك قىمىرلاپ، بىئارام بولۇۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ ھەنىپە خېنىمنىڭ گېپىدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە گەپنى بۇردى:

— سەپەر سەپرانى تۇتۇپ كەلدى دەيدىغۇ، راستىمۇ؟

— شۇنداق ھاجىم، ئادەملىرىمىنىڭ قولىدىن شەيتانمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىمىزدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە، كۆكۈلىسىدىن تارتىپ چىقىدۇ!

— ئۇ قاقباشنىڭ كاللىسىنى چېقىپ، مېڭىسىدە ئۆتكۈمنى ياغلىمىسام دەردىم چىقمايدۇ مېنىڭ، — خاتىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشتى.

سېيىت ھاجى ھاپىز ئارقىلىق تېۋىپنى چاقىرغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن:

— دۇرۇس، دۇرۇس ئېيتتىڭلا بەگزادە، بىراق، ئۇنى ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرسەك دەيمەن، — دېۋىدى، ئابلىزقارى:

— ئاستا دېمىدىڭلا، بۇنداق جېدەل ئۇرۇقىنى بىراقلا يوق قىلمىساق، يەنە جىم ياتمايدۇ، ئۇ قېرى شۇنداق يامانكى، ئۆز ۋاقتىدا... — دەپ دۇدۇقلىدى.

ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى.

— كونسۇل بىزنى جېدەللىتىۋاتىدۇ، سودىگەرلەر بىلەن پۈتۈشكەن شايى-ئەتلەس توختامىنىڭ ۋاقتىمۇ توشاي دەپ قالدى. مەشۇت تارتىدىغان، شايى-ئەتلەس توقۇيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆرگەن كۈندگە قانائەت قىلماي قېچىپ كەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— مېنىڭچە، سەپەر سەپرانى بەك بالدۇر يوق قىلىۋېتىشتىن پايدا يوق، ئۇنى ئۇستىخانىغا ئېلىپ بارساق، قالغان-قاتقان پۇقراغا مەشۇت تارتىشنى، شايى-ئەتلەس توقۇشنى ئۆگەتسە.

— مۇبادا ئۇ يەنە قېچىپ كەتسىچۇ؟

— ھەددى ئەمەس، كۈندۈزى ئۇستىخانىدا ئىشلەيدۇ، كېچىسى بۇ يەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ سولاپ قويىمىز-دە!

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، شۇنداق قىلامدۇق ئوغلۇم، ئۆزۈڭ بىر نىمە دەپ باقە!؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىپ قاپاقتەك ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، شۆلگەي ئېقىۋاتقان كالپۇكىنى غەلىتە بىر تۈستە مىدىرلاتتى...

سېيىت ھاجى يېرىم ئۆلۈك بولۇپ قالغان قادىر تۆمۈرچى بىلەن توخۇ يۈرەك رەسۇل ئىمامنى تۇتۇۋېلىپ، بىرەر مەملىكەتنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قارىتىپ، پادىشاھىنى باش ئەگدۈرگەندەك گىدىيىپ قايتىپ كەلگەن ئابدۇراخماندىن چاتاقچى پۇقرالارنىڭ قۇملۇق چېتىدە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا غايىب بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۆزىنى تولىمۇ بىئارام ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ چىرىيە زېمىنىنىڭ ئاقپاششا پۇقرالىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى ھەققىدە كونسۇلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئىنئام ئېلىشقا ئالدىراۋاتقان ئابدۇراخمان بىلەن دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قىزىرىشىپ قالدى.

— تۈيۈپ تۇرۇپتىمەنكى، بۇ چاتاقچىلار پەقەت تەشنالىق دەستىدىنلا ئادەمزاتسىز چۆلدە تامامەن قىرىلىپ تۈگەيدۇ. مۇبادا بىرى تىرىك قالىدىغان بولسا، قولىقىمنى كېسىپ بېرەي، — دېدى ئابدۇراخمان مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ.

— پېقىر بۇ يۇرتقا قەدەم تاشلاشتىن بۇرۇن بۇ خەقلەر ئۈستىدە كۆپ ئاڭلاپ، كۆپ مۇلاھىزە قىلغىنىمنى سىلىگە ئېيتقانىدىم. بۇ خەقلەر ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن نىيىتىدىن ئاسانلىقچە يانمايدۇ، بىر مەقسەتنى كۆزلىگەنىكەن، كۆزلىگىنىگە يەتمىگۈچە توختىمايدۇ. مۇبادا چۆلدىن سالامەت چىقىپ كېتىپ، ئايغى پاتقۇچىلىكلا يەر تاپالىسا، شۇ يەردە تۇرۇپ يۇلغۇندەك كۆكلىۋالىدۇ-دە، بىزگە ھەر بىر دەقىقىدە تەھلىكە سالالايدۇ، ھازىر بۇ چاتاقچىلارنىڭ مۇشۇ سەپىرىدە بارىدىغان، تۇرىدىغان مەنزىلىنى ئۇقۇش بىزگە ھەممىدىن مۇھىم.

ئۇنىڭ ئابدۇراخمانغا قىلغان سۆزلىرى ئاخىر كېلىپ

ئۆز بېشىدا نۇرغۇن قورقۇنچلۇق خىياللارنى پەيدا قىلدى. ئۇيقۇدىنمۇ، تاماق-غىزادىنمۇ تۈزۈكرەك لەززەت ئالالمايدىغان يەرگە يەتتى. يۈرىكىمۇ خۇددى پىلىشقاق ئاتتەك، تۇرۇپ-تۇرۇپلا رىتىمىدىن ئازىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئابلىزقارىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ، جايناماز ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قادىر تۆمۈرچىنى يادىغا ئالدى.

«دۇرۇس، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئۇنى نېمىلا بولمىسۇن زۇۋانىغا كىرگۈزۈش كېرەك، ئۇ، چاتاقچىلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ. مۇبادا چاتاقچىلار يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تاپمايدىغان بولسام، ماڭا ئاراملىق يوق ئوخشايدۇ.»

سېيىت ھاجى قاچقانلارنى ئىزدەپ تېپىپ، بىتەرەپ قىلىش ئىشىنى ئۆزى باش بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئويىدا قادىر تۆمۈرچىنى خۇپىيانە سوراق قىلدى.

ئۈچ-تۆت قوراللىق ئادەم كىشەنلەنگەن ئايىغىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتقان تۆمۈرچىنى ھەيدەپ، مېھمانخانىغا ئەكىردى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار زالىملار؟ مۇسۇلمان بالىسىنىمۇ مۇشۇنچە قىينىغان بارمۇ؟ — دېدى سېيىت ھاجى تۆمۈرچىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئالدىراپ، ئۇنى ھەيدەپ كىرگەنلەرگە سىياسەت قىلىپ، — مۆمىن بەندىگە ئازاب يەتكۈزگۈچى تۆمۈر-تەرسەكلەرنى ھازىرلا يوق قىلىڭلار.

— قېنى، سۇپىغا چىقسىلا قادىرئاخۇن، — دېدى ئۇ يەنە پۇت-قوللىرىدىكى كويزا كىشەنلەر ئېلىۋېتىلگەن تۆمۈرچىگە خۇشامەت تەلەپپۇزى بىلەن.

قادىر تۆمۈرچى دەسسەپ تۇرغان يېرىدىن قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ دۈشمەننىڭ كۆزىگە قاراشنى گۇناھ ھېسابلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غاندەك، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا قىلىنغان تەكەللۇپقا پىسەنت قىلمىغىنىنى كۆرگەن سېيىت ھاجى كۆلۈمسىرەشتىن ھۆرپىيىشكە ئۆتتى ۋە سوراقنى ئەگىتىپ قىلىشقا باشلىدى:

— ئاڭلىسام، ئۇقادىلىقلارنىڭ قۇيرۇقى بار دەيدۇ، قۇيرۇقى ئىتنىڭكىگە ئوخشامدۇ ياكى مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشامدۇ؟

تۆمۈرچى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ، ئازابلاۋاتقان بېلىنى رۇسلىۋېلىپ، ھەزىلگە ھەزىل بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئىتنىڭكىگىمۇ ئەمەس، مۈشۈكنىڭكىگىمۇ ئەمەس، يولۋاسنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

— ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ، رەسمىي گەپكە كۆچەيلى، — دېدى گەپتە چۈشۈپ كەتكەن سېيىت ھاجى يەنە ھەييارلارچە كۆلۈمسىرەپ، — مانجۇلار يىقىلدى، كونىلار «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان، ئاقپاششا بېشىڭلارنى سىيلاپ قويىاي دېسە، ئەجەب ھارامزەدىلىك قىلىۋاتىسىلەرغۇ!؟

— بىز ئۆلگىرىمۇ بېشىڭلارنى سىيلايمىز دەپ، بېشىمىزنى يېرىۋەتكەنلەرنى جىق كۆرگەن. شۇڭا، بېشىمىزنى ھىمايە قىلمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

سېيىت ھاجى چىرايىدىن تارتىپ سۆڭىكىگىچە ئىسىلىشىپ، قارىيىپ كەتكەن ئاددىي بىر تۆمۈرچىنىڭ شۇنچىۋالا چەك باستۇرۇپ گەپ قىلالايدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى:

— بۇنداق يارىماس گەپلەرنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟

— ئەگەر، ئۆگەندى دېيىلسە سۈپۈرگە مىراب بېگىمدىن ئۆگەندىم.

— ئۇ قەيەردىن ئۆگىنىپتىكەن؟

— قەيەردىن ئۆگىنىپتىكەن؟ مىراب بېگىمنى بىلمەيدىغان

ئوخشايدىلا، ئۇ سىلىدەك ئادەمدىن يەتتىنى قاتىلاپ يانچۇقىغا
بىر سالىدۇ! تېخى...

— بەس!

سېيىت ھاجى كۆزىنى يۇمۇپ تەسۋى سىيرىشقا باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ تۆمۈرچىگە:

— گەپىڭنىڭ توغرىسىنى ئېيتاي، سوپپۇرگىنىڭ چاتاقچىلىرى قەيەرگە كەتتى؟ ئەگەر ئېيتىپ بەرسىلە، بىساتلىرىمنىڭ تېگىنى ئالدىلىرىدا قويىمەن. مۇبادا رەت قىلسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلمىدى دەپ پېقىردىن رەنجىمىسىلە! — دېدى.

— مەن نەدىن بىلەي، ياخشىسى، ئۆزلىرى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىدىكى زات بولغاندىكىن، بىرەر كارامەت ئىشلىتىپ تېپىۋالارلا!

— يەنە بىر سوراي، «خانىنىڭ دورى ئۆچ» دەپتىكەن، چاتاقچىلار قەيەرگە كەتتى، مەسىلەن، قايسى تەرەپكە؟

— خانىنىڭ دورى ئۆچ بولسا، پېقىرنىڭكى بىر، بىلمەيمەن دېدىمۇ، بىلمەيمەن، ئامبۇردا قىسىپ تارتساڭلارمۇ ئاغزىمدىن چىقىدىغىنى مۇشۇ بىرلا گەپ!

— ئاچىقىڭلار بۇ قارا زەڭگىنى، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار!

دورغىلار ئاياغلىرىنى كېرىپ، قولى بىلەن بېلىنى تايىنىپ تۇرغان تۆمۈرچىنى قايتا كىشەنلەپ ئاچىقىپ كېتىشتى. سېيىت ھاجى دورغىلار ئارىسىدىكى گەۋدىلىك كەلگەن بىرىنى توختىتىۋالدى ۋە قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى...

يېرىم كېچە بىلەن ئويغىنىپ، تالادىكى ھەر بىر شەپىگە دىققىتىنى بۆلۈپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن سېيىت ھاجى تاڭ سوزۇلۇشىغىلا تالاغا چىقتى. قەسىر تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئالما شېخىدا بىر تۇتام پاختىنى ئارتىپ قويغاندەكلا قو-

www.uyghurkitap.com

يۇق ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر باشقىچە كۆرۈنۈپ، ئىمامى جەئفەر تەيران مازىرىدىكى يۇلغۇن شېخىغا ۋە كونا تۇگمەنگە ئەرز داد ياكى جىن ـ شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسىتىدە ئېسىپ قويۇلغان لاتا قورچاق ۋە پاختىلار كۆز ئالدىغا كەلدى.

ھەتتا قەسىر دەرۋازىسى يېنىدىكى مەجنۇنتاللاردىن ساڭگىلاپ چۈشكەن جالالىق شاخلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە، بىراۋنى پۈتلىشىپ يىقىلسۇن دەپ قەستەن تاشلانغان كۆك ئارغامچا بولۇپ كۆرۈندى. «بۇ نېمە بولغىنى، كۆزۈم ئاجىزلاپ كەتكەنمىدۇ ياكى چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟» دەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى خېلى قاتتىق چىمدىدى، بۇرنى خۇددى ھەرە چاققاندەكلا ئاغرىپ كەتتى. كۆزىنى ئۇۋۇلۇۋېتىپ قارىۋىدى، ھېلىقى تاللار ئەمدى بىر ئۇچى ھالقىسىمان سىرتماقلارغا ئايلاندى.

سەگۈ تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىنى بېزەپ تۇرغان تەڭگىسىمان يوپۇرماقلار يېنىك شامالدا شىلدىرلىغاندا بولسا، ئۇ ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ نەزەر سالدى ۋە «ئوچۇق ھاۋادا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگىنى نېمىسى؟» دېگەندەك، قۇلىقىنىمۇ كولاپ باقتى.

يەنە شۇ ئاق پاختا، سىيرتماق، گۈلدۈرماما ...

— ۋاي ئادەم بارمۇ، قادىر تۆمۈرچى قېچىپ كېتىپتۇ، ۋاي خالايىق ...

ھېلىقى گەۋدىلىك دورغىنىڭ قەسىر ھويلىسىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىشى ئۇنىڭغا پاشىنىڭ غىڭشىشىنىچىلىكمۇ تەسىر قىلمىدى. ئابلىزقارىدىن تارتىپ رەھمەتكىچە ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشقاندىلا ئاندىن دورغىدىن خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى:

— تۆمۈرچى قېچىپتۇمۇ؟ قانداق قېچىپتۇ، قاچانراق قېچىپتۇ؟

— ھەپسىدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقىنى ئۇقىلى بولمايدۇ. ئىزغا قارىغاندا، سېپىلدىن ئارتىلىپ، تاڭ ئاتماستىلا قاچقان بولسا كېرەك.

— خۇداغا مىڭ شۈكرى، ھېلىمۇ قېچىشنىڭ ئالدىدا بىرەرسىمىزنىڭ گېلىنى سىقىۋەتمەپتۇ!

سېيىت ھاجى دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەن دورغىلارنى، چاكارلارنى توختىتىۋالدى.

— قوغلىماڭلار، بۇ ئىشنى پېقىرگە قويۇپ بېرىڭلار!

سېيىت ھاجى تۆمۈرچىنى قوغلاشقا رۇخسەت قىلمىغىنىغا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق نارازى بولۇپ، سەۋەبىنى كۈچلىۋەرگەن ئابلىزقارىنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ:

—ھۆرمەتلىك قارىم، ئەگەر تۇغۇۋاتقان مېكىيان ئۇۋىسىنى يۆتكەپ، تۇخۇمىنى باشقا بىر يەرگە تۇغۇپ يۈرگەن بولسا، ئاشۇ تۇخۇملارنى تاپماقچى بولسىلا قانداق چارە قىلىشلىرى مۇمكىن؟— دەپ سورىدى، پەس ئاۋازدا.

ئابلىزقارى سەللىسىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تاتىلىدىيۇ، خېلىغىچە خىيال سۈرۈپمۇ بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا، پېقىرنىڭ چارىسىگە قۇلاق سالسىلا، ئالدى بىلەن مېكىياننىڭ كۆتىگە ئاچچىق تۇز لېيى سۈركەپ، پۇتىغا شوينا باغلاپ قويۇۋەتكۈلۈك، شۇ چاغدا مېكىياننىڭ تۇغقۇسى كېلىدۇ-دە، ھېچنېمىگە قارىماي يېڭى ئۇۋىسىغا قاراپ يۈگۈرىدۇ. ئۇ پۇتىغا باغلانغان شوينىنىڭ كەينىدە ئىز قالدۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئەسلا دىققەت قىلمايدۇ، شۇ چاغدا ...

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن-دە ، — ئابلىزقارى سېيىت ھاجىغا بولغان قايىللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇۋلىۋەتتى، — ئەمدى بىلدىم، ئەمدى بىلدىم!

— ئەمىسە بىلگەن بولسىلا دەرھال رەسۇل ئىمامنى مېھمانخانىغا ھازىر قىلسىلا، — دېدى سېيىت ھاجى ۋە، — بۇ پاراڭ خۇدادىن باشقا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

## 28 · چۆلدىكى توغراق

توغراق — تۆرلۈك - تۈمەن خىسلەتلەرنى ئۆز جىسمىدا جەم قىلغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ خىسلەتلىرىگە ئادالەت كۆزى بىلەن قارايدىغان، كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ كىشىلەرنىڭ ھەر قاندىقى توغراقنىڭ بۇ خىسلەتلىرىگە قايىللىق بىلدۈرمەي قالمايدۇ.

ئۇ ئىشچان، باتۇر، ئۈمىدلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېشىل ئابىدىسىدەك، چۆل - جەزىرىلەردە قەيسىرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تارلىقى تۇتۇپ، ئۇنى تەبىئەت ئالىمىدىن يوق قىلىشقا ئاتايەن ئاپىرىدە بولغان، ياۋا تۇڭگۇزدەك چىقىراپ، قۇتراپ تۇرىدىغان بورانمۇ ئۇنى كۆمۈۋېتەلمەيدۇ. ئۇ يەر چوڭقۇرلۇقىدىن ئوزۇق سۈمۈرۈۋالىدۇ - دە، مەۋجۇتلۇقىنى دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك، بارغانسېرى باراقسانلاپ، ئاسمان - پەلەك بوي سوزىدۇ. تۇۋىدە بوران باشلاپ كەلگەن قۇم دۆۋىلىرى بىرگەز ئۆرلىسە، ئۇمۇ كۆك قەرىگە قاراپ بىرگەز كۆتۈرۈلىدۇ. لەنىتى بىچارە قۇم پەستە قالىدۇ. توغراق بولسا، ھامان ئېگىزدە تۇرىدۇ ۋە قېلىن يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، ئۆزىنى چاغلىمىغان قۇم ئۈستىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ.

تەقدىر تارازىسىدىكى ھەقنى ناھەق، ئادالەتنى جاھالەت بېسىپ كەتكەن چاغلاردا بوران، قۇمنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. بوران كويىقاپتىن ئوق شىددىتىدە ئېتىلىپ چىقىپ، توغراق دېگەن بۇ جاھىل نەرسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، نەسلى بىلەن قوشۇپ قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولىدۇيۇ، نىھايەت ئۇنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇشقا مۇۋەپ-

پەق بولالايدۇ. لېكىن بوران بىلمەيدۇكى، سۇنغان شاخ ئاخىرقى بىر تال قوۋزىقى ئۈزۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا ياشناۋېرىدۇ، بەلكى ئۆز تۈپرىقى ئىنئام قىلغان شىپالىق ئابىكەۋسەر بىلەن يارىسىنى پات ئارىدا ساقايتىپ، بورانغا قارشى كۆكرەك كېرىدۇ. مۇبادا بىرەر تۈپ توغراق چورتلا ئۈزۈلۈپ، يىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا بوراندىن ئۆچ ئېلىشنى يادىدىن چىقارمايدۇ ـ دە، بوران ۋە قۇم ئالدىدا توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، مۇھاپىزىتى دائىرىسىدىكى بوستانلىقلارنى، بوستانلىقتا ياشىغۇچى ئادەمزاتنى ئاپەتتىن ساقلايدۇ.

بىنا بولۇش تارىخى ھاياتلىق ئىراسىنىڭ قايسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىكىن، ئىشقىلىپ، چىرىيە كەنتى بىلەن لوپ بوستانلىقى ئارىسىدىكى بىپايان دەشتنىڭ دەل كىندىكىدە كۆكىرىپ تۇرغان بىر پارچە ئىپتىدائىي توغراقلىق ئۆزىدەك جاپاكەش ۋە ئۈمىدلىك بىر توپ مۇساپىرغا قۇچىقىنى كەڭ يايدى. نائىلاج يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سەرسانلىق قايناملىرىدا قايناپ، ئۈچ كۈنلۈك گۆر ئازابى دەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەن مۇساپىرلار ئاخىر بۇ توغراقلىققا يېتىپ كەلدى.

— «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېيىشتى بەزىلەر ئۇسسۇزلۇقتىن سېغىزدەك قۇرۇپ، قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىلىپ قالغان ئاغزىنى تەسلىكتە گەپكە كۆندۈرۈپ، — يەنە يەيدىغان رىزقىمىز بار ئوخشايدۇ!

دېمىسىمۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىپ كەتكەن قۇمغا دەسسەش — قىزىتىلغان تۆمۈرگە دەسسىگەندىنمۇ ئارتۇق ئازاب ئىدى. ئانچە ـ مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان سالما، پاتمىچۇقلاردىن ئۆزگە ھېچبىر جان ـ جانىۋار ئۇۋا سالمايدىغان بۇ چۆلدە ئەسىرلەردىن بېرى سۇ كۆرمەي ياتقان ئاچكۆز قۇملار

كىشى بەدىنىدىكى سۇ تەركىبىنى بىردەمدىلا ئۆزىگە تارتىپ، يىگىلەپ كەتكەن قورۇق مۇردىغا ئوخشىتىپ قوياتتى.

قاچ-قاچ بولغان ئاخشىمى ھېچكىم سۇ ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئۇلار پەقەت قولدىن-قولغا يۆتكەپ ئەكېلىنگەن چولاق مۇئەززىن بىلەن ھىممەت قاشقىنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلغىلى گۆر كولىغاندا قۇم تەكتىدىن چىققان قومۇش يىلتىزىنى چايناپ، ئاز-تولا دەرمان تاپتى. قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قومۇش يىلتىزىمۇ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ قالدى. تەشنالىق ھەممەيلەننى ھارغۇزدى.

بىراق، بۇ ھالسىز ئادەملەر ئانا ماكانىدىكى سۈزۈك بۇلاقلارنى، سوغۇق سۇلۇق قۇدۇقلارنى سېغىنىدىمۇ، ھاسىراپ كېلىۋېتىپ بەزەن-بەزەن كەينىگە قايرىلاتتى-دە، كۈنچىقىش تەرەپكە قىيماسلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قوياتتى. تەندۇرۇس ئادەملەرلا ئەمەس، يەنە كۆزلىرىگە ئېغىر تالاپەت يەتكەچ، نۇرەك باخشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بىر زەخمىدار كىشىمۇ قەدەمدە بىر دېگۈدەك توختاپ يۇرت تامان قايرىلىپ قارىۋېلىپ، ئاندىن ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەيتتى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشى قىزىق تۇيۇلدىمۇ ياكى كەم ئەقىللىق قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ، مۇساپىرلار تويىدىكى 14-15 ياشار بىر بالا قاملاشمىغان بىر سوئال قويۇپ قالدى:

— كۆزى كور بولمىسىدى كاشكى، يۇرت تەرەپكە نېمىدەپ بۇنچە قاراپ كېتىدىكىن بۇ كىشى؟

كېتىۋاتقانلار سوئال قويغۇچىنىڭ چىرايىغا تەئەججۈپلۈق نەزەرى بىلەن سەپسىلىۋېلىپ باشلىرىنى چايقاشتىيۇ، بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغان بالا بولغاچقىمۇ، ئۇنى ساراڭلىقتا-ساددىلىقتا ئەيىبلەپ ئولتۇرمىدى. لېكىن، ھېلىقى بالا بالىلىقىنى چاندۇرۇپ قويغىنىغا خىجىل بولغان بولسا كېرەك، قۇلاقلىرى-

غىنچە قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى. سۈپۈرگە ئاخۇن ئۇنىڭغا خىيالەن تەسەللى بەردى:

«خىجىل بولما بالام، سەن ئەجەبلەنگەن ئۇ كىشى ئانا يۇرتىغا تىكىلىپ قارىغىنىدا پۈتكۈل ۋۇجۇدى مىڭلىغان كۆزلەرگە ئايلىنىدۇ، يۇرت دىدارىنى كۆزى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئانا يۇرتىغا مۇھەببەت قويغانلاردىلا بولىدىغان ئالاھىدە بىر سەزگۈ بىلەنمۇ كۆرۈۋېرىدۇ. سەن تېخى بىلمەيسەنكى، ئىنسان بالىسىنىڭ يىغلاپ تۇغۇلۇشىدا سەۋەب نېمە؟ شەيتان ئۇنىڭ چۆچۈرىدەك قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ:

— ئى جان ئىگىسى، سەن كۆز ئاچىدىغان دۇنيانىڭ بورىنى بار، يامغۇرى بار، ئىسسىقى بار، سوغۇقى بار، كۆرىدىغىنىڭ مۇشەققەتتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس!

بوۋاق ئازدۇرغۇچى شەيتانىنىڭ بۇ گېپىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئانا قارنىدىن ئايرىلىپ، جەبىر - جاپالىق بىر دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقىنىغا ئاھ ئۇرۇپ، قىقىراپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇ يىغلايدۇ - يۇ، لېكىن ئانا يەر ئۇنى ئۆز قۇچىقىغا ئالىدۇ - دە، ساپ ھاۋاسى بىلەن نەپەسلەندۈرىدۇ. چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۈسۈپ چىققان قومۇشنى شەيتان ۋەسۋەسىگە ئىشىنىپ كەتكەن بوۋاققا شەپقەت ياغدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ... كىندىكىنى ئاۋايلاپ كېسىپ پۈتۈنسۈرۈك بىر جانغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ جان كىندىكىدىن تۇنجى تامچە قان تۆكۈلۈشى بىلەنلا يەر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كېتىدۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت كىندىك ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەشكە باشلايدۇ، ئەركىلەۋېتىپ چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە لەنىتى شەيتان ئۇنى يەنە ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەيدۇ:

— ئى سەبىي جان ئىگىسى، دۇنيا ھازىرچە سېنى ئەركىلىتىۋاتىدۇ، لېكىن، مەن ئاگاھ بەرگەن مالامەتلىك ئالامەتلەر پات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارىدا زاھىر بولىدۇ!

بوۋاق چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يەنە يىغلايدۇ، ئەركىلىتىشكىمۇ، پەپىلەشكىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، ھەتتا «ئىككى يۈزلىمە» دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغىنىغا پۇشايمان يەپ، قىزىيدۇ، ئاغرىيدۇ، قاقشايدۇ.

ئەمما، ئانا يەر ئۆز كىلماتىنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە شىپالىق شامال ئەۋەتىپ، ئۇنى سەگىتىدۇ. ئانىنىڭ قولى ئارقىلىق كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ. ھالال سۈت ۋە ئابىھايات بىلەن سەبىي قەلبىدىكى، تۇغاچىتەك مەڭزىدىكى ياش داغلىرىنى يۇيۇپ، تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ، كۈندۈزى كۈننى، كېچىلىرى ئاي - يۇلتۇزنى بېشىدا دەۋر قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئوينىتىدۇ، ئۇخلىتىدۇ. يۇمشاق يۆگەككە ۋە كۆرپىلەرگە يۆگەپ ئىسسىق - سوغۇقتىن ھىمايە قىلىپ، تېنىگە ئەت ۋە بويىغا بوي قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇدرۇق بوۋاق تاتلىققىنە كۈلىدۇ-دە، مەڭزىدە بەكمۇ چىرايلىق زىنىخلار پەيدا بولىدۇ. بىلەمسەن، بوۋاقنىڭ بۇ تۇنجى كۈلكىسى ئانا يەرگە بولغان يۈرەك تەشەككۈرى ۋە رازىمەنلىكى، كىنىدىك ئانىسىنىڭ شەپقىتىگە تۆلىگەن تۇنجى بەدىلى، يالغانچى شەيتانغا بىلدۈرگەن ئېتىرازى ۋە مەسخىرىسى. ئۇ يەنە بۆشۈككە قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇنىڭ غىچىرلىشىنى، ياق، مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلايدۇ. ئانا تۇپراقنىڭ ئۇزاق تارىخىدىن، ياخشى-يامان كەچۈرمىشلىرىدىن ھېكايەتلەر تىڭشايدۇ. بۆشۈكىدە يېتىپ كۆك ئاسمانغا، ئاق بۇلۇتلارغا، كەڭ تەبىئەتنىڭ رەڭمۇرەڭ بېزەكلىرىگە كۆز سالىدۇ - دە، بۇ جىمىي مۆجىزاتلارنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى، كۆللى مەۋجۇداتنىڭ پەرۋىشكارى بولغان مۇقەددەس تۇپراقنى مېھرىبان ئانىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا مېھىر قويىدۇ. ئۆمۈر رىشتىسىنى ئەنە شۇ تۇپراق بىلەن چەمبەرچاس باغلايدۇ.

ھايات ۋە ھەممىنى بەرگەن ئانا تۇپراق ئىنسان نەزەرىدە
شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئورۇننى ئىگىلەيدۇكى، بىرىسىز بىرى ياشىيال-
مايدۇ، ھەرقانداق ۋاپالىق ئادەم ئۇنى بىزنىڭ ھېلىقى شېھىت-
لىرىمىزدەك جان بەدىلىگە ئاسرايدۇ. ئەنە ئاۋۇ زەخمىدار كىشى-
دەك ئۇنىڭغا تويماي تەلمۈرىدۇ، تەلپۈنىدۇ ...»
ئۇ پۇشايمان يېشى تۆكۈۋاتقان بالىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:
— خىجىل بولما ئوغلۇم، ھېچ ۋەقەسى يوق، بىلمىگەننى ئەمدى
بىلىسەن، سەن تېخى كىچىك ....— دېدى.
ئېغىزلىرىنى قاقىرامدا قالغان بېلىقنىڭ ئاغزىدەك ئېچىپ،
ئۇشۇقىغىچە قۇم كېچىپ كېلىۋاتقان مۇسا-
پىرلارنى كۆرۈپ، سوپۇرگەئاخۇننىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. خەلق-
نىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالى، ئۆلۈم گىردابىدىكى جان تالىشىشلىرى،
شىددەت بىلەن سوقۇۋاتقان بورانغا ئايلىنىپ يۈرىكىدە يېنى-
ۋاتقان قىساس ئوتىنى ئۇلغايتتى. ۋىسالىدىن مەھرۇم بولغاندىن
بېرى مىنۇتسىرى كۈچىيىۋاتقان يۇرت مۇھەببىتى قىساس
ئوتى ئۈستىگە ياغ بولۇپ چېچىلغىلى تۇردى.
«ئى پەرۋەردىگار، يىلان - چايانلاردىن قان قەرزىمىزنى،
ئەزىز يۇرتىمىزنى قايتۇرۇۋالغۇچە بىچارە بەندىلىرىڭنىڭ رىز-
قىنى بەر، جېنىنى تېنىدە ئامان قىل، — ئۇ بىر قېرىسال كىشى-
نى يۆلەپ كېلىۋېتىپ ئاللاغا چىن يۈرىكىدىن ئىلتىجا
قىلدى، — كۆرسىتىدىغان كارامىتىڭنى كۆرسەت، ئاتىغان شەپ-
قىتىڭنى ئايان قىل!»
سوپۇرگەئاخۇن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئاياغلىرىنى يۆتكەپ
كېتىۋېتىپ، تەرەپ - تەرەپكە سەپسالدى. كۆزىگە ئاجىز - ئورۇق-
لارنى يۆلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان نۇرەك باخشى ۋە مەتقاسىملارنىڭ
كەينىدە قالغان ئويۇم - ئويۇم ئاياغ ئىزلىرىدىن، يىراقلاردا خۇددى
ئەزىم دەريادەك ئۆركەشلەۋاتقان ئېزىتقۇدىن، ئالقانچىلىك بۇ-

لۇت بولمىغان كۆك ئاسماندىن ئۆزگە، كارامەتكە ھامىي بولغۇچى ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمىدى.

تىلەك يەنىلا تىلەك بويىچە قالدى، سۇپۇرگەئاخۇن يىل-يىللاپ يامغۇر بۇلۇتى يېقىن يولىمايدىغان، تونۇردەك يېلىنجاپ تۇرغان قۇرغاق ئاسماندىن يامغۇر كۈتۈشنىڭ ياكى ئاياغ ئاستىدىنلا بىر بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشنىڭ پەقەت قۇرۇق خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشەندى-دە، ئاخىر مەرھۇم ئاتىسىنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى يادىغا ئالدى:

«مەيلى تاغلىق ۋەمەيلى قۇۋاستەك قىزىپ تۇرغان قۇملۇق بولسۇن، سۇ بۇلمايدىغان يەر يوق، — دېگەنىدى بىر چاغلاردا ئۇ تۇپا مەھەللىسىنىڭ ياقىسىدىكى قۇملۇقتا دەسسەپ تۇرۇپ، — گەپ ئۇنى ئەقلىڭگە تايىنىپ تاپالىشىڭدا.»

سۇپۇرگە ئاخۇن يول تاشاپ، يۆنىلىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن 100 قەدەمچە يىراقلىقتىكى ئاتايىن دۆۋىلەپ قويۇلغاندەكلا چوخچىيىپ تۇرغان بارخان يېنىغا كەلدى-دە، قۇم ئارىسىغا قولىنى تىقتى، نېمىنىدۇ كۆزەتتى. ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئاستا-ئاستا بوشىشىپ، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— توختىئاخۇن، مەتقاسىمئاخۇن، بۇ يەرگە كېلىڭلار!

ئىككى پۇقرا بارخان يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇپۇرگەئاخۇن قوۋاستەك شىرىلداپ تۇرغان قۇمنى كولاپ، خېلى چوڭقۇرلاشتۇرغانىدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر؟ سىلەرمۇ كولىمامسىلەر؟

— بېگىم، بۇ يەردە قىزىق قۇمدىن ئۆزگە ھېچنېمە بولمىسا، بىكار ئاۋارە بولۇپ نېمىمۇ قىلارمىز؟

— كولاڭلار دېگەندىكىن كولاڭلار، نېمە بارلىقىنى ھېلى كۆرىسىلەر!

ئۆچەيلەن تەرلەپ-پىشىپ كولاشقا باشلىدى. زامانلاردىن بېرى ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن جاھىل قۇم دانىچىلىرى ئۆزلىرى ھەيدەپ چىقىرىلغان كاتەككە قاراپ سۇدەك ئاقسىمۇ، بوشاشماي ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئۈچ جۈپ قولنىڭ جاسارىتىگە ئاخىر تەن بەردى.

— ھوي، بۇ يەردىكى قۇم نەم ئىكەنغۇ بىگىم!

دەسلەپتە بىر تونۇر چوڭلۇقىدا كولانغان يەر ھەش-پەش دېگۈچىلا چامغۇر ئورنىدەك ھالغا كېلىپ، ئادەمنىڭ بېلىگە يەتكۈدەك چوڭقۇرلىدى. سۈپۈرگەئاخۇن بىر ئوچۇم نەم قۇمنى ئېلىپ چىڭ سىقىۋىدى، قۇم بىر مونەككە ئايلاندى.

— ئەمدى بولدى قىلايلى، — دېدى ئۇ ئىككىيلەنگە قاراپ، — سەل تەخىر قىلىپ كۆتەيلى، قېرىنداشلارمۇ بۇياققا كەلسۇن!

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى زادى چۈشىنەلمەي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان توختىئاخۇن ئۆرەك تېگىدە بىر ئوچۇم كەلگۈدەك سىزما سۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپلا:

— سۇ ... سۇ ... سۇ ...، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

— سۇ! سۇ! مەيەرگە چاپسان كېلىڭلار ...

سۈپۈرگەئاخۇن بايا تەكشى كەتكەن قۇملۇقتا يېگانە تۇرغان بارخاننى كۆرۈپلا بارخان ئورنىدا قاچاندۇ بىر چاغلاردا قومۇش ياكى يۇلغۇن ئۆسكەن دەپ پەرەز قىلغان ۋە بۇنداق يەردە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېيىز بولىدىغانلىقىنى يادىغا ئالغان، قولىنى قۇم ئارىسىغا تىقىپ كۆرۈپ، قۇم تەكتىدىكى ھارارەتنىڭ قۇم ئۈستىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ، ئورەك كولاش قارارىغا كەلگەنىدى.

موھتاجلىق دەردىنى تولا تارتقان، كۆڭلى سۇنۇق كىشى ئادەمگەرچىلىكنى ئۆز نەپسىدىن ئارتۇق بىلىسە كېرەك، تولىمۇ ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇنى ھېچكىم بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشمىدى، تىلىلىرى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغانلارمۇ ئالدى بىلەن ياشانغانلارغا، ئاجىزلارغا نۆۋەت بېرىشتى.

سۇپۇرگەئاخۇن قوم ئۆرىكىدىن چىققان قاڭسىق، تۇزلۇق سۇنىڭ چاڭقىغانلارغا پەقەت بىردەملىكلا ئارام بېرىدىغانلىقىنى بىلگەچ، كىشىلەرنى سۇنى كۆپ ئىچمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى، ئەڭ ئاخىردا بىر ئوچۇم سۇ ئىلىپ لەۋلىرىنى نەملىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى باشلاپ يولنى داۋام قىلدى...

ئۇلار بەشتوغراق بوستانلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، قۇياش غەربكە ئېگىلگەن بولۇپ، ھاۋا يەنىلا دىمىق ۋە قۇرغاق ئىدى. كۈنپېتىشتىن قوزغالغان تەڭگىسمان بۇلۇت چۆل شامىلىدىن بېشارەت بېرىپ، قۇياش يۈزىگە قاراپ يېپىلىۋاتاتتى.

مۇساپىرلار يىقىلغان توغراق كۆتەكلىرى، چىرىپ قارىيىپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار، غازاڭلار ئارىسىدىكى كىچىك كۆلچەككە قۇيۇلۇپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. چۈنكى، بۇلاق سۈيى تەشنالىقنىلا قاندۇرالايتتىكى، پۈتىسىغا تۈگۈۋېلىشقا ئۆلگۈرگەن ئازغىنە يېمەكلىكلىرىنى ئالالىبۇرۇن يەپ تۈگەتكەن پۇقرالارنىڭ ئاچلىقىغا ئارا تۇرالمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، يەيدىغان بىرەر نەرسە تېپىپ، ھەددىدىن زىيادە ئىچكەن سۇ بىلەن لاسسىدە بوشىشىپ كەتكەن تېنىنى قۇۋۋەتلەندۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئىپتىدائىي توغراقلىق ئىچكىرىلىگەنسېرى قويۇقلىشىپ باراتتى. رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ۋە ئۆزگىرىشچان كىلىماتنىڭ جەبرىگە چىداشلىق بېرىپ كەلگەن يوغان توغراقلار بىر ـ بىرىگە يۆلەنگەن، نەچچە گەز ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتا ئىرماش ـ چىرماش گىرەلىشىپ كەتكەن شاخلار خۇددى غايەت

زۇ سايىۋەندەك، يەر يۈزىنى قاراڭغۇ قىلىپ كۆرسەتتى. توغراق تۆپىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن ئاقتىكەن، قامغاق، قومۇش ۋە چاتقال ئۆسۈملۈكلىرى شۇنچىلىك قويۇق ئىدىكى، توغراقلىقنى ھەرقانداق جانلىقلارنىڭ يامان غەرەزلىك ھۇجۇمىغا توسقۇن پەيدا قىلماقچى بولۇپ ئاتايىن بىنا قىلىنغان چىتلاققا ئوخشايتتى.

تۆۋى غازاڭ ۋە قۇم قاتلاملىرى بىلەن ئادەم بويى ئې-گىزلەپ قالغان توغراقلارنىڭ كامارلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ، يۇمىلاق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تۇرغان كىلەلەرگە قارىغان كىشىنىڭ تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كېتەتتى. يازنىڭ ھا-رارەتلىك تەپتى بىلەن كۆيۈپ، تازا ساغرىپ پىشقان زاغ-رىدەك قىزىرىپ كەتكەن توپا ئارىسىدىن تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىققان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق سالما، سەمرىپ كەتكەن چۆل چاشقىنى ئاياغ ئاستىدىنلا شىرىلداپ ئۆتكەندە بولسا، تاغ يۈرەك ئادەمنىمۇ كىيىكتەك تاقلاپ، ئەندىكىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

مۇساپىرلار ئاز-تولا ئىزناسى بار چىغىر يوللارنى بويلاپ، ئاقتىكەنلەرنى ئېھتىيات بىلەن قايرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ-لارنىڭ بىرمۇنچىسى سۇ بىلەن تۇپرىقى ماسلاشقان بۇنداق بوستانلىقتا ئادەمزاتنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، دەپ باغلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە ئادەمزاتقا تەئەللۇق ھېچقانداق ئىز ۋە نىشانە ئۇچرىتال-مايۋاتاتتى.

— ۋايجان!

سۇپۇرگەئاخۇن بىرنەچچە پۇقرانى ئەگەشتۇرۇپ، ئا-دەم بويى ئۆسۈپ كەتكەن ئاقتىكەنلەرنى توغراق تايىقى بىلەن خۇددى يۇڭ ساۋىدىغاندەك ساۋىداپ كېلىۋې-تىپ يېقىندىلا بىر يەردىن چىققان ئەنسىز ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك بۇرۇلدى-دە، تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان توپا-توزان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

نى كۆزلەپ ئوقتەك يۈگۈردى.

ئۇ يېتىپ كەلگۈچە، بوغۇناقمۇ توغراق يوپۇرماقلىرىنى ياڭاق تاسقىغاندەك شاراقلىتىپ ئۆتكەن قۇيۇنسىمان شامال بىلەن قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كەتتى. كۆردىكى، توختىماي ئىڭراپ، قاقشاۋاتقان نۇرەك باخشى توپا- چاڭغا كۆمۈلگەن پېتى يوغان قاپقانغا قىسىلىپ ياتاتتى. بېلىگە قىستۇرۇۋالغان بۇرغىسىغىمۇ توپا توشۇپ كەتكەن. ئۇ قازاننىڭ ئاغزىدەك يوغان قاپقاننىڭ قىسمىقى ئارىسىدا شورۇلداپ قان ئېقىۋاتقان پۇتىنى قۇچاقلاپ يېتىپ سۇپۇرگەئاخۇننى كۆرۈپلا:

— ئوبدان بولدى بېگىم، توغراقلىقتا ئادەم بار ئىكەن. بولمىسا بۇقاپقاننى جىن- شاياتۇن قويامتى؟ ئادەم بار ئىكەن، ئادەم بار ئىكەن...،— دېدى،قالتىس بىر سىرنى يەشكەندەك خۇشال بولۇپ

نۇرەك باخشىنىڭ ھۆكۈمىگە راستىنلا قىل سىغمايتتى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ چىغىر يولىغا پەم بىلەن قويۇلغان بۇ قاپقان چىمەلتەك قول تومۇقىدىكى زەنجىر بىلەن كۆشەۋاتقان كالىدەك سوزۇلۇپ ياتقان بىر يوغان توغراق كۆتىكىگە باغلانغانىدى.

سۇپۇرگەئاخۇن نۇرەك باخشىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي قاپقانغا تاشلاندى- دە، تۇتقامىش يېتىپ كەلگەن ھەمراھلىرىنىڭ ياردىمىدە قاپقاننىڭ قىسمىقىنى تەسلىكتە بوشىتىپ، نۇرەك باخشىنىڭ، ئوشۇقىنىڭ ئۈستىدىن خېلى ئېغىر جاراھەتلەنگەن پۇتىنى ئاجرىتىپ چىقاردى.

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، لېۋىنى قاتتىق چىشلىۋالغان نۇرەك باخشى يەرگە خېلى تەسلىكتە ئاياغ باستى- دە، ئاغرىقنى سەزمىگەندەكلا كولۇمسىرەپ ھېلىقى گېپىنى تەكرارلاۋەردى.

— توختاپ تۇرسىلا بېگىم،— دېدى ئۇ سۇپۇرگەئاخۇننىڭ قاپقاننى غەزەپ بىلەن ئېتىۋەتمەكچى بولغىنى

نى كۆرۈپ ئالدىرىغان هالدا، — بۇ قاپقاننىڭ بىر يېرى كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ-يا؟

نۇرەك باخشى سوپۇرگەئاخۇننىڭ قولىدىن قاپقاننى ئېلىپ يەرگە قويدى، ئۇنىڭ قىسمىقىنى كۈچ بىلەن قايرىپ تۇرۇپ، ئۇ يەر-بۇ يېرىگە سىنچىلاپ سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇ قارىداپ كەتكەن قىسماقنىڭ ئىچكى يۈزىدىكى چوڭقۇر ئويۇلغان ئالتە بۇرجەك بەلگىنى كۆرۈپلا:

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، بۇ جامالىدىن ئۇستامنىڭ سوققان قاپقىنى، بۇنداق تەيلىك، يوغان قاپقاننى شۇ كىشىلا سوقالايتتى، — دېدى ۋە هاياجانلانغان هالدا ھېلىقى خاس بەلگىنى سوپۇرگەئاخۇنغا كۆرسەتتى.

— هەي، جامالىدىن ئاكام بەكمۇ ئۇستا تۆمۈرچى ئىدى، — دېدى سوپۇرگەئاخۇن قاپقاننىڭ قىسمىقىدىكى بەلگىنى سىيلاپ تۇرۇپ خۇرسىنغان هالدا، — ئۆز ۋاقتىدا مانجۇلار قوزغىلاڭچىلارغا قىلىچ-نەيزە سوقۇپ بەردىڭ دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، كاجۇۋىغا سولاپ ئەكەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى ئۇ بىچارە. مانا ئارىدىن ئالتە-يەتتە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار ئەل-يۇرت يولىدا ھۈنىرىنىمۇ، جېنىنىمۇ ئايىمىغان مەشھۇر جامالىدىن تۆمۈرچىنى ياد ئېتىپ، تەرىپىنى قىلىشتى-دە، نۇرەك باخشىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە، قان بەدىلىگە تېپىلغان چىغىرنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار چىغىر بىلەن بىرەر يۈز قەدەم ماڭا-ماڭمايلا ئاسمان-پەلەك تۇغراقلار بىلەن قورشالغان بىر پارچە بوشلۇققا چىقىپ قالدى. بەلگە كېلىدىغان يۇمران قومۇش ۋە چىم-چاتقاللار قاپلاپ كەتكەن بۇ بوشلۇقنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان كەپە ھەممەيلەننىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

توغراق بادرىسى ۋە قومۇش بىلەن يېپىلغان كەپىنىڭ يۇلغۇزدىن توقۇلغان ئىشىكى قىيا ئېچىقلىق تۇراتتى. كەپىدە ئىككى - ئۈچ پارچە تېرە، يوغان بىر قاپاق ۋە بىر دۆۋە لاتا - پۇتىدىن ئۆزگە تىرىكچىلىكنى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، سوپۇرگەئاخۇن ئۇمىدسىزلەنگەن كۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە تاشلاپ، توغراقلارنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ تۆپىسىگىچە كۆزىتىپ چىقتى - دە، ۋارقىرىدى:

— بۇ يەردە ئادەم بارمۇ؟ بىز چىرىيىمدىن كەلگەن مۇساپىرلار...

ئۇنىڭ ئالقىنىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ توۋلىغان ئاۋازى «بۇ نېمە ئادەملەردۇ؟» دەپ پىچىرلىشىۋاتقاندەك شىلدىرلىشىپ تۇرغان يوپۇرماقلار ئارىسىغا سىڭىپ، غايىب بولدى. تۇپراقتىن بىخ يېرىپ چىققاندىن بېرى بۇنچىلىك كۆپ ئادەمنى كۆرگىنىدە ھەيران بولۇپ گىدىيىپ تۇرغان توغراقلار ھېچقانداق ئەكس سادا قايتۇرمىدى. چۆچۈپ كەتكەن چۆل قۇشلىرى ئۆزلىرى بىلەن خىلىدىن بېرى بىللە ئۆتتۈۋاتقان بىر ئادەمزاتنىڭ كەپىسىنى ماراۋاتقانلاردىن خاپا بولغاندەك، شاختىن - شاخقا قونۇپ، ئۆز تىللىرىدا ئېتىراز بىلدۈردى.

بىرەر ئادەم بىلەن دىدارلىشىش تەقەززاسىدا قىلىنغان ھەرىكەتلەر، ۋارقىراشلارنىڭ نەتىجىسى چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جامائەت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بوشىشىپ كەتتى - دە، بىرى بىرىنى دوراپ قومۇشلۇققا يانپاشلىدى. قۇياش غەربكە قىيسايغانسېرى شامال ئەدەشكە باشلىدى.

چىرىيە بىلەن ئىلچى ئارىسىدىكى بۇ دەشتتىن ھېچكىم كېسىپ ئۆتۈپ باقمىغاچقا، ئىلچىغا يەنە قانچىلىك مۇساپە بارلىقىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. سەپەرنى ئىلچىغا قاراپ داۋام قىلىش يېرىم جان بولۇپ قالغان كىشىلەرگە يەنە نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى ئەكىلەتتى. ئىلچىغا يېتىپ

بارغان بىلەنمۇ قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان ئىلچى تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا، بۆرىدىن قېچىپ، يولۋاسقا يەم بولۇش خەۋپىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

يۇمشاق قومۇشنى سىلىنچا قىلىپ، چىرىيە تەرەپكە كەچ قالغان بازارچىدەك ئالدىراپ كۆچۈۋاتقان مانانىنى كۆزەتكەچ ئوڭدىسىغا ياتقان نۇرەك باخشىنىڭ خىيالىغا بىرەر ئوي كىردى بولغاي، ئۇ قان ساقىسىپ تۇرغان پۇتىنى ئاستا يىغدى-دە، يېنىدىكىلەرگە ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاندىن بۇرغىسىنى ئېلىپ، قېقىپ، پۈۋلەپ پاكىزىلىدى، ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئۆپكىسى تۇشقۇدەك چوڭ بىر نەپەس ئالدى.

«دۈت...دۈت...دۈت...»

قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم بولغان ھامان تېزلىكتە سوۋۇشقا باشلىغان ھاۋا بۇرغىنىڭ «دۈت...دۈت» قىلغان ساداسى بىلەن تەڭلا ھەركەتكە كەلدى. چاڭگاللاردا ئېچىرقاپ ياتقان باللىرىغا كەچلىك غىزا ئەكىلىپ، يېقىنلا يەردە مارىلاپ يۈرگەن قۇشلار بۇ زىلزىلىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ، ھاۋاغا تىك قاڭقىشتى-دە، بوشلۇق ئاسمىنىدا بىرقانچە نۆۋەت پىرقىراشقاندىن كېيىن يەنە شاخلار ئارىسىغا قايتىپ كېلىشتى.

«دۈت...دۈت...دۈت...»

تولا كۈچەپ كەتكەنلىكتىن، بەستىدىكى جىمىي قان چىرايىغا ئۇرۇپ، يۈز-كۆزىنى تېخىمۇ قارايتىۋەتكەن، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن نۇرەك باخشى سوپۇرگەئاخۇننىڭ نەسىھىتى بىلەنلا بۇرغىسىنى چۈشۈردى، نېمىنىدۇ ئىزلىگەندەك، تەرەپ-تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەزەرى تۇساتتىن كەپە كەينىدىكى قوپۇق ئاقـتـىكەنلىكتە توخـتاپ قالدى. تىكەن ئۇچىنىڭ مىدىرلىـشى ۋە شىرىقلىغان ئاۋاز ئەتراپتىكىلەرنىڭمۇ دىققىتىـنى قوزغىدى.

— كىم؟

— ......

ئاۋاز بىلەن تەڭ، تىكەنلەرنىڭ مىدىرلىشى بىردىنلا توخـتاپ قالدى، لېكىن تىكەنلىكتە غىل پال كۆرۈنگەن بىر پاخما باش گەۋدە كـۆزنى يۇمـۇپ ـ ئاچـقـۇچـە كەپـە يـېنىـدىكى قومۇشلۇقتا پەيدا بولدى ـ دە، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇرغانلارغا تازا بىر سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن، قولىدىكى كالتەكنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇدۇل نۇرەك باخشىغا قاراپ تاشلاندى.

ئۇلار كۆزلىرىنىڭ تەگ ـ تېگىگە تىكىلىشتى ـ دە، چىرـماشقان توغراق شاخلىرىدەك قۇچاقلىشىپ، چاپلىشىپ كەتتى.

— نۇراخۇن...

— جامالىدىن ئۇستام...

ئۇستىبېشى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن، چېچى ئاشىقـلارنىڭكىدەك ئۇزارغان، ساقال، بۇرۇتى ئارىسىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قاڭشالىق بۇرنى ئاران كۆرۈنۈپ تـۇرغان بۇ كىشىنىڭ نۇرەك باخشىغا بىرەر قەست قىلىـشىدىن سەرەپ جىددىيلىشىپ تۇرغان كىشىلەر، «جامالىدىن ئۇستام» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا كۆز يېشى قىلىشىۋاتقان ئىككىيلەننى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— ھوي، راستىنلا جامالىدىن ئۇستامئىكەنغۇ، بۇ!

— مەن سۈپۈرگەئاخۇن، يادىلىرىدىمۇ، نەزەرغوجىنىڭ ئوغلى سۈپۈرگەئاخۇن!

— پېقىرنى تونۇدىلىمۇ جامالىدىن ئاكا، مەن...

تۆگە تاپىنىدەك قېتىپ كەتكەن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقان جامالىدىن بوۋاي قول بېرىۋاتقان ھەر بىر كىشىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتماقتا ئىدى. رەڭگىنى يوقاتقان ماتا كۆڭلىكىنىڭ تىتىلىپ كەتكەن يەڭلىرى شامالدا ئۈچۈشۈپ تۇراتتى.

— ھەرقايسىڭلارنى قانداقمۇ ئۇنتاي، شۇ يەتتە يىلدىن بېرى چىرايىڭلارنى كۈندە 100 قېتىم كۆز ئالدىمغا ئەكىلىپ تۇردۇم، — دېدى ئۇ سۆپۈرگەئاخۇنغا ۋە تونۇش چىرايلارغا تويماي سەپسېلىپ تۇرۇپ، — تەقدىر دېگەن مانا شۇنداق نەرسە، مېنى بىر سەۋەب بىلەن يۇرتۇمدىن، يۇرتداشلىرىمدىن ئايرىۋەتتى، مانا بۈگۈن ئۆيلىمىغاندا بۇ جەزىرىدەيەنە ھەرقايسىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟

— ياق، چۈشلىرى ئەمەس جامالىدىن ئۇستام، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يېڭىباشتىن دىدارلىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇرۇۋېتىمىز.

— راست گەپنى قىلسام، كۆزۈم تورلىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشىگىلا كەپەمنى تاشلاپ ئاۋۇ يوغان توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرغانىدىم. چىرايىڭلارنى كۆردۈمۇ، تونۇيالمىدىم، مۇبادا نۇراخۇن بۇرغىسىنى چالمىغان بولسا، ئۆزۈمنى قورقماي ئاشكارىلىيالايتتىممۇ؟

— جامالىدىن ئاكا، بۇرغامنىڭ ئۈنىنى ئۇنتۇپ قالماپلىدە تېخى؟

— قانداقمۇ ئۇنتاي؟ ھېلىقى يىلى دۆيۈز چېرىكلەرنىڭ ۋايجېنىنى چىقارغان چېغىمىزدا قولاق تۈۋىمىزدە ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاۋاز ئەستىن چىقامتى؟

جامالىدىن بوۋاي نۇرەك باخشىنىڭ بۇرغىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەستىلىكلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ چىقتى ۋە ئۇھ تارتىپقويدى،



تىكەنلەرنىڭ قىمىرلىشى توختاپ، بىر پاخما باش گەۋدە كەپە يېنىدىكى قومۇشلۇقتا پەيدا بولدى ـ دە، قولىدىكى كالتەكنى چۆرۈپ تاشلاپ، نورەك باقشىغا قاراپ تاشلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىر باغ قورايدەك يوغان ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويغاندىن كېيىن، نۇرەك باخشىنىڭ سوپۇرگەئاخۇننىڭ ياردىمى بىلەن تەسلىكتە ئۆرە تۇرۇۋاتقىنىغا ئەجەبلەندى، ـ دە ئايىغىدىن تامچىلاۋاتقان قانني كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى:

— نۇراخۇن ئۇكام، پۇتلىرى؟...

— ھە، تېرىسىنى ئازراق سۈرۈۋەتتى بولغاي، — دېدى نۇرەك باخشى كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ نېرىراقتا تۇرغان قاپقانني ئېڭىكى بىلەن ئىما قىلىپ، — بۇمۇ ئوبدان بولدى، مۇبادا مۇشۇ قاپقان ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان بولسا، بۇرغا چېلىشمۇ يادىمغا كەلمىگەن بولاتتى!

— ئەستاغپۇرۇللا، مۇشۇ تۇرقىدا بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن ئۇكام، يۇرسىلە، كەپىگە كىرىپ ئەمەن قويۇپ تېڭىۋېتىلى، بۇ نەرسە تېرىنى سۈرۈۋەتتى دېگىلى بولمايدۇ، بۇرۇن كېيىكنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ ئارام بەرمەيدىغان، ھەي...

جالالىدىن بوۋاي نۇرەك باخشىنى يۆلەپ كەپە تەرەپكە كېتىۋېتىپ، باشقا پۇقرالارنىڭ تۇرغان يېرىدىن قوزغالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— كېلىڭلار تۇغقانلار، كېلىڭلار، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، بارنى تەڭ يەپ، قورسىقىمىزنى ئازراق ئەستەرلىۋالايلى، ئاندىن كېيىن نە سەۋەب بىلەن بۇ دەشتى ـ باياۋانغا كېلىپ قالغىنىمىزنى سۆزلىشەيلى. بۇ توغرىدا گەپلەشمىدۇققۇ تېخى؟! — دېدى.

جامالىدىن بوۋاي نۇرەك باخشىنىڭ يارىسىنى ئەمەن سۈيى بىلەن يۇيۇپ، تازىلاپ بولغۇچە، گۇگۇم پەردىسى توغراقلىق ئۈستىنى چۈمكەپ ئۈلگۈردى. كۈندۈزى ئوزۇق ئىزدەپ ھاردۇق يەتكەن قۇشلارنىڭ ئاۋازى بارا ـ بارا ئۆچۈپ، ئۇنىڭ

ئورنىنى كىسلەنىڭ، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئىگى-
لىندى. مۇشۇكياپىلاقنىڭ ئۆتكۈر چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدىمكىن،
يېقىنلا بىر يەردىن تۇلۇم چاشقاننىڭ جان ئاچچىقىدا ۋىچىرلىغان
ئۈنى كەلدى.

كەپە جايلاشقان بوشلۇق ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان گۈلخان
ئاسمان - بەلەك توغراقلارنى تاكى ئۇچلىرىغىچە قىزارتىۋەتتى.
يۈزلىرى ئەتىگەنلىك تاڭ شەپىقىگە يۈزلەنگەندەك قىزىرىپ،
جۇلالىنىشقا باشلىغان كىشىلەر گۈلخان گىرۋەكلىرىدىكى قو-
قاسقا كۆمۈلگەن تىرىق كۆمىچىنى پىشار - پىشمايلا ئېچىپ،
بەئەينى ياغلىق توقاچ يېگەندەك ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە
باشلىدى. كۆمەچ كۆمگىچىلىك قوقاس تەگمىگەن ياكى ئالمىدەك
خېمىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرۇپ يېيىش ئويىدا نەپس-
نى بېسىپ تۇرغانلارنىڭ ئاغزىغا بولسا، سېرىق سۇ يىغىلماقتا ئىدى.

— تۇغقانلىرىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ يەپ،
ئاللانىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىڭلار، ئىلىڭلار، ئىلىڭلار، — دەيتتى
گۈلخان ئەتراپىدا تەرلەپ - پىشىپ كۆمەچ كۆمۈۋاتقانلارنىڭ
يېنىدا تۇرۇپ جامالىدىن بوۋاي.

بوۋاي پاراڭ ئارىسىدا پۇقرالارنىڭ يۇرتتىن قوغلىنىشىنىڭ
سەۋەبىنى ئاڭلىغاندا، بازغاندەك مۇشتى بىلەن توغراق غولىغا
زەردە بىلەن بىرنى سالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ تەتۈر پېشانە بولۇپ يارالغان-
دىمىز؟ — دېدى بارغانسىرى ئۇلغىيىپ، ئېگىزلەۋاتقان
گۈلخان يالقۇنىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئاقپاش-
شا دېگىنى قاپتىكەنمۇ بىزنى بوزەك قىلمىغان؟!

يەتتە يىلدىن بۇيان كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەت-
مىگەن سەپەر سەپرانىڭ، ھۈنىرىنىڭ ۋارىسى قادىر تۆمۈرچى-
نىڭ بېشىغا كەلگەن مالامەتلەر ئۇنىڭ سەمىگە يېتىپ، يۈر-

www.uyghurkitap.com

كىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ ياتقان غەزەپ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئۇ سۆكۆتكە چۆككەن پۇقرالارنىڭ كۆزىگە بىردىنبىر قاراپ چىققاندىن كېيىن سوئال تەرىقىسىدە:

— ئەيىب بىز خەقتىمۇ بار، كۆڭلىمىز مەشۇتتەك يۇمشاق، ئىشكىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەن ناتونۇش كىشىنى كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۆيىنىڭ تۆرىگە باشلاپ، تاپقان-تەرگىنىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا تۆكۈمىز، كۆلۈمسىرەپ قويىسىلا ئىچ-قارنىمىزنى تەتۈر ئۆرۈپ بېرىمىز، يالغان-ياۋىداق ۋەدىلىرىگە ئالدى-كەينىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا چىنپۈتۈپ كېتىمىز. كېيىن كۆزىمىزنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولساق، ئۇلارنىڭ گەدىنىمىزگە مەھكەم مىنىپ بولغانلىقىنى كۆرىمىزۇ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا ئىزدەيمىز، — دېدى.

جامالىدىن بۇۋاي قەپەستىن قۇتۇلالماي تىت-تىت بولۇۋاتقان يىلپىزدەك پۇشۇلداپ، گۇناھكارنى سوتلاۋاتقان قازىدەك قىياپەت بىلەن بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بىزدە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، ھەق يولدا شېھىت بولۇشنى خالايدىغان ئەركەكلەرچەك ئاز، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان ئادەت بىزدە يوق، — دەپ غودۇڭشىپ قويۇپ سۈپۈرگەئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەمدى گەپنى سىلىدىن ئاڭلايمىز ئۇستام، — دېدى سۈپۈرگەئاخۇن بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن — سىلىنى بىز تېخى...

— ھە، مېنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ، ئاللا ئۆمرىمىزنى بەرسىلا ئۇنداق ئاسان ئۆلىدىغان ئىش يوق. چېرىكلەرگە ياندافچىلىق قىلىپ بېشىمىزدا ياغاق چاققان ئابلىزقارىنىڭ يۈزىگە بىر تۈكۈرۈۋالمىسام كۆزۈم ئوچۇق كەتمەمدۇ مېنىڭ!؟

— ياق، سىلنى ئۆلدى دەپ ئويلايدىغان كىمنىڭ ھەددى ئىكەن، بېگىم سىلنى چېرىكلەر تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدىكىن دەپ سورىغان گەپ.

بوۋاي نۇرەك باشىنى ھومىيىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— چېرىكلەر توپىلاڭچىلارغا قىلىچ - نەيزە سوقۇپ بەردىڭ، دەپ شادىلىق ھارۋىغا سولاپ ئېلىپ ماڭغىنىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىسامىمۇ بولار، شۇ مېڭىشىمىزدا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىلچىغا كەلدۇق. مېنى سېپىل ئىچىدىكى ھەپسىگە سولاپ قويدى. ئۇ يەردە تۆت يىلچە يېتىپتىمەن، ئۇندىن كېيىن تۆمۈرچىلىككە سالدى. لېكىن پۇتۇمدىن ئىشكەل ئېلىنمىدى. ئۆلۈپ - تىرىلىپ بىر يىل تۆمۈرچىلىك قىلغان بولدۇم، نەيزە بىلەن قىلىچنى سۇغۇرمايلا سوقۇۋەردىم، سوقۇۋەردىم. ئاخىردا بىر كۈنى بىر چېرىك قۇلىقىمغا پىچىرلىمامدۇ، ئۇقسام جەڭ قىلغاندا مەن سوققان قىلىچ - نەيزىنى تۇتقان چېرىكلەر ياپىسىغا ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، شۇڭا ئۇلار مېنى سازايى قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن. تۇۋا خۇدايىم، چېرىك دېگەننىڭمۇ كۆڭلى ئاقلىرى بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاق كۆڭۈل چېرىكنىڭ ياردىمىدە بىر كېچىسى پۇتۇمدىكى ئىشكەلنى سۇندۇرۇپ سېپىلدىن سەكرەپ قاچتىم، شۇ قاچقانچە مۇشۇ توغراقلىققا كېلىپ ئاندىن تىنىدىم. قېشىڭلارغا باراي دېسەم، چېرىكلەرنىڭ يەنە تۇتۇۋېلىشىدىن، ھەرقايسىڭلارغىمۇ ئەزىيەت يېتىپ قېلىشىدىن قورقتۇم. بارماي دېسەم، بۇ توغراقلىقتا ئۆلۈپ تۈگەشكۈدەكمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر كېچىسى يۇرۇڭقاشقا بېرىپ مەندىن نەچچە يىل بۇرۇن مۇشۇ قاپقاننى سېتىۋالغان بىر تونۇشۇمنى تېپىپ قاپقاننى سورىۋىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، بېرىۋەتتى. توشقان، كېيىك دېگەندەك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ جېنىمنى جان ئەتتىم، كېيىنچە ئازراق ئۇرۇق

تېپىپ كېلىپ، ئاۋۇ يەردىكى بۇلاقنىڭ قېشىدىن بىرەر مۇچە بىنەم ئىچىپ، ئانچە - مۇنچە دان ئالالايدىغان بولدۇم.

جامالىدىن بوۋاي تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. لاپ - لاپ قىلىپ چۈشۈۋاتقان شولا ئۇنىڭ كۆز جىيىكىدە توختاپ قالغان ياشنى يورۇتاتتى.

— ئادەم بالىسىنىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگىمىسە ئۆلمەيدىغان گەپ ئىكەن، يۇرۇڭقاشتىكى تونۇشۇمنىڭكىگە بارمىغىلىمۇ بىرەر يىلدىن ئېشىپ كەتتى، ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا ئۇ چېردىكلەرنىڭ ئادەم تۇتۇپ ئەسكىلىك قىلىۋاتقىنىنى دېۋىدى، جاھاننىڭ كارى بىر گەپ بولار دەپ ھايۋانلار بىلەن ئۈلپەت بولۇپ ياشاۋاتىمەن. تۇرغان تۇرقۇمنى ھەرقايسىڭلارمۇ كۆرۈۋاتىسىلەر. بايا سىلەردىن سېيىت ھاجى دېگەننىڭ قىلمىش - ئەتمىشىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپلا كەتتى. ھەي، ئازراق مەنسەپ بىلەن مەئىشەت بەرسە، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشتىن يانمايدىغان ئابلىزقارى دەۋزىخىينى قانداق قىلساق بولار؟...

— ھامانەم بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمىزغۇ ئاخىر، — دېدى بىرەيلەن بوۋاينىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جامالىدىن بوۋاي يەنە ئەزۋەيلەپ كەتتى. ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ:

— ھامانەم بىر كۈنى، ھامانەم بىر كۈنى، قاچان كېلىدۇ شۇ بىر كۈن، يېشىم ئاتمىشتىن ئاشتى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا كەلسە بولاتتىغۇ شۇ بىر كۈن! — دېدى.

## 29. ۋەھىمىلىك بىر پاي ئوق

ئۇلار قۇملۇق دەشتتە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدىيۇ، لېكىن بۇ ئۇچرىشىشتىن ھېچبىرى تاسادىپىيلىق ھېس قىل-

مەدى. بۇ چاغدا ئىشىك باقار دورغىلارنىڭ «ئۆيقۇغا كەتكەن»
پۈرستىدىن پايدىلىنىپ، قەسىردىن قېچىپ چىققان قادىر تۆ-
مۈرچى ئۇزۇن ماڭمايلا قېرىنداشلىرىنىڭ ئىزىنى تېپىۋالغان ۋە
بۇ ئىزنى بويلاپ ئوق تەگكەن كېيىكتەك ئاسقاقلاپ مېڭىپ،
ھېلىقى سۇ ئۇرىكىگە يېتىپ كەلگەنىدى. سېيىت ھاجى بى-
لەن بولغان سوئال - جاۋابتىن كېيىن، دورغىلارنىڭ ياردىمىدە
تۆمۈرچىنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالغان رەسۇل ئىمام ئۇرەكتە ئاغزى-
نى نەملەۋاتقان تۆمۈرچىنىڭ خۇددى كۆمۈپ قويغان نەرسە-
سىنى ئىزلەۋاتقان قاغىدەك سىدىرلاپ تۇرغان كوناكۆرپە تەلپە-
كىنى كۆردى - دە، دۆڭنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ توۋلىدى:
— ئۇرەكتىكى كىم، نوچى بولساڭ مارىلاپ ياتماي ئال-
دىمغا چىق، سېيىت ھاجىغا، ئابدۇراخمان كۆك كۆزگە بوي
بەرمىگەن رەسۇل ئىمام دىگەن مەن بولىمەن!
ئاغزىنى نەملەپ بولۇپ، ئۇيەر - بۇ يەردە قان قېتىپ
قالغان ئەڭنىنىڭ يىرتىقلىرىنى بىر - بىرىگە چىگىۋاتقان تۆ-
مۈرچى ئادەمزاتسىز باياۋاندا ئاڭلانغان ئاۋازدىن سەل چۆ-
چۈدى، لېكىن، قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ چىرقىراق، يېقىم-
سىز ئاۋازنى پاتلا ئىلغا قىلىۋېلىپ، ئۇرەك تېشىغا چىقتى -
دە، ئايسىمان قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە تۇرغان سەللىنى كۆردى.
سەللە ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، رەسۇل ئىمامنىڭ سوقىچاق
يۈزى ئاشكارا بولدى.
— ۋاي، سىلىمىدىلە قادىرئاخۇن، — رەسۇل ئىمام دۆڭدىن
چاڭغا بىلەن سىيرىلغاندەك ئىلدام چۈشۈپ كەلدى ۋە ئىچ ئاغ-
رىتقان قىياپەتتە ئىككى قولىنى سەل - پەل ئالدىغا سوزۇپ
تۇرغان تۆمۈرچىنىڭ قۇچىقىغا كومىدە تاشلاندى، — يەيدىغان
رىزقىم بار ئىكەن، ئۇلۇغ خۇدا بەندىسىنىڭ دۇئايىنى ئىجاۋەت

قىلدى، ئاخىر سىلىنى تېپىۋالدىم، ۋاي قولۇم، ۋاي پۇتۇم...

رەسۇل ئىمامنىڭ ئۆز باغرىغا بېشىنى قويۇپ، دادىسىغا دادلانغان كىچىك بالىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن قادىر تۆمۈرچىنىڭ يۈرىكىدە ئورەكتىكى سىزما سۇدەك پەيدا بولغان ھېسداشلىق يېشى كۆزىدىن سىرغىپ چىقتى. ئۇ رەسۇل ئىمامنىڭ كۆكرىدىن كەتكەن يۈزىنى ۋە بىر پارچە قازان تۇتقۇچتەك پاسكىنا ماتا بىلەن بويىنىغا ئېسىۋالغان بىلىكىنى سىيلاپ قويۇپ:

— ئىت نەسلىدىن تامغان ئۇ تاش يۈرەكلەر تازا قىيناپتۇ سىلىنى، قولىنىڭ سۆڭىكى سۇنمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە كونا تۆگمەن بېشىدىن قەسىرگە ھەيدەپ كېتىلىۋاتقاندا رەسۇل ئىمامنىڭمۇ يېقىنلا بىر يەردە تىل - ئاياق ئاستىدا كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى.

— ۋاي قادىرئاخۇن، نېمىسىنى دەي ئۇ دەۋزىخىلەرنىڭ، جەڭ بولغان كۈنى يۈرتنى تاشلاپ قېچىشقا كۆزۈم قىيماي، پۇقرالارنى قوغلاپ كەلگەنلىكى دۈشمەننىڭ كېلىنى سىقىۋېرىپ-تىمەن. بىر چاغدا قارىسام يېنىمدا بىرمۇ ئادەم يوق، شۇنداقتىمۇ نېمە بولسام مەيلى، بۇ لەنىتىگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي دەپ ئىبلىشىۋېرىپتىمەنۇ، ئاخىر ئابدۇراخمان كۆك كۆزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. قەسىرگە ئاپىرىپ باش - كۆزۈمگە ئۇرۇۋەردى، مانا بۇ قولۇمنىمۇ كالتەكلەپ سۇندۇردى.

رەسۇل ئىمام سۆزلەۋېتىپ، بىلىكىنى تۇتۇپ، ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي ۋايجانلاپ، ئىنجىقلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۈنۈگۈن تاڭ ئاتارغا يېقىن قەسىر ئىچىدە قىيامەت-قايىم بولغاندەك دۈپۈر - دۈپۈر بولۇپ كەتتى، شۇنداق قۇلاق سالسام، دورغىلار «قادىر تۆمۈرچى قېچىپ كەتتى» دېيىشىۋات-

مامدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامىنى زىكرى قىلدىم، ياكى
ئۆلۈم، ياكى كۆرۈم دېدىم ـ دە، يۈرتداشلىرىمنىڭ مۇھەببىتى
غالىب كەلدى، ئىشىكنىڭ ئۇلگۈچىكىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدىم،
شالاقىدە قىلىپ ئاچىلدى، ئىنىسى ـ جىنىغا تويـدۇرماي تامـنىڭ
سۆڭگۈچىدىن چىقىپ، چۆل تەرەپكە قاراپ يـول سالدىم، مانا
تېنىمدە ماغدۇر تۈگىگەندە قادىر ئاللا ئۆزلىرىگە ئۇچراشتۇردى.
ئاللاتائالا ئىگەم بەندىسىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن ...

ئـازاپ چـەكـكەن بۇ بىچارىنىڭ بىر ـ ئىككى ئېـغىز
گەپ بىلەن دەردىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەن تۆمۈرچى:

ـــ ئىمام، ئۇ ئىبلىسلارنى چايناپ يۇركۈۋەتسەكمۇ دەر-
دىمىز چىقمايدۇ، كۈنىنىڭ بارىدا مېڭىۋالغىنىمىز تۈزۈكمىكىن،
شامال كۆتۈرۈلۈپـلا قالسا ئالدىمىزدىكى ئىزلارنى كۆمۈۋېتىدۇ،ـــ
دېۋىدى، رەسۇل ئىمام:

ـــ ئۇ ئىمانسىزلارغا ئاللاتائالا كۆرسىتىدۇ تېخى، بىركۆـ
زىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاقـقۇزمىسا ھېـساب ئەمەس،
توختاپ تۇر ئوغرىلار! ـــ دەپ زەردە قىلىپ قويۇپ، ساق قولىنى
بىراۋغا مـۇشت ئېتىۋاتقاندەك شـىلتىپ، يەرگە قوم تـوزىتىپ
تۇرۇپ بىرنى تـېپىۋالدى ـــ دە، تۆمۈرچىـنىڭ كەينىگە كىرىپ
يۈرۈپ كەتتى.

قادىر تۆمۈرچى مەھەللىنىڭ ياقىسىدىن قېچىپ چىقىۋاتقاندا
سۇنـدۇرۇۋالغان بىر تال تاياقنى ھاسا قىلىپ، چورۇق تارتىلـ
غان پۇتىنى ئاران يۆتـكەپ كـېتىۋاتاتـتى. پـېتىپ كـېتەي
دەپ قالغان قۇياشنىڭ قانـدەك شـولىسى ئۇنىڭ جاراھـەتلەنـ
گەن قولىقىنى قىزارتىۋەتكەن، دەشت يۈزىدىكى كۈن بويى قىزىپ
چىققان قۇمدىن تارىلىۋاتقان ئىسسىق ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچـ
كەن تۇزلۇق سۇنى باش ـ كۆزىدىن تەپچىرىتىپ، يارىلىرىنى
تۇز قويغاندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شوربىلەن قاپلىنىپ، كەچ كۈزدىدىكى قىراۋ باسقان چىغدەك ئاقىرىپ كەتكەن تۆمۈرچى بەزىدە توختاپ كەينىگە بىر نەچچە قەدەم ياناتتى ـ دە، پۈتىنى قومدىن تارتىۋالالماي قىينىلىۋاتقان رەسۇل ئىمامغا ياردەمدە بولاتتى.

بىراق، ئەمدىكى ھەرقانداق مۇشەققەت مۇددىئاسىغا يول تېپىۋالغان رەسۇل ئىمامغا مۇشەققەت بولۇپ تۇيۇلمايتتى. ئۇ دەسلىپىدە سېيىت ھاجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىشتىن بويۇن تولغاپمۇ باقتى. ئۇنىڭ بويۇن تولغىشى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى، قادىر تۆمۈرچىدەك مۆھىم ئادەمنىڭ ئىزىغا چۈشۈشتىن قورققانلىقتىن ئىدى. ناۋادا ئۆكۈزدەك كۈچلۈك، ھەر بىر مۈشتى كىچىك بالىنىڭ بېشىچىلىك كېلىدىغان بۇ ئادەم ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالدىمۇ، بىردەمدە ئىقرارىغا كەلتۈرۈپ، جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىشىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيتتى. لېكىن، كۆزىگە يەپ كەتكۈدەك تىكىلىپ تۇرغان سېيىت ھاجى ئالدىدا ئۇ يەنىلا ئاجىز كەلدى. ئاخىردا كاللىسىنى بىر سىلكىپلا ئەقىل تېپىپ، چەپ قولىنى ئازراق زەخىملەندۈرۈپ، باش ـ كۆزىنى كۆكەرتىپ قويۇشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلدى.

— بەللى، ئەقىللىق بەندە دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاقىلانە ئىش قىلىدۇ، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پېقىرنىڭ دەۋىتى بىلەن چەككەن رىيازەت، ئەزىيەتلىرى پېقىردىن ئىش پۈتكەن ھامانەم يانغۇسىدۇر...

سېيىت ھاجى ھەيۋە بىلەن ماختاش گىرەلىشىپ كەتكەن تەدبىرىنىڭ ئۇنۇم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايىغى ئاستىدا كۈچۈكلىنىپ يۈرگەن رەسۇلنى يەنە بىر قېتىم ماختاپ، كۆكلەرگە ئۇچۇردى ـ دە، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئىجازەت بەردى...

«مېڭىسىنى دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈرچى، ئەقلىڭ قەيەرگە يېتەتتى، — دەپ ئويلايتتى رەسۇل تۆمۈرچىنىڭ كەينىدىن سادىق شىكار ئىتتەك سوكۇلداپ كېلىۋېتىپ، — پېقىرنى قاچقۇنلارنىڭ قارارگاھىغا باشلاپ بارساڭلا بولدى، قالغىنىنى ئۆزۈملا جۆندەۋېرىمەن، پېقىرنىڭ ئاق مەسچىتكە ئىمام، دەڭلىق بايغا ئايلىنىپ، دەۋران سۈرمىگىنىنى كۆر، سەن بولساڭ تەقدىرنىڭ قۇلى، زامانىنىڭ ساقىندىسى بولۇپ قېلىۋېرىسەن!»

بىر-بىرىگە «ھەمدەرد» بولۇپ مۇشەققەتلىك مۇساپىنى تۈگەتكەن بۇ بىر جۈپ «ھەمراھ» ئوخشاش بىر يۇرتتىن ئوخشىمىغان مەقسەت بىلەن قېچىپ چىققان كۈنىنىڭ ئۈچىنچىسى كەچقۇرۇن مەزگىلىدە بەشتوغراق بوستانلىقىنىڭ گىرۋىكىگە ئۇلىشاي دەپ قالدى. لېكىن نېمىشقىدۇر تۈز كەتكەن قۇملۇق ئۈستىدە ئىككىيلەن تەڭلا ھالىدىن كەتتى.

توغراقلىقتىكى سېسىق كۆلچەكنىڭ يېنىدىراق ئوزۇق ئىزلەپ يۈرگەن ئىككى مۇساپىر يۇرتى تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراۋېتىپ، يىراقتا پەيدا بولغان ئىككى قارا چېكىتنى كۆرۈپ قالدى-دە، ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك تېزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ھوي، بۇ قادىرئاخۇن ئۇستام ئىكەنغۇ؟

ئىككىيلەن تاياققا تايىنىپ ئۆرە بولۇشقا ئىنتىلىۋاتقان تۆمۈرچى بىلەن قەدىناسلارچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە تۆمۈرچىنىڭ يېنىدا تاپتەك سوزۇلۇپ، دۈم ياتقان رەسۇلنى يۆلەشكە باشلىدى.

رەسۇل ئۈستىخىنى يوق ئادەمدەكلا سىيرىلىپ چۈشەتتى. يۈزىدە تەر بىلەن بىللە ئويۇپ قالغان قۇم دانىچىلىرى ئەينەك پارچىلىرىدەك پارقىرايتتى. كۆزلىرى بوغۇزلانغان قوينىڭ كۆزىدەك يېرىم يۇمۇلغان بولۇپ، قارىچۇقلىرى ئارتىلىپ كەتكەنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

دەك قىلاتتى.

— بۇ بىچارە ھوشىدىن كەتتى، ئاستا يۆلەڭلار، قولى-دىن ھېزى بولۇڭلار، يارىسىمۇ ئانچە يېنىك ئەمەس، — دېدى يۇرتداشلىرىنى كۆرۈپلا روھلىنىپ قالغان قادىر تۆمۈرچى رە-سۇل ئىمامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ بىرى قادىر تۆمۈرچىنى يۆلىدى، يەنە بىرى ھېلىغىچە ھوشىغا كەلمەيۋاتقان رەسۇلنى تاغار يۇدۇگەندەك يۇدۇپ، توغراقلىقتا قاراپ مېڭىشتى.

قادىرئاخۇن ئۇستام، ئەنە ئاۋۇ كىم؟ — سورىدى بىرەيلەن توغراقلىقنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇز-لىرى تەرەپكە نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇرغان جامالىدىن بوۋاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

قادىر تۆمۈرچى ئۇستىنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ، كىچىك بالىدەك ئۇن سېلىپ يىغ-لاپ كەتتى. جامالىدىن بوۋايمۇ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىغا قوشۇلۇپ، شاگىرتىنىڭ كۆزلىرىگە، يارىدار جىسمىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلدى، ئۇلار ئۆپكىدەۋاتقاندا نېمە ئىش يۈز بەر-ۋاتقىنىنى بىلمەكچى بولۇپ، كۆزىنى ئاچقان رەسۇلمۇ ئۇيۇل-تۇيۇل ئۆمىلەپ كېلىپ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلدى...

ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇستىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىۋاتقان ئۇستا-شاگىرت يۇرتداشلىرى ئارىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ دىدارىنى بىر-بىرىدىن يوشۇرۇشقا ئالدى-رىغاندەك بېسىپ كەلگەن كۆكۈم توغراقلىقنى ئۆز قۇچىقىغا ئالغانىدى. سۇپۇرگەئاخۇن جامالىدىن بوۋاي بىلەن قادىر تۆمۈرچىنى كەچە ئالدىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، بوشلۇقتا دۆۋىلەنگەن ئوتۇنغا ئوت يېقىۋەتتى. گۈلخان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەن يۇرتداشلىرىنىڭ ساق-سالامەت يېتىپ كەل-

گىنىنىڭ خۇشاللىقىدا ۋىسال شادلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان جىلۋىلىك
چىرايلارنى يورۇتۇۋەتتى.

مۇساپىرلار قادىر تۆمۈرچىنى خۇددى مەككىدىن قايتىپ كەلگەن ھاجىنى كۈتۈۋالغاندەك ئارىغا ئېلىۋالدى. جامالىدىن بوۋاي قاراڭغۇدا سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، قەيەردىندۇ تېپىپ كەلگەن ئەمەن يوپۇرمىقىنىڭ شىرنىسى بىلەن شاگىرتىنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ، تېڭىپ بولغاندىن كېيىن بارغانسېرى ئىششىپ، قىزىرىشقا باشلىغان پۇتىنى سۇنۇۋالغان نۇرەك باخشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، قادىر تۆمۈرچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— ماۋۇ يەرگە كېلىڭلار جامائەت، مەيەرگە، ئۇلارنى ئارامخۇدا مۆڭداشقىلى قويۇڭلار، — دېدى جانلىنىپ قالغان رەسۇل ئىمام كىشىلەرگە خېلى چەتتىكى بىر توغراق تۈۋىنى كۆرسىتىپ.

مۇساپىرچىلىقتا، ئارىسىدا بىر ئىمام پەيدا بولغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتقان كىشىلەر رەسۇلنىڭ گېپىنى خۇددى مەسچىتتە سەپكە چاقىرغاندىكىدەك ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلىدى-دە، ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە يۆتكىلىشتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار يەتتە يىلدىن كېيىن كۆرۈشكەن قەدىناسلارنىڭ قىلىشىدىغان گەپلىرى ئاز ئەمەس دەپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشنى ئويلاپ تۇرۇشاتتى.

ئىمام ساق قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، قىرائەت قىلغاندىكىدەك تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھاي-ھاي، تۆگەمەن بېشىدا شۇنداق قاتتىق جەڭ بولۇپ كەتتىكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئوھود تېغىدا قىلغان جەڭمۇ ① بۇنداق دەھشەتلىك بول-

① ئوھود جېڭى — ئوھود — ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەدىنە شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك تاغ بولۇپ، بۇ يەردە مىلادى 625-يىلى 3-ئايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئەبو سوفيان باشچىلىقىدىكى 3000 قورەيش مۇشرىكلىرىگە قارشى جەڭ قىلغان. بۇ جەڭدە شېھىت بولغان «ئوھود ئەھلى» دەپ ئاتالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى مۇشۇ تاغنىڭ يېنىدا.

www.uyghurkitap.com

ماس، ئوق «ۋىژ-ۋىژ» قىلىپ قۇلاق تۈۋىمدىن ئۇچۇپ كېتىـۋاتىدۇ، ئەزرائىل كۆزۈمگـە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇ تەرىقە قورقماس ئىكەنلىكىمگە ئۆزۈممۇ ھەيرانۇھەس قالدىم. مىراب بېگىم: «ھە ئىمام، قىينى ئوق، قىينى دورا» دەپلا تۇۋرىدۇ، پېقىر بولسام بەكمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئىشلەۋاتىمەن، ئۆلۈم دېگەن نەرسە خىيالىمدىمۇ يوق ... بىر چاغدا قارىسام ئابلىزقارىنىڭ سولاقخانىسىدا يېتىپتىمەن، ئايىغىمدا چىدە، قولۇمدا ئىشكەل. خاتىپ ھارغىچە ئۇردى، ئەمما بۇ پېقىرغا چىۋىن چاققانچىلىك تۇيۇلمىدى. ئابدۇراخمان كۆك كۆز دېگەن دەۋزىخىي بىلىكىمنى چۇل-چۇل قىلىۋەتتى. چىشىمنى چىشلەپ بىر، ئېغىزمۇ دادلىمىدىم، «ئاغزىڭغا قان كەلسە، دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمە» دەيدۇ ئەمەسمۇ؟

رەسۇل ئىمام ئالدىنئالا يادلىۋالغاندەك، شۇنچە رەتلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيتتىكى، ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر دەممۇ كۆز ئۈزەلمەيتتى. مۇبادا دوست تارتىدىغان شاگىرتلىرى بولغان بولسا، ئۇ جەڭنامىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچى ۋايىزغىلا ئوخشاپ قالغاندى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ، كېچىمۇ بولدى، ئېھتىكاپتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، شاپائەت قىلغۇچى ئىگەمدىن ئۇ جوھوتلارنى جازالاشنى، بەندىسىگە ئاسانلىق بېرىشنى تىلىدىم. ئاھىم ئاللاغا يەتكەنمۇ نېمە، تاڭغا يېقىن «يائاللا، بەندەڭگە ئىلتىپاتىڭنى كۆرسەت» دەپ بىر ئاھ ئۇرۇۋىدىم، پۇت-قولۇمنى چۈشەۋەتكەن زەنجىر شالاققىدە قىلىپ بەندە-بەندىدىن ئاجراپ كەتتى، ئىشىكنىڭ زەنجىرىمۇ يەرگە چۈشتى. يائاللا، بەندەڭگە پاناھ بەرگەيسەن، دەپلا تامدىن سىيرىلدىم. قاچا...قاچا ... ئاخىر قادىرئاخۇنغا يېتىشىۋالدىم، ئۇنى يۆلىدىم، كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا قۇلىقىم تۈۋىدە: «ئىمام ئاخۇنۇم،

كۆزلىرىنى بىر ئاچسىلا» دەپ يىغلىغان ئۇن ئاڭلانغاندەك بولدى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، يۇرتداشلارنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن...

— شۈكرى خۇدايىم، ئىمامنىڭ ئىمانى ئۇنى قوللاپتۇ!

— ئىمامىمۇ ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن چېغى!

— شۇنى دېمەمدىلا، پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى ئاللا بىركارامەت بىلەن يوق قىلىپ، ئۇنى دورغىلارنىڭ كۆزىدىن غايىب قىلمىغان بولسا، ئابلىزقارىنىڭ ئۇ قەپەسىدىن قۇشقاچمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ئەمەسمۇ؟

— دۇرۇس ... دۇرۇس...

ئىمامنىڭ ئالدىدا ئىشان ئالدىدىكى مۇرىتتەك ئىتائەت ساقلاپ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ باھادىرلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇشتى. ئاللاغا يېقىن بولغان بۇ زاتنىڭ سۈرىتىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە ئورناشتۇرۇۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ مەغرۇرلۇق كۈلكىسى ئويناپ تۇرغان چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسىلىشتى...

1912 - يىلىنىڭ 5 - ئېيى 6 - ئايغا ئۇلىشا - ئۇلاشمايلا، توغراقلىقتا 7 - ئاينىڭ تومۇزى ئۆزىنى كۆرسەتتى. كەڭ بىر پارچە قوقاسلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر سىقىم كوكاتتەك تۇرغان بۇ بوستانلىق مەزگىلسىز ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسسىق شامالنىڭ خورىتىشى بىلەن سارغۇچ تونىنى ۋاقىتسىز يېپىنىۋالدى. قىزىل توپىلىق يەردە ئۆسكەن، يېتىم بالىدەك رەزگى، ئاجىز توغراقلارنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلار ئوچاققا تىقىپ تارتىۋالغاندەك قورۇلۇپ، سارغىيىشقا باشلىدى.

— توشقانلارمۇ، ئۇچار - قۇشلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى، بۇگۈن يەنە ئاچ قالىدىغان بولدۇق، — دەپ خورسىندى ئىككى - ئۈچ يىگىت بىلەن ئوۋ قىلىشقا چىققان سوپۇرگە -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاخۇن بىر كۈنى كەچقۇرۇن توغراقلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چاتقاللىقتا كېتىۋېتىپ.

— راست، كۈن تىكلەنگەندىغۇ ئاپتاپتىن قورقۇپ ئۇۋىسىدىن چىقىشمىسۇن، ھاۋا سەگىگەندىمۇ كۆرۈنمەيدۇ-يا، بۇ ھارامزادىلەر، — مەتقاسىم دوقا بېشىنى قاشلاپ غۇدۇراپ قويدى، — قانداق قىلارمىز ئەمدى بۇ گالنى؟

سۈپۈرگە ئاخۇن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدى-دە، پوتىسىنى چىڭىتىپ قويۇپ، چاتقاللىقلارنى ئارىلاپ ئەتراپنى كۆزەتكەچ، يۈرۈپ كەتتى.

دېمىسىمۇ، يۈز نەچچە ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ھالى بارغانسېرى خارابلاشماقتا ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى تۈنجى قېتىم ئادەمزاتنى، يەنە كېلىپ ئۆز يۇرتلۇقلىرىنى كۆرۈش ئامىتىگە ئېرىشكەن جامالىدىن بوۋاي ئىككى يىلدىن بېرى چىشىنىڭ كاۋىكىدا دېگۈدەك ساقلاپ كەلگەن ئاشلىقىنى يۇرتداشلىرىنىڭ ئالدىغا ھېچ ئاياپ ئولتۇرمايلا تۆكۈپ بەرگەن بولسىمۇ، يۈز نەچچە ئادەمدە يۈز نەچچە ئېغىز، يۈز نەچچە قورساق بار-دە!

توختىماي كورۇلداۋاتقان قورساق تاياق-توقماق كۆتۈرگەن كىشىلەرنى تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، دەككە-دۈككىگە چۈشكەن ھايۋانلار، قۇشلار ھېچكىمگە ئۆزىنى تۇتقۇزمىدى.

ئاچلىق كىشىلەرنى قىيناشقا باشلىدى. دىمىق ھاۋادا دۈملەنگەن قاسقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بۇرۇقتۇم بولۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ بېشى ئېسىلىپ، ساقلىقى ناچارلاشتى. نۇرەك باخشىنىڭ يارىسىمۇ بارا-بارا شەلۋەرەپ، تاكى تىزىغىچە يېتىپ كەلدى. تۇرۇپ-تۇرۇپ كاۋاپتەك قىزىپ، مۇزدەك سوۋۇپ، جامالىدىن بوۋاينىڭ كەپىسىدىن نېرى بارالمايدىغان

ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۆلدىكى تۇرمۇشنىڭ ئۆيپەرتىشىدىن بىزار بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىسىنى سېغىنىپ، يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىدىغانلارمۇ پات ـ پات كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

«بۇنداق ھايۋان كۈننى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتـ قۇچە تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىمىزگە باغلاپ، سېپىـت ھاجـى بىلەن ئېلىشىپ بىر ياقىغا چىقايلى، ياكى شېھىت بولارمىز، ياكى غازى» دېگۈچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيگىلـى تۇردى. ئەگەر سۇپۇرگەئاخۇن بۇ ئومۇمىي تەلەپكە كۆنۈپ، «قېنى ئەزىـ مەتلەر، ئاتلىنىڭلار» دەپلا بەرسە، كىرىدىغا تىرەلگەن ئوقتەك تەييار بولۇپ تۇرغان مۇساپىرلار يۇرت تەرەپكە قاراپ بوراند دەك يوپۇرۇلۇپ، دۈشمـەن ئۈستىگـە باتۇرلارچـە تاشـلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شۇغىنىـسى، سۇپۇرگەئاخۇن بۇنـداق ئىجـازەت بىلەن يۇرتداشلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا چېتىشلىق چوڭ ئىشتا يېنىكـ لىك قىلالمايتتى. دۇرۇس، دەسـلەپتە ئۇمۇ پۇقرالار ئويلىغاندەك ئويلىغان، ئويلىغانلىرىنى ھېچكىمگە تىنمىغىـنى بىلەن، جـەڭ پىلانى ئۈستىـدە ئەتراپـلىق باش قاتـۇرغان، ھەتـتا يامىـنى كەلسە، ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنى كىنىدىك قېنى تۆكۈلگـەن تۇپراققا ئاققۇزۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ خاكزارلىقىدىن مەڭـگۈلۈق ئورۇن ئېلىپ، ئانا يۇرت مېھرىنى قۇچاقلاش خىيالىدىمۇ بولـ غان، لېكىن ...

«لېكىن ئادەمزات قوۋمىـنىڭ ھايات يولىدىكى ئورۇنۇشـ لىرىـدىن ئاخىرقـى مەقسـەت ئۆلۈم ئۈچۈنمـۇ؟ ئەركىنـلىـك، ئەمىنلىك ئىشتىياقىدا تىركىشىشتىن ئاداققى مۇددىئا باقىي ئالەمدىـ كى مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇمىدلىك ھاياتقا يول ئېچىشنىڭ ئىمكـانى ئىلكىدە تۇرۇقـلۇق، ھايات قاينىمىدىكى ساقلانغۇسىز مۇشەققەت ئاۋارىچىلىقىدىن بىر يوللا

قۇتۇلۇش كويىدا ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرۇشنىڭ ھاسىلاتى باھادىرلىقنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى ئاجىزلىقنىڭمۇ، ئاقىلنىڭ ئىشىمۇ، ياكى ئەقىلسىزنىڭمۇ؟»

سۈپۈرگەئاخۇن تولا ئويلاپ ئاخىر قورال-ياراغ جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان، ئالدىنقى قېتىملىق قارشىلىقتىن چۆچۈپ، كېيىنكى ئېلىشىش ئېھتىمالىغا ھازىرلىق قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان مەككار سېپىت ھاجىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ھازىرچە تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تەھقىقلەشتۈردى-دە، نىجاتلىق تېپىشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئىلچى تەرەپنىڭ ئەھۋالاتى قاراڭغۇلۇق بولسىمۇ، لېكىن شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، قولدىن كەتكەن بىر پارچە ئالتۇن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشنى ياقلايدىغان ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ، ھەتتا خوتەن دوتەيدىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بېقىش قارارىغا كەلدى. بۇ قارار گەرچە نۇرغۇن قىزىققان كىشىلەرنىڭ رايىغا مۇخالىپ كەلسىمۇ، لېكىن پەقەت مۇشۇ يوللا مېڭىش مۇمكىن بولغان بىردىنبىر يول بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ بۇ يولنى ئېچىشنىڭ بەسى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنىمۇ ئالدىنئالا ھېسابقا ئالدى. بۇرۇنقى ئاداۋەتنى يادىدىن چىقارمىغان دوتەينىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كەلگەن رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئېھتىمالى ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ توغرىدا گەپ چىقسىلا: «دوتەيدىن مەدەت تىلىگۈچە ئۆلۈكىمىز چۆلدە قالسۇن» دەپ قايناپ كېتىدىغان جامالدىن بوۋاينىڭ ھەيۋىسىمۇ يوغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى بولۇپ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئەل-يۇرت يولىدا تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتقان بۇ ئاقساقالنىڭ گېپىنى يېرىش ئابلىزقارىنىڭ قەسىرىسىنى ئېلىشتىنمۇ تەسكە توختايدىغان مۈشكۈللەرنىڭ بىرى ئىدى.

«بىچارە سەپەر بوۋاي نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ، ھەسەن بىلەن ھۈسەنچۇ؟» — سۈپۈرگەئاخۇن پۈرسەت تاپ- سىلا توغراقلىقنىڭ ياقىسىغا چىقىپ يۇرت تەرەپكە يۈزلىنەتتى-دە، بىپايان قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ھاسا تىرەكنى، ھاساتىرەك تۈۋىدە ئېگىزكىنى تۇتۇپ، مەرھۇم ئوغلىنىڭ سىماسىنى ياد ئېتىپ ئولتۇرغان سەپەر بوۋايىنى، بالىلارغا غىزا يېگۈزۈپ، ئانىلىق مېھرىنى بەتكۈزۈۋاتقان چىنارئايىمنى كۆرمەكچى بولغاندەك، ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. چۆلدە پەيدا بولغان قۇيۇن ياكى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن مانان يۇرت بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان نەزىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كېسىپ تاشلىغاندىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغاچ، كەپە يېنىغا قايتاتتى ۋە بۇنداق سېغىنىش ئوتىنىڭ بىر ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى جىمي يۇرتداشلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆيۈۋاتقىنىنى ئويلىغى- نىدا زىممىسىدىكى بۇرچىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

ئۇ، نۇرغۇن قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق تاش چىشلەپ تۇرغان جامالىدىن بوۋايىنى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يۇرۇڭقاش- تىكى تونۇشىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئىلچىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئاران كۆندۈردى. بوۋاينىڭ نىشانىنى ئالغان ئىككى كىشىنىڭ يۇرۇڭقاش تەرەپكە كەتكىنىگە مانا بۈگۈن سەككىز كۈن بولدى، ئۇلارنىڭ يولغا تەلمۈرگەن پۇقرالارنىڭ كۆزى تېشىلەي دېدى. ھەر كىم ئۇلارنىڭ ئاش-تاماق ئەكەل- مەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، بىرەر نىجاتلىق خەۋىرى ئەكىلىشىدىن ئۈمىدلەنمەيمۇ قالمايتتى.

نۇرەك باخشىغا ئاز-تولا دەرمان بولغۇدەك بىرەر جاند- ۋار ئوۋلاپ كېلىش جانىپىدىن ئىككى-ئۈچ ھەمراھى بىلەن توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەلگەن سۈپۈرگەئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچ كىرىۋاتقىنىغا قارىماي، چاتقاللار ئارىسىدا ئارىلىماقتا ئىدى.

ئۇلار قومۇش تۈۋىدىن «پارت» لا قىلىپ قېچىپ چىققان كۆل رەڭ توشقاننى قورشاپمۇ، قوغلاپمۇ، كالتەك ئېتىپمۇ تۇتالمىدى، يۇلغۇن شېخىنى ئېگىپ، قۇرۇپ قويغان ساغانغىمۇ ھېچ نەرسە چۈشمىگەنلىكىنى كۆردى. ئاسماندا چوڭ ـ چوڭ يۇلتۇزلارنىڭ بەش ـ ئالتىسى كۆزگە ئېنىق تاشلانغۇدەك پارقىراشقا باشلىغاندا، ئامالسىز قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى.

«گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىر تال ئوق سۇپۇرگەئاخۇننىڭ قۇلاق تۈۋىدىن خۇددى قارا ھەرىدەك ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. بېشىنى شۇنداقلا قىيسايتتىيۇ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشمۇ يادىغا كەلمىدى.

«بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، — بۇ چۆلدە بىزدىن باشقا يەنە كىم بولۇشى مۇمكىن؟ نېمىشقا ماڭا قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ؟»

ئوق ئۈزگۈچى مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى يەنە بىر قېتىم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدىمۇ، 30 قەدەمدەك يىراقلىقتىكى توغراق ئارقىسىدىن ئىككى ئاق ئاتلىق گەۋدىنىڭ ئۇلەـ تىرەـ لىشكە قارىماي چۆل تەرەپكە قاراپ قېچىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. سۇپۇرگەئاخۇن مېڭىسىدە تۇغۇلغان سوئالنى ئۆز پېتىچە قالدۇردى ۋە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا مەڭدەپ قالغان ھەمراھلىرىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى: «نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ قوغلاڭلار» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ھەمراھلار ئىككى ـ ئۈچ قەدەملا يۈگۈرۈۋىدى، سۇپۇرگەئاخۇن ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ:

— بولدى، قويۇڭلار، ئۇلار ئاتلىق، بىز پىيادە! — دېدى.

— ھەي، مىلتىقنىڭ يوقلۇقى، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى

توغراقلىقتىن چىقىپ، قۇملۇقتا ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ قارىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — مىلتىق بولغىنىدا بۇ ئۆلگۈرلەرنىڭ كاللىسىدىن تۆگۈلۈك ئېچىۋېتەتتىم!

— بۇ كىملەردۇ بېگىم؟ بىزدە نېمە قەستى باردۇر؟ — سوردى يەنە بىرەيلەن توغراق غولىغا قولىنى تىرىگىنىچە خىيال سۈرۈۋاتقان سۈپۈرگەئاخۇنغا، — ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغانلا بىر ئىشقۇ بۇ؟

— كىملەر بولاتتى، جىن - ئالۋاستىدۇ، كۆزىمىزگە ئادەم سىياقىدا كۆرۈنگەن بولسا كېرەك!

— چاقچاق قىلىۋاتامدىلا بېگىم؟

— چۆل ئالۋاستىلىرىنىڭ بايامقىدەك گۈلدۈر - غاراس شەپە چىقىرىپ، ئاتلىق ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر!

ئۇلار كەپىگە قاراپ ماڭدى. سۈپۈرگەئاخۇن توغراقلىقتا يات ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، قورقۇنچ ۋە پاتىپاراقچىلىقنىڭ جامائەت ئارىسىدا ۋابادەك تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمراھلىرىغا چۆل ئالۋاستىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئۇلار يۇرتداشلىرى ئىلچى سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئىككىيلەندىن ھاردۇق سوراۋاتقانىنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشتى. سۈپۈرگەئاخۇن ئۈستىبېشى توپا - چاڭ بىلەن كۆمۈلۈپ، لاي ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان ئىككىيلەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - دە، ئۇلارنى باشلاپ كەپىگە كىردى.

بايىقى ئوق ئاۋازى ۋە سىرلىق ئىككى «ئالۋاستى» ئۇنى خېلى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغاچقا، مۇھىم پاراڭلاردا ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى.

سۈپۈرگەئاخۇن يۇرۇڭقاشتىن ئەكېلىنگەن دورا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرمەكنى ئۆرەك باخشىغا يېگۈزۈپ بولغۇچە، كەيپىگە جامالىدىن بوۋاي، رەسۇل ئىمام، قادىر تۆمۈرچىلەرمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ سەپەردىن قايتقانلارغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئىلچىگە بارغىنىمىزمۇ ئوبدان بوپتىكەن، — سۆز باشلىدى شاپ بۇرۇتى قولىقىغا قاشاغا ياماشقان چىڭگىلىكتەك يامىشىپ تۇرغان بىرەيلەن، — جامالىدىن ئۇستامنىڭ تونۇشى بەكمۇ تۈزۈك ئادەم ئىكەن. ئۇ بىزنى تىجارەت قىلغان بولۇپ ئىلچىگە ئەكىردى، خىلى-خىلى ئىناۋەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىنمۇ تويدۇرماي گەپ ئېلىپ باقتۇق. چېرىكلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى چوڭلىرى ئىلىدا ئىسيان كۆتۈرگەن لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن چۆچەك دېگەن يەردە كېڭەشمە ئۆتكۈزۈپ ئاۋارە بولۇۋاتسا كېرەك، قەشقەردىكى قارا سىپەچىلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتىپتۇدەك.

— يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭلار دەمسىلەر، — ھېلىغىچە تەخىر قىلىپ ئولتۇرغان يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ دېدى، — بىز تېخى بىر ئوڭلۇق ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدۇق، ئۇ بىزچە گەپنى بەكمۇ بەلەن سۆزلىيەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چېرىكلەر ئارىسىدا ئوبدان ئادەملەر كۆپىيىپ قاپتۇ، بۇرۇن چېرىكلەرگە مۇشت كۆتۈرۈپ ھەپسىگە چۈشۈپ قالغانلارنىمۇ قويۇپ بەرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈزىنى كەكرى چاينىۋالغاندەكلا پۈرۈشتۈرگەن جامالىدىن بوۋاي:

— قويسىلا بۇ گەپلىرىنى، ئۇنداق ئادەمنىڭ كېپىكىمۇ تېشەنگىلى بولامدۇ، چېرىكلەرنى ئىنسابىغا كەلدى دېگەن گەپ، غالجىرئىتنى ئادەم چىشلىمەيدىغان بولۇپ قالدى دېگەن گەپ بىلەن باراۋەر، نەدىكى گەپنى قىلىپ ....، — دېدى.

— چېرىكلەر پۇقرالارغا ئانچە قاتتىق زۇلۇم سالمايدىغان

بولۇپتۇمىش، بۇ نېمە سەۋەبتىنكى دېسەك، ھۆكۈمەت سوراپ ئولتۇرغان تاڭ دارىن دېگەن كىشى خېلى پۇقراپەرۋەر ئەمەلدارىكەنمىش.

— يەنە نېمە گەپلەر بار؟

— يەنە ... يەنە ... باشقا گەپلەرمۇ يوق، بىر ئېغىز گەپ باردى، دەۋالايمۇ؟

سۈپۈرگەئاخۇن سۆزلىگۈچىگە «دەۋە» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تارتىپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرغان جامالىدىن بوۋاي تەرەپكە ئەيمەنگەندەك قاردۋېلىپ:

— غاچچىدە ئىلچىغا بېرىپ تاڭ دارىن دېگەنگە سېيىت ھاجى ئۇستىدە ئەرز بەرسەكمىكىن، دەيمەن. ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ، — دېدى.

— كاپىر! — جامالىدىن بوۋاي غال-غال تىترىگەن ھالدا ھېلىقى سۆزنى قىلغۇچىغا ۋارقىراپلا كەتتى، — ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىن پۇقراغا ياخشىلىق كەلگىنىنى سەن قەيەردە كۆرگەن؟ مۇبادا يۇرتداشلارنىڭ قېنىنى ئىچكەن چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قول بېرىدىغان بولساڭ قىيامەتتە گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپىدۇ. ئۇ زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن مانا مەن ئۆلسەممۇ ئۆتمەيمەن!

جامالىدىن بوۋاي تالاغا قاراپ مېڭىۋىدى، سۈپۈرگەئاخۇن يالۋۇرۇپ دېگۈدەك توختىتىۋېلىپ:

— ئۇستام، چېرىكلەرنىڭمۇ ئۇبدىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئابلىزقارىدەك قارا يۈزلەرمۇ چىقىدۇ، مانا سىلىدەك تۈزۈك ئادەملەرمۇ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— ئۇستام، مىراب بېگىم بىزنى بىر قېتىممۇ زىيانلىق يولغا باشلىغان ئەمەس، قېنى ئۇ بىر يول كۆرسىتىپ باقسۇن، — دېدى نۇرەك باخشىنىڭ بۇرغىسىنى پىرقىرىتىپ ئويناپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغان قادىر تۆمۈرچى.

— بۇ، دۇرۇس گەپ، — دېدى دورىنىڭ كۆچى بىلەن روھى سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ قالغان نۇرەك باخشى يېنىچە يېتىپ تۇرۇپ، — بۇرۇنمۇ مىراب بېگىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ كەلدۇق، ھېلىمۇ ھەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىنىمىز تۈزۈك.

سوپۇرگەئاخۇن كۆڭلى قىلدىنىمۇ ئىنچىكە بولۇپ قالغان جامالىدىن بوۋاينى قايىل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ئويلاپ، ئاۋۋال بايا ئۇچراتقان «ئىككى ئالۋاستى» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئىشنىڭ زىل يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى.

— بايام مىلتىق ئۇننى ئاڭلىغاندەك قىلدۇدۇق، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەپتىمىز.

— ئۇ ئىككى ئادەم زادى كىمدۇ، نېمىنى پايلاپ كەلدىكىنە بۇ يەرگە؟

ئارقىمۇ ئارقا قويۇلغان سوئاللارغا جامالىدىن بوۋاينىڭ ئۆزىلا جاۋاب بەردى:

— پېقىر ئىككى يىلچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە ئادەم تۇگۇل ئىنسى - جىننىمۇ ئۇچراتمىغان، سوپۇرگەئاخۇنغا ئوق ئۈزگىنىدىن قارىغاندا، ھېلىقى سېيىت ھاجى دېگەن نائەھلى ئەۋەتكەن پايلاقچىلار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

— جەزمەن شۇ، — دېدى نۇرەك باخشى ھازىرلا جەڭ بولىدىغاندەك بۇرغىسىنى قولىغا ئېلىپ، — ئۇلار قەست قىلغىلى كەلگەن!

— ھەرقايسىڭلارنىڭ دېگىنى دۇرۇس، پېقىر شۇنىڭغا ھەيرانكى، ئۇ تائىپىلەر جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى بۇ توغراقلىقتا ئىكەنلىكىمىزنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟

— بۇنى ئاللاتائالا بىلمىسە، بىز نەدىن بىلەيلى؟ يا بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىز ئۇلارنىڭ چۈشىدە ئايان بولغاندۇ!

كېيىنكىلەر رەسۇل ئىمامنىڭ بۇ ئەلەمدە قىياسىغا ھەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە قاراشقان بولسىمۇ لېكىن، دىققىتىنى پاتلا جامالىدىن بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراتتى:

— ئەمدى ئىش چاتاق، ئۇ ئۆلگۈرلەر بۇ يەرنى بىلىپ قالدىمۇ، بىزگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. يۇرتداشلارنىڭ ئۇرۇشقۇدەك ھالى يوق تۇرسا، قېنى سۇيۇرگەئاخۇن، بىر نېمە دېمىسىلە بولمىغۇدەك، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟

— قېنى ئۇستام، ئۆزلىرى كۆپنى كۆرگەن ئادەم، ئۆزلىرى بىر نەرسە دەپ باقسىلا، ھازىر باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

جامالىدىن بوۋاي سۇيۇرگەئاخۇننىڭ كېيىندىن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ۋە ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ئىلچىدىكى چېرىكلەرگە مەلۇم قىلىشتىن ئۆزگە يول قالمىغاندەك تۇرىدۇ، «بېشىڭنى كىم سىيلىسا، ماشايىقىڭ شۇ» دەپتىكەن، ئۇلۇغ خۇداۋەندە كېيىنكى چېرىكلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

تەڭ كېچە بولۇپ، مۇساپىرلار شاخ-شۇمبا بىلەن ياسىۋالغان كەپىلەردە ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، ئۇلار كېڭەشنى بىر يەرگە پىشۇرۇشتى. سۇيۇرگەئاخۇن بىلەن قادىر تۆمۈرچى جامالىدىن بوۋاينىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلچى شەھىرىگە بېرىپ تاڭ دارىغا ئەرز تۇتىدىغان، نۇرەك باشچى بىلەن رەسۇل ئىمام مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

# 30. سەكرات پەيتىدىكى پەم

مىلادى 1912 - يىلىنىڭ 5 - ئېيى زۇلمەتلىك تارىخ سەھىپىسىگە بورانلىق كىلىماتقا دۇچ كەلگەن دېڭىزدەك داۋالغۇش ۋەزىيىتى بىلەن كىرىپ كەلدى.

شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇمھۇرىيەت جاكارلاشقا مەجبۇر بولغان شىنجاڭ ئەمىرى يۈەن داخۇا 4 - ئايغا كەلگەندە قەشقەرنىڭ ئىستائەتتىن چىققانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدى. خۇددى يانار تاغدەك لاۋۇلداۋاتقان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ① ئۇنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىۋەتتى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەمرىلىكتىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ئې-

---

① قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى — 1912 - يىلى ياڭ زەڭشىن باشلىق ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئەمىرى يۈەن داخۇانىڭ قوشۇنى بىلەن جىڭ ئەتراپىدا تۇتىشىپ قالىدۇ ۋە ئۆلكە ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدۇ. يۈەن ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك فېئوداللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتتىن ئەسكەر ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت 1912 - يىلى ئەتىيازدا 200 ئەسكەرنى ئاتلاندۇرىدۇ. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان تۆمۈر خەلپە يول ئۈستىدىلا موھاپىزەتچىلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قورايغا قايتىپ كىرىدۇ.

شامەخسۇت كۈندىن - كۈنگە يالقۇنجاۋاتقان قوزغىلاڭ ئوتىنى ئۆچۈرەلمەي، 1907 - يىلىدىكى توروپا قىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات يې شىگۇنى 2000 سەر كۈمۈشكە ياللىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئەۋەتىدۇ. لېكىن، يې شىگۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا يۈەن داخۇامۇ بىۋاسىتە قول تىقىدۇ.

سۈيقەستچى ياڭ زېڭشىن يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن تەھدە تۈزۈپ، تۆمۈر خەلپىنى 1913 - يىلى 3 - ئايدا مەنسەپ بېرىش باھانىسىدە ئۈرۈمچىگە يۆتكىۋالىدۇ. كېيىن ئۇنى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى دېگەن بەتنام بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەشھۇر دېھقانلار ئىنقىلابىي مەغلۇپ بولىدۇ.

لان قىلىپ، قەشقەر ئەتەيى يۈەن شۈكەيۈنى شىنجاڭ دودۇلىقىغا
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يۈەن شۈكەيۈ قەشقەردىن ئايرىلىشىنىڭ
هارپا ئاخشىمىدىلا قەشقەر قاراسپەچىلىرى ــ بېيەن يۈكغۇ، ۋېي
دېشىلار تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەزىل ئەمىر-
نىڭ تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا قولى كېسىپ تاشلىنىپ،
يۇرتدىشى يۈەن شۈكەيۈ بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىلى ئىنقى-
لابچىلىرى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش، قايتا تىرىلىش چۈشى
تامامەن بەربات بولدى.

ھەر مىللەت قاراسپەچىلىرىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت را-
يونى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان يې-
ڭى خەۋەرلەر ئۈنىگسىزمۇ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن
يۈەن داخۇانى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

1912 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى توپچى ئەسكەرلەر
كوماندىرى تاڭ يۇنىڭ يۈەن داخۇانىڭ ئاقسۇدىكى يۈرەك پا-
رىسى — دوتەي چېن جىڭيۈەن ۋە كونا شەھەر ئامبىلى
ۋاڭ نەيفانى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كۇچا ئامبىلى ماۋ يىڭۋېي يەرلىك
پۇقرالار تەرىپىدىن جەھەننەمگە يوللاندى.

يەنە شۇ ئاينىڭ 4 - كۈنى قاراشەھەر ئۇيغۇرلىرى زىيا-
پەت بېرىش باھانىسى بىلەن، قاراشەھەر هاكىمى جاڭ شىيەن-
نى ئۆلتۈردى.

......

ئىلى تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلغان ئۆلكە ئارمىيىسى
ئىلى - ئۈرۈمچى ئارىسىدىكى جىڭ، شىخو ئەترابلىرىدا توسۇقى-
غا يەپ، سورۇندا يېڭىلگەن نالايىق ئىتتەك قۇيرۇقىنى ئىچىگە
تىقىپ قاچقان پېتى قايتىپ كەلدى. يۈەن داخۇانىڭ ئاخىرقى
ئۈمىدىگە لايىق، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى بىلەن ئۆلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەن ئادرېسى

تەرەپنىڭ چۆچەكتە باشلانغان سۆھبىتى شىنجاڭنىڭ جەنۇب، شىمالىنى ئايرىپ باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاخىر ئۇ يەن زېڭشىننىڭ ئاقسۇدىكى قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يەن شىكەينىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى ۋە ھاكىمىيەتنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن يوكىنىغا بېسىپ ياتقان ھەددى-ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ قۇمۇل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ياڭ زېڭشىن مىلادى 1889-يىلى تەشرىپدارلىقتا ئۆتۈپ، 26 يېشىدا بىر ناھىيىنىڭ ھاكىملىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە سەنشى-گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ باش ۋالىيلىق مەنسىپىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. 1907-يىلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلگىرى-كېيىن قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇشاۋىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياشلىقىدىن باشلاپلا ئۆزىدە ئاچىز پۇقرالارغا تاش يۈرەكلىك، خوجا ئاكىسىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، كاززاپلىق قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن بۇ قارانىيەتچى سىشى تەيخۇنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ۋە ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە تەپتىشلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. ئىلى ئارمىيىسى بىلەن ئۆلكە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئەسكىرى ھوقۇقنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ يۈننەنلىك جىنايەتچى مافۇشىڭنىڭ ① قول-قانات بولۇشى بىلەن، ئۇرۇمچىدىكى ھەرقايسى مەسچىتلەردىن ئەسكەر ئېلىپ، مۇسۇلمان لەشكەرلەر باتالىيونىنى قۇردى. ئالدىنقى

① مافۇشىڭ — يەنە بىر ئىسمى ماشېڭ. خۇيزۇ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى دېگەن يېرىدىن، گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرى جىنايەت بىلەن شىنجاڭغا پالانغان، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، خۇيزۇ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى، ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە باش باشقۇرغۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش باھانىسىدا ئۇرۇمچىنىڭ تېشىغا چىقىۋېلىپ، ھەدەپ ھەربىي تەربىيە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ئەمەلىي كۈچ بىلەن يۈەن داخۇاغا بېسىم ئىشلەتسە، بىر تەرەپتىن قۇدىسى ۋاڭ شۈيزېڭنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، سوۋغا-سالام ئارقىلىق ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەينىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۇ يېڭىلا تەختكە چىققاندا يىراق شىنجاڭدىن ساداقەتلىك تېلېگراممىسى يوللاپ، بەيئەت بىلدۈرگىنىنى يادىدا ساقلاپ كەلگەن يۈەن شىكەي، ئاخىر 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ياڭ زېڭشىننى ئۆلكە ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ قاراڭغۇ تارىخىدا يەنە بىر زۇلمەتلىك دەۋر باشلاندى. خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئۈممىد ئاسمىنىدا ئەمدىلەتىن كۆرۈنۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلار ئاسارەت پەردىسى بىلەن خىرەلەشكىلى تۇردى. تارىخ يەلكىنى خەلق دۈشمەنلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈشكە يۈزلەندى.

بىراق، ياڭ زېڭشىن ئەمىر بولۇۋالغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى شىمالدا شىخودىن، جەنۇبتا تۇرپاندىن ئاشمايتتى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراسىپەچىلەر ھەرىكىتى ئۆز پائالىيىتىنى ئۆز ئىنېرتسىيىسى ھېسابىغا داۋام ئەتمەكتە ئىدى. ئۆلكە مەركىزىدە ھاكىمىيەت بايرىقى ئالماشقىنى بىلەن، يەنىلا پۇقرا شىللىسىگە مىنىپ تۇرغان چىڭ خاندانلىقىنىڭ قالدۇق جاللاتلىرى جاي-جايلاردا مۇئەللەق ئەجەل بىلەن ئۆلتۈرۈلمەكتە ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئۆلكە ئەمىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، يېڭى تەختنى كۆزلەپ ئۈرۈمچىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان يۈەن خۇڭيۇنىڭ قاراسىپەچىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇن قەتلى قىلىنىش ئېھتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مالىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغان چارروسىيە كونسۇلخانىسى يۈەن خۇكيۇغا كونسۇلخانا نامىدىن مۇھاپىزەتچى ئەۋەتىپ، مۇھاپىزەت قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بىراق، ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدىغان يۈەن خۇكيۇ بۇ تەكلىپنى رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپ رەت قىلدى ۋە ئاخىر ئەجەل شەربىتىنى ئىچتى. كونسۇل ئەمدى ئۈمىد نەزەرىنى يېڭى ئەمىر — ياڭ زېڭشىنغا تىكتى. بىراق، تۇرپانىنىڭ جەنۇبىنى ئىختىيارىغا قارىتىشتىن تېخى يىراق تۇرغان بۇ ئەمىر ياردەم قولىنى سوزۇشقا ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ قانداق يول تۇتىدىغانلىقى ھەم نائېنىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كونسۇل كەمدىن كەم تېپىلىدىغان داۋالغۇش پۇرسىتىنىڭ تولىمۇ غەنىيمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قۇشقاچ تۇتىدىغان قارپەسلىنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقنى ئەسكەرتىپ، سېيىت ھاجىنى ئالدىراتقىلى تۇردى.

«مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئىشكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك، كونسۇلنىڭ ئالدىرىتىشى بىر ئايدىن بېرى ساراسىمە ئىچىدە ئىككى ئىلىك ئىتىدىن چۈشۈپ كەتكەن سېيىت ھاجىغا تەشۋىش ۋە ۋەھىمىدىن ئۆزگە ھېچنېمە ئەكەلمەيۋاتاتتى.

ئابدۇراخمان كۆك كۆز مەيدىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— جېدەلخورلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرىنى بىرلا جەڭ بىلەن كۆزدىن نېرى قىلدۇق. قالغانلىرى ئەمدى شىلتىڭ ئاتالمايدۇ، كۆل بويىدا تۇرغان مەدرىسىنى بىكار سالمىدۇقتۇ، تالىپلارغا «بىسمىللا» بىلەن «خوش - خوش» دىن تەلىم بەرسەك بولمىدىمۇ، — دېگىنىدە، سېيىت ھاجى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپلا، تەسۋى سىيرىشىنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

دۇرۇس، ئۇلار يېڭىلا پۈتكەن مەدرىسكە يۈز - ئابرۇيلۇق كىشلەرنىڭ باللىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا يۈزبېشىلارنىڭ بايۋەچچىلىرىنى خەلپەت قىلىپ دەرس باشلىغىنىغا

كۆن بولدى. تىلى يۇمران باللارنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنـ
غان مۇدەررىسلەرگە ئەگىشىپ، ئەتە ـ ئاخشاملىرى خەندەك ئوقۇـ
غانـدەك تەڭ ئاۋاز بىلەن: «پايتەختىمىز قەيەردە، ئورۇنبورگتا،
پادىشاھىمىز كىـم، ئاقپـاشـا» دەپ توۋلاشلـىرى ئاڭلىنىـشقا
باشلىدى.

كوئىنلۇن تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن تەبىئەت نېمىتىنى
ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇ ئاقما ئارغامچىنى ئۆزىگە پۇقرا بولمىـ
غانلارنىڭ بوغۇزىغا سىيرتماق قىلىپ سېلىپ، ئۇلارنى ئالتۇن، قاشـ
تېشى كانلىرىغا سۆرەپ ئاپاردى. نۇرى چاقار كەنتلىرىدىن كەلتۈـ
رۈلگەن يۈك بىلەن مېڭىۋاتقان گىلەمچىلىك ئۇستىخانىلىرى، كىـ
رىيە ۋە يۇرۇڭقاشـتىن ئەكېلىنگـەن پىلە بىلەن يۈرۈشۈۋاتقان
مەشۇت، ئەتلەس ـ شايىچىلىق كارخانىلىرى قورۇلنىڭ ئۇ تەرد ـ
پىدىكى بازارلارنى تەمىن ئېتىـپ تۇرسىمـۇ، لېكىـن سېپىـت
ھاجىنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۈشىنى زادىلا ئازايتالمىدى.

ئۆمۈرلۈك كەچۈرمىشى خاتىرىسىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپـ
راق كېتىدىغان ئەستىلىكلەر ئۇنى ئالدىراپ خۇشال بولماسلىققا
ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى. بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ھەددىدىن زىـ
يادە سەزگۈر مېڭىسىدىكى ئېپتىدائىـي تەشۈـش ـ ساراسـىمـە
بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى تۈگىمەس قورقۇنچقا مۇپتىـلا قىلـدى.
كۆزى يۇمۇلا ـ يۇمۇلـمايـلا قارا بېسىشقا بـاشـلىغاندا ئۆزىنى
يەردە ئەمەس، بەلكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدە كېتىۋاتقـانـدەك،
ھەر دەقىـقىـدە پارتـلاش ئېھتىمـالـى بار يانار تاغ ئۈستىدە
ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

«بۇ بەلكى، قېرىلىـق يەتكەنـلىكنىڭ ئالامەتلىرى بولـسا
كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە ئۆز تومۇرىنى ئۆزى تۇتۇپ
بېقىپ، — شۇ سەۋەبتىن ئەندىشىخور بولۇپ قالغاندىمەن. ئېھتىـ
مال مەن ئويلاۋاتقان ئىشلار ئەسلىدە مۇنـچـە چوڭ ئەمەستۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە بەلكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدىغاندۇ؟»
نېمىلا دەپ ئويلىسا ئويلىسۇن، ئۇ ئاخىردا يەنە رەھىمسىز رېئاللىققا قايتىپ كېلىپ، تىنچىق ھاۋادەك بۇنداق جىمجىت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۆمۈر تارىخىنى تىنىماي ۋاراقلاپ، تامغا مىدىرلىماي ئولتۇرۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ شىپالىق دورىسىنى ئىزدەيتتى.
بىر كۈنى ئۇ گۈگۈم پەيتىدە قايتىپ كېلىۋېتىپ، قەسىر سېپىلىنىڭ بۇرجىكىدە يىغىلىپ قالغان غازاڭ ئارىسىدىن چىققان «شىرىق ـ شىرىق» شەپىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا ئىچكىيىمىنىڭ يانچۇقىدىكى تاپانچىغا قول ئۇزاتتى ـ دە: «كىم؟» دەپ ۋارقىرىدى.
بۇنى كۆرگەن ئابدۇراخمان شۇنچىلىك قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، بۇ مەسخىرە كۈلكىسى ئۇدۇل بېرىپ سېپىت ھاجىنىڭ دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ بىغىشىغا خۇددى خەنجەردەك سانجىلدى.
ــ چاشقان، چاشقاندىن شۇنچە قورققان بارمۇ...ھا... ھا...ھا...
ياردەمچىلىكتىن بارا ـ بارا رىقابەتچىگە ئايلىنىۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ بۇ كۈلكىسى ئۇنىڭغا ھار كەلدى ـ دە، ئىچ ـ باغرىنى بەئەينى ئوغا ئىچىۋالغاندەك ئاددىتتۇەتتى. يۈز مىڭلاپ مەسخىرە، مەنىستىمەسلىك، تۆۋەن چاغلاش ئالامەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە يوشۇرغان كۈلكە ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىپ، مېڭىسىنى قوچىدى.
«ئۆمرۈمدە كىم مېنى مۇشۇنداق مازاق قىلىشقا پېتىنالىغان، كىم مېنى بۇنداق كۆزگە ئىلماسلىققا جۈرئەت قىلالىغان؟ مەن كىم؟ ئۇ كىم؟» ئەگەر ئۇ شەپىنى ئۆزىگە شەكلىسىز تەستەك ئۇرۇۋاتقان، ئۈستىنى تاغدەك بېسىپ، نەپسىنى بوغۇۋاتقان

بەشتوغراقتىكى چاتاقچىلار دەپ ئويلاپ قالمىغان بولسا، «چاشقانغا تاپانچا تەگلىدى» دېگەن ھاقارەتلىك مازاققا قالارمىدى؟

«باياۋان تەرەپكە كەتكەن چاتاقچىلار سۇسىزلىقتىنلا قىرىلىپ تۈگەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمى رەسۇل يەتكۈزگەن ئۇنجى مەلۇمات بىلەن بەربات بولغان ئابدۇراخمان كۆك كۆز بىر دوممىلاپلا: «ئۇلار ئەمدى قايتىپ كېلىشكە پېتىنالمايدۇ» دېگەن يېڭى پەتىۋانى چىقاردى. بىراق، سېيىت ھاجى بوغۇزىغا قىلىچ تەگلەپ تۇرسىمۇ بۇنداق ئەخمىقانە ھۆكۈمگە ئىشەنمەس ۋە سارالڭ بولۇپ كەتسىمۇ بۇنداق باللارچە ھۆكۈمنى چىقارماس ئىدى. ئۇ، ئابدۇراخماننىڭ پۈتۈن قورال ۋە جىمى ئادىمىنى ئىشقا سېلىپ، بەشتوغراقتىكى ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتماقچى بولغان تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلگەچ، كىرىيە ئامبىلىدىن ئىبارەت كونا چۆپقىتىدىن ياردەم سوراش قارارىغا كېلىپ تۇرغاندا يەنە بىر شۇم خەۋەر ئاڭلاندى.

«كىرىيە ئامبىلى جاڭ ۋېنلىن دارىن① قاراسپەچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ»، — دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدى بىر كۈنى ھاپىز مەخسۇم.

سېيىت ھاجىنىڭ گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك ساغىرىپ، ئاتىسى ئۆلگەندەك قايغۇغا چۆككىنىنى كۆرگەن ئابدۇراخمان يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ، تېلىقىپ كەتتى-دە، چاينىۋاتقان بىر كاپام پولۇنى تەسلىكتە يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، چاقچاق ئارىلاش:

— ئۇنچە مۇڭلىنىپ كەتمىسىلە ھاجىم، ئۇ بىرى ئۆلسە مىڭى تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان خەق، ھا...ھا...ھا...، — دېدى.

سېيىت ھاجى ھاپىزنىڭ ئابدۇراخمانغا نېمىنىدۇ چۈشەن-

① جاڭ ۋېنلىن — شۇ چاغدىكى كىرىيە ئامبىلى.

دۆرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى سەزگەن ھامان قولىنى بىر شىلتىدى-دە، ئۇنىڭ بوغۇزىغا كىلىپ بولغان گەپنى يۇتقۇزۇۋەتتى، داستىخانىنىمۇ تاشلاپ ئالاغا قاراپ ماڭدى. ئۇ چىرىبىسلىكلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ دارىنىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە قانچىلىك كۈچ چىقارغانلىقىنى رىقابەتچىسىگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھاپىزنىڭ سۆزلىشىگە يول قويمىغانىدى.

ئۇ مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدا مېھمانخانىغا ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان مەللە يەكتەكلىك، سەللىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، دىقماقىنىنە كەلگەن بىر كىشىگە دوقۇرۇشتى-دە، بىگىزگە ئۆسۈۋالغاندەكلا بىر قەدەمچېكىنىپ تۇرۇپ، كىرگۈچىدىن:

— يېڭى گەپ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار...بار...، — ئۇ قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىپ قويۇپ، قوينىدىن چاسىلاپ پۈكلەنگەن بىر قەغەزنى چىقاردى-دە، سېيىت ھاجىغا بېرىۋېتىپ دېدى، — ھاجىمنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى، خۇداغا شۈكرى...

سېيىت ھاجى قەغەزنى گويا غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، كاپلا قىلىپ ئالدى-دە، تەرگە چۆمۈلۈپ، ھاسىراپ تۇرغان كىشىگە ئىجازەت بېرىۋېتىپ، ئۇدۇل ئىچكەركى ئۆيگە ماڭدى. ئۇ قەغەزنى ئېچىپ تۇرۇشىغىلا ئابدۇراخمانىمۇ كىرىپ كېلىپ، بويىنىنى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ قارىدى. سېيىت ھاجى ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ كۆز تاشلىۋېلىپ، خەتنى پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

«ئەنى جانابىي ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك، مېھىر-شەپقەتلىك، بىر كۆرمەككە ئارزۇلۇق بولغان، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان...»

تاقەتسىزلەنگەن سىبىت ھاجىنىڭ نەزەرى تەكەللۇپ قۇرلىرىدىن بىر سەكرەپلا مەقسەت سەھىپىسىگە كۆچتى:

«... ئوتتەك ۋە ئاتەشتەك قىزغىن سالامىمىدىن كېيىن مەلۇم بولغايكى، جەھەننەمدىن زىيادە مۇشەققەتلىك بەشتوغراق دەشتىگە جەم بولغان چاتاقچىلار ئاچلىق ۋە تەشنالىق دەستىدىن تالاپەتكە يۈزلەندى. ئايان بولغايكى، سۇپۇرگە نۆگە، قادىر تۆمۈرچى ئۇقادىلىق جامالىدىن تۆمۈرچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىلچى دوتەيى تاڭ دارىنغا ھەزرەتلىرى ئۈستىدىن ئەرز بەرمەككە تۈنۈگۈن تاڭ سەھەردىلا يولغا راۋان بولدى. قالدى پۇقرانىڭ تەقدىرى پېقىر بىرلە نۇرەك باخشىغا تاپشۇرۇلدى. نۇرەك باخشى ياردار ھالەتتە جېنى تۇمشۇقىدا. پېقىر كۆرسەتمىلىرى بويىچە پۇقرانىڭ مايىللىقىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋاتىمەن، ئىنشائاللا ئاغزىمدىكى ئىمانىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، لەۋزىمگە كىرسە ئەجەب ئەمەس. بۇ قاچقۇنلارغا قورال-ياراغتىن كۆرە، يۇمشاق گەپ لازىمدەك قىلىدۇ. مەزكۇر مەكتۇپنى ئوقۇپ، ئەقىل تۈگمىنىدە ئېزىپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ رىجىسى بارىدا پېقىرنى ۋاقىپلاندۇرۇپ، يول كۆرسەتمەكلىرىنى تىلەيمەن. ئېھتىيات جۈملىسىدىن پېقىرغا يوللانغان نامە ھېلىقى ئۈچ ئاچىماقلىق توغراقنىڭ كامىرىغا بەند قىلىنسا. ئاخىردا، پېقىرغا ۋەدە قىلىنغان ئىمتىيازنى ئۇلۇغ ئاللا سەمىلىرىدىن يىراق قىلمىغاي، نامە تامام ۋەسسالام.»

بىر ئايدىن بېرى سىبىت ھاجىنىڭ چىرايىدا تۇنجى قېتىم كۈلكە ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇ خەتنى يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقىپ، ھەر بىر ھەرپ، ھەربىر سۆزنى ئىنچىكىلىك بىلەن دەڭسەپ كۆرۈپ، رەسۇلنىڭ قولىدىن مۇشۇنچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىغا ھەيران بولغان ھالدا ئاقلىرى كۆپىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان ساقىلىنى تۇتاملاپ قويدى.

ئۇ ئابدۇراخماننىڭ بەشتوغراقتىكى پۇقرالارغا ئۆزى شەخسەن ئەسكەر تارتىپ، جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىپىگە سوغۇق كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بەردى-دە، «ئەمدى مېنىڭكىنى كۆر» دېگەندەك، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن، مەكتۇپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ ئابدۇراخماننىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىق دەستىدىن جان تالىشىپ قالغان پۇقرالارنى ھېچ كۈچىمەيلا قولغا چۈشۈرۈپ، تۆھپىگە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇۋېلىش كويىغا چۈشكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرماقتا ئىدى.

— پۇقرانى يوق قىلىۋېتىش بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىتائەتكە كىرگۈزۈپ كۈچىدىن پايدا ئېلىش، «ئېشەكنىڭ گۆشى ھارام، كۈچى ھالال» دېگەن گەپ دەل مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان! — سېيىت ھاجى ئۆزىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئابدۇراخمانغا گويا «مېنىمۇ بىلىپ قوي» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزلىرى پۇقراسىز پادىشاھنى، لەشكەرسىز سەركەردىنى كۆرگەنمىدىلە تەقسىر؟!

ئابدۇراخمان ئۆز كېپىنى يورغىلاتماقچى، مۆرىتى كەلسە سالاھىيىتىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، تۆھپىسىنى ئۆز دەپتىرىگە يېزىش پەيتىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىگىلىمەكچى بولۇپ تۇراتتى، سېيىت ھاجى سۆزىنى ئۇلىدى:

— چاتاقچىلار ئارىسىدا نۇرغۇن ھۈنەرۋەن بار، ئۇلار تىنچ ئەل بولسا، بىزگە بىھېساب پايدا بەرگۈسىدۇر. شۇ مەنىدىن ئالغاندا پايدىلىق ئادەملەردىن ئېپى بىلەن پايدىلانماي، قوپاللىق بىلەن قىرغىن قىلىش كونسۇلنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپتۇر! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشىكنى زەردە بىلەن

ئېچىپ، مېھمانخانىغا چىقتى.

سېيىت ھاجىنىڭ كۆزىگە جىندەك كۆرۈنۈۋاتقان ئابدۇراخمانىنى كونسۇلنىڭ نامىنى توقماق قىلىپ تۇرۇپ قورقۇتۇشى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەييار بولۇپ قالغان تۆھپىگە ئۇزىتىلغان قولىنى كېسىپ تاشلاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپ، يېڭىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق ئېلىشىشتا چىرىيىلىكلەرنىڭ ئاسان بوزەك بولمايدىغان، جاھىل خەق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغانىدى.

يەنە، بەشتوغراقتا ئۇرۇش ئوتى ئۆتىشىپ قالسا، بۇ ئوت ئىلچىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، خېلى-خېلى يەرلەرگىچە يامراپ كېتىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. پەقەت بىرلا يول — يەنى «يەل مىلتىقى» نى ئىشقا سېلىش يولىلا ئۇنى نۇسرەتكە يولەندۈرەلەيتتى. ئۇ چاغدا ئەرز قىلغانلارنىڭ ئەرزىمۇ كېچىككەن ھېسابلىناتتى.

سېيىت ھاجى مېھمانخانىدىن چىقىپ، ئۇ يەردە كۆزلىرىنى تام تۆشۈكىدەك ئېچىپ، قاراپ ئولتۇرغان ھاپىز مەخسۇمنى كۆز ئىشارىسى بىلەنلا قوغلاپ چىقاردى-دە، كەينىدىن چىقىپ كەلگەن ئابدۇراخمانغا ئۇستىخانىدىكى سەپەر چاققان قاتارلىق گۇمانلىق ھۆنەرۋەنلەرنى ھېچ بولمىسا بىر ھەپتىگىچە قاتتىق نازارەت قىلىشنى تاپشۇرۇپ، جايىنامازغا كېلىپ ئولتۇردى. تەسۋىنى قولىغا ئېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى...

كۈنىگە نەچچە باغلام پىششىق مەشۈت، توپ-توپ شايى-ئەتلەس ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئۇستىخانا ئاق مەسچىت بىلەن قەسىر ئارىسىدىكى كونا خانىقاغا قوشۇپ سېلىنغان لاي تاملىق، ئاددىي لاپاس ئۆيلەرگە جايلاشقان. مەشۈت تارتىدى-

غان ئوچاقلار ئۈستىخانىلار بىلەن قورشالغان تۆت چاسا مەيدانـ
غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قاپقارا ئىس تۇتۇپ تۇرغان ئالتە
ئوچاققا ئېسىلغان يوغان داش قازانلاردا پىلە غوزەكلىرى توخـ
تىماي قايناپ تۇراتتى. قوللىرى سۇغا چىلىشىۋېرىپ كالا تامـ
قىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئۇستىلار ئوچاق بېشىدا زوكىزىيىپ
ئولتۇرۇپ، يۇمشاق پىلىلەرنى چوكا ① بىلەن ئارىلاشتۇراتتىـ
دە، چوكىغا ئېسىلىپ چىققان مەشۇتلار ئارىسىدىن بىر تال
مەشۇتىنىڭ ئۇچىنى تېپىۋېلىپ، داۋانغا ② سانچىلغان
گېجەكتىن ③ خۇددى بىر تال نۇردەك ئۆتۈۋاتقان يىپەككە
ئەپچىللىك بىلەن چاپلايتتى. گېجەكتىن ئۆتكەن مەشۇت
ئوچاق يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئاياللار بار كۈچى بىلەن
چۆرگىلىتىۋاتقان يوغان چاق ④ ئۈستىدىن چۈشكەن بەش
تال تاناپنىڭ كۈچى بىلەن يۇقىرى سۈرئەتتە پىرقىرىغۇچى
مەشپىرولەرگە ⑤ يۆگىلەتتى. توختىماي پىرقىراۋاتقان ئالتە
چاقنىڭ ئاۋازى كىشىگە خۇددى ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان
بىر توپ ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىنى ئەسلىتەتتى.

ئوچاق بىلەن ئوچاق ئارىسىدىكى بىر پارچە بورا پاتقۇـ
چىلىك جايدا بىرقانچە كىشى مەشپىرولەردىكى مەشۇتلارنى
كىچىك غالتەكلەرگە يۆتكەپ، تەلىگە ⑥ سېلىپ، كالۋا قىلىۋاـ
تاتتى. ئىككى ئۇستا تام بويلىتىپ قويۇلغان تېنىسگە ⑦ نىڭ
ئىككى تەرىپىگە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇرۇش تارتىۋاتاتتى.
ئاسقۇغا ⑧ ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەچچە ئون غالتەكلەر ئۇرۇش
تارتقۇچى ئۇستىلارنىڭ سۈرئىتىگە ئەگىشىپ، شالاقلاپ ئايلىـ

① ، ② ، ③ ، ④ ، ⑤ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ — يەرلىك يىپەكچىلىك سايمانلىرى.

ناتتى. كالۋا مەشۇتلار شاخار ① ۋە خوشنا ② ئېرىتمىسىدە قايناۋاتاتتى، سەل چەتتىرەك، قازاندىن چىققان ئاپئاق پىششىق مەشۇتلار ئۆز كالۋىسى بويىچە چوپىسلار ③ غا ئېلىنىپ، سىپتا پالازلارغا يېيىنىك ئۇرۇلۇپ، قۇرۇتۇلۇۋاتاتتى.

هويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان شايىچىلىق ئۇستىخانىسىدا بولسا باشقا بىر مەنزىرە هۆكۈم سۈرەتتى. خۇددى نامازشام ۋاقتىدىكىدەك گىرىمسەن بۇ چوڭ ئۆيدە قاتار دەستىگاهلار ۋە ئاپئاق ئۆرۈشلەر خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. ساقىلى مەشۇتتىنمۇ بەكرەك ئاقىرىپ كەتكەن سەپەر بوۋاي دۇكانلارنى ئارىلاپ، بىلىنىڭ ئاستىنى زەي ئورىلارغا سولاپ، تەپكە ④ بېسىپ، مۇكا ئېتىۋاتقانلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، هەركىمگە پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى:

— ئابلىزئاخۇن ئۇستام، پەركا ⑤ نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاشتىن بىردىن ئېلىۋەتسىلە، هېلىقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن جۇمۇ!

— ماقۇل ئۇستام، تاشنى ئېلىۋەتسەك، دەپتىن ⑥ بەك يېيىنىك بولۇپ قېلىپ، شايى بوش، پاتسىز چىقىپ قالارمىكىن؟

— پاتسىز چىقىپ قالسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن، دۈشمەننىڭ بىرتال تۈكىنى يۇلساڭمۇ هېساب!

— خوش ... خوش!

— نۇرمۇهەممەتئاخۇن، ئۆرۈشكە ئاها ② يۈركۈپ ئاۋارە بولماي بولۇشىچە توقۇۋېرەيلى، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل، شۇغىنىسى، ئاها يۈركۈمىسەك، نەخ ئۈزۈپ ئارام بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

---

①، ② — يىپەك ئاقارتقۇچى ئىشقار ۋە ئۆسۈملۈكلەر. ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦ — يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكىنىنىڭ بۆلەكلىرى، ⑧ — شايىغا پات كىرگۈزىدىغان سۇس شىلىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نەخ ئۆزسە ئۆزۈۋەرمەمدۇ، كارىمىز نېمە، سېيىت هاجىنىڭ شايى دەپ توقۇتقىنى ماتاغا ئايلىنىپ كەتسۇن ئىلاهىم!

— هوي ئاۋۇ ئىككىڭلار كەرگۈ ① نى ئېلىۋېتىپ تەپكىدىنى ئالدىرىماي بېسىڭلار!

مۈكچىيىپ قالغان بوۋاي تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇستىخانىنىڭ ئىشكى تۈۋىدە خۇددى ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان يوغان چالمىدەك، ئەگرى قىلىچنى تىزىنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇپ مۈگدەپ ئولتۇرغان دورغىغا پات-پات قاراپ قوياتتى.

سۇپۇرگەئاخۇنلار يۇرتتىن مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چىنارئايىم يوشۇرۇپ قويغان ئازگالدىن تۇتۇۋېلىنغان سەپەر بوۋاي كەپتەر قۇيرۇقى قىلىپ باغلىنىپ، قەسىرگە ئەكېلىندى. ئۆلتۈرىمىز، ئۆلتۈرمەيمىز دېگەن دەتالاشتا ئاخىر سېيىت هاجى ئۇتۇپ چىقتى-دە، ئاللانىڭ شەپقىتى بىلەن ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇشۇ قاراڭغۇ گۆرگە ئەكىلىپ تاشلىدى.

سەپەر بوۋاي سېيىت هاجىنىڭ يەنىلا كاززاپلىق قىلىۋاتقىنىنى، ئۆزىنى ئاللانىڭ يۈزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۈچىدىن، هۈنىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ۋاقىتلىق كەچۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېدى-دە، ئۇستىخانىغا قامالغانلارغا هەر خىل «هۈنەر» لەرنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

دەسلەپتە ئۇ تۇتۇپ كېلىنگەندىن تارتىپ ئىككى هەپتىگىچە جانجىگەر نەۋرىلىرىنى كۆرەلمەي، نۇرغۇن كېچى-

① كەرگۈ — يەرلىك توقۇمىچىلىق سايمىنى.

لەرنى سېغىنىش ئىلكىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى. كەينىگە پايلاقچىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان دورغا كۈندۈزى ئۇستىخانىنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ ئولتۇرسا، گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن قەسىرنىڭ ئاتخانىسى يېنىدىكى ئۆيگە سولاپ، تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا كۆز يېشىدەك سۇيۇق ئۇماچتىن بىر ھېجىر ئىچكۈزۈپلا ئۇستىخانا تەرەپكە ھەيدەپ كېلەتتى. يول ئۈستىدە ئۇچرىغان تۇل خوتۇن، قېرىسالالارغا يىراقتىن سالام بېرىشكىلا رۇخسەت قىلاتتى. پەقەت ئۇستىخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن «ھۈنەر» ئۆگىتىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا ئېغىز ئېچىشقا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى.

ئۇ تۇتۇۋېلىنغاندا بىچارە چىنارئايىم بىراۋ يۈرەك-باغرىنى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك داد-پەرياد سالدى. دورغىلارغا يېلىنىپ يېپىشىۋېلىپ، يۈز-كۆزلىرىنى تاتلاپ، توخۇ چوقۇلىغان شاپاقتەك ئالا-چىپار قىلىۋەتتى، تىل قامچىسى بىلەن ئۇردى. بىراق، قىزىل قوناق شېخىدەك ئورۇق، ئاجىز بۇ مەزلۇم ئۈچ دورغىغا تەڭ كېلەلەيتتىمۇ؟

شۇ كۈندىن تارتىپ، ئۇ مېھرىبان بوۋىسىنىڭ مېھرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان ئانىسىنى يوقاتقان چۈجىلەردەك بىئارام بولۇۋاتقان ھەسەن بىلەن ھۈسەننى يېتىلەپ، قەسىر ۋە ئۇستىخانا ئارىسىدا ئەگىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئېرى ئۇنىڭغا غايىبانە: «بوۋاينى ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرۇۋىدىم، ئەمدى ئۇ قېنى؟» دېگىنىدە يۈزى لاپىدە ئوت ئېلىپ، خىجالەتچىلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى.

چىنارئايىم ئېرىنىڭ بوۋاينى جېنىدىن ئەتىۋار كۆرد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى تارمىسى

دىغانلىقىنى، جەك پاتىپاراقچىلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپلا ئۆيگە ئەۋەتىۋەتكىنىنى ئوب-دان بىلەتتى. بىراق...

ئۇ، بوۋاينىڭ نەۋرىلىرىگە ئائىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. مۇڭلۇق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، گۆدەك قەلبىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان سېغىنىش ھېسسىنى ئازراق بولسىمۇ تىنچىتىشقا تىرىشتى. ئەمما، ھەر ئاخشىمى ئاي كۆتۈرۈلگەندە، يۇلتۇزلار ئايۋاننىڭ شىپىغىدىن مارىلاپ قارىغاندا، باللار بوتقانىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ ئۈن-تىنسىز مىشىلداپ يىغلايتتى، چىنارئايىم ئەتىگىنى ئورۇنىنى يىغىشتۇرغاندىلا تەكىيە ئۈستىدىكى چىنىنىڭ ئاغزىچىلىك يەردىكى ھۆلنى كۆرۈپ، بۇنى بىلەتتى.

تۇغۇلغاندىن باشلاپ بوۋىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغان گۆدەكلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىمغۇر، غەمكىن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى چىنارئايىمنى قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئۇلارنى بوۋىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ھەيدەكچى بولدى.

چىنارئايىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىپ، سەپەر بوۋاينى قەسىردىن ئۈستىخانىغا، ئۈستىخانىدىن قەسىرگە ھەيدەپ يۈرىدىغان دورغىنى سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇ زىبۇ زىننەت ساندۇقچىسىدىن مەرھۇم ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك بىلەزۈكىنى ئالدى-دە، دورغىغا خۇپىيانە شۇڭغۇتۇۋەتتى.

بوۋاي بىلەن باللار قەسىر بىلەن ئۈستىخانا يولى ئارىسىدىكى كادالڭ ياڭاق تۈۋىدە يىغا-زار قىلىشىپ كۆرۈشكەندە، چىنارئايىمنىڭ چىرايىدا قانائەتلىنىش كۈلكىسى پەيدا بولدى.

— يىغلاشماڭلار باللىرىم، مېنىڭ ئەۋلادىم ھەرگىز يىغلىمايدۇ، داداڭلارمۇ يىغلىمىغان، سىلەرمۇ يىغلىماڭلار، — دېدى بوۋاي كۆز چانىقىنى، تولدۇرغان ياشنى نەۋرىلىرىدىن يوشۇرۇپ تۇرۇپ.

باللار بوۋىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، يىغلىمايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، خوشلىشىشتى. بوۋاي ئالدىرىتىۋاتقان دورغىغا ھوممىيىپ قويۇپ، باللار تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە:

— باللىرىم، ھېلىقى تۆگە بىلەن پاشىنىڭ ھېكايىسى يادىڭلاردىمۇ؟ — دەپ سورىدى. باللارغا جاۋاپ بەردى:

— يادىمىزدا بوۋا يادىمىزدا!

— ھە، يادىڭلاردا بولسا ئوبدان، — دېدى بوۋاي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان چىنارئايىمغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، — قايتىڭلار ئەمدى، چىنار ئاچاڭلار شۇ ھېكايىنى يەنە ئېيتىپ بەرسۇن!

ئۇلار ئايرىلىشتى. يېپىق سۈيىگە قانغان مايسىلاردەك جانلىنىپ قالغان چىنارئايىممۇ، باللارمۇ قەسىر دوقمۇشىدىن قايرىلدى. بوۋاينىڭ: «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، بېشارەت بىلەن تاپىلىغان سۆزى چىنارئايىمنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى چۆچەكنى باشلاپ كەلدى.

بوۋاينىڭ باللارغا ھەر كۈنى كەچتە ئېيتىپ بېرىدىغان بۇ چۆچىكى سۈپۈرگەئاخۇنغىمۇ، چىنارئايىمغىمۇ يادا بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، يېتىم بۇلۇڭدىكەن، بىر سازلىقتا بىر پاقا بىلەن بىر پاشا ياشايدىكەن، ئۇلار يېقىن دوستلاردىن ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى ئۇ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىپ ئولتۇرۇشقان

www.uyghurkitap.com

نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، — بىر كۈنى بىر كۆرەك تۆگە سازلىققا كەپتۇ - دە، پاقىنىڭ ھەمراھىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پاقىنىڭ ئاھۇ زارىغىمۇ پەرۋا قىلىپ قويماپتۇ، پاقا لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— خەپ توختاپ تۇر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىساسىمنى ئالمايدىغان بولسام، — دەپ قەسەم قىپتىكەن، تۆگە گىدديىپ تۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— جۇغۇڭ قۇيرۇقۇمنىڭ ئۇچىچىلىكمۇ، بىر تال قومىلدقىمچىلىكمۇ يوق، يەنە قىساس ئالىمەن دەپ پو ئاتقىنىڭنى قارا سېنىڭ، — دەپ ئىغاڭلىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

تۆگىنىڭ ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، يوغانچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەن پاقا بىلەن پاشىنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ - دە، بىر توپ قومۇشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تۆگىدىن قىساس ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، گېپىنى بىر قىپتۇ.

پاشا «غىڭ، غىڭ» قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ، تۆگىنى بىر تاغنىڭ باغرىدىن تېپىۋاپتۇ، كۆزىنى ئىككى - ئۈچ قېتىملا چېقىپ، قارىغۇ قىلىپ تاشلاپتۇ. ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەن تۆگە بارا - بارا ئۇسساپ ھالىدىن كېتىپ، جېنى تومشۇقىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر يەردە پاقىنىڭ كۆكىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پاقا بار يەردە جەزمەن سۇ بار، ئەمدى تاپتىم، دەپ ئويلاپ، يىقىلىپ، مۈدۈرەپ پاقا بار يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. پاقىنىڭ ئۈنىمۇ ئاڭلىنىۋېرىپتۇ، تۆگىمۇ مېڭىۋېرىپتۇ، قارىغۇ تۆگە ئاخىر پاقا بار يەردىكى سۇنى تاپىمەن دەپ، بىر يار لېۋىگە بېرىپ قاپتۇ - دە، قەدىمىنى شۇنداق تاشلىشىغا ياردىن يىقىلىپ، شۇ ھامانلا جان بېرىپتۇ.

— كىچىكنى كىچىك دەپ، ئاجىزنى ئاجىز دەپ

بوزەك ئەتكەن بىلەن، پاقىنىڭ قىساسى تۆگدە قالمايدۇ، پۇقرانىڭ قىساسمۇ ئابلىزقاردا قالمايدۇ، سېيىت ھاجىدا تېخىمۇ قالمايدۇ، — دەيتتى بوۋاي باللىرىغا.

سەپەر بوۋاي سۇپۇرگەئاخۇن ۋە يۇرتلۇقلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ، يۇرتنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىغا خۇددى ئىمانىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. قادىر تۆمۈرچىنىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشەنچىسى تېخىمۇ چىڭىدى. ئارام تاپسىلا كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قېرىنداشلىرىنى ياد ئېتىدىغان، ئۇلار ھەققىدە خەۋەر تىلەك-تىلەكلەيدىغان بولدى. بىراق بارغانسېرى سىرلىق تۈس ئېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە دورغىلارنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدىكى شارائىت ئۇنى يۇرتداشلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى.

— سەپەر سەپرا، نان-پادىلىرىڭنى ئېلىۋال!

ئىشىك تۈسۈپ ئولتۇرغان دورغا ۋارقىرىدى. چىنار ئايىمىنىڭ يەنە غىزا ئەكەلگەنلىكىنى پەملىگەن بوۋاي قاتار-قاتار سوزۇلغان ئۆرۈشلەر ئاستىدىن بېشىنى ئېگىپ ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇ چىنار ئايىمىنىڭ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپلا ئۇزاتقان قولىدىن ياغلىقتا چىگىلگەن غىزانى ئېلىپ تۇرۇشىغا ئابدۇراخمان كۆككۆز ھويلىدا پەيدا بولدى ۋە ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا دورغىلارغا بۇيرۇدى:

— ماۋۇ قانجۇقنى ھەيدەپ چىقىرىڭلار، كىمكى ئۇنى ئۇستەخانىنىڭ ئەتراپىغا يېقىن يولاتىدىكەن، ئۆزىنى جەھەننەمدە كۆرسۇن!

تاپانچىسىنى قولىغا ئالغان ئابدۇراخماننىڭ ئادەم يېگۈدەك ئەلپازدا تۇرغىنىنى كۆرگەن دورغىلار ئېتىلىپ كېلىپ، سەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بوۋاينىڭ قولىدىن ياغلىقنى تارتىۋالدى ــ دە، ئۇستىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چۆرۈۋەتتى. چىنارئايىمنىمۇ ئىتتىرىپ، دۈشكەـ لەپ ھويلا دەرۋازىسىدىن قوغلاپ چىقاردى.

## 31 ، قەسەمخور يەنە قەسەم قىلماقتا

ئىلچىگە ئاتلانغانلارنى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىپ قالغان نۇرەك باخشى دورا ئۇزۇلۇپ قېلىشى بىلەن تەڭلا يەنە ھالسىزلىنىشقا يۈز تۇتتى. ئەمدىلا نىپىز قەقەش باغلىغان جاراھەت ئاغزى يېڭىباشتىن شەلۋەرەپ، داغلىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى، تاكى يوتىسىغىچە يامرىغان ئىششىق ھەر ئىككىلا ئايىغىنى خۇددى توگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەكلا ئېغىرلاشـ تۇرۇۋەتتى.

«ئاھ، لەنىتى ئاغرىق ماجالىمنى سۇغۇرۇۋالمىغان بولسا، مەن مۇ شۇنداق تەييارغا ھەييار بولۇپ ياتىدىغان، بىقۇۋۇل بەندىمىدىم؟ ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ شوخ كېپىكتەك سەكرەپ ماڭالايدىغان چاغلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ــ يەنە كېلىپ تازا يامان چاغدا ھە، تەقدىرنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرى بارـ ئىكىن ماڭا كۆرسىتىدىغان؟»

دېگەنىبىلەن، يىگىتلەرنىڭكىدەك شىددىتى ئۇنى ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشقا، ھەتتا تاياقىقا تايىنىپ كەپە ئەتراپىدىن 20 ــ 30 قەدەم سىلجىشقا ئىمكان بېرەتـ تى. ئۇ كىملەردۇ ئەكەلگەن قارا مارجاندەك پارقىراپ تۇرغان قاراقاتنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەي، تۇغراقلىققا كىرىپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنى قامداشقا تەرەددۇت قىلغاندا، رەسۇل ئىمام شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كېلەتتى ــ دە:

— ھوي ... ھوي، كەيپىدىن چىقمىسىلا نۇرائىنۇن، جاراھەتلىرى ئەدەب كېتىدۇ. سۆپۈرگەئاخۇن بېگىم پېقىرغا شۇنداق تاپىلىغان، — دەيتتى-دە، ئۇنى ئىتتىرگەنچە ئىتتىرىپ، كەينىگە سولاپ قوياتتى. ئۆزى بولسا پۇقرالارنى قابىل سەرداردەك كەينىگە سېلىپ قەيەرلەرگىدۇ ئەكىتەتتى. غېجەك تارتقاندەك غىڭشىپ، ئارام بەرمەيدىغان ئۆلگۈر پاشىلارغا ھەمراھ بولۇپ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، ئۇ مۆڭگۈز بۇرغىسىنى قولىغا ئېلىپ، ھەر بىر سىزىقلىرىغىچە قاراپ چىقاتتى. ئۇنى ماتا كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋېرىپ، خۇددى خروستالدەك پارقىرىتىۋېتەتتى-دە، دېمىنىڭ يەتمىگىنىگە قارىماي، پۈۋلەپ «دۇت ... دۇت» قىلىپ سادا تارىتاتتى. ئادەم يامراپ كەتكەن توغراقلىقتىن قېچىپ كېلىپ، كەپە ئەتراپىدىكى توغراق شاخلىرىدا قاناتلىرىنى سالپايتىپ تۈكلىرىنى پاخپايتىپ ئارام ئېلىۋاتقان قۇشقاچلار قىزىپ تۇرغان ھاۋانى تىترىتىۋاتقان بۇرغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئورۇن يۆتكەشكە مەجبۇر بولاتتى.

سۆپۈرگەئاخۇن بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— خۇداغا ئامانەت، قايتا دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىسا پېقىردىن ئىككى ئالەملىك رازى بولارسىلەر، كۆڭلۈڭلەرگە كەلگۇدەك ئىش قىلىپ قويغان بولسام ...، — دېگىنىدە، سۆپۈرگەئاخۇن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بۇنداق گەپنى قىلمايدىغان نۇراخۇن. ئادەم دېگەننىڭ ئاغزىدىن يەل ئەمەس، سائەت چىقىدۇ، — دەپ خاپا بولغانىدى.

ئاغزىدىن راستىنلا سائەت چىقىپ كەتمىگەن، ئۇنىڭ ھالى كۈنسېرى ئۇساللىشىپ، ماغدۇر-دەرمانى تۈگەپ، زەئىپلىككە قاراپ يۈزلەنمەكتە، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ۋەھىمە

بېشىدا ئەگىمەكتە ئىدى. بۇ ئىپلاس كېسەلنىڭ ئەڭ يامان ئاقىۋىتى خىيالىغا كىرىپ كەلگىنىدە يۈرىكى بىر ئۆرۈلۈپ، كۆزىگە ياش قاپلىشاتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئۇ: «بۇ دۇنيانىڭ يەنە نېمە قىزىقى بولسۇن؟ تارتىشىدىغان، تاشلاپ كېتىشكە قىيمايدىغان يەنە نېمەم بار ئىدى؟» دەپ يېرىم بولغان كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتىيۇ، ئارقىدىنلا بۇ خىيالىنى كاللىسىدىن سۈرۈپ چىقىراتتى. ياشىنىڭ قىممىتى كۆز ئالدىدا يېڭىباشتىن نامايان بولۇپ، بارغانسېرى چوڭىياتتى. رەڭمۇرەڭ قىزىقچىلىقلارغا — مۇھەببەت بىلەن نەپرەتكە، زۇلۇم بىلەن قىساسقا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا ئۆز قويىنىدىن ئورۇن بەرگەن بۇ دۇنيادا ئۆزىنى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئادەم، دەپ ھېس قىلاتتى.

دۇرۇس، جان — بەندىگە ئامانەت قىلىنغان نەرسە، ئامانەتنى قاچان، قەيەردە قايتۇرۇۋېلىش ھەق ئىگىسىنىڭ ئىشى. مۇبادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ، ئەزرائىل ھايات چىرىغىنى ياغسىراتسا، ئامانەت ئىگىسى ئامانەتنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئىلاجىكامىنىڭ ئۆيى يىراق. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا قېلىپ قالغۇدەك مال-دۇنياسىمۇ، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان بالا-چاقىسىمۇ، بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىمۇ يوق، دۇنياغا كەلسىمۇ بولىدىغان، كەلمىسىمۇ بولىدىغان، لېكىن دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا ياشىشىغا توغرا كەلگەن بىر ئەرزىمەس ھاشارات قانداق دەبدەبىسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇمۇ شۇنداق تىۋشىسىز كۆز يۇمىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغان ئاددىي قەبرە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تىلىنى بىلىپ بولمايدىغان بۇ زاماندا ئون كۈن، بىر ئاي، كۆپ بولسا بىر يىلدا تۈزلىنىپ كېتىدۇدە، بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر ئىنساننىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى-

دىن ھېچقانداق نام-نىشان قالمايدۇ. يەنە خەيرىيەتكى، ئۇ-نىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالار ئىكىن دەپ غەم قىلىدىغان قېرى ئاتا-ئانىسى، تۆلىيەلمەي قالارمەنمىكىن دەيدىغان بىر يارماق-مۇ قەرزى يوق.

بىراق، ئىككىلا نەرسە — مۇتەھەملەردىن ئېلىنىدىغان قى-ساس ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قۇربانى بولغان بىر قەبرە ئۇ-نىڭغا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆلۈمنى قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئالەمدىن تىنچقىنا خوشلىشىپ، ھەتتا جەن-نەتكە كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىككىسى سادا ئۇنى نازۇ نېمەتلەرنىڭ بەھرىدىن ۋە كەرەشمىلىك ھۆرۇ-غىلمانلارنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى.

— نۇرەك باخشى ئۆلۈپتۇ، ھېلىقى نۇرەك كەلگۈندى ئۆ-لۈپتۇ! ھا ... ھا ... ھا ... نۇرەك باخشى ئۆلۈپتۇ!! قىساس-مۇ ئۆلۈپتۇ ... ئۆلۈپتۇ ...

— نۇر، مەن ساپ مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان ئەيلىدىم، شۇ چاغدا سەن قەبرەمنى مەڭگۈ تاشلىماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭ، ھاياتىڭ ياپرىقىغا ئۇششۇك تېگىپ بەرگىدىن ئۈزۈلگەندە ماڭا ھەمراھ بولماقچى ئەمەسمىدىڭ!؟ ئەمدى قەبرەمنى، قەبرەم ياتقان تۇپراقنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟ ۋاپاسىز ... ۋاپاسىز ... ۋاپاسىز!...

نۇرەك باخشى ئۆزىنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ساۋاپ بىلەن گۇناھ ئۈستىدە ھېسابات قىلغۇچى پەرىشتىلەر ئالدىدا، دەپ قىياس قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزى ئاق، ئاق بولۇپمۇ قۇياشتەك نۇرانە ئىدى. چۈنكى ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ بىرەر چۈمۈلىنىمۇ رەنجىتمىدى، ھېچ-كىمگە يامانلىق قىلمىدى. قۇربىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالدى، بېشىنى سىلىدى، تۇز بەردى. شۇنداقتىمۇ،

ئۇ يۇرت ئالدىدا، قىساسى ئالدىدا، ئالەمدىن ياش كەتكەن يارى ئالدىدا يۈزى قارا ئىدى. قارا بولۇپمۇ، قاغا قانىتىدىنمۇ، قازان قارىسىدىنمۇ، زۇلمەتتىنمۇ ئۆتە قارا ئىدى. پەرىشتىلەرنىڭ سوراق سوئالى ئالدىدا قورقۇمسىز، مەردانە ئىدىيۇ، ۋىجدان، لەۋزى ئالدىدا ئاجىز، بىچارە، ئۆلۈمتۈك ئىدى. ئاللا ئىمتىھان قىلىدىغان پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن يوغان، دادىل، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن خۇددى شامالدەك ئۆتۈپ كېتەتتىيۇ، يۇرت ئالدىدىكى بۇرۇچ، ۋەدە ئالدىدىكى ۋاپا بىنا قىلغان پىلسىراتتىن بىر قەدەم باسا-باسمايلا موللاق ئېتىپ يىقىلاتتى — دە، تۇۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ، يىلان-چايانلارغا يەم بولاتتى...

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە غايىبتىن كەلگەن «ئۆلۈم — قورقۇنچاقلارغا بېرىلگەن جازا» دېگەن سادا ئاڭلاندى. يۇرتىمۇ تارتىۋاتقان مۇشكۈلاتلىرىدىن شىكايەت قىلغاندەك بولدى، يىراقتىكى قەبرىدىنمۇ ئاۋاز كەلدى. كىمدۇ «ئۇ، ئۆلۈپتۇ» دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى. ئۇنىڭ مېڭىسى مىڭلىغان ھەرە كىرىۋالغاندەكلا زىڭىلداپ كەتتى...

«ئى شەپقەتلىك، ھىدايەت قىلغۇچى ئاللا، سەندىن ئۆتۈنىمەن، پېقىرنى بەندەم دېسەڭ، يۇرت چېھرىنى ئىپلاس داغلاردىن خالاس قىلىپ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر بىلەن، ئۆزۈڭ قوشقان قېرىنداشلىرىم بىلەن، جانانىم ياتقان قەبرە بىلەن دىدارلىشىۋالغۇچە پۇرسەت بەر، دەرگاھىڭدىن ئارمان بىلەن كەلدىم، يەنە ئارمانسىز كېتەي!»

ئۇ قىمىرلىۋىدى، ئۆزىنى مالائىكىلەر بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالغاندەك يېنىك، روھلۇق ھېس قىلدى. تاياقىقا تايىنىپ كەپە ئالدىغا چىقتى. چوغ سۈپەت يېلىنجاپ تۇرغان ئاسمانغا، بېشىنى بۇلۇتقا توغرىلاپ، تېزدىن ئۆسۈپ كېتىۋاتقان مەزمۇت توغراقلارغا بىر-بىر قاراپ چىقتى-دە، پوتىسىغا قىسـ

تۇرۇۋالغان قەدىناس بۇرغىسىنى ئېلىپ، كۆكلىدە يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان ئۈمىدىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن كۈنچىقىشقا، كۈنپېتىشقا قارىتىپ ھەۋەس بىلەن پۈۋلىدى.

«دۈت ... دۈت ... دۈت ...»

ئۇ ھەرنە تۇسالغۇلارنى تېشىپ ئۆتۈۋاتقان نەزەرى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتىكى، ئانا يۇرت ئۇيقۇلۇق جانانىدەك نازلىق تولغىنىپ، ئۆزىگە تونۇش ئاۋازدىن ئۈمىد تېگىنىڭ ناۋاسىنى ئاڭلاپ، ئۇھ تارتماقتا ئىدى. ئۇنى زارىقىپ كۈتۈپ ياتقان ئامرىقى ۋىسال خەۋىرىنى ئاڭلىغاندەك، كۆكسىنى تىترىتىپ، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ئەلچى شەھىرىنىڭ قايناق بازىرىدا كېتىۋاتقان سۈيۈرگەئاخۇن ھەمراھلىرىنى توقۇپ: «پاھ، مانا بۇ بىزنىڭ نۇرەك باخشى، ئۇ ئۆلمەپتۇ!» دەۋاتاتتى ...

غەرب ئۇپۇقىدا ئۇيۇپ قالغان قان پارچىسىدەك قىزىرىپ لەيلىشىپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرى ئاستا-ئاستا قانسىرىغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك ساغىرىشقا باشلاپ، ھەش-پەش دېگۈچە كۈلرەڭگە ئۆرۈلدى. مىنۇتسېرى روشەنلىشىۋاتقان يۇلتۇزلار كۆك قەھرىگە مىخلانغان زەر مىخلاردەك پارقىراپ، كەمتۈك ئاي كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا بولسا، ئۆزىنى گۈگۈم لىباسى قوينىغا يوشۇرۇپ، سۈتتەك ئاق نۇر بىلەن سىڭىشىپ كەتتى.

«يۇرتلۇقلار ئەجەب قايتىپ كەلمەيدۇغۇ، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان بولمىغىيدى؟» تىنچىق ھاۋادا خۇددى خۇمدانغا كىرىپ قالغاندەك قىينىلىۋاتقان نۇرەك باخشى چېكەتكىلەر بەس-بەستە چىرىلدىشىۋاتقان توغراقلىققا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە سوئال قويدى. قورسىقىنىڭ تولىمۇ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ياخشى كۆڭۈل پۇقرالارغا تۇغۇلغان تەمەسىز ئۈمىدتىن ئۆزگە، ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە يۇرتداشلىق مېھ-

ري ئۇنى سېغىندۇرغانىدى.

ئۇ، ئۇن قەدەمچە ئىچكىرىلەپ توغراقلىققا قۇلاق سالدى. تۇرۇپلا لاپپىدە كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئىسسىق توغراقلىقتىن چېكەتكە، ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىشىدىن، ئاچلىق ۋە تىنچىقتىن پەرياد سېلىۋاتقان ھۇقۇشنىڭ ئاجىز ھۇۋۇلىشىدىن ئۆزگە ھېچقانداق سادا كەلمەيتتى. قۇرۇپ كېتىۋاتقان يوپۇرماقلارنى ساپايى چالغاندەك شىرىقلىتىپ تەبىئەتنىڭ تىرىكلىكىدىن بېشارەت بەرگۈچى شامالمۇ يوق. دۇنيا نۇرەك باخشىنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىدىن ئۆزگە، ھېچقانداق تىرىكلىك نىشانىسى قالمىغاندەك سۈكۈناتقا غەرق بولغانىدى.

ئېغىر كۈنلەردە مۇرەببە بولغان قېرى شەيختىن ئايرىلغاندىن بېرى زاراتگاھلىق يېنىدىكى ئاشۇ قىيسىق كەپىدە ئۇزۇن تۈنلەرنى، زېرىكىشلىك ئاخشاملارنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە ئۆگىنىپ كەتكەن نۇرەك باخشى ئەتراپىنى قۇم قورشاپ تۇرغان بۇ توغراقلىقنىڭ جىمجىتلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئاخىر تەۋەككۇل قىلدى ـ دە، ئۆزى بىلىدىغان چىغىر بىلەن توغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. قويۇق شاخلار ئارىسىدىن بىلەپ پارقىرىتىلغان قىلىچ بىسىدەك ئېتىلىپ كىرگەن ئاي نۇرى تىكەن، چاتقاللار ئارىسىدىكى بۇ چىغىرنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ بىرەر يۈز قەدەمچە ئارىلىقنى توپتوغرا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت سەرپ ئېتىپ بېسىپ بولغاندا، ئالدى تەرەپتىن بىر يورۇپ، بىر سۇسلىشىپ تۇرغان شولىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان يوغان تاش ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندەك، يېنىكلىشىپ قالدى. پۈتۈن دەرمانىنى بىر پۇتىغا يۆتكەپ، سۈر ئېتىنى ئىتتىكلەتتى.

ئۇ بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇش مەقسىتىدە

يېقىلغان گۈلخاننى يىراقتىن چۆرىدەپ، شەلپەردىن نىقاب تارتقاندەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى پەسكە قارىتىپ، بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇشقان يۇرتداشلىرىنى كۆردى. كىمدۇ بىرىنىڭ ئېغىر راۋابىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، گۈلخاننىڭ ئون قەدەم نېرىسىدا قەدىمىنى توختاتتى-دە، توغراقتا يۆلەندى.

كۆزلىرىڭنى يۇمغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئۇخلاپ كەتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
جىنازىغا سالغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئاتقا مىندى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام،
ۋاي ... بىچارە ئانام!
ئاھ ... رەھمەتلىك ئانام، كۆز نۇرۇم ئانام ...

نۇرەك باخشى شۇنداق زەن قويۇپلا ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ھېلىقى ئايشەمخان مومايىنىڭ يالغۇز ئوغلى مەتقاسىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئادەتتە كەم سۆز، جىمغۇر بۇ يىگىتنىڭ يۇرتتا قالغان يالغۇز ئانىسى يادىغا يەتكەن بولسا كېرەك، ئاغزىدىن ناخشا ئەمەس، بىر پارچە داد-پەرياد ئوتى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. يۈرىكىگە پەۋەس تولۇپ كەتكەن سېغىنىش مۇڭلۇق ئاھاڭغا، پەريادلىق ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ، جۇدالىق زارى تۆكۈلۈۋاتقان تىلىدىن يامراپ، سەۋر قاچىسىدىن تاشماقتا ئىدى.

ئاھاڭ بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن يىغا ئاخىر غالىب كەلدى بولغاي، ناخشا تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ناخشىنىڭ ئاخىرى يىغا بىلەن داۋاملاشتى. مەتقاسىم يېنىدىكى بىرەيلەننىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى.

— ئى جامائەت، ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار، مەتقاسىمغا خۇددى بىر تەمبەل يىگىتنىڭ، سوقا-سەندەلدەك، يېگەن-ئىچكەندەك بىر ئەركەكنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقىنىغا ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

قىلىشۋاتامسىلەر؟ — تۇپ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان رەسۇل ئىمام گۈلخان تەپتىنىڭ گۈپپۈلدەپ ئۆرۈۋاتقىنىغا قارىماي، قوللىرىنى سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ كارامىتى بىلەن بىر ئۆيۇل قاندىن ئانا قارنىدا ئاپىرىدە بولدۇق. مېھرىبان ئانىمىز توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، تولغاق يەپ بىزنى تەۋەللۇت قىلدى. قىزىل قاندىن ئاق سۈت ئايرىپ بېرىپ، بىزنى ئېمىتتى، تۈن بويى كىرپىك قاقماي يۆگىكىمىزنى قۇرۇقدىدى. ھالا بۆگۈنكى كۈنگە يەتكەندە، ئۇلار قېرىپ، دالدەك مۈكچەيدى، چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ، كۈچىدىن قالدى. ئەپسۇسكى، كۆرمىلك ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ ۋاپا بەدىلىگە يەتكۈزىدىغان پەرزەنتلىك مېھرىگە تەشنا بولۇپ، بۇرچىمىز تۆپەيلى يەتكۈزىدىغان بىر بۇردا نېنىمىزغا ھاجىتى چۈشكەندە، بىز ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتۇق. موھتاجلىققا سەۋەبكار بولدۇق. مۇشۇنداق چاغدا بىز يىغلىماي كىم يىغلايدۇ، ۋاپاسىزلىقتا بىز پۇشايمان قىلماي، كىم پۇشايمان قىلىدۇ؟ ئانا ئۇلۇغ، ئانىنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن كىشى ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرىغۇسىدۇر ...

رەسۇل ئىمام جاۋغىيىدا ماغزاپتەك ئاقىرىپ تۇرغان كۆپۈكلەرنى ئېرتىۋېتىپ، گۈلخان ئەتراپىدا ھالقىسىمان شەكىل تۈزۈپ ئولتۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ـ دە، ياش دەرياسىغا غەرق بولۇپ، ئېچىنىشلىق نالە ـ زار قىلىشۋاتقان بىر بۆلۈك كىشىلەرگە قاراپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىغلاڭلار جامائەت، يىغلاڭلار، پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋېلىڭلار، كۆز يېشىڭلار مېھرىبان ئاتا ـ ئاناڭلارنى يىراق يۇرتتا بىر تال ئېتىبارسىز خەستەك تاشلاپ قويغان گۇناھىڭلارنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ يېنىكلەتسە ئەجەب ئەمەس. ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك بىئارام بولۇپ، يېگەنىنىڭ ئاغزىغا، كىيگەنى

نىڭ ئۈچىسىغا تەلمۈرۈۋاتقان، تاش يۈرەك ئاتىسىنى قاغاۋاتقان پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئىشتىياقىدا پارە-پارە بولۇۋاتقان يۈرىكىڭلارغا ئاز-تولا بولسىمۇ شىپالىق بېرەر. كۆز يېشى پۇشايمانىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللا بولسا پۇشايمان قىلغۇچىنىڭ پۇشايمانىنى، تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلغۇچى شەپقەتلىك زات!

مۇساپىرلار ئىچىدە كىمنىڭ ئاتا-ئانىسى، پەرزەنتى، ئۇرۇق-تۇغقىنى، خۇدا قوشقان مەھبۇبى يوق؟ ئۇلارنىڭ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە پەيدىنپەي پەيدا بولغان تەركىدۇنيالىق ھەسرىتى ۋە جۇدالىق دەردى بىلەن توشۇپ قالغان سەۋر قاچىسى رەسۇل ئىمامنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا پاڭگىدە يېرىلىپ كەتتى. توپ ئىچىدە ھۆكرەپ يىغلىمىغان ھېچكىم قالمىدى. ماتەم شاۋقۇنى پەلەككە يەتتى. ئۆچۈپ قالاي دېگەن گۈلخاننىڭ شولىسىدا قىزىرىپ، ھېچكىمگە ئۆزىنى تەڭ قىلمايدىغان پالۋان سۈپەت گىدىيىپ تۇرغان توغراقلارمۇ بۇ ھازىغا قوشۇلغاندەك، ياشلىق باھارىنى يوقىتىۋاتقان يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ قويدى.

ھاسىسىنى تۇتۇپ، خىيال قۇشىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن نۇرەك باخشى يۆلىنىپ ئولتۇرغان توغراققا چاپلىشىپلا كەتتى.

«ۋاھ، ئانا مېھرى دېگەن شۇنچىلىك ئۇلۇغمىدۇ، پەرزەنت دېگەنچۇ؟» ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن مەرھۇم ئانىسىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. دادىسى كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن «ئاناڭ بەكمۇ مۇلايىم، ئوبدان مەزلۇم ئىدى» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بىرەر چىراي ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەن، مۇبادا ئۇ ئانىسىنى ئۆزى بىلىدىغان قانـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داقتۇر بىرەر مومايىنىڭ قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگەن بولسا، نېمىدىگەن بەختلىك بولار ئىدى-ھە؟ ئۇ چاغدا ئۇ پۇقرالار ئارىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ تازا بىر يىغلىۋالار ئىدى!

ئۇرەك باخشى گۇناھسىز ئۆلۈپ كەتكەن سۆيگۈنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ۋىجدانەن بەرگەن قەسىمگە بىنائەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ، ئۆيلىنىش ئويىدا بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتمۇ كۆرمىدى. پەرزەنت مېھرىنى ئۇ ھېلىغىچە ئۆزى ئامراق بولغان، ھېكايە-چۆچەكلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايدىغان بىرقانچە بالىغا بولغان ئامراقلىقى دائىرىسىدە چۈشىنىپ كەلدى، توغراقىقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ «پەرزەنت مېھرى دېگەن ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە» دەپ قويدى ئىچىدە.

ئۇ ھۆكۈرەپ يىغلىيالمىغان بولسىمۇ، يىغلاۋاتقان يۇرتداشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، كۆزىگە بىرنەچچە قېتىم ياش ئالدى. رەسۇل ئىمامنىڭ ئۇلارغا تەسەللىي بەرمەكتە يوق، ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى...

بۈگۈنكى بامدات نامىزىدا ئۈچ-تۆت كىشى «ئاللاھۇ-ئەكبەر» دەپ ئېڭىشىشىنىچە ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

— مىدىرلىغۇدەك ماغدۇرىمىزنىڭ بارلىقىدا بۇ دوزاختىن چىقىپ كەتمىسەك، ئاتا-ئانىمىزنىڭ، بالا-چاقىلىرىمىزنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، قېنى نۇراخۇن، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمىسىلە بولمىغۇدەك! — دېدى بىرەيلەن ناماز تۈگىگەندىن كېيىن كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ. بۇ گەپ يەنە بىرقانچەيلەننىڭ گەپ خالتىسىنى تېشىۋەتتى. كىملەردۇر تېتىقسىز بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى.

ئۆزىگە قانداقتۇر بىرسۈرلۈك، سوغۇق نەزەر بىلەن تىك قادىلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ئالامەتلەرنى كۆزىگە

سىغدۇرالمىغان نۇرەك باخشى كۆچىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چۆ-
شەنچە بېرىشكە تەمشەلدى. تۈنۈگۈن كەچتە مۇساپىرلاردىن
گۆلخان يېنىدىلا ئايرىلىپ قالغان ۋە بۈگۈن ناماز پارىغ بولۇ-
شى بىلەنلا ئالۋاستىدەك غايىب بولغان رەسۇل ئىمام بىردىنلا
پەيدا بولۇپ:

— نۇراخۇن بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ سىلەر؟ ئۇ سىلەرنىڭ
كۆڭلىڭلىدىكىنى چۈشىنەتتىمۇ- يا؟ ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق بىر بۇر-
ئىسىدىن ئۆزگە يا ئاتا- ئانىسى يوق، يا خوتۇن- بالىسى يوق،
بۇ ئادەمنى ئاۋارە قىلغىنىڭلار بىكار — دېدى.

ئۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ، رەددىيە بېرىشكىمۇ بىر قا-
رارغا كېلەلمەيۋاتقان نۇرەك باخشىنىڭ سۆزلىشىگە ئىمكان بەرمە-
دى. كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مەمەدانە كۈلكە پۇقرالارنىڭ
سوغۇق نەزەرلىرىگە قوشۇلۇپ شەكلسىز ئامبۇرغا ئايلاندى- دە،
ساددا، تۈز كۆڭۈل نۇرەك باخشىنىڭ تىلىنى قاتتىق ئىسكەن-
جىگە ئالدى.

— ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار، سەۋر قىلىڭلار، كونىلار
«سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن، — رەسۇل ئىمام
نۇرەك باخشىنى بۇ سوغۇق نەزەرلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇر-
ماقچى بولغاندەك، پۇقرالارغا بۇرۇلۇپ دېدى، — قېرىنداشلىرى-
نىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قى-
لىش — ئەھلى ئىلمىي مۇسۇلماننىڭ خىسلەتلىرىنىڭ بىرىدۇر،
پېقىر تۈنۈگۈن كېچىدىن ئېتىبارەن ئۇيقۇمنى تەرك ئېتىپ،
قېرىنداشلىرىمغا نۇسرەت تىلىدىم، ئاداشقان بەندەڭنى توغرا
يولغا سال، دەپ ئۆتۈندۈم. ئۇلۇغلار نامىدىن بېشارەت بولۇ-
شىچە، يېقىن كۈن، يېقىن سائەتلەردە بىزنى بىر يولغا سال-
غۇسىدۇر. بۇ يول ئەلۋەتتە تىكەنلەردىن خالىي ئەمەستۇر ۋە
ئەمما ئۇ تىكەنلەر ئاللا بەخشەندە قىلغان يولىمىزنى توسال-

www.uyghurkitap.com

مايدۇ، شۇ يولنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشىنى سەۋر بىلەن كۈتەيلۇق!

ئەتىگەندىلا ئوتلۇق شاردەك يېلىنجاپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئىگىز توغراقلارنىڭ ئۇچى بىلەن تەڭلەشكەندە رەسۇل ئىمام كۈتكەن كارامەت يۈز بەردى. ئەتىگەندىن بېرى، ئۆزىگە مەنەن ۋە جىسمانەن باغلانغان مۇساپىرلارنى يىپىچى خوتۇنىنىڭ گېپىدەك كوتۇلداشلىرى بىلەن مەھكەم باغلاپ، كەپە جايلاشقان بوشلۇقتىن بىر قەدەممۇ نېرى سىلجىتمىغان رەسۇل ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلىدى. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كارامەتتىن ئەقلى خىرەلىشىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قالغان مۇساپىرلار «ئۇلار كىمدۇ؟» دەپ ئۈلگۈرگىچە، «كارامەت» ئەلچىلىرى توغراقلىقتىن چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامائەت! — توغراقلىقتا يېتىپ كەلگەندىلا ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە كېلىۋاتقان سىيىت هاجى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، داڭ قېتىپ تۇرغان پۇقرالارنى كۆرۈپلا ئوڭ قولىنى تەنتەنە بىلەن كۆكسىگە ئېلىپ، سەللە كىيىگەن بېشىنى مۇلايىملارچە ئەگدى.

سىيىت هاجىنى كۆرۈپلا پۇقرالارنىڭ تېزدىكى قېتىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان رەسۇل ئۆزىنى بىردىنلا ئاشكارىلاشنىڭ تولىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچ، پۇقرا تەرەپتە تۇرغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە سىيىت هاجىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ باش-ئايىغىغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— هاجىمنىڭ نېمە ۋەجىدىن بۇ تەرىقە مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، باغرى سۇنۇق پۇقرالارغا سالام-سائەت قىلغىلى كەلگىنىنى بىلگىلى بولارمۇ؟

سىيىت هاجى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپ كەتـ

مىدى، ئەسۋىسىنى تولۇق بىر قاتار ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ رەسۇلغا ۋە مۇساپىرلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— ئى، ئاللانىڭ سادىق بەندىلىرى، بىز يوقىلاڭ ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلى دىدارىمىزدىن جۇدا بولغىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ھەرقايسىلىرىنى قېرىنداشتىنمۇ چارە، تۇغقاندىن ئەزىز كۆرگىنىمىز ئۈچۈن سېغىنىشىمىزنى زورىغا باستۇق. شەيتان ۋەسۋەسىسىگە كىرگەن ئابدۇراخمان ئىشىبېشى ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ، گۇناھ قىلدى. پەقەت ئاللاتائالالا بۇ سۈپەت گۇناھكارغا جازا بەرگۈچى ۋە ئازار يەتكەن بەندىسىگە ئۆزرە ئېيتقۇچىدۇر. غايىبتىن مەلۇمكى، قادىر ئاللا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئاداۋەت-ئازارنى ئۇنتۇپ، دوستلىشىش كويىنى سالدى. مۇشۇ بېشارەت ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، ئاتا-بالا، قولۇم-قوشنىلارنىڭ دەۋىتىلا بىزنى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتلاندۇردى. بۇ چۆلدە مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىشىمىسلا، يۇرتقا قايتايلۇق، بارنى تەڭ يەپ، يوقنىڭ دەردىنى تەڭ تارتايلۇق! — دېدى.

— دۇرۇس ... دۇرۇس ...، — سېيىت ھاجىنىڭ ھەربىر قاراشلىرىدىن نېمە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا ئۆگىنىپ كەتكەن ئابلىزقارى ھاپىزنىڭ قولىدىن بىر بولاقنى ئالدى-دە، ئۇنىڭدىن ئوسمانىي قۇرئاننى چىقىرىپ، تاختايدەك قاتتىق مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ دېدى، — مۇقەددەس قۇرئان شېرىپ ئالدىدا قەسەمكى، پېقىر بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيادا ھېچبىر يوقرانىڭ دىلىنى ئاغرىتمايمەن، مۇبادا قەسەمنى ئادا قىلمىسام، 30 پارە قۇرغان جىنىمنى تۇتسۇن!

يۈگۈرۈپ كەلگەن رەسۇل ئابلىزقارىنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك:

— ھوي بۇنداق گەپنى قىلمايدىغان، سېيىت ھاجىمدەك

بىر زات ئالدىمىزغا كېلىپ، ئۆزرىخاھلىق قويغان يەردە بۇنچىلىك چوڭ قەسەم قىلمىسىلىمۇ بولاتتى، پۇقرالىرىمىزمۇ ئىمانىنى دوست تۇتقان خەق. بۇ تەرىقە زاتنىڭ ساقال-سۈمبات بىلەن يۈز نەچچە قىزىل يۈز ئالدىدا قىلغان لەۋزىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ، قانداق دېدىم جامائەت؟ — دېدى.

— .......

— قۇرئان شېرىپ مۇقەددەس، قۇرئان شېرىپ ئالدىدا قىلغان قەسەمدىن ھېچكىم تانالمايدۇ، قېنى مۇسۇلمانلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، لەۋزىگە ھالاللىق تىلەپ دۇئا قىلىلى، ئىلاھە ئامىن!

كەپىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر-بىرلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋاتقىنىنى كۆرگەن نۇرەك باخشى يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ھىممەت قاشقىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى، ئابدۇللانىڭ يېتىم بالىلىرى، چولاق مۇئەززىنىنىڭ قانغا بويىلىپ ياتقان گەۋدىسى پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇ كەپە ياغىچىغا ھاسىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، مۇساپىرلارغا ۋارقىرىدى:

— ھەي ئادەملەر، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانداق جان ئۈزگەنلىكىنى، كىملەرنىڭ قولىدا ھالاك بولغىنىنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ ئابلىزقارى قانچە مەرتەم قەسەم قىلمىغان، سېيىت ھاجى قانداق شېرىن ۋەدىلەرنى بەرمىگەن!؟

بەك كۆچەپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ئېگىز توغراقلار بىردىنلا جانلىنىپ، ئۆزىنى دەۋر قىلىپ چۆگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پۈتۈن جىسمىدىكى پەيلەر چورتلا ئۈزۈلگەندەك، ئاستا سىيرىلىپ، كەپىنىڭ قومۇش تېمىغا يۆلىنىپ قالدى.

سېيىت ھاجى يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنى بىلەن، رە-

سول ئىمامنىڭ چىرايى خۇددى غورا چايىنىغانىدەك پۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ دۇئادىن قولىنى تاشلاپ، نۇرەك باخشى تەرەپكە قاراپ ئىتتىلغان تۆت-بەش كىشىنىڭ ئالدىنى تورىدى-دە، ئۇلارغا قاراپ:

— نۇراخۇننىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ قالماڭلار، ئۇنىڭ ئىسسىتمىسى بەلكى مېڭىسىگە چىققان بولسا كېرەك، ئىختىيارىغا قويۇۋەتسەك ھېلىلا ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — دېدى.

— ئاتا-ئانىلىرىمىز، خوتۇن-بالىلىرىمىز بەلكىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بىزنى ساقلاپ تۇرىدىغاندۇ، نۇراخۇننىڭ بولسا ساقلايدىغان ھېچكىمى يوق. ئۇ خالىسا بىردەم تۇرۇپ كەينىمىزدىن يېتەر!

— دۇرۇس، — مەتقاسىم دۇرۇس گەپ قىلدى.

— قېنى جامائەت، قىلىچ، نەيزە، چوقماق دېگەنلەر شەيتان ۋەسۋەسىدىن تۇغۇلغان ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ قوراللىرى، ئۇنى تاشلاڭلار، يۇرتىمىزغا ئاق دىلىمىزنى ۋە پاك قولىمىزنى ئېلىپ قايتايلى!

— مەرھەمەت!

... ...

نۇرەك باخشى ھوشىغا كەلگەندە، كۆزىگە تۇنجى بولۇپ چېلىقىقىنى بوشلۇقتا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ئىگىسىز قىلىچ-نەيزىلەر بولدى. ئۇ، بۇنىڭدىن ھەممىنى ئېنىق چۈشەندى-دە، يىقىلىپ، توپا-چاڭغا مىلىنىپ تۇغراقلىق ئارىسىغا تاشلاندى.

«ھەي ئادەملەر، ھەي ئەخمەق نادانلار، ئۆتمۈش يادىڭدىن كۆتۈرۈلدىمۇ، ھەر قېتىم ئالدانغىنىڭدا لەۋلىرىڭنى چىشلەپ ‹خەپ› دەيسەنۇ، شېرىن-شېكەر يالغان ۋەدىلەر ئالدىدا ئەتىياز ئاپتىپىغا دۇچ كەلگەن قالدۇق قاردەك ئېرىپ،

قىساسىڭنى، لەۋزىڭنى ئۇنتۇيسەن، شۇڭا مەھكۇملۇق بويۇنتۇرۇقى بوينۇڭدىن مەڭگۈ چۈشمەيدۇ، بۈگۈن يەنە ئالداندىڭ! يەنە ئالداندىڭ!»

ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئېيتىلغان مۇڭلۇق ناخشىغا ۋە ھاياجانلىق ۋەزگە گۇۋاھ بولغان گۈلخاننىڭ ئۆچۈپ كەتكەن كۈلى ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتكەندە، كۆز ئالدىنى توسۇپ تۇرغان گۇمان پەردىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەردىنىڭ كەينىدە تۈلكىدەك ھىجىيىپ تۇرغان رەسۇل ۋە ئۇنىڭ بەتبەشىرىسى ئايان بولدى.

ئۇ توغراقلىقنىڭ چېتىگە كەلدى، پايانسىز چۆلدە يۇرت تەرەپكە سوزۇلغان گىرىمسەن ئىزلارنى كۆردى-دە، بۇرغىسىنى بىرنەچچە قېتىم چىلدۇۋەتكەندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن توۋلىدى:

«ھەي ساددا، ئەخمەق، گول جامائەت! سىلەر ئالداندىڭلار، ئاسىي رەسۇل سىلەرنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تىقىپ بەردى! مەن بۇنى سۈپۈرگەئاخۇنغا دەيمەن، ئۇ سىلەرنى ... ئۇ...»

## 32. قانلىق ياش

ئۇلار كاۋاپدانىدەك قىزىپ كەتكەن جەزىرە يولىنى تېزلىك بىلەن كەينىگە تاشلاپ، سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن لوپ بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئەل ئايىغى بېسىققان بىر غەنىيمەت پۇرسەتتە غىپپىدە قىلىپ يۇرۇڭقاش بازىرىغا كىرىۋالدى. يېڭى، كونا مېھمانلار جامالىدىن بوۋاينىڭ تونۇشى بىلەن بوسۇغا ئۈستىدىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، چاي ئۇتلىغاچ، قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتى.

بەدۆلەت زامانىسىدا چىرىيىدىن كېلىپ، ئېسىل زىلچە-

گىلەم، رەڭدار شايى-ئەتلەسلىرى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ
بازاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەستلىك، ساقاللىق بۇ
كىشىنىڭ ئىسمى توختىمۇھەممەت بولۇپ، ئاتمىشلارغا تاقاپ
قالغىنىنى بىر قاراپلا تەخمىن قىلىشقا بولاتتى. مۇشۇياشقىچە
پەرزەنت كۆرمىگەن بۇ كىشى ئايالى بىلەن گىلەمچىلىك
ھۈنىرىگە تايىنىپ كۈنىنى قەدىر-ئەھۋال ئۆتكۈزەتتى. ياشىنىپ
قالغىنىغا قارىماي، ھەرىكىتى چاققان، كۆزلىرى روشەن ئىدى.
گەپكە كەلگەندىمۇ خۇش پېئىل، چاقچاقچىدەك قىلاتتى.

ئۇ ئۆزىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنىدىغان ئايالىنى غىزا
راسلاشقا بۇيرۇۋېتىپ، قېتىپ كەتكەن كاكچىنى كاراسلىتىپ
چايناپ، ئىشتىھا بىلەن يۇتۇۋاتقان جامالىدىن بوۋايغا ھەۋەس
بىلەن قاراپ بېشىنى چايقاپ، ساقىلىنى تاراپ قويىدى ۋە:

— ئوۋۋا، ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق مەزمۇت بولىدىكەن.
مەن تېخى ئۇستامنى چىرىيدىگە كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ
يۈرۈپتىمەن. شۇ دوزاخ چۆلدىمۇ يەنە راۋۇرۇس، تەمبەل
تۇرغىنىنى، 32 چىشىنىڭ بىرىمۇ كەم ئەمەس! —
دېدى.

— ئالدى بىلەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى، ئاندىن قالسا ھەر-
قايسىلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋېتىمىز، — جامالىدىن
بوۋاي بىر پىيالە چاينى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ، ئاغزىنى
بوشاتقاندىن كېيىن دېدى، — چۆلدە ھايۋاننىڭ كۈنىنى كۆرگەن
بولسامۇ، قىساس ئېلىش ئويى بىر كۈنمۇ يادىمدىن چىققىنى
يوق. زالىم چېرىكلەر بىلەن ئابلىزقارى دېگەن نائەھلى
بېشىمىزغا نېمە كۈنلەرنى سالمىغان دەيدىلا!

ئۇلار نەچچە يىل بۇرۇن چىرىيدىگە گىلەم ساتقىلى
بارغاندا ئەكەلگەن قاپقاننىڭ يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن
ئۇنى سوققان تۆمۈرچىنىڭ ئۆزىگە قانداق ئەسقاتقانلىقى،

www.uyghurkitap.com

توغراقلىقتا تېنەپ قالغان مۇساپىرلار بىلەن جامالىدىن بوۋايىنى قانداق ئۇچراشتۇرغانلىقى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا، غىزامۇ پىشىپ قالدى.

— توختىمۇھەممەت ئاكا، — سۈپۈرگەئاخۇن ئۆزىدىن نەچچە ياش پەرق قىلىدىغان ساھىبخانىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاكا دەپ خىتاب قىلدى، — غىزالانغاچ پاراڭلىشايلى - يا، ۋاقىت بەك قىس تۇرىدۇ. توغراقلىقتا يۈرۈپ قۇلىقىمىز پاڭدەكلا بولۇپ قالدى. ئىلچىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدىكىنتاڭ؟

توختىمۇھەممەت ئۇستا ئالاغورا سېلىپ ئوخشىتىپ ئېتىلگەن سۈيۈقئاشتىن بىر قوشۇق ئىچتى - دە، غورىنىڭ ئۇچكىسىنى چىقىرىپ داستىخانغا قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، تۇغقانلار، ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن ئۇقۇشۇپ باقتىم، كېلىشىڭلارنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. ئىلچىنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوخشىلىپ قاپتۇمىش، شەھەر دەرۋازىسىنىمۇ ئانچە قاتتىق تۇسۇپ كەتمەيدىكەن. دوتەينىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىمۇ ئازلاپتۇ، بەلكىم ھېلىقى قارا سېپەچ دەيدىغان تائىپىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىدىن شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى.

سۈپۈرگەئاخۇن ئۆزىگە بەكلا تېتىپ كەتكەن سۈيۈقئاشنى ماختاپ قويۇپ:

— دوتەي بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولارمۇ؟ يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ شىكايەت قىلساق ئوبدان بولاتتى، — دېدى ۋە قوشۇقنى چىنىگە سېلىپ قويۇپ، توختىمۇھەممەت ئۇستىغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

— دېدىمغۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار دەپ. پېقىرمۇ چىرىيە دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، تۇغقانلىرىنىڭ

بېشىغا كۈن كەلگەندە مەنىلا ئەمەس، ھەرقانداق ئەھلى مۇسۇلمان قاراپ تۇرمايدۇ.

ئۇ مېھمانلارنى ئاشقا زورلاپ تۇرۇۋېلىۋىدى، سۈپۈرگەـئاخۇن: «ياخشى تائام ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپتىكەن، دەپ ئۈچىنچى قاچىغا قول ئۇزاتتى. ئاشتىن بىر قاچىلا ئىچىپ بولدى قىلغان توختىمۇھەممەت ئۇستا ئاق سانجىغان بۇرۇتىغا يۇقۇپ قالغان ئاش سۈيىنى ئېرتىۋېتىپ:

— ئىلىچىدا بىر خىتاي تونۇشۇم بار، ئۆزى ئاق كۆڭۈل ئادەم. بۇرۇن دوتەي يامۇلدا چېرىك بولغانىكەن، شۇ بىر ئامالىنى قىلار دەيمەن، — دېۋىدى، سۈيۇقئاشنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىۋاتقان جامالىدىن بوۋاي چىنىنى داستىخانغا دوككىدە قويدى ۋە قوشۇقنى چىنىگە تاشلاپ، خۇيلىنىپ قالدى:

— تونۇشۇم بار دېسىلە تېخى بىرەر ئەھلى ئىلمىي ئادەممىكىن دەپتىمەن، يەنە شۇ چېرىك ئىكەنغۇ، چېرىك دىگەننى يەتتە كۈن ئېقىن سۇغا چىلاپ قويسىمۇ ئېرىمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇنداق پاسىق بىرنېمىدىن ئۇمىد كۈتكۈچە توغراقلىققا كەتكەنمۇ تۈزۈك! — دېدى ئۇ قوللىرىنى ساقىلى ئۇستىدە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇپ.

— ھا ... ھا ... ھا ...

توختىمۇھەممەت ئۇستا كۈلمەن دەپ قېقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ئۇ بوينىنى تولغاپ ئولتۇرغان جامالىدىن بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— كونا كېسەللىرى يەنە قوزغىلىپ قاپتۇغۇ ئاداش، ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلىسىلا، مەن تونۇيدىغان ئۇ كىشى چېرىك

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، تىجارەتچى، — دېدى.

مانجۇلارنىڭ كېيىن چىقىسلا ئىجىلى قولىشىپ قالىدىغان جامالىدىن بوۋاينىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغان سۇپۇرگەئاخۇن ئالمان - تالمان بوۋايغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئەمىسە نېمىدەپ تاڭ دوتەيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىمىز؟ ئۇ تېخى چېرىكلەرنىڭ چوڭى ئەمەسمۇ ئۇستام، قېنى، ئالدى بىلەن بۇ ئۇستامىنىڭ كېيىنى تولۇق ئاڭلاپ باقمامدۇق؟

سۇپۇرگەئاخۇن توختىمۇھەممەتئاخۇننى بوۋاينىڭ كېيىدىن قېيداپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋىدى، بىراق ئۇ پەسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى.

— قورۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. شۇڭا ھەر-قايسىڭلارنى دەپ ئاۋۇ گىلەمنى بۈگۈن كەچتىلا توقۇپ بولدۇق، — ئۇ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىكى دەستگاھدا تۇرغان لوڭقا نۇسخا گىلەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇنى دۇكاندىن چۈشۈرۈپلا ئاپىرىپ، ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ قولى بىلەن دوتەيگە شۇڭغۇتۇۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام - ۋەسسالام!

— بۇنداق بولسا سىلىگە زىيان سالغان بولمايمىزمۇ ئاداش؟

چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەن جامالىدىن بوۋاي شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ تونۇشىنىڭ بۇ مەردلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندەك سورىۋىدى، توختىمۇھەممەتئاخۇن ئۇلاپلا:

— ئەل - يۇرتنىڭ سېيىت ھاجى دېگەن ئاشۇ كەلگۈندىنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالغىنىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خورلۇقۇم تۇتۇپ كەتتى ئاداش، ئۆزۈم شۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، مەرھۇم ئاتا - ئانامىنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە.

ھەرقايسىڭلار ئەل-يۇرتنى يات تائىپىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرىمىز دەپ شۇنچە جاپا چېكىشىۋاتقان يەردە، مەن «ئۆزۈڭنى بىل ئۆزگىنى قوي» دەپ جىم يېتىشىۋالسام بولامدۇ؟ ئەل-يۇرتقا، ئاتا، ئانامنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟! — دېدى.

جامالىدىن بوۋاي ئۆزىگە كاتتا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن بۇ كىشىنى ئۇندە گەپ قىلىپ رەنجىتىپ قويغىنىغا ئۆكۈنگەندەك بېشىنى ئەگدى. تۇغۇلغان يېرىنى ياد ئېتىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسى ياتقان تۇپراقنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن بارىنى قۇربان قىلىشتىن يالتايمايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قويغان سوئالى سۇپۇرگەئاخۇننى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.

باياتىن بېرى بولۇۋاتقان پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ، كۆڭلىدە چوت سوقۇپ ئولتۇرغان قادىر تۆمۈرچى ئۆي ئىچىدىكى سۈكۈناتنى تۈگىتىپ سۆھبەتنى ئۆز ئىزىغا سالماقچى بولدى-دە:

— توختىمۇھەممەت ئۇستامغۇ ئوبدان ئويلاپتۇ، دوتەي بىر پارچە گىلەمگە نەزەر كۆزىنى سالارمۇ؟ — دېدى ئۆزىچە.

— نېمىشقا سالمايدىكەن؟ — توختىمۇھەممەت ئۇستا كەيپىياتنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان گۇناھىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك، ئۇچۇق چىراي بىلەن دېدى، — «ئاچىنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا» دېگەن گەپ بار. بۇ ئەمەلدارلار گىلەم، قاشتېشى دېگەننى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار بىلىشىدۇ. ئىلچىنىڭ مۇشۇ نەرسىلىرىنى دېمىسە، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كېلەرمىدى؟

بۇ گەپ قىزىق تۇيۇلدى بولغاي، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى. چىرايلاردىكى ئىپادىسىز ئالامەتلەر كۈلكە بىلەن تەڭلا غايىب بولدى.

— ئەمىسە، ئەتە تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقامدۇق

توختىمۇھەممەت ئاكا؟

— ئالدىرىماڭلار، دەۋا دېگەن قېرىمايدۇ. بىرەر ـ ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ، ئادەم سىياقىغا كىرمىسەڭلار تاڭ دوتەي سىلىنى كۆرۈپ ئېيىق كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قېچىپ كەتمىسۇن يەنە!

— دوتەي قېچىپ كەتسە تېخى ياخشى، — سوپۇرگەئاخۇن چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىپ دېدى، — بەشتوغراقتىكى يۇرتداشلارنىڭ بىر كۈنىمۇ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇلار جىممىي ئۈمىدىنى بىزگە باغلىغان تۇرسا، بىز تەكىيىنى قىرلاپ ياتساق قاملاشماس.

— شۇكۈنلەردە يۇرۇڭقاش دەرياسىدا كەلكۈن بەك ئۇلۇغ، سۇ تارتىلمىسا دەريادىن ئۆتۈش خەتەرلىك ـ دە!

— شۇنداق بولسىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ باقايلى، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلار!

ئۆز يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلىكى توسقۇنلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن يالماپ يۇتۇپ، تومۇز تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان كۇئىنلۇن تاغلىرى ئارىسىدىن رەقىبىگە تاشلانغان قەھرلىك شىردەك نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان تاغ سۈيى قىرغاقلىرى تارلىق قىلىۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسىدا قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا ئىدى. ئاقىرىپ تۇرغان مەغرۇر چوققىلار بىلەن تەشنالىقتىن تاتارغان تەكلىماكان دەشتىنى باغلاپ تۇرغۇچى ئەجدىھا سۈپەت لۆمشىۋاتقان دەريا تۇپتوغرا 42 يىلدىن بۇيان ئۆز قىنىغا بۇنچىلىك ئۇلۇغ سۇنى سىغدۇرماقتا ئىدىكى، زەرب بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان ئۇيقۇنلار قىرغاقتا تۇرۇپ قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ، بېشىنى بەك تارتقاندەك پىرقىرىتاتتى. قەيەرلەردىدۇ، ئۆتكۈر ئېقىمنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن تەكتى

كېسىلگەن سىېرىق تۆپىلىق قىرغاقنىڭ گۆمۈرۈلگەن بىر پارچىسى ئۆركەشلەر ئۈستىگە شەپە بىلەن يىقىلاتتى - دە، ئاسمان - پەلەك بۇزغۇن ئۆرلىتىپ، بىلەي رەڭلىك سۇدا خۇددى قاي-ناق سۇغا تاشلانغان بىر چاقماق قەنتتەك پاتلا ئېرىپ كېتەتتى. ئۈستى - ئۈستىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلار ئارىسىدا گاھ - گاھ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان دەل - دەرەخ-لەر، تۇرمەللەر، ياغاچ - تاشلار غىل - پال كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى.

ئۇلار كۈن چېچىلغاندا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. توختىمۇ-ھەممەت ئۇستا ھەمراھلىرىنىڭ شارقىراتمىدەك شارقىراپ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ، گەپ - سۆزسىز تۇرۇپ قالغانلى-قىنى كۆرۈپ، نىيىتىدىن يېنىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى - دە:

— دېمىدىممۇ، گېپىمگە ئەمدىغۇ چىنپۇتكەنسىلەر، بونداق بالايى ئەزىم سۇ ئادەمنىلا ئەمەس، نار تۆگىنىمۇ بىر تال پاخالدەك ئېقىتىپ كېتىدۇ، ياخشىسى، كەلگۈن تارتىلغىچە كۈتكىنىمىز تۈزۈك،— دېدى، جامالىدىن بوۋاي ئۇنىڭ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى:

— پېقىر يامۇلدىن قاچقاندا سۇ بۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئىدى. ئادەم دېگەن باشقا كەلسە باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن. قوغلاپ كەلگەن چېرىكلەردىن قۇتۇلاي دەپ، شۇنچە ئۇلۇغ سۇغا تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزۈمنى تاشلىۋېدىم، خۇدانىڭ خەيرىخاھلىقى بىلەن ساق - سالامەت بۇ قاتقا ئۆتۈۋالدىم. ھېلىھەم...

— جامالىدىن ئۇستام دۇرۇس گەپ قىلدى. بۇ كەلكۈننىڭ قاچان تارتىلىدىغانلىقى بىر ئاللانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ ياتساق، قاچانغىچە ياتىدىغانلى-قىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاللانىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ، ئۆتۈپ كېتىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلايلى، بولمىسا، بەشتوغراقتا

قالغانلار، يۇرتتىكى پۇقرالار ناھەق ـ نەرۋا تۆكمىشىپ كېتىدۇ، ئۇستام!

سوپىرگەئاخۇننىڭ كەسكىن قارارى توختىمۇھەممەت ئۇستىغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ كۆزىدىن ئىشەنچ ۋە قەتئىيەتنى كۆردى ـ دە، يېقىنلا يەردىن بىر قېرى سالچىنى تېپىپ، بەش تەڭگە بېرىمەن دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى.

ــ بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسەڭلارمۇ بۇنداق ئۇلۇغ سۇغا سال سالمايمەن، تۆت بالامنى يېتىم قىلاي دەمسىلەر؟!

توختىمۇھەممەت ئۇستا بۇ كاج سالچىغا گەپ يېگۈزۈشنىڭ تەسلىكىنى پەملەپ، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلىدىغان سالچىنى ئېتىبارسىز قالدۇردى ـ دە، كونا كېپىنەك يىپىندىكى كەپىدىن ئۈزىگە ئانچە ـ مۇنچە تونۇشلۇقى بار بىر تۇلۇمچىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ، سوپىرگەئاخۇن ئۆزىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرستىش ئۈچۈن، بۇ بىچارە دەردمەنلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن جىمىي كېلىشمەسلىكلەرنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. تۇلۇمچى مەڭزىگە غىلدىرلاپ چۈشكەن ياشنى ئېرتىۋېتىپ، قازاۋۇ قەدەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا خۇن دەۋاسى قىلماسلىق شەرتى بىلەن توختىمۇھەممەت ئۇستىنى گۇۋاھلىققا تارتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە كۆندى.

تۇلۇمچى ھۇل ئازگالغا تاشلاپ قويۇلغان بەش تۇلۇمنى سۆرەپ، قىرغاققا ئەكەلدى. بەشەيلەن قولمۇ قول تۇتۇشۇپ، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، پۇۋلەشكە باشلىدى. قويىنىڭ تولۇمچىلاپ سويۇلغان تېرىسىگە يەل توشۇپ، تۆت پۇتى ئۆرە بولدى. تولۇمچى تولۇملارنىڭ ئاغزىنى كالا تېرىسىدىن تىلىن

غان تاسما بىلەن بوغۇپ بولۇپ، بىر-بىرلەپ تېپىپ، يەل قاچىدىغان-قاچمايدىغانلىقىنى تەكشۈردى-دە، قانائەتلىنىپ ھەممىيلەننى سەپكە تۇرغۇزۇپ، ئىككى رەكەت نامازنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئېھتىيات قىلىدىغان ئىشلاردىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈردى.

«بىسمىللاھىر رەھمانى رەھىم، مۆمىن بەندىلىرىڭنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»


ئۇلار تۇلۇمچىنىڭ ئارقىسىدىن تومپىيىپ تۇرغان تۇلۇمنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ سۇغا چۈشكەن ئۆردەك چۈجىلىرىدەك، قاينامغا ئارقىمۇ ئارقا ئۆزىنى تاشلاشتى. كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان يامان ئاقىۋەتكە پىسەنت قىلمىغان بۇ تەۋەككۈلچىلەرگە قاراپ تۇرۇشقان بىر توپ كىشىلەر بىراۋ كۆز ئالدىدىلا قەتل قىلىنىۋاتقاندەك چۆچۈپ، چۈرقىرىشىپ كېتىشتى.

— تۇلۇمنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى ھەرگىز قويۇۋەتمەڭلار!

دەريا قاسنىقىدىن قويۇندەك پىرقىراۋاتقان شىددەتلىك قاينام مەركىزىگە بارغۇچە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چالا-پۇچۇق ئاڭلىغىنى تۇلۇمچىنىڭ ئاۋازىنىڭ بىردىچە تۇۋلاپ ئېيتقان مۇشۇ تاپشۇرۇقى بولدى.

ئۇلار ياكى ماقۇل، ياكى ياق دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. قاينامدىن ئېتىلىپ چىققان ھەيۋەتلىك دولقۇن بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى تاغدەك تاشلاندى. كىمدۇ ئۆزىنى تېگى يوق ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، كىمدۇ ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ، ھاۋادا لەيلەۋاتقان پەيدەك، دولقۇننىڭ ئۇچىغا چىقىپ قالدى، يەنە كىمدۇ يوتىسىنىڭ بىر پارچە گۆشىنى كېسىۋالغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار تومپىيىپ تۇرغان تۇلۇمنى قۇچاقلاپ، ئانىسىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ سۇغا چۈشكەن ئۆدەك چۈجىلىرىدەك، لۆمشۇۋاتقان قاينامغا ئارقىمۇ-ئارقا ئۆزلىرىنى تاشلاشتى.

ئاغرىۋاتقىنىنى تۇيۇپ، چىشىنى چىشىغا باستى...

سوپۇرگەئاخۇن شىۋاقلىقلار ئارىسىدىن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، يۈزىگە چاپلىشىپ كەتكەن سېغىز لايىنى سۈرتۈپ، كۆزىنى تەسلىكتە ئاچتى. ئېسىنى يىغىپ يېقىن-يىراقتا شۇنداق قاراپلا ئۆزىنىڭ كونا كېپىچىكىنىڭ قارشىسىنىڭ ئالاھازەل 500 قەدەمچە تۆۋىسىدە تۇرغانلىقىنى پەملىدى.

— جامالىدىن ئاكا، توختىمۇھەممەت ئۇستام، قادىرئاخۇن، سىلەر قەيەردە؟

تولۇمچى يېقىنلا بىر يەردىن تولۇمىنى سۆرىگەنچە يېتىپ كەلدى، توختىمۇھەممەت ئۇستىمۇ ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۈچەيلەن بىرلىشىپ، قالغان ھەمراھلىرىنىڭ ئىسمىنى تۇۋلىغانچە، ئېقىمنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ ماڭدى.

— سوپۇرگەئاخۇن، بىز ماۋۇيەردە! مانا بىز ماۋۇ يەردە!

ئۇلار تولۇملىرىنى كەلگەن يېرىدىلا تاشلاپ، ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، قادىر تۆمۈرچى جامالىدىن بوۋاينىڭ تەپچىرەپ قان ئېقىۋاتقان يوتىسىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن تېڭىۋاتاتتى. ھەمراھلىرىنىڭ ئەندىشىلىك نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن بوۋاي ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەمدىن خالاس قىلماقچى بولغاندەك:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ ئەگىنىڭلارنى قۇرۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىڭلار، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تۇرۇپ كېتىمەن، — دېدى.

ئۇلار يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسچىت قۇبىسىغا، بالىخانىلارغا قاراپ تۇرۇپ كۆڭلى-كۆكسىدىن يايراپ كۈلۈشتى-دە، تولۇمچى بىلەن خوشلىشىپ، ئىلچى شەھىرىنى قارارلاپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇلار ئاۋات رەستىلەردە، مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇ-
رۇپ تۇرىدىغان ئاشپەزخانىلار جايلاشقان كوچىلاردا بىر دە-
قىقىمۇ توختاپ قالماي، ئۇدۇل ھېلىقى ئوقەتچىنىڭ ئالدىغا
باردى-دە، مەقسەتنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

— مەن سىلەرنى...شۇ...تاڭ دوتەيىنىڭ ئالدىغا باشلاي-
دۇ،—دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ كەچمىشىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداش-
لىق بىلەن، —دوتەيىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارالمىسا مەن...شۇ...
سىلەر قۇلىقىمنى، كېسىۋېتىڭدۇ، شۇ.

44-45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئېلىپساتار بەكلا ئاق كۆڭۈل
كىشى ئىكەن. ئۇ مېھمانلىرىنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي قېلىپ-
شىدىن ئەندىشە قىلغاندەك، سول قولى بىلەن سوزۇپ تۇرغان
قۇلىقىغا ئوڭ ئالقىنىنىڭ قىرىنى پىچاق قىلىپ سۈركىدى-دە،
ئۆزىچىلا كۈلۈپ تاشلىغان جامالىدىن بوۋاينىڭ ساقىلىغا مەست-
لىكى كەلگەندەك سىقىمداپ قويدى.

ئۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چاي قويۇپ، نان كەلتۈردى،
ئاندىن ئاق كۆڭۈل تۇلۇمچى تۇلۇمنىڭ ئىچىگە سېلىپ، دەريا-
دىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن گىلەمنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ بىر نېمە بىزنى ئالداپ، كولدۇرلىتىپ يۈرمەس!

— كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ رايىشلىقىنى؟ ئەسكى ئادەم
ئەمەستەك تۇرىدۇ. ھېلىقى ئابلىزقارى دېگەنگە تېخىمۇ
ئوخشىمايدۇ!

سۇپۇرگەئاخۇنلار پۈتتۈشكىنى بويىچە ئەتىسى ناشتىدىن
كېيىنلا دوتەي يامۇل ئالدىغا باردى-دە، قائىدە بويىچە قى-
زىل سىرلىق دەرۋازا ئالدىدىكى يوغان دۇمباقنى ئۈچ مەرتەم
ئۇردى. كۆپ ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، پاكار، سېمىز كەل-
گەن بىر ئەمەلدار ئۇلارنى دەۋاخانىغا باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار بادرا يۇتتۇۋالغاندەك تىلى كېتىۋاتقان ئەمەلدارغا

www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ، كالتە قىزىل چاپانلىق، كەمەر بىلەن بېلى چىڭ باغلانغان، بۇتخانىدىكى ئارخاتلاردەك قېتىۋالغان چېرىكلەرنىڭ گىرەلەشتۈرۈلگەن ئايپالتىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، دەۋاخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— چىرىيە كەنتىدىن كەلگەن سۈيپۈرگە مىراب بېگى باشلىق بەش پۇقرا جانابلىرىنىڭ قوبۇلىنى كۈتىدۇ!

پاكار ئەمەلدارنىڭ مەلۇماتى يەنە بىر تەكرارلىنىپ، دوتەيگە يەتكۈزۈلدى. دوتەيدىن ئىجازەت كەلدى بولغاي، دەرۋازا ئىككىنچى ئوقتا چۆگىلەۋاتقان جوۋازدەك غاچىلداپ ئېچىلدى.

— داد، جانابىي دوتەي ئالىيلىرى!

«سۈكۈت»، «ئۆزۈڭلەرنى چەتكە ئېلىڭلار» دېگەن خەتلەر چاپلانغان، ئىككى تاختاينىڭ ئارىسىدىكى قارا سىرلىق شىرە ئالدىدىكى ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ساڭگىلىما قاپاق، قېشىنىڭ تايىنى يوق، كەكە ساقال دوتەي قېتىپ تۇرغان ئەمەلدارغا قاراپ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىمىرلاتتى. بۇ ئىشارەت شىرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان سۈيپۈرگەئاخۇنغا يەتكۈزۈلدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن قېپقىزىل گىلەمگە تايىنىپ تۇرۇپ شىكايەت باشلىدى:

— جانابىي ئالىيلىرىغا رىيازەت چېكىۋاتقان 20 مىڭ چىرىيىلىكنىڭ ئاھۇ زارىدىن دادكى، ئاقپاششا ئېلىدىن كەلگەن سېيىت هاجى دېگەن بىر مۇتتەھەم يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇپ، پۇقرانى ھەزرەتلىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشقا قىستىدى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بايلىقىمىزنى بۇلاپ تالىدى. ئىتائىتىگە كىرمىگەنلەرنى بوزەك قىلىپ قورال ئىشلىتىپ، چۆللەرگە ھەيدىۋەتتى. مۇبادا بۇنداق يولسىزلىققا چەك قويۇلۇپ، ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈلمىسە، بۇ ئىنساپسىزنىڭ ناپاك قەدىمى پۈتۈن

خوتەن دىيارىغا يەتكۈزسىدۇر!

سۈپۈرگە ئاخۇن خىلىدىن بىرى كۆڭۈل يىپىغا مارجان-
دەك تىزىپ كىلىۋاتقان غەزەپلىك جۈملىلىرىنى بىرمۇ بىر
بايان قىلىدى. قادىر تۆمۈرچى بىلەن جامالىدىن بوۋايمۇ
ئۇنىڭ گېپىنى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىش سۈپىتىدە كىشىنى يىغ-
لاتقۇدەك دەرىجىدە تولۇقلاپ تۇردى. ئۇلار سۆزلەپ ئابدۇللا
چاقىقانىنىڭ، ھىممەت قاشقىنىڭ، چولاق مۇئەززىنىنىڭ بىگۇناھ
ئۆلتۈرۈلگەن يېرىگە كەلگەندە، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كې-
تەي دەپ قالغان دوتەي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، سىياھ-
داننى شىرەگە پاققىدە ئۇرۇپ، كىملەرنىدۇ تىللىغاندىن كېيىن،
تىزلىنىپ ئولتۇرغان شىكايەتچىلەرگە:

— ئېيتقانلىرىڭلار راستمۇ، مۇبادا يالغان چىقىپ قالسا
بېشىڭلار كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى.

تىلماچىنىڭ ئاۋازى بېسىقار-بېسىقمايلا ئۇلار تەڭلا جا-
ۋاب بېرىشتى:

— ئېيتقانلىرىمىز ئەزبىرايى خۇدا راست، يالغان سۆز-
لىگەن بولساق بەشىمىزنىڭ جېنى جانابلىرىنىڭ قولىدا!

— گۇۋاھچىڭلار بارمۇ؟

ئۇلار تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب
بېرىشنى ئۇقماي، بىر-بىرىگە قارىشىپلا قالدى. دېمىسىمۇ، بە-
شەيلەن بىر-بىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە رازى ئىدىسكى، ئۆز-
لىرىدىن ئۆزگە بىرەر گۇۋاھچىنى تېپىشى زادىلا مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

شىرە ئالدىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن دوتەي
بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، بايامقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى.

— گۇۋاھچىڭلار بارمۇ؟

ئەسلىدە، دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىدا شىكايەت قىلغۇچى

مەلۇم ساندا مال ـ پىساتى بولغان بەشىنچى جەرىكلىكتىن يۇقىرى بىر ئابرويلۇق كىشىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. بۇنداق گۇۋاھچى بولمىسا دەۋا سورالمايلا قالماي، دەۋاگەر دەۋاخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ قىل ئۈستىگە كېلىپ قالغىنىنى سەزگەن ھىيلىقى پاكىنەك ئەمەلدار تەقىيەسىنى رۇسلاپ كىيىپ، تونىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈردى ـ دە، بىردىنلا دوتەيىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى:

— بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل مۇقەددەم سىپىيت ھاجىسىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى جانابلىرىنىڭ سەمىگە يەتكەنىدە، پىقىر پەرمانلىرىغا بىنائەن چىردىيىگە بېرىپ، مەخپىي يوسۇندا تەك ـ شۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى نەزەردە تۇ ـ تۇپ، كىردىيە ئامبىلى جاڭ دارېن جانابلىرىنىڭ تەدبىر قوللى ـ نىشىغا ھاۋالە قىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، جاڭ دارېن چەت ئەلدىن كەلگەن بۇ ئىغۋاگەرگە تەدبىر قوللانماقتا يوق، پا ـ رىسىنى يەپ، يول قويغان، ھەزرەتلىرىگىمۇ مەلۇم قىلمىغان، بۈگۈنكى كۈندە جاڭ دارېن قىلمىشىغا لايىق جەھەننەمدىن جاي تاپتى. ئەمدى بۇ يات تائىپىنىڭ قىلمىشلىرىغا چەك قو ـ يۇش ئىشى ھەققىي يوسۇندا دوتەي جانابلىرىنىڭ زىممى ـ سىدىدۇر!

«ئېيىم قۇرۇسۇن» دېدى سۇپۇرگەئاخۇن يېنىدا تىزلى ـ نىپ ئولتۇرغان پاكىنەك ئەمەلدارغا ئاستىرتىن كۆز يۈگۈر ـ تۈپ چىقىۋاندىن كېيىن. بۇ چاغدا ئۇ، ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە «يولۇچىمەن» دېگەن نام بىلەن چىردىيىدە بىر ھەپتىچە تۇرۇپ، كىشىلەردىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ يۈرگەن بىر كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆلگۈزگەنىدى. ئۇ «يولۇچى»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىگە ئەڭ زۆرۈر چاغدا ياردەم

قىلغىنىغا غايىبانە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. لېكىن ئۇ بۇ كۆرۈمسىز ئەمەلدارنىڭ خوتەن قارا سىپەھلىرىنىڭ مۇھىم بىر كاتتىبېشى ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى.

— ئېھتىرام ئىلىك ئېلىندى!

تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، بەللىرى سىرقىراپ كەتكەنلەر دوتەينىڭ ئىجازىتى بىلەن، پاكىنەك ئەمەلدارنى دوراپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە يەڭلىرىنى قېقىۋەتتى.

تاڭ دوتەي دەۋاخانىنىڭ توغرىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى قەدەملەپ چىقماقچى بولغاندەك، يەلپۈگۈچىنى توختاتماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ مېڭىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پاتراق بىر قارارغا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ھېلىقى ئەمەلدارنى ۋە بەشەيلەننى كۆرمىگەندەك ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

«لېكىنزە، بۇ بەك چوڭ ئىش، ئىككى مەملىكەتنىڭ خارجى مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. سەللا ئېھتىيات قىلمىساڭ سېنى پالاكەت باسىدۇ...»

مەلۇەچىنىڭ ئىشىك تېشىدا تۇرۇپ: «يەكەن شەھىرىنىڭ چېرىكچى ئامبىلى شيۇڭ گاۋشېڭ جانابلىرى دوتەي ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ» دەپ توۋلىغان ئاۋازى بىلەن، دوتەينىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە قارىماي تۇرۇپلا يەلپۈگۈچنى «شارت» قىلىپ ئېچىۋىدى، 40-41 ياشلاردىكى تەمبەل كەلگەن سالاپەتلىك بىر ئەمەلدار دەۋاخانىدا پەيدا بولۇپ، تىزلىنىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، بىر قىزىل رامكىلىق چوڭ لىپاپىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ دوتەيگە سۇندى.

ئوت بىلەن سۇ ئارىسىدا تەمتىرەپ، تەڭلىكتە قالغان دوتەي لىپاپىنى ئادەتتىكى ھۆكۈمەت ئالاقىسى دەپ قارىدى بولغاي، پاكىنەك ئەمەلدارغا ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

«جانابلىرىغا سالام ۋە ئېھتىرام، قېرىنداشلار بىرلىكىنىڭ ياراملىق ئادىمى، خوتەنلىك مۇھەممەتئەلىنىڭ مەلۇماتى ۋە ئىشەنچلىك ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىدىن ئايان بولدىكى، ئاقپاششا مەملىكىتىدىن كەلگەن سودا ئاقساقىلى سېيىت ھاجى ئاسىي بەگ ئابلىزقارى بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدىكى سودا نىزاملىرىغا خىلاپ ھالدا ھەزرەتلىرىگە قاراشلىق خوتەن دىيارىدىكى چىرىيە كەنتى پۇقرالىرىنى يولدىن چىقارغان، پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ، غەللە-پاراقنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىۋېلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى پىتنە پەيدا قىلغان. مەزكۇرنىڭ قوراللىق كۈچىنى تارمار قىلىپ، زېمىنى ۋە پۇقرالىنى قايتۇرۇۋېلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن يەكەن شەھىرىنىڭ چېرىكچى ئامبىلى شيۇڭ گاۋشېڭنى مەزكۇر يارلىق بىلەن ھۇزۇرلىرىغا يوللىدۇق. سېيىت ھاجىنىڭ خورىكىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئاقىۋىتىنى ۋاقتىدا بىزگە مەلۇم قىلغايلا.

ئېھتىرام ئىلە: قەشقەر تىتەيى»

يارلىقتىن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سۈپۈرگەئاخۇن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «يارايسەن ئوغلۇم» دەپ ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس-تاماس قالدى. ئۆتكۈنچى كارۋاندىن بىر چاغلاردا خۇپىيانە ھالدا ئەۋەتكەن ئەرزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قەشقەر تىتەيىگە يەتكۈزگەن ئوغلىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ياردىمى دادىسىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرماقتا ئىدى.

— چېرىكچى سەركەردە ھۇزۇرۇمغا چاقىرىلسۇن!

يارلىقنى قايتا-قايتا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ھەزىم قىلغان دوتەي يارلىقنىڭ مەخسۇس بىر چېرىكچى ئامبال بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىلگىنىنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ

جەندىبىلىكىنى ھېس قىلدى، خوتەن چېرىكىي سەركەردىسىنى باش سەركەردە، شىيۇڭ گاۋشىڭنى ياردەمچى سەركەردە قىلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە 50 چېرىك بىلەن چىرىيىگە جازا يۈرۈشى قىلدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## 33. قەپەستىكى مەھبۇس

ئانا قاغا ئۇچۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىغا ئۆمۈرلۈك نەسىھەت تەرىقىسىدە دەپتۇ:

— ئى بالام، ئادەمىزات دەيدىغان بىر تائىپە باركى، ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن ھەرۋاقىت ئاگاھ بول، ئۇ ئېڭىشكەن ھامان ئۇچۇپ كەت، بولمىسا ئۇ، يەردىن تاش ئېلىپ ئېتىپ، سېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن!

— يوقسۇ ئانا، — دەپ بېشىنى چايقاپتۇ قاغا بالىسى، — ئادەمىزاتنىڭ ھىيلىسى تولا، يەرگە ئېڭىشمەستىن بۇرۇنلا ئۇچۇپ كېتىمەن، چۈنكى، ئۇ تاشنى قوينىغا سېلىپ ئەكەلگەن بولۇشى ھەم مۇمكىن!

سېخىي، كەرەملىك تەبىئەت چىرىيە پۇقرالىرىنى ئادەمىزات تائىپىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەرلىرى سۈپىتىدە ئاپىرىدە قىلىپ، ئەقىل خەزىنىسىنى قاغا نەسلىدە بولمىغان ئېسىل جەۋھەرلەر بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى مەلئۇنلارنىڭ ھىيلىسى ئالدىدا قاغا بالىسىچىلىك سەزگۈر ۋە چېچەن بولالمىدى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشاپ كەلگەندىن تارتىپ، سانسىز قېتىملاپ ئالدىنىشنىڭ ئاچچىق ساۋىقى سۈپىتىدە بىر-بىرىنى «قەسەمخورنىڭ سۆزىگە ئەمەس، كۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com

قارىغۇلۇق» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە كۆرۈمسىز، ئېتىبارسىز نۇرەك باخشىدىن ئۆزگە ھېچكىم لەنىتى قەسەمخورلارنىڭ كاززاپلىق، ھىيلىگەرلىك ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئەسلا دىققەت قىلمىدى. ئۆتمۈشتىن خۇدۈكسىرەيدىغان، بۈگۈنىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئەتىسىگە كۆزى يەتمەيدىغان لەۋزى ھارام بەندىلەر ئۈچۈن ئالايىتەن يارىتىلغان قەسەمخورلۇقنا نەشىگە خۇمار بولغاندەك ئۆگىنىپ كەتكەنلەر بۇ دورەم يەنە شەيتان ھەدىيە قىلغان ئاشۇ قورالى بىلەن ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۈستىدىن نۇسرەت قازاندى. قۇرئان كەرىمگە كەلتۈرگەن ھاقارەتى بەدىلىگە روزى قىيامەت كۈنى تارتىمىش دوزاخ ئازابىنى نۇسرەت تەنتەنىسى ئىچىدە تامامەن ئۇنتۇدى.

ھاسىل كالام، ئالدىغانلارغا بېرىلىدىغان جازا نېسىي قالدى، ئالدانغانلارغا بېرىلىدىغان جازا بولسا نەقلەشتى. بەش تۇغراقتىن ئالداپ كېلىنگەنلەر تويپا كەنتىگە كىرە-كىرمەيلا قامچا ئۇيىنىتىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئابدۇراخمان كۆك كۆزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۇدۇل سىپىل ھاشارىغا ھەيدەپ بېرىلگاندا، پۇقرا يۈرىكى پۇشايماندا پۇچۇلاندى، پۈتۈن جاھان كۆزلىرىگە قارا كۆرۈندى...

ئېچىرقاپ كەتكەن ئىككى لالما ئىت يىراقتىن كۆرۈنگەن بىر تال سۆڭەككە ئىنتىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ھەرقانچە غالجىر بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، بىر-بىرىگە خىرس قىلىشمايدۇ. ھەتتا سۆڭەككە ئورتاق بولماقنى قەستلىگەن ئۈچىنچى بىر ئىتقا بىللە ھۇجۇم قوزغايدۇ، كۆزلىگەن ئولجىغا يېقىنلاشقىنىدا بولسا ئەھۋال باشقىچە، ئۇلار دەھشەتلىك تۇردە قاۋىشىپ، جېنىنى دوغا تىكىپ بوغۇشىدۇ، چىشلىشىدۇ.

ئالدانغانلار بازار ئەتراپىغا يىغىلىش پىلانلانغان

سېپىل ھاشارىغا بەند قىلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى سېيىت ھاـ
جىنىڭ ھوُزوُرىدا باشلانغان ئىتلارچە تالىشىش تاكى چۈشكىچە
داۋاملاشتى. بوُ تالىشىشقا سۆڭەك ئەمەس، بەلكى ئابدوُراخمان
كـۆك كۆزنىڭ توُيوُقسىز قەشقەر سەپىرىنى خـالاپ قالغانلىقى
سەۋەب بولدى.

— سۈپۈرگە باشلىق چاتاقچىلار ئىلچى شەھىرىدە قاتـراپ
يۈرۈۋاتقاندا، مۆھتەرەم ئەپەندىمىنىڭ ئالدىراپ سەپەرگـە ئاتـ
لانماقچى بولغىنىدىن تولىمۇ ئەپسوُسلانماقتىمەن، — دەپ ئېتىراز
بىلدۈردى سېيىت ھاجى دېگىنىدىن يانمايۋاتقان ئابدوُراخمانـ
غا قاراپ چىرايىنى ئۆزگەرتمەيلا.

سېيىت ھاجى ھېسابسىز باھانە - سەۋەبلەرنى تەييارلاپ،
توسالغوُ تاش قىلىپ دۆۋىلىۋەتكەن بولسىموُ، ئوُنىڭ قارارىنى
زادىلا ئـۆزگەرتەلمـىدى. ئابدوُراخـماننىڭ گەپ ئارىلىقـىدا:
«ئۆتكەن قېتىـم جېدەلخـورلارغا مىشـەك مانتىسـىنىڭ تەمىنى
تېتىتىپ قويمىغان بولسام، بوُ دورەم ئوُلار شوُنچە ئاسان ئەيـ
ۋەشكە كېلەرمىدى» دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ،
قەشقەر سەپىرىنىڭ موُددىئاسىنى ئېنىقلىۋالغان سېيىت ھاجى
يەنە تىركەشمەكچى بولدى.

بوُ ھالدىن ئابدوُراخماننىڭ سەپرايـى ئۆرلەپ، جەھـلى
قاتتى:

— ھۆرمەتلىـك ھاجىم، خاتىرىلىرىنـى جەم قىلىسىلـكى،
كونسوُل بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۆزلىرىنىڭ يوشـوُروُن يېغىرـ
لىرىنى، خوُسوُسەن موُھىم تاپشوُروُقنى ئەستىن چىقىرىپ، نەپـ
سى بالا كەينىدە قورۇل تەرەپلەرگە خوُسوُسىي كارۋان ئەۋەتكەن
سەۋەنلىكلىرىنى تاتىلاپ ئولتوُرمايمەن. لېكىن، تۆھپە بىلەن
مال - دوُنيانىڭ ئىككىسىنىڭ بىرى پېقىرغا تەئەللوُق بولىدىغانـ
لىقىنى ئوُنتوُمىغايلا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىلىق يېرىگە كەلگەندە، ئابدۇراخمان ئارىلىقتىكى پەردىنى بىردىنلا ئېچىۋەتتى. سېيىت ھاجىنىڭ ئېچىلىپ قالغان يېغىرى خۇددى تۇز قۇيغاندەكلا ئېچىشىشقا باشلىدى. بۇ ئېچىشىش تولىمۇ ئازابلىق ۋە دەھشەت ئىدىكى، تىرىك تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى.

«ساقىلىمنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، پۈتكۈل سىرىمنى بىلىۋاپسەن ئەبلەخ، ئەمدى بۇ دۇنيادا يا سەن تۇرىسەن، يا مەن تۇرىمەن»، — سېيىت ھاجى كۆڭلىدىن ئاشۇلارنى ئۆتكۈزدى ۋە تىنىك ياردىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندەك، ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

ئۇ مەسخىرە كۈلكىسى چاقناپ تۇرغان ئوسمىدەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى ئۆزىگە سانجىپ: «ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ چالماڭ سۇغا چۈشتىغۇ» دېگەندەك ھىجىيىپ تۇرغان ئابدۇراخماننى نەق مەيداندىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، پوخادىن چىقماقچى، تىترەپ تۇرغان قولىنى يېنىغا ئۇزاتماقچى بولدىيۇ، يەنە بۇ ئويىدىن يېنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيىقتەك تەمبەل، تامدەك تەۋرىمەس بۇ ئادەمگە ئاسانلىقچە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا، قوراللىق تەھدىتكە دۇچ كېلىپ، ئىككىلا ئامەتتىن مەھرۇم قالغانىنىڭ سىرتىدا دوغا تىككەن ھاياتىنىمۇ ئۇتتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

ياراتقان ئىگىسى ئۆمۈرلۈك بەخشەندە قىلىپ بەرگەن تەمكىنلىك ئۇنىڭ سەرراغا دۇچ كەلگەن دېڭىزدەك داۋالغۇۋاتقان كەيپىياتىنى تېزدىنلا ئۆز ئىزىغا قايتۇردى. ئاجايىپ كارغا يارايدىغان «كۈلۈمسىرەش»تىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالىنىڭ بۇ رەقىبىگە كار قىلمايدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمىدى. ئۇ تاشقا تېگىپ بىسى يانغان پىچاقتەك گاللىشىپ قالغان

ئەقلىنى بىلەپ، ئىتتىكلىشتىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. چىقىپ كەتكەن بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى، پەيلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىۋىدى، چىرايىدا قەدىناس دوستيارانلىرىغا يارالغاندەكلا تەبىئىي، يېقىملىق كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ ئابدۇراخماننىڭ مۇرىسىگە بۇرادەرلەرچە ئۇرۇپ قويۇپ:

— چاقچاق، ھەممە گەپ چاقچاق، پېقىرنىڭ چاقچاققا ئامراق ئادەم ئىكەنلىكى سىلىگە ئايدىڭ، سىلىمۇ چاقچاققا كەلگەندە بوش كەلمەيدىلا جۇمۇ! قىخ...قىخ...قىخ...، — دېدى.

بۇنىڭ يالغان قىياپەت ۋە ساختا كۈلكە ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىدە سېيىت ھاجىدەك بىر كۈچلۈك رەقىبىنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلالىغىنى سەۋەبلىك ئالەمشۇمۇل تەمەننا پەيدا بولدى-دە، ئۇنىڭدىن چوڭراق كوزۇرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، يۇمشاپ قالغان ۋەزىيەتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. ھېچ بولمىسا، قەشقەرگە بېرىپ كەلگۈچە بولغان بىر ئايچە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا تىنىچ ۋەزىيەت لازىم ئىدى. ئۆزى قايتىپ كەلگەندە بولسا، سېيىت ھاجىنىڭ ئىشىنىڭ كونسۇل تەرىپىدىن توغرىلىنىپ بولىدىغانلىقىغا تاغدەك ئىشەنچ قىلاتتى.

— چاقچاق، راستتىنلا چاقچاق، — دېدى ئابدۇراخمان سېيىت ھاجىنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئۇدۇل تىكىلىپ تۇرۇپ، — بۇ چاقچاق بولمىسا نېمە بولاتتى؟ سىلى بىلەن پېقىرنىڭ ئارىسىدا تالىشىدىغان ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەستۇ!

ئابدۇراخمان ئەتىلا يولغا چىقىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇستىخانىغا بۇيرۇتۇپ قويغان گىلەمنى جىددەللەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىملى چىقىپ كەتتى.

«ھىم، چاقچاقىمىش تېخى! خوجا ئاكاڭ ئەزەلدىن بۇنداق چوڭ ئىشقا چاقچاق قاتارىدا مۇئامىلە قىلىغان ئەمەس، ئوت بىلەن ئويناشتىڭمۇ، ئەمدى كۆيۈپ كۈل بولىدىغىنىڭنى كۆرەي!»

سېيىت ھاجىنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى يەنە چىڭىپ كەتتى. چوڭ دەرۋازىدىن غالىبلارچە كىرىدىغان پەيتتە چىقىپ كېتىۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ كەينىدىن ھومىيىپ «تۈفى» دەپ تۈكۈرۈپ قويدى، چىشلىرىنى غەزەپ بىلەپ غۇچۇرلاتتى.

«بىراق، بۇ بىر زىل ئىش، زادى قانداق يول بىلەن تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟»

ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە يېپىقلىق تۇرىدىغان جاينامازغا ئولتۇردى-دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تەسۋىنى قولىغا ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھاجىم!

سەندەل كەشىنىڭ «شىرىق، شىرىق» قىلغان تىۋىشىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ، كەينىگە بۇرۇلغان سېيىت ھاجى پەگاھدا قولىنى كۆكسىگە قويغان پېتى تۇرغان ھاپىزنى كۆرۈپ، «نامازدا ئولتۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەندەك ئالايدى.

— ھە، نېمە گەپ؟

— دېگۈدەك زۆرۈر گېپىڭىز يوق، ئەمدى...مۇنداقلا ئولتۇرۇپ چىققاي دەپ كېلىۋىدىم.

سېيىت ھاجى ئىچىدە: «ۋاي لايغەزەلەي، كىشىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا، سېنىڭ سالپىيىپ يۈرگىنىڭنى!» دەپ ئويلىدى-دە، تەسۋى سىيرىشتىن توختاپ سورىدى:

— سېپىل سوقۇۋاتقان پۇقرالار قانداقراق، چاتاق تېرىيدىغاندەك ئەمەستۇ؟

— چاتاق تېرىغىلى جېنى ئون ئەمەس، ئون ئادەمنىڭ ئارقىسىدا بىردىن دورغا قويدۇق، توغقانلىرى بىلەن كۆرۈ-

شۇشكىمۇ رۇخسەت قىلمىدۇق.
بىرنەچچە كۈندىن بېرى سېپىل سوقۇۋاتقان پۇقرالارغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان ھاپىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سېيىت ھاجى بارماقلىرى ئارىسىدا توختىتىۋالغان بىر مارجاننى ئۆتكۈزۈۋەتتى.
— بۈگۈن كېچە مۇشۇ مېھمانخانىدا ياتامدىلا ياكى باشقا يەردە قونۇپ قالامدىلا، ھاجىم؟
— تازا غەلىتە سوئال بولدى ـ دە، مۇشۇ ئۆيدە ياتماي يەنە نەدە ياتاتتىم، تالادا ياتسام بولامتى ـ يا؟ — ھاپىزنىڭ نەدىكى گەپنى قىلىپ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانلىقىغا تېرىككەن سېيىت ھاجى ئۇنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن بۇ قاملاشمىغان سوئالدىن ئۇشتۇمتۇت غەيرىيلىك ھېس قىلدى، — ئەجەب قەيەردە ياتىدىغىنىمنى سوراپ قالدىلىغۇ؟
گىلەم چۇچىسىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان ھاپىز بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك چۆچۈپ، دۇدۇقلاپ قالدى:
— مۇنداقچىلا... مۇ... مۇنداقچىلا سوراپ قويدۇم، باشقا ھېچ... ھېچقانداق مە... مەقسىتىم يوق... ياق... ياق... بە... بەزىدە بارغان يە... يەردە قو... قونۇپ قالامدىكىن دەپ...
ھاپىزنىڭ تۇساتتىنلا جىددىيلىشىپ، دۇدۇقلىشى سېيىت ھاجىنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى ۋە ئۇنىڭ سەگەك نېرۋىلىرىدا گۇمان ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇ جاينامازدىن سۇرۇلۇپ، ھاپىزنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭ قان قاچقان چىرايىغا، تىترەپ تۇرغان ساقىلىغا، قىزىرىپ كەتكەن سالپاڭ قۇلاقلىرىغا سەپسېلىپ، قارىچۇقى ئەينەك ئۇستىگە قويغان ساقىدەك لىغىرلاپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرىگە تىك قارىدى.
ھاپىز ئۇنىڭ قارىشىغا چىداپ تۇرالمىدى، كۆزلىرىنى قاياققا ئەپقاچىسىمۇ ئاجايىپ سىرلىق بىر نۇر چاچراپ

چىققۇاتقان دەھشەتلىك كۆزلەردىن قۇتۇلالمىدى. سىيىت ھاجىنىڭ كۆزىدىن ئوقتەك چاچراپ چىققان نۇر ئۇنىڭ كۆز پەردىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرەك باغرىغا قادالدى. رەھىمسىز ئوق بىلەن بىللە تارالغان سوغۇق ئېقىم ئوق تەشكەن تۆشۈكتىن ئۆتۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىۋەتتى. پالاكەت مەنىبەسى بولغان ئاشۇ كۆزلەر بارغانسېرى چوڭايدى، پىيالىدەك، چۆچەكتەك، كاساڭدەك، كۆلدەك بولدى، ھاپىز ئاشۇ كۆزلەر ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى، نەپسى بوغۇلدى، تۇنجۇقتى...

— چىدىيالمىدىم، چىدىيالمىدىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ھەممىنى دەيمەن، قالدۇرماي ئىقرار قىلىمەن، مەن ئەسكى، مەن تۇزكور، مەن پاسىق...

تىترىكىنى زادى باسالمىغان ھاپىز مەخسۇم ئۆزىنى ئۆزى تەستەكلىدى، سىيىت ھاجىنىڭ ئايىغىغا تاشلىنىپ، پۈتىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. سىيىت ھاجى نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك، پۈتىنى زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى. ئۇ جانسىز مۇردىدەك، گىلەم ئۈستىگە پالاققىدە يىقىلىپ، يوغان بۇرنى شاپتۇلدەك مىجىلدى.

— راستىنى ئېيت، راستىنى ئېيتمايدىغان بولساڭ!...

— راستىنى ئېيتاي، — دېدى ھاپىز، — سىلىگە بىر كىشى قەست قىلماقچى، قەست قىلماقچى!

— ھە؟!

— بۇ راست گەپ، قەست قىلماقچى!

سىيىت ھاجىدا ھېچقانداق جىددىيلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى - دە:

— ئىشنىڭ - دېرىزىلەرنى يېپىۋەت! — دېدى پەگاھدا پىررىخۇندەك پىرقىراپ يۈرگەن ھاپىز مەخسۇمغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

— ھە، ئەمدى ئالدىرىماي سۆزلە، ماڭا قەست قىلغۇچى

گىمم، قاچان قەست قىلماقچى، مەندە نىمە ئۆچى بارئىكەن؟.

— سىلىنىڭ خىياللىرىغا كىرىپ چىقمىغانلا بىر ئادەم...

ئۇلارنىڭ خۇپىيانە پارىڭى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. بىر-دىنلا ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىغا خاتىرجەملىك ھەتتا خۇشال-لىق ئالامەتلىرى بالقىپ چىققان سېيىت ھاجى تۆش يانچۇقى-دىن سائىتىنى چىقىرىپ قارىدى ـ دە، ئىككى پۈكلىنىپ، ئى-تائەتمەن قۇلدەك قول باغلاپ تۇرغان ھاپىز مەخسۇمغا بۇيرۇدى:

— ئابدۇراخمان ئەپەندىگە يەتكۈزسىلە، بۈگۈن كەچقۇ-رۇن ھۇزۇرۇمغا قەدەم تەشرىپ قىلغاي، ئۇنى يولۇق تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويىمەن.

— خوش ھاجىم، خوش!

سېيىت ھاجى كەينىگە بۇرۇلۇۋاتقان ھاپىز مەخسۇمغا يە-نە ئالاھىدە تاپىلىدى:

— خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندە جەزمەن كۆلۈمسىرەش كې-رەك، مانا مۇنداق...

تۈن تەڭ بولغان چاغ. ئاسماندا قارامتۇل بۇ-لۇتلار ئۈركۈگەن پادىلاردەك كۆچمەكتە، بۇلۇتلار ئارىسىدا كۆز قىسىشىۋاتقان يۇلتۇزلارلا غۇۋا پىلدىرلاۋاتقان سانسىز چىراغلاردەك كىرىمسەن كۆرۈنىدۇ. تەبىئەتتە ئازراقمۇ شامال يوق. قەيەرلەردىدۇ تام كاماрلىرىدا، ئۆي پەرمانلىرىنىڭ يې-رىقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان چېكەتكىلەر دىمى سىقىلغاندەك توختىماي چىرىلدىشىدۇ. پات ـ پات ھۆكمەتكە چۈشكەن ئاشىق سوپىلاردەك ھوقۇلداپ قويىدىغان ھۇقۇش كېچە جىمجىتلىقى-نى بۇزىدۇ.

دەل شۇ ئەسنادا، قارا كېيەن كىيگەن ئەرۋاھدەك بىر گەۋدە قەسىرنىڭ تاغ تەرىپىگە جايلاشقان سۆگەتلىك ئارىسى-دا پەيدا بولدى. شاخلىرى سەكسەنپۇتنىڭ ئاياغلىرىدەك يېيىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

قېرى سۆگەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قەسىر تە-
رەپكە قاراپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئۆرۈك شېخىدا ساڭ-
گىلاپ تۇرغان ئاق پوتىنى كۆردى. ئەتراپقا زەن قويۇپ،
ھېچقانداق غەيرىي شەپە سەزمىگەندىن كېيىن، كۆكۈچ پار-
قىراپ تۇرغان خەنجىرىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا جايلاشتۇر-
دى ـ دە، ئېرىق ئىچىدە يىلاندەك سويلاپ قەسىر تېمىنىڭ
تۈۋىدىكى سۆگۈچ يېنىغا كېلىپ، غايىب بولدى.

كېچە سۈكۈناتىغا چۆمگەن قەسىر ئىچى كېچىككىنە شە-
پىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە سۈرلۈك ئىدى.
ئاتخانىدا بولسا كېرەك، كۈندۈزى ھۇرۇنلۇق قىلىپ، تۈن ھەس-
سىسىدە ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتكەن مەپە ئېتى بېدە چايني-
ماقتا. قونداقتا سىغدىشىپ ياتقان توخۇلار تومۇزدىن زارلانـ-
غاندەك تۈرۈپ ـ تۈرۈپ «غىق، غىق» قىلماقتا ئىدى.

قارا گەۋدە ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش بولغان قىرلار-
دىن، ئېرىقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، تال باردىكى ئاستىغا كەل-
دى، مېھمانخانىدىن كېلىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى نىشانلاپ،
قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن خۇددى ياغلاپ قويغاندەك «غىپلا»
قىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ دېرىزە تۈۋىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەرگە
چۆكۈپ، يۈزىنى تامغا قارىتىپ ياتقان رەقىبىگە ئۆچمەنلىك
نەزەرى بىلەن تىكىلدى، ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن ئىككى غېرىچ كېلى-
دىغان خەنجىرىنى چىقىرىپ، شېرىن چۈش ۋە خورەك بىلەن ئاۋارە
بولۇۋاتقان كىشىنىڭ دۈمبىسىگە زەرب بىلەن سانجىدى. خەنجەر-
نىڭ ئۆتكۈر ئۇچى نەق يۈرەككە تەگدىمىكىن، خەنجەر يېگۈچى
قىمىرلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، قارا گەۋدە يەنە ئىككىنچى، ئۈچىنچى
خەنجەرنى ئۇردى، پۇخادىن چىققۇچە قوچىدى، يەنە قوچىدى.

ئۇ قان يۇقى خەنجىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپ ئۆتۈكىنىڭ

قۇنچىغا سالدى، قولىنى كەينىگە قىلىپ تۇرۇپ تەنتەنە قىل‍ـ
غان قىياپەتتە ئوڭ پۇتىنى سوزۇلۇپ ياتقان جەسەتنىڭ بول‍ـ
دۇقلاپ ئېقىپ چىققان قاندىن قارىيىپ تۇرغان مورىسىگە قوي‍ـ
دى ۋە كۈچەپ ئىستەردى، جان تالاشقاندا تەكىينىڭ قى‍ـ
رىغا كېلىپ قالغان جەسەت خۇددى قايتىدىن جان كىرگەندەك‍ـ
لا «پولتۇك» قىلىپ دوملاپ چۈشتى.

— ھە!؟

قارا گەۋدە دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان سۇس يورۇقتا يو‍ـ
رۇپ تۇرغان جەسەتنىڭ يۈزىگە ئېڭىشىپ قاراپلا چۆچۈپ
كەتتى. ئۇ قولىنى خەنجىرىگە ئۇزىتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.
گەجگىسىگە تەگكەن كۈچلۈك زەرب بىلەن كۆزلىرىگە «يالت»
قىلىپ ئىككى چوغ كۆرۈندى، بۇرنى قىزىلمۇچ قويغاندەك ئې‍ـ
چىشتى، كاللىسى گەجگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، بېشىدىن
ئاشۇرۇپ يەرگە ئۇرۇلۇپ چۇل-چۇل قېلىۋېتىلگەندەك تۇيۇلدى.

بولارنىڭ ھەممىسى بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدىلا يۈز بەردى.
قارا گەۋدە گۇپىلا قىلىپ كەينىچە يىقىلدى.

— ئادەم بارمۇ؟ قاتىلنى تۇتۇڭلار! قاتىلنى تۇتۇڭلار!...

چۆچۈگەن توخۇلار قونداقتىن قاقاقلىغان پېتى ئۇچۇپ
چۈشۈپ، چالا ئۇيقۇلۇق ھالدا توۋلاپ، جارقىراپ يۈرگەن
رەھمەتنىڭ ئايىغىغا پۇتلىشىپ، ھويلىنى بېشىغا كىيدى. ئات‍ـ
خانىنىڭ يېنىدىكى سولاقخانا ئالدىدا مۈگىدىشىپ ئولتۇرغان
ئىككى دورغا سەپەر بوۋاينى قېچىپ كەتتى، دەپ قالدى
بولغاي، ئويغىنىپلا «ئوغرى قاچتى» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.
قورقۇپ ئېسىنى يوقاتقان ئابلىزقارى ئىشتانچاقلا
ئېتىلىپ چىقىپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر دورغىنى
بىكاردىن - بىكار ئىككى تەستەك ئۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ئالەم‍ـ
نى بېشىغا كىيىپ، ھەنىپە خېنىم ئادەملەر ئارىسىدا پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولدى، جاپپار موللا ۋە باشقا مۇلازىملار مۇ ئۇۋۇسىغا سۇكىرىپ كەتـ كەن چاشقانلاردەك شىپىرلاشتى. ئىتلار قاۋىشىپ، توغرىقىغىل كەنتىنى ۋەھىمە باستى.

سېيىت ھاجى قەتلى قىلىنغۇچىنىڭ ۋە قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. قەسىردە تاڭ ئاتقۇچە بېسقىمغان يىغا - زار، تاراق - تۇرۇقلار چالا ئۇيقۇلۇق ياتـ قانلىردا قۇلىقىغا كىرىپ قالغان كىشىلەر بامدات نامىزىغا كېتىۋېتىپلا ھەممىدىن خەۋەر تاپتى.

— نادىرخان بازار بېگى كەتكەن يېرىدىن خۇپىيانە قايتىپ كېلىپ، ئابدۇراخمان كۆك كۆزنى ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ، سەككىز يېرىگە پىچاق ساپتۇدەك.

— ئۆمرىدە تىرناقچىلىكمۇ ساۋابلىق ئىش قىلمىغان پاـ سىق ئىدى، بۇ دورەم ئەجەب ئوبدان ئىش قىلىپتۇ - ياي؟

— خوتۇندىن، مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىيالـ مىغان بولسا كېرەك ئېھتىمالىم!

— قىزىق گەپ، بۇنىڭ ئابدۇراخمان بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

— كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئابدۇراخماننىڭ يەيدىغان رىزـ قى تۈگىگەن بولغىيدى ياكى يامانلىقى بېشىغا چىققاندۇ!

ئابدۇراخماننىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدىغانلىقى ئۇچۇنلا بامـ دات نامىزىنى ئاق مەسچىتتە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنغان جاـ مائەت تۇرلۇك غۇلغۇلىلار بىلەن كېتىۋاتقاندا جىنازىسىمۇ يېـ تىپ كەلدى.

يېپيېڭى يوپۇق يېپىلغان جىنازىنىڭ ئالدى تەرىپىنى ھاپىز مەخسۇم بىلەن ئابلىزقارى كۆتۈرگەنىدى. كەينىدىكى ئىككى پۇتىنى خاتىپ بازار بېگى بىلەن رەھىمەت كۆتۈرگەن. قايغۇغا پاتقان سېيىت ھاجى جىنازىنىڭ ئالدىدا داد - پەرياد ئۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۆزىدىن تۆكۈلگەن

ياش، تولا سۈرتۈپ قىزىرىپ كەتكەن بۇرنىدىن قۇيۇلغان پوتلا بىلەن قوشۇلۇپ بۇرۇتى ئۈستىدە توختاپ قالغانىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلايتتى.

— ئاقپاشانىڭ قارىچۇغىسى ئىدىلە قېرىندىشىم، بىزنى نېمىدەپ تاشلاپ كەتتىلە قېرىندىشىم، سىلى كەتكۈچە بىز كەتسەك بولمامدۇ قېرىندىشىم، ئاھ قېرىندىشىم، باغرى يۇمشاق تۇغقىنىم...

ھاپىزمۇ جىنازىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، توختىماي ئۆپكىدەيتتى، سىلكىنەتتى، قىزغۇچ كەلگەن قويۇق ساقىلى سۇ كەچكەن قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك نەملەشكەنىدى...

قىل ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋېتىلگەن نادىرخان شەمى گۆردەك قاراڭغۇ، ئىت ئۇۋىسىدەك سېسىق بىر ئۆيدە ھوشىغا كەلدى. قولىنى مىدىرلاتماقچى بولۇۋىدى، بۇلجۇڭ گۆشلىرىگە پېتىپ كەتكەن ئارغامچا ئەسلا ئىمكان بەرمىدى، ئىششىپ كەتكەن بېشىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا تۇيۇلدى. تىلىنى ئاستا مىدىرلىتىپ، لەۋلىرىنى يالىۋىدى، تۇزلۇق بىر تەم بىلەن تەڭلا كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. قاياققا قارىسىلا زۇلمەت، پەقەت ئىشىك تاختايلىرىنىڭ يوچۇقىدىن ئېتىلىپ كىرگەن پىچاق بېسىدەك يورۇقلۇق كۆزىگە تاشلانغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ گۆردە ئەمەس، بەلكى تىرىكلەر دۇنياسىدا ياشاۋاتقىنىنى تۇيدى. بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆزىگە تونۇشتەك بىلىنگەن يىغا ئاۋازى ۋە چۈچە خورازنىڭ پات - پات قىچقىرىپ قويۇشلىرى گەجگىسىگە تەگكەن تاياق بىلەن تەڭلا ئىلكىدىن قېچىپ كەتكەن ئەس - ھوشىنى قايتۇرۇپ بەردى. پىكرىنى قانچە ئىشقا سېلىپمۇ خەنجەر ئاستىدىكى رەقىبىنىڭ تۇيۇقسىز ناتونۇش بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئاخىر: «بەل-

www.uyghurkitap.com

كى قورقۇنچلۇق يامان چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك» دېگەن يەرگە كەلدىيۇ، بۇ پەرىزى ئۆزى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى قاتتىق مۇشتلىنىپ، نەۋرە ئاچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى.

— ئۆزۈڭگەمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ، ئاقپاششانىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرگۈچە سورىقى يوق پۇقرادىن يېگىرمىنى ئۆلتۈرسەڭ بولماسمىدى؟! ۋاي شورپېشانەم، سەن هارامىلىق بىلەن تۇغقان بولغىنىمغا بۇرۇن - قۇلىقىمغىچە تويدۇم...

ئۇ مېڭىسىنى قوچۇپ ئارام بەرمەيۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، قۇلىقىنى مەهكەم يوپۇردى، لېكىن بۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىۋەردى. «هەي قارا يۈز قانجۇق، هەممە بالايى گەردانىغا مۇپتىلا قىلغان ئۆزۈڭ، سېيىت هاجىنىڭ لاتا - پۇتىلىرىغا قىزىقىپ، مېنى يات ئەلگە بېرىپ باي بولۇپ كېلىش ۋەسۋەسىسىگە سالغانمۇ ئۆزۈڭ، گېپىڭگە كىرمىگەن بولسام سېيىت هاجىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكىلى ساراڭمىدىم؟! سەن مېنىڭ ئاچام ئەمەس، سەن دۈيۈز، سەن سېتىلما جەددال!» دەپ تىللاپ ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولۇپ، يەنە يالتايدى.

ئاچىسىنى كىمىدۇ بىرى دۆشكەلەپ، تۇرتۇپ كەتتى. قۇلىقى تىنچىپ قالغان نادىرخان بىرلا دومىلاپ تامغا يۆلەندى ۋە بىر پاي ئۆتۈككە تىقىلغاندەك كېرەككە كەلمەيۋاتقان پۇتىنى تەسلىكتە رۇسلاپ، قىسقا، ئەمما قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

... شۇنداق قىلىپ، تاغدەك ئىشىنىدىغان نەۋرە ئاچىسى شېكەر سۆيى بىلەن ئۇسا قىلغان يۈرىكىگە سېيىت هاجى تەرىپىدىن تاشلانغان هىيلە - مىكىر ئۇرۇقى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىخ سۈردى. تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىگە تەبەسسۇم قىلىپ، چاقىرىت-

ۋانقان جەننەتتەك زېمىنغا بېرىپ، بىر ئەتىگەندىلا باي بو-
لۇپ قايتىش چۈشىنى كۆرۈپ، مەيدىسىگە مەردلەرچە مۇشت-
لاپ، كارۋان بىلەن بىللە ئاتلاندى. ئۆلگۈر ھاپىز قورۇلىدىن
ئۆتۈپلا ئۇنى تولگۇز تەلەتلىك بىر كىشىگە خۇددى بىر تاي
يۈگىنى ئۆتكۈزگەندەكلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. كىم بىلسۇن، كارۋاننىڭ
قارىسى يوقىلىشىغىلا ئۇنىڭ ئېتىبارى ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن-
دەكلا چۈشۈپ كەتتى. ئارزۇ قىلغان نازۇ نېمەت تۇگۇل، قور-
سىقىنى تويغۇزۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ بولۇپ قالدى. پەقەت جان
ئالغۇچى ئەزرائىل قولاي پەيتنى پايلاپ، بېشىدا ئەگىپ يۈر-
گىنىنى چۈشەنگەندىلا ئۆزىنىڭ ئوچۇق تۇرغان قاپقانغا دەس-
سەپ، بازار بېگىلىك مەنسىپىدىن، پۇللۇق قىزدىن ئايرىلىپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇنىڭ كاللىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مال دېسە،
مېلى بار، نام دېسە نامى بار پوتونسۇرۇك بىر بايۋەچچى تۇ-
رۇقلۇقمۇ ئەخمەقلەرچە ئالدانغىنىدىن تولگىمەس خورلۇق
ھېس قىلدى. ئۆزىنى گوللاپ ئەكىلىپ، بۇ تەرىقە قىس-
مەت قۇچىقىغا تاشلاپ كەتكەن ھاپىزنى قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ
تۇرغان ئىت تەرىقىسىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئاخىر ئۇ دىۋانىلاردەك قەدىرسىزلىنىپ، ئوغرىدەك يو-
شۇرۇنۇپ يۈرۈپ، بىر ئاق كۆڭۈل مۇساپىر ئورۇسنىڭ ياردىمى
بىلەن قورۇلدىن قېچىپ چىقتى، ھاپىزدىن تارتىپ جەندال
سوپەت ئاچچىقىغىچە قىرىپ تاشلاپ، ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچ-
تى ـ دە، كەنت ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئەرۋاھتەك مۆكۈپ
ياتتى.

ئۇنىڭ قىياسى خاتا چىقمىدى. مەنسىپىنىڭ خاتىپىقا،
پۇلدار قىزىنىڭ تۇزكور سېپىت ھاجىغا تەئەللۇق بولۇپ كەت-
كەنلىكىنى بىلگەندە، قىساس خەنجىرى رەشىك ئوتىدا تاۋلاندى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئالدىنقى ئەلياتقۇدا قاراڭغۇلۇقتىن ئۆمىلەپ چىققىتى- دە، سىپىل سوقۇلۇۋاتقان يەردىن كىچىكىنە ئىش بىلەن قەسىرگە قاراپ يالغۇز كېتىۋاتقان ھاپىز مەخسۇمنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇپ، قوناقلىقتا سۆرەپ كىردى. قورقىنىدىن كۆزلىرى ئالاق- جالاق بولۇپ كەتكەن ھاپىزنىڭ يۇڭلۇق بوينىغا خەنجىرىنىڭ بىسىنى پاتۇرۇپ تۇرۇپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— خوجاكاڭنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ......

— كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ قارا مۇتتەھەم، نادىرخان بايۋەچچى دېگەن مەن بولىمەن!

— ھە؟!

نادىرخان بايۋەچچىنىڭ كېكىردىكىنى ساتىراشنىڭ گەز ئامبۇردەك سىقىپ تۇرغان كۈچلۈك بىلىكىدە گۈلەڭگۈچ ئۇچۇپ تۇرغان ھاپىز ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق يېشىل نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپلا ھوشىدىن كەتكىلى تاس- تاماس قالدى. نادىرخان ئۇنىڭ ئىككى ئېڭىكىگە بىردىن تەستەك ئىنئام قىلىپ سەگىتكەندىن كېيىن:

— بىلىپ قوي، مەن سەندىن ئۆچ ئالىمەن، دۇنيادىن ئازاب تارتماي كېتەي دېسەڭ راستىڭنى ئېيت، سېيىت ھاجى كېچىلىرى قەيەردە ياتىدۇ؟ يېنىدا بۇۋىمەريەم بارمۇ- يوق، خاتىپ قەيەردە؟

ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىگە جەزىم قىلالمايۋاتقان ھاپىز نادىرخان بايۋەچچىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا قويۇلغان سوئاللىرىنى چالا- پۇچۇق ئاڭلىدى- دە، لاغىلداپ تىترەپ يىغلىنىغلى تۇردى:

— بىلمەسلىكىم، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزلىرىگە

ئەرەج ساپتىمەن. ئەمدى تووۋا قىلدىم، تووۋا قىلدىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ھەممىنى دەپ بېرىمەن، ھەممىنى...

ھاپىزنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يىغىشتۇرۇۋەتسە، ئۇخلاپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ، رەقىبىنىڭ چوڭىنى قاچۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نادىرخان ئالدى بىلەن ھاپىزدىن گەپ ئېلىۋېلىش قارارىغا كېلىپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ھاپىز جېنىدىن ئۈمىد پەيدا بولغانلىقىغا مىڭ قەتلە شۈكرى قىلىپ، سېيىت ھاجىنىڭ بەزىدە بەزمىگە بارغان يەردە قونۇپمۇ قالىدىغانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئىلچىدىكى تۇغقىنىنىڭكىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سېيىت ھاجى قەسىردە قونغاندا سېپىلدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن ئۆرۈك شېخىغا پوتىسىنى ئېسىپ قويۇشقا ۋەدە بەردى.

ئىشنى ئالدى بىلەن سېيىت ھاجىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىماقچى بولغان نادىرخان ئاق پوتىنى كۆرۈپ، ھاپىزمەخسۇم ئېچىپ قويغان سوڭگۈچتىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، رەقىبلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەنىدى...

نادىرخان قاراڭغۇ جاڭگالدا ئادىشىپ قالغان يولۇچىدەك، ھەر خىل تېپىشماقلار بىلەن چېلىشىۋاتقاندا، ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئېتىلىپ كىرگەن تۆت چاسا شولىدىن كۆزىنى ئەپقاچتى-دە، بىرقانچە قېتىم يۇمچۇكلىگەندىن كېيىن يەنە قارىدى.

ئۇ تۆت چاسا شولىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان چەۋەندازنىڭ تەلەتىدىلا بولىدىغان قانائەت كۈلكىسىنى كۈلۈپ تۇرغان سېيىت ھاجىنى كۆردى، ئۇنىڭغا چاشقانغا ئېتىلغان ھۇقۇشتەك ئېتىلماقچى بولۇۋىدى، يەنە دومىلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھا...ھا...ھا...

— تۇفى!

— ھا...ھا...ھا...

نادىرخان بايۋەچچى سېيىت ھاجىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقىنىنى ياكى كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان باشقا بىر خۇشاللىقىنىڭ بارلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلانغاندەك تولغىنىپ، ۋارقىراپ تاشلىدى:

— پېشانەڭ ئوك ئىكەن ئەپلاس ئالدامچى، خەنجىرىمنىڭ قەھرىدىن ئامان قالدىڭ! ئەمدى مېنى تېزرەك ئۆلتۈر!

— ھا...ھا...ھا...

سېيىت ھاجى قوۋۇزلىرى تېلىپ كەتكۈچە كۈلگەندىن كېيىن، يىراقتىراق قاراپ تۇرۇشقان دورغىلارنى نېرى كەتكۈزۈۋېتىپ:

— ئۇنداق ئاسان ئۆلۈم يوق بايۋەچچى، پېقىر ئاقپاششانىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن مۇھىم جىنايى پاكىتنى ئاسانلىقچە قولدىن چىقىرىۋەتمەيمەن، بۇ تىرىك پاكىتنى قەپەسكە سولاپ، قەشقەردىكى كونسۇلغا يوللاپ بېرىمەن. ئۇ يەردە نېمىلا دەپ جۆيلۈگىنىڭ بىكار، ئۇلار سېنى دارغا ئېسىپ، تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ، گۆشىڭنى قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىدۇ. ھا...ھا ..ھا...ئىسىت! ئىسىت ياش ئۆمرۈڭ، ئىسىت! — دېدى.

— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سورىۋالاي قارا يۈز، ئورنۇڭدا نېمىشقا باشقا بىرى يېتىۋالغان؟ مەن قانداق بولۇپ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدىم؟

— ئاللا بەندىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، يامان نىيەت بىلەن دىلى بۇلغانغانلارنى غەپلەتكە ئاشنا قىلغۇچىدۇر. ھا...ھا...ھا...

سېيىت ھاجى بالا ۋاقىتلىرىدا نەس باسقان ئات باقارلار-
دىن دېگىنىنى ئۈندۈرۈۋالغانىدىمۇ بۇنچىلىك
خۇشال بولۇپ كەتمىگەن بولسىدى، ئۇ ھېلىقى گەپ-
نى قىلىپ، نادىرخان بايۋەچچىنى خىيال قايىنىمىغا غەرق
قىلىدىيۇ، ھاپىزنىڭ كۆزىدىكى مەخپىيەتنى قانداق ئۇس-
تىلىق بىلەن بىلىۋالغىنىنى، يوللۇق ھېسابىدا بويى بىلەن تەڭ
شايى - ئەتلەس، زىلچە گىلەملەرنى ئالدىدا قويۇپ، ئابدۇراخ-
مانىنى قانداق قوندۇرۇپ قالغىنىنى، قانداق قارا باستۇر-
غىنىنى... ئەسلا ئېيتمىدى. بۇ سىرنى ئۇ بەلكى ئۆزى بىلەن
بىللە ئۇ ئالەمگە ئەكەتمىشى مۇمكىن ئىدى...

## 34. «يۇرت بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ»

مىلادى 1912 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

خوتەن دوتىيى تاڭ يۈنجۇڭنىڭ دەستىكىنى ئېلىپ جا-
زا يۈرۈشىگە ئاتلانغان چېرىكلەر تاڭ ئالدىدا قوزغىلىپ، ئىلى-
چى شەھىرى بىلەن لوپ بوستانلىقىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىگىچە
بولغان مۇساپىنى نەق يېرىم كۈندە بېسىپ بولدى - دە، كۈن
ئىكىلەنگەن مەزگىلدە چىرىيىگە تۇتىشىدىغان دەشت يولىغا
قەدەم تاشلىدى.

تەبىئەت ئىلاھىنىڭ خەيرىخاھلىقى تۇتۇپ كەتتىمۇ يا
ئادالەت يولىدا قىلغان سەپەر ئاقيوللۇق بولدىمۇ، ئەللىكچە
چېرىك ۋە چېرىكلەرگە ئەگىشىپ يۇرتىغا قايتىۋاتقان ئات-
مىشچە مۇساپىر يۈقرانىڭ بېشىغا سايە سېلىپ ئىلىچى تەرەپتىن سۈ-
رۈلۈپ كەلگەن يوغان بىر پارچە سۈررەڭ بۇلۇت دەشت ئاس-
مىنىغا كېلىپ چىپپىدە توختىدى - دە، بىرلا سىلكىنىپ يەنە

ئۈزۈپ كەتتى. قىزىپ تۇرغان قۇم ئۈستىگە ياققان پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك يامغۇر قوقاسقا چۈشكەن سۇ تامچىسىدەك پاژ ـ پۇژ قىلىپلا پار زەررىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، هاۋا ئانچە ـ مۇنچە سەگىگەندەك بولدى. بىمارنىڭ يۈزىدىكى ياۋا چېچەك ئاسارىتىدەك چېكىم ـ چېكىم توچكىلار بىلەن نەقىشلەنگەن قۇم بېتى تۇزغاقتەك تۇزۇشتىن توختاپ، شىپالىق يامغۇر شەربىتىنى ئىچىپ، ئىسسىتمىسى يانغاندەك تىنچلىنىپ قالدى. پەقەت، كۈز ئايلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرمەيلا قىسقا ۋە ئېتىبارسىز ئۆمرى بىلەن خوشلىشىپ، يىلتىزىدىن بىمەھەل مەھرۇم بولغان تۇرالغۇسى يوق قامغاقلارلا ئاستا ـ ئاستا ئېسىۋاتقان ئىسسىق شامال بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ، يۈرۈش قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا خالىس يول باشلىغۇچىدەك دومىلايتتى.

ئوخشاشلا قارا ئاتقا مىنگەن بۇرۇتلۇق باش سەركەردە ۋە چېرىكچى ئامبال شىيۇڭ گاۋشېڭغا ئەگەشكەن پىيادە چېرىكلەر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يالت ـ يۇلت چاقنىتىپ، كۆمۈلۈپ كەتكەن كارۋان يولىدا قۇم كېچىپ كەلمەكتە. يوغان قاپاقلارنى يۈدۈۋالغان سۇپۇرگەئاخۇن، قادىر تۆمۈرچى ۋە جامالىدىن بوۋايمۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز مىسالى سوزۇلغان سەپ بويلاپ قاتراپ يۈرۈپ، ئۇسسىغانلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، هارغانلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكە ياردەملىشەتتى. كۆڭۈل ئاۋۇتقۇچى گەپلىرى بىلەن ئايرىلغىنىغا بىر ـ ئىككى يىل بولغان سۆيۈملۈك يۇرتىغا تەلمۈرۈپ، ئۈمىد رىشتىسىنى نەزەرىدىكى ئادالەت جەڭچىلىرىگە باغلاپ كېلىۋاتقان ياياق پۇقرالارنى روھلاندۇرۇپ، ئاجىزلىرىنىڭ هاجىتىنى رازىمەنلىك بىلەن بەجا كەلتۈرەتتى.

بىپايان خامانغا يېيىتىلغان تېرىقتەك سۇس سېرىق پار-

قىراۋاتقان قۇملۇقتا ئۆمىلەۋاتقان قارا ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇن لوپ بوستانلىقىدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بەشتوغراق تەرەپكە بۇرۇلدى. گەرچە يېرىم كۈنلۈك مۇساپە ئۇزۇراپ كەتسىمۇ، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنى سەپكە قوشۇۋالغاندا ئەل رايىنى ئۇتقىلى، جازا قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن دوتەي سۈپۈرگەئاخۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىپىگە تارتىشىپ ئولتۇرمايلا ماقۇل كەلگەن ۋە يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا باش سەركەردىگە ئېنىق پەرمان بەرگەنىدى.

قىساس سائىتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنمىكىن، سۈپۈرگەئاخۇن تولىمۇ ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى. ئۇ تاپىنىنىڭ قىزىق قۇمدا قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي، يول يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن دەپ قاغجىراپ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن كېپىشىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. ئىچىدىن تەسىر قىلغان دەرد ۋە تېشىدىن تەسىر قىلغان ھارارەت تۈپەيلى، ياغ قاپىقىدەك قارىداپ، پارقىراپ كەتكەن چىرايىدا يوشۇرۇپ بولمايدىغان ھاياجان ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ قۇملۇقتا ئەمەس، بەلكى مۇزلۇقتا تېيىلىپ كېتىۋاتقاندەك چاققانلىق بىلەن، قوشۇنىنىڭ كەينىگە سوڭدىشىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئىلگىرىلەۋاتقان پۇقرالارنىڭ يېنىغا كېلەتتى ـ دە، ئۇلارغا:

— غەيرەت قىلىڭلار، ئالدىڭلاردا سىلەرنى ئىككى خۇشاللىق كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىرى، بەشتوغراقتا تۇرۇۋاتقان يۇرتداشلار بىلەن كۆرۈشىسىلەر، يەنە بىرى، يۇرتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرىڭلار بىلەن دىدارلىشىسىلەر! — دەيتتى.

ئۇ «چېرىك كېلىدىكەن» دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر تارقالغاندا، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بىر كىشى بىلەن

پاراكلىشىپ كېلىۋېتىپ، چېرىكلەرنىڭ تۇساتتىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماق بولۇپ سەپنىڭ بېشىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، باش سەركەردە مىنگەن ئاتنىڭ ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېمىدىندۇر خەۋەر بەرگەندەك كىشنەۋاتقانلىقىنى، توختاۋسىز سىيرىلىۋاتقان تىزگىنگىمۇ پەرۋا قىلماي چاپچىپ، قۇمتوزىتىۋاتقىنىنى كۆردى-دە، كەلگەن پېتى ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىغا ئېسىلدى.

تەرلەپ، تۈكلىرى تېرىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئات ئېغىزدۇرۇقىغا تۈگمەن تېشىدەك ئېسىلغان سۈپۈرگەئاخۇننىڭ زورى بىلەن سەل-پەل تىنچلانغاندەك بولدىيۇ، ساغرىسىغا قامچا تېگىشى بىلەنلا يەنە كىشنەپ، چاپچىپ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىگىلى ئۇنىمىدى.

— ھوي، ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدىكى يۇلغۇنلۇققا قاراپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى سۈپۈرگەئاخۇن ئاتنىڭ بېشىغا ئىككى قوللاپ ئېسىلىپ تۇرۇپ. ئۇ باش سەركەردە بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىسىلا ھەممە ئىش بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئەندىشىگە چۈشكەنىدى.

باش سەركەردىنىڭ مەھرەمى يېڭى ئايىسمان قۇم دۆڭنىڭ يېنىدا ئۇتقاشتەك گۈللەپ تۇرغان بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ كەينىگە ئۆتتى-دە، قىسماققا دەسسىگەن كېيىكتەك تاقلاپ تۇۋلىۋەتتى:

— ھوي بۇ يەردە بىر ئادەم ياتىدۇ، بېلىنىڭ ئاستىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ!

— «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەن مۇشۇ-دە، ئىنسى-جىن يوق بۇ چۆلدە ئادەم نېمە ئىش قىلسۇن؟ بەلكى تەشنالىقتىن ئۆلگەن جەرەننىڭ ئۆلۈكىدۇر ياكى بولمىسا...

سۈپۈرگەئاخۇن ھېلىھەم چۆچۈپ جىم تۇرمايۋاتقان ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ياردەملىشىش كە تەمشىلىپ كەلگەن قادىر تۆمۈرچىگە «ئۆزۈڭ بىر قاراپ باقمامسەن؟» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

قادىر تۆمۈرچى شاش ئاتنىمۇ بەكرەك چۆچۈپ كەت- كەن مەھرەمدىن يانداپ ئۆتۈپ، ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە كەل- دى ۋە يۇلغۇننى قايرىدى.

— بۇ... بۇ... نۇراخۇن ئەمەسمۇ بۇ؟!

— نۇراخۇن؟

سۈپۈرگەئاخۇن باش سەركەردىنىڭ ئېتىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى-دە، تۆمۈرچىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولغان ھالدا يۇلغۇننىڭ كەينىگە ئۆتتى، شۇنداق قاراپلا كۆزلىرىنى چىم- چىقلىتىپ، ئېڭىشتى.

قادىر تۆمۈرچى خاتا كۆرمىگەنىدى. ياتقىنى راستتىنلا نۇرەك باخشى ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە ياكى شۇ كۈنى ئەتىگەندە نەپەستىن قالغان بولسا كېرەك، نېپىز بىر قەۋەت قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان ئايىغىدىن تەپچىرەپ چىققان قان ۋە زەرداب قۇم ئۈستىدە ياڭاقچىلىق بىر جىگەررەڭ مونەك ھاسىل قىلغانىدى، ئۇ زېمىن تەكتىدىن چىقىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئاجىز تىۋىشنى ئېنىقراق ئاڭلىۋالماقچى بولغاندەك، بىر يۈزىنى يەرگە يېقىۋالغانىدى. قادىر تۆمۈرچى ئۆز قولى بىلەن سوقۇپ بەرگەن ئەگرى قىلىچىنىڭ سېپىنى مەھكەم سىقىملىغان قولى باش ئۈستىگە تاشلانغان بولۇپ، بۇ ھالەت خۇددى زۇلمەت پەردىسىنى يىرتماقچى بولۇپ تىغ كۆتۈرۈپ، قىقاس سېلىپ جەڭ قايىنىمىغا كىرىپ كېتىۋاتقان باھادىرنىڭ زەبەردەس قىياپىتىگە ئوخ- شايتتى. ئەزرائىلنىڭ قورقۇنچلۇق تەلەتى كۆزىگە كۆرۈنگەن چاغدا ئۇ ئاخىرقى نەرسىسى ئارقىلىق قىساسى نېسىي قالغان

يۇرتىدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇ يەردىكى يالغۇز قەبرە بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋالماقچى بولغانىمۇ، سول قولىدىكى بۈرگىنىڭ بىر تەرىپى مۇھىم مەخپىيەتنى ئاشكارىلايدىغاندەك يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرىگە تېگىپ تۇراتتى. تاش تاشلانغان سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان قاتمۇ قات دولقۇنلاردەك قورۇقلار ئارىسىدا غۇۋا پارقىراپ تۇرغان قارىچۇقىدا ئۆمۈرلۈك قايغۇ-ھەسرەت ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت-نەپرەت بىر يولىلا ئۇيۇپ قالغانىدى. بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاقىرىپ قالغان چىرايىدىن كۈلۈمسىرەشكىمۇ، نەپرەت كۆلەڭگىسىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىرلا ئالامەت كۆرۈنەتتى. تەقدىر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، مەردلەرچە جان بەرگەن بۇ ئىنسانغا ماتەم تۇتۇۋاتقان قىياپەتتە ئېگىلگەن يۇلغۇننىڭ ئۇچىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلدەك قىزىرىپ تۇرغان بىر تۇتام چېچەك ئۇنىڭ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

بۇ دۇنياغا ئازاب چېكىش، ساۋابلىق ئىش قىلىشقىلا تۆرەلگەن، ئەمما مالامەت ئوقى بىلەن شىكەستىلىنىپ، ئۆمۈر گۈلى توزغان بۇ يۇرتدىشىغا كۆز يېشى قىلىۋاتقان سۆيۈرگە ئاخۇن ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان قۇم دانىچىلىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، بارماقلىرىنى بىر-بىرلەپ بوشىتىپ خىسلەتلىك بۈرگىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇنىڭ پارقىراق يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى، بىردىن قۇلاق تۈۋىدە بۈرگە ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى جاھالەتلىك تارىختىن، كەچۈرمىشلەردىن خەۋەر بەرگۈچى بۇ بوم، ئەمما ياڭراق ئاۋاز ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرىكىدە غەليان كۆتۈردى. ئۇ غەليان بىلەن تەڭ پەيدا بولغان بىر خىل كۈچ تومۇر-تومۇرلىرىنى بويلاپ ئۇرغۇپ، مۇسكۇللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى.

— كۈن ئىسسىق، جەسەتنى يۆتكىگىلى بولمايدۇ، مۇشۇ

يۇلغۇن تۇۋىگىلا دەپنە قىلىۋەتسەك بولامدىكىن، — دېدى سۇپۇرگە ئاخۇن نۇرەك باخشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان جاراھەتكە تىكىلىپ، مېيىتنىڭ ئايىغىدا يۈكۈنۈپ، بېشىنى گۇناھكاردەك سېلىپ ئولتۇرغان جامالىدىن بوۋايغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە.

— يۇرتقا ئەكىتىپ، ھەزرىتى مازار غوجامنىڭ قېشىغا قويساققۇ ئوبدان بولار ئىدى، لېكىنزە، ھاۋا بەك ئىسسىق، جەسەت چىدىمايدۇ، — بوۋاي ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاقەتسىزلىنىۋاتقان باش سەركەردىگە ۋە قىزىق قۇم ئۈستىدە يالىڭاياق پۇتلىرىنى خۇددى تەپكە بېسىۋاتقان باپكاردەك يۆتكەپ، چىداشلىق بېرەلمەيۋاتقان پۇقرالارغا قاراپ قويۇپ دېدى، — دېگەنلىرىدەك بولسۇن، خۇدايىم رەھمەتلىككە جەننەت ئاتا قىلسا، قەيەردە ياتسىمۇ ئوخشاش!

خېلىدىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن ئۈسىد تېگىننىڭ شولىسى كۆرۈنگەن سائەتتە ئارمان بىلەن كۆز يۇمغان ئاددى، ئەمما ئۇلۇغ ئىنسانغا دەشت ئوتتۇرىسىدا كۆكلىگەن قەيسەر يۇلغۇن تۈۋىدىن يەرلىك قېزىلدى. مېيىت نامىزىنى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ تەنتەنىلىك چۈشۈرگەن مۇسۇلمانلار مەرھۇمنىڭ ھەققىدە ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، كۆپكۆك ئاسماندا دومىلاۋاتقان قۇياش قۇم دېڭىزىدىكى سارغىيىپ تۇرغان ئۇپۇققا يېقىنلاشقاندا، يولنى يەنە داۋام قىلىشتى.

نۇرەك باخشىنىڭ يەرلىكى ۋە يەرلىك مۇھاپىزىتىدە تۇرغان يۇلغۇنلۇق بارا-بارا يىراقتا قالدى. بىراق، نۇرەك باخشىنىڭ ئويلىمىغان چاغدا، ئويلىمىغان يەردە جان ئۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تاسادىپىيلىق سۇپۇرگەئاخۇننىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن چىگىش ئويلارنى باشلاپ كەلدى.

«قانداق زۆرۈرىيەت ئۇنى بەشتوغراقتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغاندۇ؟ ئۇ نېمە مەقسەت بىلەن ئىلچى يولنى تاللىۋالغاندۇ؟»

خىيالدىن تۇغۇلغان قىياس، قىياستىن تۇغۇلغان ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشلەر يول بويى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ كېلىۋاتقان سۆيۈرگەئاخۇننىڭ پىكرىنى تامامەن بەند قىلىۋالدى. ئۇ پات-پات بېشىنى سىلكىپ، خىيالدا بىزار قىلغۇچى كۆكۈيۈندەك ئەگىشىپ يۈرگەن، پۇرسەت تاپسىلا يۈرىكىگە نەشتەر سانجىپ ئازار بېرىۋاتقان ئويلارنىڭ قامالىدىن قۇتۇلماقچى بولاتتىيۇ، مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمەيتتى.

قوشۇن ئېغىر ئەلياتقۇغىچە سەپەر قىلىپ، بىر پارچە قويۇق چاتقاللىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن يالغۇز توغراق تۈۋىگە يېتىپ كېلىپ چۈشكۈن قىلغانىدىمۇ، ئۇ يەنىلا تىنچلىنالمىدى، قوم تىققاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنىڭ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىشلىرى، قورسىقىنىڭ تۆت-بەش ياقا كىرىۋالغاندەك كورگىراشلىرى خىيالغا زادىلا كىرىپ چىقمىدى. ئوخشاش بىر تېپىشماققا جاۋاب ئىزلەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان جامالىدىن بوۋاي بىلەن قادىر تۆمۈرچىمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سۆيۈرگەئاخۇننىڭ يېنىغا كەلدى-دە، قۇچاقلىۋالغان تىزىنىڭ ئۈستىگە ئېڭەكلىرىنى قويۇپ، ئۈن-تىن قىلىشماي ئولتۇرۇشتى.

بۇ چاغدا ئوخشىمىغان ئۈچ كاللىدا ئوخشاش بولغان بىرلا خىيال ئەگىمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۆز جاۋابىدىن ئۆزگىلەرنى ئورتاقلاشتۇرۇشقا ھېچكىممۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. قىياس دېگەن بەربىر قىياس-دە، ئۇ پەقەت بەشتوغراققا يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا ئىسپاتلىنىدىغان، ئۇنىڭغىچە ئۆزىنىڭ سىرلىق ۋەھىمىلىك كۈچىنى زادىلا يوقاتمايدىغان بىر زىل نەرسە ئىدى.

كۆكتە بۇلۇت بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزۈۋاتقان ئاي ئۇچەيلەننىڭ ئالدىدا

بىراۋنىڭ سايىسىنى ئايان قىلدى. ئۇلار تەڭلا دېگۈدەك باشلى-
رىنى كۆتۈرۈپ، كۆز نۇرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى ۋە چىرىكچى
ئامبالنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئالمان-تالمان
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسەتتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ھېلىقى كىشى دوتەي ئالدىدا ئۆزىنى شىۋىڭ گاۋشىڭ دەپ ئاتىغان بەستلىك بۇ كىشى ئولتۇرۇشقا تەمشىلىپ.

بۇ كاتتا كىشىنىڭ توپا ئۈستىدىلا ئولتۇرماقچى بولغىنىنى كۆرگەن سۈيۈرگەئاخۇن تەكەللۇپ يۈزىسىدىن قاتتىقراق يەردىن ئورۇن كۆرسەتتى-دە، ئۆزىمۇ ئىككىيلەنگە ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى، نامازدا ئولتۇرغان-دەك يۈكۈنۈشتى.

بىر كىچە-كۈندۈزلۈك سەپەر داۋامىدا ئۇلار شۇنى ھېس قىلىشقان ئىدىكى، ئات ئۈستىدە قوپۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئولتۇرىدىغان، سەپ بېشىدىكى مۇناسىپ ئورنىنى زادى قولدىن بەرمەيدىغان بۇرۇتلۇق باش سەركەردە مۇز چىراي، كەم سۆز ۋە تولىمۇ سۈرلۈك بىر ئادەم ئىدى. مەھرىسى ئۇنىڭ جىسمانەن بىر پارچىسىدەك، ھەممىلا ھاجەتتە ئۇنىڭغا تايىناتتى. بىرەر ئىشنى قورساققا ياقمىدىمۇ، قىيىق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ھومى-يىپ، تىلسىز ئاھانەتلەردىن بىرتاغار ياغدۇراتتى. قول ئاستىدى-كىلەر بىلەن ئارىلىق ساقلاشقا دىققەت قىلامدۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ، يۇقىرىلار تۈگۈل، چىرىكلەر بىلەن ھەتتا ياردەمچى سەركەردە بىلەنمۇ كەمدىن كەم سۆزلىشەتتى.

بىراق، ياردەمچى سەركەردە مەيلى چىراي تۇرقىدىن بولسۇن، ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن بولسۇن، باش سەركەردىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. سوقچاق، ئاق يىشىماق كەلگەن چىرايىمۇ كۆزگە سىڭىشلىق ئىدى. ئويچان كۆزلىرىدىن كۆپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆرگەن، ئوختاملىق ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇيغۇرچە سۆزنىمۇ ساپ قەشقەر تەلەپپۇزىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى. پۇرسەت يار بەرسىلا ئىشتىن چۈشۈپ، پۇقرا ۋە چېرىكلەر بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ، قىزغىن ئەھۋاللىشاتتى، ئۇنى-بۇنى سۈرۈشتۈرەتتى. كىملەردۇ ئالدىدا چېرىكچى ئامبال تۇرغىنىنى ئۇنتۇپ، ئەمەلدارلارنى، چېرىكلەرنى يامان سۆزلەر بىلەن تىللىغىلى تۇرسا، ئۇ دەرد ئېيتقۇچىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئۇھ تارتىپ قوياتتى. ئېگىرىنىڭ قۇشبېشىغا ئېسىپ قويۇلغان سۇدىنىنى ئېلىپ، پۇقرالارغا خوش ئېيتىپ، يېمەكلىكى بىلەنمۇ ئورتاقلاشتۇراتتى. باش سەركەردىنىڭ ئەيىبلىگەن نەزەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى.

بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن، جەزىرىدە ئىچىنىشلىق جان ئۈزگەن ئۆردەك باخشىنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتقان پۇقرالار ئۆزىنى تۇختىتالماي يىغا-زار قىلىشقاندا، كىملەردۇر بىر چەتتە بېشىنى سىلىپ تۇرغان شىيۇڭ گاۋشىڭنىڭ كۆزىدە ياش تامچىسىنىڭ سىمابتەك لىغىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە بۇ پەۋقۇلئاددە خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۇقرالار ئارىسىغا تارىلىپ كەتكەن. چېرىكچى ئامبالنىڭ ئاددىي بىر پۇقراغا شۇ دەرىجىدە ئىچ ئاغرىتقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ بىرى بولغان جامالىدىن بوۋايمۇ ھەيران بولغان ھالدا: «بىلمەسلىكىم تۇۋا، چېرىكنىڭ ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق باغرى يۇمشاق ئادەم بار ئىكەن» دەپ، بارمىقىنى چىشلىگەنىدى.

شىيۇڭ گاۋشىڭ ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلغاچ، داق يەردە ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى-بۇنى سوراپ يۈرۈپ، سۇپۇرگەئاخۇننىڭ مۇھەممەتئەلىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، خۇددى يىتتۈرۈپ قويغان تۇققىنىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى، سۇپۇرگەئاخۇندىن يېڭىباشتىن ھال-

ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

— قارايمەن، قارايمەن، قارىغانسېرى بىر كىمگە ئوخشى-تىپلا تۇرىمەن، ھەي، «كۆكۆل كۆرمىسە، كـۆز دېگـەن تام تۆشۈكى» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! نېمىشقا دوتەيىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشكەن چېغىمىزدا گەپ قىلمىدىلا؟

سۇپۇرگەئاخۇن خىجىل بولغاندەك پېشانىسىنى سىيلاپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۆزلىرىدەك بىر ئامبالنىڭ ئالدىدا تىلىمىزنى ئارتىمساق بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇ چاغدا ئوغلۇم بىلەن تونۇشىدىغانلىقلى-رى پېقىرغا تېخى قاراڭغۇلۇق ئىدى.

— مۇھەممەتئەلى بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىككى يىلچە بولدى. ئۇ تالىپلار ئىچىدىكى جىگەرلىك، ئەل سۆيەر يىگىتلەر-نىڭ بىرى!

شىيۇڭ گاۋشىڭ مۇھەممەتئەلى بىلەن تونۇشۇشىنىڭ جەريانىنى، ئىككىيلەننىڭ سۇپۇرگەئاخۇن ئەۋەتكەن ئەرزنى تىتەيگە قانداق قىلىپ يەتكۈزگەنلىكىنى قىزىق قىلىپ سۆز-لەپ بەردى.

چۆل كېچىسى تولىمۇ جىمجىت ئىدى، بىر كېچە ـ كۈن-دۈزلۈك ھەربىي يۈرۈشتە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن چېرىكلەرنىڭ توخۇ يۈرەك سەركەردىنىڭ بېشىدا تىكلەپ قويغان خادىدەك تىك تۇرۇپ كۆزەت قىلىۋاتقىنىدىن ئۆزگىلىرى توغرا كەلگەنلا يەرگە مەلەقتەك يىقىلغان، پۇت ـ قوللىرىنى ھەمراھلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىغان ھالدا ئۇشتەك چالغاندەك خىرىلداپ خورەك تارتىشماقتا ئىدى. بەزىلىرى يىراق سەددىچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالغان يېقىن يۇرۇقلىرى بىلەن مۇڭدىشىۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ ئۇقتىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. باش سەركەردىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن چېرىكلەر بىلەن خېلى

ئارىلىق ساقلاپ، غۇژمەك بولۇۋېلىپ تۈنەۋاتقان مۇساپىر پۇقرالار ئارىسىدا كىمنىڭدۇ ئۇيقۇسى قېچىپ قالغان بولسا كېرەك، تۇرۇپ-تۇرۇپ قۇرۇق يۆتىلىپ، تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتنىڭ زېرىكتۈرۈشىنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى. كىملەردۇ يۇرت تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئېڭىكىنى تىرەپ، بارچە زېمىنغا ئورتاق بولغان يۈگۈرۈك ئاي رۇخسارىغا نېمىنىدۇ كۆرمەكچى بولغاندەك تىكىلىپ، خىيال سۈرەتتى.

شىيۇك گاۋشىڭنىڭ شامەخسۇت، يوەن داخۇا، تۆلكە ياك زېڭشىنلارنىڭ دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇشىغا بوي بەرمەي، قوزغىلاڭ ئوتىنى كۈنسېرى لاۋۇلدىتىۋاتقان قومۇل دېھقانلىرى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىسى ئۇچەيلەننى قالتىس ھاياجانغا سېلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار مانجۇلارغا، سېيىت ھاجى ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ داڭق-تۆۋسىپى تاكى قەشقەر شەھىرىگىچە يېتىپ بېرىپ، ھەققانىيەتچى چېرىكلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا قانلىرى ئۇرغۇپ، ئېسىلگەن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش كۆز چاناقلىرىنى لىپمۇ لىپ تولدۇردى.

قىزغىن ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەر ئارىلىقتىكى خەندەكنى تولدۇرۇپ، تارتىنىش پەردىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋەتتى. ئورتاق تىل ۋە ئوخشاش مەقسەت ئىككىلا تەرەپكە ئىشەنچ سوۋغىسىنى ئىنئام قىلدى. سۈپۈرگەئاخۇن شىيۇك گاۋشىڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەتئەلىنى كۆرگەن كۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، نۇرەك باخشىنىڭ خىسلەتلىرىدىن باشلاپ، ئەل يۇرت بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارغىچە قالدۇرماي سۆزلىدى. ئۇ نۇرەك باخشىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىنى بەشتوغراقتا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاپ، پىكرىگە ئارام بەرمەيۋاتقان ئەندىشىسىنى ئاشكارا قىلغاندا، شىيۇك گاۋشىڭ مۇلاھىزە چاقمى-

قىزنى ئوت ئالدۇردى ۋە مۇرەككەپ تېپىشماققا جاۋاب تاپقاندەك جىددىيلىشىپ:

— ئالامەتلەردىن قارىغاندا ياخشىلىق ئاز، يامانلىق كۆپتەك قىلىدۇ. باش سەركەردىگە ئىلتىماس قىلاي، ھازىرلا يولغا چىقمىساق بولمىغۇدەك، — دەپلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

— يوقسۇ دارىين، ھازىر يولغا چىقساق، بەشتوغراققا تاڭ يورۇماستىنلا بىرىپ قالىمىز، ئورمان ئىچى قاراڭغۇ، ياخشىسى، زوھور ۋاقتى بىلەن قوزغالساق بولارمىكىن؟ يەنە كېلىپ، سەركەردىنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كېچەلىشىمۇ ناتايىن.

— بۇمۇ بار گەپ، — شيۇڭ گاۋشىنىڭ چىرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان سەركەردە تەرەپكە قاراپ قويۇپ دېدى، — ئەمىسە، زوھور ۋاقتىغىچە مۈگداشقاچ ئولتۇرمايلىمۇ، كۆزىمىزگە بەرىبىر ئۇيقۇ كىرمەيدۇ...

قاتمۇقات بۇلۇتلار قورشاۋىنى بۆسۈپ چىققان سەھەر قۇياشى قىزغۇچ نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بېتىمىنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ تۇرغان توغراقلىق ئۇيقۇسىنى ئاچالمايۋاتقان خامۇش ئادەمدەك، جىمجىت ۋە ھەرىكەتسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. يۈزىنى بېسىپ كەتكەن توپا دەستىدىن نەپىسى بوغۇلۇپ، ھاياتلىق كاپالىتىدىن ئۈزۈل-كېسىل مەھرۇم بولغان غازاڭلار ئارىسىدا بىر تۇتام چۈۋۇق مەشۇتتەك ئېسىلىپ تۇرغان ئۈمۈچۈك تورلىرى بىر مەركەزدىن تەرەپ-تەرەپكە تارالغان شولىلاردەك پارقىرايتتى. تورنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان چوڭ ئۈمۈچۈككىلا ئۇششاق ھاشاراتلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، نەپسى ئاۋارىچىلىقىدا تورغا ئىلىنىشقا ئىمكان بەرگەن تاڭغا تەنتەنە قىلىپ، ئۇزۇن ئاياغلىرىنى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

چالا قۇرۇق بولۇپ قالغان شاخلىرىنى ئاران كۆتۈرۈپ

قۇرغان تۇغراقلار نېمىدىندۇ ئۈمىدسىزلىنىپ بېشىنى ساڭگىلاتقان ئادەمدەك سالپايغان، تەبىئەتنىڭ بوران ياكى چېپقىنىغا ئوخشاش جازالىرى بىلەن يىقىلىپ، چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەن قېرى، پۇر كۆتەكلەر تۈن ۋە تاڭدىن بىخەۋەر ھالدا ئىچ باغرى چۇۋۇۋېتىلگەن جەڭچىنىڭ جەسىتىدەك يېرىمى قۇمغا كۆمۈلگەن تەرىزدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئادەتتە ئاشۇ پۇر تۇغراقلارنى تىنىماي چوقۇپ ھاياتلىق ساداسىنى تارقىتىدىغان ئۇچار قۇشلار يېڭى تاڭنى تۈيمىغانمۇ ياكى كاج تەقدىرنىڭ قۇربانى بولغان بىرەر بەختسىزگە ماتەم تۇتتۇۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ قەيەرگىدۇ پاناھلانغان. تۇغراقلىق ئاسمىنىدا تاڭ ئاپتىپىنىڭ كۆشەندىسىدەك قاپقارا قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ، دائىرىسىمان چۆگىلەپ يۈرگەن بىر توپ قاغا يامان خەۋەر ئەكەلگەن شۇم ئىبلىس ئەلچىدەك، ئەنسىز قاقىلدىشاتتى. سالقىن تاڭ شامىلى ئارىلاپ ئۆتكەن تىكەنلىكلەردىن، قومۇشلۇقلاردىن زاراتكاھلىقتىكى تۈن بالىسىنىڭ شۇم ئاۋازىدەك ۋە ياكى بۆرىنىڭ تارتىپ مىشىلداپ يىغلىنىدەك غەلىتە بىر شەپە كېلەتتى.

بوشلۇقتىكى مەنزىرە تۇغراقلىقتا تۈنجى بولۇپ ئېتىلىپ كىرگەن سۈپۈرگە ئاخۇننى ھەيران قالدۇردى. تاپ بېسىپ يېتىپ كەلگەن جامالىدىن بوۋاي بىلەن قادىر تۆمۈرچىمۇ بوشلۇققا كېلىپلا كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ كەتتى. ئۇچەيلەننىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەنەلمىگەن چېرىكلەرمۇ بوشلۇق گىرۋىكىدە توختاشتى.

«بۇ، نېمە كارامەت؟!»

جامالىدىن بوۋاينىڭ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىيسىيىپ تۇرغان كەپىسىنىڭ ئالدىدا سېپى سۇندۇرۇلغان نەيزىلەر، بىسى ياندۇرۇلغان قىلىچلار، كىرىچى ئۈزۈلگەن يالار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بوشلۇقتىمۇ، تۇغراقلىقتىمۇ ئادەمزاتنىڭ

قارىسى تۇگۈل، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خېلى كۈنلەردىن بۇيان سوۋۇپ، كۆكىرىپ ياتقان دۆۋە-دۆۋە كۆل بۇ يەردىكى ھاياتلىق گۈلخانىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆچۈپ كەتكەندىن نىشانە بېرەتتى. سۇپۇرگەئاخۇننىڭ يامان ئاقىۋەتكە گۇۋاھلىق بەرگۈچى ئالامەتلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەدى. ئۇنۇرەك باشىنىڭ خىسلەتلىك بۇرغىسىنى يادىغا كەلتۈردى-دە، ئۇنى ئېلىپ توغراق كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئۆپكىسىنى پۈتۈن ئالەمدىكى ھاۋانى سىغدۇر-غاندەك كۆپتۈرگەندىن كېيىن، چىڭقىلىپ تۇرۇپ پۈلەشكە باشلىدى:

«دۇت...دۇت...دۇت...»

ئۇ كۈنچىقىشقا قاراپمۇ، كۈنپېتىشقا قاراپمۇ پۈۋلىدى. تاغ تەرەپكىمۇ، قۇملۇق تەرەپكىمۇ قاراپ چالدى. بىراق، مۇھەببەت، سېغىنىش، ئاگاھلاندۇرۇش، ئىلتىجا ئاھاڭى بىلەن تولغان بۇ كۈچلۈك ئاۋاز بۇرۇنقىدەك ئەكس سادا قايتۇرمىدى.

«ئاھ تاغلار، بۇرغا ئاۋازىنى يەپ كەتتىڭمۇ؟ ئاھ قۇملۇق-لۇقلار، ئاۋازىمنى ئاچكۆز دانىچىلىرىڭ ئارىسىغا يوشۇردۇڭمۇ؟ قېنى مېنىڭ ئىلتىجايىم، قېنى مېنىڭ كۈتكەن ئەكس سادايىم، قېنى مېنىڭ قېرىنداشلىرىم؟!»

شاتۇردەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، توغراقلىقنى چالا قويماي قى-دىرىپ چىققانلار سالپايغان ھالدا قايتىپ كېلىشتى-دە، ئۈمىدسىز خەۋەر يەتكۈزدى:

— كۈنپېتىش تەرەپنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتۇق، ئادەم يوق!

— ئۇ تەرەپتە ئات تۇيىقىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، بۇ قانداق ئىشتۇ!

— ھە، ئات ئىزى؟

سۇپۇرگەئاخۇن ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى. بۇ توغ-راقلىققا ئەقەللىسى ئىككى يىلدىن بۇيان ئات-ئېشەك كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقمىغىنىنى ئۇبدان بىلىدىغان جامالىدىن بوۋاي تېخىمۇ
ھەيران بولدى.

ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان بوشلۇقتىمۇ قومۇش تۆۋىگە خۇددى
تامغىدەك بېسىلغان ئات ئىزىنى ناھايىتى تېزلىكتە بايقاپ
قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك - تۇمەن قىياسلار ئارىسىدا بىر
قىياس باش كۆتۇردى. كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشمۇ قىيىن بولغان
بۇ قىياس بىر ئۆرۈلۈپلا ھەقىقەتكە ئايلاندى.

سۇپۇرگەئاخۇن غايىبىتىن كەلگەن بىر قول
جىگەر باغرىنى بىر قامال بىلەن سۇغۇرۇۋالغاندەكلا ئازابلاندى.
بوشلۇقنىڭ بىر تەرىپىدىكى دوڭغاق توغراقنىڭ كامىرىغا يوشۇ-
رۇپ قويغان مىلتىقىنى ئېلىپ، ئۆشىنىسىگە سالدى - دە، چىرىدىيە
يولىغا قاراپ ئاتلانغان قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ، مەردانە
قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## 35. ئەلچىگە «ئۆلۈم»

خوتەن دوتەي يامۇلىنىڭ جازا قوشۇنى ۋە يۇرتىغا قايتىپ
كېلىۋاتقان مۇساپىرلار 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۇش مەزگىلى
بىلەن چىرىدىيە بوستانلىقىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان
باشلەڭگەر بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. قارشى تەرەپتىن
راۋۇرۇس كېيىنگەن ئالتە دورغىنىڭ قورشاۋىدا، نالە - پەرياد قىلى-
غاندەك غىچىرلاپ چىقىپ كەلگەن مەھبۇس ھارۋىسى نەچچە
ئون جۈپ كۆزلەرنىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغۇچى بىر
ئالامەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇرلۇك
باش سەركەردىنىڭ سورىقىغا دۇچ كەلدى:

— بۇ مەھبۇس كىم، قەيەرگە ئەكېتىۋاتىسىلەر؟

ئېھتىمال دورغا بېشى بولسا كېرەك، قىزىل يۈز، گەۋدىلىك، سېرىق ساقاللىق بىرەيلەن ئات ئۈستىدە سالاپىتىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك گېدىيىپ ئولتۇرغان باش سەركەردىگە مەنسىتمىگەن نەزەر بىلەن قاراپ قويدى-دە، كۆزىنى ھەييارلارچە قىسىپ تۇرۇپ:

— مەھبۇسنىڭ كىملىكى بىلەن قىلچە چاتىقىمىز يوق، لېكىن، كىمىكى ئاقپاششا پۇقراسىغا قارا سانايدىكەن، كۆرەر كۈنى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! — دېدى.

— قايسىبىر ھۆكۈمرانىنىڭ پەرمانى بىلەن كېتىۋاتىسىلەر؟

— بۇ تەرەپلەردە سېيىت ھاجىدىن قۇدرەتلىكرەك يەنە بىر ھۆكۈمرانى بىلمەيمىز.

— سېيىت ھاجى؟!...

دورغا بېشى سېيىت ھاجىنىڭ نامىنى قايتا-قايتا تەكرارلاۋاتقان سەركەردىگە قاراپ كۆرەڭلىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، مۈرىسىنى ئويىنىتىپ قويدى-دە، قول ئاستىدىكىلەرگە قوزغىلىشقا ئىشارەت قىلدى.

«دورغىسى مۇنداق بولسا، خوجىسى قانداقتۇر» دېگەن سوئال بىلەن تېنى جۇغۇلدىغان سەركەردە دورغىلارنىڭ ئۆشنىسىدىكى ئىتتىكلىرى ھېلىلا زاۋۇتتىن چىققاندەك يالتىراپ تۇرغان يېپيېڭى بەشئاتار مىلتىقلارغا سىنچىلاپ قارىغىنىدا، ئېغىۋاتقان يۈرىكىدىن قوزغالغان تىترەك يوغان قامىتىنى «زىر» قىلىپلا سىلكىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھوي، بۇ ھېلىقى پوچى بازار بېگى ئەمەسمۇ؟

سەپنىڭ كەينىدە تۇرۇپ يۇرت تەرەپتىن كەلگەنلەر بىلەن باش سەركەردىنىڭ نېمىدۇ دېيىشىۋاتقانلىقىغا قىزىقسىنغان پۇقرالار بىردىن-ئىككىدىن بولۇپ سەپ ئالدىغا سۈرۈلدى. سۈپۈرگەئاخۇن مەھبۇس ھارۋىسىنىڭ ئېگىز قەپىسىدە پۇتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زەنجىرلەنگەن، بويىنى تاقاقلانغان قىياپەتتە ئۆرە تۇرغان نادىرخاننى ئالدى بىلەن تونۇۋالدى. باش-كۆزى خىيىردەك ئىششىپ كەتكەن نادىرخان ئۆز ۋاقتىدا كونا جۇۋا مەيدانىدا بۇقىدەك ھۆركىرىگەن مەغرۇر نادىرخانغا زادىلا ئوخشىمايتتى. سېپىق قوناقتەك قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئۆزىگە قوللىرىنى چىنەۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ توختىماي ھىجىيىياتتى. نىجاسەتكە چاپلىشىپ سالغاندەك مەينەتلىشىپ كەتكەن بارماقلىرىدىن تاياق ئۇشتىقاندەك قاس چىقىرىپ تۇرۇپ، قانداقتۇ بىر ئاھاڭغا غىڭشىيتتى. تۇرۇپلا يالاڭ بېشىنى ئىغاڭلىتىپ، بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك كەينىگە تاشلايتتى-دە، قاسساپنىڭ قولىدا پۇتى چۈشەلگەن ئۆچكىدەك جارقىراپ، ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. تۇرۇپلا ھەزىلكەش ئادەمدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ!

— خوپ بوپتۇ، كۆرىدىغىنى شۇ ئىدى بۇ بەچچىغەرنىڭ!

— ئىشقىلىپ ئىت بىلەن ئىت تالاشقان گەپ، — دەپ جاۋاب بەردى سوپۇرگەئاخۇن كىمنىڭدۇ: «ئۇ نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدى؟» دېگەن سوئالىغا، — ئۆز ۋاقتىدا ئاقپاششا پۇقراسى مەن دەپ جاھانغا پاتماي كەتكەن، ئەمدى شۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ باقسۇن!

دورغا بېشى كۈتۈلمىگەندە بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ، باش سەركەردىگە مەھبۇس ھارۋىسىغا ئولىشىۋالغان پۇقرالارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟ ھازىرلا يولنى بوشاتمايدىغان بولساڭلار...، — دېدى، يۈگلۈك قولىنى سىلكىپ.

باش سەركەردە دورغىلارنىڭ قولىدىكى مىلتىققا يەنە «يالت» قىلىپ كۆز يۈگۈرتىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا يۈزلىنىپ:

— كىمكى مەھبۇسنى بۇلىماقچى بولىدىكەن دەرھال ئېتىپ تاشلايمەن، يولنى بىكارلاڭلار! —دېدى زەردە بىلەن.

سۈپۈرگەئاخۇن پۇقرالارنىڭ نىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئورۇنسىز ئەندىشە قىلىۋاتقان سەركەردىنى: «ئۇ بۇلىغىلى تېپىلماسنىڭ خۇرمىسىمكەن» دەپ چېقىۋالماقچى بولدىيۇ، بىر ئېغىز گېپىنى ئاياپ قالدى. لېكىن توپ ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

مەھبۇس بەند قىلىنغان كۆتەك ھارۋا نەشە ئۈتكۈزۈۋەتكەندەك جىمىپ قالغان بازار بېگىنى ئېلىپ، قۇلاق مېيىنى يەپ كەتكۈدەك غىچىرلىغىنىچە چۆل يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سەركەردە ئۇزاپ كېتىۋاتقان دورغىلارنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، چېرىكلەرگە دىققەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئارقىدىنلا ۋەقەنى قان تۆكمەي بىتەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى، ئەلچى قايتىپ كېلىپ، نەتىجىنى مەلۇم قىلغۇچە ھېچكىمنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، قارشى تەرەپكە بېسىم پەيدا قىلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالدىن نىشانلانغان قەددى-قامەتلىك، سۆلىتى زىيادە ئىككى ئەلچى چېرىك سېيىت ھاجىغا يوللىنىدىغان مەكتۇپنى ئېلىپ، تىزگىنى سىيرىپ تۇرغان ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ، مەغرۇر قىياپەت بىلەن كەنت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

سېيىت ھاجىنىڭ يېنىدىن يېڭىغا قوپۇپ، ئويلىمىغان يەردىن تۇمانلىشىشقا باشلىغان ئۈمىد ئاسمىنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ يەنە بىر قېتىم كۈلۈپ بېقىشى بىلەن بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. تاۋاقتا تەييار بولۇپ قالغان ئېشىغا قوشۇق تەڭلىگەن ئابدۇراخمانمۇ، جېنىغا تىكلىنىپ كەلگەن نادىرخان بايۋەچچىمۇ پەم

بىلەن ئېتىلغان بىر چالمىدا يىقىلغان ئىككى پاختەك مىسالى ئارىدىن كۆتۈرۈلدى. خوجىسىنىڭ بۇ تەرىقە قىسمەتكە قورۇل بولۇشى بىلەن يېڭى يۆلەنچۈككە ھاجىتى چۈشكەن قورالىق يىگىتلەر خۇددى بىراقلا سىيرىلغان تەسۋى مارجىنىدەك، تۇرغان-پۈتكىنى بويىچە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. «ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىراپتۇ» دېگەندەك، تۇغقىنىنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ قالغان ئابلىزقارى تېخىمۇ يۇمشاپ، جەمەتى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلدى... بۇ ئامەتلەردىن كۆڭلى سۆيۈنگەن سېيىت ھاجى ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى. بېشىغا قونغان ئامەت قۇشىنىڭ ئەبەدىي ئۇچۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولغاندەك كېرىلىپ كەتتى.

ئۇ نادىرخان بايۋەچچە ياتقان ھەپسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قارچىغىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن تۈلكىنىڭ جان ئاچچىقىدا ئازابلانغىنىدەك رەللە بولۇشىدىن قانغۇدەك مەززە قىلىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ، تەۋەررۇك تەسۋىنى قولىغا ئالدى ۋە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى. تەسۋى مارجانلىرى لۆمشىدەۋاتقان يۆگىمەچ قۇرتىدەك مىدىرلاۋاتقان بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۇن نەچچە مەرتەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئىگىسىنىڭ بوسۇغىسىغا بېشىنى قويۇپ ياتىدىغان سادىق ئىتتەك ياۋاشلاپ قالغان ھاپىز مەخسۇمنىڭ زىممىسىگە ئەتىكى زىياپەتكە باغاق تارقىتىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بىلەن يېتىپ كەلگەن مېھمانلار قەسىر ئالدىدا تىترىشىپ تۇرۇپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن شور پېشانە نادىرخان بايۋەچچىنىڭ مەھبۇس ھارۋىسىغا بەند قىلىنىپ، قانداق ئاقىۋەتلەرگە مەھكۇم قىلىنىدىغىنىنى ئۆز

كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆمۈرۋايەت خاتىرىسىدىن چىقمىغۇدەك ئىبرەت ئېلىشتى. ھارۋا تاختا كۆۋرۈكتىن بۇرۇلغاندىلا ئاندىن تەكلىپ بويىچە مېھمانخانىغا كىرىپ، داستىخانغا ئولتۇردى.

قاق ناشتىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مەنزىرىگە داخىل بولۇپ قالغىنى، ئۈچۈنمۇ ياكى تۈنۈگۈنلا ئۆز سېپىدە ئويناپ كۈلۈپ يۈرگەن، بۈگۈن بولسا قەپەستىكى مەھبۇسقا ئايلانغان بايۋەچچىنىڭ ساراڭلارچە كۈلۈشلىرى، يۈرەكنى جىغىلدىتىۋېتىدىغان تەلەتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدىمۇ، ئىشقىلىپ، مېھمانلار خېلىغىچە ھور ئۆرلەپ تۇرغان قايماق چايغىمۇ، نازۇنېمەتلەرگىمۇ قول ئۇزاتماي ئولتۇرۇپ قېلىشتى. «جۇۋۇلدىقنى ئۇراي، جۇۋۇپچىغا توركەتسۇن» دېگەندەك، مېھمانلىرىنى نادىرخاندىن ئىبارەت سۆزلۈك ئەينەكتىن ئۆز تەقدىرىنى قانغۇچە كۆرۈۋالسۇن دەپ ئەتەي ئۆزىنى چەتكە ئالغان سېيىت ھاجى مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىپ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، ئۇقمىغاندەك ئوچۇق چىراي تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىغاندىلا سورۇن كەيپىياتى ئاستا-ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى.

— كىچىككىنە زۆرۈرىيەت بىلەن قوللىرىغا ئۆزۈم سۇ بېرەلمىدىم مېھمانلىرىم، شۇنداق بولسىمۇ داستىخانغا مەرھەمەت قىلىشسىلا، — دەيتتى سېيىت ھاجى ھەر بىر كىشىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ گەپدانلىق قىلىپ، — ھەرقايسىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇش پېقىرغا كۈندە نېسىپ بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا بەكمۇ خۇش بولۇۋاتىمەن!

ئابلىزقارى پەگاھدا تۇرۇپلا بۇيرۇتما تاپشۇرۇۋېلىپ، مۈكىدەك يۈرۈشۈۋاتقان خىزمەتكارلارغا غىزا تەرتىپىنى ئەسلىتىپ، قەدەمدە بىر ئاگاھلاندۇراتتى. بەزىدە ئىشىك تېشىغا چىقىۋېلىپ، لېگەنلەردە ئەكىرىلىۋاتقان مېۋە-چېۋىلەرنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوتقاشتەك قىزىرىپ پىشقان توغاچلارنى، ياڭاق مېغىزىدەك سېرىق كاكچىلارنى ئۆز قولى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ تىزاتتى. ياماق كىيىم كىيگەنلەرنىڭ قولىدىكى لېگەن-تەخسىلەرنى تارتىۋېلىپ، ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىسىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن جاپپار مولىغا تۇتقۇزاتتى. تۈرۈپلا مېھمانخانىغا كىرىپ تاتلىق گەپلىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىماقچى بولۇۋاتقان سېيىت ھاجىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى خۇددى شاتۇتىدەك تەكرارلاپ، مېھمانلارنى داستىخانغا ئىلتىپات قىلىشقا ئۈندەيتتى.

گۈلى گۈلىگە كەلتۈرۈپ تىزىلغان نازۇنېمەتلەر داستىخاننى شۇنچە باي قىلىۋەتكەن ئىدىكى، سۆڭەك-سۆڭەكلىرىدىن ئاجراپ پىشقان سېمىز پاقلان گۆشى، تۇخۇم ئېقى ۋە دورا-دەرمانلار بىلەن شىرە بېرىلگەن قىپقىزىل تونۇر كاۋىپى، يىڭناغۇچنىڭ قانىتىدەك نېپىز توغرالغان پىيازلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پېتىر مانتا، ياغلىرى تەپچىرەپ چىققان گۆش گىردە مەززىلىك پۇراقلىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ دىمىقىنى غىدىقلاپ، ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. مېھمانلار بىر-بىرىگە خوش ئېيتىشىنمۇ ئۇنتۇپ بىر پارچىدىن گۆشنى قولغا ئېلىشقاندا، باياقى كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشتىن پەيدا بولغان غەشلىكمۇ پاك-پاكىز ئەستىن كۆتۈرۈلدى. «غىزا يېۋاتقاندا گەپ قىلغان يامان» دېگەن ئەقىدىگە ئېتىقادى كۈچلۈكمۇ ياكى ئۆزىدىن ئۆزگە بارلىق ئادەم ئۇنتۇلدىمۇ، ئىشقىلىپ ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. يالڭاياق سۇ كەچكەندە چىقىدىغان غەلىتە شەپىلا زىياپەت تەرتىپىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، مېھمانخانىنى بىر ئالغانىدى.

دۇنيادا تولمايدىغان ئورا، تويمايدىغان قورساق بولمىسا

كېرەك، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئالسىلا، باقسىلا» دەيدىغان تەكەللۇپلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھېلىلا ھاممامدىن چىققاندەك تەرلەپ، قىزىرىپ كەتكەن مېھمانلار نەشىكەش خورەك تارتقاندەك كىكىرىشىپ، تامغا يۆلىنىشتى. ئابلىز-قارىنىڭ ئىشارىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىككى-ئۈچ مالاي قورۇسقىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قۇمساز توپىدا ئەتكەن لايىدەك بوشىشىپ كەتكەن مېھمانلارنى نوغۇچقا ئارتىلغان داستىخان بىلەن يەلپۈشكە باشلىدى. تائامنى يەپ بولۇپ، كالامنى كۈتمەيلا ئۇيقۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلارغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكى كېلىۋاتقان سېيىت ھاجى كۈچەپ تۇرۇپ بىرنى يۆتىلىۋىدى، تام بويلاپ سۇۋارىسىغا قىڭغايغانلار قۇلاق تۈۋىدە زەمبىرەك ئېتىلغاندەكلا چۆچۈپ، ئەسنەشكەن پېتى ئۆرە بولدى. سېيىت ھاجى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ:

— پۇقرالىرىمىزنىڭ كاتتىلىرىنى ھۇزۇرىمىزغا چىللاشتىن مەقسەت، پېقىرغا كۆرسەتكەن ھىممەتلىرىگە تەشەككۇر بىلدۈرمەك ئۈچۈندۇر. تەشەككۇر بىلەن بىللە، يۇرتىمىزنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشمەكمۇ مەقسەتلىرىمىزنىڭ زۆرۈر مەزمۇنىنىڭ بىرىدۇر، — دېدى، مېھمانلىرىغا ئەدەب بىلەن.

— دۇرۇس ... دۇرۇس، كايىمسىلىمۇ بولاتتى ھاجىم ...

— بۈگۈنكى كۈنگە يەتكەندە ھۆكۈمەتسىز، باشپاناھسىز قالغان بۇ يۇرتقا قويغان مەقسەت كۆچتىمىز ھەربىرلىرىنىڭ پەرۋىش-ياردەملىرى بىلەن يىلتىز تارتىپ، كۆكلەپ، كۆتكەنىمىزدەك مېۋە بەردى. سۈپۈرگە قاتارلىق بىرنەچچىلا نادان بۇ دەرىخىمىزنىڭ سايىسىدىن بەھرە ئېلىشتىن باش تارتىپ قېچىپ كەتكەندىن ئۆزگە، ھەممە پۇقرا ۋە ھەممە ئەھلى مۇسۇلمان بۇ دەرەخ سايىسىدىن ھۇزۇرلانماقتىدۇر. مەزكۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرەخكە خىرىس قىلغۇچى تىكەنلەرمۇ يۇلۇپ تاشلانغانلىقى كۆزى بارلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى، قۇلىقى بارلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. شۇ كەمدە كەرەملىك ئاللا بىزگە شۇنداق بىر پۇرسەت ئاتا قىلدىكى، ھەرقايسىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى، ئىختىيارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر مەكتۇپ تەييارلاپ، خاقانى چىن ئىستىلاسىدىن باش تارتىپ، ئاقپاششاغا مەنەن ۋە جىسمانەن تەۋەلىك بىلدۈرۈش تولا زۆرۈردۇر. پېقىر ئىشىنىدۇكى، ئاقپاششا پۇقراسى بولۇپ ئامەت كۆرگەن ئاقىل مېھمانلىرىمىز ئۆزىنىڭ پايدىسىغا تەييارلانغان بۇ ھۆججەتكە مۇبارەك بارماقلىرىنى بېسىشتىن باش تارتماس...

— ھېلىغۇ قەغەزگە شۇنداقلا قول باسىدىغان يېنىك خىزمەت ئىكەن، بۇنىڭدىن مۈشكۈلراق خىزمەت بۇيرۇلسىمۇ جېنىمىز تەسەددۇق! — بىلەكلىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ، بىگىز قولىنى يېڭىتەك رۇسلاپ تەييار بولغان ئابلىزقارى ئالدى بىلەن پەرمانبەردارلىق كۆرسەتمەككە ھازىرلىنىپ دېدى.

كىمدۇ بىرى بۇرنىدا ئارام بەرمەيۋاتقان روچىۋىنى ئالقىنى بىلەن قوروپ تۇرۇپ:

— شۇنچىلىكلا خىزمەت ئىكەنغۇ، تېخى قولۇمدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇمىدىكىن دەپتىمەن! — دېدى جۆيلۈۋاتقاندەكلا ئېڭىراپ، كۆزىنى ئاچماي ئولتۇرۇپ.

— نەچچە يەرگە قول قويىمىز ھاجىم؟

— پەقەت بىرلا يەرگە، شۇنداقلا...

— ئاسان گەپقۇ بۇ، يۈز يەرگە دېسىلىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا...

مېھمانلارنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنگەن سېيىت ھاجى قولىنى يەنە بىر شىلتىۋىدى، ھاپىز مەخسۇم قەغەز قويۇلغان پەتنۇسنى شۇ ھامان مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلدى.

— مەكتۇپنى ھەرقايسىلىرى بىر ئوقۇپ كۆرۈشەمدىلا؟

— ياقەي، خۇدا بىزنى قارىتۇرۇك قىلىپ ياراتقانىكەن ...

شۇ ئەسنادا مېھمانخانا ئىشىكى قاتتىق ئېتىلدى. ئىشىكنى كەينىچە دەملەپ تۇرغان خاتىپ بازار بېگى تىك موللاق چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— ھاجىم ... ھاجىم، چا ... چا ... چاتاق چىقتى، — دېدى مىلتىقنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان دەرۋازىۋەن دورغا تىلىنى ئۇسساپ كەتكەن ئىتنىڭ تىلىدەك بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ.

— قانداق چاتاق چىقتى، دەججال قوپۇپتىمۇ، توپان بالاسى كەپتىمۇ؟

— يوقسۇ ھاجىم، خاقانى چىننىڭ ئىككى چېرىكى كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغان دەستەك بار دەپ دەرۋازا تۈۋىدە بېزىرىپ تۇرۇۋالدى!

— ھاھ ... ھاھ ... ھاھ قارا سەن توخۇ يۈرەكنى، ئىشتىنىڭغىمۇ سىيىۋەتمىگەنسەن؟

— يوقسۇ ... يوقسۇ ...

— ھە، دەپ باقە، چېرىكلەر كاپىرمىكەن ياكى مۇسۇلمانمۇ؟

— كاپىرئىكەن، كاپىرئىكەن، كاپىر بولغاندىمۇ ئەسكىسى ئوخشايدۇ.

— كۆتىگە تۆتنى تېپىپ ھەيدىۋەت ئۇلارنى، ئىشى بولسا ئەتە كەلسۇن، — دېدى سېپىت ھاجى دورغىنى ئالدىرىتىپ.

— باش ئۈستىگە!

ئىككى ئاردا تەڭلىكتە قالغان دورغا ئىشىك تېشىغا چىقىپلا يەنە قايتىپ كىردى-دە، تاپان چېلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— ئۇلار كىردى ھاجىم، ئۇلار كىرىۋاتىدۇ...

مۈگدەۋاتقانلار ئۇيقۇسىنى ئىچىپ بۇرجەككە قىسىلىپ، مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك تۈگۈلۈۋالغانلار ئىشىككە توغرىلىنىپ بولغۇچە قىياپىتى قاتمال ئىككى چېرىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى-دە، ئاياغلىرىنى جۈپلەپ تىك تۇرۇپ كىمنىڭ سېيىت ھاجى ئىكەنلىكىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، قىزىل خەتلىك يوغان لىپاپىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۈلگۈ-رەلمىگەن سېيىت ھاجى ئەلچى چېرىكلەرنىڭ تۇرقىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— كاپىرنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، ئىمانىمنى بۇلغىمايمەن، ئوقۇ! — دېدى ۋە لىپاپىنى قولىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان چوغنى تاشلىۋەتكەندەك، چېرىكلەرگە تاشلاپ بەردى.

«قەشقەر ئىمتەيىنىڭ يارلىقى ۋە ئەلچى دوتىيى تاڭ دارېننىڭ پەرمانى بىلەن چىرىيە كەنتىگە چېرىك باشلاپ كەلمىش باش سەركەردىنىڭ مۇبارەك نامىدىن ئاگاھلاندۇرۇ-مەنكى، — ئېگىز بويلۇق چېرىكنىڭ بىرى لىپاپىنى ئېلىپلا مەك-تۇپنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى، — يات مەملىكەتتىن كېلىپ، چىرىيە كەنتىدە ۋەقە تۇغدۇرۇپ، خاقان پۇقراسىنى ئىتائەتتىن چىقارغان ئاقساقال سېيىت ھاجى ھازىردىن باش-لاپ 12 سائەت ئىچىدە دەرھال...»

— جۆيلۈمە!

سېيىت ھاجىنىڭ بويۇن تومۇرلىرىنى گۈررۈچ تىققان ھېسسىپتەك كۆپتۈرۈپ ۋارقىرىشى بىلەن چېرىكمۇ يارلىقنى ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. مۈگدەپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلارمۇ بىردىنلا سەگەكلەشتى.

— مۇنۇ قارا كاپىرنىڭ ساقلىنى قىرقىپ، ئاتلىرىنىڭ

قويرۇقىنى كېسىپ، كۆتىگە يانتاق قىستۇرۇپ ھەيدەپ چىقىرىڭلار!

سېيىت ھاجىنىڭ ئاۋازى بېسىقمايلا دۈپۈرلىشىپ كەلگەن بىر توپ قوراللىق دورغا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان چېرىكلەرنى مەھكەم قاپسىدى-دە، تارتقۇشلاپ، ئىتتىرىپ ئاچىقىپ كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۇتقامىش ھاپىز مەخسۇم كىرىپ كەلدى:

— بولمىدى، ھاجىم بولمىدى، دوتەي يامۇلدىن كەلگەن لەك-لەك چېرىكلەر توپپا مەھەللىسىدىكى باشلەڭگەردە سەپ-سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىپتۇمىش، سېپىل سوقۇۋاتقان نادان پۇقرالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قېچىپ كېتىپتۇ!

— شۇنداقمۇ ھىم، بۇنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار؟!

چىرايى ئۆڭۈپ سۈت قەغىزىدەك ئاتىرىپ كەتكەن سېيىت ھاجى ئۆزىنى ئانچە تەمكىن تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مېھمانخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا مېھمانلىرىنىڭ كۆزىچىلا تاشلانغان بۇ بومبىنى پارتلاشتىن توسۇپ قالالمىدى. زامان ئاخىر بولغاندەك ئۆردتۆپىمە بولۇشۇپ، تونلىرىنى ئوڭ-تەتۈر كىيىشىپ، قامچىسىنى ئىزلەشكە باشلىغان مېھمانلار سېيىت ھاجىنىڭ سوغۇق كۆلكىسىگە دۈچ كەلدى:

— ئەزىز مېھمانلىرىم، ياخشى كۈنلەردە بىللە بولۇپ، يامان كۈنلەردە ئايرىلامدۇق؟ — دېدى ئۇ تەلەتى بىر قىسىملا بولۇپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرمۇ-بىر تىكىلىپ، — ئەمدى قايتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشمىسىلا، چېرىكلەرگە خەۋەر قىلىپ قويۇپ، ئەمدى پېقىرنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇشامدىسىلا؟ يوقسۇ، يوقسۇ! — ئۇ ئارقىدىنلا ھاپىزغا بۇرۇلدى، — مۇنۇ مۆھتەرەم مېھمانلىرىمغا بىردىن نەيزە، بىردىن قىلىچ

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈلسۇن!

سېيىت ھاجى 12 - ئاينىڭ سوغۇقىدا يالىڭاچ قالغاندەك لاغىلداپ تىترەۋاتقان مېھمانلار بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان پەيتتە ئابلىزقارى غىپپىدىلا قىلىپ تاشقىرىغا چىقىۋالدى-دە، جاپپار موللىنى باراڭ ئاستىغا چاقىردۇۋېلىپ:

— چېرىكلەر يەنە كەپتۇمىش، ھېلىقى ئەلەم بىلەن پەرجە تەيياردۇ؟ — دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

— تەييار ھاجىم، تەقىيەمۇ تەييار...

نەچچە كۈندىن بېرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، توپا مەھەللىسى تەرەپكە بارلىق سەزگۈسى بىلەن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەتقاسىم سېپىلغا لاي تاشلاۋېتىپ، سۇس بۇرغا ئاۋازىنى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلاپ قالدى-دە، نىجات قۇياشى تۇغقاندەك ۋارقىرىۋەتتى:

— قېرىنداشلىرىم، ئاڭلاۋاتامسىلەر، نۇرەك باخشى بۇرغا چېلىۋاتىدۇ!

بۇ ئۆزى ئىشەنگەن لەنتى رەسۇل ئالدانغان پوقرالارنى سېپىل ھاشارىغا تۇتۇپ بېرىپ قەسرىگە كىرىۋالغاندىن بېرى، ئانىسىنى كۆرەلمىگىنىنىڭ ئۈستىگە، تاپا-تەنە مالامەتلەردىن قورقۇپ، ئۆچەككە چۈشكەن قورتتەك تولغۇلۇۋاتقان يىگىتنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېغىز ئېچىشى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، پوقرالار كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى تاشلىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ھاپىز زىياپەت بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتە توپا مەھەللىسى بوسۇغىسىدا تۇرغان يۇرتداشلىرى ئالدىغا قېچىپ كېلىشتى. ئۇلار بەشتوغراقتا ئايرىلىشقاندىن بېرى بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلىشىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي كۆز يېشى قىلىشىۋاتقاندا، ئەلچى چېرىكلەرمۇ قايتىپ كەلدى.

بۇ چېرىكلەرنىڭ دورا-دەرمان سۈركەپ، تاراپ-تىرمىلاپ پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرگەن كەكە ساقىلى تۈنجى ئۇرام كۆدىدەك چۇرتلا قىرقىپ تاشلانغانىدى. ئاستىدىكى قاراشەھەر نەسلىدىن بولغان جەدە ئاتلىرىنىڭ كۆمۈرچەككە يەتكۈزۈپ كېسىۋېتىلگەن قۇيرۇقىمۇ كۆككۈيۈن ئارام بەرمەيۋاتقان چاتىرىقىغا قىسقىلىق تۇراتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — پىيازلىقتىكى قارانچۇقتەك سالپايغان ھالدا كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئەلچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى قىياس قىلىپ يەتكەن باش سەركەردە سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ سورىدى، — سېيىت ھاجى دەستەككە پىسەنت قىلماپتۇ-دە. ئۇنداقتا...

— پىسەنت قىلمىسىغۇ مەيلىدى، ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى، بىز ئۇچرىغان ھاقارەتمۇ ئۆلۈمدىن كەم ئەمەس.

— ئۇ يەردە يەنە نېمىلەرنى كۆردۈڭلار؟

— قەسىر ئەتراپىغا سېلىنغان ئېگىز ھەم قېلىن سېپىلنى، سېپىل ئۈستىدە بەشئاتار مىلتىقلارنى تۇتۇپ تۇرغان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۇق. يۇرت كاتتىلىرىمۇ بىزگە ئالدى بىلەن قول سېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قاپتۇمىز.

— ھىم...

باش سەركەردە كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا قاقىرامدا قاقلىنىپ ئولتۇرغان چېرىكلەرنى دىققەتكە چاقىردى-دە، كوماندا بەردى:

— ئارتقا بۇرۇل!

«ئارتقا بۇرۇل» دېگەن كوماندىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان شىۋۈڭ گاۋشىڭ سۈپۈرگە ئاخۇن بىلەن سېلىشىۋاتقان پارىڭىنى توختىتىپ-دە، يۈگۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ باش سەركەردىنىڭ ئېتىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ، تۇرۇپ سوردى:

— سەركەردە جانابلىرى، نېمىشقا ئارقىغا بۇرۇلىمىز؟

— بۇ توغرىدا تاڭ دوتەيدىن پېقىرغا شەخسەن ھوقۇق بېرىلگەن، ئىككى مەملىكەتنىڭ خارجى مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان بۇ چوڭ ئىشتا ئېھتىياتچان ۋە سەگەك بولۇشۇمنى جېكىلىگەن!

— ئۇنداقتا سېيىت ھاجىنى جازالاش توغرىسىدىكى پەرمانچۇ؟

سەركەردىنىڭ ئۈچ كۆڭلۈك ئاپتاپتا تېزدىنلا قارىداپ، قارا-قىرىغا ئوخشاپ قالغان يۈزىگە مەسخىرە كۈلكىسى ئۇلاشتى، ئۇ شىيۇڭ گاۋشىڭغا:

— جانابلىرى ئاقىل سەركەردە سۈن زىنىڭ ھەربىي دەستۇرىنى① ئوقۇمىغان بولسىلا كېرەك، ھەربىي ئادەم كۆز ئالدىدىكى تالا-پەتكە ھەرگىز ئۆزىنى ئۇرمايدۇ. دۈشمەن ئاجىز بولسا، ھۇجۇمغا ئۆتمەك كېرەك، قاچسا قوغلىماق كېرەك. ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش زۆرۈركى، دۈشمەن ئۆزىدىن كۈچلۈك بولسا، 36 تەدبىر② ئىچىدىكى پەشىنى قېقىپ كېتىش يولىنى تۇتماق لازىمدۇر... — دېدى، تىلىنى چاپىناپ.

---

① سۈن زى — يەنى سۈن ۋۇ، چۈنچيۇ دەۋرىدىكى مەشھۇر ھەربىي ئالىم، چى بەگلىكىدىن. ئۇ 13 بابلىق «ھەربىي دەستۇر» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ ۋۇۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە ۋۇۋاڭ تەرىپىدىن سەركەردىلىككە تەيىنلەنگەن، ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ چۇ بەگلىكىنى تارمار كەلتۈرگەن. ئۇ «ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ھەممە جەڭدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ستراتېگىيىلىك ۋە تاكتىكىلىق جەڭ مىزانىنى ئىلگىرى سۈرگەن. «سۈن زى ھەربىي دەستۇرى» دېگەن كىتاب جۇڭگونىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مۇنەۋۋەر ھەربىي دەستۇرى.

② 36 تەدبىر ئىچىدە پەشىنى قېقىپ كېتىش ھەممىدىن ئەلا — بۇ بىر تەمسىل بولۇپ، بۇ تەمسىل ئەڭ دەسلەپ «جەنۇبىي چى بەگلىكى دەستۇرى، ۋاڭ جىڭزې تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا ئىشلىتىلگەن. كۈچلۈك دۈشمەنگە يولۇققاندا ياكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ تاقابىل تۇرۇشقا چارىسىز قالغاندا پەشىنى قېقىپ كېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

باش سەركەردىنىڭ بىردىنلا بەل قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈمىد يىپى ئۈزۈلگەن پۇقرالار گويا زىندانغا تاشلانغاندەك، غەزەپلىنىۋاتقان شيۇڭ گاۋشىڭنى ئوردىۋېلىشتى، بەزىلەر ئاچچىقىغا پايلىماي يىغلاپ تاشلىدى.

— بۇ توخۇ يۈرەكنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇراتتى، — دېدى سۇپۇرگەئاخۇن ئاغزىنى قويۇۋېتىپ، — بۇ قورقۇنچاقنى ئالۋۇرۇپ ئاۋارە بولمايلى دارېن، ئۆزى مىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىچى ئاغرىمىسا، بىزگە ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمايدىكەن بۇ جاھاندا.

— مەن دېمىدىممۇ، گېپىم راستمىكەن؟ — دەپ تاپا قىلدى جامالىدىن بوۋاي.

سۇپۇرگەئاخۇننىڭ سۆزى ۋە بەشتوغراقتىن ئىلىنىۋالغان نەيزە - قىلىچلارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ جەڭگە چېنىقىتىكەن پۇقرالارنىڭ مەردانە سادالىرى شيۇڭ گاۋشىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى بولغاي، ئۇ «قەدەملەپ مارش» دېگەن كوماندا بىلەن ئىلچى تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىغان چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى - دە، غۇلچىنى كېرىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

— ھەي بۇرادەرلەر، ياردەمچى سەركەردەڭلەر سىلەردىن ئىلتىماس قىلىدۇكى، بۇ بىچارە پۇقرالارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئاياغ ئاستى قىلىنغان زېمىنغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! يۇرتىمىزدە ئازراق بولسىمۇ ھەققانىيەت ئوتى بارلار مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار. سىلەر ئۇچۇن دوتەي ئالدىدا بېشىم بىلەن جاۋاب قىلىمەن!

سەپ ئىچىدىن يەتتە - سەككىز چېرىك ئايرىلىپ چىقتى ۋە شيۇڭ گاۋشىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شيۇڭ گاۋشىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەكەن شەھىرىدىن ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلگەن جۇشۇيتاڭ، ۋېي دېشى دەيدىغان ئىككى چېرىكتىن ئۆزگە، خوتەن دوتەي يامۇلىغا قاراشلىق چېرىكتىن يەنە بەش-ئالتىسى بار ئىدى.

— مانا بۇ قېرىنداشلىرىڭلاردىن ئۆرنەك ئېلىڭلار، يەنە كىم ئادالەت يولىدا جەڭ قىلىدۇ؟ سەنچۇ قېرىنداش؟

شيۇڭ گاۋشىنىڭ ئۆزىگە ئەگەشكەن چېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، ئۆزگىلەرگە چاقىرىق قىلدى ۋە سەپتىن يەنە بىر كىمنىڭ چىقمىغىنىنى كۆرۈپ، يەرگە قاراپ تۇرغان بىر ياش چېرىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ يۇرتى گەنسۇدا، چېرىك بولسام ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانامنى باقارمەن دېۋىدىم، مۇبادا ئۆلۈپ كەتسەم...

— سەنچۇ قېرىنداش؟

— پېقىر ئىچكىرىدىن قېچىپ كەلگەندە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن، ئەمدى ياخشىلىقنى ياندۇرىدىغان چاغ كېلىپ قاپتۇ، مەيلى چىقسام چىقاي! ئۇنداق تۇزكور بولۇپ كەتسەكمۇ بولماس!

باش سەركەردە ئىشنىڭ چاتاققا تارتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قوشۇنغا قوزغىلىش بۇيرۇقىنى بەردى ۋە شيۇڭ گاۋشىڭغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— قېنى كۆرەرمىز؟ — دەپ قويۇپ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا زەردە بىلەن قامچا ئۇردى.

پۇقرالار دىيانەت ۋە ئادالەت يولىدىن باش تارتقان ۋاپاسىز قوشۇننى پۈتمەس-تۈگىمەس نەپرەت تاشقىنلاپ تۇرغان نەزەرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى-دە، ئۆز مەقسەتلىرى ئۈستىدە كېڭەشكە كىرىشىپ كەتتى. ناماز ئەسرنى تامام قىلىپ، ئاللادىن نۇسرەت تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ياكى غازى، ياكى شېھىت بولۇشقا ئىختىيار قىلىپ ئىككى يول بىلەن

قەسىرگە قاراپ ئاتلاندى. سۇپۇرگەئاخۇن بىلەن شىيۇك گاۋ-
شىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ئىلھامبەخىش سادانى پەلەككە
يەتكۈزۈپ توۋلاۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى.

## 36. غەزەپ يالقۇنى

مىلادى 1912-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى.
قەھرلەنگەن پۇقرالارنىڭ بەھەيۋەت تاغلاردىن ئېتىلىپ
كەلگەن كۆكلەم قىيانىدەك يامرىغان غەزەپ ساداسى ئالدىدا
بىر تال رەزگى غازاڭ مىسالى سۇرۇپ-توقاي قىلىنغان كەل-
گۈندىلەر جىنايەتكارانە ئۇۋىسىدا قامىلىپ ياتقىنىغا بىر كېچە-
كۈندۈز بولاي دەپ قالدى. مۇشۇنداق بىر كۈننى تۈت كۆزى
بىلەن كۈتكەن كىشىلەر چىراغ يورۇقىنى كۆرگەن پەرۋانىدەك
ئېتىلىپ كېلىپ، مۇھاسىرىچىلەر قاتارىغا قېتىلدى. چىرىيە پۇق-
رالىرىنىڭ تىغ كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان گۇلاخىما،
دامىكۇ تەرەپلەرنىڭ پىدائىلىرىمۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا توغ-
رىقىغىل مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، قەسىر سېپىلىنىڭ شىمال
تەرىپىنى ئۆزلىرىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى.
يوغان تەۋەككۈلەرنى بېشىغا قوندۇرۇۋاتقان ناۋايلار پۇقرالار
ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرۈپ، يۇرت نومۇسىنى ئاقلاشقا ئۆزىنى
ئاتىغان جەڭچىلەرنىڭ تېنىگە ماغدۇر، بىلىكىگە كۈچ قاتتى.
لەنتى رودۇپايلارنى شىللىسىدىن تۇرۇپ چۇشۇرۇشكە قەسەم
قىلغانلارنىڭ مەردانە نەرىسى تومۇز ئازابىنىڭ تېۋىپلىرى بولغان
راخاپچىلارنىمۇ قەسىر ئەتراپىغا چىللاپ كەلدى، ئۇلار غالىتىس
كىشنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، ھېجىرغا تاشلانغان ناۋاتتەك سۇزۇك
مۇزلارنى شىلدىرلىتىپ ئېرىتىپ، قايسىبىر نەيزىلىك پۇقراغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تەڭلەيتتى ۋە دەيتتى:

— جانىنىڭ راھىتى راخاپ، قانغۇدەك ئىچۋېلىڭلار. ئالۋاستى ئۇۋۇسىنى بۇزغىچە يۈرىكىڭلارغا تەپ، تېنىڭلارغا دەرد يەتمىسۇن!

قىلىچ-نەيزە ياكى ئارا، پالتىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ئارىسىدا چاچلىرى ئاقارغان مومايلارمۇ، بوۋايلارمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تېرىسپ كەلگەن ساپسېرىق قەھرىۋادەك ئۆرۈكلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ:

— ئاغزىڭلارغا بىردىن سېلىۋېلىڭلار، چىرىيىڭلارگە ئۆرۈكتىن باشقىسى بىكار، ئېلىڭلار، ئېلىڭلار، چوڭىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماڭلار، — دېيىشەتتى ۋە نەۋرىلىرى تەييارلىغان تىزىق-تىزىق مېغىزلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى.

بىر-بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىراشلار، قىزىق تاماشانى ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەي، كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىغا پۇتلىشىپ يۈرگەن باللارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى ئاپتاپلىق ھاۋادا لەيلىشىپ يۈرگەن توپا-تۇمانلار بىلەن سىڭىشىپ، ئاسمان گۈمبىزىنىڭ مەركىزىدىن غەرب ئۇپۇقى تەرەپكە سىلجىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۆرلەيتتى.

شىيۇك گاۋشىڭ بىلەن بىللە قەسىر دەرۋازىسىغا قارىمۇ قارشى كېلىدىغان كونا تاملىقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئادەم دېڭىزى بىلەن قورشالغان بۆرە ئۇۋۇسىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشكە پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆز تىكىۋاتقان سۈيپۈرگەئاخۇن ئۇ يەردە تاملىپ ياتقان سەپەر بوۋاينى بىر دەقىقىمۇ يادىدىن چىقارمايتتى. بوۋاينىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغان سۈرەت-سىماسىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئەسەبلىرى بارغانچە جىددىيلىشىپ، ئەندىشىسى بىر بالداق

يۇقىرى ئۆرلەيتتى. قەسىر تەرەپكە تىكىلىپ قارىغانسېرى قېلىن تاملاردىن نەيزىدەك تېشىپ ئۆتكەن نەزەرى قان تامغان قىلىچنى كۆزلىرىدىن يۇتمەس غەزەپ تېشىۋاتقان بوۋاينىڭ بوغۇزىغا تاقاپ، قانداقتۇر بىر قارا دەقىقىنى پايلاپ تۇرغان رەھىمسىز جاللاتقا چۈشكەندەك، نەپىسى بوغۇلۇپ، يۈرىكى تىنىمسىز تېپچەكلەيتتى. قەسىر تەرەپتىن كۆزىنى شۇنداق ئۈزسىلا بوۋاينىڭ قىل بىلەن قىلىچ ئارىسىدا تۇرغان ھايات يىپى ئۈزۈلىدىغاندەك ئەندىشىلىك ھېس ئۇنىڭ پىكرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانىدى.

تۈنۈگۈن ئۇ، بۇرغا نەرسىسى ساداسى ئىچىدە كەنتكە كىرىپ كېلىۋېتىپ، ھەسەن بىلەن ھۇسەننى يېتىلەپ ئالدىغا چىققان چىنارئايىم بىلەن يېرىم يولدىلا ئۇچرىشىپ قالدى. سېغىنغان قەلبلەردىن ئېتىلىپ چىققان مۇھەببەتلىك قاراشلار ئىككى جۈپ ئوتلۇق كۆزلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقتا مەھكەم قۇچاقلاشتى. بىر-بىرىنىڭ دىدارىغا تىكىلگەن كۆزلەرگە خۇشاللىق، ھاياجان يېشى قاپلاشتى...

ئېرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا، گىجەكلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرىغا، ياغاچ سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان يۈزىگە، قان قېچىپ، بېلىق قاسىرىقىدەك يىرىكلىشىپ كەتكەن مەڭزىگە قاراپ يىغىسىنى ئاران بېسىۋاتقان چىنارئايىم:

— بەكلا ياداپ كېتىپتىلا مۇسۇلمان، — دېدى ئىچىنى تارتىپ تۇرۇپ.

— ياراتقان ئىگەمگە مىڭ شۈكرى مەزلۇم، ھېلىھەم ھەرقايسىڭلارنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ دىدارىغا نېسىپ قىلدى، — دېدى سۇپۇرگەئاخۇن چۆل ھاياتىنىڭ، زامان تەشۋىشلىرىنىڭ چىرايىدا قالدۇرغان ئىزلىرىنى رەپىقىسىنىڭ نەزەرىدىن يوشۇرۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىرىشىپ، — خۇدا بۇيرۇسا، بۇنداق مالامەتلىك كۈنلەر ئەمدى ئاخىرلىشار دېيمەن!

چىنارئايىم بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلار توغرىسىدا ئىبرىگە بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. ئۇ بۇرۇندىنلا ئىبرى مەيلى يىنىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەرقانداق ئېغىرچىلىق تارتىسىمۇ قىلچە زارلانمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزگە تاشلانغۇدەك ئاقىرىپ كەتكەن چېكە چاچلىرى، سۇرمە سۈرگەندەك كۆكىرىپ تۇرغان ئاستىن قاپاقلىرىدىكى ئىرماش-چىرماش ئىنچىكە قورۇقلار، سۇمۇرۇۋالغاندەك ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن قوۋۇزلىرى، ئورۇقلاپ تەمبۇر بېشىغا ئوخشاپ قالغان يۈزى، ئامۇتتەك ئۈزدىرىغان ئېڭىكى خۇددى تىلسىز مەلۇماتچىدەك، سۈپۈرگەئاخۇنغا ھەممىنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى. چىنارئايىم ئاشۇ ئالامەتلەرنىڭ جىممىسىنى كۆلكە ئارىسىغا يوشۇرۇپ تۇراتتى.

ھازىرقى پەيتنىڭ مۇڭدىشىدىغان چاغ ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن سۈپۈرگەئاخۇن بۇزۇلۇپ تۇرغان كۆڭلىنى زورىغا تىنچلاندۇردى، نەزەرىنى رەپىقىسىدىن يۇلۇۋېلىپ، قوللىرىغا ئېسىلىپ، ئۆزىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئىككى نارەسىدىنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ سەپەر بوۋايىنى ئاغرىپ تارتىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى.

— بوببام ... بوببام ...

سۈپۈرگەئاخۇن باللارنىڭ ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ، ياش يۈگۈرگەن كۆزلىرىنى چىنارئايىمغا تىكىپ، گەپ قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، تەقەززالىق، تەشۋىش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزىنى ئىتتىكلا رەپىقىسىگە قاداىدى.

چىنارئايىم ئىبرىگە يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ

قويغاندەك، بېشىنى سىلىپ تۇرنىقىنى كولاپ تۇرۇپ، سادىر بولغان ۋەقەنى بېشىدىن يېگىنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا دورغىلارنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆزىنى ياكى بالىلارنى بوۋاي بىلەن كۆرۈشكىلى رۇخسەت قىلمايۋاتقىنىنى ئېيتتى.

— ئى پاختا ئېچىدە چوغنى ساقلىغۇچى كەرەملىك ئاللا، شۇ بىچارە بوۋاينى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ قالساڭ نېمە بولاتتى؟! — دېدى سوپۇرگەئاخۇن ئالقىنىغا بىر مۇشت ئۇرۇپ قويۇپ.

ئۇ، بۇ ھەسرەت-نادامەتنى ئاللاغا ئەمەس، بەلكى «ئىشەنچىگە يارىمىغان» رەپىقىسىگە ئېيتقاندەك، ئۇنىڭغا بىر قاراشلىق رەنجىش، ئاغرىنىش نەزەرىنى تەقدىم قىلدى-دە، يېنىدىن دۈپۈرلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پوقرالار ئارىسىغا قوشۇلۇپ، قەسىر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى...

سوپۇرگەئاخۇن غەزەپ ساداسى بىلەن يەر-ئاسماننى تىترىتىپ، ئۇلۇغ يولغا پاتماي كېلىۋاتقان بۇ شىددەتلىك قىيان ئۇدۇل قەسىر ئۈستىگە باشلانسىلا، ئالۋاستى ئۇۋىسىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۇكۇم-تالقان بولۇپ، يەر يۈزىدىن يوق قىلىنىدىغانلىقىغا زادى شۈبھە قىلمايتتى. لېكىن ئۇ نەزەرىنى يىراققا تاشلىدى، شىۋۇڭ گاۋشىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەپەر بوۋاينى زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قەسىرنى كۈچلۈك قورۇمغا ئېلىپ، سېيىت ھاجىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش قارارىغا كېلىشتى. قادىر تۆمۈرچى، جامالىدىن بوۋاي، مەتقاسىملارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن مەھەللە پوقرالىرىغا باش قىلىپ، ئۈچ تامغا تارقاتتى. ئۆزلىرى بولسا سىرىق مەھەللىسىدىن كەلگەن يۈزچە پوقرا بىلەن دەرۋازا تەرەپنى قورشاۋ ئاستىغا ئالدى.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، بىر كېچىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا يا ئوقىغا باغلاپ قەسىرگە تاشلانغان ئىككى دەۋەتنامىمۇ يەنە قۇمغا سىڭگەن سۇدەك ھېچ نەتىجىسىز يوقالدى. سەپەر بوۋاينىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكى، توغرىسىدىمۇ دېرەك ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئەتلەس-شايىچىلىق ئۇستىخانىسىدا ئىشلىگەنلەردىن بوۋاينىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار «تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئالمان-تالمان يېتىپ كەلگەن ئىككىيلەننىڭ بوۋاينى قەسىرگە ئەكەتكەنلىكىنى كۆرۈۋىدۇق» دېگەندىن ئۆزگە ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى.

كۆپنى كۆرگەن شيۇڭ گاۋ شىگىنىڭ: «بۇ ئۇلارنىڭ سەپەر بوۋاينى گۆرە ئورنىدا تۇتۇپ تۇرماقچى بولغىنى، شۇڭا بوۋاينى ھازىرچە ھېچنېمە قىلمايدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ئەندىشىسى سەل ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەھىمىلىك كۆڭلى يەنە ئارام تاپالمايۋاتاتتى.

ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە: «مۇبادا كۆزۈم مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، بوۋاينى ھېچكىمگە تاك ئېتىپ چەككۈزمەيمەن. مەرھۇم ئابدۇللائاخۇن يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئەبەدىلئەبەد زىممەمگە ئالىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن ئەمەسمىدى؟ يىراق تاغلار ئارىسىدىكى نىشانسىز قەبرىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، باش ئۇستىدىلا ئەگىپ يۈرگەن ئاغىنىسىنىڭ روھى ئەمدىلىكتە دادىسىنى خەۋپ ئىچىدە كۆرۈپ، ئۇنى قەسەمخورلۇقتا، يالغانچىلىقتا، ۋاپاسىزلىقتا ئەيىبلىسىچۇ؟ «ئىنسابىڭغا، ھىمايەڭگە تاپشۇرغان بىچارە دادام قېنى؟» دېگەن كەسكىن سوراققا ئۇ ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ مەھشەرگاھتا ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلىدۇ؟

تۈنۈگۈن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان يۇرتىغا سالامەت قايتىپ كەلگەن جامالىدىن بوۋاي ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يارۇ

بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئارقىدىنلا قەدىناس ئاغىنىسى، بىللە قان تۆككەن سەپدىشى سەپەرنىڭ ۋەھشىي دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يىغلىۋەتكىلى ئاز قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىلا ئەمەس، بەلكى يەر-زېمىنىنىڭ، قۇياشنىڭ، بۇلۇتلارنىڭ، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆزىگە بوۋاينىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلغاندەك تىكىلگەنلىكىنى تۇيمىدىمۇ؟ يۈرىكى تارغاقتا تاتلانغاندەك، جىگىرى يىغىشىدىن ئۈزۈلگەندەك ئازاب ھېس قىلمىدىمۇ؟!

قەيسەر قورشالغىنىغا توپتوغرا بىر كېچە-كۈندۈز بولدى. يالغۇز قېيىق مىسالى تۇرغان قەيسەرنى شىددەتلىك دولقۇنلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالغان قەھرلىك دېڭىزدەك داۋالغۇپ تۇرغان مۇھاسىرىچى يۇقرالار ئۆز جايىدا تۇرۇپ نامازدىگەر نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىغاندىلا دەرۋازا ئۈستىدىكى قوقتىدا بىر قانچە سەللىلىك باش كۆرۈندى. ئارقىدىنلا تالىپلارچە ئىنچىكە ئاۋازدا قىلىنغان قىرائەت ئاۋازى كەلدى. نامازدا تۇرغان يۇقرالارنىڭ ئەڭ نازۇك يېرىگە قىلىنغان بۇ قىرائەت ھۇجۇمى دۈشمەننىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

بۇنداق قىرائەت تەھلىكىسىدىن قىلىنغان ھالۋىسىغا غىدىق-قىتە تويۇپ كەتكەن يۇقرالارنىڭ بەزىسى ئالمان-تالمان قولىقىنى ئېتىۋېلىشتى. بەزىسى قەيسەر تەرەپكە قاراپ دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى. كىمدۇ بىرى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىرلا باشلاپ بېرىدۇدى، تۆت تەرەپتىن تەڭلا ياڭرىغان سادا ئۈزۈلمەي گۈلدۈرلەۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

بىراق، كانىيى ئاغرىپ، نەپىسى ئۈزۈلگۈچە ۋارقىرىغان يۇقرا بەرىبىر بەرداشلىق بېرەلمىدى، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن

سادىنىڭ شالاڭلىشىشىغا ئەگىشىپ، دەرۋازا ئۈستىگە مەجبۇرەن ھەيدەپ چىقىرىلغان بىتەلەي ياش تالىپلارنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بارغانچە كۈچىيىشكە باشلىدى. بىرەر سۈرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا بۇ دۇنيادا كۆرۈۋاتقان قىيامەت ئازابىنى ئۇنتۇپ ۋە قىيامەت قىسمىتىگە تەن بېرىپ، ئۇ دۇنيا قىيامىتىنىڭ ئەندىشىسى بىلەن ئاۋارە بولۇشقا باشلايدىغان بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىرادە قەلئەسى قىرائەت ئاۋازىنىڭ شەكىلسىز، غايىب زەربىسى ئارقىسىدا قىڭغىيىشقا يۈز تۇتتى. قىرائەت قىلىپ تۇرۇپ تەڭلەنگەن ئەجەل قىلىچىغا ئاجايىپ ئىتائەت بىلەن بويىنىنى تۇتۇپ بېرىشكە ئۆگىنىپ كەتكەن بەزى پۇقرالار ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، نەيزىسىنى چۈشۈردى، بەزىلەرنىڭ چويۇن تۆپەك تۆگۈلگەن مۇشتى بوشىشىپ كەتتى. كىملەردۇ ئۆزىنى جەڭ مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى مەسچىتتە تۇرغاندەك ھېس قىلدى بولغاي، ئىرىپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدىنى باسالماي، مىشىلداپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى.

ئۆتكۈر نەزەرى بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان سوپۇرگە ئاخۇن بۇ ھالدىن تولىمۇ غەزەپلەندى. ئۇ: «ئەي سادا خەلقىم، مەن پەخىرلىنىدىغان خەلقىم، دۈشمەننىڭ دوپپىمىزغا سالغان جىگدىسىنى پۇدىمەي ھاپ ئىتىپ كۆرگەن كۈنىمىز ئازمۇ؟ ئىسىت، ئىسىت!» دەپ لەۋلىرىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقىدى-دە، قىلىچىنى شارت قىلىپ قىنىدىن چىقاردى. ئۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە پۇقرا قەلبىدىكى مۇداپىئە سېپىنىڭ تامامەن يىمىرىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى پەملىگەن ۋە ئۆز قوۋمىنىڭ يېغىرى ئىچىلىپ قالغىنىغا شىۋۇڭ گاۋشىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقاندى.

— شىۋۇڭ دارىن، ئەمدى چىداپ تۇرغۇدەك يېرى قالمىدى. قەسىرگە تېگىش قىلايلى، پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن، —

دېدى سۇپۇرگەئاخۇن شيۇڭ گاۋشېڭغا قەتئىي قىلىپ.

سۇپۇرگەئاخۇننىڭ ساقىلىنىڭ تىترەۋاتقىنىغا سەپسېلىپ تۇرغان شيۇڭ گاۋشېڭ ئۇنىڭ بۇنداق تاسادىپىي قارارغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. يۇقىرانىڭ كۈچلۈك ئوت تەپتىگە دۇچ كەلگەن ياغدەك ئېرىپ كېتىۋاتقىنىغا ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەنىدى. بىراق، قورال-ياراغ جەھەتتە ھەسسىلەپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان دۈشمەنگە ئالدىراپ ئېتىلىش سەپەر بوۋايغىمۇ، يۇقىراغىمۇ ياخشى ئاقىۋەت ئەكەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان كىچىككىنە ئۈمىدىنى يەنە بىر قېتىم تەسلىمگە دەۋەت قىلىپ كۆرۈش چارىسىغا باغلىدى-دە:

— خانىنىڭ دورى ئۈچ دەپتىكەن، يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلىپ كۆرەيلى. بۇ قېتىممۇ دەۋەتنى رەت قىلسا، ئاندىن تېگىش قىلساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى سۇپۇرگەئاخۇنغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە.

سۇپۇرگەئاخۇن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ مەسلىھەتنىڭ خېلى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، يېنىدا ئۈچ تەرەپنىڭ باشچىلىرىنى چاقىرتقۇزغاندىن كېيىن:

— بىر تەرەپتىن تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىڭلار، بىر تەرەپتىن جەڭگە ھازىرلىنىڭلار. مۇبادا ئاخىرقى قېتىم يەنە جاھىللىق قىلسا...، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر دەۋەتنامە پۈتۈلۈپ، يا ئوقى بىلەن قەسىرگە تاشلاندى. ئارىلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىياستىن تاشقىرى يەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە يۈز بەردى، بەش غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن بىر غەلىتە ئەلەم دەرۋازا بېشىغا كۆتۈرۈلۈپ، ھارغىنلىق يەتكەن تازقارىنىڭ قانتىدەك لەپىلدىگىلى تۇردى، ئارقىدىنلا قىرائەت ئاۋازى

بېسقىپ، داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇنايلارنىڭ ئۈنى ياڭرىدى. روشەنكى، بۇ، جاھىلانە دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋەتكە قايتۇرغان مۇتتەھەملەرچە جاۋابى ئىدى!

— بەگ دادا، سۈپۈرگەئاخۇن بەگ دادا...

«بەگ دادا؟»

بىر نىمە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىگەن سۈپۈرگەئاخۇن ئىككى پەرزەنتى كۆز يۇمغاندىن بېرى «بەگ دادا» دېگەن يېقىملىق، مۇھەببەتلىك خىتابنى ئاڭلاپ باقمىغىنى ئۈچۈنمىكىن، قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى-دە، شارتتىلا كەينىگە بۇرۇلدى.

— بەگ دادا، بوۋامنى بەك كۆرگۈمىز كەلدى، ئۇنى تاپىلى-يا...

ئۇ، ئۆزىنى تونجى قېتىم «دادا» دەپ ئاتىغان ھەسەن بىلەن ھۈسەننى مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ، يۈز-كۆزىگە نەچچىنى سۆيدى، كىچىك تۇرۇپ ئاتا-ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان كۆڭلى سۇنۇق يېتىملارنىڭ يۈزى ئۇنىڭ ئىسسىق يېشى بىلەن يۇيۇلدى. يۈرىكىدىن تۇغان بۇزۇپ يامرىغان سۇدەك ئېتىلىپ چىققان ئاتىلىق مېھرى باغرىغا مەھكەم چاپلىشىۋالغان نارەسىدىلەرنىڭ دىل جامىغا قۇيۇلدى.

سۈپۈرگەئاخۇن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان باللارغا، ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن چىنارئايىمغا قەسەم بېرىۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ، كۆزىنى سۈرتتى-دە، ئۇيۇق ئۈستىدىن قىيپاش چېپىلىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ھېلىلا ئوتتىن تارتىۋالغاندەك قىزىرىپ كەتكەن قىلىچىنى قەسىر تەرەپكە شىلتىپ تۇرۇپ:

— ئېتىڭلار، چېپىڭلار، ئۇ كونا لاتىنى كۆرەرگە كۆزىمىز يوق!— دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ئۇ شۇنداق دەپ تۈۋلىدى ـ دە، يانچۇقىدا خۇددى جان كىرگەندەك پىلدىرلاپ تۇرغان بۇرغىنى ئېلىپ پۈۋلەشكە باشلىدى.

«دۈت... دۈت... دۈت...»

بۇرغا ئاۋازى ئاسماندىن، يەردىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، ئابدۇللائاخۇننى، نۇرەك باخشىنى، ھىمىت قاشقىنى، چۇلاق مۇئەززىننى پۇقرالارنىڭ يادىغا سالدى. قانلىق قىساس ئوتى غەزەپلىك سادالارنى ئەرشئەلاغا يەتكۈزدى. ئوق ئېتىلىۋاتقان سېپىلغا قاراپ مەردانە كۆكرەك كېرىپ ئېتىلغانلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ، بۇرمىسىمان پىرقىراۋاتقان توپا ـ چاڭ بۇلۇتلار بىلەن قوشۇلۇپ قاندەك قىزارغان قۇياش يۈزىنى خىرەلەشتۈردى. ئاللانىڭ نامىغا قىلىنغان زىكرىلەر، «نۇر، چاپ» سادالىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى دىمىق تومۇز ھاۋاسىنى تىترەتمەكتە، ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئېبىلىس ئوقلىرى بىلەن مەنچاناق ۋە سالغۇيلاردىن ئېتىلغان تاش بوشلۇقتىكى يېرىم يولدىلا بىر ـ بىرىنى خوراتماقتا ئىدى...

تۇنجى قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇم تاكى گۇگۇم چۈشكۈچە داۋام قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە نەتىجە چىقمىدى. قەسىر دەرۋازىسىنى قامالىغا ئالغان مىلتىقچىلار ئارىسىدىن شىيۇڭ گاۋشېڭنىڭ جۇ شۈيتاڭ دېگەن چېرىكى ئوق تېگىپ قازا تاپتى. يەنە بىر چېرىكمۇ قورسىقىدىن يارىلىنىپ قاتاردىن چىقتى. ئارقا سېپىلغا شوتا قويۇپ ياماشقان ئون نەچچە پۇقرا شوتا بىلەن بىللە غۇلىتىۋېتىلگەچ، قولىدىن، پۇتىدىن ناكار بولغانلارمۇ خېلى كۆپ بولدى. قېلىن تامنى تېشىپ، يوچۇق ئېچىش مەقسىتىدە سېپىل ياقىلاپ كەتكەن مەتقاسىمنىڭ بىلىكى يېنىك جاراھەتلەندى، پۈتكۈل جەڭ تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى.

دۈشمەننىڭ قولىدىكى مىلتىق تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. مۇبادا بىرەر كەسكىن تەدبىر قوللىنىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىپ چۈشۈش خېلى تەسكە توختايدىغانىدەك قىلاتتى. يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرى تولۇق بولغان دۈشمەن نەچچە ھەپتە، ھەتتا نەچچە ئايغىچە چىداشلىق بېرىپ، مۇھاسىرىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. قەسىرگە ئېقىپ كىرىدىغان ئېرىقنىڭ سۈيى ئاللىقاچان توختىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، قەسىر ئىچىدە سۈيى ئەلۋەك قۇدۇقنىڭ بارلىقىنى كۆپ كىشىلەر بىلەتتى.

سۇپۇرگەئاخۇن، شىيۇڭ گاۋشىلىڭ ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ باشچىلىرى ھېلىقى كونا تاملىقتا جىددىي باش قوشتى. ھەركىم ئۆز تەھلىلىنى قويۇپ، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى. ئاخىرىدا يەنىلا سۇپۇرگەئاخۇننىڭ تەدبىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەن دەپ قارالدى. شىيۇڭ گاۋشىلىڭ بۇ تەدبىرگە بىرىنچى بولۇپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— بۇ ئىشقا پېقىرنىلا قويۇڭلار، — دېدى قادىر تۆمۈرچى مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ، — ئۇ مۇنتەھەمىلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام خەپ!

ئۇ نەدىندۇ بىر ئۆكۈز توقۇمى تېپىپ كەلدى - دە، توقۇمنىڭ ئۈستىگە ئون نەچچە قاپاق سۇ تۆكۈپ، بولدى دېگۈچە نەملىدى. ھۆل توقۇمنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، بىر باغلام قۇرۇق قوناق شېخىنى سۆرىگەنچە قەسىر دەرۋازىسىغا قاراپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

كېچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن قىزىقچىلىقلارغا ھەيرانۇھەس قالغانىدەك كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى سارغۇچ قوناق شېخىنى دۈشمەن نەزەرىدىن يوشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئېرىقلارنىڭ قىشىدىن سەكرەپ، دەل - دەرەخلەرگە سوقۇلۇپ سۆرۈلۈۋاتقان شاخ

غەلۋىردە گۈلە تاسقىغانىدەك شىرىقلاپ، دۈشمەن سەزگۈسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

قادىر تۆمۈرچى دەرۋازىغا يەتكىلى 15 قەدەمچە قالغاندا پاك-پۈك ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. مىلتىقلارنىڭ ئاغزىدىن ھوقۇشنىڭ كۆزىدەك پارقىراۋاتقان ئوت دەرۋازا ئالدىدىكى بوشلۇقنى خۇددى چېقىن چېقىلغانىدەك پال-پۇل قىلىپ يورۇتتى. لېكىن ئەجەل ناخشىسىنى توۋلاپ كەلگەن ئوق ھۆل توقۇمىنىڭ قاتمۇ قات كىگىزلىرى ئارىسىغا كىرىپ سۇغا تاشلانغان تاشتەك غايىب بولاتتى. قادىر تۆمۈرچى نۇرغۇن ئوقنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالغان توقۇمنى قالقان قىلىپ، تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. ھېچنېمە كار قىلمايدىغان بىر ئاچ سىرتلان ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇنچاق چۈشكەن دۈشمەنلەر ئوت كۈچىنى ئاشۇ توقۇم ئۈستىگىلا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. قوقتىلار ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئوتلار خۇددى ئاسماندىن ئېقىپ چۈشكەن ئاقار يۇلتۇزدەك ئاق ئىز قالدۇرۇپ، ئاشۇ تاشپاقىسىمان توقۇمغا جەم بولاتتى.

تۆمۈرچى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاخىر دەرۋازا تۈۋىگە يېقىنلاپ باردى. ئۇ سۇپۇرگەئاخۇن، شىيۇڭ گاۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ باتۇر چېرىكلىرىنىڭ ئوت كۈچى ھىمايىسىدە توقۇم ئاستىدىن ئايرىلىپ چىقتى-دە، بىرلا ھەرىكەت بىلەن قوناق شېخىنى دەرۋازىنىڭ قىلىن قارا قانىتىغا يۆلىدى.

— ئەنە، ئۇ ئوت ياقتى!

— مانا ئوت ياقتى!

تېرىقتەك يالقۇن چۈشىسىلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن قوناق شېخى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلايتتى-دە، دەرۋازا ھەش-پەش دېگۈچە بىر دۆۋە كۈلگە ئايلى-

نىپ، ھاڭغىرقاي يول ئېچىلاتتى. بۇ يول مۇھاسىرىچىلەرنى ئۇدۇل بۆرە ئۇۋىسىغا ئەكىرەتتى. ئۇ چاغدا...

شۇ ئەسنادا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ، يۇلتۇز-دەك پىلدىرلاۋاتقان ئوت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھەممە ئۇمى-دىنى ئاشۇ كىچىككىنە ئۇچقۇنغا باغلاپ، سەزگۈسىنى كۆزىگە توپلاپ قاراپ تۇرغانلار كۈتە-كۈتە، ئاخىر ئۈمىد-سىزلەندى. تۆمۈرچىنىڭ ھېچقانداق ھەرىكەتتى كۆزگە چېلىق-مىدى، پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىقلارنىڭمۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قادىر ئاخۇنغا ئوق تەگدى بولغاي، — دېدى بىرەيلەن ئۆھ تارتىپ قويۇپ، — ئاللا ئۇنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلسۇن، بەك بەلەن ئادەم ئىدى...

— ئاغزىڭغا مۇشت! — دەپ ۋارقىرىدى سوپۇرگە ئاخۇن قاراڭغۇدا ھېلىقى گەپنى قىلغان كىمگىدۇ ھۆركىرەپ، — ئاللا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ!

سەپەر بوۋاي قەبرىگە ھەيدەپ كېلىنگەندىلا، يات-ئارد-دا ئادەتتىن تاشقىرى بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەز-گەندى. ئۇ ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قەبرى ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاچچىق ئاگاھ-لاندۇرۇشلار، تىل شەمشەرلىرىنى ئوينىتىشلار، تاراق-تۇرۇقلارغا قاراپ يۈز بەرگۈسى ۋەقەنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئاسانلا ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىلا يەر تەۋرىدىغاندەك ئەنسىزلىك بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ۋەھىمىلىك كەيپىيات ئىچىدىكى ھەربىر ئۇششاق تىۋىشنىمۇ دىققەت دائىرىسىنىڭ ئىچىدە قالدۇرمايدىغان بولدى.

«بۇ نېمە ۋەقەدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا سارىسىمىگە چۈشكىنىگە قارىغاندا...»

بوۋاي نۇرغۇن ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى مانا مۇشۇ ھەپسىدە ئۆتكۈزگەن، پەقەت ئاتلارنىڭ زىرىكىشلىك كىشنەشلىرى، قاشاڭ خورازلارنىڭ چىللاشلىرى بىلەنلا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولىدىغان بۇ سىرلىق، سۈكۈناتلىق دۇنيا ئۇ قامالغاندىن بېرى بۇ دەرىجىدە پاتىپاراق بولۇپ باقمىغانىدى. ئۆزىنى كۈپكۈندۈزدىلا ئۇستىخاندىن ھەيدەپ كېلىپ، كېچىلىرىلا تۈنەيدىغان بۇ ھەپسىگە بەند قىلىپ قويۇشلىرىمۇ ئەھۋالنىڭ باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بوۋاي تاشقىرىدىكى تىۋىشلارغا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالغاچ، خىيال تۇلپىرىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇ مەزمۇت قاناتلىرى بىلەن قىياس تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تەپەككۇر ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، تۈنجى خۇش خەۋەرنى ئېلىپ قايتتى:

«سۈيۈرگەئاخۇن، سۈيۈرگەئاخۇن قايتىپ كەلدى! پەقەت سۈيۈرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىلا بۇ ئالۋاستى ئۇۋىسىدا بۇ تەرىقە قورقۇنچ پەيدا قىلالايدۇ!»

ئۇ بۇ خەۋەرگە ئىشەندى. راست، پەقەت يۇرتلۇقلىرىلا ئاسارەت كۆكىدە قىساس چاقمىقىنى چاقتۇرۇپ، جىنايەت، ناشايان ئىشلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ گۆرنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلالايدۇ! بەتبەشىرە قىياپىتىنى كۈلكە، ئىمان پەردىسى كەينىگە يوشۇرۇپ، بىراۋنىڭ يۇرتىغا قانلىق قولىنى ئۇزاتقان مەخلۇقلارنى ھالاكەت گىردابىغا غۇلىتالايدۇ! ئۇ مانا مۇشۇ كۈننى، مانا مۇشۇ سەلتەنەتلىك دەقىقىنى قانچىلىك سېغىنمىدى-ھە؟!

خەزىنە بۇلاپ قاچقان قاراقچىلاردەك دۈپۈرلىشىپ ھەپسە ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى دورغىنىڭ زامان

www.uyghurkitap.com

ئاخىر بولىدىغاندەك ئەندىكىپ، ئىترەك ئاۋازى بىلەن: «سۇپۇرگە مىراب كەپتۇ» دەپ پىچىرلىشىشىنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھەنىپە خېنىمنىڭ ئۈستىگە قايناق سۇ چېچىلغان قانجۇقتەك غىڭشىپ، ئاللا-توۋا كۆتۈرگىنى، سۇس قىقاس ساداسى ئاڭلاندى.

قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇمۇ خۇددى مۇھاسىرىچى پۇقرالارغا ئوخشاش ھاياجان بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ساداسىنى تىڭشىغاچ، زىنھار كۆز يۇممىدى.

تاڭ ئاتتى. كۈن تىكلەندى. كۈن غەرىبكە ئېگىلدى. مانا ئەمدى ئۇ نۇرەك باخشىسىنىڭ بۇرغىسىنىڭ تونۇش، ئىلھامبەخش ئاۋازىنى، مىلتىقلارنىڭ گۈپۈلدەپ، ئوقلارنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچۇشقىنىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

بوۋاي مۇشۇنداق تەنتەنىلىك مىنۇتلاردا ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قىلالمىغىنىغا تولىمۇ ئەپسۇسلانماقتا ئىدى. قىچىشىپ كەتكەن قولىنى توختىماي ئۇۋۇلاپ، قاراڭغۇ ھەپسىدە ئۇيان-بۇيان ماڭاتتى. ئىشىك يوچۇقىدىن ئېتىلىپ كىرگەن پورۇخ ھىدىنى خۇددى ئەمدىلا ئېچىلغان ئەتىرگۈلنى پۇرىغاندەك، ئاچكۆزلۈك بىلەن پۇرايتتى. مىلتىق ئاۋازىغا قاراپ جەڭ ۋەزىيىتىگە باھا بېرەتتى. «ئېتىڭلار، ئالۋاستىلارنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ ئېتىڭلار، ئەزىمەتلەر» دەيتتى ۋە ھەق يولغا جانلىرىنى ئاتاشقان جەسۇر يۇرتداشلىرىغا غايىبانە مەدەت بېرەتتى. تۇرۇپلا قوللىرىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرەتتى-دە، ئاللادىن پۇقراغا نۇسرەت تىلەيتتى.

سەپەر بوۋاي يىراقتىن كېلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازىنىڭ بارا-بارا شالاڭلاپ، ئاخىرىدا بىردىنلا توختاپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ غەيرىيلىك ھېس قىلدى. ئۇ ياش چېغىدا خېلى-خېلى جەڭلەرگە قاتناشقان بولغاچقا، شىراقلىق مىلتىق بىلەن

بەشئاتار مىلتىقىنىڭ ئۇنىگە قاراپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئوت كۈچى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ كۆرۈنەرلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى باياملا پەملىگەنىدى.

ئۇنىڭ پۈتىمۇ، بارماقلىرىمۇ، كۆزىمۇ ھەرىكەتتىن توختىدى. تىنىقىمۇ بىردىنلا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

«ئاپلا، بىزنىڭكىلەرگە پالاكەت يېتىشىمۇ نىمە؟» ئوقدۇرىسى تۈگەپ قالغانمىدۇ؟ ياكى...»

ھەرخىل پەرەزلەر ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ، تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىسىنى نەچچە مەرتەم كېزىپ چىقتى. ئۇ يەنىلا يۇرتلۇقلىرىنىڭ سېيىت ھاجىغا تەڭ كېلەلمەيۋاتقىنىنى پەملىدى-دە، ھەپسىنىڭ ئۇ تېمىدىن بۇ تېمىغىچە مېڭىپ چىققاندىن كېيىن، مېڭىشىدە لاپپىدە پەيدا بولغان ئەقىلنىڭ تۈرتكىسىدە تام ياقىلاپ ھەپسىنىڭ بۇرجىكىگە يېتىپ كەلدى. زامانلاردىن بېرى تاشلىنىپ ياتقان كونا ئوقۇردىن ئانچە كۈچىمەيلا ئىككى تال تاختاي ئاجرىتىۋېلىپ يەرگە قويدى. ئۆزىگە ياستۇق ئورنىدا خىزمەت قىلدىغان كونا چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى يىرتىپ، قۇلاقچىلىك بىر پاخىسىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە تاختايلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، كۈچ بىلەن سۈركىگىلى تۇردى...

— ئادەم بارمۇ؟ ۋاي ئادەم بارمۇ؟ ئاتىخانىغا ئوت كەتتى، ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، ئىسسىت ئاتلىرىم، ئىسسىت ئاتلىرىم...

سەللىسىنى قەيەرلەرگىدۇ چۆرۈپ تاشلاپ، يالاڭباش، يالىڭاياغ بولۇۋالغان ئابلىزقارى خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەكلا ۋارقىراپ، ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى-دە، دۇنيا غوۋغاسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولغاندەك، ئاپئاق جايناماز ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا دۈم چۈشتى. سېيىت ھاجى يەر چىشلەپ يېتىپ توختىماي: «ئادەم بارمۇ؟ ئوت كەتتى» دەپ تۇۋلاۋات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قان ئابلىزقارىغا ھومىيىپ قويدى، جايىنامازدىن سەكرەپ قوپۇپ تالاغا چىقتى.

كۆردىكى، ئاتخانا ۋە ئاتخانا ئۈستىدىكى تاغدەك دۆۋىلەنگەن قۇرۇق پىچان قاپقارا ئىس پۈركۈپ، چارسىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. كېچە ئاسمىنىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ، ئاسمانپەلەك ئېگىزلىككە يەتكەن يالقۇن خۇددى شامالچە بىلەن پۈۋلىگەندەك ئۆلغىيىپ، ئاتخانىدىن قازناققا، قازناقتىن مېھمانخانىغا قاراپ يامرىماقتا ئىدى. بۇ ئوت ئالدىدا نە دۇرۇت، نە ئىلتىجا، نە ھەيۋە، نە ئادەم ھېچبىر ئامالسىز ئىدى!

قورقۇنچ، ئامالسىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق ئالامەتلىرى قېتىپ قالغان چىرايىنى ئىلىچە ئۆزگەرتمەي، ئەجدىھادەك تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا يۈزلەنگىنىچە تەسۋى سىيرىپ تۇرغان سېيىت ھاجى ئاتخانىنىڭ پېيىندىكى ئۆيىنىڭ ئوت ھۇجۇمىدىن خالىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا ۋەقەنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى-دە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك چوڭ، ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىنى چۈشەندى، ئوتنىڭ بۇ كىچىك ئۆيگە ئەمدىلا تۇتىشىشقا باشلىغىنىنى سېزىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ، بۇ ئۆيىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈسى بار ئىدىيۇ، لېكىن پۇرسەت ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ھېلىلا ئاتخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىلغان ئارغىماقلارغا ۋە دەرۋازىغا باغلىۋېدى، دەرۋازىنىڭمۇ كۆيۈشكە باشلىغىنىنى كۆردى.

ئۇ ئەمدى ئىككى تەرەپتىن يالماۋۇزدەك قىستاپ كېلىۋاتقان ئوت ئارىسىدا قالدى. ئۆلۈمگە كۆزى يېتىپ، ياغلانمىغان چىغرىقتەك چىرقىرىشىۋاتقانلارنىڭ پەريادى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئوت ئارىسىدىن چاڭگىلىنى سوزۇپ، تاماقنىڭ چىشلىرىدەك ئۇزۇن چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كېلىۋاتقان ئەزرائىلنى

كۆرگەندە جان دېگەن نەرسىنىڭ شۇنچىۋالا تاتلىق، قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

ئۇ تەسۋىنىڭ بىرقانچە مارجىنىنى بارماقلىرى ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى-دە، قانداقتۇر بىر بوپىنى باغرىغا يېقىپ، يېنىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاپىزنى توختىتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھالىڭ شۇمىدى؟» دېگەندەك دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، قەستەنگە سورىدى:

— ئاۋۇ ئۆينى كۆردىلىمۇ؟

— كۆردۈم، كۆردۈم...

— ئۇ يەرگە كىم قامالغان؟

— سەپەر سەپرا...

— ھە، ئۇنداق بولسا، — دېدى سېيىت ھاجى ھاپىزمەخسۇمنىڭ ئۆكىلىگەن كاللىنىڭ يۆگىلىرىدەك چالمىشىپ كەتكەن ساقىلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — سەپەر سەپرانى دەرۋازا ئۈستىگە ئاچىقىپ، چاتاقچىلارغا قارىتىپ تۇرغۇزسىلا-دە، دەرۋازىنىڭ قامالىنى بوشاتسا، ئۇنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىسىلا!

— بۇ... بۇ... ئۇت...

سېيىت ھاجىنىڭ قولىنىڭ تون ئىچىگە ئۇزىتىلىشىنى كۆرگەن ھاپىز بوپىنى تاشلىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە قاراپ ئېتىلدى. ئەمدىلا ئوت تۇتاشقان ئىشىكنى بىرلا تېپىپ بىلەن ئېچىۋەتتى.

باش-كۆزلىرى قازانچىنىڭ چىرايىدەك قارىداپ، قىيىق كۆزلىرى پىلدىرلاپ كۆرۈنۈپ قالغان ئابلىزقارى پۈت-قولىنى سىلكىپ، رودۇپايىدەك چاپلىشىۋالغان خوتۇننى ئىرغىتىپ تاشلىدى-دە، نەچچە كۈندىن بېرى ساتقۇنلۇقنىڭ بەدىلىگە مال-دۇنيا تەمە قىلىپ، كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرگەن رەسۇل

ئىمامنى باشلاپ سېيىت ھاجىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھاجىم، مېھمانخانىغا... مېھ... مېھمانخانىغا ئوت تۇتاشتى، ئە... نە كۆيۈۋاتىدۇ... ئۇ يەردىكى گەزماللار، قىممەت باھالىق...

سېيىت ھاجى ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. مېھمانخانىنىڭ راستىنلا ئوت دېڭىزىغا غەرق بولغانلىقىنى كۆردى. توپ-توپ گەزماللار، ئۆمرىدە كۆرمىگەن خەۋپ-خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغقان تەئەللۇقاتلىرى، شاھانە ئۈستىباشلار، ئالتۇن باراۋىرىدە تۇرىدىغان قەدىمىي بۇيۇملار، قىممەتلىك مەلۇماتلار، ھۆججەتلەر كۆز ئالدىدىن قىممىتى، رېتى بويىچە تىزىلىپ ئۆتتى. ھەربىر تەڭگىنىڭ قولىغا ئۆتۈش تارىخىغا چېتىشلىق بولغان ئىپلاس سودىلار، ئالداشلار، تۆكۈلگەن قان-ياشلار پارچە-پارچە جانلىق سۈرەتكە ئايلىنىپ ئايان بولدى.

بۇ نەرسىلەر ئەمدى ھاياتىنى دوغا تىكىپ، ئەجەللىك تەرىزدە ئۇتتۇرغان بۇ قارام قىمارۋاز ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئەخلەت-چاۋاغا ئايلانغانىدى. چۈنكى: «رەقىبىم پېقىرنى ئۆلسۇن دەپ چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلىۋەتسىمۇ، قۇدۇق تەكتىدىن بىنەم ئېچىپ، يۇرت بەرپا قىلىپ بەگ مەئىشتىدە ياشاۋېرىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، نى-نى قىيىن ئۆتكەللەردىن ھېچ تۇسالغۇسىز ئۆتۈپ كېتىۋېرىمەن، دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان «باتۇر»نىڭ ئۆزىگە قەپەستەك تار بىلىنگەن بۇ دۇنيادا ھايات قېلىش-قالماسلىقى گۆرۈدە تۇرغان ئاشۇ ئېتىبارسىز بىر چالغىلا باغلانغانىدى. ئۇتەقدىر ئاتا قىلغان بىر كىشىلىك نېمەتكە شۈكرى-قانائەت قىلماي، بىراۋنىڭ زېمىنىغا، باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغانىنىڭ جازايى ئۆزىگە قانداق قىسمەت، قانداق جازا ھۆكۈم قىلىدىغىنىنى

بىلمەيتتى. بىراق، «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز قاچان، قەيەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قېلىشىدىكىن، ئىشقىلىپ بۇ قىسمەت، بۇ جازانىڭ ھېچ بولمىغاندا، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاچچىق ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيتتى.

بەك چۆچۈپ، چارچاپ كەتكەنلىكىتىنمىكىن، ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. تولغىنىپ-تولغىنىپ ئۆرلەۋاتقان ئوت تۆت ئەتراپىدا ئەمەس، بەلكى كاللىسىدا كۆيۈۋاتقاندەك، بېشى چىڭقىلىپ، كۆزلىرى تورلاشتى. ھېسابسىز مال-دۇنيانىڭ كۆيۈپ كېتىۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالمىغان ئىككىيلەننىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن كۆزىنى ئاچتى-دە، ھاپىز، خاتىپنىڭ ئالدىدا كۆكرىكىنى كەرگىنىچە كېتىۋاتقان سەپەر بوۋايغا ھەۋەس قىلغاندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئىككىيلەنگە:

— ئېلىڭلار، مال-دۇنيانى سىلەرگە ئاتىۋەتتىم، باش-كۆزۈمنىڭ سادىقىسى بولسۇن! — دېدى.

تەلەتلىرى ئىنسانىڭكىگە ئوخشىماي قالغان ئابلىزقارى بىلەن رەسۇل ئىمام بۇ سېخىيلارچە قارارنى چۈشىنەلمىگەندەك، بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى، سېپىت ھاجىنىڭ مىدىرلاپ تۇرغان ئاغزىغا تىكىلىشتى.

— تۈزۈت قىلماڭلار پۇقرالىرىم، مېلىم سىلەرگە بەرىكەت قىلسۇن!

ئەگەر ئۇنىڭدا ئەۋلىيالىق كارامەت بولسا ئىدى، مۇشۇ تاپتا دەھشەتلىك يەر تەۋرەش پەيدا قىلىپ، يەتتە ئىقلىمنى ئۆزى بىلەن بىللە قوشۇپ ھالاك قىلار ئىدى ياكى بىرلا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگەن، مۇشۇ كۈنگىچە ئىنتىلىپ كەلگەن نىيەت-ئىقبالىنى تامامەن تۈگەشتۈرگەن بۇ يۇرتنى يەر-يۈزىدىن غايىب قىلىۋېتەر ئىدى. بىراق، مىڭ ئەپسۇس، يۈزمىڭ ئەپسۇس، ئۆزىدە بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كارامەت يوق ئىدى.

مۇبادا زەھەردەك ئاچچىق ھالاكەت شەربىتىنى ئىچىش نېسىپ بولسىمۇ، ئۇ چىدىيالايتتى. ئەمما، ئۆزىدىن كېيىن كۆك ئاسماندا قۇياشنىڭ يەنىلا نۇر چېچىپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقىنى، ئادەمىزاتنىڭ، تەبىئەتنىڭ ئۆز يولى بويىچە ياشاۋېرىدىغىنىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ قالىدىغىنىنى ئويلىغىنىدا، بۇ قىسمەتكە ئەسلا چىداشلىق بېرەلمەيتتى!

ئۇ بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى. مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسىدىن ئۆزگە ھەممە تەشۋىشلەرنى يادىدىن چىقارغان ئىككىيلەن سېيىت ھاجىغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، تەشەككۈرىنى بىلدۈردى ـ دە، بىرى بىرىدىن قىزغىنىپ دېگۈدەك يالقۇن بىلەن قورشىلىپ تۇرغان مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى. بىراق، بۇ ھارام، ئەمما سېخىيلارچە ئىنئام قىلىنغان مال بۇ بىتەلەيلەرگە بۇيرۇلمىغان بولسا كېرەك، چۈچۈلگە ئايلانغان ئۆگزە «گۈپ» قىلىپلا بېسىپ چۈشتى. سېيىت ھاجى گۈمۈرۈلگەن مېھمانخانىغا قاراپ ساراڭلارچە كۈلۈپ كەتتى.

## 37. ئاھ خۇدا، بىزنى نېمىدەپ...

ئادالەت بىلەن جاھالەت ئارىسىدىكى يەكمۇ يەك ئېلىشىشتا قانغا بويالغان بۇ كېچە بىنىھايەت تەشۋىشلىك ۋە ۋەھىمىلىك ئىدى. كۆكۈم قاغىسى قارا قانىتىنى يېيىشى بىلەن تەڭلا قان مىسالى قىزارغان ئۇپۇق مەغزىدە پەيدا بولغان ئەگىم ئاي جەڭ غەلۋىسى بىلەن تىترەپ، پورۇخ ئىسى بىلەن تۇمانلاشقان يەر يۈزىگە بىرلا نىگاھ تاشلىدىيۇ، خۇنۇك چېھرىنى ئەل كۆزىدىن يوشۇردى. قورقۇنچاقنىڭ كۆزىدەك چەكچەيگەن يۇل ـ

تۇزلار بۇ قانلىق تاماشاغا تازا قىزىققان بولسا كېرەك، مىجىلـ
غان قالقاندەك دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ قاق
ئوتتۇرىسىغا جەم بولۇپ، قەسىر ئۈستىگە تىكىلەنگەن. قەسىردىكى
ئەمىنلىك، ئاسايىشلىق دۈشمەنلىرىگە زامان ـ زامانلاردىن بېرى
خۇسۇمەت ساقلاپ كەلگەن دەل ـ دەرەخلەر بولسا، ئۆزلىرىنى
زۇۋانسىز يارىتىپ، ئەتراپىدىلا ياڭراۋاتقان غەزەپ ساداسىغا
ئاۋاز قوشۇشتىن مەھرۇم قىلغان تەبىئەتكە قېيىدىغاندەك جىمـ
غىنا غادىيىپ تۇراتتى.

ئەجەبا، پۇقرانىڭ ئۇمىدىنى زىمىستىگە يۈكلەپ، قەسىر
تامامەن يۈرۈپ كەتكەن قادىر تۆمۈرچى بىر دەقىقىلىق غەنىيـ
مەت پۇرسەتكە بېخىللىق قىلغان تەقدىرنىڭ زورى بىلەن تالاـ
پەت ياستۇقىغا باش قويىدىمۇ؟ قىساس ئارزۇسىنى ئىبلىس
ئوقىنىڭ قۇربانى بولمىش شېھىت جىسمىغا ھەمراھ قىلىپ ئاخىـ
رەتكە بىللە ئەكەتتىمۇ؟

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ كۆڭلىگە جىمجىتلىق تۈپەيلى، بىھېـ
ساب تەشۋىش ۋە غەشلىك قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نى ـ
نى يامان ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتكەن، خەۋپ ـ خەتەر دېڭىـ
زىدىن ئۈزۈپ چىققان بۇ شىر يۈرەك ھەمراھىنىڭ بۇنداق
كېرەكلىك پەيتتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنگۈسى
كەلمەيتتى. كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ رېئاللىقـ
نى جاھىللارچە رەت قىلىپ، بېشىنى چايقايتتى. «ئۇ بەلكى
ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ ياتسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى
بېرەتتى.

بىراق، كۈتكەنسېرى شۇنچە ئاستا ئۆتۈۋاتقان ۋاقىت
ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىدىكى تەسەللىلىك ئويلارنى بىر ـ بىرلەپ
سىقىپ چىقاردى. رەھىمسىز ئەمەلىيەت غايەت زور قۇدرەتلىك
كۈچكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ جاھىلانە خىيالىنى بويسۇندۇردى.

www.uyghurkitap.com

تۆمۈرچىگە باغلىغان ئۆمىدىنىڭ ئاخىرقى بىر تال يىپىمۇ چورتلا كېسىلدى!

ھېچقانداق كۈچنىڭ، ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ۋاقىت دېگەن بۇ گىگانت ئادەم بىر تەرىزدىكى سالماق قەدىمى بىلەن پۇرسەت دالاسىنىڭ داغدام يولىدا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئىلگىرىلەپ، پۇقرا باشچىلىرىنىڭ تەقەززاسىنى تاقەت گىردابىنىڭ گىرۋىكىگىچە سۆرەپ باردى.

كۈتۈشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. كەچ كىرگەندىن باشلاپ داۋام قىلىۋاتقان ھۇجۇم ۋە ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنى سەۋەب بولدىمۇ، قوقتىدا پارقىراپ، گۈمبۈرلەپ تۇرغان مىلتىقلارمۇ جىمىپ كەتتى. ھېلىغىچە يۆلەكلىك تۇرغان بىر باغلام قوناق شېخىنىلا خىرە-شىرە كۆرگىلى بولىدىغان دەرۋازىمۇ ئەھرىمەن دىۋە ئۆككۈرىنىڭ ئاغزىدىكى ئاقاقتەك ياكى ئۆزىگە رەقىب ئىزلەپ، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان كورەك پالۋاندەك تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ مەزمۇت، تېخىمۇ سەت كۆرۈنگىلى تۇردى. بۇ ھال سۈپۈرگەئاخۇننىڭ ئاچچىقىنى تازا كەلتۈردى.

— پېقىرغا بىر قارا كىگىز تېپىپ بېرىڭلار، ئوتنى ئۆز قولۇم بىلەن يېقىۋېتىپ، تۆمۈرچىنى ئەكىلەي، — دېدى ئۇ كۆيگەندەك ئېچىشىپ، ئاغرىپ كېتىۋاتقان گېلىنى سىيلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئەمدى كۈتمەيلى، بولمىسا...

ئۇ گېلىنى ياسىغان بولۇپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئەسلىدە، ئۇ، بىر ئىشتىن ئاسانلا زېرىكىدىغان، كونا قاپاق، كونا سوغىسىدىن، ئۇن يارماقمۇ ۋەجى بولمىغان ئۆيىدىن ئورۇنسىز ئەندىشە قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ بىردىن-ئىككىدىن بولۇپ تۇزۇپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپ، ھەمراھلىرىغا بۇنداق ھالەتتىن ھەزەر ئەيلەشنى تاپىلىماقچى بولغانىدى.

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ بۇنداق تەۋەككۈلگە ئۆزىنى ئۇرۇشىنى

ھېچكىم خوپ كۆرمىدى. ئارىسىدىن شىيۇڭ گاۋشىڭ گەپكە ئارىلاشتى:

— ئەگەر شۇنداق زۆرۈرىيەت بولسا، ئۇتنى مەنلا ياققىنىم ياخشى، چەكنىمۇ كۆپ كۆرگەنمەن، تارتىشىدىغان بالامۇ، كالامۇ يوق، ئەمما ھازىرچە ماۋۇ نەرسىنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقساق، — ئۇ سۇپۇرگەئاخۇننىڭ يانپېشىدا تۇرغان ھېلىقى بۇرغىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — بۇ مۈڭگۈز بەكمۇ خاسىيەتلىك بىر نېمىدەك قىلىدۇ. ئۇنى چالساق، قادىرئاخۇن ھاياتلا بولسا، بىر نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ، مېنىڭچە!

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇنى نېمىشقىمۇ يادىمغا ئالمىغاندىمەن؟

«دۈت... دۈت... دۈت...»

قەسىر تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي تۇرغانلار قەسىرنىڭ ئىچكىرىسىدىن خۇددى قارا قۇيۇندەك تولغىنىپ كۆتۈرۈلگەن ئىسنىڭ ئارقىدىنلا «گۈپپىدە» ئوت ئالغان پىچان دۆۋىسىنى كۆردىدە، خۇشاللىقىدىن تەڭلا دېگۈدەك ۋارقىراپ تاشلىدى:

— قاراڭلار، قەسىرنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئوت كۆتۈرۈلدى!

— ۋاي، دەرۋازىمۇ كۆيۈۋاتىدۇ، قادىرئاخۇن ئۆلمەپتىكەن!

ئاتخانىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاسمانغا تاقاشقان چوڭ يانغىنغا ئايلاندى. ئېغىر جاراھەتلەنگەن تۆمۈرچى بۇرغىنىڭ ئىلھامبەخش ئۈنىنى ئاڭلاپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا ھوشىغا كەلگەن بولسا كېرەك، دەرۋازىنىڭ قارا قاناتلىرىمۇ قوناق شېخىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت پەردىسى بىلەن قاپلاندى.

قەسىر ئەتراپىدا سانجاق-سانجاق تۇرۇپ كەتكەن مۇھاسىرىچىلەر ئارىسىدىن دۈشمەنگە تەشۋىش سالغۇچى ئوت بىلەن تەڭلا ئۆرلىگەن تەنتەنىلىك سادالار ئارىسىدا سۇپۇرگەئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن ھاياتىي خەتەر ئىچىدە تۇرغان سەپەر بوۋايىنى ۋە قادىر تۆمۈرچىنى يادىغا ئالدى. يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سەكرىگىلى تۇردى.

ئۇ پۈتكۈل قەسىر ئەتراپىنى بورۇتۇۋەتكەن يانغىنغا يۈزلىنىپ، مۆجىزە تەرىقىسىدە يېتىپ كەلگەن قىساس مىنۇت-لىرىغا تەنتەنە قىلىشىۋاتقانلار ئارىسىدىن «غىپپىدە»لا سۇغۇرۇ-لۇپ چىقتى-دە، ئېگىلىشىپ، ئۆمىلەپ سېپىل تۇۋىگە يېتىپ بېرىۋالدى. قەسىر مىلتىقچىلىرى جان قايغۇسىدا قالغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يانغىنغا كەينىنى قىلىپ، قارىيىپ تۇر-غان سېپىلغا خۇددى كاكىل لايدەك چاپلاشتى ۋە ئەمدىلا تام ياقىلاپ مېڭىشنى ئۆگەنگەن گۆدەكتەك، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. يېنىدىلا كۆيۈۋاتقان كۆچلۈك ئوتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقىمۇ ئامالسىز ھالدا ياتقان قادىر تۆمۈر-چىنى يۆلىگەن پېتى ئەگرى-توقاي يۈگۈرۈپ، ھېلىقى كونا تاملىققا ئەكەلدى.

— مىلتىقلارنى ئوقلاپ، قىلىچ-نەيزىلەرنى تەقلەپ تەييار بولۇڭلار! دەرۋازا ئۆرۈلۈشىگىلا قەسىرگە بېسىپ كىرىمىز. ئېسىڭ-لاردا بولسۇنكى، بىچارە سەپەر بوۋاي ھېلىمۇ ئاشۇ يەردە!

سۈپۈرگەئاخۇن شۇلارنى دېدى-دە، كۆزىنى ئاران تەس-تە ئېچىپ، ئىككى يەردىن تېشىلگەن مۈرىسىنىڭ ئاغرىقىنى ھەم-راھلىرىدىن يوشۇرماقچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ ياتقان تۆمۈر-چىنى بىراۋغا تاپشۇردى ۋە مىلتىقىنى ئېلىپ ئوقلاشقا باشلىدى.

ئۇ كۈچلۈك رەقىبىگە دۇچ كەلگەن قىساسكارلارغا مۆل-چەرلىگۈسىز ياردەم كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئوتنىڭ باشقا يەردىن ئەمەس، دەل ھەپسە يېنىدىكى ئاتخانىدىن كۆتۈرۈلگەنلىكىگە قاراپ، ئۆزى كېچە-كۈندۈز خاۋاتىرلەنگەن سەپەر بوۋاينىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ پەم-

پاراستىگە، جاسارىتىگە تۆمەننىڭ مەرتەم ئاپىرىن ئوقۇغاندى.
بىراق، «ئوت دېگەن رەھىمسىز نەرسە، ئۇ دۈشمەن بىلەن
دوستنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. سەپەر
بوۋاي يەنىلا خەتەر ئىچىدە» — دېگەنلەرنى ئويلىغان سۈپۈرگە-
ئاخۇن تەشۋىشى ئاشقانسېرى جىددىيلەشمەكتە ۋە بوۋايىنى
قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

— قېنى باتۇر ئەزىمەتلەر، كۆيۈۋاتقان دەرۋازىنى بۆ-
سۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ھەيسىگە ئۆسۈپ كىرمەكتىن ئۆزگە ئامال
يوق. بوۋاينى سالامەت قۇتۇلدۇرۇۋالساق، دۈشمەننىڭ ئىشىنى
ئوتقا قويۇپ بەرسەكلا كۇپايە.

سۈپۈرگەئاخۇن مىلتىقىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، قىلىچىنى
دەرۋازا تەرەپكە چىنەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

سەۋر قاچىسى تېشىپ تۇرغان يۈزلىگەن كىشى تاقەت
دۇلدۇلىنى قامچىلىدى-دە، ئوت ئەجدىھاسىنىڭ چاڭگىلىدا
مىجىلىپ، كونا تامدەك لىڭشىپ قالغان دەرۋازىنى كۆزلەپ،
خۇددى زەمبىرەك سۇمبىسىدىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلدى.
گۈلدۈرماما سىياقىدا چۇقان كۆتۈرۈپ، چاقماق سۈرئىتى بارا-
ۋىرىدە ئېتىلغان بۇ ئوق ئۆزىدە شۇ قەدەر قۇدرەت ۋە شىددەت-
نى جەم قىلغان ئىدىكى، ئۆت غۇلاچ قېلىنلىقتىكى سېپىلنى
قوقان قەغىزى قاتارىدا بۆسۈپ ئۆتۈپ، قەسىر خانىمانىنى
كۆكلەرگە ئېتىپ، كۈل ياكى توزغاق سىياق توزۇتار ئىدى.
شۇغىنىسى، بۇنداق پۇرسەتلەر ئۇلارغا ۋاقتىنچە نېسىپ بولمى-
دى. سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سۈپۈرگەئاخۇن كەينىدىن
كېلىۋاتقان ھۇجۇمچىلارغا توختاش بۇيرۇقىنى بەردى. ئالدىدى-
كىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئۆسۈپ، بىر-بىرىنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ
دېگۈدەك ئىختىيارسىز ئالغا سىلجىپ تۇرغان جىسمىنى
تەسلىكتە توختاتقانلار كېلىشىۋالغاندەك، سېپىل قوقتىسىغا تىكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىشتى-دە، ئوت ئىچىدە ئۆزلىرىگە يۈزلىنىپ تۇرغان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئى مۇسۇلمانلار، سەۋر قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ھاپىز مەخسۇم كۆكرەك كېرىپ تۇرغان سەپەر بوۋاي-نىڭ كەينىدىن يوغان بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋاز بىلەن، — ئاگاھلاندۇرايكى، مۇرتەد چېرىكلەرنىڭ شەيتانى ئازدۇ-رۇشلىرىغا ئالدىنىپ، قېرىنداشلىق ئەھدىگە خىلاپ ھالدا تىغ كۆتۈرگەن ئازغۇنلارنى جازالىغۇدەك كۈچ-قۇدرەت بىزدە بار-دۇر، لېكىن مۆرۆۋۋەتلىك سېيىت ھاجىم ناھەق-نەرۋا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش تەرەپدارىدۇر. مۇبادا دەرۋازىنىڭ مۇھا-سىرىسىنى بوشىتىپ، مازار-ماشايىقلار زىيارىتىگە يول بەرسەڭ-لار ئاللا سىلەرگە ئەمىنلىك ئاتا قىلغۇسىدۇر. ئەگەرچەندە ياخشى نىيەتكە ياخشى ھەرىكەت بىلەن جاۋاب قىلمىساڭلار سەپىرامۇ ئاللانىڭ قارغىشىغا كەتكۈسىدۇر. ئالدى بىلەن ئاراڭلاردىكى چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئاندىن ئۇلار تۇتقۇزغان شەيتان قوراللىرىنى تاشلاپ، ئۆيۈڭلارغا كېتىپ، تىنچ-ئامان پۇقراچىلىقىڭلارنى قىلىڭلار!

ھاپىز بىلەن خاتىپ سېيىت ھاجىنىڭ سەكرات ئالدىدىكى ئاخىرقى ھېيلىسى ھېسابىدا سەپەر بوۋاينى سېپىل قوقتىسىغا ئاچقىپ، قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئالدى ۋە كەينىدىن ئۇرغان شولا بىلەن پۈتۈن ئەزايى يورۇپ تۇرغان سەپەر بوۋايغا بۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئالدامچىلىقى بەكمۇ ئايان ئىدى. ئۇ بىرلا سىلكىنىپ، كەينىدە ئىتتىن قورق-قان يېتىمچىدەك تىترەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى گەپ قىلىشقا زورلا-ۋاتقان لەنتىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئاجرىتىۋالدى-دە، قوللى-رىنى زەردە بىلەن پۇلاڭلىتىپ، قىپقىزىل شولا بىلەن بىر يورۇپ، بىر خىرەلىشىپ تۇرغان چىرايلارغا قاراپ ئاچچىق

بىلەن ۋارقىرىدى:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر؟! بۇ ئىت ئۈۋۈسىغا بۆسۈپ كىرىپ، كەلگۈندى ئوغرىلارغا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەمسىلەر؟! قىساس ...

خاتىپ بوۋاينى كەينىدىن قۇچاقلاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. ھاپىز ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، پۇتىغا بىرنى تەپتى ۋە بوۋاينى قوقتا ئۈستىدە تىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى.

سۈپۈرگەئاخۇنمۇ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بوۋاينىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىپ قىلغان يالقۇنلۇق خىتابىنى ئېنىق ئاڭلىدى، سېپىل ئۈستىدىكى ۋەھشىيلەرچە قىلىقلارنى ئوچۇق كۆرۈپ، لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىدى. ئۇلار قانداق قىلغاندا بوۋاينى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىدا، ھاپىزنىڭ خىرقىراق ئۈنى ئاڭلاندى:

— ئەگەرچەندە بىر قەدەم ئالدىڭغا مېڭىشساڭ، بۇ قېرىنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بوغۇزلاپ تاشلايمەن!

ھاپىز ھەيۋە قىلغاچ، بوۋاينىڭ بېشىنى كەينىگە قايرىپ، يالتىراپ تۇرغان خەنجەرنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى ئۇنىڭ ئاۋۋالقىدىن خېلىلا كىچىكلەپ، قارىيىپ قالغان ساقىلىنىڭ ئاستىغا باستى.

كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆكتەملىكتىن چۆچۈپ كەتكەن سۈپۈرگەئاخۇننىڭ كۆزى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دېدى. خەنجەر بوۋاينىڭ بوغۇزىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا تاقالغاندەك تېپىرلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىلكىدىكى قىلىچمۇ، مىلتىقمۇ، ئەقلىمۇ ھېچ نەرسىگە كېرەككە كەلمىدى! ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، بۇرغىنى ئىختىيارسىز ھالدا لېۋىگە تەگكۈزدى-دە، كۆزلىرىنى يۇمدى ...

« دۇت ... دۇت ... دۇت ...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسىلەر، بۇ ئىت ئۇۋىسىنى بۇسۇپ كىرىپ، كەلگۈندىلەرنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆزىگە كۆرسەتمەمسىلەر؟! قىساس! قىساس! ...

www.uyghurkitap.com

بوۋاي غەزەپلەندى، جىننى ئالقىنىغا ئالدى. بەلكى جىننى قۇربان قىلىپ، ئۆزىنى ئاياش يۇرتىدىنلا ھۇجۇمنى توختاتقان يۇرتداشلىرىغا داغدام يول ئاچماقچى بولدى.

ئۇ قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىپ، خاتىپنىڭ قولىدىن ئاجرىۋالدى، يەنە شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن بوغۇزىنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرغان خەنجەرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، رەقىبلىرىنىڭ بېشىنى قولتۇقىغا خۇددى تاۋۇز قىستۇرغاندەك قىستۇردى-دە، كۈچىنىڭ بارىچە سىقىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇمنى ھالاك قىلغانمۇ ھەرقايسىڭ، يۇرتداشلىرىمنى ۋەيران قىلغانمۇ ھەرقايسىڭ، كۆرىدىغان كۈنۈڭ مانا! — دېدى-دە، ئىككەيلەننى سۆرىگەن پېتى سېپىلدىن ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇلار ئەمدىلا يىقىلغان دەرۋازىنىڭ كۆيۈپ تۇرغان قاناتلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، يالقۇن ئارىسىغا شۇڭغۇدى.

ئەمدى ھېچكىم-ھېچكىمگە بۇيرۇق بېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. پۈتۈن سەپ بىلەن تەۋرەپ كەلگەن پۇقرالار يوتىسىدىن يارىلىنىپ بىھوش ياتقان سەپەر بوۋاينى ئوت ئىچىدىن تېپىۋالدى-دە، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ياغاچلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ قالغان دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىشتى...

قەسىردىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس-تۈتەك بىلەن تېخىمۇ قارىيىپ كەتكەن تۈن زۇلمىتى ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن سەلتەنەتلىك بىر كېچىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كۈنچىقىشتىن قىستاپ كەلگەن سۈبھى نۇرىغا ئورۇن بەردى. شۇنىڭ بىلەن چىرىيە تارىخىنىڭ نەق پېشانىسىگە پۈتۈلمىش 1912-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنىگە تاڭ ئاتتى.

كېچىچە كۆيۈپ چىققان ئوت چىرىيە ئاسمىنىنى ماكان قىلىپ يېتىۋالغان جىمي بۇلۇت ۋە چاڭ-توزانلارنى كۆيدۈرۈپ

تۇگەتكەنمۇ، ئېشقىلىپ، بۇ تاغنىڭ ھاۋاسى ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىدى. تۇتاش ھاۋارەڭ شايى بىلەن پۈركەپ قويغاندەك كۆكىرىپ تۇرغان كۆك گۈمبىزى خېلىلا ئېگىزلەپ قالغان، گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ئۆرۈك پۇرىقىغا ئارىلىشىپ كەلگەن بىر بەتبۇيغا ئۆز ئاستىدىن ئورۇن بەرگەنىدى. تاغ تەرەپتىن توختىماي ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن شامال تېخىچە تۇرتەپ تۇرغان چۈچۈلىلەرنى، قوقاسلارنى قايتا ياندۇرماقچى بولغاندەك پۈۋلىمەكتە. خارابىلىقلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ تۈتۈنلەرنى ئوت تەپتى بىلەن قىزىرىپ كەتكەن تاملارغا ئۇرۇپ، تاكى تارىلىپ كەتكۈچە قوغلىماقتا ئىدى.

خارابە تاملارغا ئېسىلىپ تۇرغان لىملار قانداقتۇر بىر يېرىدە تېخىچە يېلىنجاۋاتقان چوغنىڭ خۇددى ئوت چىشلىق قۇرتتەك ئارام بەرمەي غاجىلىشى بىلەن ئۇپراپ، كۆتۈلمىگەندە ئۈزۈلۈپ چۈشەتتى-دە، ھېلىمۇ ھارارىتى كەتمىگەن كۆپكۆك كۈللەرنى ئاسمانغا ئاتاتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە ئاتايەن تۆكۈپ دۆۋىلەپ قويغان مورا كۈيىسىدەك قارىيىپ تۇرغان يۇڭ قالدۇقلىرىدىن تارىلىۋاتقان سېسىق پۇراق دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ، ئادەمنى بىزار قىلاتتى. يوپۇرماق ۋە نوتىلىرىنى ئوت يالاپ كەتكەن بىدىشلەر تال باراڭلىق ئورنىدا بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ سوقۇشۇپ، ھالىدىن كەتكەن قارا يىلانلاردەك ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ ياتاتتى. تام بويلاپ ئۆسكەن سەگۈ تېرەكلەرمۇ شاخ-پۇتاقلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈجۈپىلەپ يۆگەپ، تىكلەپ قويۇلغان قارا كىگىزگە ئوخشاپ قالغانىدى. يوشۇرۇلغان يېرىدىلا كۆمۈلۈپ قالغان، چوڭ يانغىننىڭ تەپتىنى ئەمدىلەتتىن سېزىشكە باشلىغان ئوق-دورىلار ناگان-ناگاندا گۈمبۈرلەپ ئېتىلىپمۇ قالاتتى. قەسىر سەيناسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يىغىلىپ ئەجەل سائىتىنى كۈتۈۋاتقان پېتى قولغا چۈشكەن يىگىرمە نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم ھازىرغىچە شۇ يەردە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك دۈگدە-
رىشىپ تۇرۇشاتتى. يۈزىگە قارا سۈركەپ سازايى قىلىنغان گۇ-
ناھكارلارنىڭكىدەك قارىيىپ كەتكەن، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشقان
بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن تۆت چاسا ساندۇقتەك يوغان ھەتتىپە
خېنىمنى ئاسانلا تونۇۋېلىش مۇمكىن ئىدى. چاكار رەھمەتمۇ
بىر پېشى تامامەن كۆيۈپ كەتكەن چاپانغا يۆگىنىپ، پوتلىسىنى
ئېقىتىپ، شۈمشەرەپ تۇراتتى. تالىپلارنىڭ قارا قازاندەك سەل-
لىسى چۇۋۇلۇپ، ھوشۇقىدا ساڭگىلىشىپ يۈرەتتى. بەلكى پېشا-
نىسىگە پۈتۈلگەن بۇ قەدەر ئۇسال قىسمەتكە تەن بەرگەنمۇ-
ياكى ئەقلىدىن ئازغانمۇ، يۈزبېشى، مىڭبېشىلار يەرگە چاپلى-
شىپ دۈم يېتىشاتتى.

پۇقرالار تاڭ نۇرىدا يورۇپ كەتكەن خارابىزارلىقتا يې-
يىلىپ، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئۆيلەرنى، ئوتنىڭ كۆيدۈرگۈ-
چى تەپتىدىن ئامان قالغان بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى، يېرىم كۆيۈپ،
قىڭغىيىپ ياتقان لاپاسلارنى ئاختۇرۇپ، ئۆلۈكلەرنى ئۆلۈك پې-
تىچە، تىرىكلەرنى تىرىك پېتىچە ئېنىقلاشقا كىرىشىپ كەتتى.
جاراھەتلەنگەنلەرنىمۇ كۈل ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، سۈپۈر-
گەئاخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەھەللە تېۋىپلىرىنىڭ ئەملى-
شىگە تاپشۇرۇشتى. ئابلىزقارى بىلەن رەسۇلنىڭ ئۆلۈكى بول-
سا، كۈل خامىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھېلىقى سىرلىق مېھمانى-
خانا خارابىسىدىكى قارا تاۋۇتقا ئوخشاپ قالغان تۆمۈر قاپلىق
ئوروس ساندۇقنىڭ يېنىدىن تېپىلدى. ئۆمرىنى مال-دۇنيا
كويىدا كۆيدى-پىشتى بولۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ تويمىغۇرلار بىر
يىلدىن بېرى ئۆزىنى تولىمۇ قىزىقتۇرۇپ كەلگەن بۇ ساندۇق-
قا يالغۇز ئىگە بولۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئاخىرقى دەملىرى
قالغۇچە ياقىلاشقان بولسا كېرەك، كۆسەيدەك سوزۇلغان قوللى-
رى بىر-بىرىنىڭ كېكىردىكىدە تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى

ئابلىزقارىنىڭ ئۆتكەن ئاللىنىڭ چىشىدەك ھېڭگىيىپ تۇرغان چىشلىرى ئارىسىدا چىشلەگىلىك ئىدى.

ئۇلار جىمى كۆل دۆۋىلىرىنى، يوشۇرۇن ئورىلارنى، سۆڭ-گۆچلەرنى ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن سېيىت ھاجىنىڭ تىرىكىنىمۇ، ئۆلۈكىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. تىرىك بولسىمۇ، ئۆلۈك بولسىمۇ ئادالەت دارى ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىپ، جىمى كەل-گۈندىلەرگە ئېسىدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە بەرھەم بېرىش ئو-يىدا يۈرگەنلەر گۇمان قىلغانلىكى يەرنى ئالا قويماي ئاختۇر-دى، خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىدى. ئەمما، ئۇرۇنۇش-لىرى بىكارغا كەتتى.

سۈپۈرگەئاخۇن بىر قانچە كىشىگە ئۆلۈككە ئاداۋەت تۇت-ماسلىقنى، جەسەتلەرنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تاپ-شۇرۇپ بېرىشنى، ئىگە-چاقىسىزلىرىنى بولسا، لايىقىدا دەپنە قىلىۋېتىشنى تاپىلاپ تۇرۇشىغا تاڭ ئاتقاندىن بېرى كۆرۈنمەي كەتكەن جامالىدىن بوۋاي مىلتىقنى ئۆشنىسىگە سېلىپ، ھاسى-رىغان پېتى يېتىپ كەلدى-دە، پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ تۇرۇپ:

— بېگىم، قىزىل نىمچە، يېشىل پەرىجە كىيگەن بىر مەز-لۇم كىشى مۇزخانىغا كىرىۋاپتىكەن، چىق دېسەك چىققىلى ئۇ-نىمىدى، ئۆلۈكتەك زوۋان سۈرمەي ياتقىنى ياتقان! — دېدى.

— بۇ مەزلۇم كىم بولغىيدى؟ قەسىردىكى خوتۇن جىنىس-تىكىلەر بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا ئاز تۇرسا، — دېدى سۈ-پۈرگەئاخۇن بۇ مەلۇماتقا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

ئۇ كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا جامالىدىن بوۋاي بىلەن بىل-لە مۇزخانىنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە مەتقاسىمنىڭ قولىدىن ئوتقاشنى ئېلىپ، مۇزخانىنىڭ تەكتىگە قارىدى. دېگەندەكلا، قى-زىل دوپپا كىيىپ، تاۋار-دۇردۇنلارغا ئورالغان بىر مەزلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشى مۈز پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاۋۇزدەك تۈگۈلۈپ ياتقا-
نىكەن.

زەبەردەس ئىككى يىگىت شوتىسىز مۈزخانىنىڭ چىدەل-
رىگە خۇددى دارۋازلاردەك ئېسىلىپ، قىش ئايلىرىدەك سوغۇق
مۈزخانىنىڭ تېگىگە چۈشتى ۋە ھېلىقى مەزلۇم كىشىنى بىردەم-
دىلا ئارتىپ چىقاردى. ئۆرە تۇرغۇچىلىك ماجالى قالمىغان بۇ
كىشىنىڭ ئاق قۇياشنىڭ شولىسى بىلەن بارغانسېرى رەڭلىنىپ
كەتكەن ئەڭنىنى كۆرۈپ كىمدۇ توۋلاپ تاشلىدى:

— ھوي، بۇ بىر مانجۇغۇ؟!

— ئابلىزقارىمۇ نېمە؟

سۈپۈرگە ئاخۇن قىزىل تەقىيە، رەڭدار پەرىجە كىيىۋالغان
بۇ كىشىنىڭ يۈزىنى توسۇپ تۇرغان ئالقانلىرىنى ئېچىۋەتتى-
دى، چىرايى ئاتىرىپ، سامان رەڭگىگە كىرىپ قالغان جاپپار
موللىنىڭ بەشىرىسى جامائەت ئالدىدا بىردىنلا ئاشكارا بولدى.

— سەن مانجۇمۇ؟

— خوش ... خوش پېقىر مانجۇ!

سۈپۈرگەئاخۇننىڭ تەنىلىك سورىقىغا شۇنداق دەپ جاۋاب
بەرگەندىن كېيىن، تىترىگىنىچە باسالمايۋاتقان جاپپار موللا
بېشىنى ئاستا يۇقىرى كۆتۈردى-دە، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان
تونۇش كۆزلەرنى كۆرۈپلا:

— ياق ... ياق. پېقىر مانجۇ ئەمەس، ئەلھەمدۇلىللا مۇ-
سۇلمان، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان، — دېدى ۋە يېڭىدىن ئىمان
ئېيتقاندەك «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا» دەپ
تەكرارلىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ ئەپتىدىن «چېرىك كەلدى» دېگەن سۆزگە ئىشە-
نىپ، ئابلىزقارىنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئاپشۇرغان «قىممەت-
لىك» تەقىيە، پەرىجىلىرىنى ئوغرىلىقچە كىيىۋالغانلىقىنى چۈ-

شەنبەك تەس ئەمەس ئىدى. مەتقاسىم مۇزخانا تېگىدىن تېپىپ چىققان ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەممۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

جامالىدىن بوۋاي جاپپار موللىدىن سېيىت ھاجىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىۋىدى. ئۆيلىمىغان يەردىن يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ قالدى. قەسىر خارابىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەگىپ، سېيىت ھاجىنى دارغا ئېسىشقا ئالدىراپ يۈرگەنلەرمۇ گۆررىدە يېتىپ كېلىپ، جاپپار موللىنىڭ ئىقرارىغا قۇلاق سېلىشتى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭلار، مەن راستىمنى ئېيتاي. كېچىدە سېيىت ھاجى سەپەر سەپرا، ياق، ياق سەپەرئاخۇن ئاكامنى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن پېقىرغا ئۆتتىن پاناھلانغۇدەك بىر يەر تېپىپ بەر، سېنىمۇ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئەكېتىمەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا خوتۇنۇمنىڭ كۆڭلەك، ياغلىقىنى بەردىم-دە، مۇزخانىغا باشلاپ باردىم، كېچىنى تولىمۇ تەشۋىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى، تاڭغا يېقىن چىدەگە يامىشىپ چىقىپ، بىردەم تىڭ تىڭلاپ تۇرغاندىن كېيىنلا غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇ نائەھلى ۋەدىسىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى. پېقىرنى تاشلاپ كەتتى، سەئىد دېگەنمۇ شۇنداق ۋاپاسىز بولامدۇ؟...

— يوقىلاڭ گەپنى قىلىپ يۈرمەي، گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى دە، ئۇ ئەبلەخ قاچانراق قاچتى؟ ئۈستىبېشىدا قانداق ئىگىن بار؟

سېيىت ھاجىنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپلا تاپىنى قىچىشىشقا باشلىغان جامالىدىن بوۋاي تاقەتسىزلىنىپ سورىدى. جاپپار موللا ئۇنىڭ يوغان مۇشتىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ ۋاپاسىز تاڭ ئالدىدىلا قاچتى. خوتۇنۇمنىڭ قىزىل گۈللۈك ئاق چىت كۆڭلىكىنى كىيىپ، گۈل تىككەن ياغلىق بىلەن يۈزىنى يۆگەپ قاچتى!

— ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، «ئەقىل كۆرمىسە، كۆز دېگەن تام تۆشۈكى» دېگەن گەپكە ئەمدى چىنپىششىقلادىن ئىشەندىم، — دەپ تووۋلىۋەتتى مەتقاسىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — شۇنداق بىر مەزلۇم كىشى ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، مېڭىشىغا قاراپ ئەجەبلەنگەنىدىم. بىراق، كىملىكىنى سورۇشتە قىلمايلا ئۆتكۈزۋەتكەنىكەنمەن ...

— قوغلايلى، ئۇ پىيادە بولسا ئۇزاققا كېتەلمەيدۇ!

چېرىكلەرنىڭ ئات تاپقىنى ئاتقا، ئېشەك تاپقىنى ئېشەككە مىنىپ، «قاچقاننى قوغلا» دەپ سۈرەن كۆتۈرگىنىچە توپا مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. «سېيىت ھاجى قېچىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى پۇقرا توپاققا، ھەتتا كۆندۈرۈلمىگەن تەخەيلەرگە مىنىۋېلىپ ـ ئالدىن يۈرۈپ كەتكەن يۇرتلۇقلىرىنىڭ ئىزى بىلەن ئاتلاندى. ياياق قالغانلار پالتا ـ توقماقلىرىنى ئويىنىتىپ «قوغلا، تۇت» دېگەن چۇقان بىلەن بىر ـ بىرىگە مەدەت بېرىشكىنىچە يۈگۈرۈشتى. سالاپەتتى ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان سېيىت ھاجىنىڭ بۈگۈن شەرمەندە قاچقۇنغا ئايلانغانلىقىغا قىزىققان بالىلارمۇ ئۆزلىرىچە چىۋىقنى ئات ئېتىپ مىنىپ، كوچا ـ كوچىلارغا چىقىۋېلىپ ۋارقىراشتى. ھويلىلىرىدىكى سايىلەردە ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ ئولتۇرغان قۇلىقى ئېغىر قېرىساللارمۇ بۇ ھەيۋەتلىك شاۋقۇننى ئاڭلاشتى ۋە دىمىنى يىغىپ تۇرۇپ «تۇت، ئۇر» دەپ ئاۋاز قوشۇشتى. ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك شەرمەنسار بولۇپ تىكىۋەتكەن يات تائىپىنىڭ ئىزىدىن پۈتۈن چېرىيە قوزغالدى، ئادالەت غەلىيانى باشلانغان ئىككى كۈندىن بۇيان سەگەك كۆزەتچىدەك تىك تۇرغان دەل ـ دەرەخلەر ئەتىگەنلىك سەلكىندە «قاچقۇن ھېلىلا مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندەك شىۋىرلىشىپ، باشلىرىنى توپا مەھەللىسى تەرەپكە ئېگىپ، قوز-

غالغانلارغا يول كۆرسىتىشتى. كۈنچىقىش تەرەپتىن كۈن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا ئېتىلىپ چىققان پارچە-پۇرات ئاق بۇلۇتلارمۇ يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاسمان-پەلەك بوغۇناقتا ھەمراھ بولۇپ، كۈنپېتىشتا قاراپ سۈرۈلۈۋاتقان سۈرئىتىنى ئىلداملىتىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇچۇق ھاۋادا موللاق ئېتىپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا پۇرسەت تاپقان كەپتەرلەرمۇ يۇرتقا بىھېساب دىشۋارچىلىقلارنى باشلاپ كەلگەن تەكەببۇر قاچقۇننىڭ ئەمدى قانداق لەت بولىدىغانلىقىنى تاماشا قىلغۇسى كەلگەندەك قاناتلىرىنى «پاق، پاق» ئۇرۇپ، كۈنپېتىش تامان ئۇچماقتا ئىدى...

ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا ئالاقزادە قاچقۇننىڭ ئاياغ ئىزىنى تېپىۋېلىشتى، باشلەڭگەر بىلەن باياۋان چېگرىسىدىكى كەڭ ئوچۇقچىلىقتىن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆردى. شىۋۈك گاۋشىلىك بىلەن ياندىشىپ، ئېتىغا ھەدەپ قامچا ئۇرۇپ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سۈپۈرگەئاخۇن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا ۋارقىرىدى:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، قاچقۇننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، يۈزىگە قازان قارىسى سۈركەپ، يەتتە كۈنگىچە سازايى قىلىمىز. بىزنى ئانىي تاپماقنى خىيال قىلغان باسقۇنچى تائىپىلەرگە يەتكۈچە ئىبرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن دارغا ئاسىمىز، ھېچكىم ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە زەخمەت يەتكۈزمىسۇن!

يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان پۇقرالارنىڭ كۆزىگە بارغانچە روشەن تاشلىنىۋاتقان «ئايال» قاچقۇن چۆلگە ئۇلاشقاندىن كېيىنلا يولىنى تاشلاپ چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن بارخانغا ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي ياماشماقتا، شارقىراتمىدەك ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قۇم ئېقىمىغا قارشى سۇ ئۈزۈۋاتقان مېيىپتەك قالايمىقان غۇلاچ ئاتماقتا ئىدى. بارخان چوققىسىغا ئەمدىلا يېقىنلاشقاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

دېگەندە قۇمنى قۇچاقلىغان پېتى پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتى ـ دە، ئەۋرەزدىن چىقالمايۋاتقان ئۆلۈمتۈك پاقىدەك كەينىچە مول ـ لاقلاپ بېرىپ، يۇمشاق قۇمغا بېشىچە شۇڭغۇپ كېتەتتى. قۇم ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ يەنە يامىشاتتى، يەنە موللاقلاپ بې ـ رىپ تېخىمۇ پەسكە شۇڭغۇيتتى...

ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، قوغلاپ كېلى ـ ۋاتقانلارنىڭ قارىسىغا قارىتىپ «گۇم» قىلىپلا بىر پاي ئوق ئۈز ـ دى. شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان تاپانچىدىن چىق ـ قان ئوق ھېچكىمگە تەگمىدى. پۇقرالار تىرىك تۇتۇش غەرى ـ زىدە قاچقۇن يامىشىۋاتقان بارخان ئەتراپىغا ئورغاقسىمان يېيى ـ لىپ، كىچىك ـ كىچىك قۇم دۆۋىلىرىنى، يۇلغۇنلارنى، قوراي ـ لارنى ئۆزىگە توساق قىلىپ يېتىشتى ـ دە، ئۇنىڭ ئوقىنى تۈ ـ گىتىش ئۈچۈن ئۈچ ـ تۆت سالۋا تەلپەكنى تاياققا كىيگۈزۈپ، توساقنىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلاتتى.

قۇۋلۇقتا تۈلكىگىمۇ ھۈنەر ئۆگىتىدىغان قاچقۇن بۇ ھىيى ـ لىنى بايقاپ قالدىمۇ، ئىككىنچىلەپ ئوق ئۈزمىدى. قاچقۇننىڭ ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئېتىپ، ئىمجان ھالغا كەلتۈرۈپ تۇتۇش قارارىغا كەلگەن سوپپۇرگەئاخۇن مىلتىقىنى تاغاردەك كۆپۈپ تۇرغان ئاق ئۈزۈن كۆڭلەككە چېنەپ، دىمىنى ئىچىگە تىنىپ تۇ ـ رۇشىغا، ئۇنىڭ كۆرۈش سىزىقى ئۈستىدە بىر توپ ئاتلىق كىشى پەيدا بولۇپ، بىر پەستىلا قورۇلغا ئېلىنغان نىشاننىڭ ئالدى ـ غا ئۆتۈۋالدى.

— بۇ ئادەملەر ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ؟ — دېدى سوپپۇرگەئاخۇن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىگە چاپلى ـ شىپ قالغان قۇمنى قېقىشتۇرۇپ تۇرۇپ.

شىپۇڭ ئاۋۇشاڭ دەماللىققا ئۈندىمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇ ـ ۋۇلاپ، كۆتۈلمىگەندە پەيدا بولۇپ قالغان ناتونۇش كىشىلەرگە

تازا سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئەجەبلەنگەن ھالدا:
— بۇ دوتەي يامۇلنىڭ چېرىكلىرىغۇ، ئۇلار يەنە نېمىشقا كەلگەن بولغىيدى بۇ يەرگە؟ — دېدى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ.
— چېرىك؟! ئۇلار بىزنى ئاچىز چاغلاپ قولقانات بولغىلى كەلگەن بولمىسۇن يەنە!
— بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇلارغا بەلكى بۇنداق ۋىجدان ئاتا قىلىنمىغان بولسا كېرەك.
شيۇڭ گاۋشېڭ چېرىكلەرنىڭ سەكراتقا چۈشكەن قاچقۇننى يۆلەۋاتقانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاچقا شۇنداق دەۋاتاتتى. ئۇ، بۇ غەلىتە ھالنى ئىسپاتلاپ ئۇلگۇرگۇچە ناتونۇش ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۇقرالارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.
ئۇلار كۆردىكى، كەلگەنلەر شيۇڭ گاۋشېڭ ئېيتقاندەك، دوتەي يامۇلنىڭ چېرىكلىرى ئىدى. بىردىنلا تېتىكلىشىپ، روھلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ئىككى يۈزچە چېرىك ئالدىدا ھېلىقى قورقۇنچاق باش سەركەردە ئىنچىكە، ئۇزۇن بۇرۇتىنى سىيلىغان پېتى ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇنار ئۇستىدە تۇرۇپ پەسكە نەزەر تاشلىغاندەك مەمەدانە قاراشلىرى ئۆتكەنكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر قىياپەتنى نامايان قىلاتتى. ئات ئۈستىگە بەند قىلىنغان بۇ ئارخاتىنىڭ ئاخىر ئاغزى مىدىرلاشقا باشلىدى:
— مەنكى خوتەن دىيارىنىڭ چېرىكچى سەركەردىسى ئالىي پەرماننى شۇنداق يەتكۈزىمەنكى، ئاقساقال سېيىت ھاجىنىڭ تىنىچ مەئىشىتىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدا نىزا-خۇسۇمەت پەيدا قىلغان قوراللىق مۇداخىلە دەرھال توختىتىلسۇن! — دېدى ئۇ خۇددى تاماكا خالتىسىدەك ساڭگىلاپ قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان قاپىقىنى سۈزۈپ تۇرۇپ، — باشباشتاقلىق ۋەقەسىگە سەۋەب-
كار بولغان سۈپۈرگە، ھەربىي بۇيرۇقتىن باش تارتىپ نادان
پۇقراغا بولۇشقان سابىق چېرىكچى ئامبال شيۇك گاۋشېڭ، ۋېي
دېشى، گۇناھىغا توۋا قىلمىغان جاماللىدىن تۆمۈرچىلەر تۇتۇلۇپ،
قەشقەر تىتەيى جانابىي جاۋداجۈي دارىنىنىڭ ھۇزۇرىغا يوللان-
سۇن. قالغان پۇقرا چاتاقچىلىرىنىڭ گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، تې-
گىشلىك جازاغا تارتىلسۇن. مەزكۇر پەرمانغا بوي بەرمىگەنلەر
شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئەدەبىگە تارتىلسۇن!

ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك ئاڭلانغان بۇ پەرمان تاقەت-
سىزلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېھىرلەنگەندەك قا-
تۇرۇپ قويدى. بەزىلەر قۇلىقىغا ئىشەنمەي، سەركەردىنىڭ نې-
مە دەۋاتقانلىقىنى يېنىدىكىلەردىن سوراپ كۆردى. كۆزلەر
چەكچەيدى، مۇشتلار تۈگۈلدى، لەۋلەر تىترىدى، بەزىلەر ئۆ-
زىنى 6 - ئاينىڭ تومۇزىدا توڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— جانابىي سەركەردە، بىزگە بىرئاز مۆھلەت بەرسىلە،
قاچقۇننى تۇتۇۋالغىنىمىزدىن كېيىن نېمە دېسىلە، نېمە قىلسىلا
مەيلى، — دېدى شيۇك گاۋشېڭ سەركەردىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا
تىزلىنىپ تۇرۇپ.

سەركەردە مەھرىمىگە تۇمشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىشۋىدى،
ئۇ بىر پەستىلا كۆمۈش جابدۇقلار بىلەن بېزىتىلگەن بىر قارا
ئاتنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كەلدى.

سۈپۈرگەئاخۇنمۇ، شيۇك گاۋشېڭمۇ ۋە باشقا پۇقرالارمۇ
كۆزلىرىگە ئەمدى زادىلا ئىشىنەلمىدى، ئىشىنەلمىدىلا ئەمەس،
ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. كۆرۈۋاتقىنى چۈشمۇ، ئوڭمۇ
زادىلا ئايرىيالماي قالدى!

بۇ چاغدا چېرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەگىنىنى ئالماشتۇرۇپ
ئولگۈرگەن سېييت ھاجى ئات ئۈستىدە خۇددى باش سەركەر-

دىدەكلا قېتىپ ئولتۇراتتى. ئەڭ يامىنى ئۇ مەسچىتتە خاتىپ مۇنبىرىدە ئولتۇرغاندىكىدەك كۆلۈمسىرىمەكتە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەسۋى سىيرىماقتا ئىدى.

يۇقىرىلار ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرگەن چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى مىلتىق، نەيزە، تاياق-توقماقلارنى قانداق ئەكەتكەنلىكىنى ئۇيىمىغانمۇ، سوپۇرگەئاخۇن مىلتىقنى ئىزلىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئۇ مىلتىقنىڭ قەيەرگە يەتتى، ئۇ نەرسە بولغىنىدا تەپكىنى بىرلا بېسىۋېتىپ ئاندىن بېشىغا كەلگىنىنى كۆرەر ئىدى!

— دوتەي تاڭ دارىنىنىڭ روخسىتى قەيەردە قالدى؟ ئادالەت قەيەردە قالدى؟— دېدى سوپۇرگەئاخۇن باش سەركەردىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ.

باش سەركەردە يەنە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— تاڭ دارىن؟ ئەمدى ئۇ تاڭ دارىن ئەمەس، بەلكى، ئادەتتىكى تاڭ يۈنجۇڭ، ئۇنىڭ ئەتىكى تەقدىرى تېخى نامەلۇم!

— ئەمىسە بۇنداق ناھەق پەرمانىنى قايسى قارايۈز چۈشۈردى؟

— بۇ يۈەن شىكەي ① دازۇڭتۇڭنىڭ، ئەمىر ياڭ زېڭشىن جا-

---

① يۈەن شىكەي — يۈەن شىكەي (1859 — 1916) شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ كاتتىبېشى، خېنەن شاڭچېڭلىق، ياش ۋاقتىدىلا يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىپ، سىڭ تەيخۇنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ماسلىشىپ، يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغان. 1901 - يىلى لى خۇڭجاڭنىڭ ئورنىغا باش مۇپەتتىش بولغان. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى داۋامىدا جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن ئىچكى كابىنىتنىڭ زۇڭلىسى بولۇۋېلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ، ئىنقىلابىي پارتىيىگە، سۇن جۇڭشەنگە تەھدىت سالغان، جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ۋە بېيجىڭدا شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەن. سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى جازا قوشۇنىنى باستۇرۇپ، دۆلەت پالاتاسىنى تارقىتىۋېتىپ، مۇستەبىتلىك ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن، ياپونىيە بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ «21 ماددىلىق كېلىشىم» نى ئىمزالىغان. ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىشقا تەييارلانغان. 1916 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەيىبلىشى ئارقىسىدا تورۇقۇنچ ئىچىدە جان بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

ئابلىرىنىڭ پەرمانى!

ئۇلار چالا-پۇچۇق ئاڭلىغان بۇ ئىسىملارنى ئاستا تەكرارلىدى، تەكرارلىغانسېرى ھەيرەتتە قالدى. بۇنداق ئادالەتسىز، نومۇسسىز پەرمان چىقارغان ئادەملەر دېۋىدىنمۇ، ئادەم يەيدىغان ياۋۇز ئەجدىھادىنمۇ، قان شورايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىنمۇ سەت قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلدى.

چۈچەكتە ئىمزالىنىۋاتقان «11 ماددىلىق كېلىشىم» نىڭ تۈتەك پەردىسى بىلەن ئىلى-شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان قارانىيەت ياڭ زېڭشىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەنىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۇلارغا شۇ كۈنلەردىكى تارىختەك قاراڭغۇلۇق ئىدى.

باش سەركەردە پۇقرالارنى چەمبەرسىمان مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان چېرىكلەرگە پەرماننى ئىجرا قىلىش كوماندىسىنى بەردى، ئۇلار خۇددى چۆجىگە ئېتىلغان سادەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆچەيلەننى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى-دە، توپ ئىچىدىن ئايرىپ چىقتى.

— ئۇلۇغ پەرماننىڭ داۋامى شۇلكى، — دېدى باش سەركەردە تەقدىرنىڭ بۇ تەتۈرىسىگە يانغان چاقپەلەكىدە ئولتۇرۇپ، بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىپ كەتكەن پۇقرالارغا ئۈنلۈك قىلىپ، — بەشىنچى جەرىكلىك ئەمەلدار ۋاڭ دارېن مۇشۇ پەرمان جاكار قىلىنغان كۈندىن باشلاپ چېرىدىيە پۇقرالىرىنىڭ ھۆكۈمەرانىدۇر، ھەركىم ئۇنىڭ ھۆكۈمىدىن چىقماي، ئەمرىنى تۇتقايكى، ئىبرەت قامچىسى ئۇنىڭ بېشىدا ئوت ياندۇرمىسۇنلەر! پەرمان تامام-ۋەسسالام.

چېرىكلەر ئىككىگە بۆلۈندى، بىر بۆلىكى ۋاڭ دارېن ئولتۇرغان تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا داقا-دۇمباق، كا-

ناي-سۇناي چالغان پېتى كەنتكە راۋان بولدى.

بىر بۆلىكى، مەيدىسىنى كېرىپ، قېرىنداشلىرى بىلەن قەتئىيەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەنلا ۋىدالىشىپ مېڭىۋاتقان ئۆچەيلەننى ئالدىغا سېلىپ، ئارغامچا بويى ئېگىزلەپ قالغان قۇياش نۇرىدا قىزىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىغان ئىلچى يولىغا قەدەم تاشلىدى.

يەر-زېمىن تۇيۇقسىز مۆڭگەك توپاقتەك مۆكۈپ، بېشىغا توپا چېچىۋاتقان قۇم بارخانلىرى قوتاز كەبى ئۆسۈشكەندەك بولدى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار يەرگە قونۇپ، يەردىكى ھەممە نەرسە بۇلۇتلار ئورنىدىن ئورۇن ئالدى. سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ كۆز ئالدى خۇددى قارا بوران بېسىپ كەلگەندەك تۇمانلاشتى، سېپىل قوقتىسىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ئىككى نائەھلىنى دوزاخقا سۆرەپ كېتىۋاتقان سەپەر بوۋاي، تەمبۇرنىڭ زىل تارىدەك جاراڭلىق، زىل ئاۋازى بىلەن: «بەگ دادا» دەپ خىتاب قىلىۋاتقان پەرزەنتلەر، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە مۆلدۈر تولغان چىنارئايىم، قان ئارىسىدا يېتىپمۇ كۈلۈمسىرەۋاتقان تۆمۈرچى كۆز ئالدىدا بىر يولىلا ئايان بولدى. بويۇنلىرىغا تىلەمچىلىك خالتىسىنى ئېسىپ، يۇرتتىن تېزىپ كېتىۋاتقان تونۇش دىۋانىلەرنىڭ «ھەق شەيدۇللا» دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشلىرى، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان قاقشال ھاسا تېرەكنىڭ ھالسىز شىۋىرلىشى، گۆرىستانلىقتا ئايلىنىپ كەتكەن چىرىيە ئاسمىنىنى تۈن زۇلمىتىدەك قاپلاپ، تاپ ئىزدەپ ئەگىپ يۈرگەن توك قاغىلارنىڭ، خارابىزارلىقتا ئۇۋا سالغان ئۆلگۈر ھۇقۇشلارنىڭ شۇم ئاۋازلىرى قۇلاق پەردىسىنى تىترەتتى. گۆرىدىن تىرىلىپ قوپقان شېھىتلەر ئارمانلىق ئۇھ تارتىشتى...

— خۇداغا ئامانەت قېرىنداشلىرىم، ئامان بولساق يۇرت بوسۇغىسىدا، ئۆلۈپ كەتسەك جەننەتتە كۆرۈشەرمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇپۇرگەئاخۇن كېتىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، يۇرت تەرەپكە قاراپ ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ، خوشلاشتى.

«دۇت...دۇت...دۇت...»

پۇقرالار ئارىسىدىن سادا كەلدى. مەتقاسىم بولسا كېرەك، تەۋەررۇك بۇرغىنى راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىۋەتتى. ئۇلاردىن كىمدۇ بىرى ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى:

— ئاھ خۇدا، بىزنى نېمىدەپ بۇنچە تەتۈر پېشانە ياراتقانسەن!



## خاتىمە

مىڭلىغان ئەل سۆيەر خەلقنىڭ ۋەتەن ھەققى - ھۆرمىتى يولىدا يالقۇنجاتقان ئوت - ئاتەشى، شۇنداق قىلىپ ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئىپلاس، ئەڭ ۋەھشىيانە ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. بىراق، زۇلمەتلىك تۈن ئاسمىنىدا كۆز چېقىپ چاقناپ ئۆتكەن بۇ چاقماق ئۆز چاقنىشىدىن يىراق - يىراقلارغىچە شولا تارقاتتى. ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىلىق ئاۋازى جاھان مىقياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى.

زامانىسىدا، ئىچكىرى جۇڭگودا چىقىدىغان «خەلق ئىستىقلال گېزىتى»، «ۋاقىت گېزىتى»، «جۇمھۇرى بۈيۈك كۈندىلىك گېزىتى» خەۋەر ۋە تەقرىزلەر ئېلان قىلىپ، چىرىيە خەلقىنىڭ ھەققانىي كۆرىشىنى كەڭ تونۇشتۇردى. سان پېتېربۇرگتا نەشىر قىلىنىدىغان «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلىمۇ «چىرىيە ۋەقەسى» نىڭ ئۆتمۈشى ئۈستىدە ماقالە بېسىپ، ئەپكار ئاممىنى كاززاپلارچە ئالدىدى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چەت ئەل ئاغدۇرمىچى كۈچلىرىنىڭ تەھدىتىگە قۇللارچە تىز پۈكۈپ، شىنجاڭ ئەمىرى ياڭ زېڭشىن ۋە قەشقەر تىدۇسى جاۋداجۇيگە ئارقىمۇ ئارقا تېلېگرامما يوللاپ، «چىرىيە ۋەقەسى»نى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ، «جىنايەتچى» لەرنى قاتتىق جازالاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شىنى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جاڭ دائىرىلىرى سۈپۈرگەئاخۇن، شيۈك گاۋشىڭ قاتارلىق بىرمۇنچە ئادالەتپەرۋەرلەرنى «تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش» دېگەن نام بىلەن قولغا ئالدى. خوتەن دوتىيى تاڭ يۈنجۈكنى بوشاڭلىقتا ئەيىبلەپ، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىدى. بىيەن يۈڭفۇ باشلىق قەشقەر قاراسپەچىلىرىنى قوشۇن بويىچە ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالدى.

مىلادى 1913 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «چىرىيە ۋەقەسى» نى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاتالمىش «ئوچۇق سوت» قەشقەر شەھىرىدە باشلاندى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، تىدۇسى ۋە يېڭى شەھەر ئامبىلى سوتچى بولدى. كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ ئىدىكى، بۇ سوتتا سۈپۈرگەئاخۇن ۋە شيۈك گاۋشىڭ قاتارلىق 18 كىشى جاۋابكار ئورنىدا، 26 نەپەر راست - يالغان ئاقپاشا پۇقرالىرى دەۋاگەر ئورنىدا تۇرغۇزۇلغانىدى.

سوت زالى مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلاندى ۋە بۇ مۇنازىرە بارغانسېرى كەسكىن تۈس ئالدى. راست - يالغان ئاقپاشا پۇقرالىرى قىلمىشىغا لايىق ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن 29 ئادىمى ئۈچۈن 80 مىڭ سەر خۇن ھەققى تۆلەپ بېرىشنى، 180 پۇقرانى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. ئاقپاشا پۇقرالىرىنىڭ بۇ تەرىقە مۇتتەھەملىكىگە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ غالچىلارچە يول قويۇشىغا غەزەپلەنگەن سۈپۈرگەئاخۇن ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ بىردىنلا دەۋاگەر ئورنىغا ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچىلىق چاڭگىلىنى چىرىيىگە ئۇزىتىپ خالىغىنىچە گۇۋاھنامە تارقاتقان، ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلغان سېيىت ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە چىڭ تۇردى ①. سېيىت ھاجى بىرمۇنچە ئويدۇرما پاكىت

① «شىنجاڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى».

لار بىلەن جىنايى قىلمىشنى ياپماقچى بولدىيۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ غەلىتە سوت ئاخىر ئۈزۈلۈپ قالدى①.

سوتتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان كونسۇل يەرلىك پۇقراغا ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتكە بېسىم پەيدا قىلىش يۈزىسىدىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق سولداتلىرىدىن يەنە مىڭنى كۆپەيتىپ، ھەربىي تەھلىكە پەيدا قىلدى. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، قەشقەر شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىپ، يوغان بىر يوچۇق ئېچىۋەتتى. شۇ ئارىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى» دىن كېيىن زالىم، ئىككى يۈزلىمىچى ياڭ زېڭشىنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى پارچىلاپ يوقىتىش ھىيلىسىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە قەشقەرگە ئەۋەتىلىپ، تىدۇلۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ياڭ زەنشۈي (ياڭ مازا) «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1-بىرىگادىسىنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەلدى. پۇقرا پىدائىيلىرى بىلەن قوشۇننى زورايتتى.

شۇ يىلى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، قەشقەر تەپتىش ئەمەلدارى ۋاڭ بىڭكۈننى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاشنى، «چېرىيە ۋەقەسى» نى تېزدىن ھەل قىلىشنى ئۆكتەملەرچە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يولسىز تەلەپ جاھانگىرلارنىڭ ساخاۋىتىگە موھتاج بولۇۋاتقان يۈەن شىكەينى ئاسانلا تىز پۈكتۈردى.

ھاقارەتلىك «روسىيە-چېرىيە كېلىشىمى» ئاخىر 1913-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەردە رەسمىي ئىمزالاندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كېلىشىم ماددىلىرىغا بىنائەن چار ھۆكۈمىتىگە 69 مىڭ سەر تۆلەم تۆلىدى. تاڭ يۈنجۇڭغا ناھايىتى ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى، سۈپۈرگەئاخۇن، شيۇڭ گاۋشېڭ باشلىق 30 نەچچە نەپەر بى-

① سىكرائىن: «ھاجىيې قەشقەردە» 30-باب.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۇناھ پۇقرا ۋە چېرىكلەرگە تۆت يىللىقتىن 14 يىللىققىچە قاماق جازاسى بېرىلدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان سېيىت ھاجى بولسا ھېچ دەخلىسىز ھالدا ئۆز ئۆۋىسىغا قايتىپ كەتتى. ئاسارەتلىك تۈن تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى...

مىلادى 1917-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى لېنىن رەھبەرلىكىدىكى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئالەمشۇمۇل غەلىبىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى، قان قەرزگە بوغۇلغان چار پادىشاھ نىكولاي II نىڭ مۇستەبىتلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق قارا قولى كېسىپ تاشلاندى. لېنىن ۋەكىللىكىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى چار پادىشاھنىڭ چەت ئەللەرگە تاڭغان بارلىق تەڭسىز شەرتنامىلىرى، كېلىشىملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندىن كېيىنلا «چىرىيە كېلىشىمى» مۇناسىپ ھالدا كۈچىدىن قالدى. سوپۇرگەئاخۇن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ تۈرمىدىن بوشىتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان چىرىيە خەلقى تاكى قاغىلىققىچە يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىپتىخارىنى، ئېگىلمەس-سۇنماس ئوغلانىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يۇرتىغا ئەكىلىشتى. ئۇنىڭ نامىمۇ خەلق قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئابىدە سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى.

ئەل ئاغزىدا، سوپۇرگەئاخۇن قاماقتىن بوشىنىپ چىرىيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۆز يۇرتىنىڭ قۇمساز تۇپرىقىنى كۆزىگە سۈرتۈپ، دەرەخلەرنى مەجنۇنلارچە قۇچاقلاپ، قۇرۇپ كەتكەن قالماقدۆڭ بۇلىقىغا تىكىلىپ كۆز يېشى قىلغان، دېگەن گەپلەر بار.

1988-يىل مايدا ئۈرۈمچىدە تاماملاندى.

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملىرىنى
مۇھەممەت ئايۇپ، ھۆسەن خەتلىرىنى
ئوبۇلقاسىم مۆمىن ئىشلىگەن

## تۈندىكى چاقماق

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 19.5
1988 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7—5371—0288/I·136
ئاددىي مۇقاۋىلىقىنىڭ سانى: 1 — 13·500
قاتتىق مۇقاۋىلىقىنىڭ سانى: 1 — 3·500
باھاسى: 3.00 يۈەن

深 夜 霹 雳
（维吾尔文）
艾拜都拉．伊布拉音 著
责任编辑：贺加克

新疆青少年出版社出版 （乌鲁木齐市建设路9号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 19.5印张
1988年8月第1版 1988年10月第1次印刷
平装印数：1——13.500 精装印数：1——3.500

ISBN 7-5371-0288-0/I·136（民文） 定价：3.00